ئەھمەد سۇلايمان قۇتلۇق

# ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قىسقىچە تارىخى



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئەھمەد سۇلايمان قۇتلۇق
ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قىسقىچە تارىخى
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

鄂尔浑回鹘汗国简史

A Brief History Of Orhon uyghur Khaghanate

オルホン．ウイグル王国についての略述

Краткая История О Урхоно-Уйгурском Хаканстве

ISBN 7-228-09434-4
(民文)定价:25.00 元

ئەھمەد سۇلايمان قۇتلۇق

# ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قىسقىچە تارىخى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى



ئاپتور ئەھمەد سۇلايمان قۇتلۇق

# ئاپتورنىڭ قىسقىچە تەرجىمھالى

ئەھمەد سۇلايمان قۇتلۇق 1963 ـ يىلى 12 ـ ئايدا باي ناھىيىسىدە زىيالىي ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1981 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تارىخ فاكۇلتېتىنىڭ تارىخشۇناسلىق كەسپىگە قوبۇل قىلىنغان. 1986 ـ يىلى ئوقۇشنى تاماملاپ، ئۆز فاكۇلتېتىدا ئوقۇتقۇچى بولۇپ قالغان. 1988 ـ يىلى 9 ـ ئايدىن 1989 ـ يىلى 7 ـ ئايغىچە غەربىي شىمال ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئارخېئولوگىيە كەسپى بويىچە بىلىم ئاشۇرغان. 1993 ـ يىلى 2 ـ ئايدىن 1994 ـ يىلى 7 ـ ئايغىچە غەربىي شىمال ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئارخېئولوگىيە كەسپى بويىچە ماگىستىر ئاسپىرانتلىق سىنىپىدا ئوقۇغان.

ئاپتور ئىلمىي تەتقىقات ئىشلىرى جەھەتتە «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى»، «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» قاتارلىق ئىلمىي ژۇرناللاردا «ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قۇرۇلغان ۋاقتى توغرىسىدا ئىزدىنىش»، «ئۇيغۇرلاردىكى ئۆرۈمە چاچ قويۇش ئادىتىنىڭ مەنبەسى توغرىسىدا»، «شىنجاڭدىن تېپىلغان مىس داڭقان (قازان) ۋە شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر ھەققىدە»، «يۇرتىمىزنىڭ مەدەنىيەت دەۋرى توغرىسىدا قىسقىچە مۇلاھىزە»، «تەرەققىي قىلىۋاتقان پەن — ئارخېئولوگىيە»، «غەربىي يۇرتتا ياشىغان قەدىمكى قوۋملارنىڭ جەسەتنى كۆيدۈرۈپ دەپنە قىلىش ئادىتى توغرىسىدا» قاتارلىق 40 پارچىگە يېقىن ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلغان، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئىككى پارچىسى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇنەۋۋەر پەن تەتقى-

قات نەتىجىلىرى بويىچە 2 ـ ۋە 3 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، بىر پارچىسى ئاپتونوم رايونلۇق 5 ـ نۆۋەتلىك ئىجتىمائىي پەن مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرىنى باھالاشتا 3 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن.

مەزكۇر ئەسەر ئاپتورنىڭ تۇنجى يىرىك ئىلمىي ئەسىرىدۇر.

ئاپتور ھازىر شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ دوتسېنتى، شىنجاڭ مىللەتلىرى تارىخى تەتقىقاتى بويىچە ماگىستىر ئاسپىرانت يېتەكچىسى، تارىخ فاكۇلتېتىنىڭ مۇدىرى بولۇپ ئىشلىمەكتە.

# كىرىش سۆز

ئۇيغۇرلار — ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغۇچى مىللەتلەر ئىچىدە تارىخىنىڭ ئۇزاقلىقى، ئاپىرىدە قىلغان مەدەنىيىتىنىڭ شانلىقلىقى، تارقىلىپ ياشىغان جايلىرىنىڭ كەڭرىلىكى جەھەتتە ئالاھىدە رەڭدارلىققا ۋە جەلپكارلىققا ئىگە بىر تۈركىي تىللىق مىللەت. ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار ۋە ھەرخىل تىللاردا يېزىلغان قەدىمكى يازما ماتېرىياللارنىڭ ئىسپاتلاپ بېرىشىچە، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى قەدىمدە ھازىرقى تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالى، ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى، تاشقى موڭغۇلىيە، خېشى ۋادىسى، يەتتە سۇ ۋادىسى، چۇ دەرياسى، تالاس دەرياسى، سىر دەرياسى ۋادىسى ۋە پەرغانە ئويمانلىقى قاتارلىق كەڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا تارقىلىپ ياشىغان. قەدىمدە شەرق ۋە غەربتىكى ھەرقايسى ئەل ۋە مىللەتلەرنىڭ يازما خاتىرىلىرىدە ئۇلارنىڭناملىرى ھەرخىل ئاتىلىپ كېلىنگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ نامىنى يىراق دەۋرلەردىن باشلاپلا ئىزچىل ھالدا «ئۇيغۇر» دەپ ئاتاپ كەلگەن.

ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى بۈگۈنكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى 7 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 9 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە بولغان تارىخىي دەۋرلەردە ھازىرقى موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىدىكى ئورخۇن دەرياسى ۋادىسىنى مەركەز قىلىپ قۇرۇپ چىققان بىر قۇدرەتلىك خانلىق بولۇپ، ئۇ بىر پۈتۈن ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى ۋە مىللەت بولۇپ شەكىللىنىش چىقىش جەريانىنى تەتقىق قىلىش ۋە ئۆگىنىشتە ئىنتايىن مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ.

ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە پۈتكۈل ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تارىخىدا غايەت زور تەرەققىياتلار ۋە ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى، بۇ دەۋرلەردە موڭغۇلىيە ۋادىسىدىن تارتىپ

تاكى تەڭرىتېغىنىڭ ئېتەكلىرىگىچە بولغان جايلاردىكى نۇرغۇنلى-
غان قېرىنداش تۈركىي تىللىق قەبىلىلەر ئەسلىدىكى قانداشلىق،
ئۇرۇقداشلىق مۇناسىۋەتلىرىنى بۇزۇپ تاشلاپ، زېمىن ـ تېررىتو-
رىيە ئاساسىدىكى مۇناسىۋەتلەر بويىچە بىرلىككە كەلگەن ئورتاق
ھاكىمىيەت ئاستىغا ئۇيۇشۇپ، «ئۇيغۇر» دېگەن ئورتاق مىللەت
نامىنى ئۆز نامى قىلدى، قوشنا ئەل ۋە مىللەتلەر بولسا بەزىدە
ئۇلارنى يەنىلا ئەسلىدىكى يۇكسەك ئىتتىپاقىنىڭ نامىدا«ئون ئۇي-
غۇر» ياكى «توققۇز ئوغۇز» دەپ ئاتاپ كەلدى.

ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى ئۆز سەلتەنىتىنىڭ ئوتتۇرا دەۋرلى-
رىدىن كېيىن نەچچە ئەۋلاد دانا قاغانلىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە قوش-
نا ئەللەر بىلەن ئىناق قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋىتىنى يۇرگۈزۈش
جەريانىدا، گەرچە سىياسىي ھاكىمىيەت تەركىبلىرىدە ئۇرۇقداش-
لىق مۇناسىۋىتىنىڭ قالدۇقلىرىنى يەنىلا ساقلاپ كەلگەن بولسى-
مۇ، لېكىن ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەردە يۇكسەك تە-
رەققىي قىلىپ، مۇكەممەل فېئوداللىق ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسىنى
شەكىللەندۇرۇپ چىقتى. شۇنىڭ ئۇچۇن، ئەينى دەۋردە خانلىق
ئاھالىسىنىڭ كۆپ قىسمى چارۋىچىلار بولسىمۇ، دېھقانچىلىق،
قول ھۇنەرۋەنچىلىك، سودا، بىناكارلىق قاتارلىقلارمۇ خېلىلا تە-
رەققىي قىلدى. 8 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن بىر ئىلاھ-
لىق مانى دىنىنىڭ دۆلەت دىنى قىلىنىشى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىدېئو-
لوگىيىسىدە زور بۇرۇلۇش ياساپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىلىم ـ
پەن، مەدەنىيەت، سەنئەت ئىشلىرىدا زور مۇۋەپپەقىيەتلەر يارىتى-
لىپلا قالماستىن، بەلكى ئوتتۇرا جۇڭگو ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلى-
رىغىمۇ مۇئەييەن تەسىرلەرنى كۆرسەتتى. تارىخنىڭ بوران ـ چاپ-
قۇنلىرىغا بەرداشلىق بېرىپ دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن، ئور-
خۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ شانلىق تارىخىغا گۇۋاھچى بولۇپ كېلىۋات-
قان ئورخۇن ـ يېنسەي مەڭگۈ تاش يازما يادىكارلىقلىرى، تۇرپان،
دۇنخۇاڭلاردىن تېپىلغان تۈركچە، ئۇيغۇرچە ھۆججەتلەر، ئوردۇبا-
لىق قەدىمكى شەھىرى خارابىسى، تۇۋادىكى قەدىمكى شەھەرلەر
خارابىسى، بالاساغۇن قەدىمكى شەھىرى خارابىسى، بېشبالىق قە-
دىمكى شەھىرى خارابىسى قاتارلىق يادىكارلىقلار ۋە خارابە ـ ئىزلار

ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىيەت تارىخىدا پارلاق مۇۋەپپەقىيەتلەر يارىتىلغانلىقىنى، ئەينى دەۋردە ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتىنىمىز ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىي تەرەققىياتىغا، مەدەنىيەت خەزىنىسىگە زور تۆھپىلەرنى قوشقانلىقىنى، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە يارىتىلغان ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ كېيىنكى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تەرەققىياتىغا غايەت زور تەسىرلەرنى كۆرسەتكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ تۇرماقتا.

مەن ئۇزۇندىن بۇيان ئىزچىل مەزكۇر خانلىقنىڭ تارىخى ئۈستىدە ئىزدىنىپ كەلگەنىدىم. ئاخىرى بۈگۈنگە كەلگەندە مۇناسىۋەتلىك خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە ۋە ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار ئاساسىدا، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى تۈركولوگلارنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىنىڭ ياردىمىدە ھەم ئۆزۈمنىڭ ئىزدەنگەنلىرىم ئاساسىدا، ئۇيغۇرلارنىڭ 7 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 9 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە بولغان تارىخىغا بېغىشلانغان «ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قىسقىچە تارىخى» دېگەن بۇ ئەسەرنى يېزىپ چىقتىم.

ئېنىقكى، مەزكۇر ئەسەر ھەرگىزمۇ ئورخۇن ئۇيغۇرلىرىنىڭ (ياكى شۇ دەۋردىكى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ) ئومۇمىي تارىخى ئەمەس، بەلكى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ خاس دەۋر تارىخى، شۇ سەۋەبلىك مەزكۇر ئەسەر مەزمۇن جەھەتتىن يەتتە بابقا بۆلۈندى: 1 - بابتا ئاساسلىقى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى تارىخىنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىشنىڭ تارىخىي ماتېرىيالشۇناسلىق ئاساسلىرى كۆرسىتىلىپ بېرىلدى؛ 2 - بابتا ئاساسلىقى ئورخۇن ئۇيغۇرلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە گۈللىنىشىگە دائىر مەسىلىلەر بايان قىلىندى ياكى مۇھاكىمە قىلىندى؛ 3 - بابتا ئاساسلىقى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشىغا دائىر مەسىلىلەر بايان قىلىندى ياكى مۇھاكىمە قىلىندى؛ 4 - بابتا ئاساسلىقى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ سىياسىي تۈزۈلمىسى ۋە زېمىن دائىرىسىگە دائىر مەسىلىلەر بايان قىلىندى ياكى مۇھاكىمە قىلىندى؛ 5 - بابتا ئاساسلىقى ئورخۇن ئۇيغۇرلىرىنىڭ قەبىلىلىرى، نوپۇسى ۋە ئىرقىي ئالاھىدىلىكىگە دائىر مەسىلىلەر بايان قىلىندى ياكى مۇھاكىمە قىلىندى؛ 6 - بابتا ئاساسلىقى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تاڭ سۇلالىسى

بىلەن بولغان سىياسىي، ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلىرى ۋە ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ يىمىرىلىشىگە دائىر مەسىلىلەر بايان قىلىندى ياكى مۇھاكىمە قىلىندى؛ 7 ـ بابتا ئاساسلىقى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىكى ۋە مەدەنىيىتىگە دائىر مەسىلىلەر بايان قىلىندى ياكى مۇھاكىمە قىلىندى؛ ئەڭ ئاخىرىدا قوشۇمچە قىلىپ ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى قاغانلىرىنىڭ نەسەبنامىسى، ئورخۇن ئۇيغۇرلىرىنىڭ تارىخىغا مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىشلار يىلنامىسى بېرىلدى.

تارىخشۇناسلارغا ئايان بولغىنىدەك، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تارىخى ئۇيغۇرلار تارىخىدىكى شانلىق سەھىپە، شۇنداقلا بىر قەدەر مۇشكۇل تەتقىقات تېمىسى، شۇڭا ئىگىلىگەن ماتېرىياللىرىمنىڭ تولۇق بولماسلىقى، سەۋىيەمنىڭ چەكلىك بولۇشى، مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۇسۇلىمنىڭ ئانچە ئەتراپلىق بولماسلىقى تۈپەيلىدىن مەزكۇر ئەسىرىمدە ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تارىخىنى تولۇق يورۇتۇپ بېرەلمىگەن بولۇشۇم مۇمكىن. شۇ ۋەجىدىن ئۇستازلارنىڭ، كەسپداشلارنىڭ ۋە كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ بۇ ھەقتە قىممەتلىك پىكىرلەرنى بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. ئاخىرىدا مەزكۇر ئەسىرىمنىڭ پۈتۈپ چىقىشى ۋە نەشر قىلىنىشىغا يېقىندىن كۆڭۈل بۆلگەن، مېنى قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىگەن ئۇستازلىرىمغا، كەسپداشلىرىمغا، دوست ـ بۇرادەرلىرىمگە چىن قەلبىمدىن مىننەتدارلىقىمنى بىلدۈرىمەن.

ئەھمەد سۇلايمان قۇتلۇق
2003 ـ يىلى دېكابىر، ئۈرۈمچى

# مۇندەرىجە


1 - باب ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى تارىخىنى تەتقىق قىلىشنىڭ تارىخىي ماتېرىياللىشۇناسلىق ئاساسلىرى ... 1

§ 1 . قەدىمكى تۈركچە تارىخىي ماتېرىياللار ............ 3

§ 2 . قەدىمكى ئۇيغۇرچە تارىخىي ماتېرىياللار ......... 10

§ 3 . ئەرەب، پارس تىل - يېزىقىدىكى تارىخىي ماتېرىياللار... 15

§ 4 . خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللار ................. 22

§ 5 . ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار ................. 32

2 - باب ئۇيغۇرلارنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە گۈللىنىشى ... 40

§ 1 . ئۇيغۇرلار نامىنىڭ مەنبەسى ۋە مەنىسى ......... 40

§ 2 . «ئۇيغۇر» دېگەن مىللەت نامىنىڭ خەنزۇچە هۆججەتلەردە خاتىرىلىنىشى ..................... 46

§ 3 . ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى ................. 50

§ 4 . شەرقىي ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ باش كۆتۈرۈپ چىقىشى... 60

3 - باب ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى ......... 76

§ 1 . ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قۇرۇلغان ۋاقتى ... 76

§ 2 . تومىددىن كۆل بويىلاغىچە بولغان ئۇيغۇرلارنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى ............................ 86

§ 3 . كېيىنكى تۈرك خانلىقىنىڭ ئاغدۇرۇلۇشى ... 105

4 - باب ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ سىياسىي تۈزۈلمىسى .............................. 128

§ 1 . خانلىق نامى ................................ 128

§ 2 . خانلىقنىڭ زېمىن دائىرىسى...................... 142

§ 3 . خانلىقنىڭ سىياسىي تۈزۈلمىسى ................ 162

4 § . خانلىقنىڭ جەمئىيەت خاراكتېرى............... 206

5 ـ باب ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قەبىلىلىرى، نوپۇسى ۋە ئاھالىسىنىڭ ئىرقى................ 224
1 § . قەبىلىلىرى ۋە نوپۇسى...................... 224
2 § . ئاھالىسىنىڭ ئىرقىي تىپى ................. 255

6 ـ باب ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تاڭ سۇلالىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ۋە ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ يىمىرىلىشى ........................ 270
1 § . ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئات ـ يىپەك سودىسى ........................................ 272
2 § . ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن تاڭ سۇلالىسىنىڭ قۇدىلىشىش مۇناسىۋىتى.................................. 283
3 § . ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ يىمىرىلىشى ۋە ئۇنىڭ سەۋەبلىرى ............................................................ 307

7 ـ باب ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىكى ۋە مەدەنىيىتى ........................ 323
1 § . ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىكى ... 323
2 § . ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ شەھەر مەدەنىيىتى........ 335
3 § . ئورخۇن ئۇيغۇرلىرىنىڭ كالېندارچىلىقى ............... 348
4 § . ئورخۇن ئۇيغۇرلىرىنىڭ تىل ـ يېزىقى، ئەدەبىيات ـ سەنئىتى ۋە ئۆرپ ـ ئادەتلىرى ................ 365
5 § . ئورخۇن ئۇيغۇرلىرىنىڭ دىنىي ئېتىقادى...... 379

قوشۇمچە: ................................................. 399
ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى قاغانلىرىنىڭ نەسەبنامىسى... 399
ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ قوشۇلۇشى ......... 403
تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئۇيغۇرلار رايونىدا قورغان ئالتە تۇتۇق مەھكىمىسىۋە يەتتە ئايمىقى.................. 407
چوڭ ئىشلار يىلنامىسى ............................ 409

# 目录

第一章　研究鄂尔浑回鹘汗国史的基本史料……………… 1
第一节　古突厥文史料………………………………… 3
第二节　古回鹘文史料 ……………………………… 10
第三节　阿拉伯文，波斯文史料 …………………… 15
第四节　汉文史料 …………………………………… 22
第五节　考古资料 …………………………………… 32

第二章　回纥(回鹘)的族源及其兴起 ……………… 40
第一节　《Uyghur》名称的渊源及其含义 ………… 40
第二节　维吾尔族名称在汉文文献上的记载 …… 46
第三节　回纥(回鹘)的族源 ……………………… 50
第四节　东部回纥(回鹘)诸部落的兴起 ……… 60

第三章　鄂尔浑回鹘汗国的建立 …………………… 76
第一节　鄂尔浑回鹘汗国建立的时间 …………… 76
第二节　从吐迷度至骨力裴罗时期回纥(回鹘)的发展状况 ……………………………………… 86
第三节　后东突厥汗国的灭亡和回鹘汗国的重建 ……………………………………………… 105

第四章　鄂尔浑回鹘汗国的政治体制……………… 128
第一节　汗国的名称…………………………………… 128
第二节　汗国的疆域…………………………………… 142
第三节　汗国的政治制度…………………………… 162
第四节　汗国的社会性质…………………………… 206

第五章　鄂尔浑回鹘汗国的诸部落，人口及其居民的种族特征…………………………………224
第一节　诸部落及其人口………………………………224
第二节　居民的种族特征………………………………255

第六章　鄂尔浑回鹘汗国与唐朝的关系及鄂尔浑回鹘汗国的崩溃…………………………………270
第一节　鄂尔浑回鹘汗国与唐朝的马绢贸易……272
第二节　鄂尔浑回鹘汗国与唐朝的和亲关系……283
第三节　鄂尔浑回鹘汗国的崩溃及其原因………307

第七章　鄂尔浑回鹘汗国的社会经济和文化…………323
第一节　鄂尔浑回鹘汗国的社会经济……………323
第二节　鄂尔浑回鹘汗国的城市文化……………335
第三节　鄂尔浑回鹘人的历法………………………348
第四节　鄂尔浑回鹘人的语言文字，文学艺术和风俗习惯……………………………………365
第五节　鄂尔浑回鹘人的宗教信仰…………………379

附：……………………………………………………399
鄂尔浑回鹘汗国可汗世系表…………………………399
回鹘诸部落及其组成…………………………………403
唐朝在漠北地区设立的六府七州……………………407
大事年表…………………………………………………409

# 1 ـ باب ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى تارىخىنى تەتقىق قىلىشنىڭ تارىخىي ماتېرىيالشۇناسلىق ئاساسلىرى

تەتقىقاتتا چوقۇم مول ماتېرىيال توپلاپ، ماتېرىياللارنىڭ خىلمۇخىل تەرەققىيات ھالىتىنى ئانالىز قىلىش ھەم ئۇنداق خىلمۇ خىل ھالەتلەرنىڭ ئىچكى مۇناسىۋىتىنى تەكشۈرۈپ چىقىش زۆرۈر.

ــــ ك. ماركس

ئۇيغۇرلار مەملىكىتىمىز جۇڭگودىكى ئۇزاق تارىخقا ئىگە مىللەتلەرنىڭ بىرى. ئۇلار تارىختا بىر پۈتۈن جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا، شۇنداقلا مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلىرىدىكى سىياسىي، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيىتىنىڭ گۈللىنىشىگە غايەت زور تۆھپە قوشقان. ئۇلار مىلادىيە 7 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 9 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە موڭغۇلىيە ئېگىزلىكىنى مەركەز قىلغان ھالدا ئېلىمىز جۇڭگونىڭ شىمالى ۋە غەربىي شىمالىدا كۈچلۈك يەرلىك ھاكىمىيەت قۇرۇپ چىقىپ، ئەينى دەۋردىكى مەملىكىتىمىز ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىپ كەلگەن، بۇ يەرلىك ھاكىمىيەت تارىختا «توققۇز ئوغۇز دۆلىتى»، «شىمالىي چۆللۈك ئۇيغۇر خانلىقى»، «ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى» ۋە «توققۇز ئۇيغۇر - ئون ئۇيغۇر خانلىقى» دېگەندەك ھەر خىل ناملار بىلەن ئاتىلىپ كەلگەن. ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى مەۋجۇت بولغان 7 — 9 ـ ئەسىرلەر دۇنيا ۋە جۇڭگو تارىخىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا قەدىمكى زامان جەمئىيىتى تەرەققىي قىلغان، گۈللەنگەن دەۋرلەر بولۇپ، ئۇ دەۋرلەردە ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قوشنا دۆلەتلەر ۋە مىللەتلەر، جۈملىدىن تاڭ سۇلالىسى (618 — 907 ـ يىللار)، كېيىنكى تۈرك خانلىقى

(682 — 745 ـ يىللار)، تىبەت خانلىقى (617 — 847 ـ يىللار)، غەربىي يۇرت ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى دۆلەت ۋە مىللەتلەر بىلەن سىياسىي، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت ئالاقىسى گۈللەنگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ تارىخىي شەجەرىلىرى ئۆزلىرى تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنىپ يېزىلغان ئورخۇن ـ يېنسەي مەڭگۈ تاش يازما يادىكارلىق. لىرىدىلا ئەمەس، قوشنا دۆلەت ۋە مىللەت تىل ـ يېزىقلىرىدىمۇ قەلەمگە ئېلىنىپ، مەخسۇس تەزكىرە ـ قىسسەلەر سۈپىتىدە خاتى. رىلىنىپ، بۇلارنىڭ بىر قىسمى بىزنىڭ دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن. ئۇلار نۆۋەتتە ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تارىخى، مەدە. نىيىتى ۋە جەمئىيەت ئەھۋالىنى تەتقىق قىلىشىمىز ۋە ئۆگىنىشى. مىزنىڭ قىممەتلىك تارىخىي ماتېرىياللىرى بولۇپ تۇرماقتا. شۇ. ڭا، ئاۋۋال تارىخ ئىلمىنىڭ مۇھىم تەتقىقات يۆلەنچۈكى بولغان تارىخىي ماتېرىيالشۇناسلىق جەھەتتە تەتقىقات ئېلىپ بېرىش، ئور. خۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تارىخىنى ئومۇمىيۈزلۈك چۈشىنىشتە تولى. مۇ مۇھىم. چۈنكى تارىخىي ماتېرىياللار، بولۇپمۇ سىستېمىلىق، يېتەرلىك دەلىللەشتىن ئۆتكەن تارىخىي ماتېرىياللارلا تارىخ تەتقىقا. تىنىڭ پۇختا ئاساسىنى يارىتىپ بېرەلەيدۇ. تارىخىي ماتېرىياللارغا ئېرىشىپ، ماركسىزملىق تارىخىي ماتېرىيالىزم ۋە دىئالېكتىكى. لىق ماتېرىيالىزمنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئاشۇ تارىخىي ماتېرىياللار ئىچىدىن توغرا خۇلاسىلەرنى چىقىرىش تارىخ تەتقىقاتىدىكى بىردىن. بىر توغرا، ئىلمىي ئۇسۇلدۇر. شۇڭا، ئا. كامالوۋ ئەپەندىنىڭ «ئۇيغۇر خانلىقى تارىخىنى ھەر تەرەپلىمە تەتقىق قىلىش، قەدىمكى تۈرك يېزىقلىرى يادىكارلىقلىرىسىز، باشقا تىل يادىكارلىقلىرى. سىز، شۇنداقلا ئارخېئولوگىيىلىك ھۆججەتلەرسىز ئەمەلگە ئېشى. شى مۇمكىن ئەمەس» ① دەپ ئېيتقىنىدەك، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى تارىخىنى ئۇنىۋېرسال، مۇكەممەل، ئەتراپلىق ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى تارىخىغا دائىر بىرىنچى قول ئېپتىدائىي تارىخىي ماتېرىياللارنى، ھۆججەت ـ ۋەسىقىلەرنى، ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللارنى ۋە دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدىكى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى تارىخىغا بې. غىشلانغان ئاساسلىق تەتقىقات ئەھۋاللىرىنى ئىگىلەش تولىمۇ زۆ.

رۇر. ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى تارىخىنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قى-
لىشقا قۇلاي بولسۇن ئۈچۈن، بىز ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بارلىق
تارىخىي ماتېرىياللارنى ئومۇملاشتۇرۇپ، ھۆججەت تارىخىي ماتېرى-
ياللىرى، ئارخېئولوگىيىلىك تارىخىي ماتېرىياللار ۋە تەتقىقات
ماتېرىياللىرى دەپ ئۈچ چوڭ تۈرگە ئايرىمىز.

بارلىق ھۆججەت تارىخىي ماتېرىياللىرىنى ئادەتتە يازما تارى-
خىي ماتېرىياللار ۋە ماددىي تارىخىي ماتېرىياللار دەپ ئىككى تۈرگە
ئايرىشقا بولىدۇ. بارلىق تارىخىي ماتېرىياللار يەنە دەۋرداش تارى-
خىي خاتىرىلەر ۋە غەيرىي دەۋرداش تارىخىي خاتىرىلەرگە بۆلۈنى-
دۇ. دەۋرداش خاتىرىلەر مەلۇم ۋەقە يۈز بەرگەن ئەينى دەۋردە،
ئاشۇ دەۋر كىشىلىرى تەرىپىدىن يېزىلغان خاتىرىلەرنى كۆرسىتى-
دۇ. غەيرىي دەۋرداش خاتىرىلەر مەلۇم ۋەقە يۈز بېرىپ تارىخىي
ۋەقەلەرگە ئايلانغاندىن كېيىن، كېيىنكى دەۋر كىشىلىرى تەكشۈ-
رۈپ، ئويلاپ يېزىپ چىققان خاتىرىلەرنى كۆرسىتىدۇ. تارىخىي
ماتېرىيالشۇناسلىق نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ئالدىنقىسىنىڭ تارىخىي
ماتېرىياللىق قىممىتى كېيىنكىسىنىڭكىدىن يۇقىرى تۇرىدۇ. ئور-
خۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تارىخىغا دائىر ھۆججەت تارىخىي ماتېرى-
ياللىرى ئىچىدە دەۋرداش تارىخىي ماتېرىياللارمۇ، غەيرىي دەۋر-
داش تارىخىي ماتېرىياللارمۇ بار. بىز يەنە پەرقلەندۈرۈش ۋە قوللى-
نىشتا قۇلاي بولسۇن ئۈچۈن بارلىق تارىخىي ماتېرىياللارنى ئۇلار-
نىڭ تىل - يېزىق تەۋەلىكى بويىچە قەدىمكى تۈركچە تارىخىي
ماتېرىياللار، قەدىمكى ئۇيغۇرچە تارىخىي ماتېرىياللار، خەنزۇچە
تارىخىي ماتېرىياللار، ئەرەب، پارس تىل - يېزىقىدىكى تارىخىي
ماتېرىياللار ۋە ئارخېئولوگىيىلىك تارىخىي ماتېرىياللار دەپ بىر-
قانچە تۈرگە ئايرىپ تونۇشتۇرىمىز.

## § 1 . قەدىمكى تۈركچە تارىخىي ماتېرىياللار

قەدىمكى تۈرك يېزىقى قەدىمكى زاماندا تۈرك تىلىدا سۆزلە-
شىدىغان مىللەت ۋە قەبىلىلەر تەرىپىدىن قوللىنىلغان بىر خىل
ھەم ئېلىپبەلىك، ھەم بوغۇملۇق ئارىلاشما يېزىق بولۇپ، جەمئىي

40 ھەرپتىن تەركىب تاپقان، تەخمىنەن 6 ـ ئەسىردىن 10 ـ ئەسىرگىچە بولغان تارىخىي دەۋرلەردە قەدىمكى كۆكتۈرك خانلىقى، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى، يېنسەي قىرغىزلىرى ۋە سىبىرىيىدىكى قورىقان قاتارلىق بىر قىسىم مىللەتلەر بۇ خىل يېزىقنى ئومومىيۈزلۈك قوللانغان. بۇ يېزىقنىڭ شەكلى شىمالىي ياۋروپادا قەدىمكى گېرمانلار تەرىپىدىن قوللىنىلغان رونىك يېزىقىغا ئوخشىشىپ كېتىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئادەتتە ئۇ كۆپىنچە قەدىمكى تۈرك ـ رونىك يېزىقى دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ خىل يېزىقتا يېزىلغان ئاساسلىق يازما يادىكارلىقلار موڭغۇلىيەدىكى ئورخۇن دەرياسى ۋادىلىرىدىن ۋە سىبىرىيىدىكى يېنسەي دەرياسى ۋادىلىرىدىن تېپىلغىنى ئۈچۈن يەنە ئورخۇن ـ يېنسەي يېزىقى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. يەنە بەزىلەر كۆكتۈرك يېزىقى، ئىسلامىيەتتىن ئاۋۋالقى يېزىق، سىبىرىيە يېزىقى دەپمۇ ئاتايدۇ②.

قەدىمكى تۈرك يېزىقىدىكى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىغا دائىر يازما تارىخىي ماتېرىياللار ئاساسەن موڭغۇلىيە ۋادىسىدىن تېپىلغان، 7 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن 9 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە بولغان تارىخىي جەريانلاردا ۋۇجۇدقا كەلگەن بىرقانچە چوڭ مەڭگۈ تاش تارىخىي ماتېرىياللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ مەڭگۈ تاش تارىخىي ماتېرىياللىرى ئادەتتە ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى، سىياسىيسى، ئىقتىسادى ۋە جۇغراپىيىسى قاتارلىق ئەھۋاللىرىدىن ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئۇلاردىكى خاتىرىلەر دەۋر جەھەتتىن ئۇزاق ھەم تەپسىلىي، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇيغۇرلار بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خاندانلىقلارنىڭ مۇناسىۋىتىگە دائىر ئەھۋاللارغا تولىمۇ ئەھمىيەت بەرگەن. بۇلار ئاساسەن ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارغا قېرىنداش قەبىلىلەر تەرىپىدىن يېزىلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئۆز تارىخى ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلار ھەققىدىكى بايانلىرى، ئەدەبىي تەسۋىرلىرى ئەينى دەۋر يايلاق جەمئىيىتىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ چارۋىچىلىق مەدەنىيىتىنىڭ ئىچكى مەزمۇنىنى بىرقەدەر تولۇق نامايان قىلىپ بېرەلەيدۇ. بۇ جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا،

تۈركچە تارىخىي ماتېرىياللارغا مەنسۇپ بولغان قەدىمكى مەڭگۈ تاش يازما يادىكارلىقلىرى بىزنىڭ ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تارىخىنى توغرا چۈشىنىشىمىزدە سەل قاراشقا بولمايدىغان مۇھىم بىر تەرەپ ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، بۇ مەڭگۈ تاش تارىخىي ماتېرىياللىرى دەۋرداش ۋە غەيرىي دەۋرداش بولغان خەنزۇچە ھەم باشقا تىل - يېزىقلاردىكى تارىخىي ماتېرىياللارنى تولۇقلاشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئۇلارنىڭ ئىچىدە مۇھىملىرى تۆۋەندىكىلەر:

### 1. «تېرخىن مەڭگۈ تېشى»

بۇ مەڭگۈ تاش يادىكارلىقى 1957 - يىلى موڭغۇلىيىدىكى ھانگاي تېغىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى تېرخىن دەرياسىغا (چاغاننۇر كۆلگە يېقىن) يېقىن تارىيات سۇمۇلىدىن (مەمۇرىي رايون) تېپىلغىنى ئۈچۈن «تارىيات مەڭگۈ تېشى» دەپمۇ ئاتالغان. رۇس تۈركولوگى س. گ. كىلياشتورنىنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا، مەڭگۈ تاش يېزىقىنىڭ ئاساسلىق قىسمى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قاغانى ئەل ئەتمىش بىلگە قاغان (خەنزۇچە مەنبەلەردە مويۇنچۇر ياكى بايانچۇر دېيىلىدۇ، مىلادىيە 747 — 759 - يىللاردا تەختتە ئولتۇرغان) نامىدىن يېزىلغان. مەڭگۈ تاش تېكىستىنىڭ ئاپتورى ئەل ئەتمىش بىلگە قاغاننىڭ ئوغلى قۇتلۇق تارقان سەنگۈن (يەنە بىلگە تارقان دەپمۇ ئاتىلىدۇ) بولۇپ، ئۇنىڭ نامى خەنزۇچە مەنبەلەردە ئىدىكەن قاغان، بۆگۈ قاغان، تەڭرى قاغان دەپ ئاتالغان. بۇ مەڭگۈ تاش ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىغا دائىر ئەڭ دەسلەپكى يادىكارلىق بولۇپ، ئۇ «ئەل ئەتمىش بىلگە قاغان ئەلنى سوراپ تۇرغان يىللاردا 753 — 756 - يىللىرى تىكلەنگەن»③. مەڭگۈ تاش تېكىستىدە ئاساسلىقى ئەل ئەتمىشنىڭ نامىدىن بۆگۈ قاغان (759 — 780 - يىللار) دەۋرىگىچە بولغان ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تارىخى، جۇغراپىيىسى ۋە كېيىنكى شەرقىي تۈرك خانلىقى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، شۇنداقلا بىلگە تارقاننىڭ نامىدىن دادىسى ئەل ئەتمىش بىلگە قاغاننىڭ تۆھپىلىرى مەدھىيىلەنگەن. قىممەتلىك يېرى شۇكى، بۇنىڭدىكى بىر قىسىم مەزمۇنلار باشقا مەڭگۈ تاش يادىكارلىقلىرىدا ۋە كونا، يېڭى تاڭنامىلەردە

ئۇچرىمايدۇ.

### 2. «مويۇنچۇر قاغان مەڭگۇ تېشى»

بۇ مەڭگۇ تاش يادىكارلىقى 1909 ـ يىلى موڭغۇلىيەدىكى سېلىنگا دەرياسى ۋە شىنە ئۇسۇ كۆلى بويىدىن تېپىلغانلىقى ئۈچۈن، يەنە «شىنە ئۇسۇ مەڭگۇ تېشى» دەپمۇ ئاتالغان. بۇ ئەل ئەتمىش بىلگە قاغان دەپ ئاتالغان مويۇنچۇر قاغان (747 — 759 ـ يىللار) نىڭ تۆھپىسى ئۈچۈن ئورنىتىلغان يەنە بىر يادىكارلىق. مويۇنچۇر ئەسلىدە ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قاغانى كۆل بىلگە قاغان (742 — 747 ـ يىللار) نىڭ ئوغلى بولۇپ، ئۇنىڭ ئەسلى ئىسمى تۇريان ئىدى ④. مەنبەلەردە يەنە ئەل بىلگە يابغۇ ۋە قارا قاغان دەپمۇ ئاتالغان. مەڭگۇ تاشقا جەمئىي 50 قۇر خەت ئويۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا مويۇنچۇر قاغان نامىدىن ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ دەسلەپكى تارىخى، ئۇنىڭ دادىسىغا ياردەملىشىپ كېيىنكى شەرقىي تۈرك خانلىقىغا قارشى ئېلىپ بارغان ئۇرۇشلىرى، كېيىن قارلۇق، توققۇز تاتار، باسمىل قاتارلىق قەبىلىلەرگە ئېلىپ بارغان جازا ئۇرۇشلىرى، تاڭ سۇلالىسىگە قىلغان يۇرۇشلىرى، تابغاچ ۋە سۇغداقلارغا سېلىنگا دەرياسى بويىدا بايبالىق شەھىرىنى سالدۇرغانلىقى قاتارلىق تارىخىي ۋەقەلەر بايان قىلىنغان. ئەھمىيەتلىك يېرى شۇكى، «مويۇنچۇر قاغان مەڭگۇ تېشى» دا كونا ـ يېڭى ئاتىنامىلەردە تىلغا ئېلىنمىغان بىر قىسىم ۋەقەلىكلەر خاتىرىلەنگەندىن سىرت، يەنە كونا ـ يېڭى ئاتىنامىلەردە خاتىرىلەنگەن بىر قىسىم ۋەقەلىكلەر تېخىمۇ كونكرېت، تېخىمۇ ئېنىق ۋە تېخىمۇ جانلىق كۆرسىتىپ بېرىلگەن.

### 3. «تەس مەڭگۇ تېشى»

بۇ مەڭگۇ تاش يادىكارلىقى 1976 ـ يىلى موڭغۇلىيەدىكى تەس دەرياسىنىڭ سول قىرغىقىدىكى نوغۇن تولغوي ئېگىزلىكىنىڭ يېنىدىن تېپىلغانلىقى ئۈچۈن، «تەس مەڭگۇ تېشى» دەپ ئاتالغان. «تەس مەڭگۇ تېشى» ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىگە مەنسۇپ يادىكارلىقلارنىڭ ئىچىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىشى ئېغىرراق، ئەڭ

مۇھىم بولغان يازما يادىكارلىق. ئۇنىڭدا بۆگۈ قاغان (759 — 780 ـ يىللار) نىڭ ئەجدادى (دادىسى) بولغان ئەل ئەتمىش بىلگە قاغان (مويۇنچۇر، 747 — 759 ـ يىللار) دەۋرىگىچە بولغان ئۇيغۇر قاغانلىرىنىڭ تارىخى، جۈملىدىن بىرىنچى ۋە ئىككىنچى ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تەقدىرى، كۆل بىلگە قاغان ۋە ئەل ئەتمىش بىلگە قاغان باشچىلىقىدىكى ئۇچىنچى ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ بەرپا بولۇشى قاتارلىق مەسىلىلەر ھەققىدە مەلۇمات بېرىلگەن، بۇ ھەق- تىكى بىر قىسىم مەزمۇنلار كونا، يېڭى تاڭنامىلەردە ئۇچرىمايدۇ، شۇڭا تەس مەڭگۈ تېشىدىكى مەلۇماتلار زور سىلىشتۇرما قىممەتكە ئىگە. تەتقىقاتلارغا قارىغاندا، «تەس مەڭگۈ تېشى» نىڭ ئاپتورى مويۇنچۇر قاغاننىڭ يېقىن تۇغقىنى تۇپەك ئالىپ شۇل دېگەن كىشى بولۇپ، مەڭگۈ تاشنى بۆگۈ قاغان يېڭىدىن تەختكە چىققان ۋاقىتتا، توغرىسى 761 — 762 ـ يىللىرى ئورنىتىلغان، دېيىشكە بولىدۇ⑤.

## 4. «توققۇز ئۇيغۇر قاغان مەڭگۈ تېشى»

بۇ يادىكارلىقنىڭ تولۇق ئاتىلىشى «توققۇز ئۇيغۇر ئاي تەڭرى- دە قۇت بولمىش ئالىپ بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى» دۇر. ئۇ 1899 ـ يىلى موڭغۇلىيەدىكى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ پايتەختى بولغان قارا بالغاسۇن شەھىرىنىڭ يېقىن ئەتراپىدىكى سايرام كۆلى بويىدىن تېپىلغانلىقى ئۈچۈن، «قارا بالغاسۇن مەڭگۈ تېشى» دەپمۇ ئاتال- غان. «توققۇز ئۇيغۇر قاغان مەڭگۈ تېشى» غا قەدىمكى تۈركچە، سوغدىچە ۋە خەنزۇچە ئۈچ خىل يېزىقتا خەت ئويۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ قەدىمكى تۈركچە تېكىستى ئىنتايىن ئېغىر دەرىجىدە بۇزغۇن- چىلىققا ئۇچرىغان، پەقەت ئىنتايىن ئاز قىسمىلا ساقلىنىپ قال- غان، سوغدىچە قىسمىمۇ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان بولۇپ، ئانچە كۆپ ساقلىنىپ قالمىغان، پەقەت خەنزۇچە قىسمىلا بىرقەدەر مۇ- كەممەلرەك ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، ساقلىنىپ قالغان قىسمى تەخمىنەن 1600 خەت ئەتراپىدا كېلىدۇ. «توققۇز ئۇيغۇر قاغان مەڭگۈ تېشى» ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىغا دائىر يادىكارلىقلارنىڭ ئىچىدە ئومۇمىي تەزكىرە شەكلىدە يېزىلغان مۇھىم بىر مەڭگۈ تاش بولۇپ، ئۇنىڭدا ئاساسلىقى كۆل بىلگە قاغان (742 — 747 ـ

يىللار) دەۋرىدىن تارتىپ تاكى ئاي تەڭرىدە قۇت بولمىش ئالىپ بىلگە قاغان (يەنى ئادالەت قۇچقان قاغان، 808 — 821 ـ يىللار تەختتە ئولتۇرغان) دەۋرىگىچە بولغان ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تارىخى، ئادالەت قۇچقان قاغاننىڭ خانلىق ھاكىمىيىتىنى ۋە زېمىن تېررىتورىيىسىنى مۇستەھكەملەش يولىدا كورسەتكەن تۆھپىلىرى، بۆگۈ قاغاننىڭ مانى دىنىنى قوبۇل قىلىشى، ئۇيغۇرلارنىڭ تاڭ سۇلالىسىگە ياردەملىشىپ 755 — 763 ـ يىللاردىكى ئۆڭلۈك ـ سۆيگۈن توپىلىڭىنى باستۇرغانلىقى، جۇڭغار ۋە تارىم ۋادىلىرىغا يۈرۈش قىلىپ، بېشبالىق، كۇچار قاتارلىق جايلارنى تىبەتلەردىن قايتۇرۇپ ئالغانلىقى مەدھىيىلەنگەن. خەنزۇچە قىسمىدىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، بۇ يادىكارلىق ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدا بىرنەچچە ئەۋلاد باش ۋەزىر بولغان ئىل ئۆگەسى تەرىپىدىن تەخمىنەن مىلادىيە 814 ـ يىلى ئورنىتىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئاپتورى باغا تارقان دېگەن كىشى ئىكەن ⑥.

**5. «سېۋرېي مەڭگۈ تېشى»**

بۇ مەڭگۈ تاش يادىكارلىقى 1969 ـ يىلى موڭغۇلىيەنىڭ دۆلىتىمىزنىڭ گەنسۇ ئۆلكىسى بىلەن تۇتىشىدىغان سېۋرېي دېگەن يېرىدىن (يەنى ئىدزىنغۇل دەرياسىنىڭ سۈيى قۇيۇلىدىغان گاخون، سوغ دەپ ئاتىلىدىغان ئىككى كۆلنىڭ شەرقىي شىمالىدا) تېپىلغان. بۇ مەڭگۈ تاشنىڭ بىر يۈزىگە يەتتە قۇر سوغدىچە خەت، يەنە بىر يۈزىگە يەتتە قۇر قەدىمكى تۈركچە خەت ئويۇلغان بولۇپ، ئېغىر دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان بولغاچقا، بەزى مەسىلىلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇش خېلىلا قىيىن. رۇس تۈركولوگى كىلياشتورنى بۇ يادىكارلىقنىڭ سوغدىچە قىسمىدىكى «ئۇيغۇر قاغان» ۋە قەدىمكى تۈركچە قىسمىدىكى «ئىنگى ياغلاقار» دېگەنگە ئاساسلىنىپ، سېۋرېي مەڭگۈ تېشى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قاغانى بۆگۈ قاغان (759 — 780 ـ يىللار) دەۋرىگە مەنسۇپ، ئۇ بۆگۈ قاغان تاڭ سۇلالىسىدىكى ئۆڭلۈك ـ سۆيگۈن توپىلىڭىنى باستۇرۇپ بولۇپ چاڭئەندىن ئايرىلىپ موڭغۇلىيە ۋادىسىدىكى دۆلىتىگە قايتىپ كېتىۋېتىپ چېگرىسىغا كەلگەندە ئورناتقان تۆھپە خاتىرە

تېشى، دەپ قارايدۇ. بىراق، ئېلىمىز تۈركولوگى گېڭ شىمىن قاتارلىقلار بۇ مەڭگۈ تاشنى گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ بىرىنچى قاغانى دانىشمەن قاغان (933 ـ يىلىدىن ئىلگىرى تەختتە ئولتۇرغان) دەۋرىگە مەنسۇپ، دەپ قارايدۇ ⑦.

### 6. «سۇدىجىن مەڭگۈ تېشى»

بۇ يادىكارلىق 1909 ـ يىلى موڭغۇلىيىنىڭ سۇدىجىن (بەزى ماتېرىياللاردا سۇجى دېيىلگەن) دېگەن يېرىدىن تېپىلغان. مەڭگۈ تاشقا جەمئىي 11 قۇر قەدىمكى تۈركچە خەت ئويۇلغان، يادىكارلىق تېكىستىنىڭ قەھرىمانى بويىلا قۇتلۇق تارقان ئىسىملىك قىرغىز قەبىلىسىنىڭ فېئودال ئاقسۆڭەكى بولۇپ، يادىكارلىق تېكىستىدە ئۇنىڭ ئۇيغۇرلار زېمىنىدا تۇرۇۋاتقانلىقى، ئىنتايىن باي كىشى ئىكەنلىكى، ئون قوتان چارۋىسى، سانسىزلىغان يىلقىسى بارلىقى، ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ئىنتايىن كۆپ ئىكەنلىكى، ھەتتا ئۆزىنىڭ مانى روھانىسىغا 100 چاكار ۋە تۇرالغۇ ئۆي بەرگەنلىكى قاتارلىق ئەھۋاللار خاتىرىلەنگەن. بۇ يادىكارلىقنىڭ تەۋەلىكى ۋە دەۋرى ھەققىدە تۈركولوگ گېڭ شىمىن ئەپەندى ئۇنىڭ 1 ـ ۋە 4 ـ قۇرىدىكى «مەن ئۇيغۇرلار يېرىدىكى ياغلاقار قاغان تۇرۇشلۇق جايغا كەلدىم»، «مېنىڭ شۆھرىتىم، نامىم كۈنچىقىشتىن تارتىپ كۈنپېتىشقىچە تارالدى» دېگەنلەرگە ئاساسلىنىپ، «بۇ ۋاقىتتا قىرغىزلار ئۇيغۇرلارنىڭ كونا زېمىنلىرىنى ئىشغال قىلىپ بولغان، خەنزۇچە ماتېرىياللاردىن بىلىشىمىزچە بۇ ۋەقە 840 ـ يىلىدىن كېيىن بولغان، شۇڭا بۇ 840 ـ يىلىدىن كېيىنكى يادىكارلىق» دەپ قارايدۇ. ئۇنىڭ بۇ پىكرىنى رۇس ئارخېئولوگى ئا. ن. بېرنىشتاممۇ قوللايدۇ⑧. سۇدىجىن مەڭگۈ تېشىنىڭ ئىگىسى گەرچە قىرغىز دەپ قارالسىمۇ، بىراق قىرغىزلار كېيىن ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تەركىبىگە كىرگەن قەبىلىلەرنىڭ بىرى بولۇپ، يادىكارلىقتىكى يايلاق جەمئىيىتىدىكى چارۋىچى فېئوداللارنىڭ ئائىلە ئىگىلىكى ۋە مانى دىنىنىڭ ئائىلىلەرگىچە سىڭىپ كىرگەنلىكى ھەققىدىكى مەلۇماتلار ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى بىر قىسىم تارىخىي مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. كىشىنى تېخىمۇ جەلپ

قىلارلىقى شۇكى، س. گ. كىلياشتورنى بويلا قۇتلۇق يارقان بويلا قۇتلۇق تارخاندۇر، ئۇ ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قاغانىنى ئۆلتۈرگەن قاتىل، دەپ قارايدۇ ⑨.

## 2 § . قەدىمكى ئۇيغۇرچە تارىخىي ماتېرىياللار

قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى — ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركىي مىللەتلەر ئەرەب يېزىقىنى قوللىنىشتىن ئىلگىرى ئەڭ كەڭ دائىرىدە قوللانغان ھەم نۆۋەتتە ساقلىنىپ قالغان مەدەنىيەت مىراسلىرى بىرقەدەر كۆپ بولغان ئېلىپبەلىك يېزىق بولۇپ، بۇ خىل يېزىق ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشايدىغان قەدىمكى سوغدىلارنىڭ سوغدى يېزىقى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن. تەتقىقاتلارغا ئاساسلانغاندا، بۇ خىل يېزىق ئەڭ بالدۇر يەتتەسۇ رايونى ۋە بېشبالىق، تۇرپان رايونىدىكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرى تەرىپىدىن ئىشلىتىلگەن. 1955 — 1956 - يىللىرى موڭغۇلىيىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى ئوۋشايىمگىن ئۆلكىسىنىڭ تۇرگانسۇم مەمۇرىي رايونىغا قاراشلىق خارائۇس دېگەن يېرىدىن تېپىلغان دۆرگۆت مەڭگۈ تېشىغا سەككىز قۇر قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى خەت ئويۇلغان بولۇپ، بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىلا بۇ خىل يېزىقنى ئىجاد قىلىپ قوللانغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ ⑩. قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى 19 دىن 20 گىچە بولغان بەلگە - ھەرپلەردىن تەشكىل تاپقان بولۇپ (بەزىدە دەۋرلەرنىڭ ئىلگىرى - كېيىنلىكى بىلەن ھەرپ سانلىرىدىمۇ پەرقلەر كۆرۈلىدۇ)، بەزى رايونلاردا تاكى 14 — 15 - ئەسىرلەرگىچە ئىزچىل قوللىنىلىپ كېلىنگەن. قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى تارىختا يالغۇز ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن قوللىنىپلا قالماستىن، باشقا تۈركىي خەلقلەر، موڭغۇللار ۋە مانجۇلار تەرىپىدىنمۇ قوللىنىلغان. ئۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى، ئالتۇن ئوردا خانلىقى، تۆمۈرىيلەر ئىمپېرىيىسى ۋە چاغاتاي خانلىقىنىڭ ھۆكۈمەت يېزىقى بولۇپ كەلگەن. قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىدىكى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ دۇنياۋى ئەسىرى «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ ۋىنا نۇسخىسىمۇ دەل مۇشۇ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا كۆچۈرۈلگەن. نۆۋەتتە

بىزگە مەلۇم بولغان قەدىمكى ئۇيغۇرچە يازما يادىكارلىقلارنىڭ
كۆپىنچىسى دىنىي مەزمۇندىكى ۋە ئەدەبىيات ـ سەنئەت تېپىدىكى
ئەسەرلەر بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى زامان
تارىخى ۋە مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم تارىخىي ماتېرىيال-
لىق قىممىتىگە ئىگە بىر قىسىم يازما ھۆججەتلەر ۋە تاش پۈتۈك-
لەرمۇ بار. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى تارىخىنى
تەتقىق قىلىشتا بىرقەدەر مۇھىمراقلىرى تۆۋەندىكىلەر:

**1. «ئوغۇزنامە»**

«ئوغۇزنامە» قەدىمكى ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا كەڭ تارقالغان
نەسرىي شەكىلدىكى ئېپوس، ئۇنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇرچە قوليازما
نۇسخىسىدىن بىرسىلا بولۇپ، ھازىر فرانسىيىنىڭ پارىژ شەھىرى-
دىكى «پۇقرالار كۇتۇپخانىسى» دا ساقلانماقتا. بۇ قوليازما قەدىم-
كى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئىرماش شەكلى بىلەن يېزىلغان، باش -
ئاخىرى كەم، ھەجمى 21 ۋاراق 42 بەت، ھەر بىر بېتى توققۇز
قۇر خەتتىن تەشكىل تاپقان. 1 ـ بەتنىڭ 2 ـ قۇرىدىكى، 5 ـ
بەتنىڭ 9 ـ قۇرىدىكى، 6 ـ بەتنىڭ 4 ـ قۇرىدىكى «ئۇشبۇ
تۇرۇر» دېگەن سۆزنىڭ كەينىگە ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا بۇقا،
قۇرغۇي ۋە قىئاتنىڭ رەسىمى سىزىلغان. «ئوغۇزنامە» نى مەزمۇن
جەھەتتىن ئىككى قىسىمغا بۆلۈشكە بولىدۇ. داستاننىڭ بىرىنچى
قىسمىدا قەدىمكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تارقالغان دۇنيانىڭ يارىلى-
شى، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسى ھەققىدىكى
ئەپسانىلەر ۋە بەزى قەدىمكى ئۆرپ ـ ئادەتلەر ئەكس ئەتتۈرۈلگەن
بولۇپ، بۇ جەھەتتىكى مەزمۇنلار ئېلىمىزنىڭ قەدىمكى خەنزۇچە
تارىخنامىلىرىدىن بولغان «جۇنامە. تۈركلەر تەزكىرىسى» ، «شى-
مالىي سۇلالىلەر تارىخى. تۈركلەر تەزكىرىسى» ، «ۋېينامە. قاڭقىل-
لار تەزكىرىسى» ۋە «قۇچۇ ئىدىقۇتلىرىنىڭ تۆھپە مەڭگۈ تېشى» دا خاتى-
رىلەنگەن تۈركلەر ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ كېلىپ چىقىشى، ئۆرپ -
ئادىتى ۋە توتېم ئېتىقادىغا دائىر خاتىرىلەر بىلەن ئوخشىشىپ
كېتىدۇ. شۇڭا ئالىملار «ئوغۇزنامە» گەرچە كېيىنرەك كىتاب
بولۇپ تارقالغان (يەنى يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە) بولسىمۇ، لېكىن

ئۇنىڭدىكى مىللەتنىڭ مەنبەسى ۋە توتېم ئېتىقادى توغرىسىدىكى رىۋايەتلەر «ۋېينامە. قانقىللار تەزكىرىسى» دە خاتىرىلەنگەنلىرى بىلەن ئوخشاش، بۇ «ئوغۇزنامە» ئېپوسىنىڭ بىر قىسىم مەزمۇن-لىرىنىڭ قانقىللار دەۋرىدىلا ئېغىز ئەدەبىياتى شەكلى بىلەن خەلق ئارىسىغا كەڭ تارقىلىپ بولغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ⑪، دەپ قارايدۇ. داستاننىڭ ئىككىنچى قىسمىدا ئاساسلىق هالدا ئو-غۇزخاننىڭ ئۇرۇش پائالىيەتلىرى بايان قىلىنغان. شۈبهىسىزكى، بۇ ۋەقەلىكلەردە مەلۇم دەرىجىدە تارىخىي ۋەقەلىكلەر ئەكس ئېتىل-گەن. بۇ قىسمىدا كىشىنى جەلپ قىلىدىغىنى تۈرك - ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ نامىنىڭ چۈشەندۈرۈلۈشى بولۇپ، تىلغا ئېلىنغان دۆلەت ۋە قەبىلىلەر نامى مەلۇم دەرىجىدە ئەينى زاماندىكى ئۇيغۇر-لارنىڭ ئۆز ئەتراپىدىكى باشقا مىللەتلەرگە بولغان چۈشەنچىسى ۋە ئۇلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ⑫. «ئوغۇزنامە» ئېپوسى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى دىنىي مەزمۇندا بولمىغان يازما يادىكارلىق بولۇپ، ئۇنى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى، ئەدەبىياتى ۋە باشقا مەسىلىلىرى-نى تەتقىق قىلىشتىكى مۇهىم تارىخىي ماتېرىياللارنىڭ بىرى دې-يىشكە بولىدۇ.

## 2. «بۆگۈ قاغاننىڭ مانى دىنىغا كىرىشى»

نۆۋەتتە گېرمانىيىدە TM276 a ۋە TM276 b دېگەن نومۇر بىلەن ساقلىنىۋاتقان بۇ يادىكارلىق ⑬ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان ئۇيغۇرلارنىڭ مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلىشىغا دائىر قىممەت-لىك تارىخىي هۆججەتتۇر. ئۇ جەمئىي ئىككى ۋاراق، 96 قۇر خەت بولۇپ، هەر بىر ۋارىقىنىڭ ئالدى - كەينىگە 24 قۇردىن خەت يېزىلغان. بۇ يادىكارلىقتا ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قاغانى بۆگۈ قاغاننىڭ تاڭ سۇلالىسىدىن كەلگەن تۆت نەپەر مانى مۇخلىسى بىلەن ئىككى كېچە - كۈندۈز مۇنازىرىلىشىش ئارقىلىق مانى دىنىغا كىرگەنلىكى، مانى دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن يۇقىرى تەبىقىدىكىلەردىن ئاۋام خەلققىچە هەممەيلەننىڭ هېسابسىز خۇشال-لىققا چۆمگەنلىكى، مانى دىنى ئېتىقادى هەققىدە مەخسۇس قائىدە -

تۈزۈملەر چىقىرىلىپ، مەخسۇس مانى دىنى تەرغىباتچىلىرى بەلگە-
لەنگەنلىكى، شۇنداقلا مانى دىنىنى قوبۇل قىلىشتىن بۇرۇن خان-
لىقنىڭ قانۇن - تۈزۈملىرىنىڭ مۇكەممەل ئەمەسلىكى، مانى مۇخ-
لىسلىرىنىڭ دەسلەپتە زور بېسىمغا، قىرغىنچىلىققا ئۇچرىغانلىقى
قاتارلىقلار بايان قىلىنغان بولۇپ، ئۇ ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى
بىلەن مانى دىنىنىڭ مۇناسىۋىتىنى تەتقىق قىلىشتا «تاڭنامە» ۋە
«توققۇز ئۇيغۇر قاغان مەڭگۇ تېشى» دىكى مەنبەلەرنى تولۇقلاشتە-
كى ئىنتايىن قىممەتلىك تارىخىي ھۆججەت ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى،
«8 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىدا ئۇيغۇرلارنىڭ مانى دىنىنى قوبۇل
قىلىشى بىر چوڭ ئىش بولۇپ، ئۇ شەك - شۈبھىسىز ئىلغار
ئەھمىيەتكە ئىگە. ئۇيغۇرلار مانى دىنى بىلەن بىللە يەنە بىرقەدەر
يۇقىرى مەدەنىيەت ۋە يېزىقنىمۇ قوبۇل قىلغان»⑭.

### 3. «شەجەرەئى تۈرك»

«شەجەرەئى تۈرك» 17 - ئەسىردە ئۆتكەن ئوتتۇرا ئاسىيالىق
تارىخچى ئەبۇلغازى باھادىرخان (1603 — 1665 - يىللار) تەرە-
پىدىن مىلادىيە 1663 — 1664 - يىللىرى يېزىلغان تارىخىي
ئەسەر. بۇ ئەسەر جەمئىي توققۇز باب بولۇپ، 2 - بابىدا ئۇيغۇر،
قارلۇق، قىرغىز قاتارلىق تۈركىي مىللەتلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى،
ئەسلىي يىلتىزى ھەققىدە بىر قىسىم تارىخىي ئۇچۇرلار، ئەپسانە -
رىۋايەتلەر بار. يەنە ئون ئۇيغۇر، توققۇز ئوغۇز، ئوغۇزخان رىۋايە-
تى دېگەندەك قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخ - جۇغراپىيىسىگە دائىر
قىممەتلىك خاتىرىلەرمۇ بار⑮. بۇ ئەسەر ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى
تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا دوساننىڭ «موڭغۇل تارىخى»، راشىد-
دىننىڭ «جامىئۇل تاۋارىخ» دېگەن ئەسىرى ۋە «قۇچۇ ئىدىقۇتلىرى-
نىڭ تۆھپە مەڭگۇ تېشى» نىڭ خەنزۇچە تېكىستىدىكى ئۇيغۇرلار-
نىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدىكى خاتىرىلەر بىلەن سېلىشتۇرۇپ
تەتقىق قىلىش ئەھمىيىتىگە ئىگە.

### 4. «قۇتادغۇبىلىك»

«قۇتادغۇبىلىك» ئۇيغۇر خەلقىنىڭ 11 - ئەسىردە ئۆتكەن

بۇيۇك مۇتەپەككۇرى، پەيلاسوپى ۋە دانىشمەن شائىرى يۇسۇپ خاس
هاجىپ (1018/1019 — 1069/1070 - يىللار) تەرىپىدىن
مىلادىيە 1069 — 1070 - يىللىرى تۇرك تىلىدا (يەنى ئۇيغۇر
تىلىدا) يېزىلغان دىداكتىك شېئىرىي داستان[16]. ئاپتور بۇ ئەسەرنى
يېزىپ تاماملىغاندىن كېيىن ئەينى دەۋردىكى قاراخانىيلار سۇلالى-
سىنىڭ پادىشاھى تاۋغاچ بۇغرا قاراخان ئەبۇ ئەلى ھەسەنگە تەقدىم
قىلغان. ئەسەر جەمئىي 85 باب، 13290 مىسرا، ئىككى مۇقەددى-
مە ۋە ئۈچ قوشۇمچە بابىدىن تەركىب تاپقان. ئالدىنقى 11 بابىدا
ئاللاغا، پەيغەمبەرگە، تۆت ساھابىگە ۋە ئۇلۇغ بۇغرا خانغا ئوقۇل-
غان مەدھىيىلەر، بىلىم، تىل ۋە پەزىلەت ھەققىدىكى بايانلار ھەم
مۇئەللىپىنىڭ بايانى، كىتابىنىڭ نامى ۋە مەنىسى ھەققىدىكى بايانلار
بېرىلگەن. 12 - بابىدىن باشلاپ مۇئەللىپ ئۆزىنىڭ بىر پۈتۈن ئىدىيە-
سىنى ئادالەت سىمۋولى كۈنتۇغدى ئېلىگ (ھۆكۈمدار)، بەخت - سائا-
دەت سىمۋولى ئايتولدى (ۋەزىر)، ئەقىل - پاراسەت سىمۋولى
ئۆگدۈلمىش (ۋەزىرنىڭ ئوغلى)، قانائەت سىمۋولى ئۇدغۇرمىش
(زاھىت) ئارىسىدىكى درامىلىق سۆھبەتكە سىڭدۇرۇپ، دۆلەت ۋە
جەمئىيەتنى قانۇن، بىلىم ۋە ئەخلاق - پەزىلەت بىلەن ئىدارە
قىلىش ھەققىدىكى غايىۋى قاراشلىرىنى بايان قىلغان. ئەسەرنىڭ
پۈتكۈل مەزمۇنىغا ئاساسلانغاندا، ئۇنىڭ مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكىدە
ئالدى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى يېتەكچى ئورۇندا
تۇرغان، يەنە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيىتى بىلەن ئۇيغۇر مەدەنى-
يىتىنىڭ ئۈچرىشىش ئالاھىدىلىكلىرى، ئەرەب ۋە غەرب مەدەنىيەت
ئالاھىدىلىكلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. بۇ ئەسەر يالغۇز ئەدەبىي
ئەسەر بولۇپلا قالماي، بەلكى تارىخ ھەم پەلسەپە ئەسىرى بولۇپ،
ئۇزاق ئۆتمۈش ھايات بىلەن قاراخانىيلار دەۋرىدىكى رېئال ھاياتنى
ئۆزىدە مۇجەسسەملەشتۈرگەن سىستېمىلىق بىر ئىلمىي ئەسەردۇر[17].
«قۇتادغۇبىلىك» ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر مەدەنىيىتى، بولۇپ-
مۇ قەدىمكى زامان ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ (ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرى-
نىڭ) پەلسەپە، قانۇن (ھوقۇق)، ئەخلاق، تەلىم - تەربىيە،
دىنىي ئېتىقاد، دۇنيا قاراش ۋە ئۆرپ - ئادەتلىرىنى تەتقىق قىلىش-
تا زور ئىلمىي ھەم تارىخىي ماتېرىياللىق قىممەتكە ئىگە.

## 3 § . ئەرەب، پارس تىل - يېزىقىدىكى تارىخىي ماتېرىياللار

قەدىمكى ئۇيغۇر تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا ۋە ئۆگىنىشتە، خۇددى خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللارغا ئوخشاشلا ئەرەب، پارس تىل - يېزىقىدىكى كلاسسىك تارىخىي - جۇغراپىيىۋى ئەسەرلەرمۇ مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. ئەرەبلەردە ئۇمەييە سۇلالىسى (660 — 750 - يىللار) دەۋرىدىلا تارىخشۇناسلىق، قانۇنشۇناسلىق ئىلىملىرى تەرەققىي قىلغان بولۇپ، ئابباسىلار سۇلالىسى (750 — 1258 - يىللار) دەۋرىدە ئەرەبلەرنىڭ غەربىي ئاسىيا، شىمالىي ئافرىقا، ياۋروپا ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، قەدىمكى مىسىر، يۇنان، پېرسىيە، ھىندىستان ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ كلاسسىك مەدەنىيەتلىرىنى قوبۇل قىلىش ئاساسىدا جۇغراپىيە ئىلمى ناھايىتى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان. نەتىجىدە ئابباسىلار سۇلالىسى ئەينى ۋاقىتتا دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ ئىمپېرىيە بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆزى قوشنا بولغان ۋە قوشنا بولمىغان يىراق - يىراق جايلاردىكى دۆلەت ۋە مىللەتلەرنىڭمۇ ئەھۋالىنى بىلىشكە قىزىققان. مانا مۇشۇنداق ئېھتىياج ئابباسىلار سۇلالىسى دەۋرىدە بىر قىسىم ئەرەب سەيياھلىرىنىڭ پائالىيەتلىرىنى جانلاندۇرۇپ، دۇنياۋى خاراكتېردىكى مەشھۇر تارىخىي - جۇغراپىيىۋى ئەسەرلەرنىڭ مەيدانغا كېلىشىنى شەرت - شارائىت بىلەن تەمىنلىگەن. نۆۋەتتە ھەرقايسى ئەل تەتقىقاتچىلىرىمۇ ئەرەب كلاسسىك تارىخىي - جۇغراپىيىۋى ئەسەرلىرىنىڭ تارىخىي ماتېرىياللىق قىممىتىگە يۇقىرى باھا بېرىپ: «مۇسۇلمان جۇغراپىيىشۇناسلىرىنىڭ ئەسەرلىرى ئىسلام دەۋرىدىن بۇرۇنقى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ماتېرىيال خەزىنىسى» دەپ تەرىپلەشمەكتە.

تارىخ تەتقىقاتچىلىرىغا مەلۇمكى، ئىسلام دىنىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭ رايونىغا تارقىلىشى بۇ رايونلاردىكى ئەسلىدىكى تۈرك مىللەتلىرىنىڭ دىنىي ئېتىقادىدىلا ئەمەس، بەلكى تىل - يېزىق ۋە مەدەنىيىتىدىمۇ زور ئۆزگىرىشلەرنى مەيدانغا كەلتۈردى،

بولۇپمۇ تىل ـ يېزىق جەھەتتە قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرا مەزگىللىرىدىن باشلاپ ئەرەب، پارس تىل ـ يېزىقى ئەسلىدىكى ئۇيغۇر ـ تۈرك تىل ـ يېزىقىنىڭ ئورنىنى تەدرىجىي ئىگىلەشكە باشلاپ، كېيىنكى تارىخىي دەۋرلەردە تۆۋەندىن يۇقىرىغىچە ئۇيغۇر تىل ـ يېزىقى بىلەن تەڭ مەۋجۇت بولۇپ كەلدى. شۇڭا، نۆۋەتتە قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىغا دائىر تارىخىي ماتېرىياللار ئىچىدە ئەرەب، پارس تىل ـ يېزىقىدىكى تارىخىي ماتېرىياللار مۇھىم سالماقنى تەشكىل قىلىدۇ. ئېلىمىز ئالىمى جاڭ گۇاڭدا ئەپەندى ئەرەب، پارس تىل ـ يېزىقىدىكى تارىخىي ماتېرىياللارنىڭ مۇھىم-لىقى ھەققىدە توختىلىپ: «ئەرەب، پارس ۋە تۈركلەرنىڭ جۇغرا-پىيىۋى ئەسەرلىرى پەقەت جۇغراپىيە ماتېرىياللىرىنىلا ئۆز ئىچىگە ئېلىپ قالماستىن، بەلكى كۆپلىگەن مۇسۇلمان تارىخشۇناسلىر-نىڭ تارىخىي ئەسەرلىرى زور مىقداردا جۇغراپىيە ماتېرىياللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغانغا ئوخشاش نۇرغۇنلىغان تارىخىي ماتېرىياللارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان» دەيدۇ ⑱.

## 1. «يول ۋە ئەللەر تەزكىرىسى»

«يول ۋە ئەللەر تەزكىرىسى» دېگەن بۇ ئەسەر ئابباسىلار سۇلالىسى (750 — 1258 ـ يىللار) دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن كاتتا تارىخىي ـ جۇغراپىيىۋى ئەسەر. ئەسەرنىڭ ئاپتورى ئىبنى خۇردادبىخ ھىجرىيە 205 ـ يىلى (مىلادىيە 820 ـ يىلى) ياكى ھىجرىيە 211 ـ يىلى (مىلادىيە 825 ـ يىلى) تۇغۇلۇپ، ھىجرىيە 300 ـ يىلى (مىلادىيە 912 ـ يىلى) ۋاپات بولغان. ئىبنى خۇردادبىخ-نىڭ دادىسى خەلىپە مەئمۇن (813 — 833 ـ يىللار) دەۋرىدە كاسپى دېڭىزىنىڭ جەنۇبىدىكى تابارىستان رايونىنىڭ ۋالىيسى بولغان. ئىبنى خۇردادبىخ ياش ۋاقتىدا دادىسىنىڭ تەربىيىسىدە باغدادتا ئەتراپلىق بىلىم ئالغان. كېيىن دەسلەپتە ئىراننىڭ غەربىي قىس-مىدىكى جەبىل ئۆلكىسىنىڭ ئۆتەڭ ۋە رابات ئەمەلدارى، كېيىنچە باغداد ۋە سامارا ئۆلكىسىنىڭ ئۆتەڭ ـ رابات ئەمەلدارى بولغان. خەلىپە مۇتامىد (870 — 893 ـ يىللار) دەۋرىدە ئۇنىڭ پىكىردى-شى ھەم يېقىن سۆھبەتدىشى بولۇپ قالغان. مەلۇماتلارغا قارىغان-

ـدا، ئىبنى خۇردادبىخ ئۆمرىدە توققۇزدىن ئارتۇق ئەسەر يازغان. ئۇ «يول ۋە ئەللەر تەزكىرىسى» دېگەن ئەسەرىنى جەبەل ئۆلكىسىدىكى چېغىدا يېزىشقا باشلاپ 846 ـ يىلى پۈتتۈرگەن. 885 ـ يىلى قايتا تولۇقلاپ تۈزىتىپ چىققان. ئۇ بۇ ئەسەرىنى ئابباسىلار خەلىپىلىكىدە ساقلىنىۋاتقان مول ھۆكۈمەت ئارخىپ ماتېرىياللىرى، ئۆزىدىن ئىلگىرى ياشىغان ئەرەب سەيياھلىرىنىڭ ساياھەتنامىلىرى ۋە ئۆزى ئىگىلىگەن ماتېرىياللار ئاساسىدا يېزىپ چىققان بولغاچقا، ئەسەرنىڭ ماتېرىيال مەنبەسى بىرقەدەر كەڭ، قىممىتى يۇقىرى بولغان. ئىبنى خۇردادبىخنىڭ بۇ ئەسىرى ئۆز دەۋرىدىلا ئەمەس، كېيىنكى دەۋرلەردىمۇ ئەرەب مۇسۇلمان ئاپتورلىرىنىڭ جۇغراپىيىۋى ئەسەرلىرىگە زور تەسىر كۆرسىتىپ كەلگەچكە، ئۇنىڭ ئۆزى ۋە بۇ ئەسىرى ئىزچىل ھالدا يۇقىرى باھاغا ئېرىشىپ كەلگەن. ئەرەبلەرنىڭ ھىرودۇتى دەپ نام ئالغان مەشھۇر ئالىم مەسئۇدى (956 ـ يىلى ۋاپات بولغان) بۇ ئەسەرگە «ئالغانغا تۈگىمەيدىغان، ئىشلەتكەنگە خورىمايدىغان بايلىق، ئۇنىڭ بېشىدىن ئاخىرىغىچە پايدا ۋە بىلىمگە ئېرىشكىلى بولىدۇ» دەپ يۇقىرى باھا بەرگەن. ئىلمىز تەتقىقاتچىسى ۋاڭ جىلەي 10 ـ ئەسىردە بارلىققا كەلگەن پارس تىلىدا يېزىلغان دۇنياۋى كاتتا جۇغراپىيىۋى ئەسەر «ھۇدۇدۇلئالەم» مۇ ئىبنى خۇردادبىخنىڭ ئەسىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان، ھەتتا بىر قىسىم مەزمۇنلىرى ئاساسىي جەھەتتىن «يول ۋە ئەللەر تەزكىرىسى» دېگەن ئەسەردىن ئېلىنغان، دەپ مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ⑲.

«يول ۋە ئەللەر تەزكىرىسى» دە ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ۋە 8 — 9 ـ ئەسىرلەردىكى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ (قارلۇق، قىرغىز، تۈركەش ۋە ئوغۇز قاتارلىقلار) تارىخ، جۇغراپىيىسىگە دائىر قىممەتلىك خاتىرىلەر بېرىلگەن. بۇ خاتىرىلەردىكى بىر قىسىم مەزمۇنلار ئىلمىزنىڭ خەنزۇچە تارىخنامىلىرىدە ئۇچرىمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئىلمىي قىممىتى ۋە تارىخىي ماتېرىياللىق قىممىتى خېلىلا يۇقىرى بولۇپ، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى بىر قىسىم مۇھىم تارىخىي ـ جۇغراپىيىۋى مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىشتا ئاساسلىنىدىغان ماتېرىيال قىلىشقا بولىدۇ.

## 2. «تەمىم ئىبنى بەھىرنىڭ ئۇيغۇر خانلىقىغا قىلغان ساياھەت خاتىرىسى»

تەمىم ئىبنى بەھىر ئەل مۇتاۋىنىڭ ھاياتى توغرىسىدا تەپسىلىي مەلۇمات يوق. ئۇ ئەرەب خەلىپىلىكى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنى ئىستىلا قىلغان چاغدا پەيدائىي ئەسكەر بولغان ھەم مىلادىيە 760 — 821 - يىللار ئارىلىقىدا مەلۇم بىر ۋەزىپە بىلەن ئەينى دەۋردىكى ئەرەبلەر تەرىپىدىن توققۇز ئوغۇز دۆلىتى دەپ ئاتالغان ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىغا ساياھەتكە بارغان. ئۇ ئەرەبلەر ئىچىدە ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىغا ئەڭ بۇرۇن ساياھەتكە كەلگەن ھەم ساياھەت خاتىرىسى يېزىپ قالدۇرغان كىشى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ ساياھەت خاتىرىسىنىڭ بىر قىسمى ياقۇتنىڭ «جۇغراپىيە لۇغىتى» گە ۋە ئىبنى ئەل فاتىخنىڭ جۇغراپىيە ئەسىرىگە كىرگۈزۈلگەنلىكتىن ساقلىنىپ قالغان. ئىبنى ئەل فاتىخنىڭ ئەسىرىنى 1923 - يىلى تۈركىيە ئالىمى ئا. ز. ۋەلىدى توغان تاپقان، تەمىمنىڭ ساياھەت خاتىرىسىنى گېرمانىيەلىك پروفېسسور ۋالد تاپقان. كېيىن ئەنگلىيىلىك ئىرانشۇناس ئالىم ۋ. مىنورسكى «تەمىم ئىبنى بەھىرنىڭ ئۇيغۇر خانلىقىغا قىلغان ساياھەت خاتىرىسى» نى لوندون ئۇنىۋېرسىتېتى شەرق ئەللىرى ۋە ئافرىقا ئىنستىتۇتىنىڭ ئىلمىي ژۇرنىلىدا (1948 - يىللىق 12 - توپلام 2 - سانىدا) ئىنگلىزچە ئىزاھاتلىرى بىلەن قوشۇپ ئېلان قىلغان⑳.

تەمىمنىڭ ساياھەت خاتىرىسىدە ئاساسلىقى ئۇنىڭ مىلادىيە 821 - يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدە موڭغۇلىيە ۋادىسىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ (توققۇز ئوغۇزلارنىڭ) پايتەختىگە بېرىش جەريانى بايان قىلىنغان. ئۇ خاتىرىسىدە قاغاننىڭ بۇيرۇقى بويىچە ھەرقايسى ئۆتەڭلەر تەمىنلىگەن ئاتقا مىنىپ، مەھەللە - كەنت، شەھەر - بازار بولمىغان يايلاقتا 20 كۈن يول يۈرگەنلىكى، كېيىن يەنە ئاھالىلەر قويۇق ئولتۇراقلاشقان جايلاردا 20 كۈن يول يۈرۈپ ئاندىن توققۇز ئوغۇزلارنىڭ پايتەختىگە يېتىپ بارغانلىقى، ئۇ يەرنىڭ ئاھالىلىرى ئاتەشپەرەسلەر ۋە مانى دىنىدىكىلەر ئىكەنلىكى، قاغان شەھىرى ھەشەمەتلىك، 12 چوڭ تۆمۈر دەرۋازىسى بار، سودا -

سىتىق گۈللەنگەن، بازارلىرى ئاۋات، ئاھالىسى زىچ، نوپۇسى كۆپ شەھەر ئىكەنلىكى، شەھەرنىڭ ئەتراپلىرىدا مەھەللە ـ كەنت-لەر يېقىن ھەم زىچ جايلاشقانلىقى، تېرىلغۇ يەرلەر بارلىقى، توق-قۇز ئوغۇز دۆلىتىنىڭ قاغانى جۇڭگو خانى بىلەن قۇدا ـ باجىلىق مۇناسىۋەتتە بولۇپ، جۇڭگو خانى ھەر يىلى قاغانغا 500 مىڭ توپ يىپەك سوۋغا قىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى خاتىرىلىگەن.

تەمىمنىڭ ساياھەت خاتىرىسى گەرچە بەك مۇكەممەل بولمى-سىمۇ، بىراق ئەرەبلەر تەرىپىدىن يېزىلغان ئورخۇن ئۇيغۇر خانلى-قىغا دائىر ئەڭ بۇرۇنقى خاتىرىلەرگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئۇ قە-دىمكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ، جۈملىدىن ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى-نىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا بىرقەدەر يۇقىرى ئىلمىي قىممەتكە ئىگە تارىخىي ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا، ئەرەب جۇغراپىيىشۇناسلىرى ۋە تارىخچىلى-رىدىن ياقۇبىنىڭ (897 ـ يىلى ۋاپات بولغان) «تارىخىي ياقۇبى»، تەبەرىنىڭ «تارىخىي تەبەرى»، «پەيغەمبەرلەر ۋە پادىشاھلار تارى-خى»، ياقۇتنىڭ «ئەللەر تەزكىرىسى» (891 — 892 ـ يىللى-رى يېزىلغان)، ئىبنى پاچىخنىڭ «ئەللەر تەزكىرىسى» (903 ـ يىللىرى يېزىلغان)، مەسئۇدىنىڭ «نەسىھەتنامە» قاتارلىق ئەسەرلى-رىدىمۇ 840 ـ يىلدىن ئىلگىرىكى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىغا دائىر مەلۇماتلار بار. ئىلگىرى بۇ ئەسەرلەردىكى توققۇز ئوغۇزلار، يەنى ئورخۇن ئۇيغۇرلىرىغا دائىر مەلۇماتلار ۋە خاتىرىلەر دۆلەت ئىچى-دىكى تارىخ تەتقىقاتچىلىرىنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىنى ئانچە قوزغى-يالماي ياكى ئانچە ئېتىبارغا ئېلىنماي كېلىنگەنىدى. يېقىندا خۇا-تاۋ ئەپەندى ئۆزىنىڭ «غەربىي يۇرت تارىخى تەتقىقاتى (8 ـ ئەسىر-دىن 10 ـ ئەسىرگىچە)» دېگەن ئەسىرىدە يۇقىرىقى ئەسەرلەردىكى ئورخۇن ئۇيغۇرلىرىغا دائىر ئۇچۇر ـ مەلۇماتلارنى كۆپلەپ كۆر-سىتىپ، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى تارىخىنى تەتقىق قىلىشنىڭ تارىخىي ماتېرىيالشۇناسلىق دائىرىسىنى تېخىمۇ كېڭەيتىپ بەردى[21].

ئەرەب ئاپتورلىرى تەرىپىدىن يېزىلغان ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىغا دائىر خاتىرىلەرنىڭ كۆپ قىسمى ئاساسىي جەھەتتىن ئەينى دەۋردى-كى سەيياھلار، جۇغراپىيىشۇناسلار ۋە مەلۇم ۋەزىپىدىكى كىشى-

لەرنىڭ ئاڭلىغان - كۆرگەنلىرى بولغاچقا، ئۇلاردىكى مەلۇماتلار ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىغا دائىر خەنزۇچە ۋە قەدىمكى تۈركچە - ئۇيغۇرچە ھۆججەتلەر بىلەن سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىش قىممىتىگە ئىگە. شۇڭا، بۇ ئەسەرلەرمۇ ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى تارىخىغا دائىر ماتېرىياللارنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى ھېسابلىنىدۇ.

### 3. «تۈركىي تىللار دىۋانى»

«تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ ئاپتورى مەھمۇد كاشغەرى قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدە ياشىغان مەشھۇر ئۇيغۇر ئالىمى بولۇپ، تولۇق ئىسمى مۇھەممەد ئىبنى ھۇسەيىن بىننى مەھمۇد كاشغەرى، شەرقىي قاراخانىيلارنىڭ خانى مۇھەممەد بۇغراخان (1056 — 1057 - يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان) نىڭ نەۋرىسى، 1058 - يىلى خانلىق تەختكە ۋارىسلىق قىلغان ھۇسەيىننىڭ ئوغلى. تەتقىقاتلارغا ئاساسلانغاندا، مەھمۇد كاشغەرى تەخمىنەن 11 - ئەسىرنىڭ دەسلىپىدە قەشقەرنىڭ ئوپال دېگەن يېرىدە دۇنياغا كېلىپ، 11 - ئەسىرنىڭ 70 — 80 - يىللىرى يەنە ئۆز يۇرتىدا ۋاپات بولغان. مەھمۇد كاشغەرى ئۆسمۈرلۈك دەۋرىنى ئوپالدا ئۆتكۈزگەن ھەم ئوردىغا يېقىن جايلاردىكى مەدرىسىلەردە بىلىم ئالغان، كېيىن سۇتۇق بۇغراخان دەۋرىدە قۇرۇلغان قەشقەر خانلىق مەدرىسىگە كىرىپ، ئەينى دەۋردىكى ئوتتۇرا ئاسىياغا داڭلىق ئۇيغۇر ئالىمى ھۇسەيىن ئىبنى خەلەب كاشغەرى قاتارلىق مەشھۇر ئالىملاردىن بىلىم ئېلىپ، ئەينى دەۋر ئىسلام دۇنياسىدا ئىلىم تىلى دەپ قارىلىدىغان ئەرەب تىلى ۋە ئەدەبىي تىل دەپ قارىلىدىغان پارس تىلىنى پۇختا ئىگىلىگەن. كېيىن قەشقەردىن ئايرىلىپ، ئون نەچچە يىل ئىلى ۋادىسى، يەتتەسۇ ۋادىسى، قىپچاق يايلاقلىرى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى تۈرك، تۈركمەن، ئوغۇز، چىگىل، ياغما، قىرغىز قاتارلىق تۈركىي قەبىلىلەرنى ئارىلاپ، تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ تىلى، جەمئىيەت تەشكىلى، ئۆرپ - ئادەتلىرى، ئىشلەپچىقىرىشى، تۇرمۇشى، تارىخى، دىنىي ئېتىقادى ۋە ئەدەبىيات - سەنئىتىنى تەكشۈرۈپ، ئۇلارغا دائىر بىرىنچى قول ماتېرىيال توپلىغان. مىلادىيە 1072 - يىلى ئەينى دەۋردىكى ئەرەب

خەلىپىلىكىنىڭ پايتەختى باغداد شەھىرىگە كېلىپ، ئۆزىنىڭ ئۇزۇن يىل توپلىغان ماتېرىياللىرىنى رەتلەپ، تۈرگە ئايرىپ ۋە تەتقىق قىلىپ، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئەڭ قەدىمكى قامۇسى بولغان «تۈركىي تىللار دىۋانى» نى يېزىشقا كىرىشكەن ۋە تەخمىنەن 1076 — 1077 - يىللىرى بۇ كاتتا ئەسىرىنى پۈتتۈرۈپ چىققان㉒.

«تۈركىي تىللار دىۋانى» جەمئىي ئۈچ توم بولۇپ، تۈرك - ئۇيغۇر تىلىنى ئەرەب تىلىدا ئىزاھلىغان لۇغەت. پۈتۈن كىتاب سەككىز جىلددىن تەركىب تاپقان، ھەر بىر جىلد ئىككى قىسىمغا بۆلۈنگەن. پۈتۈن ئەسەرگە 7500 دىن ئارتۇق سۆزلۈك كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ مەزمۇن دائىرىسى تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ تىل - ئەدەبىيات، تارىخ، فىلولوگىيە، دىنىي ئېتىقاد، ئاسترونومىيە، كالېندارچىلىق، جۇغراپىيە، تېبابەتچىلىك، پەلسەپە، سىياسىي - ئىقتىساد، ئېتنوگېرافىيە، كان مەھسۇلاتلىرى، شەھەر - كەنتلىرى، تاغ - دەريالىرى قاتارلىق كۆپ جەھەتلەرگە چېتىلىدۇ. «تۈركىي تىللار دىۋانى» گەرچە 11 - ئەسىردە ئىسلام مۇھىتىدا يارىتىلغان ئەسەر بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدىكى تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ تارىخى، ئۇرۇق - قەبىلىلىرى، جۇغراپىيىلىك جايلىشىشى، ھاكىمىيەت چۈشەنچىسى، ئاسترونومىيە - كالېندارچىلىقى ۋە ئوۋچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىغا دائىر مەلۇماتلار قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىدىن ئىلگىرىكى دەۋرلەردىكى تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى ۋە جەمئىيىتىنى تەتقىق قىلىشتا ئىنتايىن مۇھىم تارىخىي ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ. ئۇ تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ تارىخى ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنىڭ ئېنسىكلوپېدىيىسىدۇر. شۇڭا، تەتقىقاتچىلار تۈركىي تىللار دىۋانىدىكى مەلۇماتلار «بىزگە مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى دەۋردىن مىلادىيە 11 - ئەسىرگىچە بولغان بۇ ئۇزاق تارىخىي جەرياندىكى تۈركىي مىللەتلەرنىڭ، بولۇپمۇ ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ كەڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنىڭ قىياپىتىنى نامايان قىلىپ بەردى، ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنىڭ رەڭگارەڭ تارىخىي كارتىنىسىنى بەدىئىي جەھەتتىن سۈرەتلەپ بەردى» ㉓ دەپ قارايدۇ.

ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ھاكىمىيەت

چۇشەنچىسى، ئاسترونومىيە ـ كالېندارچىلىقى، ئۆرپ ـ ئادەتلە-رى، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە باشقا بىر قىسىم تارىخىي مەسىلە-لەرنى تەتقىق قىلىشتا «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئۆرنەك قىممىتى-گە ۋە مۇھىم پايدىلىنىش، سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىش قىممىتىگە ئىگە يازما تارىخىي ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ.

## 4 § . خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللار

ئېلىمىز جۇڭگو ئۇزۇن يىللىق يېزىق تارىخىغا ئىگە، يازما تارىخىي مەدەنىيەت مىراسلىرى ئىنتايىن كۆپ دۆلەت. ئېلىمىز-نىڭ ئاشۇ يازما مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ ئىچىدە مەيلى ھەرقايسى سۇلالە ـ خانىدانلىقلارنىڭ ئوردا تارىخچىلىرى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن رەسمىي تارىخنامىلەر بولسۇن ياكى شەخسلەر تەرىپىدىن يېزىلغان غەيرىي تارىخنامىلەر بولسۇن، زور سالماقنى تەشكىل قىلىدۇ. ئېلىمىزنىڭ ئەڭ دەسلەپكى تارىخنامىلىرى ھېسابلىنىدىغان «قەدىمنامە»، «ئەمىنىيە» دىن تارتىپ «تارىخىي خاتىرىلەر»، «خەننامە»، ھەتتا سۈي، تاڭ، سۇڭ، يۈەن سۇلالىلىرى دەۋرلە-رىدىكى «ۋېينامە»، «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، «كونا تاڭنا-مە»، «يېڭى تاڭنامە»، «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر»، «يازما ھۆججەتلەر ھەققىدە ئومۇمىي تەھسىل» قاتار-لىق ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسىدە قەدىمدە ئېلىمىزنىڭ شىمالى ۋە غەربىدە ياشىغان ئاز سانلىق مىللەتلەر ھەققىدە بىرقەدەر سىستېمى-لىق مەلۇماتلار خاتىرىلەنگەن، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى سۈي، تاڭ سۇلالىلىرى تارىخىغا دائىر ئەسەرلەردە ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى زامان جەمئىيىتىگە دائىر مەلۇماتلار نۇقتىلىق، بىرقەدەر سىستېمىلىق بايان قىلىنغان، ئۇلار نۆۋەتتە ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى تارىخى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى زامان جەمئىيىتىنى تەتقىق قىلىشنىڭ مۇھىم بىرىنچى قول مەنبەلىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇلار يەنە قەدىمكى تۈركچە ـ ئۇيغۇرچە ماتېرىياللار ۋە باشقا تىللاردىكى ئەسەرلەر بىلەن سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىش قىممىتىگە ئىگە. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىغا بىۋا-

ستە مۇناسىۋەتلىك بولغانلىرى تۆۋەندىكىلەر:

### 1. «ۋېينامە. قانقىللار تەزكىرىسى» (魏书・高车传)

«ۋېينامە» شىمالىي چى پادىشاھلىقى (550 — 577 - يىللار) دەۋرىدە ئۆتكەن ۋېي شۇ (506 — 572 - يىللار) قاتارلىق تارىخشۇناسلار تەرىپىدىن تۈزۈلگەن، شىمالىي ۋېي پادىشاھلىقىنىڭ (386 — 534 - يىللار) خاس تارىخى خاتىرىلەنگەن، جەمئىي 130 جىلدلىق تەزكىرە - يىلنامە شەكلىدە يېزىلغان تارىخىي ئەسەر. ۋېي شۇ ئەسلىدە شىمالىي ۋېي پادىشاھلىقىدا خىزمەت قىلغان. كېيىن شىمالىي چى پادىشاھلىقى دەۋرىگە كەلگەندە ھۆدەيچى بەگ قوشۇمچە پۈتۈكچى بەگلىككە تەيىنلىنىپ، «ۋېينامە» نى تۈزۈشكە رىياسەتچىلىك قىلغان. ئۈچ يىلدىن كېيىن، يەنى 554 - يىلى «ۋېينامە» نى تۈزۈپ چىققان. «ۋېينامە» نىڭ جۇڭگو تارىخشۇناسلىقىدىكى ئەڭ زور مۇۋەپپەقىيىتى شۇكى، ئۇ ئېلىمىز فېئوداللىق جەمئىيىتىدىكى «رەسمىي تارىخ» لارنىڭ ئىچىدە تۇنجى بولۇپ ئاز سانلىق مىللەت يۇقىرى قاتلام گۇرۇھلىرىنى ھۆكۈمرانلار قاتارىغا كىرگۈزگەن. ئۇنىڭدا ئاساسلىقى جۇڭگونىڭ شىمالدىكى سىبىر تابغاچلىرىنىڭ (سىيانپى توغباتلىرىنىڭ) مىلادىيە 4 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن 6 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە بولغان تارىخى خاتىرىلەنگەن. «ۋېينامە» نىڭ مىللەتلەر تارىخىنى خاتىرىلەش جەھەتتىكى بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇنىڭدا تابغاچ قەبىلىسىدىن باشقا سىبىر قەبىلىلىرىنىڭ تارىخى، سىبىر مىللىتىدىن باشقا ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ تارىخى خاتىرىلىنىپ، مەزمۇن دائىرىسى شەرقىي شىمال، غەربىي شىمال، غەربىي يۇرت ۋە شىمالدىكى نۇرغۇنلىغان مىللەتلەرگە چېتىلغان㉔.

«ۋېينامە» نىڭ 103 - جىلد «قانقىللار تەزكىرىسى» (高车传) دە ئاساسلىقى قانقىللارنىڭ قەدىمكى قىزىل دىلاردىن (赤狄) كېلىپ چىققانلىقى، دەسلەپ دىلى (狄历) دەپ ئاتالغانلىقى، كېيىن شىمالدىكىلەرنىڭ چىلى (敕勒)، شىيالىقلارنىڭ قانقىل، دىڭلىڭ (丁零) دەپ ئاتىغانلىقى، قانقىللارنىڭ ئالتە قەبىلىسى، 12 ئۇرۇقىنىڭ بارلىقى، ئۇلارنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرى، جۇرجانلار

بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، كېيىن جۇرجانلارغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ ئالتاي ۋە تەڭرىتاغ رايونلىرىدا قانقىل خانلىقىنى قۇرۇش جەريانلىرى، خانلىق قۇرۇلغاندىن كېيىن جۇرجان، سىبىر، ئېفتالىت قاتارلىق مىللەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، ئاخىرى خانلىقنىڭ ئاغدۇرۇلۇشى قاتارلىق ئىنتايىن قىممەتلىك تارىخىي مەلۇماتلار خاتىرىلەنگەن. بۇ مەلۇماتلار گەرچە ئىنتايىن قىسقا، ئاددىي بولسىمۇ، لېكىن ئۇ نۆۋەتتە دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى تەتقىقاتچىلارنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ مىلادىيە 4 ـ ئەسىردىن 6 ـ ئەسىرگىچە بولغان تارىخىي جەرياندىكى ئەگرى ـ توقاي تارىخىي مۇساپىسى ۋە جەمئىيەت ئەھۋالىنى تەتقىق قىلىشىنىڭ بىرىنچى قول يازما ماتېرىيالى بولۇپ سانالماقتا. چۈنكى، ئىلىم ساھەسىدىكىلەر نۆۋەتتە دىڭلىڭ( 丁零 )، قانقىل ( 高车 ) ۋە تېلىلار ( 铁勒 ) نى بۈگۈنكى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئەجدادلىرى، دىڭلىڭ، قانقىل ۋە تېلىلارنىڭ تارىخىنى بۈگۈنكى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ يىراق قەدىمكى زامان تارىخىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى㉕، «ۋېينامە. قانقىللار تەزكىرىسى» دە خاتىرىلەنگەن قانقىللارنىڭ ئالتە قەبىلىسىنىڭ بىرى بولغان يۈەنخې ( 袁纥 ) نامىنى ئۇيغۇر نامىنىڭ تۇنجى قېتىم خەنزۇچىگە تەرجىمە قىلىنىشى، دەپ ھېسابلايدۇ㉖.

## 2. «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» ( 北史 )

«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن تارىخشۇناس لى يەنشۇ تەرىپىدىن تەزكىرە ـ يىلنامە شەكلىدە يېزىلغان تارىخىي ئەسەر بولۇپ، ئۇنىڭدا شىمالىي ۋېي سۇلالىسى قۇرۇلغان 386 ـ يىلىدىن سۈي سۇلالىسى گۇمران بولغان 618 ـ يىلىغىچە بولغان تارىخىي جەريان، يەنى ۋېي، چى، جۇ، سۈي قاتارلىق شىمالدىكى سۇلالىلەرنىڭ ئاساسلىق تارىخى بايان قىلىنغان. پۈتۈن ئەسەر جەمئىي 68 جىلد تەزكىرە، 12 جىلد خاتىرىدىن تەركىب تاپقان.

«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» دا 4 — 5 ـ ئەسىرلەردىن تاكى 7 — 8 ـ ئەسىرلەرگىچە موڭغۇلىيە ۋادىسى، شىنجاڭ ۋە

كەڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىدا ياشىغان تۈركىي مىللەتلەر ۋە ئۇلارنىڭ تارىخى - جۇغراپىيىسىگە دائىر مۇھىم مەلۇماتلار خاتىرىلەنگەن.

«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» نىڭ 99 - جىلد «تۈركلەر تەزكىرىسى» دە ئاساسلىقى تۈركلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى، روناق تېپىشى، تۈركلەردىكى بۆرە توتېمى، تۈركلەرنىڭ جۇرجانلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، تۈرك خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى قاتارلىق مۇھىم خاتىرىلەر بايان قىلىنغان.

«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» نىڭ 98 - جىلد «تېلىلار تەزكىرىسى» دە تېلى قەبىلىلىرىنىڭ تارىخى، جۇغراپىيىلىك جايلىشىش ئەھۋالى، ئىگىلىك ئادەتلىرى، قەبىلە - ئۇرۇقلىرى، ئۇلارنىڭ زورىيىشى، ئەتراپتىكى ھەرقايسى خانىدانلىق ۋە مىللەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى خاتىرىلەنگەن. ئۇنىڭدا يەنە قانقىللار ھەققىدە مەخسۇس خاتىرىلەر بېرىلگەن بولۇپ، «ۋېينامە» 103 - جىلد «قانقىللار تەزكىرىسى» دىكى خاتىرىلەر بىلەن پۈتۈنلەي ئوخشاش㉗.

### 3. «سۈينامە» (隋书)

«سۈينامە» تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن ۋېي چىڭ قاتارلىقلار تەرىپىدىن تەزكىرە - يىلنامە شەكلىدە يېزىلغان، سۈي سۇلالىسى (581 — 618 - يىللار) دەۋرىنىڭ تارىخى ئوقتىلىق بايان قىلىنغان 85 جىلدلىق تارىخىي ئەسەر.

«سۈينامە» نىڭ 84 - جىلد «شىمالىي دىلار تەزكىرىسى» دە مەخسۇس «تۈركلەر تەزكىرىسى» (突厥传) ۋە «تېلىلار تەزكىرىسى» (铁勒传) بېرىلگەن، «تۈركلەر تەزكىرىسى» دە تۈركلەرنىڭ باش كۆتۈرۈپ چىقىپ تۈرك خانلىقىنى قۇرۇشى، تۈركلەرنىڭ جۇرجانلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، تۈركلەرنىڭ شەرق، غەرب ئىككىگە بۆلۈنۈشى، تۈرك خانلىقىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادى، دۆلەت تەشكىلى، ئۆرپ - ئادىتى، تۈركلەرنىڭ سۈي سۇلالىسى ۋە غەربىي رايوندىكى بەگلىكلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى قاتارلىقلار بىرقەدەر تەپسىلىي بايان قىلىنغان.

«تېلىلار تەزكىرىسى» دە تېلىلارنىڭ غەربىي دېڭىز ( 西海 ) نىڭ شەرقىدىن تاكى شەرقتىكى ھەرقايسى جايلارغىچە تاغ ـ قىر بوي-لاپ، دېڭىز ـ دەريا ۋادىلىرىنى ياقىلاپ ئورۇنلاشقان 40 نەچچە قەبىلە ـ ئۇرۇقىنىڭ نامى، ئۇلارنىڭ جايلاشقان ئورۇنلىرى، ئىج-تىمائىي ئىگىلىكى، ئۆرپ ـ ئادەتلىرى، تۈرك خانلىقى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى قاتارلىقلار بايان قىلىنغان.

ئۇنىڭدىن باشقا «سۈينامە» نىڭ 15 ـ جىلد «مۇزىكا تەزكىرى-سى» دە غەربىي رايوندىكى قۇچۇ، كۇسەن، قەشقەر، ئۇدۇن قاتار-لىق ئەللەرنىڭ مۇزىكا ـ ئۇسسۇل سەنئىتى ۋە غەربىي رايون مۇزىكا ـ ئۇسسۇل سەنئىتىنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تارقىلىپ كىرگەنلىكىگە دائىر مۇھىم مەلۇماتلار خاتىرىلەنگەن ㉘.

**4. «كونا تاڭنامە» ( 旧唐书 )**

«كونا تاڭنامە» كېيىنكى جىن پادىشاھلىقى (936 — 946 ـ يىللار) دەۋرىدە باش ۋەزىر ليۇ شۈ قاتارلىق كىشىلەر تەرىپىدىن 945 ـ يىلى تەزكىرە ـ يىلنامە شەكلىدە تۈزۈلگەن، تاڭ سۇلالى-سى دەۋرى تارىخى بايان قىلىنغان 200 جىلدلىق تارىخىي ئەسەر.

«كونا تاڭنامە» دە شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغان مىللەتلەرنىڭ تارىخى، جۇغراپىيىسى، سىياسىي، ئىقتىسادى ۋە ئۆرپ ـ ئادەتلىرىگە دائىر ئاز بولسىمۇ ئىنتايىن قىممەتلىك مەز-مۇنلار خاتىرىلەنگەن.

«كونا تاڭنامە» نىڭ 40 ـ جىلد «جۇغراپىيە تەزكىرىسى» دە تاڭ سۇلالىسىنىڭ تيەنباۋ 11 ـ يىلىنى (مىلادىيە 752 ـ يىلى) ئۆلچەم قىلىپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى چېگرا قاراۋۇلخانىلىرى، شەھەر ـ قورغانلارنىڭ جايلىشىش ئەھۋالى، قىسىملارنىڭ سانى ۋە ھەرقايسى يوللاردىكى ئايماق ـ ناھىيىلەرنىڭ تەسىس قىلىنى-شى، نوپۇسى قاتارلىق ئەھۋاللار بايان قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە يەنە ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭدىكى تۈرك ـ ئۇيغۇر قاتار-لىق مىللەتلەرنىڭ، بەگلىكلەرنىڭ تارىخى، جۇغراپىيىسىگە دائىر مەلۇماتلارمۇ خاتىرىلەنگەن.

«كونا تاڭنامە» نىڭ 194 ـ جىلد «تۈركلەر تەزكىرىسى»

دە تۈرك خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى، شەرقىي ۋە غەربىي تۈركلەرنىڭ ئەھۋالى، ئۇلارنىڭ غەربىي رايون ۋە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خانىدانلىقلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى قاتارلىقلار بايان قىلىنغان.

«كونا تاڭنامە» نىڭ 195 ـ جىلد «ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» دە كېيىنكى ۋېي پادىشاھلىقى (386 — 534 ـ يىللار) دەۋرىدىن تارتىپ تاكى تاڭ سۇلالىسىنىڭ دا جۇڭ يىللىرىغىچە ( 847 — 859 ـ يىللار) بولغان تارىخىي جەرياندىكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ تەرەققىيات جەريانى، ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ شەرقىي تۈرك خانلىقىدىن بۆلۈنۈپ چىقىپ مۇستەقىل بولۇشى، ئېلتەبىر تومىد ( 俟利发吐迷度 ) نىڭ سىر ـ تاردۇش خانلىقى (630 — 646 ـ يىللار) نى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنى بەرپا قىلىشى، مىلادىيە 651 ـ يىلى ۋە 656 ـ يىللىرى بايان قاغاننىڭ تاڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى بىلەن ھەمكارلىشىپ غەربىي تۈركلەرگە (ئاشىنا قۇلىغا) جازا يۈرۈشى قىلغانلىقى، كەييۈەن يىللىرىنىڭ (713 — 741 ـ يىللار) ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە ئۇيغۇرلارنىڭ ناھايىتى روناق تاپقانلىقى، نەتىجىدە قارلۇق، باسمىل قاتارلىق قەبىلىلەر بىلەن بىرلىشىپ كېيىنكى شەرقىي تۈرك خانلىقىنى (680 — 744 ـ يىللار) پۈتۈنلەي گۇمران قىلىپ، قۇدرەتلىك ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنى قايتا قۇرۇپ چىققانلىقى، شۇنداقلا كېيىنكى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى، ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسى، ئۆرپ ـ ئادەتلىرى، ئىجتىمائىي ئىگىلىكى، زېمىن دائىرىسى، تاڭ سۇلالىسىدە مىلادىيە 755 — 763 ـ يىللىرى كۆتۈرۈلگەن ئەنلۇشەن ـ سۈيگۈن توپىلىڭىنى باستۇرۇپ بېرىش جەريانلىرى، تاڭ سۇلالىسى بىلەن بولغان قۇدىلىق مۇناسىۋىتى ۋە يىپەك ـ ئات سودا مۇناسىۋىتى، مانى دىنىنى دۆلەت دىنى قىلىشى، ئۇيغۇرلار بىلەن تىبەتلەرنىڭ بېشبالىقتا قىلغان ئۇرۇشلىرى، تاڭ سۇلالىسى چاڭچىڭ يىللىرىدىن (822 — 825 ـ يىللار) كېيىن ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تەدرىجىي زەئىپلىشىش يولىغا قاراپ مېڭىپ، ھۆكۈمرانلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى زىددىيەتنىڭ كۆپىيىشى، قىرغىز قەبىلىسىنىڭ ھۇجۇمى ۋە تەبىئىي ئاپەتلەر تۈپەيلىدىن ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ غەرب ۋە جەنۇبقا كۆچۈ-

شى، كۆچكەن ئۇيغۇرلارنىڭ كېيىنكى تەقدىرى قاتارلىقلار قىسقىچە بايان قىلىنغان.

«كونا تاڭنامە» نىڭ 199 ـ جىلد «شىمالىي دىلار تەزكىرىسى» دە تېلى قەبىلىلىرى (15 قەبىلە) نىڭ ئەھۋالى، ئۇلارنىڭ سۇي سۇلالىسى دايې يىللىرىنىڭ (605 — 617 ـ يىللار) ئوتتۇرىلىرىدا تۈرك خانلىقىدىن بۆلۈنۈپ، بىر قىسىملىرىنىڭ بۇغدا تېغى باغرىغا كۆچۈپ كېلىپ ئۆزلىرىنىڭ خانلىقىنى تىكلىگەنلىكى، كېيىن شەرقىي تۈرك خانلىقىنىڭ ئاغدۇرۇلۇپ سىر ـ تاردۇش خانلىقىنىڭ تىكلەنگەنلىكى، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇلارنىڭ كېيىنكى شەرقىي تۈرك خانلىقى دەۋرلىرىگىچە بولغان جەريانىدىكى ئەھۋالى ھەم قىتان( 契丹 ) ، شىرۋى ( 室韦 ) قاتارلىق شەرقىي شىمال رايونىدا ۋە شىمالدا ياشايدىغان بىر قىسىم قەبىلىلەرنىڭ ئەھۋالىمۇ بايان قىلىنغان.

## 5. «يېڭى تاڭنامە» ( 新唐书 )

«يېڭى تاڭنامە» شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە (960 — 1126 ـ يىللار) ئۆتكەن ئوۋ ياڭشيۇ، سۇڭ چى قاتارلىق كىشىلەر تەرىپىدىن مىلادىيە 1044 — 1060 ـ يىللار ئارىلىقىدا يېزىپ چىقىلغان، تەزكىرە ـ يىلنامە شەكلىدە تۈزۈلگەن، تاڭ سۇلالىسى دەۋرى تارىخى بايان قىلىنغان 255 جىلدلىق تارىخىي ئەسەر.

«يېڭى تاڭنامە» بىلەن «كونا تاڭنامە» نى ئەدەبىي ئۇسلۇب جەھەتتىن سېلىشتۇرغاندا، يېڭى تاڭنامە ئۇستۇن ئورۇندا تۇرىدۇ. ئەمما، تارىخىي ماتېرىيالشۇناسلىق جەھەتتىن سېلىشتۇرغاندا، ھەر ئىككىلىسىنىڭ ئۆزىگە خاس ئارتۇقچىلىقى بار. «يېڭى تاڭنامە» بىرقەدەر سىستېمىلىق، تەپسىلىي تۈزۈلگەن، «كونا تاڭنامە» بىرقەدەر ئىخچام، ماتېرىياللار ئەينەن ساقلانغان ئاساستا تۈزۈلگەن. «يېڭى تاڭنامە» دە شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تارىخى، جۇغراپىيىسى ھەققىدىكى خاتىرىلەر، جۈملىدىن تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي رايوندا ياشىغان مىللەت ـ قەبىلىلەر ھەققىدىكى مەلۇماتلار «كونا تاڭنامە» گە سېلىشتۇرغاندا بىرقەدەر تولۇق ھەم تەپسىلىي بايان قىلىنغان.

«يېڭى تاڭنامە» نىڭ 215 ـ جىلد «تۈركلەر تەزكىرىسى» دە شەرقىي تۈرك ۋە غەربىي تۈركلەرنىڭ تارىخى، جۇغراپىيىسى، سىياسىي، ئىقتىسادى، ئىجتىمائىي تۇرمۇشى، ئۆرپ ـ ئادىتى، هاكىمىيەت تۈزۈلمىسى، شەرقىي تۈركلەرنىڭ ئۇيغۇر قاتارلىق تېلى قەبىلىلىرى، تاڭ سۇلالىسى، غەربىي تۈركلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، كېيىنكى شەرقىي تۈرك خانلىقى ۋە ئۇنىڭ تاڭ سۇلالىسى، ئۇيغۇر قاتارلىق تېلى قەبىلىلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى قاتارلىقلار بىرقەدەر تەپسىلىي بايان قىلىنغان.

«يېڭى تاڭنامە» نىڭ 217 ـ جىلد «ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» دە ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ تارىخى، جۇغراپىيىلىك تارقىلىشى، ئۇلارنىڭ تۈرك خانلىقى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ بەرپا قىلىنىشى، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تارىخى، جۇغراپىيىسى، قەبىلىلەر مۇناسىۋىتى، ئىجتىمائىي ئىگىلىكى، ئۆرپ ـ ئادەتلىرى، تاڭ سۇلالىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، تىبەتلەر ۋە غەربىي رايوندىكى مىللەت، قەبىلىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، مانى دىنىنىڭ ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىغا تارقىلىپ كىرىشى، ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ موڭغۇلىيە ۋادىسىدىن جەنۇب ۋە غەربكە كۆچۈشى قاتارلىقلار بىرقەدەر ئېنىق، سىستېمىلىق بايان قىلىنغان㉙ .

## 6 . «تاڭ سۇلالىسىگە دائىر مۇھىم خاتىرىلەر» ( 唐会要 )

«تاڭ سۇلالىسىگە دائىر مۇھىم خاتىرىلەر» شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى تارىخشۇناس ۋاڭ پۇ (919 — 982 ـ يىللار) تەرىپىدىن تۈزۈلگەن، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ھەر خىل قائىدە ـ تۈزۈملەرنىڭ تەرەققىيات ئۆزگىرىشى بايان قىلىنغان 100 جىلدلىق تارىخىي ئەسەر.

«تاڭ سۇلالىسىگە دائىر مۇھىم خاتىرىلەر» گەرچە خاس تاڭ سۇلالىسىنىڭ قائىدە ـ تۈزۈملىرى بايان قىلىنغان ئەسەر بولمىسىمۇ، ئۇنىڭدا يەنە تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ بىر قىسىم رايونلىرىدا ياشىغان مىللەت ـ قەبىلىلەرنىڭ تارىخىغا دائىر كونا، يېڭى تاڭنامىلەردە ئۇچرىمايدىغان مۇھىم

مەلۇماتلار خاتىرىلەنگەن. 72 - جىلدىنىڭ «ئات» ۋە «ۋاسساللار ئېتىنىڭ تامغىسى» دېگەن تارمىقىدا تاڭ سۇلالىسى بىلەن شىمالدىكى تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ ئات سودىسى، ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ ئاتلىرىنىڭ تۈرلىرى، ھەر بىر قەبىلىنىڭ ئاتلىرىغا باسىدىغان تامغىلىرىنىڭ شەكلى (ئۆرنەكلىرى) كۆرسىتىپ بېرىلگەن ㉚. بۇلار مۇھىم تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە.

94 - جىلد «تۈركلەر تەزكىرىسى»دە شىمالىي تۈركلەر (شەرقىي تۈركلەر) ۋە غەربىي تۈركلەر ھەققىدە قىسقا بولسىمۇ خېلىلا ئېنىق خاتىرىلەر بېرىلگەن.

98 - جىلدىدا «سىر - تاردۇش» ۋە «ئۇيغۇرلار» ھەققىدە خاتىرىلەر بېرىلگەن، ئۇنىڭ ئىچىدىكى «ئۇيغۇرلار» تارمىقىدا ئۇيغۇرلارنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى، ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ جايلىشىشى، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇرۇشى، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن تاڭ سۇلالىسىنىڭ مۇناسىۋىتى، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئىچكى ئەھۋالى، ئۇيغۇرلارنىڭ غەربكە ۋە جەنۇبقا كۆچۈشى قاتارلىق مەلۇماتلار خاتىرىلەنگەن.

100 - جىلدىدا تۈركىي قەبىلە قارلۇقلارنىڭ تارىخى، جۇغراپىيىسىگە دائىر مەلۇماتلار خاتىرىلەنگەن.

ئۇنىڭدىن باشقا «تاڭ سۇلالىسىگە دائىر مۇھىم خاتىرىلەر»نىڭ باشقا جىلدلىرىدىمۇ باشقا تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ تارىخى، جۇغراپىيىسىگە دائىر مەلۇماتلار ۋە غەربىي رايون بىلەن تاڭ سۇلالىسى ۋە تۈرك خانلىقىنىڭ مۇناسىۋىتىگە دائىر مەلۇماتلار خاتىرىلەنگەن. بۇلار تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ تارىخىنى ۋە غەربىي رايون تارىخى، جۇغراپىيىسىنى تەتقىق قىلىشتا قىممەتلىك تارىخىي ماتېرىيال بولالايدۇ.

### 7. «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» (资治通鉴)

«ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» (قىسقارتىلىپ «ئەلنى ئىدارە قىلىش ئۆرنەكلىرى» دېيىلىدۇ) شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ياشىغان سىياسىيون ۋە تارىخشۇ-

ناس سى ماگۇاڭ تەرىپىدىن 1084 ـ يىلى يىلنامە شەكلىدە يېزىلـ
غان ھاكىمىيەتشۇناسلىققا دائىر سىياسىي تارىخىي ئەسەر. ئەسەر
جەمئىي 294 جىلد، ئۇنىڭدىن سىرت يەنە 30 جىلد «غەيرىي
ئىشلار»، 30 جىلد «مۇندەرىجە» قوشۇمچە قىلىنغان.

«ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۈرنەكلەر» گەرچە
فېئودال ھۆكۈمرانلارنىڭ ئۆتمۈشتىكى ھەرقايسى فېئودال خانلىقـ
لارنىڭ گۈللىنىش، خارابلىشىش سەۋەبلىرىنى ئىگىلەپ، ئۆز ھۆـ
كۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەشتە ئۈرنەك ئېلىشى ئۈچۈن تۈزۈلگەن
ھۆكۈمرانلىق دەستۇرى بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭدا قەدىمكى شىنجاڭ
ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا ياشىغان تۈركىي مىللەتلەرنىڭ ئەجدادلىـ
رىغا دائىر مۇھىم مەلۇماتلار خاتىرىلەنگەن. بۇ خاتىرىلەرنىڭ
مۇھىم بايانلىرى «جىن خاتىرىلىرى» (晋纪، 389 — 418 ـ
يىللار) دىن تارتىپ «سۇڭ خاتىرىلىرى» (宋纪، 428 — 472ـ
يىللار)، «چى خاتىرىلىرى» (齐纪، 481 — 498 ـ يىللار)،
«لياڭ خاتىرىلىرى» (梁纪، 508 — 556 ـ يىللار)، «چېن
خاتىرىلىرى» (陈纪، 563 — 588 ـ يىللار)، «سۇي خاتىرىلىـ
رى» (隋纪، 589 — 618 ـ يىللار)، «تاڭ خاتىرىلىرى
(唐纪، 618 — 902 ـ يىللار) ۋە «كېيىنكى تاڭ خاتىرىلىرى»
(后唐纪، 929 — 934 ـ يىللار) نىڭ ھەممىسىدە ئۇچرايدۇ.

بۇ خاتىرىلەردىكى تېمىلار، تۈركلەر ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى
ھەققىدىكى مەلۇماتلارنىڭ ۋاقتى ئېنىق، باش ـ ئاخىرى بىردەك،
ماتېرىيالى كەڭ دائىرىلىك، ھەقىقىي بولۇپ، مەيلى سىستېمىلىقـ
لىقى ياكى توغرىلىقى جەھەتتىن بولسۇن ئىلگىرىكى تېمىلار،
تۈركلەر ۋە ئۇيغۇرلار ھەققىدە خاتىرە قالدۇرۇلغان ئەسەرلەرگە
قارىغاندا يۇقىرى ئىلمىي قىممەتكە ئىگە㉛.

## 8. «كونا بەش دەۋر تارىخى» (旧五代史)

«كونا بەش دەۋر تارىخى» شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە
ئۆتكەن شۆ جۈجېڭ قاتارلىقلار تەرىپىدىن يىلنامە ـ تەزكىرە شەكلىـ
ىدە تۈزۈلگەن، بەش دەۋر مەزگىلىدىكى كېيىنكى لياڭ (后梁،
907 — 923ـ يىللار)، كېيىنكى تاڭ (后唐، 923 — 936ـ

يىللار)، كېيىنكى جىن (后晋، 936 — 946 ـ يىللار)، كېيىنكى خەن (后汉، 947 — 950 ـ يىللار) ۋە كېيىنكى جۇ (后周، 951 — 960 ـ يىللار) قاتارلىق بەش خانىدانلىقنىڭ تارىخى بايان قىلىنغان 150 جىلدلىق تارىخىي ئەسەر.

«كونا بەش دەۋر تارىخى» دا شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تارىخى، جۇغراپىيىسىگە دائىر بىر قىسىم مەلۇماتلار خاتىرىلەنگەن.

«كونا بەش دەۋر تارىخى» نىڭ 138 ـ جىلدىدا ئۇيغۇرلار، تۈركلەر، تىبەتلەر ۋە تاڭغۇتلار ھەققىدە تەزكىرە بار. «تۈركلەر تەزكىرىسى» دە تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە تۈركلەرنىڭ باشقا مىللەتلەرنىڭ ھۇجۇمى تۈپەيلى چېچىلىپ كەتكەنلىكى، ئۇلارنىڭ ئەمەل ـ مەنسەپ ناملىرى، كېيىنكى تاڭ، كېيىنكى جىن پادىشاھلىقى بىلەن بولغان سودا ئالاقىلىرى ھەققىدىكى مەلۇماتلار خاتىرىلەنگەن.

«ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» دە ئۇيغۇرلارنىڭ كېلىپ چىقىشى، ئۇلارنىڭ نامىنىڭ خەنزۇچە «回纥» دىن «回鹘» غا ئۆزگەرتىلىشى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆتلۈك ـ سۆيگۈن توپىلىڭىنى باستۇرۇشقا قاتناشقانلىقى، 840 ـ يىلى قىرغىز قەبىلىسىنىڭ ھۇجۇمى بىلەن جەنۇبقا ۋە غەربكە كۆچكەنلىكى، ئۇيغۇرلارنىڭ (ئاساسلىقى گەنجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ) بەش دەۋر مەزگىلىدىكى كېيىنكى لياڭ، كېيىنكى تاڭ، كېيىنكى جىن، كېيىنكى خەن، كېيىنكى جۇ پادىشاھلىقى بىلەن بولغان سودا مۇناسىۋەتلىرى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىگىلىكى، ئۆرپ ـ ئادىتىگە دائىر مەلۇماتلار خاتىرىلەنگەن ㉜.

## 5 § . ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار

ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار يازما تارىخىي ماتېرىياللاردىكى بوشلۇقلارنى تولۇقلاش، ئىسپاتلاش ۋە خاتالىقلارنى تۈزىتىش رولىغا ئىگە بولۇپلا قالماي، يەنە قەدىمكى تارىخنى تەتقىق قىلىشتا ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ۋە ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تارىخىغا مۇناسىۋەتلىك ئارخېئو-

لوگىيىلىك ماتېرىياللارنى نۆۋەتتە ئىگىلىگەن ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار ئاساسىدا قۇرۇلۇش ـ بىناكارلىق خارابە ـ ئىزلىرى، مەڭگۈ تاش ۋە قەبرە پۈتۈكلىرى، قەدىمكى قەبرىلەر ۋە غارلار، قىيا تاش رەسىملىرى ۋە ھەر خىل ماددىي مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى قاتارلىق بىرقانچە تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ.

ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئارخېئولوگىيىلىك مەدەنىيەت ـ يادىكارلىقلىرىنى ئىزدەپ تېپىش مەقسىتىدىكى ئىلمىي تەتقىقاتلار 19 ـ ئەسىردىلا باشلانغانىدى. دەسلەپكى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ۋە قېزىش خىزمەتلىرى تۈركچە مەڭگۈ تاشلارنى ۋە ئۇلارغا مۇناسىۋەتلىك يادىكارلىقلارنى ئىزدەپ تېپىش مەقسىتىدە ئېلىپ بېرىلغان بولۇپ، بۇ جەريانلاردا ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىغا بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك بولغان مۇھىم مەڭگۈ تاشلاردىن 1899 ـ يىلى «توققۇز ئۇيغۇر قاغان مەڭگۈ تېشى»، 1909 ـ يىلى «مويۇنچۇر مەڭگۈ تېشى»، 1909 ـ يىلى «سۇدىجىن مەڭگۈ تېشى»، 1957 ـ يىلى «دۇرگۇت مەڭگۈ تېشى»[33]، 1957 ـ يىلى «تېرخىن مەڭگۈ تېشى»، 1969 ـ يىلى «سېۋرېي مەڭگۈ تېشى»، 1976 ـ يىلى «تەس مەڭگۈ تېشى» تېپىلىپ، ھەرقايسى ئەل ۋە ئېلىمىز ئالىملىرى تەرىپىدىن تەتقىق قىلىندى. بۇ مەڭگۈ تاشلار ئالدىدا تونۇشتۇرۇپ ئۆتۈلگەچكە، بۇ يەردە ئارتۇقچە تىلغا ئېلىنمايدۇ.

1. موڭغۇلىيە دالاسىدىن تېپىلغان ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىچىدە بىرقەدەر مەشھۇرراقى شەھەرخارابە ـ ئىزى ھېسابلىنىدۇ. نۆۋەتتە ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەر جەريانىدا مەلۇم بولغان ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىغا دائىر شەھەر خارابە ـ ئىزلىرى 24 بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە 15 ى تۇۋا ئاپتونوم ئۆلكىسى تەۋەسىدە، ھازىرغا قەدەر كۆپرەك تەتقىق قىلىنغىنى يېنسەي دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى 15 ى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە مۇھىملىرىدىن ئوردۇبالىق شەھىرى، بايبالىق شەھىرى، پۇرباجىن شەھىرى، بازىن ئالاك شەھىرى ۋە 3 ـ شاغۇنار شەھىرى خارابىلىرى بار.

ئوردۇبالىق (يەنى قارا بالغاسۇن) شەھىرى يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرىلا سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بەزى تۈركو-

لوگلىرى ۋە ئارخېئولوگلىرى تەرىپىدىن تەكشۈرۈلگەن، ئومۇمىي كۆرۈنۈشى خەرىتىگە چۈشۈرۈلگەن، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئۇيغۇرلارغا تەۋە ئىكەنلىكى بېكىتىلگەن. 1949 ـ يىلى رۇس ئارخېئولوگى س. ۋ. كىسلىيېۋ باشچىلىقىدىكى رۇسىيە، موڭغۇلىيە ئارخېئولوگلىرى ئورخۇن دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىنىڭ سول تەرىپىگە جايلاشقان، ئەينى ۋاقىتتا ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ مەركىزىي شەھىرى بولغان بۇ ئوردۇبالىق شەھىرى خارابىسىدە چوڭ كۆلەمدە قېزىش خىزمىتى ئېلىپ بېرىپ، ئېگىزلىكى 12 مېتىر كېلىدىغان قورغان سېپىللىرىنى، سېپىلنىڭ 14 بۇلۇڭىدىكى ئوخشاش ئارىلىقتىكى 14 قوختىنى، ساپال بۇيۇملارنى، كاھىشلارنى، بىر قىسىم ئاقسۆڭەكلەرنىڭ تۇرالغۇ ئۆي ـ ئىمارەتلىرىنى، قەدىمكى قەبرىلىرىنى، كۆزىتىش مۇنارى، قوۋۇق ئىزلىرىنى، باغ، ئىبادەتخانا ئىزلىرىنى، شەھەر سېپىلىنىڭ سىرتىدىكى خەندەك ئىزلىرىنى، تېرىقچىلارنىڭ ئولتۇراق ئۆي ئىزلىرىنى ھەم نۇرغۇنلىغان ئۆستەڭ ئىزلىرىنى بايقىغان ۋە ئوردۇبالىق شەھەرى خارابىسىنىڭ تەكشىلىك خەرىتىسىنى سىزىپ چىققان ㉞.

بايبالىق شەھىرى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئوردۇبالىق شەھىرىدىن قالسىلا 2 ـ ئورۇندا تۇرىدىغان مۇھىم شەھىرى بولۇپ، بۇ شەھەر خارابىسى ھەققىدە رۇس ئارخېئولوگى ل. ر. كىزلاسوۋ 1964 ـ يىلى ئېلان قىلغان «تۇۋا ئوتتۇرا ئەسىر تارىخى» دېگەن ئەسىرىدە ئۆز تەتقىقاتىنى تونۇشتۇرغان. 1982 ـ يىلى ۋە 1986 ـ يىلى رۇس ئارخېئولوگى يۇ. س. خۇدياكوۋ ئىككى قېتىم بايبالىق شەھىرى خارابىسىنى تەكشۈرگەن ھەم نۇقتىلىق تەتقىق قىلغان. بۇ جەرياندا شەھەر قورغىنىنىڭ ئومۇمىي كۆرۈنۈشى ۋە ئۇنىڭدىكى قۇرۇلۇشلارنى خەرىتىگە چۈشۈرگەن. بايبالىق شەھىرىمۇ تۆت چاسا بولۇپ، ئەتراپى ئۈچ مېتىر ئېگىزلىكتىكى سېپىللار بىلەن قورشالغان. سېپىلنىڭ بۇلۇڭلىرىدا يېرىم چەمبەر شەكلىدىكى قوختىلار بولغان. يەنە قوۋۇق تۈۋرۈكى، كۆيۈپ كەتكەن كاھىش پارچىلىرى، توپا ياتقۇزۇلغان مەيدان، ئۆي ـ ئىمارەتلەر ئىزى، ئىبادەتخانا خارابىسى قاتارلىق ئىزلار تېپىلغان. بىراق، بايبالىق شەھىرى خارابىسىدىكى قۇرۇلۇشلار ئوردۇبالىق

خارابىسىدىكىگە قارىغاندا خېلىلا ئاددىي بولغان㉟.

2. ئىبادەتخانا، ئۆي ـ ئىمارەت قۇرۇلۇشى ئىزلىرىمۇ ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللىرى ئىچىدە مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۆتكەن ئەسىر ئىچىدە رۇسىيە ۋە موڭغۇلىيە ئارخېئولوگلىرى ئوردۇبالىق، بايبالىق قاتارلىق شەھەر خارابىلىرىدىن تۆت چاسا، ياغاچ تۈۋرۈكلۈك، پىششىق گۈللۈك كاھىش ياكى كۆل رەڭ كاھىش، قىزىل كاھىش ئىشلىتىلگەن ئوردا ـ ساراي، ئىبادەتخانا ۋە ئۆي ـ ئىمارەت ئىزلىرىنى تەكشۈرۈپ قېزىپ، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى ئاھالىلىرىنىڭ ئولتۇراق ئۆيلىرىنىڭ ئاساسلىق قۇرۇلمىسى، شەكلىنى سۈرەتلەپ بەرگەن. يەنە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تۇرمۇشىغا دائىر مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تېپىپ چىقىپ، ئەينى دەۋر ئۇيغۇر جەمئىيىتىنى تەتقىق قىلىشنىڭ بىرىنچى قول ماددىي ماتېرىياللىرىنى توپلىغان.

3. قەدىمكى قەبرىلەر قەدىمكى زامان جەمئىيىتىنىڭ كىچىكلىتىلگەن نۇسخىسى بولۇپ، ئۇلار ئەينى دەۋردىكى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى جەمئىيىتىنى سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىن تەتقىق قىلىشنىڭ مۇھىم ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللىرى ھېسابلىنىدۇ. موڭغۇلىيە تەۋەسىدە ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەردە تېپىلغان ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىغا دائىر قەدىمكى قەبرىلەر ئاز ئەمەس. ل. ئا. يېۋتيۇخۇۋا «9 ـ ئەسىردە مەركىزى موڭغۇلىيىدە ياشىغان قەبىلىلەر توغرىسىدا» دېگەن ئەسىرىدە 1949 ـ يىلى ئورخۇن دەرياسى بويىدىن قېزىۋېلىنغان قەبرىستانلىقلار ھەققىدە مەلۇمات بەرگەن بولۇپ، بۇ قەبرىلەرنىڭ بەزىلىرى تۆت چاسا شەكىلدىكى تاش دۆۋىسىدىن ئىبارەت، بەزىلىرى يۇمىلاق شەكىلدىكى تاش دۆۋىسىدىن ئىبارەت. قەبرىلەردىن جەسەتلەرنىڭ ئايرىم ئىسكىلىتلىرى، ئات، كالا، قوي سۆڭەكلىرى، تۆمۈر يۈگەن، ساپال قاچا پارچىسى، چاق تېشى، تۆمۈر باشاق، تۇچتىن ياسالغان ئوقدان، ئىگەر ـ جابدۇق پارچىلىرى قاتارلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى تېپىلغان بولۇپ ㊱، ئۇلار ئەينى دەۋردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تۇرمۇش

ئەھۋاللىرىنى، دەپنە ـ مۇراسىم ئادەتلىرىنى تەتقىق قىلىشتا ئىن-
تايىن مۇھىم ماددىي يادىكارلىقلار ھېسابلىنىدۇ.

4 . ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئىچىدە موڭغۇلىيە ۋادىسى ۋە ئېلىمىز-
نىڭ ئىچكى موڭغۇل، شىنجاڭ، گەنسۇ قاتارلىق جايلىرىدىن قە-
دىمدە ئېلىمىزنىڭ شىمالىدا ياشىغان مىللەتلەرگە دائىر قىيا تاش
رەسىملىرى كۆپلەپ تېپىلغان. بۇلارنىڭ ئىچىدە خېلى زور مەز-
مۇندا ئۇيغۇرلارغا دائىر قىيا تاش رەسىملىرىنىڭ بارلىقى ئىسپات-
لانغان. لېكىن قەدىمكى تۈركلەر بىلەن قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تىل ـ
يېزىقى، ئىرقىي تىپى، ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش ۋە ئۆرپ-
ئادىتىنىڭ ئوخشاشلىقى تۈپەيلىدىن ئىچكى موڭغۇل ۋە موڭغۇلىيە
ۋادىسىدىن تېپىلغان بىر قىسىم قىيا تاش رەسىملىرىنىڭ قايسىسى-
نىڭ ئۇيغۇرلارغا، قايسىسىنىڭ تۈركلەرگە تەۋە ئىكەنلىكىنى ئاي-
رىشتا بەلگىلىك ئۆلچەم ئوتتۇرىغا قويۇلمىغان. تەتقىقاتچىلار
«ئۇيغۇر قىيا تاش رەسىملىرىنى ئايرىشنىڭ ئاساسى شۇكى، رەسىم
يۈزىدە قەدىمكى ئۇيغۇرچە خەت بولۇشى، تېما جەھەتتە ئىلگىرى
دەۋرنىڭكىگە تەقلىد قىلىنغان بولۇشى، ئۆسۈملۈك گۈللىرى تېخى-
مۇ كۆپەيگەن بولۇشى كېرەك»㊲ دەپ ھېسابلاپ، ئىچكى موڭغۇل-
دىكى چوغاي تاغلىرىدىن، خېلىيەنشەن تاغلىرىدىن ۋە سىبىرىيە
رايونىدىن تېپىلغان، دەۋرى 6 ـ ئەسىر بىلەن 9 ـ ئەسىر ئارىلى-
قىغا توغرا كېلىدىغان قىيا تاش رەسىملىرىنى تۈرك ـ ئۇيغۇرلارغا
تەۋە دەپ ھېسابلايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، يېقىنقى يىللاردا يەنە چەت
ئەل ئالىملىرى سىبىرىيەدىن قىرغىزلارنىڭ مانى دىنى ئېتىقادىغا
دائىر قىيا تاش رەسىملىرىنىمۇ بايقىغان ㊳ . قىرغىزلار تۈركىي
خەلقلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇلار دەسلەپ ئورخۇن ئۇيغۇرلىرىنىڭ
شىمالىدا ياشاپ، يېنسەي دەرياسى ۋادىلىرىدا ئۇيغۇرلارغا ئوخشاشلا
كۆچمەن چارۋىچىلىق ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللانغان، ئۆرپ ـ ئا-
دەت، تىل ـ يېزىق جەھەتتە ئورخۇن ئۇيغۇرلىرىدىن كۆپ پەرقلەن-
مىگەن. شۇڭا، قىرغىزلارغا مەنسۇپ دەپ قارالغان بۇ قىيا تاش
رەسىملىرىمۇ ئۇيغۇرلارغا تەۋە قىيا تاش رەسىملىرى بولۇشى مۇم-
كىن. بۇ قىيا تاش رەسىملىرى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئىش-
لەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش شەكىللىرىنى، دىنىي ئېتىقاد ۋە مەدەنى-

يەت ـ سەنئىتىنى تەتقىق قىلىشتا قوشۇمچە پايدىلىنىدىغان مۇھىم ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ.

## ئىزاھات:

① ئا. كامالوف (قازاقىستان) : «خەنزۇچە مەنبەلەردىكى ئۇيغۇر خاقانلىقى ھەققىدە» ، «كوممۇنىزم تۇغى گېزىتى» 1986ـ يىلى 30ـ يانۋار.

② 耿世民:《维吾尔族古代文化和文献概论》55 页,新疆人民出版社 1983 年。

③ قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئۇيغۇرشۇناسلىق ئىنستىتۇتى: «ئۇيغۇرلار ۋە غەربىي يۇرتتىكى باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ قىسقىچە تارىخى» 526 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000 ـ يىل نەشرى.

④ س. گ. كىلياشتورنى (رۇسىيە) : «تەس مەڭگۈ تېشى» ، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1985 ـ يىللىق 1ـ سان 75 ـ بەت.

⑤ يۇقىرىقى ئەسەر، 78 ـ بەت.

⑥ 程溯洛:《〈从九姓回鹘毗伽可汗碑〉汉文部分看唐代回鹘民族和祖国的关系》(载《中央民族学院学报》1978 年第 2 期)。

⑦ 耿世民:《维吾尔族古代文化和文献概论》16 页,新疆人民出版社 1983 年。

⑧ 耿世民:《古代突厥文主要碑铭及其解读研究情况》(《图书评价》1980 年 4 期);别见 A. [苏]伯恩什大姆:《6 至 8 世纪鄂尔浑—叶尼塞突厥社会经济制度》232 页,新疆人民出版社 1997 年。

⑨ «ئۇيغۇرلار ۋە غەربىي يۇرتتىكى باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ قىسقىچە تارىخى» 179 ـ بەت.

⑩ 卡哈尔.巴拉提:《多罗郭德回鹘文碑的初步研究》(载《新疆大学学报》1982 年第 4 期)。

⑪ لىن گەن، گاۋ زىخۇ: «قەدىمكى ئۇيغۇرلار تارىخى» 115ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000ـ يىل نەشرى.

⑫ «قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي داستانى — ئوغۇزنامە»

15 - بەت، مىللەتلەر نەشرىياتى 1980 - يىل.

⑬ ئابدۇرىشىت ياقۇپ: «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى مانى دىنىغا ئائىت يادىكارلىقلار — بۆگۈ قاغاننىڭ مانى دىنىغا كىرىشى»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1993 - يىللىق 1 - سان.

⑭ [苏]吉洪诺夫：《回鹘文化与风习》（载《民族史译文集》第 6 集，1978 年）。

⑮ ئەبۇلغازى باھادىرخان: «شەجەرەئى تۈرك» 2 - باب، «مىراس» ژۇرنىلى 1999 - يىللىق 1 - سان.

⑯ 耿世民:《维吾尔族古代文化和文献概论》43 页，新疆人民出版社 1983 年。

⑰ يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇ بىلىك»، مىللەتلەر نەشرىياتى 1984 - يىل نەشرى.

⑱ 参见《道里邦国志》，中华书局 1991 年。

⑲ ۋاڭ جىلەي: «‹ھۇدۇدۇلئالەم› ۋە ئۇنىڭدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخ - جۇغراپىيىسىگە دائىر خاتىرىلەر»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1989 - يىللىق 2 - سان.

⑳ 张广达:《出土文书与穆斯林地理著作对于研究中亚历史地理的意义》(载《新疆大学学报》1984 年第 2 期)。

㉑ 华涛:《西域历史研究（八至十世纪）》，上海古籍出版社 2000 年。

㉒ لىيۇ جىشياۋ: «ئۇيغۇر تارىخى» 1 - قىسىم 1 - كىتاب 353 - بەت، مىللەتلەر نەشرىياتى 1987 - يىل.

㉓ 阿布都克里木主编:《维吾尔文学史》，新疆大学出版社 1998 年。

㉔ 瞿林东:《中国史学史纲》271 页，北京出版社 1999 年。

㉕ 段连勒:《丁零、高车与铁勒》第一章《鬼方、丁零、铁勒、高车的源流关系 》，上海人民出版社 1988 年。

㉖ ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخىنى يېزىش گۇرۇپپىسى: «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» 46 - بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1989 - يىل.

㉗ 参看《北史》98 卷《高车传》,中华书局 1974 年。

㉘ 参看《隋书》84 卷《北狄传》,《铁勒传》,中华书局 1973 年。

㉙ 陈高华等:《中国古代史史料学》第五章《隋唐五代史料》,北京出版社 1983 年。

㉚ 参看《唐会要》72 卷《马》, 1302—1308 页。

㉛ 参看杨圣敏编《资治通鉴突厥回纥史料校注》,天津古籍出版社 1992 年。

㉜ [法]J. R. 哈密顿:《五代回鹘史料》第二章,新疆人民出版社。

㉝卡哈尔. 巴拉提:《多罗郭德回鹘文碑的初步研究》(载《新疆大学学报》1982 年第 4 期 76 页)。

㉞ C. B. 吉谢列夫:《南西伯利亚外贝加尔湖地区古代城市生活的新资料》(载《考古》1960 年第 2 期)。

㉟㊱ يۇ. س. خودياكوف: «موڭغۇلىيە تەۋەسىدىكى ئۇيغۇرلار مەدەنىيىتىگە دائىر يادىكارلىقلار»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1994 - يىلى 1 - سان.

㊲《中国古代北方民族文化史》(专题文化卷) 1231 页,黑龙江人民出版社 1995 年。

㊳[德]赫尔:《西伯利亚岩画所见的黠戛斯摩尼教》(载《甘肃民族研究》1998 年 3 期)。

# 2 ـ باب  ئۇيغۇرلارنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە گۈللىنىشى

مەركىزىي ئاسىيادىكى ئەڭ قەدىمكى تۈركىي تىللىق قەبىلىلەر ئىتتىپاقى ئۇيغۇرلاردۇر.

ـــــ س.گ.كىلياشتورنى

## 1 § . ئۇيغۇرلار نامىنىڭ مەنبەسى ۋە مەنىسى

ئۇيغۇرلار نامىنىڭ مەنبەسى ۋە مەنىسى توغرىسىدا ئۆتكەن ئەسىر ئىچىدە ئېلىمىز ۋە چەت ئەل ئالىملىرى ھەر خىل كۆزقاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ كەلدى. لېكىن، ھەممىگە مەلۇمكى، «ئۇيغۇر» دېگەن نام ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز ـ ئۆزىنى ئاتىشى بولۇپ، بۇ نام ئۇزاق تارىخىي تەرەققىياتقا ئىگە. «ئۇيغۇر» دېگەن نام تۈركچە ھۆججەتلەردە ئەڭ دەسلەپ مىلادىيە 8 ـ ئەسىردە تىكلەنگەن ئورخۇن ـ يېنسەي يېزىقىدىكى «بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى»، «مويۇنچۇر قاغان مەڭگۈ تېشى» ۋە «توققۇز ئۇيغۇر قاغان مەڭگۈ تېشى» قاتارلىق مەڭگۈ تاش يازما يادىكارلىقلىرىدا ئۇچرايدۇ. خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردا بولسا «ئۇيغۇر» دېگەن نام بىرقەدەر بۇرۇن بارلىققا كەلگەن. نۆۋەتتە ئېلىمىز ئالىملىرى مىلادىيە 4 ـ ئەسىردە بارلىققا كەلگەن «ۋېينامە. قانقىللار تەزكىرىسى» دە تىلغا ئېلىنغان «يۈەنخې» (袁纥) نى «ئون ئۇيغۇر» دېگەن نامنىڭ تۇنجى قېتىم خەنزۇچە تەرجىمە قىلىنىشى دەپ قارايدۇ①. مەيلى چەت ئەل ئالىملىرى بولسۇن ياكى مەملىكىتىمىز ئالىملىرى بولسۇن، نۆۋەتتە «ئۇيغۇر» دېگەن مىللەت نامىنىڭ مەنىسى توغرىسىدا ھەر خىل تەبىرلەرنى بېرىپ كەلمەكتە. تۆۋەندە ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ۋەكىل خاراكتېرلىكلىرىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز:

(1) «ئۇيغۇر» بىر ئەلنىڭ نامى دېگەن قاراش. بۇ خىل قاراش 11 ـ ئەسىردە ئۆتكەن ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇد كاشغەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دېگەن ئەسىرىدىن كەلگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا «ئۇيغۇر بىر ئەلنىڭ ئىسمى، ئۇنىڭ بەش شەھىرى بار، بۇ شەھەرلەرنى زۇلقەرنەيىن تۈرك خاقانى بىلەن پۈتۈم تۈزگەندىن كېيىن سالدۇرغانىكەن»، «ئۇنىڭ خەلقى ئەڭ ئەشەددىي كاپىرلاردۇر، ئەڭ ئۇستا مەرگەنلەردۇر. بۇ شەھەرلەر Sulmi — سۇلمى، بۇنى زۇلقەرنەيىن سالدۇرغان، Koqu — قوچۇ، Qanbalik — چانبالىق، baxbalik — بېشبالىق، yanibalik — ياڭى بالىق» ② دەپ مەلۇمات بېرىلگەن. دانىيەلىك مەشھۇر تۈركولوگ ۋ. تومسۇنمۇ بۇ قاراشنى ياقىلاپ، ئۆزىنىڭ «موڭغۇلىيىدىكى تۈرك مەڭگۇ تاشلىرىغا مۇقەددىمە» دېگەن ئەسىرىدە «ئۇيغۇر بىر ئەلنىڭ نامى ئىدى» دېگەن.

(2) «ئۇيغۇر» دېگەن سۆز «ئۆز ئوزۇقىنى ئۆزى تېپىپ يەيدىغانلار» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ دېگەن قاراش. بۇ خىل قاراش مەھمۇد كاشغەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىن كەلگەن. مەھمۇد كاشغەرى ئۇنىڭدا: «ماڭا مۇھەممەد چاقىر تونقا خان ئوغلى نىزامىددىن ئىسرافىل توغان تېكىن ئۆز ئاتىسىدىن ئاڭلىغانلىرىنى سۆزلەپ بېرىپ، مۇنداق دېگەنىدى: زۇلقەرنەيىن ئۇيغۇر ئېلىگە يېقىنلاشقاندا، تۈرك خاقانى ئۇنىڭغا قارشى تۆت مىڭ ئادەم ئەۋەتكەن. ئۇلارنىڭ قالپاقلىرىنىڭ قاناتلىرى لاچىن قاناتلىرىغا ئوخشايدىكەن. ئوقنى ئالدىغا قانداق ئاتسا، كەينىگىمۇ شۇنداق ئۇستىلىق بىلەن ئاتىدىكەن. زۇلقەرنەيىن بۇلارغا ھەيران قاپتۇ ۋە Inanhuzhurand — بۇلار باشقىلارغا موھتاج بولماي، ئۆز ئوزۇقىنى ئۆزى تېپىپ يەيدىغانلار ئىكەن، بۇلارنىڭ قولىدىن ئوۋ قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ، قاچان خالىسا شۇ چاغدا ئېتىپ يېيەلەيدۇ دەپتۇ، شۇنىڭدىن تارتىپ بۇ ئەل huzhur دەپ ئاتىلىپتۇ» دەپ مەلۇمات بېرىپ، كېيىن «huzhur» نىڭ «ئۇيغۇر» غا ئۆزگەرگەنلىكىنى بايان قىلغان ③. بۇنىڭدىن قارىغاندا، ئۇيغۇر دېگەن نام مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 4 ـ ئەسىردە، يەنى ماكىدونىيە پادىشاھى ئالېكساندىر ماكىدونسكى (يەنى ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن، مىلادىيىدىن

ئىلگىرىكى 356 ـ يىلىدىن مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 323 ـ يىلى-
غىچە) دەۋرىدە بارلىققا كەلگەن بولىدۇ.

(3) «ئۇيغۇر» دېگەن سۆز «ئۇيۇماق، ئۇيۇشماق» دېگەن مەنىلەرگە ئىگە دېگەن قاراش. بۇ خىل قاراش 14 ـ ئەسىردە ئۆتكەن پارس تارىخشۇناسى خوجا راشىددىن فازىلۇللاھنىڭ «جامى-ئۇل تاۋارىخ» دېگەن ئەسىرىدىن كەلگەن. ئۇنىڭدا: «رىۋايەت قىلىنىشىچە، تالاس ۋە قارا سايرام ئەتراپىدا بىر قەبىلە ئولتۇراق-لاشقان بولۇپ، بۇ قەبىلىنىڭ باشلىقىنىڭ ئىسمى يافەس ئىكەن. ئۇنىڭ تۆت ئوغلى بولۇپ، بىرىنىڭ ئىسمى قاراخان، بىرىنىڭ ئىسمى ھۆرخان، يەنە بىرىنىڭ ئىسمى كۆزخان، يەنە بىرىنىڭ ئىسمى گۆرخان ئىكەن. ئۇلارنىڭ ھەممىسى بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىكەن. بۇ تۆت ئوغۇلدىن قاراخان ئاتىسىنىڭ خانلىق تەختىگە ۋارىسلىق قىلىپتۇ. كېيىن، بىر ئوغۇل پەرزەنت كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئىسمىنى ‹ئوغۇز› قويۇپتۇ. ئوغۇز چوڭ بولغاندىن كېيىن، ئىس-لام دىنىغا ئېتىقاد قىلىپتۇ ھەمدە ئاتىسى ۋە تاغىلىرى بىلەن جەڭ قىلىپتۇ، ئاتىسى ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولۇپ ئۆلۈپتۇ. تاغىلىرىنىڭ ئۇرۇقلىرىنىڭ بەزىلىرى ئۇنىڭغا تەسلىم بولۇپتۇ، بەزىلىرى بولسا شەرق تەرەپكە قېچىپ كېتىپتۇ. ئوغۇز غەلىبە قازانغاندىن كېيىن تەبرىك مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپتۇ، تەبرىك مۇراسىمىدا ئۆزىگە ئەل بولغان پۇقرالارغا ‹ئۇيغۇر› دېگەن نامنى ئىنئام قىپتۇ. بۇ سۆز-نىڭ مەنىسى ‹ئۇ بىز بىلەن بىرلەشتى، بىزگە ياردەملەشتى› دېگەن بولىدىكەن. كېيىنكى چاغلاردا بۇ سۆز ئاستا ـ ئاستا شۇ كىشىلەرنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرىنىڭ مىللەت نامى بولۇپ قاپتۇ» ④ دېيىلگەن بولۇپ، بۇ رىۋايەت كېيىنكى چاغلاردا نۇرغۇن كىشىلەر تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىپ، باشقا ئاپتورلارنىڭ ئەسەرلىرىگىمۇ كىرگۈزۈلگەن.

(4) «ئۇيغۇر» دېگەن سۆز «بېقىنماق»، «يېپىشماق» ياكى «ئۇيۇشماق» دېگەن مەنىگە ئىگە دېگەن قاراش. بۇ خىل قاراش 17 ـ ئەسىردە ئۆتكەن تارىخشۇناس ئەبۇلغازى باھادىرخاننىڭ 1663 ـ يىلى يازغان «شەجەرەئى تۈرك» ناملىق ئەسىرىدىن كەلگەن. ئۇ-نىڭدا ئوغۇزخاننىڭ دۇنياغا كېلىشى ۋە ئۇنىڭ كاپىر دادىسى قارا-

خان بىلەن بولغان ئۇرۇشلىرىنى بايان قىلىپ، «قاراخان ئوغلى-
نىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىنى ئاڭلاپ، بەگلىرىنى چاقىرىپ كېڭەش
ئۆتكۈزدى، ئۇلار ئوغۇزخان ئوۋدا يۈرگەندە ئۆلتۈرەيلى، دەپ قارار
قىلىشتى ۋە ئەلگە كىشى ئەۋەتىپ، ئۇلار تېز يېتىپ كەلسۇن،
مەن ئوۋغا چىقىمەن، دەپ خەۋەر قىلدى. ئوغۇزخانمۇ بۇ سۆزنى
ئاڭلاپ، ئەلگە كىشى ئەۋەتىپ، ئاتام قوشۇن تارتىپ مېنى ئۆلتۈر-
گىلى كېلىۋېتىپتۇ، مېنى قوللايدىغىنىڭلار مەن تەرەپكە كېلىڭ-
لار، ئاتامنى قوللايدىغىنىڭلار ئاتام تەرەپكە بېرىڭلار، دېدى. ئەل-
نىڭ كۆپى قاراخان تەرەپكە باردى، ئازراقى ئوغۇزخان قېشىغا
كەلدى. قاراخاننىڭ ئىنىلىرىنىڭ كۆپ ئوغلانلىرى بار ئىدى،
ئۇلارنى قاراخاندىن ئايرىلىدۇ دەپ ھېچ كىشىنىڭ كۆڭلىگە كەل-
مەس ئىدى. شۇلارنىڭ ھەممىسى ئوغۇزخاننىڭ قېشىغا كەلدى،
ئوغۇزخانغا قوشۇلدى. ئوغۇزخان ئۇلارغا ‹ ئۇيغۇر › دەپ ئات قوي-
دى. ‹ ئۇيغۇر › تۈركىي سۆز بولۇپ، مەنىسى بارچىگە مەلۇم.
سۈت سۈت پېتى ۋاقتىدا بىر - بىرىدىن ئايرىلىپ تۇرىدۇ، قېتىق
بولغاندا بىر - بىرىگە يېپىشىپ تۇرىدۇ، بۇ ئۇيۇش دېيىلىدۇ.
ئىمام تۇرسا تۇرۇپ، ئولتۇرسا ئولتۇرماق، بۇ يېپىشقانلىق بول-
مامدۇ؟ ئۇلار كېلىپ ئوغۇزنىڭ ئېتىكىگە ئىككى قوللىرى بىلەن
مەھكەم يېپىشتى. ئوغۇز ئۇلارنى ‹ ئۇيغۇر › دېدى، بۇ يېپىشقۇر دېگە-
نىدۇر»⑤ دېيىلگەن.
(5) «ئۇيغۇر» دېگەن سۆز تارىم دەرياسىنىڭ قەدىمكى نامى-
دىن كەلگەن دېگەن قاراش. بۇ خىل قاراش مىلادىيە 2 - ئەسىردە
ياشىغان قەدىمكى يۇنان ئالىمى پتولمىنىڭ «جۇغراپىيە» دېگەن
ئەسىرىدىن كەلگەن. بۇ ئەسەرنىڭ «سېرىس ئېلى» قىسمىدا:
«سېرىس ئېلىنىڭ زېمىندا ئىككى چوڭ دەريا بولۇپ، ئۇنىڭ
بىرىنچىسى ئويغارداس دەرياسى دەپ ئاتىلىدۇ، بۇ ئائۇساكىيان
تاغلىرىدىن ئېقىپ چۈشىدۇ. يەنە بىرسى ئاشىمارا ئىئان تاغلىرى-
دىن ئېقىپ چۈشىدىغان بولۇپ، بائوتېس دەرياسى دەپ ئاتىلىدۇ.
بۇ دەريانىڭ كاشيان ۋە ئوتتۇرا كورئوس تاغلىرىدىن ئېقىپ چۈ-
شىدىغان تارماقلىرىمۇ بار ··· ئاننىبا تاغلىرى بىلەن ئائۇساكىيان
تاغلىرىنىڭ ئايرىلىقىدا، يەنە سىجىگىس دېگەن بىر ئەل بار.

ئۇنىڭ بىلەن دامىناي (Damnae) ، پىياددىئاي (Piaddae) دېگەن ئەللەر قوشنا ياشايدۇ. پىياددىئاي ئېلىنىڭ زېمىنى ئويغار- داس دەريىاسىغا (Oechordas) تۇتىشىدۇ. ئويغارداس دەرياسى ۋادىسىدا ئويغاردلار ئېلى (Oikhardai) بار»⑥ دېيىلگەن بولۇپ، ئەنگلىيە ئالىمى ھېنرى يۇلى (Henry yule) «سېرىس ئېلى بۇگۇنكى شىنجاڭ ئۆلكىسى دائىرىسىدە، ئويغاردلار ئۇيغۇرلاردۇر. ئويغارداس دەرياسى تارىم دەرياسىدۇر» ⑦ دەپ ھېسابلىغان.

(6) «ئۇيغۇر» دېگەن سۆز ئۇلار ياشىغان يەر نامىدىن كەل- گەن دېگەن قاراش. بۇ خىل قاراشتىكىلەر «ۋېينامە. قانقىللار تەزكىرىسى» دىكى «قانقىل قەبىلىلىرى كېيىن ئۇرخۇن دەرياسى (鹿浑海) نىڭ غەربىي شىمالىغا يۈز نەچچە چاقىرىم كېلىدىغان جايلارغا كۆچۈپ كېلىپ ماكانلاشقان» ⑧ دېيىلگەن خاتىرىنى ۋە ياپونىيە تەتقىقاتچىسى بەينىياۋ كۇجى بىلەن سۇگىتيەن شۇنەننىڭ ئۆز تەتقىقاتلىرىدا «ئۇرخۇن دەرياسى (鹿浑海) كېيىن قاراقۇرۇم شەھىرى بىنا قىلىنغان جاينىڭ غەربىي شىمالىغا 30 ـ 40 چاقى- رىم كېلىدىغان Ughei nor دۇر. ئۇنىڭ غەربىي شىمالىغا يۈز نەچچە چاقىرىم كېلىدىغان يەر ئېھتىمال ئورخۇن دەرياسى بىلەن توغلا دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىغا توغرا كېلىشى مۇمكىن» ⑨ دەپ ئېيتقانلىرىنى ۋە پارس تارىخچىسى راشىددىننىڭ «جامىئۇل تاۋارىخ» دېگەن ئەسىرىدىكى «ئېيتىلىشىچە ئۇيغۇرىستان ۋىلايىتىدە ئىككى چوڭ تاغ بولۇپ، بىرى بۇقراتو بۇزلۇق دېيىلىدىكەن، يەنە بىرى ئۇچقۇنلۇق تەڭرىم دېيىلىدىكەن. قاراقۇرۇم شۇ ئىككى تاغ- نىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقانىكەن، ئۇگىدايخان بىنا قىلغان شەھەر- نىڭ ئۆزىمۇ شۇ تاغنىڭ نامى بىلەن ئاتىلىدىكەن، بۇ ئىككى تاغنىڭ يېنىدا قۇت تاغ دەپ ئاتىلىدىغان يەنە بىر تاغ بار ئىكەن، بۇ تاغلىق يەرنىڭ بىر يېرىدە ئون دەريا، يەنە بىر يېرىدە توققۇز دەريا بار ئىكەن، ئون دەريا ۋادىلىرىدا ئولتۇراقلاشقان ئۇيغۇرلار ‹ئون ئۇيغۇر› دېيىلىدىكەن، توققۇز دەريا ۋادىلىرىدا ئولتۇراقلاشقان ئۇيغۇرلار ‹توققۇز ئۇيغۇر› دېيىلىدىكەن» ⑩ دېگەن مەلۇماتلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ ھەم خەنزۇچە ھۆججەتلەردە تىلغا ئېلىنغان ئورخۇن دەرياسىنىڭ قەدىمكى خەنزۇچە تەلەپپۇزى بولغان 昆嗢نى Onhgur

دېگەن سۆزنىڭ قەدىمكى تەلەپپۇزى دەپ قاراپ، ئۇيغۇر دېگەن سۆز ئۇلار ياشىغان Ugheinor دېگەن جاينىڭ نامىدىن ئۆزگىرىپ كەلگەن، ئۇنىڭ مەنىسى «ئېگىزلىك ئادىمى» دېگەنلىك بولۇپ، ئۇ «ئېسىلزادىلەر» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، دەپ قارىغان.

(7) «ئۇيغۇر» دېگەن سۆز «لاچىندەك (شۇڭقاردەك) پەرۋاز قىلغۇچى» ياكى «لاچىندەك (شۇڭقاردەك) چەبدەس، باتۇر» دېگەن مەنىگە ئىگە دېگەن قاراش. بۇ خىل قاراش «يېڭى تاڭنامە» ۋە «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» قاتارلىق ئېلىمىز كلاسسىك ئەسەرلىرىدىكى ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى خاتىرىلەردىن كەلگەن. بۇ خىل قاراشتىكىلەر كونا ۋە يېڭى تاڭنامىلەردىكى «جېنگۈەننىڭ 4 - يىلى (يەنى 788 - يىلى) 10 - ئايدا قاغان (يەنى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قاغانىنى كۆرسىتىدۇ) ۋەزىر ئاتىئىز تۇتۇق باشچىلىقىدا مىڭدىن ئارتۇق كىشىنى ھەم سىڭلىسى قۇتلۇق بىلگە قۇنچۇي باشچىلىقىدىكى ھەرقايسى چوڭ قەبىلە ئاقساقاللىرىنىڭ 50 دەك خوتۇن - قىزلىرىنى مەلىكىنى كۆچۈرۈپ كېلىشكە ئەۋەتتى ھەم «回纥» نى «回鹘» دەپ ئۆزگەرتىشنى تەلەپ قىلدى. ئۇنىڭ مەنىسى شۇڭقاردەك (ياكى لاچىندەك) چەبدەس، باتۇر دېگەنلىك بولاتتى»⑪ دېگەن مەلۇماتلارغا ئاساسلىنىپ ھەم بۇنى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى «ئۇز ئوزۇقىنى ئۆزى تېپىپ يەيدىغانلار» دېگەن مەنىبە بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، «ئۇيغۇر» دېگەن سۆز «شۇڭقاردەك (ياكى لاچىندەك) پەرۋاز قىلغۇچى» ياكى «شۇڭقاردەك (ياكى لاچىندەك) چەبدەس، باتۇر» دېگەن مەنىگە ئىگە، تاڭ دەۋرىدىكى ئۇيغۇر تارىخىدىن قارىغاندىمۇ بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ شۇڭقار ياكى لاچىندەك چەبدەس، باتۇرلۇقىنى ئىپادىلەپ بەرگەن، دەپ ھېسابلىغان.

(8) يەنە بەزىلەر «ئۇيغۇرلار ئوغۇزلاردۇر، ئوغۇزلار 6 - ئەسىردىكى «乌护»، «乌纥»، «韦纥» لاردۇر. تارقالغان رايونلىرى ۋە شۇ جەھەتتىكى پەرقلىرى سەۋەبىدىن، تەڭرىتېغى ئەتراپلىرىغا ماكانلاشقانلىرى «乌护» دەپ، ئالتاي تېغى ئەتراپىغا ماكانلاشقانلىرى «乌纥» دەپ، سېلېنگا دەرياسى ۋادىلىرىغا ماكانلاشقانلىرى «韦纥»، كېيىن «回纥» دەپ ئاتالغان. «回纥»

لار ئوغۇزلاردۇر. مەسىلەن، تۈرك ھۆججەتلىرىدە دائىم دېگۈدەك ‹توققۇز ئوغۇز› لار ‹توققۇز ئۇيغۇر› لار دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئوغۇز ئۇرۇقنى كۆرسىتىدۇ، شۇڭا ئۇيغۇرلارمۇ ئاشۇنداق مەنىگە ئىگە»⑫ دەپ قارىغان.

(9) يۇقىرىقىلاردىن باشقا، بەزىلەر «ئۇيغۇر» دېگەن نامنى قاغانلىق نامىدىن كەلگەن دەپ قارىسا، بەزىلەر «ئورمانلىق قوۋمى» دېگەن سۆزدىن كەلگەن ⑬ دەپ قارىغان.

يۇقىرىقى قاراشلارنى ئەستايىدىللىق بىلەن سېلىشتۇرۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىي جەريانىدىن قارايدىغان بولساق، «ئۇيغۇر» دېگەن مىللەت نامىنىڭ مەنىسىنى «ئۇيۇشماق»، «ئىتتىپاقلاشماق» دەپ چۈشىنىش تارىخ تەرەققىياتىنىڭ قانۇنىيىتىگە بىرقەدەر ئۇيغۇن كېلىدۇ. ھەر خىل تىللاردىكى تارىخىي ماتېرىياللاردىن قارىغاندىمۇ، «ئۇيغۇر» دېگەن مىللەت نامى ئەسلىدە بىر ئۇرۇقنىڭ نامى ئىدى، كېيىن ئادەم سانى ئانچە كۆپ بولمىغان بۇ ئۇرۇقنىڭ قۇدرەت تېپىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى ھەم باشقا قانداش ۋە غەيرىي قانداش ئۇرۇقلار بىلەن بىرلىشىشى ياكى ئىتتىپاق تۈزۈشى ئارقىسىدا «ئۇيغۇر» دېگەن ئۇرۇقنىڭ نامى بىرلەشمىنىڭ نامى بولۇپ قالغان، كېيىن بۇ بىرلەشمىگە ياكى ئىتتىپاققا قاتناشقان ئۇرۇقلارنىڭ كۆپىيىشى ۋە ئۆزئارا قوشۇلۇپ سىڭىشىشى بىلەن ئۇلار تىلى، مەدەنىيىتى ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلى ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشىشىپ كېتىدىغان مىللەتكە ئايلىنىپ، ئەسلىدىكى ئۇرۇق نامى بولغان «ئۇيغۇر» پۈتۈنلەي شۇ مىللەتنىڭ نامىغا ئايلىنىپ كەتكەن.

## § 2 . «ئۇيغۇر» دېگەن نامنىڭ خەنزۇچە ھۆججەتلەردە خاتىرىلىنىشى

خەنزۇچە كلاسسىك تارىخنامىلەردە يىراق قەدىمكى زاماندىن باشلاپلا ئۇيغۇرلار ھەققىدە بىرقەدەر ئىشەنچلىك خاتىرىلەر قالدۇرۇلۇپ كېلىنگەن. مىلادىيە 4 ـ ئەسىردە يېزىلغان «ۋېينامە» 103 ـ جىلد «قانقىللار تەزكىرىسى» دە تىلغا ئېلىنغان قانقىللار-

نىڭ ئالتە قەبىلىسىنىڭ بىرى بولغان يۈەنخې ( 袁纥 ) قەبىلىسى-
نىڭ نامى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزىگە قويغان «ئۇيغۇر» دېگەن نامىنىڭ
تۇنجى قېتىم خەنزۇچىگە تەرجىمە قىلىنىشى ئىدى⑭. 4 ـ ئەسىر-
دىن كېيىنكى تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا قەدىمكى ئۇيغۇر قەبى-
لىلىرى بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ تېخىمۇ قو-
يۇقلىشىشىغا ئەگىشىپ، ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى خاتىرىلەر خەنزۇچە
تارىخىي كىتابلاردا تېخىمۇ كۆپلەپ، تېخىمۇ ئېنىق ئۆز ئىپادىسىنى
تاپتى. مىلادىيە 6 ـ ئەسىرگە كەلگەندە «ئۇيغۇر» دېگەن نام
«سۈينامە» 84 ـ جىلد «شىمالىي دىلار تەزكىرىسى» دە تېلى
( 铁勒 ) قەبىلىلىرىنىڭ بىرىنىڭ نامى سۈپىتىدە «ۋېيخې»
( 韦纥 ) دەپ تەرجىمە قىلىنغان. تاڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپىدە،
يەنى مىلادىيە 7 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن باشلاپ «كونا تاڭنامە»
195 ـ جىلد «ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» قاتارلىقلاردا «خۇيخې»
( 回纥 ) دەپ تەرجىمە قىلىنغان. «يېڭى تاڭنامە» 217 ـ جىلد
«ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» قاتارلىقلاردىكى مەلۇماتلاردىن مەلۇم بولۇشى-
چە، مىلادىيە 788 ـ يىلى تاڭ سۇلالىسى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى-
نىڭ تەلىپى بىلەن ئۇيغۇرلار نامىنىڭ خەنزۇچە يېزىلىشىنى ئىلگى-
رىكى «خۇيخې» خېتىدىن «شۇڭقاردەك (ياكى لاچىندەك) پەرۋاز
قىلغۇچى» دېگەن مەنىگە ئىگە «خۇيخۇ» ( 回鹘 ) دېگەن خەتكە
ئۆزگەرتكەن، شۇنىڭدىن كېيىن خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردا
«ئۇيغۇرلار» نىڭ نامى «خۇيخې» ۋە «خۇيخۇ» دەپ قوللىنىلغان.
بىراق، رەسمىي تارىخنامىلەردە كۆپرەك «خۇيخۇ» دەپ يېزىلغان⑮.
«يېڭى بەش دەۋر تارىخى» (يەنە بىر نامى «بەش دەۋر تارىخىغا
دائىر خاتىرىلەر» ) قاتارلىق تارىخنامىلەرگە ئاساسلانغاندا، بەش دەۋر ـ
ئون پادىشاھلىق مەزگىلىدە خەنزۇچە تارىخنامىلەردە ئۇيغۇرلارنىڭ
نامى يەنىلا «خۇيخې» ۋە «خۇيخۇ» دەپ تەرجىمە قىلىنغان. «لياۋ
سۇلالىسى تارىخى» (ياكى «لياۋنامە» ) ، «جىن سۇلالىسى تارى-
خى» (ياكى «جىننامە» ) لەردە «خۇيخۇ» ، «سۇڭ سۇلالىسى
تارىخى» (ياكى «سۇڭنامە» ) دا «خۇيخې» ۋە «خۇيخۇ» دەپ ئاتال-
غان.

يۈەن سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە، 13 ـ ئەسىردىن باشلاپ

«ئۇيغۇر» لارنىڭ نامى خەنزۇچە تارىخنامىلەردە ھەر خىل شەكىل-
لەردە يېزىلىپ كېلىنگەن.

«يۇەننامە» قاتارلىق يۇەن دەۋرىگە دائىر تارىخنامىلەردىكى
خاتىرىلەرگە قارىغاندا، تاكى چىڭ سۇلالىسى (1640 — 1912)
دەۋرىگىچە بولغان ئارىلىقتا ئۇيغۇرلارنىڭ نامى خەنزۇچە تارىخنامى-
لەردە «خۇي خېئېر» ( 辉和尔 ) ، «خۇيخې» ( 辉和 ) ، «ۋېيـۋۇ»
( 畏吾 ) ، «ۋېيۋۇ» ( 畏兀 ) ، «ۋېيـۋۇ ئېر» ( 畏吾儿 ياكـى
畏兀儿 ) ، «ۋۇ گې» ( 乌鹘 ) ، «ۋېيۋۇ» ( 委吾 ) ، «گۇي گۇ»
( 瑰古 ) ، «ۋېـيـۋۇ» ( 委兀 ) ، «ۋېيـۋۇ» ( 伟兀 ) ، «ۋېـيـۋۇ»
( 畏吾 ) ، «ۋېي ۋۇئېر» ( 畏吾而 ) ، «ۋېي گوئېر» ( 卫郭尔 )
قاتارلىق ئوخشاش بولمىغانناملار بىلەن خاتىرىلىنىپ كېلىنگەن⑯.
چىڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە كۆپرەك «خۇي بۇ» ( 回部 ) ،
«چەنخۇي» ( 缠回 ) دەپ يېزىلغـان، بەزىـدە يەنە «خۇيخـۇي»
( 回回 ) دەپمۇ ئاتالغان. ھۆججەتلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، خۇي-
خۇي دېگەن ئاتالغۇ شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدىن باشلاپ
تارىخىي ھۆججەتلەردە كۆرۈلۈشكە باشلىغان بولۇپ، «ئۇيغۇرلار
ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن كېيىن ئىرقى، ئۆرپ - ئادىتى،
مەدەنىيىتى جەھەتتە پامىرنىڭ غەربىي ۋە شەرقىدىكى باشقا ئىسلام-
لاشقان مىللەتلەرگە ئوخشىشىپ كەتكەچكـە، ئۇلار ‹خۇيخۇي›
دېگەن نام بىلەن ئاتالغان»⑰.

يۇقىرىقىلار ئېلىمىزنىڭ ھەرقايسى دەۋرلىرىدىكى رەسمىي
تارىخىي ھۆججەتلەردىكى «ئۇيغۇر» دېگەن نامىنىڭ ھەر خىل تەلەپ-
پۇز قىلىنىشى بولۇپ، بۇ ھەقتە ئېلىمىز ۋە چەت ئەل تەتقىقاتچى-
لىرىنىڭ پىكرى ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشاش. بۇنىڭدىن سىرت
يەنە ئېلىمىز ۋە چەت ئەل تەتقىقاتچىلىرىنىڭ ئىچىدە بىر قىسىم
كىشىلەر «خەننامە» قاتارلىق تارىخنامىلەردە ئۇچرايدىغان قۇمۇل-
نىڭ قەدىمكى خەنزۇچە نامى بولغان «يىۋۇلو» ( 伊吾卢 ) نى
«ئۇيغۇر» دېگەن سۆزنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى دەپمۇ قارايدۇ⑱. يەنە
گوللاندىيە تەتقىقاتچىسى ج. م. دېگروت «تارىخىي خاتىرىلەر» دى-
كى «كروران، ئۇسـۇن، ئوغۇزلار ( 护揭 ) تىنچىتىلدى» دېيىل-
گەن خاتىرىدىكى «ئوغۇزلار» «ۋېينامە» دە تىلغا ئېلىنغان «خۇ-

گۇ» ( 高车 ) قاڭقىل بولسا خۇگۇلار ( 护骨 ) لاردۇر، قەبىلىلىرى-
دىن بولۇپ، كېيىن ئۇيغۇر دەپ ئاتالغان[19] دەپ ھېسابلىسا،
تەتقىقاتچى خې جيەنمىن «خەننامە. ھۇنلار تەزكىرىسى» دىكى ئو-
غۇز ( 乌揭 ) بىلەن تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى خۇيخې ( 回纥 ) ،
ئوغۇز ( 乌护 ) ، ئۇيغۇر ( 袁纥 ) قاتارلىقلار ئوخشاش بىر نام-
نىڭھەرخىل ئاتىلىشى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى قەدىمكى تۈرك-
چە مەڭگۈ تاشلاردا خاتىرىلەنگەن Oghuz دېگەن نامنىڭ ئاھاڭ
تەرجىمىسىدۇر[20] دەپ قارايدۇ. خۇ چيۇيۈەن ئەپەندى بولسا «دىڭ-
لىڭلارنىڭ ئىچىدە ئوغۇز ( 乌揭 ) دېگەن قەبىلە بار بولۇپ، ئۇلار
دەسلەپ سىبىرىيىدىكى دەرياسى بويلىرىدا ياشىغان، ھارۋىنى كەشىپ
قىلغان ۋە ھارۋا تىجارىتى بىلەن شۇغۇللانغان ھەم ئاشۇ دەريا
بويلىرىدا ياشايدىغان ئوخشاش قوۋملار بىلەن ئىتتىپاقلاشقان، ئۇ-
لار ھارۋىنى ئىجاد قىلغان ئوغۇزنى ئۆزلىرىنىڭ ئورتاق ئەجدادى
دەپ قارىغان. ئۇلار جەنۇبىي - شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدىكى
قاڭقىللار ( 高车 ) ۋە توققۇز ئوغۇزلار ( 九姓铁勒 ) نىڭ ئانا
ئەجدادلىرى ئىدى . شۇنداق قىلىپ ئوغۇزلار ( 乌揭 ) تەبىئىي
ھالدا تېلى ( 铁勒 ) لارنىڭ يولباشچىسى بولۇپ قالغان. تاڭ
سۇلالىسى دەۋرىدە ئۇيغۇر ( 回纥 ) دەپ ئاتالغان بولۇپ، ھا-
زىرقى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرىدۇر» [21] دەپ ھۆكۈم قىلىدۇ.
تەيۋەنلىك ئۇيغۇرشۇناس ليۇيىتاڭ ئەپەندى بولسا «مېنىڭ قارىشىم-
چە، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى ئوغۇزلار ( 乌揭 ) بىلەن دىڭ-
لىڭلار ( 丁零 ) نىڭ قوشۇلۇشىدىن تەركىب تاپقان بىرلەشمە گەۋ-
دە» [22] دەيدۇ. تەتقىقاتچى ئىبراھىم مۇتىئىي ئەپەندى «ئۇيغۇر-
لار ( 回鹘 ) ئەسلىدە ھۇن قەبىلە ئىتتىپاقىغا مەنسۇپ ئىدى.
غەربىي ھۇن قەبىلىلىرىنىڭ ئىچىدە ساراغۇر ( Saragur ) ،
ئونۇغۇر ( Onugur ) ، قوترىغۇر ( Kotrigur ) قاتارلىق قەبىلىلەر
بار ئىدى، بۇ قەبىلىلەرنىڭ نامى بىلەن ئۇيغۇر ( Uygur )
دېگەن نامنىڭ ئوخشاشلا ‹ gur › دېگەن سۆز ئارقا قوشۇمچىسى بار.
بۇ ‹ ئۇيغۇر › دېگەن نامنىڭ ھۇن دەۋرىدىن باشلاپلا مەۋجۇت ئىكەن-
لىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ» [23] دەپ قارايدۇ.
دېمەك، بۇ قاراشلاردىن قارىغاندا، ئېلىمىزنىڭ قەدىمكى خەن-

-ز ۋچە ھۆججەتلىرىدە خاتىرىلەنگەن «ئۇيغۇر» دېگەن مىللەت نامى-نىڭ ھەر خىل ئاتىلىشى ۋە يېزىلىشى ئاساسەن قوشنا قەبىلە، مىللەتلەرنىڭ ئۇيغۇرلار بىلەن ئۇچراشقان ۋاقتى، ئۇلارنىڭ تارقال-غان رايونلىرىنىڭ ئوخشىماسلىقى، ئۆرپ - ئادەت جەھەتتە ئوخ-شىماسلىقى، شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ نامىنى ئۆز تەلەپ-پۇزى بويىچە خاتىرىلىشى ياكى ئۇلارنىڭ ئالاھىدىلىكىگە قاراپ مۇناسىپ نام بىلەن ئاتىشى قاتارلىق كۆپ جەھەتتىكى ئامىللار بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان. شۇڭا، بىز ئېلىمىزنىڭ تارىخنامىلى-رىدە خاتىرىلەنگەن «يۈەنخې، ۋۇجې، ۋۇخۇ، ۋۇخې، ۋېيخې، خۇجې، خۇگو، خۇيخې، خۇيخۇ، ۋېيۋۇ، ۋېيۋۇئېر» دېگەنلەر ئورخۇن - يېنسەي ۋادىلىرىدىن تېپىلغان مەڭگۇ تاشلاردىكى ئۇي-غۇرلارنىڭ ئۆزلىرى ھەققىدە ئېيتقان ئون ئۇيغۇر ياكى توققۇز ئوغۇز دېگەن مىللەت نامىنىڭ ھەر خىل ئاھاڭ تەرجىمىسى، «يۈەنخې، ۋېيخې، خۇيخې» دېگەنلەر قەدىمكى تۈركچىدىكى Uyghur نىڭ باشقىچە تەلەپپۇزى، «ۋۇخۇ، ۋۇخې، خۇجې» دې-گەنلەر بولسا Oghuz نىڭ باشقىچە تەلەپپۇز قىلىنىشى، ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى كېيىنكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى بول-ۇپ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت Uiguz ← Ugur ← Uguz مۇناسىۋىتىدۇر، ئوغۇز دېيىلگىنى دەسلەپ شەرقىي قانقىل قەبىلى-لىرىنىڭ ئىچىدىكى تەڭرىتاغ ۋادىسىدىن تارتىپ ئورخۇن بويلىرى-غىچە جايلاشقانلىرىنىڭ نامى بولۇپ كەلگەن بولسا، ئۇيغۇر دېيىل-گىنى بايقال كۆلىنىڭ جەنۇبىدىن تارتىپ ئورخۇن، تۇغلا دەرياسى ۋادىسىغىچە تارقالغانلىرىنىڭ نامى بولۇپ كەلگەن، بۇ ئوخشاش بىر قوۋمنىڭ ئىچىدىكى ئىككى تارماق㉔، دەپ ھېسابلايمىز.

## § 3 . ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى

ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى مەسىلىسى ھەققىدە مەيلى ئېلىمىزنىڭ كلاسسىك تارىخىي ھۆججەتلىرىدە بولسۇن، ياكى قە-دىمكى تۈركچە - ئۇيغۇرچە تارىخىي ئەسەرلەردە بولسۇن، ياكى مۇسۇلمان ئاپتورلارنىڭ ئەسەرلىرىدە بولسۇن ۋە ياكى يېقىنقى

زامانلاردىكى دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى تەتقىقاتچىلارنىڭ ئەسەرلى-
رىدە بولسۇن، ئوخشاش بولمىغان ھەر خىل قاراشلار مەۋجۇت
بولۇپ كەلدى، بىراق تاكى ھازىرغىچە بىرلىككە كەلگەن پىكىر
بارلىققا كەلمىدى. نۆۋەتتە تەتقىقاتچىلارنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك
مەنبەسى توغرىسىدىكى قاراشلىرىنى تۆۋەندىكىدەك يىغىنچاقلاشقا
بولىدۇ:

(1) بىرىنچى خىل قاراشتىكىلەر «شىمالىي سۇلالىلەر تارى-
خى» 98 ـ جىلد «قانقىللار تەزكىرىسى»، «ۋېينامە» 103 ـ
جىلد «قانقىللار تەزكىرىسى»، «سۇينامە» 84 ـ جىلد «تېلىلار
تەزكىرىسى»، «كونا تاڭنامە» 195 ـ جىلد «ئۇيغۇرلار تەزكىرى-
سى» ۋە «يېڭى تاڭنامە» 217 ـ جىلد «ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى»
قاتارلىق تارىخىي ھۆججەتلەردىكى «ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى ھۇنلار-
دۇر، ئۇلار ئېگىز چاقلىق ھارۋىلارنى ئىشلەتكەچكە، شىمالىي ۋېي
سۇلالىسى دەۋرلىرىدە قانقىل ياكى چىلى (高车或敕勒)،
تېلى (铁勒) دەپ ئاتالغان. ئۇلار ئۇيغۇر (袁纥)، سىر ـ تاردۇش،
تۇبا (都播)، قورىقان (骨利幹)، دولانغۇت (多览葛)، بارغۇت
(仆固)، بايىرقۇ (拨野古)، تۇڭرا (同罗)، قۇن (ھۇن، 浑)،
ئىزگىل (سىير، 思结)، قۇشۇ (斛薛)، قۇمۇق (چىگىل، ئايى-
غىر، 奚结)، ئاتىئىز (阿跌)، ئاقشىد (白霫)، قىبار
قاتارلىق 15 قەبىلىدىن تەركىب تاپقان» ㉕ دېيىلگەن خاتىرىلەرگە
ۋە رۇسىيىلىك بېرنشتام، ياپونىيىلىك يۇتيەنخېڭ، فرانسىيىلىك
مۇللېر قاتارلىق چەت ئەل تۈركولوگلىرىنىڭ تارىخىي تىلشۇناس-
لىق نۇقتىسىدىن چىقىپ ئېيتقان «ھۇنلار — ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى-
دۇر»، «بۆگۈ قاغاننىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدىكى رىۋايەتلەر
بىلەن باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدىكى رىۋايەتلەر
ئوخشىشىپ كېتىدۇ»، «ھۇنلار بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ ھەر ئىككى-
سىلا بۆرىنى، كالىنى توتېم قىلغان»، «ئوغۇز ئېھتىمال ھۇنلار-
نىڭ قويان قەبىلىسىدىن كېلىپ چىققان بولۇشى مۇمكىن» دېگەن
قاراشلىرىغا ئاساسەن، «ھۇنلار — ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى» دەپ
قارايدۇ.

(2) ئىككىنچى خىل قاراشتىكىلەر «ئۇيغۇرلار — تۈركىي

مىللەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ، مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 3- ئەسىردىن مىلادىيە 3 - ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتا دىڭلىڭ ( 丁零 ياكى 丁灵 ) دېگەن نام ئاستىدا شەرق ۋە غەرب ئىككى تارماققا بۆلۈنۈپ ياشىغان، شەرقىي تارمىقى سىبىرىيىدىكى بايقال كۆلىنىڭ جەنۇبىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن ياشىغان، غەربىي تارمىقى ئېرتىش دەرياسى بىلەن بالقاش كۆلىنىڭ ئارىلىقىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن ياشىغان» ، «4- ئەسىرگە كەلگەندە دىڭلىڭلار خەنزۇلارنىڭ تارىخنامىلىرىدە تېلى ( 铁勒 ) ياكى چىلى ( 敕勒 ) دەپ ئاتالغان، يەنە ھارۋىلىرىنىڭ چاقلىرى يوغان بولغاچقا قانقىل (يەنى ئېگىز ھارۋىلىقلار، 高车 ) دەپمۇ ئاتالغان. ئۇلار سىبىرلارنىڭ تابغاچ قەبىلىسى (يەنى سيانپىلارنىڭ توقبات قەبىلىسى) ۋە جۇرجانلار بىلەن دائىم كۈرەش قىلىپ، ئاخىرى 492 - يىلى بىر قىسمى ئۆز يولباشچىسىغا ئەگىشىپ غەربكە كۆچۈپ، تەڭرىتېغىنىڭ ئەتراپلىرىغا كەلگەن، شۇنىڭدىن كېيىن شەرقىي تېلىلارنىڭ ئىچىدىكى يۈەنخې ياكى ۋېيخې ( 韦纥 ياكى 袁纥 ) لار، غەربىي تېلىلارنىڭ ئىچىدىكى ۋۇخۇ ياكى ۋۇخې ( 乌护 ياكى 乌纥 ) لار كېيىن تەدرىجىي ئۆزگىرىپ ئۇيغۇر ( 回纥 ) دەپ ئاتالغان» ㉖ دەپ قارايدۇ. بۇ خىل قاراشقا فىڭ جياشىڭ قاتارلىقلارنى ۋەكىل قىلىپ كۆرسىتىشكە بولىدۇ.

(3) ئۈچىنچى خىل قاراشتىكىلەر «ئۇيغۇرلار شىنجاڭدىكى تارىم ۋادىسىدىكى بوستانلىقلاردا ئولتۇراق دېھقانچىلىق ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان سۇلىلىقلار، ئۇدۇنلۇقلار، كۇسەنلىكلەر، ئاگنىلىقلار (ياكى ھەممىسى ئومۇملاشتۇرۇلۇپ تارىملىقلار دەپمۇ ئاتىلىدۇ) قاتارلىق يەرلىكلەرنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان ھالدا خېلى بۇرۇن بۇ يەرلەرگە ماكانلاشقان ئىرانلىقلار، چاڭلار، سوغدىلار ۋە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىغا كۆچۈپ كەلگەن قارلۇق، تۈرك، ئۇيغۇر ( 回鹘 ) قاتارلىق چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلەر ۋە ئىككى خەن سۇلالىسىدىن بۇيان كۆچۈپ كەلگەن خەنزۇلار ۋە كېيىن كۆچۈپ كەلگەن قىتان، تىبەت، موڭغۇل قاتارلىقلارنىڭ قوشۇلۇشى، يەنە شەرقتە كۆچۈپ كەلگەن ئارىئانلار، سام - ھاملارنىڭ قوشۇلۇشى جەريانىدا

شەكىللەنگەن» ، «بۇنىڭدىن بىلىۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى ئىككى شاختىن تەركىب تاپقان، بىر شېخى تارىم ۋادىسىدىكى بوستانلىقلاردىكى يەرلىكلەر، يەنە بىر شېخى چۆللۈكنىڭ شىمالىدىن غەربكە كۆچۈپ تارىم ۋادىسىغا كەلگەن كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلەردۇر» ㉗ دەپ قارايدۇ. بۇ خىل قاراشقا خې جىخوڭ قاتارلىقلارنى ۋەكىل قىلىپ كۆرسىتىشكە بولىدۇ.

(4) تۆتىنچى خىل قاراشتىكىلەر «مەملىكىتىمىزنىڭ شىيا، شاڭ، جۇ سۇلالىلىرى ۋە ئەمىنىيە ـ يېغىلىق دەۋرلىرىدە شەرقتە چوڭ خىنگان تاغلىرىدىن تارتىپ غەربتە ئالتاي تېغىغىچە بولغان چوڭ چۆللۈكنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى كەڭ رايونلاردا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان نۇرغۇنلىغان ئىنسانلار توپى ياشايتتى. ئۇلار ئەينى دەۋرلەردە ئومۇملاشتۇرۇلۇپ دىلار ( 狄 ) ياكى شىمالىي دىلار ( 北狄 )، بەزىدە ئومۇملاشتۇرۇلۇپ غۇز ( 胡 ) دەپ ئاتىلاتتى. چىن، خەن سۇلالىلىرى دەۋرىگە كەلگەندە بۇ نۇرغۇنلىغان ئۇرۇق ـ قەبىلىلەرنىڭ ئاز بىر قىسمى ھۇنلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولغاندىن سىرت، كۆپ قىسمى تەڭرىتېغىنىڭ شىمالى، ئالتاي تېغىنىڭ شەرقى ۋە غەربىدىن بايقال كۆلىنىڭ ئەتراپىغىچە بولغان كەڭ رايونلاردا ياشىغان. ئۇ دەۋرلەردىكى خەنزۇچە تارىخىي كىتابلاردا ئۇلارنى كۆپىنچە دىڭلىڭلار ( 丁零 ) دەپ ئاتىغان، كېيىن ۋېي، جىن، جەنۇبىي ۋە شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدىكى خەنزۇچە تارىخىي كىتابلاردا ئۇلارنى يەنە تېلى( 铁勒 )، چىلى ( 敕勒 ) دەپ ئاتىغان. ئەمەلىيەتتە دىڭلىڭ بولسۇن ياكى تېلى بولسۇن ئۇلارنىڭ ھەممىسى دى ( 狄 ) دېگەن نامنىڭ ئوخشىمىغان دەۋرلەردىكى ئوخشاش بولمىغان ئاھاڭ تەرجىمىسىدىن باشقا نەرسە ئەمەس ، يەنە بۇ ئۇرۇق ـ قەبىلىلەرنىڭ ئادەملىرى كۆپىنچە يوغان چاقلىق ھارۋىلاردا يۈرىدىغىنى ئۈچۈن، بەزى خەنزۇچە تارىخىي كىتابلاردا ئۇلارنى ئوبرازلاشتۇرۇپ ئېگىز ھارۋىلىقلار ( قاڭقىللار) دەپمۇ ئاتىغان. بۇ ئۇرۇق ـ قەبىلىلەرنىڭ ئىچىدىكى نۇرغۇنلىرى كېيىن خۇيخې( 回纥 )، خۇيخۇ( 回鹘 )، ۋېيۋۇئېر ( 畏兀儿 )، جۇملىدىن ئۇيغۇر ( 维吾尔 ) مىللىتىنى شەكىللەندۈرگەن ئەڭ مۇھىم ئېتنىك مەنبەلەر ئىدى» ㉘ دەپ قارايدۇ.

بۇ خىل قاراشقا چى چىڭشۈن قاتارلىق كىشىلەرنى ۋەكىل قىلىپ كۆرسىتىشكە بولىدۇ.

(5) بەشىنچى خىل قاراشتىكىلەرگە سۇ بىخەي ئەپەندىنى ۋەكىل قىلىپ كۆرسىتىشكە بولىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ «قانقىللاردىن قۇچۇ ئۇيغۇرلىرىغىچە» (从车师到高昌回鹘) دېگەن ئەسىرىدە، ئىككى خەن سۇلالىسى دەۋرلىرىدە تۇرپان ۋە تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىدىكى رايونلاردا ياشىغان قوش — قانقىللار (车师) نى ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى دەپ قاراپ، قوشلار ئېگىز چاقلىق ھارۋىلارنى ئىشلىتىشكە ماھىر بولغانلىقتىن قانقىل دەپ ئاتالغانلىقىنى، قوش — قانقىللارنىڭ ھۇن ئاقسۆڭەكلىرى بىلەن ئۇزۇن مۇددەت كۈرەش قىلىپ ئاخىرىدا موڭغۇلىيە يايلىقىدىكى تېلىلار بىلەن قوشۇلۇپ، قانقىل (高车) دەپ ئاتالغانلىقىنى، تارىخىي پاكىتلاردىن قارىغاندىمۇ قوش، قانقىل، تېلىلارنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ يىلتىزداش ئەجدادلىرى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ[29].

(6) ئالتىنچى خىل قاراشتىكىلەرگە گۇ باۋ ئەپەندىنى ۋەكىل قىلىپ كۆرسىتىشكە بولىدۇ. ئۇ دىڭلىڭ، تېلى ۋە خۇيخېلار ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئاساسلىق ئېتنىك مەنبەسى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن قوشۇۋېلىنغان، بۇرۇن جەنۇبىي شىنجاڭدا ياشىغان ھەرقايسى دېھقانچىلىق مىللەتلىرىمۇ ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئېتنىك مەنبەسىنى تەشكىل قىلغۇچى مۇھىم قىسىملىرى ھېسابلىنىدۇ، دەپ قارايدۇ[30].

(7) يۇقىرىقى قاراشلاردىن باشقا، يەنە ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسىنى موڭغۇللارغا باغلايدىغان، ھەتتا ئەرەبلەرگە باغلايدىغان بىر قىسىم ئەپسانە ـ رىۋايەت تۈسىدىكى خاتىرىلەرمۇ بار. لېكىن بۇ خىل قاراشلار نۆۋەتتە تەتقىقاتچىلار تەرىپىدىن قوللىنىلمايدىغان بولدى.

يۇقىرىقىلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى مەسىلىسى خېلى مۇرەككەپ مەسىلە. بۇ ھەقتە يازما ماتېرىياللاردىكى خاتىرىلەرنى ئارخېئولوگىيىلىك تېپىلمىلار بىلەن بىرلەشتۈرۈپ تارىخشۇناسلىق، ئارخېئولوگىيە، تىلشۇناسلىق، مىللەتشۇناسلىق ۋە مەدەنىيەت ئانتروپولوگىيىسى قاتارلىق جە-

ھەتلەردىن داۋاملىق تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

ھەممىمىزگە مەلۇمكى، مىللەت ئىرقىنىڭ ئورتاق گەۋدىسى ئەمەس ياكى قەبىلىلەرنىڭ ئورتاق گەۋدىسى ئەمەس. ئۇ تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا شەكىللەنگەن كىشىلەر توپىنىڭ ئورتاق گەۋدىسى. شۇڭا، ئايرىم ئۇرۇق، قەبىلە ياكى قەبىلە ئىتتىپاقى ئارقىلىق مەلۇم مىللەتنىڭ ئېتنىك مەنبەسىنى بېكىتىپ قويۇش ئانچە توغرا بولمىغان ئۇسۇلدۇر. ئۇرۇق، قەبىلە بولسا قانداشلىق مۇناسىۋەت ئۈستىگە قۇرۇلغان ئىتتىپاق بىرلىكى، لېكىن بۇنداق قانداشلىق مۇناسىۋەت ئۈستىگە قۇرۇلغان ئىتتىپاق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا ئۆزگەرمەيدىغان نەرسە ئەمەس. ھەرقانداق بىر مىللەت مەلۇم بىرقانچە قەبىلە، ئۇرۇق ۋە مىللەتنى ئۆزىگە ئېتنىك مەنبە قىلىدۇ. بولۇپمۇ شىمالدىكى كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ كۆچۈشى، يۆتكىلىشچانلىقى ئىنتايىن زور، ئارىسىدىكى قوشۇلۇش دائىم يۈز بېرىپ تۇرىدىغان بولغاچقا، بۇ مىللەتلەرنىڭ تەرەققىيات جەريانى ئادەتتە يەنە مىللەتلەرنىڭ قوشۇلۇش جەريانى بولۇپمۇ ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، تارىختىكى مىللەتلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە توختالغاندا، بىز بىر مىللەتنى قانداقتۇر مەلۇم بىر - ئىككى ئەجداد ئۇرۇقتىن ياكى ئەجداد قەبىلىدىن كېلىپ چىقىپ ئاۋۇغان، دەپ ھۆكۈم قىلالمايمىز، ئەكسىچە ئۇنى نۇرغۇنلىغان ئورتاق گەۋدىنىڭ قوشۇلۇشى جەريانىدا شەكىللەنگەن، ئەتراپىدىكى ھەرقايسى قەبىلە، مىللەتلەر بىلەن زىچ ئالاقە قىلىش جەريانىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ھەم تەرەققىي قىلغان، دەپ تونۇيمىز، ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسىدىمۇ بۇ مەسىلىگە سەل قارىماسلىق كېرەك.

ئېلىمىزنىڭ كلاسسىك خەنزۇچە تارىخ كىتابلىرىدىن «ۋېينامە. قانقىللار تەزكىرىسى» ۋە «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى. قانقىللار تەزكىرىسى» دە: «قانقىللار (ئېگىز ھارۋىلىقلار) قەدىمكى قىزىل دىلارنىڭ ( 赤狄 ) بىر قىسمى بولۇپ، ئەڭ دەسلەپ دىلى ( 狄历 ) دەپ ئاتالغان، شىمالدىكىلەر چىلى ( 敕勒 ) دەپ ئاتىغان. شيالىقلار قانقىللار، دىڭلىڭلار دەپ ئاتىغان. ئۇلار دى ( 狄 )، ئۇيغۇر ( 袁纥 )، قۇغۇرسۇ ( 斛律 )، چاپىش ( 解批 )، قىرغىز ( 护骨 )، ئىل تېكىن ( 异奇斤 ) قاتارلىق قەبىلىلەردىن (ئالتە

قەبىلىدىن) تەركىب تاپقان» ، «قانقىللار 12 ئۇرۇقتىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇلار چىپولى، تېلى، ئىلجان، تارلان، قوغا، تاربوقان، ئايرون، بايان، ئېركىن، بۆركلى (تۇماقلىق) ، قىئۇي، يۇسۇپى قاتارلىقلاردۇر» ㉛ دېيىلگەن. «كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» دە: «ئۇيغۇرلار ( 回纥 ) هۇنلارنىڭ ئەۋلادلىرى بولۇپ، كېيىن ۋېي سۇلالىسى دەۋرىدە تېلى ( 铁勒 ) قەبىلىلىرى دەپ ئاتالغان، ئۇلار قامىتى ۋىجىكرەك، ئەمما چەبدەس - جەسۇر ئىدى، ئېگىز چاقلىق هارۋىلارنى ئىشلىتەتتى، تۇركلەرگە قارايتتى» ㉜ دەپ خاتىرىلەنگەن. «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» دە: «ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى هۇنلاردۇر، ئۇلار ئېگىز چاقلىق هارۋىلارنى ئىشلىتەتتى. شىمالىي ۋېي سۇلالىسى دەۋرلىرىدە قانقىللار دەپ ئاتالغان، يەنە چىلى ( 敕勒 ) دەپمۇ ئاتالغان. بۇ سۆز تېلى ( 铁勒 ) دىن ئۆزگىرىپ كەلگەن. ئۇلار ئۇيغۇر ( 袁纥 ) ، سىر- تاردۇش، قىبئار، تۇبا، قورىقان، دۇلانغۇت، بۇگۇت (بارغۇت) ، بايىرقۇ، تۇڭرا، قۇن، ئىزگىل(سىير) ، قۇشۇ، قۇمۇق (چىگىل، ئايغىر) ، ئاتئېز، ئاقشىد قاتارلىق 15 قەبىلىدىن تەركىب تاپقان. ئۇلارنىڭ ھەممىسى چۆللۈكنىڭ شىمالىغا تارقىلىپ ئورۇنلاشقان. ئۇيغۇر ( 袁纥 ) قەبىلىسى يەنە ئوغۇز ( 乌护 ) ياكى ۋۇخې ( 乌纥 ) دەپمۇ ئاتىلىدۇ. سۈي سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە ۋېيخې( 韦纥 ) دەپ ئاتالغان. دايې يىللىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، يۇەنخې قەبىلىسى بۇگۇت(بارغۇت) ، تۇڭرا، بايىرقۇ قەبىلىلىرى بىلەن بىرلىشىپ، تۇركلەرگە قارشى ئىسيان كۆتۈرۈپ، ئۆزلىرىنى ئېركىن دەپ ئاتاپ، خۇيخې ( 回纥 ) دەپ ئاتالغان» ㉝ دېيىلگەن.

تېلى قەبىلىلىرىنىڭ ئەينى دەۋردىكى تارقىلىپ ئورۇنلاشقان زېمىن دائىرىسى ھەققىدە «سۈينامە. تېلىلار تەزكىرىسى» دە: «تېلىلار ئەسلىدە هۇنلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى بولۇپ، ئۇرۇق - قەبىلىسى ئىنتايىن كۆپ ئىدى. ئۇلار ئابسكۇن (كاسپى دېڭىزى) دىن شەرققە قاراپ تاغ - جىلغىلارنى بويلاپ ئورۇنلاشقان بولۇپ، تۇغلا دەرياسىنىڭ شىمالىي تەرەپلىرىدە بۇگۇت (بارغۇت) ، تۇڭرا، ۋېيخې (ئۇيغۇر) ، بايىرقۇ، بۆركلى قەبىلىلىرى بار، ئۇلار ئېر-

كىن دەپ ئاتىلىدۇ. موچۇر، تۇرگىت، ئىزگىل، قۇن، قوغۇرسۇ قاتارلىق قەبىلىلەرنىڭ يارامىلىق 20 مىڭ ئەسكىرى بار. ئىۋىرغول (قۇمۇل) نىڭ غەربى، ئاگنى (قارا شەھەر) نىڭ شىمالىدىكى ئاقتاغ (تەڭرى تېغى) نى بويلاپ، چىنى، بۇرۇچ، ئازلار، سۇبۇناخ (ناگە)، ئوغۇز، قىرغىز، ئېرتوش، ئۇنقۇ قەبىلىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ يارامىلىق 20 مىڭ ئەسكىرى بار. ئالتۇن تاغنىڭ (ئالتاي تېغى) غەربىي جەنۇبىدا سىر - تاردۇش، جىلار (چەرۇق)، زاباندىر، داچى قاتارلىق قەبىلىلەر جايلاشقان بولۇپ، 10 مىڭدىن كۆپ ئەسكىرى بار. كانگىيەنىڭ (سەمەرقەند) شىمالى، ئىدىل دەرياسى (ۋولگا دەرياسى) بويلىرىغا ئادىز، گاسار (هازار)، بولغار، پەچەنەك، ئارال دېڭىزلىقلار، گەبىش (چەبىش)، چەرچەس، يەمەك، گوت قاتارلىق قەبىلىلەر تارقالغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ 30 مىڭدىن كۆپرەك ئەسكىرى بار. كاسپى دېڭىزىنىڭ شەرقىي ۋە غەربىي تەرەپلىرىدە سوغناق (سارىغۇر)، ساسكىن، مۇككىرىپ (مۇكشاس)، ساخە (چېركىس) قاتارلىق قەبىلىلەر جايلاشقان بولۇپ، سەككىز مىڭدىن ئارتۇق ئەسكىرى بار. رۇمنىڭ (رىم) شەرقىدە ئىنقۇ، ئەلەن (ئالاس)، باشقىرت، قۇتغۇر قاتارلىق قەبىلىلەر جايلاشقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ 20 مىڭغا يېقىن ئادىمى بار. شىمالىي دېڭىزنىڭ جەنۇبىدا دۇبۇ (تۇبول) قاتارلىقلار بار. گەرچە ئۇلارنىڭ ئۇرۇق - قەبىلىلىرى ھەر خىل بولسىمۇ، لېكىن ھەممىسى تېلىلار دەپ ئاتىلاتتى. ئۆزلىرىنىڭ خانى يوق بولۇپ، شەرقىي ۋە غەربىي تۈركلەرگە قارام ئىدى. شەھەر - قورغانلاردا تۇرماي، ئوت، سۇ قوغلىشىپ كۆچۈپ يۈرەتتى ··· غەرب تەرەپكە يېقىن جايلاشقانلىرى كۆپىنچە باغۋەنچىلىك، ئېكىنچىلىك بىلەن شۇغۇللىناتتى. قوي، كالىلىرى كۆپ ئىدى، يىلقىسى ئاز ئىدى» [34] دېيىلگەن.

بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، تارىختىكى دى، دىڭلىڭ، قانقىل (ئېگىز هارۋىلىقلار)، تېلىلار بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ چوڭقۇر تارىخىي ئىلتىزداشلىق مۇناسىۋىتى بار، قەدىمكى ئۇيغۇرلار ئەنە شۇ قەدىمكى دىلارنىڭ شىمالىي دىلار دېيىلگەن تارمىقىدىن كېلىپ چىققان، شىمالىي دىلار بولسا ئېلىمىزدە ئەڭ بۇرۇن

ياشىغان بىرنەچچە قەدىمكى مىللەتنىڭ بىرى بولۇپ، مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 2000 ـ يىللاردا ئېلىمىزنىڭ غەربىي شىمالىي رايون-لىرىدا ئوردوس ۋادىسىنى مەركەز قىلىپ پائالىيەت ئېلىپ بارغان ھەمدە خۇاشيا مىللىتىنىڭ ئايرىم قەبىلىلىرى بىلەن قوشنا ياشى-غان. ئەسلىدە شيا، شاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدىن ئىلگىرىلا ئېلى-مىزنىڭ شىمالىي تەرەپلىرىدە گۈيفاڭ ( 鬼方 ) دەپ ئاتىلىدىغان قەبىلە بار ئىدى. شاڭ، جۇ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە گۈيفاڭلار يەنە دى ( 翟 ياكى 狄 ) دەپ ئاتالغان. چىن ۋە ئىككى خەن دەۋرلىرىدە دىلار يەنە دىڭلىڭ ( 丁零 ، 丁灵 ) ياكى دىلى ( 狄历 ) دېگەن ناملار بىلەن ئاتالغان. مىلادىيە 3 ـ ئەسىردىن كېيىن يەنە داۋاملىق چىلى ياكى تېلى دەپ ئاتالغان. بۇ نامىلار گەرچە ھەر خىل يېزىلىسى-مۇ، بىراق ئاھاڭ جەھەتتىن بىر ـ بىرىگە يېقىن، يەنى بىر مىللەت نامىنىڭ ئوخشاش بولمىغان ئاھاڭ تەرجىمىسى، ھەممىسى قەدىمكى مىللەت نامى بولغان «تۈرك» دېگەن نامنىڭ خەنزۇچە ھەر خىل ئاھاڭ تەرجىمىسىدىن ئىبارەت㉟. شاڭ، جۇ دەۋرلىرىدە دىڭلىڭلار چارۋىچىلىقنى ئاساس، ئوۋچىلىقنى قوشۇمچە كەسىپ قىلغان بىر مىللەتكە ئايلانغان بولۇپ، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقى-رىشتا برونزا قوراللار دەۋرىگە كىرگەن. كېيىن دىڭلىڭلارنىڭ بىر قىسمى ئوردوس ۋادىلىرىدىن شەرق ۋە شىمال تەرەپلەرگە، يەنى سىبىرىيە ۋە موڭغۇلىيىدىكى بايقال كۆلى ۋادىلىرىغا كۆچۈپ پائا-لىيەت قىلغان. كېيىن ئۇ يەردە «قاراسۇق» مەدەنىيىتى دېگەن مەشھۇر برونزا مەدەنىيىتى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن. يەنە بىر قىسمى ئوب دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى كوزنىتس ئويمانلىقى، يېنى-سەي دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى مىنوسىنسكى ئويمانلىقى ۋە ئالتاي تاغلىق رايونلىرىدا مەركەزلىك ئولتۇراقلاشقان. ھۇنلار ھا-كىمىيىتى دەۋرىدە، ئۇلار «ھۇنلار بىلەن ئېلىپ بارغان ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئۇرۇش جەريانىدا، ئۆزلىرىنىڭ ئورتاق گەۋدە بولۇش ئېڭىنى كۈچەيتكەن». 4 ـ ئەسىرگە كەلگەندە قانقىللار (يەنى تېلى قەبىلىلىرى) شەرقىي قانقىللار ۋە غەربىي قانقىللار دەپ ئايرىم ئاتالغان، خەنزۇچە ھۆججەتلەردە «ئۇيغۇر» دېگەن نام مانا مۇشۇ چاغلاردا تارىخىي كىتابلاردا كۆرۈلىدۇ. «ۋېينامە. قانقىللار

تەزكىرىسى» دە قانقىللارنىڭ ئەڭ ئاساسلىق قەبىلىسى ۋە يولباشچىسى سۈپىتىدە «يۈەنخې» لار تىلغا ئېلىنىدۇ. ئالىملار شەرقىي قانقىللارنىڭ تەركىبىدىكى يۈەنخېلارنى ۋە غەربىي قانقىللارنىڭ تەركىبىدىكى ۋۇخې، ۋۇخۇلارنى ئۇيغۇر دېگەن سۆزنىڭ ئوخشىمىغان تەرجىمىسى، بۇنى «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» دە ئېيتىلغان «يۈەنخېلار ۋۇخۇ، ۋۇخې دەپ ئاتالغان، سۈي دەۋرىگىچە ۋېيخې دەپمۇ ئاتالغان» دېگەن بايانلار دەلىللەيدۇ، دەپ قارايدۇ㊱ . دېمەك، ئۇيغۇر دېگەن نام ئەسلىدە قانقىل قەبىلە ئىتتىپاقىدىكى بىر قەبىلىنىڭ نامى بولسىمۇ، كېيىنكى تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا ئۇ «ئۇيغۇر» قەبىلىسىنى يادرو قىلغان بارلىق قانقىل قەبىلىلىرىنىڭ نامى بولۇپ قالغان. ياڭ شېڭمىن ئەپەندى بۇ ھەقتە توختىلىپ: «شەرقىي قانقىل قەبىلىلىرى ناھايىتى كۆپ تىلى قەبىلىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى، بۇ قەبىلىلەرنىڭ ئىچىدە داڭلىق ئىككى گۇرۇھ بولۇپ، بىرى ئۆزلىرىنى توققۇز ئوغۇز ( 九姓乌护 ) دەپ ئاتايتتى. يەنە بىرى ئۆزلىرىنى ئون ئۇيغۇر ( 十姓回纥 ) دەپ ئاتايتتى. بۇ ئىككى گۇرۇھ كېيىنچە ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ يادروسىنى تەشكىل قىلغانىدى»㊲ دەيدۇ. بۇ شۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇكى، تارىختىكى دى، دىڭلىڭ، تېلى، قانقىللارنىڭ ھەممىسى قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ مۇھىم ئېتنىك تەركىبلىرى بولۇپ، ئۇلار كېيىن تۈرك خانلىقى دەۋرىگە كەلگەندە ئىچكى ۋە تاشقى جەھەتلەردىكى بېسىملارغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن تەدرىجىي ئىتتىپاقلىشىش، بىرلىشىش، قوشۇلۇش يولىغا ماڭغان، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىن ئۇيغۇر دېگەن ئومۇمىي نامنى قوبۇل قىلغان. «سۈينامە» دىكى خاتىرىلەردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، 4 — 5 ـ ئەسىرلەردە، ھەتتا ھۇنلار غەربىي يۇرتقا ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرلەردىلا دىڭلىڭ، تېلى ياكى قانقىللارنىڭ غەربىي قىسمى تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالى، ئالتاي تېغى، جۇڭغارىيە ئويمانلىقى، يەتتە سۇ ۋادىلىرىغا ماكانلىشىپ، بۇ يەردىكى غەيرىي تۈركىي خەلقلەر بىلەن ئۆزئارا قوشۇلۇپ ياشاپ، تەدرىجىي تىل ـ يېزىق، ئۆرپ ـ ئادەت، مەدەنىيەت ۋە ئېڭىلىك جەھەتتە تۈركلىشىش ۋەزىيىتىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان.

نەتىجىدە غەربىي يۇرتنىڭ بوستانلىق ۋە يايلاقلىرىدا ياشىغان قەدىم-كى قەبىلە - مىللەتلەرمۇ كېيىن ئۇلارغا قوشۇلۇپ، قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبەلىرىنى تەشكىل قىلغۇچى خەلقلەردىن بولۇپ قالغان.

شۇڭا، يېقىنچاقلاپ ئېيتقاندا، قەدىمكى شەرقىي قانقىللارنىڭ ئالتە چوڭ قەبىلىسىنىڭ بىرى بولغان يۈەنخېلار، غەربىي قانقىل-لارنىڭ بىر قەبىلىسى بولغان ئوغۇزلار (ۋۇخۇلار)، سۈي دەۋرىدىكى ۋېيخېلار، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى خۇيخې، خۇيخۇلار قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ بىۋاسىتە ئېتنىك مەنبەسى بولۇپ، ئۇلارنىڭ مەنبە-سىنى دى، شىمالىي دى، دىڭلىڭ، تېلى، قانقىللارغىچە سۈرۈشكە بولىدۇ، شۇنداقلا يەنە «ئۇيغۇرلار نوپۇسى كۆپ، يۇكسەك ئىقتى-سادىي تەرەققىيات ۋە مەدەنىيەتكە ئىگە مىللەت» بولۇپ شەكىللى-نىش جەريانىدا، ئۇلارغا «كېيىنچە تەكرىتېغىنىڭ جەنۇبىي ئېتى-كىدىكى توخار تىلىدا (قارا شەھەر تىلى ۋە كۇچار تىلى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) سۆزلىشىدىغان ۋە قۇرۇم تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى قارۇشتى تىلىدا سۆزلىشىدىغان تېرىم مىللەتلىرىمۇ قوشۇلغان» ھەم ئۇلار «ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ قالغان» دېيىشكە بولىدۇ ㊳.

## 4 § . شەرقىي ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ باش كۆتۈرۈپ چىقىشى

قەدىمدە ئالتاي تېغى ۋە تەكرىتېغىنىڭ شەرقىدىكى موڭغۇلىيە ئېگىزلىكى، جەنۇبىي سىبىرىيە دالاسى ۋە گەنسۇ ۋادىلىرىدا ياشى-غان شەرقىي ئۇيغۇر قەبىلىلىرى سېلىنگا، ئورخۇن، تۇغلا دەريا-سى ۋادىلىرىدا توققۇز ئۇيغۇر، ئون ئۇيغۇر دەپ ئاتالغان ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئىتتىپاقىنى مەيدانغا كەلتۈرگەن. بۇ ئۇيغۇر قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنىڭ شەكىللىنىپ چىقىشى كېيىنكى تارىخىي جەريانلاردا ھەرقايسى شەرقىي ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنى بىرلەشتۈرۈش، مۇنتىزىم ئۇيغۇر ئىتتىپاقى گەۋدىسىنى شەكىللەندۈرۈپ چىقىش ۋە كېيىنكى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، شۇن-

ـداقلا ئۇنىڭ شىمالنى ئاسىيا يايلىقىدا كۈچلۈك دۆلەت بولۇپ
شەكىللىنىپ چىقىشىدا ناھايىتى زور تۈرتكىلىك روللارنى ئوينىپلا
قالماستىن، بەلكى يەنە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىپتىنىك تەرەققىياتىدىمۇ ۋە
سىياسىي ھاياتىدىمۇ يېڭى بىر دەۋرنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن.
مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 3 ـ ئەسىرگە كەلگەندە، شەرقىي ئۇيـ
غۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى ھېسابلانغان شىمالىي دىلار خەنزۇچە تارىـ
خىي ماتېرىياللاردا شەرقىي دىڭلىڭلار دېگەن نام بىلەن ئاتىلىشقا
باشلاپ، بايقال كۆلىنىڭ جەنۇبىدىكى تۇغلا دەرياسىنىڭ شىمالىي
تەرەپلىرىدە دىڭلىڭ قەبىلىلىرى بىرلەشمىسىنى تەشكىل قىلغان.
فەن ۋىنلەن ئەپەندىنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا، ئەينى دەۋردە بۇ
دىڭلىڭ قەبىلىلىرى بىرلەشمىسىگە «ئۇيغۇر، سىر ـ تاردۇش،
قىبئار، تۇبا (توقبات)، قورىقان، تالانغۇت، بارغۇت، بايىرقۇ،
تۇڭرا، قۇن (ھۇن)، ئىزگىل، قۇشۇ، قۇمۇق (ئايغىر)، ئادىز
(ئاتىئىز)، ئاقشىددىن ئىبارەت 15 قەبىلە قاتناشقانىدى» ㊴.
مەلۇمكى، «قەبىلە بىرلەشمىسىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ئۇرۇق تۈزۈـ
مىنىڭ يىمىرىلگەنلىكىنىڭ باشلىنىشى، جۈملىدىن مىللەت ئورتاق
گەۋدىسى بولغان خەلق بارلىققا كېلىشىنىڭ ئالدىنقى شەرتى ئىدى.
مۇشۇ دەۋرلەردە شەرقىي ئۇيغۇر قەبىلىلىرى (شەرقىي دىڭلىڭ
قەبىلىلىرى) ئىتتىپاقىنى تەشكىل قىلغان غوللۇق قەبىلىلەردىن
يۈەنخې (ئۇيغۇر) قاتارلىق قەبىلىلەر موڭغۇلىيە يايلىقىنىڭ شىماـ
لىدىكى سېلىنگا دەرياسى ۋادىلىرىنى بويلاپ جەنۇبقا، يەنى موڭغۇـ
لىيە يايلىقىنىڭ مەركىزىي رايونلىرىغا قاراپ سۈرۈلگەن. بىراق،
مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 4ـ ئەسىردە موڭغۇلىيە يايلىقىنىڭ جەنۇب
تەرىپىدىكى ئوردوس يايلىقى ۋە چوغاي تاغلىرى ئەتراپىدا ياشايدىغان
ھۇنلار كۈچىيىپ، موڭغۇلىيە يايلىقىدىكى بارلىق قوۋم ۋە قەبىلىـ
لەرنى ئۆزىگە بويسۇندۇرۇپ كۈچلۈك ھۇن ئىمپېراتورلۇقىنى قۇـ
رۇپ چىقتى. نەتىجىدە موڭغۇلىيىدىكى شەرقىي دىڭلىڭلارمۇ، ئالـ
تاي، تەڭرىتېغىنىڭ غەربى ۋە جەنۇبىدىكى غەربىي دىڭلىڭلارمۇ
ھۇن ئىمپېراتورلۇقىنىڭ تەركىبىگە كىرىپ، بارلىق ئوقيا تۇتقان
خەلقلەر بىر ئائىلە بولۇپ ئۇيۇشتى» ㊵. ھۇن ئىمپېراتورلۇقى
دەۋرىدە شەرقىي دىڭلىڭلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى زور دەـ

رىجىدە تەرەققىي قىلىپ، ئەمەلىي كۆچى تەدرىجىي ئېشىپ بېرىپ، شەرقىي دىڭلىڭ قەبىلىلىرى ئىتتىپاقى تېخىمۇ مۇستەھكەملىنىش ۋە بىرلىشىش يولىغا قاراپ ماڭدى. كېيىن ھۇنلار غەربكە سۈرۈ-لۈشكە باشلاپ، مىلادىيە 2 ـ ئەسىردىن كېيىن موڭغۇلىيە يايلىقىدىنىڭ جەنۇبىدا سيانپىلار تەدرىجىي كۆچىيىپ، مىلادىيە 3 ـ ئەسىرگە كەلگەندە ئۇلار موڭغۇلىيە يايلىقىنىڭ جەنۇبىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى قولىغا ئېلىۋالدى. يەنە مىلادىيە 4 ـ ئەسىرگە كەلگەندە چوڭ ھىنگان تاغلىرى ئەتراپىدا ياشايدىغان جۇرجانلارمۇ كۆچەيىپ، تەدرىجىي ھالدا موڭغۇلىيە يايلىقىدىكى ئورخۇن ۋە تۇغلا دەرياسى ۋادىلىرىغا كېڭىيىپ، شەرقىي دىڭلىڭلارنى ئۆز ھۆكۈمرانلىقىغا ئېلىۋالدى. نەتىجىدە شەرقىي دىڭلىڭ قەبىلىلىرى سيانپى خانلىقى بىلەن جۇرجان خانلىقىنىڭ بېقىندىسىغا ئايلىنىپ قالدى. بۇ دەۋرلەردە دىڭلىڭلار خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردا تېلى، گاۋچې (قانقىل) دەپ ئاتىلىشقا باشلىدى.

جۇرجان خانلىقى بىلەن سيانپى خانلىقىنىڭ قوش زۇلۇمى ئاستىدا شەرقىي دىڭلىڭ قەبىلىلىرى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مۇقىم سىياسىي گۇرۇھ بولۇپ ئۇيۇشۇشقا قاراپ يۈزلەندى. ليۇ جىشياۋ ئەپەندىنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا، شەرقىي ئۇيغۇرلار «بۇ چاغدا ئورخۇن دەرياسى ۋادىسىنىڭ ئىككى تەرىپىگە قاراپ يۈزلەنگەن، ئۇلارنىڭ ئاساسىي قىسمى تۇغلا دەرياسى تەرەپكە كۆچكەن»، «نوپۇسىنىڭ تەبىئىي كۆپىيىشى ۋە ئەتراپىدىكى قەبىلىلەرنى ئۆزىگە قوشۇۋېلىش نەتىجىسىدە، تەخمىنەن جۇرجان ھاكىمىيىتىنىڭ كېيىنكى مەزگىللىرىدە ئۇيغۇرلار ئىچىدە ياغلاقار (ئاپۇرغۇر)، قورتارغۇر (قاتارغار)، دىرىمار، بايىرسىق، ئابدال، قاسار، قوغۇرسۇ (قۇلاس)، ئوۋۇغار، سابار (ساروغار) دىن ئىبارەت توققۇز ئۇرۇقداش قوۋم شەكىللەنگەن. بۇ ئۇرۇقداش قوۋملار بىرلىشىپ توققۇز ئۇيغۇر دەپ ئاتالغان»④①. جۇرجان خانلىقى ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىگە كەلگەندە، ئالتاي تېغىنىڭ جەنۇبى (جۇڭغارىيە ئويمانلىقى) ۋە تۇرپاننىڭ غەربىي شىمالىدا ياشايدىغان، ئەسلىدە جۇرجانلارنىڭ «تۆمۈر تاۋلايدىغان قۇللىرى» ھېسابلىنىدىغان ئاشىنا تۈركلىرى باش كۆتۈرۈپ چە-

قىپ، مىلادىيە 552 - يىلى بومىن قاغان باشچىلىقىدا موڭغۇلىيە يايلىقىدىكى ئۆتۈكەن تېغىنى مەركەز قىلىپ، داڭلىق كۆكتۈرك خانلىقىنى قۇرۇپ چىقتى. «كۆكتۈرك خانلىقىنىڭ تېررىتورىيىسى شەرقتە لياۋ خەي دېڭىزىدىن غەربتە ئارال دېڭىزىغىچە، جەنۇبتا چوڭ قۇملۇقتىن شىمالدا شىمالىي دېڭىزغىچە بولۇپ، شەرقتىن غەربكە ئون مىڭ چاقىرىمدىن ئارتۇق، جەنۇبتىن شىمالغا بەش - ئالتە مىڭ چاقىرىم كېلەتتى»㊷. نەتىجىدە تېلى دېگەن نامدا ئاتىلىپ كېلىۋاتقان بارلىق شەرقىي ۋە غەربىي ئۇيغۇر قەبىلىلىرى، شۇنداقلا تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇب ۋە شىمالىدىكى ئۇيغۇرلارمۇ كۆكتۈرك خانلىقىنىڭ تەركىبىگە كىردى.

شەرقىي ئۇيغۇرلار كۆكتۈرك خانلىقى دەۋرىدە خانلىقنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىپ، بۇ خانلىقنىڭ گۈللىنىشى ۋە قۇدرەت تېپىشى ئۈچۈن ئۆز ھەسسىسىنى قوشتى، شۇڭا كۆكتۈرك ھۆكۈمرانلىرى «توققۇز ئوغۇزلار ئۆز خەلقىم ئىدى»㊸ دېگەن. نۆۋەتتە تارىخ تەتقىقاتچىلىرىمۇ «ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىدا تۈرك خانلىقى دەۋرى مۇھىم بىر دەۋر ھېسابلىنىدۇ. موڭغۇل دالاسىدىكى ئورخۇن، تۇغلا ۋە سېلىنگا دەرياسى بويلىرى ئۇيغۇرلار كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ماكان بولۇپ قالغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇيغۇر دېگەن نام قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنىڭ نامىغا ئايلانغان، بۇ قەبىلىلەر ئىتتىپاقى ئۇيغۇر، بارغۇت، قۇن، بايىرقۇ، تۇڭرا، ئىزگىل، قىبىئار، باسمىل (ئابوس)، قارلۇقتىن ئىبارەت توققۇز ئوغۇز قەبىلىلىرىدىن تەركىب تاپقان»㊹ دەپ ھېسابلايدۇ. بۇ توققۇز ئوغۇزلارغا كېيىن ئاتىئىز قەبىلىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئۇلار تارىختا يەنە «ئون ئۇيغۇرلار» دەپمۇ ئاتالغان. ئىرانلىق تارىخچى راشىددىننىڭ «جامىئۇل تاۋارىخ» دېگەن ئەسىرىگە ۋە يېقىنقى زامان ئالىملىرىنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا، «توققۇز ئۇيغۇر» ۋە «ئون ئۇيغۇر» دەپ ئاتالغان ئۇيغۇر قەبىلە ئىتتىپاقى تەركىبىگە كىرگەن ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئەڭ دەسلەپ ئورخۇن ۋە تۇغلا دەرياسى بويىدا ياشىغان بولۇپ، ئورخۇن دەرياسى ۋادىسىدا (ئۇنىڭ تارماق ئېقىنلىرى بويىدا) ياشىغانلىرى «ئون ئۇيغۇرلار» (يەنى ئون ئوغۇز)، تۇغلا

دەرياسى ۋادىسىدا (ئۇنىڭ تارماق ئېقىنلىرى بويىدا) ياشىغانلىرى «توققۇز ئۇيغۇرلار» (ياكى توققۇز ئوغۇز) دەپ ئاتالغان، ھەر بىر ئۇرۇق ئۆزى ياشىغان دەريانىڭ نامىنى ئۆز ئۇرۇقىنىڭ نامى قىلىغان㊺ . دېمەك، تۈرك خانلىقى دەۋرى شەرقىي ئۇيغۇرلارنىڭ مۇھىم بىرلىشىش يولىغا قاراپ ماڭغان دەۋرى بولغان. كېيىن شەرقىي ئۇيغۇرلار، يەنى توققۇز ئۇيغۇر، توققۇز ئوغۇز (ئۇن ئۇيغۇر) خەلقى ئۆزىنىڭ مۇستەقىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، شەرقىي تۈرك خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىرى بىلەن ئۈزلۈكسىز كۈرەشلەرنى ئېلىپ بارغان، شۇڭا تارىخىي ماتېرىياللاردا «تۈرك خانلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىن ھەربىي يۈرۈشلىرىدە شەرقىي ئۇيغۇرلارنىڭ (تېلىلارنىڭ) بايلىقىدىن پايدىلىنىپ، شىمالىي دەشتلەرنى تىزگىنلىدى، شۇڭا شەرقىي ئۇيغۇر قەبىلىلىرى تۈرك ئاقسۆڭەكلىرىگە ئادەتتىن تاشقىرى ئۆچ ئىدى» دېيىلگەن㊻ . شەرقىي ۋە غەربىي تۈركلەرنىڭ چوڭ قاغانى «ئىشبارا قاغان ئۆلگەندىن كېيىن شەرقىي تۈركلەر ئۈچ قاغاننىڭ ئۆزئارا تىركىشىپ تۇرۇشىدەك بۆلۈنمە ھالەتكە چۈشۈپ قالدى»، بۇنداق پۇرسەتتىن پايدىلانغان شەرقىي ئۇيغۇرلار — توققۇز ئۇيغۇر، توققۇز ئوغۇز قەبىلىلىرى ئۆز كۈچلىرىنى تېز سۈرئەتتە راۋاجلاندۇرۇپ، ئۆزئارا ئالاقىنى مۇستەھكەملەپ، مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن جىددىي تەييارلىقلارنى قىلدى. نەتىجىدە مىلادىيە 600 - يىلدىن باشلاپ تۈرك خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى شەرقىي ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ (يەنى ھەرقايسى تېلى قەبىلىلىرىنىڭ) تۈرك خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى قوزغىلىڭى پارتلاپ، تۈرك خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى لىڭشىتىپ قويدى، شۇ يىلى شەرقىي ۋە غەربىي تۈركلەرنىڭ چوڭ قاغانى ئاتىلىدىغان غەربىي تۈركلەرنىڭ ئىنال قاغانى (587 — 604 - يىللار) ھەرقايسى شەرقىي ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ قوزغىلىڭىدا ئۆلدى. «غەربىي تۈركلەرنىڭ تاردۇش قاغانى بولسا بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، تەسىر كۈچىنى كېڭەيتىپ، شەرقىي تۈرك خانلىقىغا بېسىپ كىرىپ، قۇملۇقنىڭ شىمالىدا ئۆزىنى بىلگە قاغان دەپ ئاتاپ، زور كۆلەمدە قىرغىنچىلىق قىلدى، بۇنىڭ بىلەن شەرقىي تۈرك خانلىقىنىڭ ئىچكى

قىسمىدا زور قالايمىقانچىلىق كېلىپ چىقتى»[47]. سۈي سۇلالىسى جەنۇب تەرەپتىن، ھەرقايسى شەرقىي ئۇيغۇر قەبىلىلىرى (تېلى قەبىلىلىرى) شىمالدىن ئىسكەنجىگە ئېلىش جەريانىدا، تاردۇش قاغان ئۆز يېرىدە تۇرالماي چىڭخەي بىلەن شىنجاڭنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى تويۇقونلارنىڭ يېرىگە قېچىپ كەتتى. بۇ چاغدا قۇملۇقنىڭ شىمالى ئاساسىي جەھەتتىن توققۇز ئۇيغۇر، ئون ئۇيغۇر خەلقلىرىنىڭ قولىغا ئۆتۈپ بولغانىدى.

تاردۇش قاغان قېچىپ كەتكەندىن كېيىن، ئىنال قاغاننىڭ ئوغلى قارا قاغان (604 — 610 - يىللار) غەربىي تۈركلەرنىڭ قاغانى بولدى. ئۇنىڭ تەختكە چىقىشى بىلەن خانلىق ئىچىدىكى ئەسلىدىنلا بار بولغان ھەر خىل سىنىپىي ۋە مىللىي زىددىيەتلەر تېخىمۇ كۈچىيىپ، شەرقىي ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ تۈرك خانلىقىدىن بۆلۈنۈپ ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل خانلىق تىكلىشىگە پۇرسەت يارىتىپ بەردى. تارىخىي ماتېرىياللاردا يېزىلىشىچە، قارا قاغان شەرقىي ئۇيغۇر قەبىلىلىرىگە (تېلى قەبىلىلىرىگە) ئىنتايىن ئۆچ بولۇپ، مىلادىيە 605 - يىلى (سۈي سۇلالىسى دايې 1 - يىلى) شەرقىي ئۇيغۇرلارنىڭ ھەرقايسى قەبىلىلىرىدىن ئىنتايىن ئېغىر باج- سېلىق يىغىش ھەققىدە پەرمان چۈشۈرگەن ھەم قوشۇن ماڭدۇرۇپ شەرقىي ئۇيغۇرلارنىڭ ھەرقايسى قەبىلىلىرىنىڭ (ھەرقايسى تېلى قەبىلىلىرىنىڭ) باج - سېلىق تاپشۇرالمىغانلىرىغا ھۇجۇم قىلغان ۋە بۇلاڭ - تالاڭ يۈرگۈزگەن. كېيىن ئۇ شەرقىي ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ مۇشۇ ئىش تۈپەيلىدىن قوزغىلاڭ قىلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئۆزىچە ئىشنىڭ ئالدىنى ئالماق بولۇپ، سىر - تاردۇش قەبىلىسى ئىسيان كۆتەرمەكچى دىگەننى باھانە قىلىپ، ھەرقايسى شەرقىي ئۇيغۇر قەبىلىلىرى (تېلى قەبىلىلىرى) نىڭ ئاقساقاللىرىدىن بىرنەچچە يۈز كىشىنى يىغىپ ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن.

قارا قاغاننىڭ بۇ قىلمىشى شەرقىي ئۇيغۇرلارنىڭ ھەرقايسى قەبىلىلىرىنى (يەنى توققۇز ئۇيغۇر، ئون ئۇيغۇر خەلقلىرىنى) چۆچۈتەلمەيلا قالماستىن، ئەكسىچە ئۇلارنىڭ غەزىپىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇۋەتتى. ئۇلار قوزغىلاڭ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، قارا

قاغانغا قارشى ئاتلاندى. قارا قاغاننىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئەسلىدىلا ئاجىز بولغاچقا، قاراقاغان قوزغىلاڭنىڭ زەربىسى ئاستىدا ئۆتۈكەن تېغىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى «شىمالىي ئوردىسى» نى غەربكە 1000 چاقىرىمدىن ئارتۇقراق كېلىدىغان يەرگە كۆچۈرۈشكە مەجبۇر بولۇپ، «ئۇيسۇنلارنىڭ كونا زېمىنى بولغان ھازىرقى ئىلى دەرياسى ۋادىسىغا قېچىپ باردى»[48]. نەتىجىدە شۇ يىلى تۇغلا دەرياسى ۋادىسىدىكى ئۇيغۇر، بارغۇت، تۇڭرا، بايىرقۇ قاتارلىق توققۇز ئۇيغۇر، ئون ئۇيغۇر (توققۇز ئوغۇز) خەلقلىرى تۈرك خانلىقىدىن بۆلۈنۈپ چىقىپ مۇستەقىل بولغانلىقىنى جاكارلىدى. ئۇلار توققۇز ئۇيغۇر ئىتتىپاقى ئىچىدىكى ياغلاقار ئۇرۇقىدىن بولغان پەم - پاراسەتلىك تېكىن ئېركىن دېگەن كىشىنى قاغان قىلىپ سايلىدى. بۇ شەرقىي ئۇيغۇرلار تارىخىدا ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدىن ئىلگىرى توققۇز ئۇيغۇر، ئون ئۇيغۇر ئىتتىپاقى تەرىپىدىن قۇرۇلغان دەسلەپكى ھاكىمىيەت تەشكىلى ئىدى. بۇ ھەقتە «كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» دە: «دايې تۇنجى يىلى (يەنى 605 - يىلى) تېلى قەبىلىلىرى ئىچىدىكى بارغۇت، تۇڭرا، ئۇيغۇر، بايىرقۇ قاتارلىق قەبىلىلەر بىرلىشىپ، ئۆزلىرىنى ئېركىن دەپ ئاتىدى، كېيىن يەنە ئۆزلىرىنى ئۇيغۇر دەپ ئاتىدى»[49] دېيىلگەن بولسا، «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» دە: «ئۇيغۇرلار بارغۇت، تۇڭرا، بايىرقۇ قاتارلىق قەبىلىلەر بىلەن بىرلىشىپ ئاسىيلىق قىلىپ ئۆزلىرى ئېركىن بولۇۋېلىپ، ئۆزلىرىنى ئۇيغۇر دەپ ئاتاشتى»[50] دېيىلگەن. نۆۋەتتە تەتقىقاتچىلار «يېڭى تاڭنامە» دىكى «ئاسىيلىق قىلدى» دېگەنلىك تۈركلەردىن ئايرىلىپ چىقىپ مۇستەقىل بولدى دېگەنلىكتۇر[51]، دەپ ھېسابلايدۇ. مىلادىيە 605- يىلىدىكى تۈركلەرنىڭ قارا قاغانغا قارشى كۆتۈرۈلگەن شەرقىي ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ قوزغىلىڭى جەريانىدا، ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئىتتىپاقى ئاساسىدىكى ھاكىمىيەت تەشكىلى دەسلەپكى قەدەمدە قۇرۇلغان بولۇپ، ئاساسلىق پائالىيەت رايونلىرى موڭغۇلىيە يايلىقىنىڭ شىمالىدىكى سۇ، ئوت - چۆپلىرى مول بولغان سېلىنگا، تۇغلا ۋە ئورخۇن دەرياسى ۋادىلىرى بولغان، بارگاھى تۇغلا دەرياسى بويىدا بولۇپ، موڭغۇلىيە يايلىقىنىڭ جەنۇبىدىكى

كەڭ رايونلار يەنىلا سۈي سۇلالىسىنىڭ ھامىيلىقىغا ئۆتكەن جەنۇ-
بىي تۈركلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولغان. تارىخىي ماتېرىياللاردا
«7 - ئەسىر ئۇيغۇرلار جەمئىيىتى فېئودالىزمغا قاراپ ئىلگىرىلى-
گەن دەۋر ئىدى» دېيىلگەن. توققۇز ئۇيغۇر، ئون ئۇيغۇرلار
«شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بىرلىككە كەلگەن فېئوداللىق خانلىق قۇ-
رۇشقا كىرىشتى»㊷ . ياغلاقار ئۇرۇقى شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇيغۇر-
لاردا قاغان ئۇرۇقى بولۇپ قالدى، ئۇيغۇر ( 回纥 ) دېگەن نام
ئەسلىدە توققۇز ئوغۇز (ئون ئۇيغۇر) لارنىڭ ئىچىدىكى بىر قەبى-
لىنىڭ نامى بولغان بولسا، بۇ مەزگىلگە كەلگەندە پۈتكۈل شەرقىي
ئۇيغۇرلارنىڭ، يەنى توققۇز ئوغۇز، ئون ئۇيغۇرلارنىڭ ئورتاق نامى
بولۇپ قالدى. خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردىمۇ شەرقىي ئۇيغۇر
قەبىلىلىرى بۇرۇن تېلى دەپ يېزىلغان بولسا، ئەمدىلىكتە خۇيخې
(ئۇيغۇر) ياكى توققۇز ئۇيغۇر خانلىقى㊸ دەپ خاتىرىلىنىشكە
باشلىدى.

تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇر قەبىلە ئىتتىپا-
قى ھاكىمىيىتىنى قۇرغۇچى ئېركىن مىلادىيە 605 - يىلىدىن
616 - يىلىغىچە جەمئىي 11 يىل تەختتە ئولتۇرغان بولۇپ، ئۇنىڭ
ئىش - پائالىيەتلىرى تارىخنامىلەردە كۆپ تىلغا ئېلىنمىغان㊹ ،
لېكىن ئېركىننىڭ ۋارىسى، ئۇنىڭ ئوغلى بوسات بۇ ئىتتىپاقنىڭ
تەرەققىيات تارىخىدا مۇھىم شەخس ھېسابلىنىدۇ. بوساتنىڭ تەخت-
كە چىققان ۋاقتى تۈركلەر ئاجىزلاشقان، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە سۈي
سۇلالىسى (581 — 618 - يىللار) دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ ئوت
يالقۇنىدا قالغان دەۋرلەرگە توغرا كەلدى. «كونا تاڭنامە» ۋە
«يېڭى تاڭنامە» لەردە بوسات ۋە ئۇنىڭ ئىش - پائالىيەتلىرى
توغرىسىدا خېلى ئېنىق خاتىرىلەر قالدۇرۇلغان بولۇپ، «يېڭى
تاڭنامە. ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» دە: «بوسات جاسارەتلىك، تەدبىر-
لىك، ئۇستا مەرگەن ئىدى، جەڭگە باشلامچىلىق بىلەن كىرەتتى،
ھۇجۇم قىلغاندا يەڭمەي قالمايتتى، يېڭىلگەنلەرنى بويسۇندۇرماي
قالمايتتى» ، «ئۇنىڭ ئانىسى ئورقۇن قاتۇن ناھايىتى كەسكىن،
تەدبىرلىك ئايال بولۇپ، قوۋملار ئىچىدە يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنى
كەسكىنلىك بىلەن تىنچىتاتتى»㊺ دېيىلگەن. بۇنىڭدىن مەلۇمكى،

بوسات باتۇرلۇق ھەم پەم - پاراسەتتە تەڭ يېتىلگەن، قابىلىيەتلىك دۆلەت ئەربابى بولۇپ، ئۇنىڭ تەختكە ۋارىسلىق قىلىشى، يەنى ئېنىقراق ئېيتقاندا «قاغانلىق تەختىگە ۋارىسلىق قىلىش تۈزۈمىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ئۇيغۇرلار تارىخىدا دەۋر بۆلگۈچ زور ئىش ھېسابلىنىدۇ»، شۇنداقلا بۇ توققۇز ئۇيغۇرلار ئىچىدىكى ياغلاقار ئۇرۇقىنىڭ قاغان ئۇرۇقلىق ئىمتىيازىنىڭ تىكلىنىشى بولۇپمۇ ھېسابلىنىدۇ. بوسات تەختكە ۋارىسلىق قىلغاندىن كېيىن ئۆزىنى «ئالپ ئېلتەبىر» (يەنى ئۇلۇغ قاغان) دەپ ئاتاپ، تۇغلا دەرياسى بويىدا ئۆز ئوردىسىنى قۇردى[56]. ئۇ شۇنىڭدىن كېيىن توققۇز ئۇيغۇر، توققۇز ئوغۇز (ئون ئۇيغۇر) خەلقىگە باشچىلىق قىلىپ، يېڭىدىن قۇرۇلغان خانلىقنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن قەبىلىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىتتىپاقلىقنى تېخىمۇ مۇستەھكەملەپ، «ئۆتۈكەن تېغىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى سېلىنگا، ئورخۇن ۋە تۇغلا دەرياسى ۋادىلىرىنى ئاساسىي جەھەتتىن كونترول قىلدى»[57]. ئۆتۈكەن تېغىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى بۇ رايونلار چوڭ چۆللۈكنىڭ شىمالى بويىچە سۇ، ئوت - چۆپى ئەڭ مول، نوپۇسى كۆپ، ئىستراتېگىيەلىك ئورنى مۇھىم رايون بولۇپ، كىمىكى بۇ رايوننى كونترول قىلىۋالسا، پۈتكۈل موڭغۇل يايلىقىنىڭ سىياسىي ھوقۇقى شۇنىڭ ئىلكىدە بولاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن كۆكتۈرك ھۆكۈمرانلىرىمۇ «مەن شۇنچە كۆپ جايلارغىچە قوشۇن تارتىپ باردىم، (لېكىن) ئۆتۈكەن تېغىدىن ياخشى جاي زادى يوق ئىكەن، ئەلنى ئىدارە قىلىدىغان يەر ئۆتۈكەن تېغى ئىكەن»[58] دېگەن.

بوسات دەۋرىدە توققۇز ئۇيغۇر، توققۇز ئوغۇز (ئون ئۇيغۇر) قەبىلىلىرى چوڭ چۆللۈكنىڭ شىمالىدا تېزدىن قۇدرەت تېپىپ چوڭ چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدىكى شەرقىي تۈرك خانلىقىغا نىسبەتەن خەۋپلىك بىر سىياسىي كۈچكە ئايلاندى. بەزى ماتېرىياللاردا دېيىلىشىچە، بۇ دەۋرلەرگە كەلگەندە توققۇز ئوغۇز قەبىلىلىرىنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلار 50 مىڭ قوشۇنغا، بارغۇتلار 10 مىڭ قوشۇنغا، بايىرقۇلار 20 مىڭ قوشۇنغا (بەزى ماتېرىياللاردا 10 مىڭ قوشۇن دېيىلىدۇ)، تۇڭرالار 30 مىڭ قوشۇنغا، ئىزگىللار 30 مىڭ قوشۇنغا (جەمئىي 150 مىڭدەك قوشۇن) ئىگە بولغان[59] بولۇپ،

بۇ ئالپ ئېلتەبىربوسات دەۋرىدە ئۇيغۇر ئىتتىپاقىنىڭ شىددەت بىلەن مۇستەھكەملىنىپ، موڭغۇل ئېگىزلىكىدە قۇدرەتلىك سىياسىي كۈچ سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىققانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

شەرقىي تۈرك خانلىقى چوڭ چۆللۈكنىڭ شىمالىنىڭ ئۆز قولىدىن چىقىپ كېتىپ، ئۇ يەردە ئۆزىگە قارشى مۇستەقىل سىياسىي كۈچنىڭ بارلىققا كېلىشىگە قەتئىي قارشى ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە دەل مۇشۇ ۋاقىتتا، يەنى تاڭ سۇلالىسى جېنگۇەن تۇنجى يىلى (مىلادىيە 627 - يىلى) «ئىچكى موڭغۇلدىكى يەنمو تېغى (燕末山، ئالتاي تېغىنىڭ شەرقىي بۆلىكى) باغرىدا ياشاۋاتقان سىر - تاردۇش قەبىلىسىنىڭ باشلىقى ئىنان 70 مىڭ تۈتۈننى باشلاپ غەربىي تۈركلەردىن ئايرىلىپ، تۇغلا دەرياسىنىڭ جەنۇبىغا كۆچۈپ كېلىپ توققۇز ئوغۇز قەبىلىلىرى بىلەن بىرلەشتى ، بۇ ئىشقا غەزەپلەنگەن شەرقىي تۈركلەرنىڭ قاغانى ئىلىك (620 — 630 - يىللار) بار كۈچى بىلەن شىمالغا يۈرۈش قىلىپ، چوڭ چۆللۈكنىڭ شىمالىنى توققۇز ئوغۇز ۋە سىر - تاردۇش خەلقىدىن تارتىۋېلىشقا كىرىشتى»(60). «يېڭى تاڭنامە» دە خاتىرىلىنىشىچە، شۇ يىلى (627 - يىلى) شەرقىي تۈركلەرنىڭ قاغانى ئىلىك ئۆزىنىڭ جىيەن ئوغلى يوقوق شادنىڭ باشچىلىقىدا 100 مىڭ كىشىلىك قوشۇن ئەۋەتىپ توققۇز ئوغۇزلار ئۈستىگە يۈرۈش قىلدۇغاندا، بوسات 5000 ئەسكەرگە باشچىلىق قىلىپ مالىشەن تېغىدا يوقوق شادنى ئومۇمىيۈزلۈك تارمار قىلىپ تەگرىتېغىغىچە قوغلاپ بېرىپ، ئاز قوشۇن ئارقىلىق كۆپ قوشۇن ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشتەك تارىخىي مۆجىزە ياراتقان، نەتىجىدە ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ قېتىمقى غەلىبىسى ئارقىلىق شەرقىي تۈرك خانلىقى زاۋاللىققا يۈز تۇتۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ھەيۋىسى ۋە كۈچ - قۇدرىتى پۈتۈن شىمالنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈۋەتكەن(61). بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتىن كېيىن «شۇ يىلى تاتابى، قىتان ۋە شەرقىي تۈرك خانلىقىغا بېقىنغان ئوتتۇرا ئاسىيا سوغدىلىرى ۋە بىر بۆلەك كۆكتۈرك پۇقرالىرىمۇ توققۇز ئوغۇزلار قوزغىلىڭىغا ئاۋاز قوشۇپ، كەڭ كۆلەملىك قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن»(62). شۇنىڭ بىلەن، چوڭ چۆللۈكنىڭ شىمالى پۈتۈنلەي دېگۈدەك توققۇز ئوغۇزلار ۋە سىر- تاردۇش قەبىلىلىرىنىڭ

قولىغا ئۆتتى، چوڭ چۆللۈكنىڭ جەنۇبىلا شەرقىي تۈركلەرگە تەۋە
بولدى. بۇ چاغدا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە سۈي سۇلالىسى ئاغدۇرۇ-
لۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا تاڭ سۇلالىسى (618 — 907 - يىللار)
قۇرۇلغاندى، تاڭ سۇلالىسى موڭغۇل دالاسىدىكى ھاكىمىيەتلەرگە
نىسبەتەن «يىراقتىكىلەر بىلەن دوست بولۇپ يېقىندىكىلەرگە ھۇ-
جۇم قىلىش» تاكتىكىسىنى قوللىنىپ، چوڭ چۆللۈكنىڭ شىمال-
دىكى توققۇز ئوغۇز، سىر - تاردۇش قەبىلىلىرى بىلەن بىرلى-
شىپ، چوڭ چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدىكى قوشنىسى شەرقىي تۈركلەر-
نى ئىسكەنجىگە ئېلىپ، ئاخىر ئۇنۇملۇك غەلىبىگە ئېرىشتى.
مىلادىيە 630 - يىلى تاڭ سۇلالىسى جەنۇب تەرەپتىن، ئۇيغۇرلار
شىمالدىن شەرقىي تۈركلەرنى ئىسكەنجىگە ئېلىپ ھۇجۇم قىلىپ،
ئۇلارنى يوقاتتى، ئىلىك قاغان تاڭ سۇلالىسىگە ئەل بولدى، شۇ-
نىڭ بىلەن موڭغۇل دالاسىدا توققۇز ئوغۇزلار بىلەن سىر - تار-
دۇشلار بىردىنبىر قۇدرەتلىك كۈچ بولۇپ قېلىپ ئەسلىدىكى شەر-
قىي تۈرك خانلىقىنىڭ زېمىنىغا ئىگە بولدى. سىر - تاردۇشلار-
نىڭ ئاقساقىلى ئىنان ئۆزىنى قاغان دەپ جاكارلاپ، ئۇيغۇر - سىر -
تاردۇش خانلىقىنى قۇرۇپ، ئۆتۈكەن تېغىدا ئۆز بارگاھىنى تىكلى-
دى. نەتىجىدە شەرقىي تۈركلەرنىڭ يوقىلىشى بىلەن پۈتۈن ئوتتۇرا
ئاسىيا، موڭغۇل دالاسىنىڭ ۋەزىيىتىدە چوڭ ئۆزگىرىش بولۇپ،
شەرقتىكى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە تاڭ سۇلالىسى، موڭغۇلىيە دالى-
سىدا ئۇيغۇر - سىر - تاردۇش خانلىقى، ئوتتۇرا ئاسىيادا (شىن-
جاڭمۇ بۇنىڭ ئىچىدە) غەربىي تۈرك خانلىقى، چىڭخەي، شىزاڭ
رايونلىرىدا تىبەت خانلىقى تەڭلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشتەك ۋەزى-
يەت شەكىللەندى.

موڭغۇلىيە يايلىقىدا «ئۇيغۇرلار بىلەن سىر - تاردۇشلار ئەڭ
قۇدرەتلىك كۈچلەر» بولۇپ قالغاندىن كېيىن، يەنە ئۇيغۇرلار
بىلەن سىر - تاردۇشلارنىڭ موڭغۇل يايلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى
تالىشىش كۈرىشى كېلىپ چىقتى. بۇ كۈرەشنىڭ سەۋەبى ئاسلى-
قى سىر - تاردۇش خانلىقىنىڭ قاغانى ئىنان (630 — 645 -
يىللار) نىڭ توققۇز ئۇيغۇر، توققۇز ئوغۇز (ئون ئۇيغۇر) خەلقى
بىلەن تۈرك خانلىقىغا قارشى كۈرەشلەردە تۈزگەن ئىتتىپاقلىق

ئەھدىنى يىرتىپ تاشلىغانلىقى ئىدى. نەتىجىدە سىر ـ تاردۇش
خانلىقى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ـ توقۇنۇش-
لار كۈندىن ـ كۈنگە كەسكىنلىشىپ باردى، ئەمما بوسات موڭغۇ-
لىيە يايلىقىنىڭ جەنۇبىدىكى كۈچلۈك دۆلەت تاڭ سۇلالىسىنىڭ
قايىسى تەرەپنى قوللايدىغانلىقىنى ئېنىق بىلمىگەچكە، سىر ـ تار-
دۇشلارغا قارشى يېنىكلىك بىلەن ھەرىكەت قىلىشقا جۈرئەت قىلال-
مىدى. دەل مۇشۇنداق ۋەزىيەت ئاستىدا، مىلادىيە 636 ـ يىلى
بوسات قاغان ۋاپات بولۇپ، ئورنىغا ئۇنىڭ ئوغلى تومىد تەختكە
چىقتى. «تومىد ئۇيغۇرلار تارىخىدىكى مەشھۇر سىياسىيون» بو-
لۇپلا قالماستىن، بەلكى كېيىنكى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭمۇ
قۇرغۇچىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ دادىسى بوساتنىڭ ئورنىغا
ۋارىسلىق قىلغاندىن كېيىن ئۆزىنى ئۇلۇغ ئېلتەبىر دەپ ئاتىدى.
ئۇلۇغ ئېلتەبىر تومىد دەۋرىدە ئۇيغۇر قەبىلە ئىتتىپاقى تېخىمۇ
مۇستەھكەملىنىش ۋە گۈللىنىش باسقۇچىغا كىردى، ئەكسىچە سىر ـ
تاردۇش خانلىقى مىلادىيە 641 ـ يىلى (تاڭ سۇلالىسى جىنگۇەن
15 ـ يىلى) تاڭ سۇلالىسىگە قارشى ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولۇپ،
ئىچكى ۋە تاشقى زىددىيەتلىرى تېخىمۇ كۈچىيىپ كەتتى، بولۇپمۇ
مىلادىيە 642 ـ يىلى سىر ـ تاردۇشلار بىلەن تاڭ سۇلالىسى
ئوتتۇرىسىدىكى «قۇدىلىق ئەھدىنىڭ تاڭ تەيزۇڭ تەرىپىدىن بىكار
قىلىنىشى، سىر ـ تاردۇش خانلىقىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى زىددى-
يەتنى تېخىمۇ كەسكىنلەشتۈرۈۋەتتى» [63]. تاڭ سۇلالىسى شۇنىڭ-
دىن كېيىن سىر ـ تاردۇش خانلىقىغا نىسبەتەن «سىر ـ تاردۇش-
لار بىلەن ھەرقايسى ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت-
نى كەسكىنلەشتۈرۈش ھەم ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش» [64]
تاكتىكىسىنى يۈرگۈزۈپ، ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنى ئۆزىگە ئىتتىپاقچى
قىلىپ تارتتى. دەل مۇشۇنداق ۋەزىيەتتە، سىر ـ تاردۇش خانلى-
قىنىڭ خانى ئىنان قاغان ئۆلۈپ، ئورنىغا ئوغلى دومى قاغان
بولدى. «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» دە
خاتىرىلىنىشىچە، «دومى قاغان ئالدىراقسان، ھەسەتخور ۋە شەپ-

قەتىسىز ئادەم بولغاچقا، ئاتىسى مەزگىلىدىكى ئەمەلدارلارنىڭ ھەممىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئۆزىنىڭ يېقىن ئادەملىرىنى ئىشقا قويغان. بويسۇنمىغانلارنىڭ ھەممىسىنى قىرغىن قىلغان، بۇنىڭ بىلەن خەلقى ئەنسىزچىلىككە چۈشۈپ قالغان»[65]. دېمەك، دومى قاغان دەۋرىدە سىر - تاردۇش خانلىقى ئىچكى - تاشقى جەھەتلەردە زور زىددىيەتلەرگە دۇچ كەلگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە مىلادىيە 646- يىلى دومى قاغان ئۆزىنى چاغلىماي تاڭ سۇلالىسىنىڭ شىمالىدىكى چېگرا رايونلىرىغا ھۇجۇم قىلىپ ئېغىر مەغلۇپ بولدى. نەتىجىدە ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئىتتىپاقى ئىچكى - تاشقى ۋەزىيەتنىڭ ئۆزلىرى ئۈچۈن ئوڭۇشلۇق بولۇۋاتقان پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ شۇ يىلى شىمالدىن سىر - تاردۇش خانلىقىنىڭ ئوردىسىغا ھۇجۇم قوزغىدى، تاڭ سۇلالىسمۇ جەنۇبتىن ماسلىشىپ سەددىچىن بويلىرىدىكى لياڭجۇ ( 凉州 )، دەيجۇ ( 代州 )، يىڭجۇ ( 营州 ) ئايماقلىرىدىن قوشۇن چىقىرىپ سىر - تاردوش خانلىقىغا ھۇجۇم قىلدى، شۇنىڭ بىلەن سىر - تاردۇش خانلىقى جەنۇب ۋە شىمالدىن قىلىنغان ھۇجۇملار جەريانىدا موڭغۇل چۆللۈكىنىڭ جەنۇبىدىكى يۈنجوڭدىكى تۈركلەرنىڭ يېنىغا قېچىپ كەتتى. ئۇلۇغ ئېلتەبىر تومىد زور قوشۇن بىلەن يۈنجوڭ ( 云中 ) غا باستۇرۇپ بېرىپ دومى قاغان ۋە ئۇنىڭ بارلىق جەمەتىنى قىرغىن قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، موڭغۇل يايلىقىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا مىلادىيە 630 - يىلىدىن 646- يىلىغىچە مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن سىر - تاردۇش خانلىقى يوقالدى، ئۇنىڭ بارلىق زېمىنى ۋە پۇقرالىرىنى ئۇيغۇرلار ئىگىلىدى. ئېلتەبىر تومىد سىر - تاردۇش خانلىقىنى يوقىتىپ، ئالتاي تېغىنىڭ شەرقىدىكى موڭغۇل يايلىقىنى (ئاساسىي جەھەتتىن شىمالىي قىسمىنى) بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، ئۆز «ئوردىسىنى تۇغلا دەرياسى بويىدىن ئورخۇن دەرياسىنىڭ بويىدىكى قارا بالغاسۇن دېگەن جايغا كۆچۈردى»[66]. ئۆزىنى قاغان دەپ جاكارلاپ، تۈركلەرنى دوراپ ئەمەلدارلىق تۈزۈملىرىنى تەسىس قىلدى[67]. مانا شۇنىڭ بىلەن شەرقىي ئۇيغۇرلار يېڭى بىر دەۋرگە قەدەم قويدى.

## ئىزاھات :

①齐清顺:《维吾尔族》10 页，新疆美术摄影出版社 1996 年。

②③مەھمۇد كاشغەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى» 1 ـ توم 151 ـ، 153 ـ بەتلەر، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1981 ـ يىل.

④ 拉失德:《史集》第一卷第一册 136 页,商务印书馆 1983 年。

⑤ ئەبۇلغازى باھادىرخان: «شەجەرەئى تۈرك»، «مىراس» ژۇرنىلى 1999 ـ يىللىق 1 ـ سان 33 ـ بەت.

⑥⑦ 张星烺:《中西交通史料汇编》第一册 44—55 页，中华书局 1977 年。

⑧《魏书》130 卷《列传》第九十一,2307 页，中华书局 1974 年。

⑨ 安部健夫(日)：《西回鹘国史的研究》第 2 页，新疆人民出版社 1995 年。

⑩ «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» 56 ـ، 57 ـ بەتلەر، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1989 ـ يىل.

⑪ 欧阳修，宋祁:《新唐书》217 卷上，《回鹘传》上,6124 页,中华书局 1975 年。

⑫《西域史论丛》第一辑 2—3 页，新疆人民出版社 1985 年。

⑬ لىن گەن، گاۋزىخۇ: «قەدىمكى ئۇيغۇرلار تارىخى» 2 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000 ـ يىل.

⑭ «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» 46 ـ بەت، مىللەتلەر نەشرىياتى 1989 ـ يىل.

⑮⑯⑰⑱⑲ 刘义棠:《维吾尔研究》19，27，29,57 页,台湾正中书局印行。

⑳ 何健民 :《匈奴民族考》43 页，中华书局 1940 年。

㉑胡秋原:《丁零、突厥、回纥》9 页(参看《维吾尔研究》20 页)。

㉒ 刘义棠:《维吾尔研究》23 页。

㉓《新疆历史论文续集》74 页，新疆人民出版社 1982 年。

㉔ 穆广文:《维吾尔族起源和居地考》(载《中央民族学院学术论文集》第二册，1982 年)。

㉕ 欧阳修，宋祁:《新唐书》217 卷上，《回鹘传》上，6111 页，中华书局 1975 年。

㉖ 冯家昇等:《维吾尔族史料简编》第一册 1 页，民族出版社 1958 年。

㉗ 贺继宏:《西域论稿》90—91 页，新疆人民出版社 1996 年。

㉘齐清顺:《维吾尔族》13 页，新疆美术摄影出版社 1996 年。

㉙ 苏北海:《从车师到高昌回鹘》(载《西北史地》1983 年第 1 期)。

㉚ 谷苞:《古代新疆的音乐舞蹈与古代社会》148 页，新疆人民出版社 1986 年。

㉛《北史》98 卷《 高车传》，3270，3273 页。

㉜《旧唐书》195 卷《回纥传》,5195 页,中华书局 1975 年。

㉝《新唐书》217 卷《 回鹘传》上,6111 页，中华书局 1975 年。

㉞《隋书》84 卷《铁勒传》,1879—1880 页，中华书局 1973 年。

㉟㊲ 杨圣敏:《回纥史》6,303 页，吉林教育出版社 1991 年。

㊱ 冯家昇等:《维吾尔族史料简编》第一册 1 页，民族出版社 1958 年。

㊳ گۇباۋ: «يەنە ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسىگە ئائىت بىرقانچە مەسىلە توغرىسىدا»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1985 - يىللىق 12 - سان 10 - بەت.

㊴㊷5662 范文澜:《中国通史》第四册 62—69 页,人民出版社 1978 年。

㊵ «خەننامە» ئۇيغۇرچە نەشرى 697 - بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1993 - يىل.

㊹㊶ ليۇ جىشياۋ: «ئۇيغۇر خانلىقى ھەققىدە»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1985 - يىللىق 3 - سان.

59㊸ ئابدۇقەييۇم خوجا قاتارلىقلار: «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما» 78 — 89 - بەتلەر، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1983 - يىل.

52㊿㊺ «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» 53 -، 62 -، 68 - بەتلەر، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1989 - يىل.

㊻ «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» 157 - بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1980 - يىل.

(47)(48)(63) 段连勤:《丁零、高车与铁勒》4,9,350,355,428 页,上海人民出版社 1988 年。

(49)(66)(67)《旧唐书》195 卷《回纥传》，5195，5196 页。

(50)(55)(58)(61)《新唐书》217 卷《回鹘传》上，6111,6112 页。

(53)(64)杨圣敏：《回纥史》50,56，59,89 页，吉林教育出版社 1991 年。

(54) 刘义棠：《维吾尔研究》94,98 页，台湾正中书局。

(57) ئەھمەد سۇلايمان: «ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قۇرۇلغان ۋاقتى توغرىسىدا ئىزدىنىش»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1989 ـ يىللىق 3 ـ سان.

(60) ئەنۋەر بايتۇر، خەيرىنىسا سىدىق: «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى» 476 ـ بەت، مىللەتلەر نەشرىياتى 1991 ـ يىل.

(65)《资治通鉴》198 卷《唐纪》，6236,6237 页。

# 3 ـ باب  ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى

647 ـ يىلى ئۇيغۇرلار دۆلەت قۇرۇشقا باشلىغان بىر يىل،تومىد بولسا ئۇيغۇرلار تارىخىدىكى مەشھۇر سىياسىيوندۇر.

— فەن ۋېنلەن

## 1 § . ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قۇرۇلغان ۋاقتى

ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قۇرۇلغان ۋاقتى مەسىلىسى توغ-رىسىدا نۆۋەتتە ئېلىمىزدىكى ئىلىم ئەھلىلىرى ئارىسىدا ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل قاراش مەۋجۇت. بىرىنچى خىل قاراشتىكى-لەر «يېڭى تاڭنامە» 217 ـ جىلد «ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» قاتار-لىقلاردىكى «ئېلتەبىر تومىدقا مەرىپەت قوچقان ئۇلۇغ سانغۇن، قوشۇمچە دەشتى ماكان تۇتۇق بېگى دېگەن ئۇنۋان ھەدىيە قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يەنە ئۆزىنى قاغان دەپ جاكارلاپ، بۇرۇنقى تۈركلەرگە ئوخشاش ئۆز ئالدىغا ئەمەلدارلىق تۈزۈمى تەسىس قىلى-دى، ئالتە نەپەر تاشقى ۋەزىر، ئۈچ نەپەر ئىچكى ۋەزىردىن باشقا، يەنە تۇتۇق، سانغۇن، ئەمىرلەشكەر قاتارلىق مەنسەپلەرمۇ بار ئى-دى» ① دېيىلگەن خاتىرىلەرگە ئاساسلىنىپ، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى مىلادىيە 646 ـ يىلى تومىد دەۋرىدە قۇرۇلغان، دەپ قارايدۇ. مەسىلەن، فەن ۋېنلەن ئەپەندى «647 ـ يىلى ئۇيغۇرلار دۆلەت قۇرۇشقا باشلىغان بىر يىل، تومىد بولسا ئۇيغۇرلار تارىخى-دىكى مەشھۇر سىياسىيوندۇر»② ، شىېن يۇلياڭ ئەپەندى «بۇ ۋاقىت-تا تومىد ئۆزىنى قاغان دەپ جاكارلاپ، تۈركلەرنىڭ ئەمەلدارلىق تۈزۈملىرىگە تەقلىد قىلىپ ئەمەلدارلىق تۈزۈمى تەسىس قىلىپ، ئۇيغۇر خانلىقىنى رەسمىي قۇرۇپ چىقتى»③ ، شاڭ يەنبىڭ ئەپەن-

دى «مىلادىيە 646 ـ يىلى تومىد ئۆزىنى قاغان دەپ ئاتاپ، دۆلەت قۇردى»④، چىن ۋېيشىڭ ئەپەندى «مىلادىيە 646 ـ يىلى ئۇيغۇرلارنىڭ ئاقساقىلى تومىد ئۆزىنى قاغان دەپ جاكارلاپ، تۈركلەرنىڭ ئەمەلدارلىق تۈزۈملىرىنى دوراپ بىر يۈرۈش مۇكەممەل ئەمەلدارلىق سىستېمىسىنى تۇرغۇزۇپ چىقتى، بۇ ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنىڭ بەلگىسىدۇر، تومىد خانلىقىنىڭ قۇرغۇچىسىدۇر»⑤ دەپ ھېسابلايدۇ.

ئىككىنچى خىل قاراشتىكىلەر ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى 744 ـ يىلى كۆل بويلا ئۆزىنى قۇتلۇق كۆل بىلگە قاغان دەپ جاكارلىغان ھەمدە تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئوتۇغاتىنى قوبۇل قىلىپ قاغان دەپ ئاتالغاندا قۇرۇلغان، بۇنى ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ھەقىقىي قۇرۇلغان ۋاقتى دېيىشكە بولىدۇ، چۈنكى تومىد بىلەن كۆل بويلا ئۇيغۇر جەمئىيىتى تەرەققىياتىنىڭ ئىككى تارىخىي باسقۇچىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ، ئوتتۇرىسىدا نۇرغۇن پەرق بار⑥، دەپ قارايدۇ. بۇ خىل قاراشتىكىلەرگە فىڭ جياشىڭ ئەپەندى قاتارلىقلارنى ۋەكىل قىلىپ كۆرسىتىشكە بولىدۇ.

چەت ئەل تەتقىقاتچىلىرىنىڭ ئىچىدىمۇ ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قۇرۇلغان ۋاقتى مەسىلىسىدە ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل قاراش مەۋجۇت. رۇس تۈركولوگى س. گ. كىلياشتورنى ئۆز ئەسىرىدە «توققۇز ئوغۇز ئۇيغۇرلىرىنىڭ باشلىقى ئېلتەبىر تومىد 647 ـ يىللىرى ئەتراپىدا شىمالىي موڭغۇلىيىدىكى تۇغلا دەرياسى بويىدا دۆلىتىنى تەشكىللىگەن ... تاڭ سۇلالىسى يېڭى تەشكىل قىلىنغان بۇ خانلىقنى ئېتىراپ قىلمىغان. 660 — 663 ـ يىللىرى ئارىلىقىدا، تاڭ سۇلالىسى توققۇز ئوغۇزلار بىلەن ئۇرۇشقان بولسىمۇ غەلىبە قازىنالمىغان، ئاخىر بۇ ماجىرا تىنچ ئۇسۇل بىلەن ھەل بولغان»⑦ دەپ يازسا، فرانسىيىلىك تۈركولوگ ر. ج. خامىلتون ئۆز ئەسىرىدە، ئۇيغۇرلارنىڭ شەرقىي تۈرك خانلىقىنىڭ ئىزىدا قۇرۇپ چىققان يېڭى خانلىقى «موڭغۇلىيە رايونىدا 745 ـ يىلدىن تاكى 840 ـ يىلىغىچە مەۋجۇت بولۇپ كەلدى، 840 ـ يىلىغا كەلگەندە قىرغىزلار تەرىپىدىن ئاغدۇرۇپ تاشلاندى»⑧ دەپ يېزىپ، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قۇرۇلغان ۋاقتى كۆل

بويلا دەۋرى دەپ ھېسابلايدۇ.

دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى تەتقىقاتچىلارنىڭ ئورخۇن ئۇيغۇر
خانلىقىنىڭ قۇرۇلغان ۋاقتى مەسىلىسى توغرىسىدىكى ئوخشاش
بولمىغان قاراشلىرىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ئاساسىي جەھەتتىن بۇ-
نىڭدىن مىڭ نەچچە يۈز يىللار ئىلگىرى يېزىلغان تارىخىي ھۆججەت-
لەردىكى كەمتۈكلۈكلەردىن ۋە ئېنىقسىزلىقلاردىن كېلىپ چىق-
قان. شۇڭلاشقا، جۇڭگو تارىخىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر تەرىپى-
دىن قۇرۇلغان ھاكىمىيەتلەرنى ھەم ئۇلارنىڭ خاراكتېرى، ئورنى
ۋە رولى قاتارلىقلارنى ئوبيېكتىپ تونۇش ۋە ئۇنىڭغا باھا بېرىشتە
چوقۇم تارىخىي ھۆججەتلەردىكى خاتىرىلەرنى ئەينى دەۋرنىڭ كونك-
رېت ئەمەلىيىتى ۋە ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرگەن
ئاساستا ئىنچىكە ۋە ئەستايىدىل تەھلىل قىلىپ، دىئالېكتىك ماتې-
رىيالىزم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزم پرىنسىپلىرىغا ھۆرمەت قىلغان
ئاساستا ھۆكۈم قىلىش لازىم. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇنىڭدا ئۇيغۇرلار-
نىڭ ئۆز قەلىمى ئارقىلىق دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن مەڭگۈ
تاش يادىكارلىقلىرىدىكى خاتىرىلەرنى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى بى-
لەن ئىزچىل ئىناق ـ ئىتتىپاق ئۆتكەن، ئۆزئارا سودا، قۇدىلىق
مۇناسىۋەتلىرىنى قويۇق داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن تاڭ سۇلالىسى
دەۋرىدە تۈزۈلگەن، كېيىن كېيىنكى سۇلالىلەر دەۋرىدە تولۇقلاپ
تۈزىتىلگەن، پۈتۈلگەن خەنزۇچە ھۆججەتلەردىكى خاتىرىلەر بىلەن
ئۆزئارا سېلىشتۇرۇپ قاراش زۆرۈر.

761 — 762 ـ يىلى ئورنىتىلغان «تەس مەڭگۈ تېشى»
نۆۋەتتىكى ئورخۇن ـ يېنسەي مەڭگۈ تاشلىرى ئىچىدىكى ئورخۇن
ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تارىخىغا مۇناسىۋەتلىك مۇھىم ئابىدە بولۇپ،
ئۇنىڭ شىمالىي تەرەپ يۈزى 7 ـ قۇردىن 12 ـ قۇرغىچە بولغان
مەزمۇنىدا: «... ئۆتكەن زامانلاردا يارالغان (ياكى بارلىققا كەل-
گەن) ... ئۇيغۇر قاغانلىرى تەختكە ئولتۇردى. (ئۇلار) دانىشمەن
ۋە ئۇلۇغ قاغانلار (ئىدى). ... ئۇلار تەختتە ئولتۇردى. ئۈچ يۈز
يىلغىچە كۆپلەپ (سۆزمۇسۆز تەرجىمىسى: مىڭلاپ) ئۆز ئەللىرى-
نى باشقۇردى، كېيىن ئۇلارنىڭ خەلقى بەربات بولدى، (ئۇلارنىڭ
خەلقى؟) بۇزۇق باشلىقلارنىڭ (يامان يولغا باشلىشى بىلەن) يۈز

ئۆرۈپ بەربات بولدى، بولمىغۇر كۆلىنىڭ ۋە ئىككى مۆتىۋەرنىڭ (قۇتراتقۇلۇق قىلىشى بىلەن) بەربات بولدى ... بەدىل بەرسىل ۋە قادىر قاسار شۇ ۋاقىتتا قۇربان بولدى، شۇ خەلقىم ئۆزئارا كۆپ جاڭجاللاشتى... ئۆتكەن ۋاقىتلاردا (ئۇلار) تابغاچلارغا قارشى تۇرۇپ مەغلۇپ بولغانىدى، ئۇيغۇر قاغان ئون يىل تەختتە ئولتۇر-دى، (ئاندىن) يەنە يەتمىش يىل ئۆتتى ... تەڭرىدىن يارالغان ئەل ئەتمىش ئۇيغۇر قاغانى تەختتە ئولتۇردى»⑨ دېيىلگەن. پۈتۈكنىڭ بۇ قىسمىدا زىكىر قىلىنىشىچە، ئۇيغۇر قاغانلىرى ھوقۇق تۇتقان بىرىنچى خانلىق ئۈچ يۈز يىل داۋاملىشىپ ئاندىن يىمىرىلگەن. ئۇنىڭ ئورنىغا ئىككىنچى ئۇيغۇر خانلىقى ئالمىشىپ سەكسەن يىل (11 ـ قۇرىدا) مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ خانلىقمۇ يىمىرىلگەن. يېڭى ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ پەيدا بولۇشى كۆل بەگ بىلگە قاغان (18 ـ قۇردا) ۋە ئەل ئەتمىش بىلگە قاغان (12 ـ قۇردا) ئىسىملىرىغا باغلانغان. مۇشۇنىڭغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان مەلۇماتلار يەنە 753 ـ يىللىرى ئەتراپىدا تىكلەنگەن «تېرخىن مەڭگۇ تېشى» دىمۇ كۆرۈلىدۇ. ئۇنىڭ شەرقىي تەرەپ يۈزى 16 ـ قۇرىدىن 20 ـ قۇرىغىچە بولغان مەزمۇنىدا: «... يولغ قاغان ... بومىن قاغان (بۇ) ئۈچ قاغان تەختتە ئولتۇردى، ئىككى يۈز يىل تەختتە ئولتۇردى (17 ـ قۇر) ... ئۇلارنىڭ خەلقى غەزەپكە كېلىپ ھالاك بولدى ... ئىككى ئەمەلدارنىڭ سەۋەبىدىن ئاجىزلاشتى ۋە ھالاك بولدى. قادىر قاسار ۋە بەدىل بەرسىل داڭلىق (؟) ئوغۇز (18 ـ قۇر) ... مېنىڭ ئەجدادلىرىم تەختتە 80 يىل ئولتۇرغان. ئۆتۈكەن ئېلى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئەللەر ئىككى دەريا (سېلىنگا، تۇغلا؟) ئارىسىدا، ئورخۇن دەرياسىدا (19 ـ قۇر) ... يىل تەختتە ئولتۇرغان... يىل ئۆتتى، ئاتامنى يۇقىرىدا كۆك تەڭرى، تۆۋەندە قوڭۇر يەر، يەنە (20 ـ قۇر) مېنى بەلگىلىدى. مەن 28 يېشىمدا، يىلان يىلىدا تۈرك ئېلىنى پاراكەندە قىلدىم»⑩ دېيىلگەن. بۇنىڭدىمۇ ئۇيغۇر خانلىقلىرىنىڭ قەدىمكى تارىخى ھەققىدە سۆزلىنىپ (16 ـ، 19 ـ قۇرلار)، «ئىككى يۈز يىل تەختتە ئولتۇرغان» ئۈچ قاغان تىلغا ئېلىنغان (16ـ قۇر). ئۇلاردىن ئىككىسىنىڭ ئىسمى ساقلىنىپ قالغان بولۇپ،

ئۇلار يولغ قاغان ۋە بومىن قاغان (ئورخۇن مەڭگۈ تاشلىرىدىن قارىغاندىمۇ تۈركلەرنىڭ تۈنجى قاغانى بومىن ئىدى) دۇر. كېيىن بىرىنچى ئۇيغۇر خانلىقى يىمىرىلىپ مەلۇم بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئورنىغا ئىككىنچى ئۇيغۇر خانلىقى ئالماشقان. بۇ قاغانلىقنىڭ قاغانلىرىنى «تېرخىن مەڭگۈ تېشى» نىڭ ئاپتورى ئەل ئەتمىش بىلگە قاغان «مېنىڭ ئەجدادلىرىم» (18 ـ قۇر) دەپ ئاتىغان. بۇ خانلىق سەكسەن يىل ھۆكۈم سۈرگەن. «تېرخىن مەڭگۈ تېشى» دا ئېيتىلىشىچە، ئۈچىنچى ئۇيغۇر خانلىقى ئەل ئەتمىش بىلگە قاغاننىڭ كۈچى بىلەن بارلىققا كەلگەن. ھەممىگە مەلۇمكى، بۇ ئىككىلا مەڭگۈ تاشتا ئاساسلىق تىلغا ئېلىنغان ئەل ئەتمىش بىلگە قاغان ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدا 747 ـ يىلىدىن 759 ـ يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان قاغان بولۇپ، ئۇنىڭ نامى خەنزۇچە تارىخنامىلەردە مويۇنچۇر قاغان (磨延啜) دەپ ئاتىلىدۇ. «تەس مەڭگۈ تېشى» ئورنىتىلغان 761 — 762 ـ يىللىرى، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدا بۆگۈ قاغان (759 ـ يىلىدىن 780 ـ يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان) ئەمدىلا تەختتە ئولتۇرغان مەزگىل بولۇپ، تەتقىقاتلارغا ئاساسلانغاندا «تەس مەڭگۈ تېشى» بۆگۈ قاغان تەرىپىدىن ئۇنىڭ دادىسى ئەل ئەتمىش بىلگە قاغاننىڭ تۆھپىسىگە ئاتاپ ئورنىتىلغان. دېمەك، بۇ ئىككى مەڭگۈ تاشتىكى «ئەجداد تارىخى» نى بۆگۈ قاغان دەۋرىنى ئۆلچەم قىلىپ ئالدىغا سۈرسەك، بىرىنچى ئۇيغۇر خانلىقى مىلادىيە 487 ـ يىلىدىن 541 ـ يىلىغىچە مەۋجۇت بولغان قانقىللار تەرىپىدىن قۇرۇلغان قانقىل خانلىقىغا توغرا كېلىدۇ. ئىككىنچى ئۇيغۇر خانلىقى مىلادىيە 605 ـ يىلى بۇگۇت (بارغۇت)، تۇڭرا، پۇۋرغۇر، بايىرقۇ قاتارلىق قەبىلىلەرنىڭ ئۇيغۇر قەبىلىسى بىلەن بىرلىشىپ تۈركلەرگە قارشى ئىسيان كۆتۈرۈپ، ئۆزلىرىنى «ئېركىن» ئاتىغان ھەم مىللەت نامىنى «ئۇيغۇر» دەپ ئاتىغىنىدىن مىلادىيە 685 ـ يىلى كېيىنكى تۈرك خانلىقى شىمالىي يايلاقنىڭ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى ئۇيغۇرلاردىن تارتىۋالغۇچە بولغان دەۋرلەرگە توغرا كېلىدۇ. كونا، يېڭى تاڭنامىلەردە خاتىرىلىنىشىچە، مىلادىيە 605 ـ يىلدىن باشلاپ بىر قىسىم ئۇيغۇر قەبىلىلىرى تۈركلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن بۆلۈنۈپ

چىقىپ، ئورخۇن، تۇغلا دەرياسى بويلىرىدا توققۇز ئوغۇز ـ ئون ئۇيغۇر قەبىلە ئىتتىپاقىنى تەشكىل قىلىپ، ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل پائالىيەت قىلغان، بۇ كېيىن ئورخۇن خانلىقىنى قۇرۇشنىڭ ئاساسى بولۇپ قالغان. مەسىلەن، «كونا تاڭنامە» دە: «جېنگۇەن يىللىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا تۈركلەرنىڭ ئىلىك قاغانى قاتارلىقلار يوقۇتىلغاندىن كېيىن شىمالدا بوسات بىلەن سىر ـ تاردۇشلار ھەممىدىن بەك كۈچلىنىپ كەتتى. پادىشاھ تەيزۇڭ شىمالىي تۈركلەردىن باغاچۇرغا قاغان دېگەن ئۇنۋاننى بېرىپ، ئۇيغۇر، بارغۇت (بۆگۈ)، تۇڭرا، ئىزگىل، ئاتىئىز قاتارلىق قەبىلىلەرنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا ئەۋەتتى. ئۇيغۇرلارنىڭ ئاقساقىلى تومىد باشقا قەبىلىلەر بىلەن بىرلىشىپ سىر ـ تاردۇشلارنىڭ دومى قاغانىغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنى ئېغىر مەغلۇپ قىلىپ، ئۇنىڭ بارلىق زېمىنلىرىنى ۋە قالدۇق پۇقرالىرىنى ئۆزىگە قوشۇۋالدى. جېنگۇەننىڭ 20 ـ يىلى جەنۇبتا خېلەنشەن تېغىدىن ئۆتۈپ خۇاڭخې بويلىرىغا كېلىپ، ئەلچى ئەۋەتىپ سوۋغا ـ سالام كىرگۈزۈپ، سىر ـ تاردۇشلارنى يوقاتقانلىق تۈھپىسىنى مەلۇم قىلدى. پادىشاھ ئوردىدا زىياپەت بېرىپ كۈتۈۋالدى، ئۆزى بىۋاستە لىڭ ۋۇغا بېرىپ ئۇلارنىڭ سوۋغا ـ سالام ۋە ئىززەت ـ ئىكرامىنى قوبۇل قىلدى، تەيزۇڭ ئالتە مەھكىمە، يەتتە ئايماق تەسىس قىلىپ، مەھكىمىلەرگە تۇتۇقبېگى، ئايماقلارغا ئايماق بېگى قويىدى ۋە يەنە مەھكىمە، ئايماقلاردا دورغاپ، ئەمىرلەشكەر قاتارلىق مەنسەپلەرنى تەسىس قىلدى. ئۇيغۇر قەبىلىسى يېرىدە دەشتى ماكان تۇتۇق مەھكىمىسى تەسىس قىلىنىپ، ئېلتەبىر تومىدقا مەرىپەت قۇچقان ئۇلۇغ سانغۇن، قوشۇمچە دەشتى ماكان تۇتۇق بېگى دېگەن ئۇنۋانلار ھەدىيە قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن تومىد ئۆزىنى قاغان دەپ جاكارلاپ، بۇرۇنقى تۈركلەرگە ئوخشاش ئۆز ئالدىغا ئەمەلدارلىق تۈزۈمى تەسىس قىلىۋالدى»⑪ دېيىلگەن. «يېڭى تاڭنامە» 217 ـ جىلد «ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» دە: «تۈركلەر يوقىتىلغاندىن كېيىن، ئۇيغۇرلار بىلەن سىر ـ تاردۇشلار ئەڭ قۇدرەتلىك كۈچلەردىن بولۇپ قالدى، بوسات ئۆلگەندىن كېيىن ئېلتەبىر تومىد تەختكە ۋارىسلىق قىلدى. ئۇ باشقا قەبىلىلەر بىلەن بىرلىشىپ سىر ـ

تاردۇشلارغا ھۇجۇم قوزغاپ، ئۇلارنى يوقىتىپ، ئۇلارنىڭ يەر -
زېمىنىنى قوشۇۋالدى، خېلەنشەن تېغىدىن ئۆتۈپ دەريا بويىغا
كېلىپ، ئەلچى ئەۋەتىپ سوۋغا - سالام كىرگۈزدى. تەيزۇڭ ئۆزى
بىۋاسىتە لىڭ ۋۇغا، ئاندىن جىڭ ياڭغا بېرىپ ئۇلارنى قوبۇل
قىلدى، تېلى قەبىلىلىرىنىڭ 11 قەبىلىسى ئەلچى كىرگۈزۈپ،
‹ سىر - تاردۇشلار بۈيۈك دۆلەتكە ئىتائەت قىلماي ئۆز - ئۆزىنى
ھالاك قىلدى، ئۇنىڭ پۇقرالىرى تىرىپىرەن بولۇپ كەتتى. ھازىر
ھەر قايسىمىزنىڭ ئۆزىمىزنىڭ زېمىنلىرى بار، تەڭرىقۇتقا (تەي-
زۇڭنى دېمەكچى) ئىتائەت قىلىشنى راۋا كۆردۇق. تەڭرىقۇتنىڭ
تاڭ ئەمەلدارلىرىنى ئەۋەتىپ بېرىشىنى ئىلتىجا قىلىمىز › دېيىش-
تى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇيغۇر قەبىلىسى يېرىدە دەشتى ماكان تۇتۇق
مەھكىمىسى تەسىس قىلىنىپ، تومىدقا مەرىپەت قۇچقان ئۇلۇغ
سانغۇن، قوشۇمچە دەشتى ماكان تۇتۇق بېگى دەپ ئۇنۋان بېرىلگەن
بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئۆزىنى قاغان دەپ جاكارلاپ، بۇرۇنقى تۈرك-
لەرنى دوراپ ئەمەلدارلىق تۈزۈمى تەسىس قىلىپ، ئىچكى ۋەزىر-
دىن ئالتە، تاشقى ۋەزىردىن ئۈچى بار ئىدى، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە
تۇتۇق بەگ، سانغۇن، ئەمىرلەشكەر قاتارلىق ئەمەل - مەنسەپلەرمۇ
بار ئىدى»⑫ دېيىلگەن. «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي
ئۆرنەكلەر» نىڭ «سۈي خاتىرىلىرى» قىسمىدا بولسا، مىلادىيە
600 - يىلى تۈركلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدا بۆلۈنۈش يۈز بېرىپ،
تۇران قاغان(都兰) ئۆلتۈرۈلگەنلىكى، تاردۇش قاغان (达头)
تەختكە چىققانلىقى، سۈي سۇلالىسىنىڭ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ
تاردۇش قاغانغا ھۇجۇم قىلىپ ئۇنى مەغلۇپ قىلغانلىقى، ئۇنىڭ
ئاخىر غەربىي يۇرتتىكى تۇيۇقۇنلارنىڭ يېنىغا قېچىپ كەتكەنلىكى،
شۇنىڭ بىلەن شەرقىي تۈركلەرنىڭ پۈتۈنلەي مالىمانچىلىققا چۈ-
شۈپ قالغانلىقى، تېلى قەبىلىلىرىنىڭمۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ
تۈركلەرگە قارشى ئىسيان كۆتۈرۈپ، چۇلۇق قاغاننى (处罗)
مەغلۇپ قىلغانلىقى ھەم چۆبە قالىنى ئېل ئېتمىش باغا قاغان دەپ
ئاتاپ بۇغدا تېغىدا بارگاھ قۇرغانلىقى، سىر - تاردۇشلاردىن
ئىشبارانى كىچىك ئېل قاغان دەپ ئاتاپ ئالتاي تېغىدا بارگاھ
قۇرغانلىقى، بۇ چۆبە - سىر - تاردۇش خانلىقىنىڭ تېخىمۇ

ئىلگىرلەپ جۇڭغار ئويمانلىقى ۋە شەرقىي تەڭرىتاغ ئېتەكلىرىدىن
غەربىي تۈركلەرنىڭ كۆچىنى قوغلاپ چىقىرىپ، ئىدىقۇت، كىنە-
گىت، ئېۋىرغول قاتارلىق بەگلىكلەرنى بويسۇندۇرغانلىقى خاتىرى-
لەنگەن⑬. بۇنى دۆەن لىيەنچىن ئەپەندى «شۇنىڭ بىلەن تارىختىكى
قانقىل خانلىقىغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان چۆبە ـ سىر ـ تاردۇش
خانلىقى قۇرۇلدى»⑭ دېسە، ياڭ شېڭمىن ئەپەندى «ئۇلار ئەمەلى-
يەتتە بىر زامانلاردىكى قانقىللار ھاكىمىيىتىنى ئەسلىگە كەلتۈ-
رۈپ، ئون نەچچە يىلغىچە مۇستەقىل ياشىدى»⑮ دەيدۇ. يەنە
«ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» دە، 646 ـ
يىلى 11 ـ ئايدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئېلتەبىرى تومىدىنىڭ بارغۇت (بۆ-
گۇ)، دولانغۇت (تۆلەنگۇت)، بايىرقۇ، تۇڭرا، ئىزگىل، قۇن
(ھۇن)، قۇشۇ، قۇمۇق، ئاتېئىز (ئادىز)، چۆبە (قىبئار)،
بولشار قاتارلىق قەبىلىلەرنىڭ ئاقساقاللىرىنى باشلاپ ئوردىغا (يە-
نى تاڭ سۇلالىسى پايتەختى چاڭئەنگە) كەلگەنلىكى، 647 ـ يىلى
تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئۇيغۇر، بارغۇت، دولانغۇت، بايىرقۇ، تۇڭرا،
ئىزگىل قاتارلىق ئالتە چوڭ قەبىلىدە مەھكىمە، قۇن، قۇشۇ،
قۇمۇق، ئاتېئىز، چۆبە، ئىزگىللارنىڭ باشقا قەبىلىسى، بولشار
قاتارلىق يەتتە كىچىك قەبىلىنىڭ يېرىدە ئايماق تەسىس قىلغانلى-
قى، قەبىلە ئاقساقاللىرىنى تۇتۇق بەگ ۋە ئايماق بەگلىككە تەيىن-
لەنگەنلىكى، ئۇلارغا ئالتۇن ـ كۈمۈش، تاۋار ـ دۇردۇن، كىم-
خاب تونلارنى ئىنئام قىلغانلىقى، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئۇيغۇر
قەبىلىلىرىنىڭ تەلىپىگە بىنائەن ئۇيغۇرلارنىڭ جەنۇبى بىلەن تۈرك-
لەرنىڭ شىمالىدا تەڭرى قاغان يولى دەيدىغان بىر يولنى ياساپ،
يول بويىدا 68 جايدا ئۆتەڭ ـ راباتلارنىڭ سېلىنغانلىقى، ئۆتكەن ـ
كەچكەن ئەلچىلەرنى تەمىنلەش ئۈچۈن، بۇ ئۆتەڭ ـ راباتلاردا ئات ـ
ئۇلاغ، گۆش ۋە ھاراقلارنىڭ تەييارلانغانلىقى، شۇنىڭ بىلەن شىما-
لىي دەشتىنىڭ تىنچلانغانلىقى، بىراق ئۇيغۇرلاردىن چىققان تومىد-
نىڭ ئۆز ئالدىغا ئۆزىنى قاغان دەپ جاكارلاپ، بۇرۇنقى تۈركلەرنى
دوراپ ئەمەلدارلىق تۈزۈمى تەسىس قىلغانلىقى⑯ خاتىرىلەنگەن.
يۇقىرىقى تارىخىي ھۆججەتلەردىكى خاتىرىلەرنى ئەستايىدىل سې-
لىشتۇرۇپ مۇھاكىمە قىلساق، تۆۋەندىكىدەك خۇلاسىنى چىقىرىش

مۇمكىن:

(1) تارىخىي ھۆججەتلەردە قانقىللار ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى دەپ خاتىرىلىنىشتىن سىرت، يەنە ئۇيغۇرلار ئۆز قولى ئارقىلىق يازغان تارىخىي شەجەرىلىرىدىمۇ قانقىللارنى ئۆزلىرىنىڭ يىراق ئەجدادى دەپ تونۇغان ھەم كېيىن قۇرغان ئورخۇن خانلىقىنى ئەنە شۇ 5 ـ ئەسىردە قۇرۇلغان قانقىل خانلىقىنىڭ داۋامى دەپ قارىغان.

(2) سۇي سۇلالىسىنىڭ دايې يىلى (605 ـ يىلى) شەرقىي ئۇيغۇرلار ھاياتىدىكى مۇھىم بىر بۇرۇلۇش دەۋرى بولۇپ، يۇقىرىدىكى ھۆججەتلەردە ئاساسەن دېگۈدەك مۇشۇ يىلدىن باشلاپ ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ تۈرك خانلىقىنىڭ زۇلۇمىغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، ئۆز ھوقۇقلىرىنى قولغا ئېلىش يولىدا توختىماي كۆرەش قىلغانلىقى، ھەتتا ئەسلىدە ھەر خىل نامدا ئاتالغان قەبىلىلەرنىڭ (شەرقىي تېلى قەبىلىلىرىنىڭ) ئۇيۇشۇپ، «ئۇيغۇر» دېگەن ئورتاق نامنى قوبۇل قىلىشقا باشلىغانلىقى، بىر قىسىملىرىنىڭ ئىلگىرىكى قانقىل خانلىقىنى قايتا قۇرۇش يولىدا ئىزچىل كۆرەش قىلغانلىقى ئېنىق كۆرسىتىلگەن.

(3) 646 ـ يىلى ئۇيغۇرلار تارىخىدىكى مۇھىم بىر يىل بولۇپ، ئېلتەبىر تۇمىد خۇددى فەن ۋېنلەن ئەپەندى ئېيتقاندەك «ئۇيغۇرلار تارىخىدىكى مەشھۇر سىياسىيوندۇر». «630 ـ يىلى شەرقىي تۈرك خانلىقى ئاغدۇرۇپ تاشلانغاندىن كېيىن موڭغۇلىيە ۋادىسىدا سىر ـ تاردۇشلار بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئىتتىپاقچىلىقىدىكى سىر ـ تاردۇش خانلىقى قۇرۇلغان. 646 ـ يىلى تاڭ سۇلالىسىنىڭ جەنۇبتىن، ئۇيغۇر قاتارلىق شەرقىي تېلى قەبىلىلىرىنىڭ شىمال ۋە غەربتىن قورشاپ ھۇجۇم قىلىشى بىلەن سىر ـ تاردۇش خانلىقى يوقالغاندىن كېيىن، 647 ـ يىلى تاڭ سۇلالىسى شىمالىي يايلاق رايونىدا ئالتە مەھكىمە، يەتتە ئايماق تەسىس قىلىپ ۋە تەڭرى قاغان يولىنى ياساپ، ھەرقايسى تېلى قەبىلىلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش شەكلى ۋە ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى ئۆزگەرتمەي، ئۇلارغا ئالۋاڭ ـ ياساق سالماي، قەبىلە ئاقسۆڭەكلىرىنى مەھكىمە، ئايماقلارنىڭ تۇتۇق بەگ، ئايماق بەگلىكىگە تەيىنلەپ، ئۇلارنىڭ

داۋاملىق ئۆز مىللىتىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىنى باشقۇرۇشىغا يول
قويغان» . ىىراق 647 ـ يىلى تاڭ سۇلالىسىنىڭ چوڭ قوشۇنى
قۇملۇقنىڭ شىمالىدىن چېكىنگەن، شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنرەن
قورۇقچى بەگ مەھكىمىسىمۇ قۇملۇقنىڭ جەنۇبىدىكى قەدىمكى تەڭ-
رىقۇت قەلئەسىگە (بۈگۈنكى كوكخوت شەھىرىنىڭ شەرقىي جەنۇ-
بى) كۆچۈرۈپ كېلىنگەندىن كېيىن، ئۇيغۇرلارنىڭ ئاقساقىلى
تومىد پۈرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۆزىنى قاغان دەپ جاكارلىغان ھەمدە
شەرق ۋە غەربنى بىر تۇتاش باشقۇرۇش ئۈچۈن، ئوڭ قول ۋە سول
قول شادلارنى تەسىس قىلىپ، تۈرك خانلىقىنىڭ ئەمەلدارلىق
تۈزۈمىگە ئوخشايدىغان تۈزۈملەرنى تەسىس قىلىپ، قۇملۇقنىڭ
شىمالىدىكى ھەرقايسى قەبىلىلەرگە ھاكىمبەگلىك قىلغان» .
(4) تومىدنىڭ 646 ـ يىلى ئۆزىنى قاغان دەپ جاكارلىشىنى
744 ـ يىلى كۆل بويلانىڭ ئۆزىنى قاغان دەپ جاكارلاپ ئورخۇن
ئۇيغۇر خانلىقىنى رەسمىي قۇرۇشى بىلەن تەڭلەشتۈرگىلى بولماي-
دۇ. تومىدنىڭ ئۆزىنى قاغان دەپ جاكارلاپ تۈركلەرنى دوراپ
ئەمەلدارلىق تۈزۈمىنى تەسىس قىلىشىنى پەقەتلا ئۇيغۇرلارنىڭ تاڭ
سۇلالىسى بىلەن قۇملۇقنىڭ شىمالىنى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى تالى-
شىشى ياكى ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل خانلىق قۇرۇپ چىقىش مۇددى-
ئاسىنى ئىپادىلىشى دەپ قاراشقا بولىدۇ. لېكىن، بۇنىڭلىق بىلەن
تومىدنىڭ شەرقىي ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنى بىر ئىتتىپاق تەركىبىگە
ئۇيۇشتۇرغانلىقى، ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ شۇنىڭدىن باشلاپ قۇم-
لۇقنىڭ شىمالىدا ئەڭ قۇدرەتلىك كۈچلەردىن بولۇپ قالغانلىقى،
ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ دەسلەپكى ئاساسىنى ئەنە شۇ تومىدنىڭ
سالغانلىقىنى يوققا چىقىرىشقا بولمايدۇ.
(5) تومىدنىڭ ئۆزىنى قاغان دەپ جاكارلاپ، مۇستەقىل
خانلىق قۇرۇپ چىقىشى ئەمەلىيەتتە تاڭ سۇلالىسىنىڭ قۇملۇقنىڭ
شىمالىدىكى ھۆكۈمرانلىقى بىلەن قارىمۇقارشى ئىدى، تاڭ سۇلالى-
سى ئەلۋەتتە تومىدنىڭ خانلىق قۇرۇشىغا قوشۇلمايتتى، ىىراق تاڭ
تەيزۇڭ ئىناقلىقنىڭ ئۇرۇش قىلىشتىن ياخشىلىقىنى بىلەتتى.
شۇڭا ئۇ قۇملۇقنىڭ شىمالىغا يېنىكلىك بىلەن ھەربىي كۈچ ئىش-
لەتمەي، بەلكى كەڭ قورساقلىق بىلەن ئۇلارنىڭ يېرىم مۇستەقىل-

لىقىنى ئېتىراپ قىلغان. «تومىدمۇ ھۇنلار، تۈركلەر ۋە سىر ـ تاردۇشلارنىڭ مەغلۇپ بولۇشىدىكى تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى يەكۈنـ لەپ، ئىناقلىقنىڭ ئۈر ۋۇشۇشتىن ياخشىلىقنى بىلگەچكە، قۇمـ لۇقنىڭ شىمالىدا ئىلگىرى باش كۆتۈرگەن ھەرقانداق كۈچلۈك خانلىقلارغا ئوخشىمىغان ھالدا باشتىن ـ ئاخىر تاڭ سۇلالىسى بىلەن ئىناق مۇناسىۋەت ئورنىتىپ كەلگەن»⑰. بۇنداق مۇناسىـ ۋەت 648 ـ يىلى تومىد ئۆز جىيەنى ئوغۇر (ئۇيغۇر) ۋە تۈركلەرـ نىڭ چۆبە قاغانىنىڭ كۈيئوغلى كۇلۇگ باغا تارقان تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن تېخىمۇ مۇئەييەنلەشكەن ھەم بۇنىڭ بىلەن قۇملۇقنىڭ شىمالىنىڭ ۋەزىيىتى مۇقىملىشىپ، تاڭ سۇلالىسىـ نىڭ چوڭ دۆلەتلىك ئورنى تىكلەنگەن، ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ تاڭ سۇلالىسىنىڭ تەۋەلىكى ئاستىدىكى يېرىم مۇستەقىللىق ئورنى داـ ۋاملىق ساقلانغان.

## 2 § . تومىددىن كۆل بويلاغىچە بولغان ئۇيغۇرلارنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى

ئېلتەبىر تومىددىن كۆل بويلاغىچە بولغان دەۋر، يەنى مىلادىـ يە 646 ـ يىلىدىن مىلادىيە 744 ـ يىلىغىچە بولغان تەخمىنەن 100 يىللىق تارىخىي دەۋر ئۇيغۇرلار تارىخىدا، جۈملىدىن ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ دەسلەپكى تارىخىدا مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇ دەۋرنى ئىككى باسقۇچقا بۆلۈشكە بولىدۇ. ئۇنىڭ بىرىنچى باسقۇچى تومىددىن كېيىنكى شەرقىي تۈرك خانلىقى قۇرۇلغانغىچە بولغان تارىـ خىي جەريان، يەنى 646 ـ يىلىدىن 680 ـ يىلىغىچە بولغان جەريانـ نى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. «مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ئۇيغۇر قەبىـ لىلىرىنىڭ مۇشۇ مەزگىلدىكى ئورنى قوش ياقلىمىلىق بولغان، ئۇلار بىر تەرەپتىن تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە ئىتائەت قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن مۇئەييەن دەرىجىدە مۇستەقىللىقنى يۈرگۈزگەن. ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ بۇ قوش ياقلىمىلىق سالاھىيىتى تومىددا گەۋدىلىك ئىپادىلەنگەن»⑱. «جېنگۈەن 20 ـ يىلى (646 ـ يىلى) دىن تاكى كەيياۋ 2 ـ يىلى (682 ـ يىلى) غا قەدەر بولغان

ۋاقىت ھەم قۇملۇقنىڭ شىمالىنىڭ تاڭ سۇلالىسىنىڭ قارام مەھ-
كىمە، ئايماقلىرىنىڭ باشقۇرۇشىدا تۇرغان مەزگىلى، ھەم ئۇيغۇر-
لارنىڭ دۆلەت قۇرۇشقا تەييارلىق كۆرگەن مەزگىلى بولغان»⑲. ئىك-
كىنچى باسقۇچى كېيىنكى شەرق تۈرك خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشىدىن
كۆل بويلانىڭ باسمىللاردىن ھوقۇقنى تارتىۋېلىپ، ئۆزىنى قۇتلۇق
بىلگە كۆل قاغان دەپ جاكارلاپ ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنى رەسمىي
قۇرۇشىغىچە بولغان جەريان، يەنى مىلادىيە 680 - يىلىدىن 744-
يىلىغىچە بولغان تارىخىي جەريانىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ دەۋردە
شەرقىي تۈركلەر قايتىدىن باش كۆتۈرۈپ، تاڭ سۇلالىسىدىن بۆلۈ-
نۈپ چىقىپ، ئۆتۈكەننى قايتا قولىغا ئېلىپ، كېيىنكى شەرق
تۈرك خانلىقىنى قايتا تىكلىگەن، نەتىجىدە موڭغۇلىيە يايلىقىدا
ئېلتەبىر تومىد ۋە ئۇنىڭ ئەجدادلىرى تەرىپىدىن قۇرۇلغان ئۇيغۇر
ئىتتىپاقى پارچىلىنىپ، ئۇلارنىڭ ئاساسىي قىسمى ئۆزلىرىنىڭ
ئىلگىرىكى ماكانلىرى بولغان سېلېنگا دەرياسى ۋە تۇغلا دەرياسى-
نىڭ شىمالىدىكى رايونلارغا كۆچكەن، يەنە بىر قىسمى — خان
جەمەتى، بەزى تۆھپىكار ئاقسۆڭەكلەر جەمەتى ۋە ئۇيغۇر ئىتتىپا-
قىغا كىرگەن چۆبە، ئىزگىل، قۇن (ھۇن) قاتارلىق ئۈچ قەبىلە
جەنۇبقا كۆچۈپ گەنجۇ ۋە لياڭجۇ رايونلىرىغا كېلىپ، تاڭ سۇلالى-
سىنىڭ مەمۇرىي ئىدارىسىنى قوبۇل قىلىپ ياشىغان. «ئۇيغۇر قەبى-
لىلىرىنىڭ مۇشۇ قىسمى 843 - يىلىدىن كېيىن قۇرۇلغان گەنجۇدى-
كى ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ يادروسى بولۇپ قالغان. 727 - يىلى بۇ
توققۇز ئوغۇزلارنىڭ بىر قىسمى شۇ يەردىكى تاڭ سۇلالىسى نائىبى-
نىڭ ئىغۋاگەرچىلىكىگە قارشى ئىسيان كۆتۈرۈپ، موڭغۇلىيىدى-
كى تۈركلەر ھۆكۈمرانلىقىدىكى تېررىتورىيىگە كېتىشكە مەجبۇر
بولغان. كېيىن قۇرۇلغان ئۇيغۇر قاغانلىقىنىڭ رەھبەرلىرى ئۇي-
غۇرلارنىڭ مانا مۇشۇ قەبىلىلىرىدىن چىققان»⑳. يەنە بىر قىسىم
ئۇيغۇر قەبىلىلىرى كېيىنكى شەرقىي تۈرك خانلىقىنىڭ تەۋەلىكى-
گە ئۆتۈپ ياشىغان.

## 1. بىرىنچى باسقۇچ (646 - يىلىدىن 680 - يىلىغى-چە بولغان تارىخىي جەريان)

بۇ باسقۇچ ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىدىكى ئىنتايىن مۇھىم بىر

تەرەققىيات باسقۇچى بولۇپ، كېيىنكى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ
تىكلىنىشىگە ئاساس سېلىپ بەرگەن باسقۇچ ھېسابلىنىدۇ. مىلادى-
يە 646 - يىلىدىن مىلادىيە 681 - يىلى شەرقىي تۈركلەرنىڭ
قايتا باش كۆتۈرۈپ چىقىشىغىچە بولغان تەخمىنەن 35 يىللىق
جەرياندا ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ تارىخى ئۇلارنىڭ مەشھۇر سەركەر-
دىلىرى تېكىن ئېركىن، بوسات ۋە تومىدلارنىڭ تىرىشچانلىقىدا
سېلىنغان ئۇل ئاساسىدا داۋاملىق ئالغا قاراپ تەرەققىي قىلدى.
ئىقتىسادىي كۈچى تەدرىجىي كۈچەيدى، ھەرقايسى جەھەتلەردىكى
شۆھرىتى ۋە تەسىر كۈچى ئاشتى، ئاتلىق قوشۇنى زورىيىپ پائالى-
يەت رايونى كېڭەيدى. بۇ مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، كېيىنكى
دەۋردە كۆل بويلانىڭ ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇرۇپ چىقىشىغا پايدىلىق
شارائىتلارنى ھازىرلاپ بەردى. بۇ 35 يىللىق تارىخ جەريانىدا
ئۇيغۇر قەبىلىلىرى تومىد، بايان، بىسۇغۇردۇ قاتارلىق ئۈچ ھۆ-
كۈمرانىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولدى. ئۇلارنىڭ ئۈچىلىسىلا تاڭ سۇ-
لالىسى تەرىپىدىن ئىنئام قىلىنغان دەشتى ماكان تۇتۇق بېگى
دېگەن ئۇنۋاننى قوبۇل قىلدى. تومىد — ئۇيغۇر تارىخىدىكى مەش-
ھۇر سىياسىيون بولۇپ، ئۇنىڭ ئەڭ چوڭ تۆھپىسى شۇكى،
ھەرقايسى ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ، تاڭ سۇلالىسى بى-
لەن ئىتتىپاق تۈزۈپ، موڭغۇلىيە يايلىقىدىكى قەبىلىلەرنى بىر-
لىككە كەلتۈردى. تاشقى جەھەتتە تاڭ سۇلالىسىنىڭ دەشتى ماكان
تۇتۇق بېگى دېگەن ھۆرمەت نامىنى قوبۇل قىلىپ، تاڭ تەيزۇڭنى
ھۆرمەتلەپ، ئۇنىڭ باشقۇرۇشىنى قوبۇل قىلدى، ئىچكى جەھەتتە
ئۆزىنى قاغان دەپ جاكارلاپ، تۈركلەرنىڭ تۈزۈمى بويىچە ئەمەل-
دارلىق تۈزۈمى تەسىس قىلىپ، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇ-
رۇشقا جىددىي ئۇرۇندى.

بەزى تەتقىقاتچىلار تومىد دېگەن ئىسىم «تۇمەن چۇر» دېگەن
ئەمەل نامىدىن كېلىپ چىققان، ئۇ ئەسلىدە كىشى ئىسمى ئەمەس
ئىدى، دەپ قارايدۇ. سېن جۇڭمىيەن ئەپەندى «يېڭى تاڭنامە» دە
تىلغا ئېلىنغان تومىدنىڭ ھۆرمەت نامى بولغان « 胡禄俟利发 »
دىكى « 胡禄 » دېگىنى «كۇلۇگ» دېگەنلىك بولۇپ، مەنىسى «ئۇ-
لۇغ» دېگەنلىك دېسە، ليۇ يىتاڭ ئەپەندى « 俟利发 » دېگىنى

«ئېلتەبىر» دېگەنلىك بولۇپ، مەنىسى «ئالپ»، يەنى «قەھرى-مان»، «باتۇر»، «قەيسەر» دېگەنلىك، دەيدۇ ㉑. «تاڭنامە» دىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، تومىد ئۆزىنى ئۇلۇغ ئېلتەبىر (ياكى قۇتلۇق ئالپ) قاغان دەپ ئاتىغان ھەم تاڭ سۇلالىسى تەرىپىدىن بېرىلگەن دەشتى ماكان تۇتۇق بېگى، مەرىپەت قۇچقان ئۇلۇغ سانغۇن دېگەن مەنسەپ - ئۇنۋاننى قوبۇل قىلغان. «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» دە خاتىرىلىنىشىچە، تومىد 648- يى-لىغىچە تەختتە ئولتۇرۇپ، شۇ يىلى جىيەنى ئوغۇر (ياكى ئۇيغۇر) تەرىپىدىن قەستلەپ ئۆلتۈرۈلگەن. ئوغۇر ئەسلىدە ئۇيغۇر قەبىلە-لىرى ئىچىدىكى جاھىللار گۇرۇھىنىڭ ۋەكىلى بولۇپ، ئۇ كۆل باغا تارقان كۇلۇگ بەگ بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، ئالتاي ئەتراپىدى-كى شەرقىي تۈركلەرنىڭ چۆبە قاغانىنى قوللاپ، ئۇيغۇر قەبىلىلە-رىنى چۆبە قاغان تەرەپكە ئۆتكۈزۈش مەقسىتىدە بولغان. ئوغۇر تومىددىن ئۇيغۇر ئىتتىپاقىنىڭ ھوقۇقىنى تارتىۋېلىش مەقسىتىدە 648-يىلىنىڭ بىر كېچىسى ئون نەچچە ئاتلىق چەۋەندازنى ئەگەشتۈرۈپ، تومىدنىڭ بارگاھىغا يوشۇرۇن باستۇرۇپ كىرىپ ئۇنى ئۆلتۈرگەن ھەم چۆبە قاغاننىڭ قېشىغا قاچماقچى بولغان، بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان تاڭ سۇلالىسىنىڭ يەنرەن تۇتۇق بېگى يۈەن لىچېن ئادەم ئەۋەتىپ ئۇنى تومىدنىڭ ئورنىغا تۇتۇق بەگ قىلىپ تەيىنلەشكە ۋەدە بېرىپ ئالداپ تۇتۇپ قالغان. ئوغۇر يۈەن لىچېننىڭ ۋەدىسىگە يېنىكلىك بىلەن ئىشىنىپ، ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا سالامغا كەلگەن ۋاق-تىدا، يۈەن لىچېن ئۇنى تۇتۇپ ئۆلتۈرگەن. تاڭ پادىشاھى تاڭ تەيزۇڭ تومىدنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ھەرقايسى ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئىچىدە توپىلاڭ يۈز بېرىشتىن ۋە شىمالنىڭ تىنچىماسلىقىدىن ئەنسىرەپ، شۇ يىلى 10- ئايدا لەشكىرىي ئىشلار مەھكىمىسىنىڭ دىۋان بېگى سۈي دۈنلىنى ئالتۇن تاغ يولى ئورۇنباسار سانغۇنى قىلىپ تەيىنلەپ شىمالغا ئىشنى بېسىقتۇرۇشقا ئاتلاندۇرغان. ئۆلتۈرۈلگەن تومىدقا سول قول ھىماتچى سانغۇن دېگەن ئۇنۋاننى ھەدىيە قىلىپ، نۇرغۇنلىغان نەرسە - كېرەك، كىيىم - كېچەك سوۋغا قىلغان ھەم ئۇنىڭ ئۇچۇن نەزىر - چىراغ ئۆتكۈزگەن، ئۇنىڭ ئورنىغا ئۇنىڭ ئوغلى، سول قول شىرمەت

سانغۇن، سول قول ياندىش كەپتاۋۇل باياننى سول قول ھىماتچى ئۇلۇغ سانغۇن، ئۇلۇغ ئېلتەبىر، دەشتى ماكان تۇتۇق بېگى قىلىپ تەيىنلىگەن㉒. بۇ قېتىمقى ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئىچىدىكى ئوغۇر باشچىلىقىدىكى توپىلاڭنىڭ تىنچىتىلىشى، ئۇيغۇر قەبىلە ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالدى، قۇملۇقنىڭ شىمالىدىكى ۋەزىيەتنى يەنە بىر قېتىم مۇقىملاشتۇردى. يەنە بىر جەھەتتىن ئېيتقاندا، تاڭ سۇلالىسى مۇشۇ قېتىملىق ۋەقەنى تىنچىتىش باھانىسى بىلەن ئۇيغۇر ئاقساقاللىرىنىڭ خانلىق نامىنى بىكار قىلىپ، دەشتى ماكان تۇتۇق بېگى مەنسىپىنى قايتا ئۇنىڭ ئورنىغا دەسسىتىۋالدى. نەتىجىدە تاڭ سۇلالىسى بىلەن ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى شىمالىي يايلاقنىڭ ئەمەلىي ھۆكۈمرانلىقىنى تالىشىش زىددىيىتىمۇ كۆرۈنۈشتە ھەل بولغان بولدى، تاڭ سۇلالىسىنىڭ قۇملۇقنىڭ شىمالىنى تىزگىنلىشىمۇ كۈچەيدى.

بايان ( 婆闰 ) مىلادىيە 648 ـ يىلىدىن 661 ـ يىلىغىچە ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ ئاقساقىلى بولدى. ئۇ تاڭ سۇلالىسىنىڭ ياردىمىدە تەختكە چىققاچقا، ئۇنىڭ دەۋرىدە ئۇيغۇر قەبىلىلىرى بىلەن تاڭ سۇلالىسىنىڭ مۇناسىۋىتى ئىنتايىن يېقىن ۋە دوستانە ئۆتتى ھەم ئۇ تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئۈچ قېتىم غەربكە جازا يۈرۈش قىلىش ئۇرۇشىغا قاتنىشىپ، ئاشىنا قۇلىنىڭ ئىسيانىنى تىنچىتىپ، غەربىي تۈركلەرنى يوقىتىشقا كۈچ چىقاردى. دەسلەپتە تاڭ سۇلالىسى 650 ـ يىلى قۇملۇقنىڭ شىمالىدىكى بىردىنبىر قاغان سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ كېلىۋاتقان شەرقىي تۈركلەرنىڭ قالدۇق كۈچى بولغان چۆبە قاغانغا جازا يۈرۈشى قىلغاندا، ئۇيغۇر قەبىلىلىرىمۇ بۇ جازا يۈرۈشىگە قاتناشقان ھەم ئاساسىي كۈچ بولغان، شۇنىڭ بىلەن ئالتاينىڭ شەرقىدىكى بۆلۈنمە كۈچلەرمۇ يوقىتىلغانىدى. بىراق، مىلادىيە 651 ـ يىلى ئەسلىدە تاڭ سۇلالىسىگە ئەل بولغان غەربىي تۈركلەردىن بولغان ئاشىنا قولى غەربىي تۈركلەرنىڭ ئون ئوق قەبىلىسىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، قاش دەرياسى بىلەن مىڭلاق (چۇ دەرياسىنىڭ جەنۇبىدا) تا قارارگاھ قۇرۇپ، تاڭ سۇلالىسىگە قارشى ئىسيان كۆتۈردى، «چىگىل قەبىلىسى، چۇمۇل قەبىلىسى ۋە غەربىي يۇرتتىكى بەگلىكلەرنىڭ ھەممىسى ئۇـ

نىڭغا ئىتائەت قىلدى» . ئۇ يەنە تاڭ سۇلالىسىنىڭ كونترولluqىدى-
كى جىنلىڭ بىلەن بارىكۆلنى ھۇجۇم بىلەن ئېلىپ، ئارقىدىنلا
ئەينى دەۋردىكى يىپەك يولىنىڭ مۇھىم تۈگۈنى ھەم شەرق بىلەن
غەرب ئوتتۇرىسىدىكى مۇھىم قاتناش مەركىزى بولغان بېشبالىقنى
ئىشغال قىلىۋالدى، بۇ ئەينى دەۋردىكى تاڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي
يۇرتنى كونترول قىلىش ئۈچۈن ھەم ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ غەرب-
تىكى جايلار بىلەن سودا قىلىشى ئۈچۈن ئوخشاشلا پايدىسىز ئىدى.
نەتىجىدە تاڭ سۇلالىسى ئۇيغۇر قەبىلىلىرى بىلەن بىرلىشىپ ئاشى-
نا قۇلىغا جەمئىي ئۈچ قېتىم زور جازا يۈرۈشى قىلدى. 1 ـ
قېتىملىقى 651 ـ يىلى ئېلىپ بېرىلدى. بۇ ھەقتە «كونا تاڭنامە.
ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» دە: «يۇڭخېيڭنىڭ 2 ـ يىلى ئاشىنا قۇلى
بېشبالىقنى بېسىۋالدى، سانغۇن لياڭ جيەنفاڭ، چۆبە قالىلار 20
مىڭ لەشكەرگە باشچىلىق قىلىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ 50 مىڭ چەۋەندا-
زى بىلەن بىرگە يۈرۈش قىلىپ، قۇلىنى قاتتىق مەغلۇپ قىلدى
ھەمدە بېشبالىقنى قايتۇرۇۋالدى»㉓ دەپ خاتىرىلەنگەن. بۇ باياد-
نىڭ 2 ـ قېتىم تاڭ سۇلالىسىگە ياردەملىشىپ غەربىي تۈركلەرگە
جازا يۈرۈشى قىلىشى ئىدى. 2 ـ قېتىملىقى 656 ـ يىلى ئېلىپ
بېرىلدى. بۇ ھەقتە «كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» دە يەنە:
«شيەنچىڭنىڭ تۇنجى يىلى ئاشىنا قۇلى يەنە چېگرا قۇرۇلغا پارا-
كەندىچىلىك سالدى. چېڭ جىجې، سۇ دىڭفاڭ، رېن ياشياڭ، شياۋ
سىيى قاتارلىقلار ئۇيغۇرلار بىلەن بىرلىكتە يىنشەن تېغىدا (ھا-
زىرقى ئالتاي تېغى) قۇلىغا زەربە بەردى، يەنە جىنياشەن تېغىغىچە
(金牙山) ھۇجۇم قىلىپ بېرىپ، ئۇ جايلارنى قايتۇرۇۋالدى، يەنە
غەربتە يېلو ئېقىنى (ھازىرقى ئىلى دەرياسى) غىچە يېتىپ باردى»㉔
دېيىلگەن. بۇ قېتىمقى جازا يۈرۈشى ئارقىسىدىن ئاشىنا قۇلى
ئۇزۇل ـ كېسىل مەغلۇپ بولۇپ، غەربكە قېچىپ كەتتى. 3 ـ
قېتىملىقى 657 ـ يىلى ئېلىپ بېرىلدى، بۇ قېتىملىق جازا
يۈرۈشنىڭ كۆلىمى ۋە نەتىجىسى ئىنتايىن زور بولدى ھەم ئاشىنا
قۇلى پۈتۈنلەي يوقىتىلدى. بۇ ھەقتە تارىخىي ماتېرىياللاردا: «ئا-
شىنا قۇلى غەربتىكى شاش شەھىرىگە (ھازىرقى تاشكەنت) قاراپ
قاچتى، بايان سۇدىڭفاڭ بىللە بىلەن شاش شەھىرىنىڭ غەربىي

شىمالىدىكى كېش شەھرىگىچە ( 苏咄城 ) قوغلاپ باردى. شە-
ھەر بېگى ئىنال تارقان ئاشىنا قۇلىنى تۇتۇپ، لوياڭغا ئاپىرىپ
بەردى» ㉕ دەپ خاتىرىلەنگەن. بايان تاڭ سۇلالىسىگە ياردەملىشىپ
غەربىي تۈركلەرنى تىنچىتقاندىن كېيىن ، تاڭ سۇلالىسى سۇيئاب
ۋادىسىدا (چۇ دەرياسى ۋادىسىدا) ئىسسىقكۆل، بالقاش قاتارلىق
ئىككى مەھكىمە (قورۇقچى بەگ مەھكىمىسى) نى تەسىس قىلىپ،
غەربىي تۈركلەرنىڭ ئەسلىدىكى ھەرقايسى قەبىلىلىرىنى باشقۇر-
دى. باياننىڭ تۆھپىسى ئۈچۈن ئۇنىڭغا سول قول ئۇلۇغ سانغۇن،
قوشۇمچە دەشتى ماكان تۇتۇق بېگى دېگەن مەنسەپلەرنى بەردى.
ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ بۇ ئۈچ قېتىملىق غەربكە يۈرۈش قىلىشقا
قاتنىشىشى، ئەسلىدە باياننىڭ تاڭ سۇلالىسىنىڭ قىلغان ياردىمىگە
جاۋاب قايتۇرۇش يۈزىسىدىن بولغان بولسىمۇ، بىراق ئەمەلىيەتتە
شۇ چاغلاردا «ئۇيغۇر قەبىلىلىرىدە يەنە غەربكە قاراپ تەرەققىي
قىلىش خاھىشلىرى بار ئىدى، باياننىڭ بېشبالىقنى ئىگىلىشى كې-
يىنكى كۈنلەردە ئۇيغۇرلارنىڭ بېشبالىق ۋە ئۇنىڭ غەربىدىكى
رايونلارغا قاراپ تەرەققىي قىلىشىغا ئۇل سېلىپ بەردى» ㉖ .
غەربكە قىلغان يۈرۈش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ئۇيغۇر قوشۇنلىرى
يەنە باياننىڭ رەھبەرلىكىدە 660 ـ يىلى تاڭ سۇلالىسىنىڭ كورې-
يەگە قىلغان جازا يۈرۈشىگىمۇ قاتناشتى ھەم ئاساسلىق رول ئوي-
نىدى. بۇ ھەقتە «كونا تاڭنامە» دە: «يۇڭخېڭنىڭ 6 ـ يىلى
ئۇيغۇر قوشۇنلىرى شياۋ سىيىنىڭ كورېيەگە قىلغان جازا يۈرۈشى-
گە قاتناشتى» دېيىلگەن بولۇپ، تەتقىقاتلارغا ئاساسلانغاندا، بۇ
قېتىمقى كورېيەگە قىلىنغان ھۇجۇمدىمۇ ئۇيغۇر قوشۇنلىرى ھەم-
مىنىڭ ئالدىدا ماڭغان. ئۇلار كورېيەنىڭ پيۇڭياڭ شەھىرىگە تۇن-
جى بولۇپ يېتىپ بارغان. بەزى تەتقىقاتچىلارنىڭ پىكرىگە قارىغان-
دا، بايان مۇشۇ قېتىملىق جازا يۈرۈشىدە قازا قىلغان. شۇنىڭدىن
كېيىن ئۇنىڭ ئورنىغا ئوغلى بىسۇغۇردۇ ( 比粟毒 ) چىقتى،
بىسۇغۇردۇ تەختكە چىققاندىن كېيىن (ئۇ ئەمەلىيەتتە تاڭ سۇلالى-
سى تەرىپىدىن تەيىنلەنمىگەن) ، تاڭ سۇلالىسى بىلەن ئۇيغۇرلار-
نىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ۋەزىيەتتە ئۆزگىرىش يۈز بەردى.

بايان ئۆلۈپ ئورنىغا ئوغلى بىسۇغۇردۇ (بازقاغان، مىلادىيە

661 — 680 ـ يىللار تەختتە ئولتۇرغان) تەختكە چىققاندىن
كېيىن، تاڭ سۇلالىسى بىلەن ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى
مۇناسىۋەتتە ئۆزگىرىش يۈز بەردى[27]. چۈنكى، تاڭ تەيزۇڭنىڭ
ئۇيغۇر قاتارلىق تېلى قەبىلىلىرىگە قاراتقان سىياسىتى ھەرقانچە
ئىلغار بولغىنى بىلەن، فېئوداللىق جەمئىيەتتە ئۇ مىللىي زۇلۇم-
نى يوقىتالمايتتى. ئۇيغۇر قاتارلىق تېلى قەبىلىلىرى جېنگۇەننىڭ
21 ـ يىلى (647 ـ يىلى) دىن باشلاپ تاڭ سۇلالىسىگە بېرىم
قارام بولغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ تاڭ سۇلالىسى ئېلىپ بارغان
ھەرقانداق ئۇرۇشلارغا قاتناشمىغان ۋاقتى بولمىدى، جۈملىدىن
ئۇيغۇر ئاتلىق قوشۇنلىرى قاتناشمىغان بىرەر جەڭمۇ بولمىدى.
ئۇلار شەرق بىلەن غەرب ئارىلىقىدا تىنماي تاڭ سۇلالىسى ئۈچۈن
جەڭ قىلدى، ئوتتۇرا ئەسىردە ئاتلىق قوشۇن ئەڭ قۇدرەتلىك،
ئەڭ كۈچلۈك ئەسكىرىي تۈر ھېسابلىناتتى. جەڭنىڭ غەلىبە قى-
لىش ـ قىلالماسلىقى كۆپ ھاللاردا ئىككى تەرەپتىكى ئاتلىق
قوشۇننىڭ ئاز ـ كۆپلۈكى، كۈچلۈك ـ ئاجىزلىقى بىلەن بەلگىلى-
نەتتى. بۇ خىل ئەھۋال تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە گەۋدىلىك بولدى،
چەۋەندازلىقتا داڭ چىقارغان، ئوقيا ئېتىشقا ماھىر بولغان ئۇيغۇر
ئاتلىق قوشۇنلىرى تاڭ سۇلالىسىنىڭ ھەربىي يۈرۈشتە تايىنىدىغان
ئاساسلىق كۈچى بولۇپ قالدى. «لېكىن 647 ـ يىلدىن 681 ـ
يىلىغىچە ئېلىپ بېرىلغان ئۇزۇنغا سوزۇلغان ھەربىي يۈرۈش،
ئايىغى ئۈزۈلمىگەن جەڭ، ھەددىدىن زىيادە ئەسكىرىي سېلىق ۋە
باشقا مەجبۇرىيەتلەر شىمالدىكى ئۇيغۇر قاتارلىق قەبىلىلەرنىڭ
چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنى ۋەيران قىلىۋەتتى. ھەرقايسى قە-
بىلە خەلقلىرىنىڭ تاڭ سۇلالىسىگە بولغان نارازىلىقى كۈنسايىن
كۈچەيدى. خەلق ئارىسىدىكى نارازىلىق كەيپىياتى كۈچەيگەندە،
ئاقسۆڭەكلەر بۇنىڭدىن پايدىلىنىپ تاڭ سۇلالىسىگە قارشى بۆلۈ-
نۈش ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ باردى»[28]. بۇ خىل ئەھۋال بىسۇغۇر-
دۇ تەختكە چىققاندىن كېيىن ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى. بۇ ھەقتە
«كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» دە: «لۇڭسۇ يىللىرىنىڭ
ئوتتۇرىلىرىدا بايان ئۆلدى، جىيەنى بازقاغان («يېڭى تاڭنامە» دە
باز قاغان بايانىڭ ئوغلى دېيىلگەن) ئۇيغۇرلارغا باشچىلىق قى-

لىپ، تۈگرا، بارغۇتلار بىلەن بىرلىشىپ، چېگرىغا پاراكەندىچىلىك سالدى. گاۋزۇڭ جېڭ رېنتەيگە ئەمىر قىلىپ، بارغۇت قاتارلىق قەبىلىلەرنى جازالىدى. بىسۇغۇردۇ مەغلۇپ بولۇپ قاچتى. بۇ چاغدا تېلىلارنىڭ ئاساسلىق قەبىلىلىرى تەگرىتېغى ناھىيىسى (بۇ يەردىكى تەگرىتېغى ناھىيىسى ئېھتىمال چوغاي تېغى ياكى خىلەن تېغى ئەتراپلىرى بولۇشى مۇمكىن) دا تۇرۇۋاتاتتى» ㉙ دېيىلگەن. «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» دە: «ئۇيغۇرلارنىڭ ئاقساقىلى بايان ئۆلدى، جىيەنى بازقاغان قەبىلىلەرگە باشچىلىق قىلىپ، تۈگرا، بارغۇتلار بىلەن بىرلىشىپ، چېگرىغا پاراكەندىچىلىك سالدى، شۇنىڭ بىلەن سول قول ھىماتچى سانغۇن جېڭ رېنتەي تېلى يولى ھەربىي يۈرۈش باش بۇغلىقىغا، يەنرەن قورۇقچى بېگى لىيۇ شۇنلى سول قول ھىماتچى سانغۇن، شۆ رېنگۈي ئورۇنباسارلىققا، ھۇدەيچى شاۋ سىيې سىيلىنگا يولى ھەربىي يۈرۈش باش بۇغلىقىغا، ئوڭ قول ياساۋۇللار سانغۇنى سۇن رېنشى ئورۇنباسارلىققا تەيىنلىنىپ، قوشۇن باشلاپ جازا يۈرۈشى قىلدى» ㉚ دېيىلگەن. بۇ قېتىمقى ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ ئىسيانى ھەم تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئۇيغۇرلارغا ئېلىپ بارغان جازا يۈرۈشى، ھەر ئىككىلا تەرەپكە ئوخشاشلا نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارنى ۋە ۋەيرانچىلىقلارنى ئېلىپ كەلدى، «تاڭ قوشۇنلىرى ئەل بولغان ئاۋام پۇقرالارنى كۆپلەپ ئۆلتۈرۈپ، ئۇيغۇرلارنى خانىۋەيران قىلىۋەتتى. ئۆزلىرىمۇ ئاشلىق، ئوزۇق - تۈلۈكلىرى تۈگەپ روھى سولغۇن قايتتى. ئىككىلا تەرەپ ئېغىر زىيانغا ئۇچرىدى» ㉛. بۇ ھەقتە «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» دە: «لۇڭسۇ 2 - يىلى (662 - يىلى) 3 - ئايدا جېڭ رېنتەي قاتارلىقلار تېلىلارنى تەگرىتېغىدا مەغلۇپ قىلدى. توققۇز ئوغۇزلار (九姓铁勒) تاڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ، خەلقنى بىرلەشتۈرۈپ 100 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم بىلەن قارشىلىق كۆرسەتتى، ئالدى بىلەن جەسۇر چەۋەندازلاردىن نەچچە ئونى ئۇرۇشقا كىردى، شۆ رېنگۈي ئۈچ تال ئوق بىلەن ئۇلاردىن ئۈچىنى ئېتىپ ئۆلتۈردى، شۇنىڭ بىلەن قالغانلىرى ئاتلىرىدىن چۈشۈپ تەسلىم بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى، لېكىن

شۇ رېنگوي ئۇلارنى تىرىك كۆمۈۋەتتى ھەم قۇملۇقنىڭ شىمالىغىچە
قوغلاپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ قالدۇق قوشۇنلىرىغا زەربە بېرىپ، يابغۇ
قاتارلىق ئاكا ـ ئۇكا ئۇچىنى تۇتۇپ ئاندىن قايتتى»، «ئىزگىل،
دولانغۇت قەبىلىلىرى تەگرىتېغىنى قوغداۋاتقاندا، رېن تەي قاتار-
لىقلارنىڭ قوشۇنىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، تەسلىم بو-
لۇپ ئۇلارنى كۈتۈۋالماقچى بولدى. ئەمما رېن تەي قاتارلىقلار
يوپۇرۇلۇپ كەلگەن پېتى ھۇجۇمغا ئۆتتى، ئۇلارنىڭ ئائىلە ـ تاۋابىئات-
لىرىنى تۇتۇپ، قوشۇندىكىلەرگە ئىنئام قىلىپ بەردى»، «رېن
تەي چەۋەندازلاردىن 14 مىڭ كىشىلىك قوشۇن تەييارلاپ، قۇملۇق-
تىن ئۆتۈپ، ئۇلارنىڭ ئىزىغا چۈشتى، سېلىنگا دەرياسىغىچە
يېتىپ بارغاندا ياۋايىلارنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمىدى، قوشۇن يەيدى-
غان ئوزۇق ـ تۈلۈكى تۈگەپ ئارقىسىغا ياندى، سەپەر ئۈستىدە
قار يېغىپ، لەشكەرلەر سوغۇقتا ئاچ ـ يالىڭاچلىقتا قالدى، ئۇلار
دوبۇلغا ـ ساۋۇت ۋە قورال ـ ياراغلىرىنى تاشلاپ، ئاتلىرىنى
ئۆلتۈرۈپ يېدى، ئاتلار تۈگىگەندىن كېيىن بىر ـ بىرسىنى يې-
يىشتى. سەددىچىنىنىڭ ئىچىگە يېتىپ كەلگۈچە ئاران 800 ئادەم
قالدى» ㉜ دەپ خاتىرىلەنگەن. تاڭ سۇلالىسىنىڭ بۇ قېتىمقى شى-
مالغا يۈرۈش قىلىش ئۇرۇشىنىڭ نەتىجىسىدە، بىر تەرەپتىن ئۇي-
غۇر قەبىلىلىرى ۋەيران بولۇپ، شىمالغا — سېلىنگا دەرياسى
بويىغا كېتىشكەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن جېڭ رېنتەي قاتارلىق
بەزى ناباب، قانخور قوماندانلارنىڭ قىلمىشى بىلەن پۈتۈن قوشۇن
ئاساسەن ھالاك بولۇپ، تاڭ سۇلالىسى زور ئىقتىسادىي ۋە سىيا-
سىي زىيانغا ئۇچرىدى. نەتىجىدە تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بازقا-
غان بىلەن بولغان مۇناسىۋەت مەسىلىسىدە، ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنى
قورال كۈچى بىلەن بويسۇندۇرۇپ، شىمالنى تىنچىتقىلى بولمايدى-
غانلىقىنى تونۇپ يەتتى. شۇنىڭ بىلەن، تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى
شۇ يىلى ئۆز سىياسىتىنى ئۆزگەرتىپ، «ئوڭ قول شىرمەت
چەۋەنداز سانغۇن چۆبە قالىنى تېلى يولىنى تىنچلاندۇرغۇچى ئەل-
چى، سول قول مۇھاپىزەتچى سانغۇن جاڭ گېنى ئورۇنباسار
قىلىپ تەيىنلەپ، قالغانلارنى خاتىرجەم قىلماقچى بولدى. چۆبە
قالى قاۋۇل ۋە چەبدەس چەۋەندازلاردىن 500 نى باشلاپ توققۇز

ئوغۇزلار يېرىگە كەلگەندە، ياۋايىلار قاتتىق چۆچۈپ كەتتى، قالى ئۇلارغا: 《سۇلالىمىز سىلەرنىڭ ئۇقۇشماسلىق تۇپەيلىدىن ئەگەشكەنلىكىڭلارنى بىلىدۇ، شۇڭا سىلەرنىڭ گۇناھىڭلاردىن ئۆتتى، ھەممە گۇناھ ئاقساقاللاردا، ئۇلارنى قولغا چۈشۈرسەك ھەممە ئىش تۈگەيدۇ》 دېدى. بارلىق قەبىلىلەر شادلىققا چۆمۈپ، يابغۇ (叶护)، شاد (设)، تېكىن (特勤) قاتارلىق 200 دىن كۆپرەك ئادەمنى تۇتۇپ قالىغا تاپشۇردى، قالى ئۇلارنىڭ گۇناھىنى بىر - بىرلەپ ئېيتىپ، كاللىسىنى ئالدى. توققۇز ئوغۇزلار تېنچلاندۇرۇلدى»㉝. بىراق ئۇيغۇر پۇقرالىرىنى ۋەھشىيلەرچە قىرغىن قىلغان تاڭ سۇلالىسىنىڭ ھەربىي ئەمەلدارلىرى جازالانمىغاچقا، زىددىيەت تۈپتىن ھەل بولمىدى. ئەمما، شىمال نىسپىي ھالدا تىنچلاندى. 663 - يىلى تاڭ سۇلالىسى يەنرەن قورۇقچى بەگ مەھكىمىسىنى قۇملۇقنىڭ جەنۇبىدىكى قەدىمكى تەڭرىقۇت قەلئەسىدىن قۇملۇقنىڭ شىمالدىكى ئورخۇن دەرياسى ۋادىسىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ماكانىغا يۆتكەپ، نامىنى دەشتى ماكان قورۇقچى بەگ مەھكىمىسى دەپ ئۆزگەرتتى، مۇشۇنداق بولغاندا ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ تاڭ سۇلالىسىدىن بۆلۈنۈش مۇددىئاسىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى ھەم قۇملۇقنىڭ شىمالى بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىنى ساقلاپ قالغىلى ۋە ئىلگىرى سۈرگىلى بولاتتى.

## 2. ئىككىنچى باسقۇچ (680 - يىلىدىن 727 - يىلىغىچە بولغان تارىخىي جەريان)

بۇ تارىخىي باسقۇچتا ئۇيغۇر قەبىلىلىرى دۆكېچ، ئۇگتېبىر، چىڭزۇڭ، قۇشۇ قاتارلىق ھۆكۈمرانلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى بېشىدىن كەچۈردى، بۇ تارىخىي دەۋر ئۇيغۇرلار جەنۇب ۋە شىمالدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ قىسىمغا بۆلۈنگەن دەۋر بولۇپ قالدى. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى، يەنى ئاساسىي قىسمى ئۆزلىرىنىڭ ئىلگىرىكى ئانا ماكانلىرى بولغان شىمالدىكى سېلىنگا دەرياسى ۋە ئورخۇن دەرياسى ۋادىلىرىغا كۆچۈپ ياشىدى، يەنە بىر قىسمى، يەنى خان جەمەتى، بىر قىسىم تۆھپىكار ئاقسۆڭەكلەر ۋە ئۇلارغا تەۋە بولغان

چۆبە، ئىزگىل، قۇن (ھۇن) قاتارلىق ئۈچ قەبىلە جەنۇبتىكى تاڭ سۇلالىسىنىڭ باشقۇرۇشىدىكى گەنجۇ (甘州)، لياڭجۇ (凉州) ئەتراپلىرىغا كۆچۈپ كېلىپ ياشىدى. بۇنىڭ سەۋەبى مىلادىيە 630 ـ يىلى تاڭ سۇلالىسى ۋە شەرقىي ئۇيغۇر قەبىلىلىرى (يەنى ئون ئۇيغۇر، توققۇز ئوغۇز قەبىلىلىرى) تەرىپىدىن يوقىتىلغان شەرقىي تۈركلەرنىڭ قايتىدىن باش كۆتۈرۈشى ھەم ئۆتۈكەن باغرىدا كېيىنكى شەرقىي تۈرك خانلىقىنى (بەزىلەر ئىككىنچى شەرقىي تۈرك خانلىقى دەپمۇ ئاتايدۇ) قايتىدىن تىكلىشىدىن بولغانىدى. ئۇيغۇرلار تارىخىدىكى بۇ خىل جەنۇب ۋە شىمالغا بۆلۈنۈپ ياشاش كېيىنكى شەرقىي تۈرك خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە ھالاكىتى بىلەن ماس كېلىدۇ، شۇنداقلا ئىلتەبىر تومىد تەرىپىدىن دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندۈرۈلگەن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ زاۋاللىققا يۈزلىنىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بىراق، بۇ خىل زاۋاللىققا يۈزلىنىش قانداقتۇر ئۇيغۇر ئىتتىپاقى ھاكىمىيىتىنىڭ يىمىرىلىشى بولۇپ ھېسابلانمايدۇ.

مىلادىيە 680 ـ يىلى بىسۇغۇردۇ (بازقاغان) ئۆلۈپ ئورنىغا ئوغلى دوكېچ (独解支، 680 ـ يىلدىن 715 ـ يىلغىچە تەختتە ئولتۇرغان) تەختكە ۋارىسلىق قىلدى. بۇ ۋاقىتتا 630 ـ يىلدىن 680 ـ يىلغىچە تاڭ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا ياشاپ، «ئۇلار ئۇچۇن 50 يىل كۈچ چىقىرىپ» كەلگەن شەرقىي تۈركلەر ئاللىقاچان دۆلەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ھەرىكىتىنى باشلىۋەتكەنىدى. 679 ـ يىلى، ئەسلىدە قۇملۇقنىڭ جەنۇبىدىكى تەڭرىقۇت قورۇقچى بەگ مەھكىمىسىگە قارايدىغان تۈركلەردىن ئاشىد ئورادبەگ (阿史德温傅) بىلەن ئاشىنا فېڭجى (阿史那奉职) نىڭ قەبىلىلىرى بىرلا ۋاقىتتا تاڭ سۇلالىسىگە قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، ئاشىنا نىزۇكبەگنى (阿史那泥熟匐) قاغانلىققا كۆتۈردى. قۇملۇقنىڭ جەنۇبىدىكى تۈركلەر ئولتۇراقلاشقان ئايماقلارنىڭ ئاقساقاللىرى دەرھال ئاۋاز قوشتى. تۈركلەر يەنە شەرقتىكى قىتانلار (契丹) نىمۇ ئىسيان كۆتۈرۈشكە قۇترىتىپ، يىڭجۇ ئايمىقىغا ھۇجۇم قىلدى. شىمال پۈتۈنلەي قالايمىقانلاشتى. تاڭ سۇلالىسى ھەرقايسى جايلاردىن لەشكەر يۆتكەپ 300 مىڭ كىشىلىك قوشۇن

تەييارلىدى ۋە قۇملۇقنىڭ شىمالىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ماسلىشىشى
بىلەن بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت سەرپ قىلىپ ئىسيانني تىنچىت-
تى. بۇ ھەقتە «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەك-
لەر» دە: «دياۋلۇ 1 - يىلى (679 - يىلى) 10 - ئايدا تەڭرىقۇت
قورۇقچى بەگ مەھكىمىسىدىكى ئاشىد ئورانبەگ ۋە ئاشىنا فېڭجى-
نىڭ ئىككى قەبىلىسى ئىسيان كۆتۈرۈپ، ئاشىنانىزۇكبەگنى قا-
غانلىققا كۆتۈردى. 24 ئايماقنىڭ ئاقساقاللىرى ئۇنىڭغا ئاۋاز قو-
شۇپ ئىسيان كۆتۈردى، ئۇلارنىڭ خەلقى نەچچە يۈز مىڭ ئىدى.
ھۇدەيچى بەگ، تەڭرىقۇت قورۇقچى بەگ مەھكىمىسىنىڭ دورغاپى
شياۋسىيى، ئوڭ قول مۇھاپىزەتچى قوشۇن سانغۇنى خۇا داجى،
ئوڭ قول مۇھاپىزەتچى سانغۇن لى جىڭجىيا لەشكەر باشلاپ جازا
ئۇرۇشى قىلىشقا ئەۋەتىلدى»㉞ دېيىلگەن. گەرچە بۇ قېتىمقى
ئىسيان بېسىقتۇرۇلغان بولسىمۇ، بىراق ئۇزۇن ئۆتمەي 682 -
يىلى تۈركلەرنىڭ قالدۇق كۈچلىرىدىن ئېلتەرىش قۇتلۇق يەنە
ئىسيان كۆتۈرۈپ، قاراقۇم شەھىرىدە (كۆكخوتىنىڭ شىمالىدا)
قارارگاھ قۇردى، بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان تۈركلەرنىڭ ھەممىسى
ئۇنىڭغا قوشۇلدى. بۇ ھەقتە يۇقىرىقى ئەسەردە: «يوڭچۇن 1 -
يىلى (يەنى 682 - يىلى) 10 - ئايدا تۈركلەرنىڭ قالدۇق گۇرۇھ-
لىرىدىن ئاشىنا قۇتلۇق (阿史那骨笃禄) بىلەن ئاشىنا يۈەنجېن
(阿史那元珍) قاتارلىقلار چېچىلىپ كەتكەن قوۋملىرىنى يىغىپ،
قاراقۇم شەھىرىدە (黑沙城) قارارگاھ قۇرۇپ ئىسيان كۆتۈردى،
بىڭجۇ ئايمىقى ۋە تەڭرىقۇت قورۇقچى بەگ مەھكىمىسىنىڭ شىما-
لىدىكى چېگرىلارغا باستۇرۇپ كىردى»㉟ دېيىلگەن بولسا، تۈرك
مەڭگۈ تاشلىرىدىن «تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشى» دا: «تۈرك خانلىقى-
نىڭ خانى بولمىغانلىقى ئۈچۈن تابغاچتىن ئايرىلدى ۋە (ئۆزلىرى-
گە) خان تىكلىدى. (كېيىن) خاقانىنى تاشلاپ يەنە تابغاچقا تەۋە
بولۇپ قالدى»، «تۈرك، سىر خەلقى يېرىدە بوي ئادەم قالمىدى،
ئورمانلىق ۋە تاغ - داللاردا قالغانلىرى يىغىلىپ يەتتە يۈز بولدى.
ئۇلارنىڭ ئىككى ئۈلۈشى ئاتلىق ئىدى، بىر ئۈلۈشى پىيادە ئىدى،
بۇ يەتتە يۈز كىشىنى باشلاپ يۈرگۈچى قوشۇن ئۇلۇغى شاد ئىدى،
ئۇ ماڭا (قوشۇنىمىزغا) قوشۇلغىن دېدى. قوشۇلغان كىشى مەنكى

بىلگە تونيۇقۇق ئىدىم، مەن ئۇنى قاغان قىلاي دېدىم» ، «شۇنىڭ-
دىن كېيىن تەڭرى (ماڭا) ئەقىل بەرگەنلىكى ئۈچۈن مەن (ئۇ-
نى) قاغان (بولۇشقا) دەۋەت قىلدىم»㊱ دېيىلگەن. «ئەلنى ئىدارە
قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» دىكى ئاشىنا يۈەنجېن بىلەن
«تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشى» دىكى تونيۇقۇق ئەمەلىيەتتە بىر كىشى
بولۇپ، يۈەنجېن ئۇنىڭ خەنزۇچە ئىسمى، تونيۇقۇق ئۇنىڭ تۈركچە
ئىسمى ئىدى. تونيۇقۇق قۇتلۇققا قوشۇلۇشتىن بۇرۇن تاڭ ئىمپې-
رىيىسىگە يۇقىرا بولغان باشقا تۈرك سەردارلىرىدەك خەنزۇچە ئى-
سىم قوللانغان㊲ ، ئۇ تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىقىدا چوڭ بولغان
ھەم خەنزۇچە ئوقۇغان، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ قانۇن - تۈزۈملى-
رى ۋە ئۆرپ - ئادەتلىرىنى پۇختا بىلىدىغان بىلىملىك، قابىلىيەت-
لىك ئۇستاز ئىدى. ئۇ ئۆز ئۆمرىدە ئېلتەرىش قاغان (682 —
691 - يىللار) ، قاپاغان قاغان (691 — 716 - يىللار) ۋە بىلگە
قاغان (716 — 734- يىللار) لارغا باش مەسلىھەتچى بولغان ھەم
كېيىنكى تۈرك خانلىقىنىڭ بەرپا بولۇش ۋە قۇدرەت تېپىشىغا
ئاجايىپ زور ھەسسە قوشقان. دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى نۇرغۇن
تەتقىقاتچىلار مانا مۇشۇ 682 - يىلىنى كېيىنكى كۆكتۈرك خانلى-
قىنىڭ قۇرۇلغان يىلى دەپ ھېسابلىشىدۇ. قۇتلۇق ۋە تونيۇقۇقنى
بولسا كېيىنكى كۆكتۈرك خانلىقىنىڭ ۋۇجۇدقا كەلتۈرگۈچىسى
دەپ ھۆكۈم قىلىشىدۇ.

شەرقىي تۈركلەر قۇتلۇق باشچىلىقىدا ئىسيان كۆتۈرۈپ كې-
يىنكى تۈرك خانلىقىنى بەرپا قىلغاندىن كېيىن، تېز كۈچىيىپ
697 - يىلغىچە قۇملۇقنىڭ جەنۇبىدىكى جەنۇبىي تۈركلەر رايونىنى
پۈتۈنلەي تىزگىنلىدى. بۇ چاغدا قۇملۇقنىڭ شىمالىدىكى ئۆتۈكەن-
نى مەركەز قىلغان رايونلار ئۇيغۇرلارنىڭ قولىدا بولغاچقا، بۇ
ئەھۋال يېڭىدىن باش كۆتۈرگەن تۈركلەر ئۈچۈن ئېغىر تەھدىت
ئىدى. شەرقتىكى قىتانلار بىلەن غەربتىكى تۈركەشلەر بولسا شەر-
قىي تۈركلەرگە دۈشمەن ئىدى، ئەگەر تاڭ سۇلالىسى بۇ كۈچلەرنى
ئىتتىپاقلاشتۇرالىسا، كېيىنكى تۈركلەرنىڭ تۈپلىگىنى تىنچىتى-
شى ھېچقانچە ئىش ئەمەس ئىدى. لېكىن، 662 — 663 -
يىللىرى جېڭ رېنتەي تەرىپىدىن ۋەھشىيلەرچە قىرغىن قىلىنغان

توققۇز ئوغۇز خەلقىنىڭ تاڭ سۇلالىسىگە ۋە تۈركلەرگە تۇتقان پوزىتسىيىسى بىر خىل ئەمەس ئىدى. شۇڭا، 685 ـ يىلى تۇڭرا، بارغۇت (بۇگۇ) قەبىلىلىرىمۇ تاڭ سۇلالىسىگە قارشى ئىسيان كۆتۈردى، مۇشۇ سەۋەبتىن تاڭ سۇلالىسى 669 ـ يىلى نامىنى شىمالنى تىنچلاندۇرۇش قورۇقچى بەگ مەھكىمىسى دەپ ئۆزگەرتـ كەن دەشتى ماكان قورۇقچى بەگ مەھكىمىسىنى 685ـ يىلىغا كەلگەندە قۇملۇقنىڭ شىمالىدىن جۇيەن كۆلىنىڭ جەنۇبىدىكى توڭـ چىڭ شەھىرىگە ( 同城 ) كۆچۈرۈشكە مەجبۇر بولدى، بۇ قالايمىـ قانچىلىقتىن پايدىلانغان تۈركلەر قۇملۇقنىڭ شىمالىغا ھۇجۇم باشـ لىدى. بۇ خىل پايدىلىق ۋەزىيەتنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئاسان قولدىن بەرگۈسى كەلمىدى. نەتىجىدە دۇكىچ ئۆزىنى قاغان دەپ ئېلان قىلدى㊳. ئۇ تاڭ سۇلالىسى بىلەن قىتانلارغا ئەلچى ئەۋەتىپ ئۇلار بىلەن ئالاقە باغلىدى ۋە ئۈچ تەرەپ بىرلىشىپ تۈركلەرگە زەربە بېرىش كېلىشىمىنى تۈزدى. «ئەمما كېلىشىمنىڭ مەزمۇنى پاش بولۇپ قالدى، چۈنكى ئېلتەرىش بىلەن تونيۇقۇقنىڭ بىر بۆلۈك قابىلىيەتلىك چارلىغۇچى قوشۇنى بار ئىدى»㊴. بۇ ھەقتە تۈرك مەڭگۈ تاشلىرىدىن «تونيۇقۇق مەڭگۇ تېشى» دا: «توققۇز ئوغۇز (خەلقى) ئۈستىدە قاغان ئولتۇرۇپتۇ، ئۇ تابغاچقا قۇنى سەنگۇننى، قىتانغا تۇڭرا سەمىنى (ئەلچىلىككە) ئەۋەتىپتۇ، ئۇلار مۇنداق سۆزنى ئېلىپ بېرىپتۇ: ئازغىنا تۈرك خەلقى ھەرىكەتلىنىپ يۈرۈپـ تۇ، ئۇلارنىڭ خاقانى باتۇر ئىكەن، مەسلىھەتچىسى دانىشمەن ئىـ كەن، ئۇ ئىككىسىلا بولىدىكەن تابغاچلارنى قىرىپ تاشلايدۇ، شەرقتە قىتانلارنى قىرىپ تاشلايدۇ، بىز ئوغۇزلارنى قىرىپ تاشلايـ دۇ. تابغاچلار سىلەر جەنۇبتىن تېگىڭلار، بىز شىمالدىن تېگەيلى، تۈرك ـ سىر خەلقى يېرىگە خان يولاتمايلى، مۇمكىن بولسا ئۇلارنى يوقىتايلى. بۇ سۆزنى ئىشىتىپ تۈنى ئۇيقۇم كەلمىدى، كۈندۈزى ئولتۇرغۇم كەلمىدى»㊵ دېيىلگەن. كېيىنكى ئەمەلىيەتتىن قارىـ غاندا، تۈركلەر ئۈچ تەرەپ ئىتتىپاقىنىڭ شەكىللىنىشىگە قاراپ تۇرمايلا ئالدى بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتۈپ بىر ـ بىرلەپ تارمار قىلىش ئۇسۇلىنى قوللانغان بولۇپ ، بۇ ھەقتە پەقەت «كونا تاڭنامە. تېلىلار تەزكىرىسى» دە: «ۋۇ زېتيەن دەۋرىگە كەلگەندە تۈركلەر

قۇدرەت تېپىپ، چۆللۈكتىكى تېلى قەبىلىلىرىنى بىر - بىرلەپ
ئۆزىگە قوشۇۋالدى» دېگەن ئاددىي خاتىرىلا قالدۇرۇلغان. لېكىن،
كېيىنكى شەرقىي تۈرك خانلىقىدىن قالغان، دەۋرىمىزگىچە يېتىپ
كەلگەن ئورخۇن - يېنسەي مەڭگۈ تاشلىرىدا تۈركلەر بىلەن ئۇيـ
غۇرلارنىڭ ئۇرۇشى ۋە تۈركلەرنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ قولىدىن شىمالـ
نى تارتىۋېلىشىغا دائىر مەلۇماتلارنى خېلى كۆپ ۋە تەپسىلىي
ئۇچراتقىلى بولىدۇ. مەسىلەن، «تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشى» دا:
«كۆك ئۆڭدىن يۇقىرىلاپ قوشۇننى ئۆتۈكەن تېغىغا باشلىدىم،
ئوغۇزلار ئىنەك - كۆلۈكلىرى بىلەن تۇغلا (دەرياسى) دىن كەلـ
دى. (ئۇلارنىڭ) ئەسكەرلىرى ئۈچ مىڭ ئىكەن، بىز ئىككى مىڭ
ئىدۇق، سوقۇشتۇق، تەڭرى ساقلىدى ... تارمار قىلدۇق. (ئۇـ
لار) دەرياغا چۈشتى، قايتىش يولىدا يەنە (ئۇلارنىڭ) نۇرغۇنى
ئۆلدى» ㊶ دەپ خاتىرىلەنگەن؛ «كۆلتېكىن مەڭگۈ تېشى» دا:
«ئوڭ تەرەپتە (شىمال) بازقاغان ۋە توققۇز ئوغۇزلار دۈشمىنى
ئىكەن، قىرغىزلار، قورىقانلار، ئوتتۇز تاتارلار، قىتانلار، تاتابىـ
لارنىڭ ھەممىسى دۈشمىنى ئىكەن. ئاتام قاغان... ئۇ قىرىق يەتتە
قېتىم ئەسكەر چىقىرىپتۇ، يىگىرمە قېتىم جەڭ قىپتۇ» ㊷، «توقـ
قۇز ئوغۇزلار ئەسلىدە ئۆز خەلقىم ئىدى، جاھان قالايمىقانلاشقانـ
لىقى ئۈچۈن (بىز بىلەن) دۈشمەنلەشتى، بىر يىلدا بەش قېتىم
ئۇرۇشتۇق، دەسلەپتە بىز توغۇبالىقتا ئۇرۇشتۇق، ئىككىنچى قېـ
تىم قوشلاغاقتا ئادىزلار بىلەن ئۇرۇش قىلدۇق، ئۈچىنچى قېتىم
بولچۇدا ئوغۇزلار بىلەن سوقۇشتۇق ... ئېلىنى ئالدۇق، تۆتىنچى
قېتىم بىز چۇش دېگەن بۇلاقتا سوقۇش قىلدۇق، بەشىنچى قېتىم
ئەزگەنتى قادازدا ئوغۇزلار بىلەن ئۇرۇشتۇق» ㊸، «خەلقنى باقاي
دەپ شىمالدا ئوغۇزلار، شەرقتە قىتان، تاتابى خەلقى تەرەپكە ...
جەنۇبتا تابغاچقا زور قوشۇننى باشلاپ ئون ئىككى قېتىم يۇرۇش
قىلدىم» ㊹ دېيىلگەن؛ «بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى» دا: «توققۇز
ئوغۇزلار ئۆز خەلقىم ئىدى، جاھان قالايمىقانلىشىپ كەتكەنلىكى
ئۈچۈن ۋە ئىچىدە ئاداۋەت ساقلاپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن بىزگە دۈشـ
مەن بولدى، بىر يىل ئىچىدە تۆت قېتىم سوقۇشتۇم، (قوشۇنۇم)
تۇغلا دەرياسىدىن ئۈزۈپ ئۆتۈپ ئۇلارنىڭ قوشۇنىنى يوقاتتى،

ئىككىنچى قېتىم ئاندارغۇدا سوقۇشتۇم ، قوشۇننى مەغلۇپ قىل-
دىم، ئۈچىنچى قېتىم چۇش دېگەن بۇلاق بېشىدا سوقۇشتۇم،
تۆتىنچى قېتىم ئەزگەنتى قادازدا سوقۇشتۇم، قوشۇننى شۇ يەردە
مەغلۇپ قىلدىم»[45] دېيىلگەن. دېمەك، بۇنىڭدىن بىلىۋېلىشقا بو-
لىدۇكى، تۈركلەر قۇملۇقنىڭ جەنۇبىنى تاڭ سۇلالىسىدىن تارتى-
ۋالغاندىن كېيىن پۈتۈن كۈچى بىلەن ئۇيغۇرلار زېمىنى ئۈستىگە
ئاتلانغان. ئۇيغۇر قەبىلىلىرى تۈركلەرگە قەيسەرلىك بىلەن قارشى
تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئاخىرقى ھېسابتا مەغلۇپ بولۇپ ئۆتۈ-
كەننى تارتقۇزۇپ قويغان، ئۇلارنىڭ بىر قىسمى تۇغلا دەرياسى ۋە
سېلىنگا دەرياسى بويلىرىغا چېكىنگەن. ئۇلار تۈرك مەڭگۇ تاشلى-
رىدا ئاساسەن دېگۇدەك توققۇز ئوغۇزلار دەپ ئاتالغان، كېيىنچە
تەدرىجىي ھالدا كېيىنكى تۈرك خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا ئۆتۈپ
ياشىغان، شۇڭا خەنزۇچە ھۆججەتلەردە بۇ ئۇيغۇرلار ھەققىدە ئاسا-
سىي جەھەتتىن خەۋەر بېرىلمىگەن. ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆتۈكەندىن ئاي-
رىلغان يەنە بىر قىسمى دۇكېچ قاغان باشچىلىقىدا جەنۇبقا سۈرۈ-
لۈپ، مىلادىيە 693 ـ يىلى خېشى رايونىدىكى گەنجۇ، لياڭجۇ
ئايماقلىرىغا كۆچۈپ كەلگەن، 715 ـ يىلى دۇكېچ قاغان ئۆلگەندە
ئورنىغا ئوغلى ئۇگتېبىر، يەنى قۇتبەگ ( 伏帝匐 ) ۋارىسلىق قىلغان،
719 ـ يىلى ئۇگتېبىر ئۆلگەندە ئورنىغا ئوغلى چىكزۇڭ ۋارىسلىق
قىلغان، 727 ـ يىلى چىكزۇڭ ئۆلگەندە ئورنىغا ئۇنىڭ جەمەتىدىن
بولغان قۇشۇ ۋارىسلىق قىلغان، 742 ـ يىلىغا كەلگەندە قۇشۇنىڭ
ئوغلى كۆل بويلا ( كۆل بىلگە) قاغانلىق تەختىگە چىقىپ، كېيىن-
كى تۈرك خانلىقىنى ئومۇمىيۈزلۈك يوقاتقان.

ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ گەنجۇ، لياڭجۇ ئايماقلىرىغا كۆچۈپ
كېلىشى ھەققىدە تارىخىي خاتىرىلەردە خېلى مەلۇمات بېرىلگەن.
«كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» دە: «زېتيەن دەۋرىگە
كەلگەندە (ۋۇ زېتيەن دەۋرىنى دېمەكچى) تۈركلەر كۈچلىنىپ،
قۇملۇقنىڭ شىمالىدىكى تېلى قەبىلىلىرىنى ئۆزىگە قوشۇۋالدى،
ئۇيغۇر، چۆبە، ئىزگىل، قۇن (ھۇن) قەبىلىلىرى گەنجۇ، لياڭ-
جۇ ئەتراپلىرى(بۇگۈنكى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ جاڭيې، ۋۇۋېي را-
يونلىرى) غا كۆچتى»[46] دېيىلگەن بولسا، «يېڭى تاڭنامە ـ ئۇي-

غۇرلار تەزكىرىسى» دە: «ۋۇ خانىش دەۋرىدە (يەنى ۋۇ زېتيەن دەۋرىنى دېمەكچى) تۈركلەردىن بۆگۈچۇر (默啜) كۆچىيىپ، تېلىلارنىڭ ئەسلىدىكى زېمىنىنى ئىشغال قىلىۋالدى. ئۇيغۇر ۋە چۆبە، ئىزگىل، قۇن قاتارلىق ئۈچ قەبىلە چۆللۈكنى كېسىپ ئۆتۈپ گەنجۇ، لياڭجۇ ئەتراپلىرىغا كۆچۈپ كەلدى»㊼دېيىلگەن. «بىلگە قاغان مەڭگۇ تېشى» دىمۇ «ئوغۇزلار (تارتۇقچىلارنى) ئەۋەتمىدى دەپ ئۇلارغا قوشۇن چىقاردىم، ئۆيۋاقىنى بۇزدۇم. ئوغۇزلار توققۇز تاتارلار بىلەن بىرلىشىپ ھۇجۇم قىلىپ كەلدى، ئاغۇ دېگەن يەردە ئىككى قېتىم چوڭ ئۇرۇش قىلدىم، قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلدىم، ئېلىنى ئالدىم… ئوتتۇز يېشىمدا … توققۇز ئوغۇز خەلقى يەر، سۈيىنى تاشلاپ تابغاچقا باردى»㊽ دېيىلگەن. رۇس تۈركولوگى س. گ. كىلياشتورنى موڭغۇلىيە ۋادىسىنىڭ شىمالىنى 40 نەچچە يىل سورىغان ئۇيغۇر ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشى ۋە ئۇلارنىڭ جەنۇبقا، يەنى گەنجۇ، لياڭجۇ ۋادىسىغا كۆچۈشى ھەققىدە توختىلىپ: «7 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرى توققۇز ئوغۇزلار شەرقىي تۈركلەر بىلەن بولغان ئۇرۇشتا مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ، بىر قىسمى شەرقىي تۈرك خانلىقىنىڭ باشقۇرۇشىنى خالىماي ئېجىنغول دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنىغا كۆچۈپ كەتتى ھەمدە گەنجۇ ۋە لياڭجۇلاردىكى تاڭ مەمۇرلىرىغا ئىتائەت قىلدى، ئۇيغۇرلارنىڭ مانا مۇشۇ تارمىقى 843 ـ يىلىدىن كېيىن گەنجۇدا قۇرۇلغان گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئاساسى بولۇپ قالدى. توققۇز ئوغۇزلارنىڭ بىر قىسمى 727 ـ يىلى تاڭ سۇلالىسى يەرلىك ئەمەلدارلىرىنىڭ ئىغۋاسى بىلەن موڭغۇلىيىگە قايتىدىن كۆچۈپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى. ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قاغانلىرى مانا مۇشۇ ئۇيغۇرلار ئىچىدىن چىققانىدى»㊾ دېگەن.

تارىخىي ماتېرىياللاردىن قارىغاندا، بۇ ئۇيغۇر خان جەمەتىنىڭ ئېدزىنغول دەرياسى ۋادىسى ۋە گەنجۇ، لياڭجۇ ۋادىلىرىغا كۆچۈپ كېلىشىدە مەلۇم تارىخىي ئاساسمۇ بار ئىدى، يەنى چۆبە قاتارلىق قەبىلىلەر خېلى بۇرۇنلا قەبىلە باشلىقى قولىنىڭ يېتەكچىلىكىدە شەرققە كۆچۈپ كېلىپ گەنجۇ، لياڭجۇنىڭ چېگرا ئەتراپلىرىغا ماكانلاشقان بولۇپ، شۇ چاغلاردا بۇ جايلاردا ئۇيغۇر، قۇن، ئىز-

گىل ۋە چۆبە قەبىلىلىرىدىن تەخمىنەن يۈز نەچچە مىڭ ئادەم بار
ئىدى. 716 ـ يىلى ئۇيغۇر ئىتتىپاقىدىكى ئاتبىئىز قەبىلىسى ۋە
قۇمۇق قەبىلىسىمۇ تۈركلەر بىلەن بولغان ئۇرۇشتا يېڭىلىپ جە-
نۇبقا كۆچۈپ خېشى رايونىغا كەلدى. نۆۋەتتە تەتقىقاتچىلارنىڭ
ستاتىستىكا قىلىشىچە، شۇ ۋاقىتلاردا جەنۇبقا كۆچۈپ كەلگەن
توققۇز ئوغۇز خەلقى يۇقىرىدىكى تۆت قەبىلىلا بولماستىن، يەنە
لىڭجۇ (ھازىرقى نىڭشىيانىڭ لىڭۋۇ) ئايمىقىدا قۇن، قۇمۇق،
ئاتبىئىز، دولانغۇت (تۆلەنگۇت)، قۇشۇ، كۇلۇگ بەگ قاتارلىق
ئالتە قەبىلە، شۇفاڭ (ئىچكى موڭغۇل ئوشىن خۇشۇنىڭ جەنۇبىدى-
كى ئاق شەھەر) دە بارغۇت (بۆگۈ) قەبىلىسى، چوغاي تېغىنىڭ
جەنۇبىدىكى سەنشۇچېڭ شەھىرى ئەتراپلىرىدا ئاتبىئىز، سىر ـ
تاردۇش قەبىلىلىرى، ۋېيجۇ ئايمىقى ئەتراپلىرىدا بايىرقۇ، تۇڭرا،
قۇن، بارغۇت، ئۇيغۇر قاتارلىق بەش قەبىلىمۇ ئولتۇراقلاشقان
بولۇپ، ئۇلارنىڭ تەخمىنەن 20 ـ 30 مىڭ ئادىمى بار ئىدى.
دەيجۇ ئايمىقىنىڭ ۋۇتەي ناھىيىسى ئەتراپلىرىدا 630 ـ يىلىدىن
تارتىپلا ئىزگىل قەبىلىسىنىڭ بىر قىسىم ئادەملىرى تېرىقچىلىق
قىلىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭدىن سىرت كېيىنكى 2 ـ يىلى تۈرك-
لەرنىڭ قىستىشى بىلەن بىر قىسىم قارلۇق قەبىلىلىرىمۇ لياڭجۇ
ئايمىقىغا كۆچۈپ كەلگەنىدى. دېمەك، تاڭ سۇلالىسى جېنگۇەننىڭ
21 ـ يىلى (647 ـ يىلى) قۇملۇقنىڭ شىمالىي تەرىپىدە تەسىس
قىلغان ئالتە مەھكىمە، يەتتە ئايماقتىكى 13 قەبىلە ئىچىدە، بۇ
مەزگىلدە تاڭ سۇلالىسى چېگرىسىدىن ئۆتۈپ جەنۇبقا كۆچكەنلەر-
نىڭ ئومۇمىي سانى 200 مىڭغا يەتكەنىدى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە سانى
ئەڭ كۆپى ئۇيغۇر قەبىلىسى ئىدى[50]. ئۇيغۇر ـ توققۇز ئوغۇز
قەبىلىلىرىنىڭ زور كۆلەمدە جەنۇبقا كۆچۈشى بىر جەھەتتىن كې-
يىنكى تۈرك خانلىقىنىڭ كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرسا، يەنە بىر جە-
ھەتتىن دائىم دېگۈدەك تۈركلەر بىلەن تىبەتلەرنىڭ شىمال ۋە
جەنۇبتىن قىلغان ھۇجۇمىغا دۇچ كېلىدىغان تاڭ سۇلالىسىنىڭ
خۇاڭخې دەرياسىنىڭ غەربىدىكى مۇداپىئەسىگە زور ھەمدەم بولدى،
يەنى لياڭجۇ، گەنجۇ، جۇملىدىن خېشى رايونىنىڭ پۈتۈن مۇداپىئە
ئىشى ئاساسەن ئۇيغۇر قاتارلىق تۆت قەبىلىنىڭ زىممىسىدە بولۇپ
كەلدى.

## 3 § . كېيىنكى تۈرك خانلىقىنىڭ ئاغدۇرۇلۇشى، ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قايتا قۇرۇلۇشى

توققۇز ئوغۇز، ئون ئۇيغۇر خەلقى ئېلتەبىر تومىد دەۋرىدە ئورخۇن، سېلىنگا ۋە تۇغلا دەرياسى ۋادىسىدىن ئىبارەت موڭغۇلىيە ئېگىزلىكىنىڭ ئوت ـ چۆپلىرى، سۇلىرى مول رايونىدا 40 نەچچە يىل ئۆز كۈچىنى نامايان قىلغاندىن باشلاپ تاكى كېيىنكى تۈرك خانلىقى قۇرۇلۇپ، ئۇيغۇر خەلقى شىمال ۋە جەنۇب ئىككى قىسىمغا بۆلۈنۈپ، ياغلاقار قەبىلىسى باشچىلىقىدىكى خان جەمەتى ئۇرۇقىدىكىلەر گەنجۇ، لياڭجۇ ۋادىلىرىغا كۆچۈپ كەلگۈچە بولغان تارىخىي جەرياندا ئۆز بېشىدىن نۇرغۇنلىغان ئەگرى ـ توقاي مۇساپىلەرنى ئۆتكۈزدى. گەنجۇ، لياڭجۇ رايونلىرى خېشى ۋادىسىدىكى ئەڭ مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك جايلار بولۇپ، ئۇ شىمال تەرەپتىن تۈركلەرنىڭ جەنۇبقا ئىچكىرىلەپ كىرىشىنى توسىغىلى بولىدىغان، جەنۇب تەرەپتىن چىڭخەي ـ شىزاڭ ئېگىزلىكىدە يېڭىدىن باش كۆتۈرۈپ تىبەت خانلىقىنى قۇرۇپ چىققان تىبەتلەرنىڭ تاڭ سۇلالىسىگە كەلتۈرىدىغان خەۋپ ـ خەتەرلىرىدىن مۇداپىئەلەنگىلى بولىدىغان مۇھىم ئۆتكەل ئىدى. ئىلگىرى بۇ يەرلەرگە جايلاشقان تاڭ سۇلالىسى لەشكەرلىرىنىڭ ئىچىدە كارغا يارايدىغىنى چاغلىق بولۇپ، ئۇيغۇر چەۋەندازلىرىنىڭ بۇ يەرگە كۆچۈپ كېلىشى تاڭ سۇلالىسى ئۈچۈن قارشى ئېلىشقا تېگىشلىك ئىش ئىدى. شۇڭا، تاڭ سۇلالىسمۇ بۇ پۇرسەتنى قولدىن بەرمىدى. خۇددى «يېڭى تاڭنامە» دە خاتىرىلەنگەندەك «تاڭ سۇلالىسى ھەر دائىم ئۇيغۇرلاردىن چىشۇي ئاتلىق قوشۇنى تەشكىللەپ» ⑤① ، جەنۇب تەرەپتە تىبەتلەردىن كېلىدىغان ھۇجۇمدىن، شىمال تەرەپتە تۈركلەردىن كېلىدىغان ھۇجۇمدىن مۇداپىئەلەندى، گەنجۇ، لياڭجۇ ۋادىلىرىغا كۆچۈپ كەلگەن ئۇيغۇر قەبىلىلىرىمۇ تېزلىكتە ئۆز ئىگىلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، تېز سۈرئەتتە كۈچىيىپ، ئۆز كۈچىنى تېز تەرەققىي قىلدۇرۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولۇۋالدى.

مۇشۇ مەزگىللەردە، ئۇيغۇرلارنىڭ قولىدىن ئۆتكەن ۋادىسىنى تارتىۋېلىپ، شۆھرىتىنى قايتا نامايان قىلىۋاتقان كېيىنكى

تۈرك خانلىقىدا 716 ـ يىلى ئىلتەرىش قۇتلۇق قاغاننىڭ ئورنىغا تەختكە چىققان قاپاغان قاغان بايىرقۇ قەبىلىسى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى، ئۇنىڭ ئورنىغا قۇتلۇق قاغاننىڭ چوڭ ئوغلى بىلگە قاغان (毗伽可汗) تەختكە چىقتى. بىلگە قاغان كېيىنكى تۈرك خانلىقى تارىخىدىكى مەشھۇر سىياسىيون، ئاتاقلىق ھەربىي قوماندان، داڭلىق دىپلومات ئىدى. بىراق، ئۇنىڭ تەختكە چىققان ۋاقتى تۈركلەر ئىنتايىن قىيىن، ھەل قىلغۇچ ئەھۋالدا قالغان مەزگىل بولۇپ، بۇ مەزگىلدە قاپاغان قاغاننىڭ ئۆلۈشى بىلەن قۇمۇق، قىتان، بايىرقۇ قاتارلىق قەبىلىلەر يۈز ئۆرۈپ تاڭ سۇلالىسىگە قارام بولۇۋالغان، تۈركەشلەردىن سۇلۇ (苏禄، 716 ـ 738 ـ يىللار) ئۆزىنى قاغان دەپ جاكارلىۋالغان، تۈرك قەبىلىلىرى بۆلۈنۈپ، چېچىلىپ كەتكەن»[52]، تۈركلەرنىڭ قۇتلۇق قاغان، قاپاغان قاغانلار دەۋرىدىكى «دۆلىتى بارلارنى دۆلىتىدىن مەھرۇم قىلغان، قاغانلىرى بارلارنى قاغانىدىن مەھرۇم قىلغان، دۈشمەنلىرىنى بويسۇندۇرغان، تىزى بارلارنى تىزلاندۇرغان، بېشى بارلارنى باش ئۇردۇرغان»[53] سەلتەنىتى زور داۋالغۇشقا چۈشۈپ قالغان، ھەتتا پۈتۈنلەي يىمىرىلىش گىردابىغا بېرىپ قالغانىدى. دانا بىلگە قاغان دادىسى ۋە تاغىلىرىغا ئۇستاز بولغان، 70 نەچچە ياشلارغا كىرىپ قالغان دانىشمەن دۆلەت ئەربابى تونيۇقۇقنى قايتا ئىشقا قويۇپ، ئۇنىڭ مەسلىھەتى بويىچە ئىنىسى كۆلتېكىن بىلەن بىرلىكتە دۆلەتنى تۈزەش، ئەلنى ئەمىن تاپقۇزۇپ ھاكىمىيەتنىڭ قۇدرىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ يېڭى سىياسەت يۈرگۈزدى. بۇ ھەقتە «بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى» دا: «مەن روناق تاپقان خەلق ئۈستىدە ئولتۇرمىدىم، (بەلكى) يېگىلى ئېشى يوق، كىيگىلى كىيىمى يوق يوقسۇل بىچارە خەلقنىڭ ئۈستىدە ئولتۇردۇم، ئىنىم كۆلتېكىن بىلەن سۆزلەشتۇق، ئاتام، تاغام قولغا كەلتۈرگەن خەلقلەرنىڭ نام ـ ئابرۇيىنىڭ يوقاپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، تۈرك خەلقى ئۈچۈن، تۈنلىرى (خاتىرجەم) ئۇخلىمىدىم، كۈندۈزلىرى (خاتىرجەم) ئولتۇرمىدىم، ئىنىم كۆلتېكىن بىلەن بىللە، ئىككى شاد بىلەن بىللە ئۆلەر ـ تىرىلىشىمگە قارىماي تىرىشتىم»[54] دېيىلگەن. مەڭگۈ تاشلاردىكى خاتىرىلەرگە ۋە

كونا ـ يېڭى تاڭنامىلەردىكى مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، بىلگە قاغان تۆۋەندىكىدەك يېڭى سىياسەت يۈرگۈزگەن:

(1) تۈرك ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ئىچىدىكى تالاش ـ تارتىش، نىزالارنى باستۇرۇپ، تاڭ سۇلالىسى چېگرىسىغا سەرگەردان بولۇپ كەتكەن تۈرك ئاقسۆڭەكلىرى ۋە چارۋىچى خەلقلىرىنى ئەسلىي ماكانلىرىغا قايتۇرۇپ كەلگەن ھەم ئۇلارنى قورسىقى توق، ئۇچىسى پۈتۈن بولغان كۈچلۈك ئەل قىلىپ ئۇيۇشتۇرۇپ چىققان. بۇ ھەقتە «بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى» دا: «مەن قاغانلىققا ئولتۇرغان ۋاقتىمدا ھەر تەرەپكە پىتىراپ كەتكەن خەلق ئۆلەر ـ تىرىلىشكە قارىماي پىيادە، يېلىڭ ـ يالىڭاچ ھالدا قايتىپ كەلدى، تەڭرى مەددەت قىلغىنى ئۈچۈن، بەختىم بولغانلىقى ئۈچۈن، تەلىيىم بولغىنى ئۈچۈن ئۆلۈمگە يۈز تۇتقان خەلققە جان كىرگۈزدۈم، يالىڭاچ خەلقنى تونلۇق، يوقسۇل خەلقنى باي قىلدىم، ئاز خەلقنى كۆپ قىلدىم، (ئۇلارنى) كۈچلۈك دۆلىتى بار، كۆچلۈك قاغانى بار (خەلقلەردىنمۇ) ياخشىراق ياشايدىغان قىلدىم» [55] دېيىلگەن.

(2) كېيىنكى تۈرك خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشىدا ھەم قۇتلۇق قاغان، قاپاغان قاغانلار دەۋرىدە تۈركلەرگە دۈشمەن بولۇپ تاڭ سۇلالىسى تەرەپكە ئۆتۈپ كەتكەن توققۇز ئوغۇز، ئون ئۇيغۇر خەلقلىرىنى شىمالغا قايتىپ كېلىشكە چاقىرىق قىلىپ، ئۇلارنىڭ قايتىپ كېلىپ خاتىرجەم تىرىكچىلىك قىلىشىغا شارائىت يارىتىپ بەرگەن.

(3) تاڭ سۇلالىسىگە نىسبەتەن دوستانە سىياسەت يۈرگۈزگەن. بۇ ھەقتە «بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى» نىڭ شىمالىي تەرەپ يۈزى 3 ـ قۇرىدا: «بۇ يەردە (ئۆتۈكەننى دېمەكچى) ئولتۇرۇپ، تابغاچ خەلقى بىلەن ياراشتىم» دېيىلگەن. ئۇنىڭدىن باشقا خەنزۇچە ھۆججەتلەردىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندىمۇ، بىلگە قاغان 717 ـ ۋە 727 ـ يىللىرى تاڭ شۆەنزۇڭغا ئەلچى ئەۋەتىپ ئېسىل ئاتلارنى سوۋغا قىلغان، ئوتتۇرىدا تىنچلىق بىتىمى تۈزگەن ھەم 727 ـ يىلى تىبەتلەرنىڭ تاڭ سۇلالىسىگە بىرلىكتە ھۇجۇم قىلىش توغرىسىدىكى تەكلىپىنى رەت قىلغان، تىبەت پادىشاھىنىڭ بىلگە قاغانغا يازغان مەكتۇپىنى تاڭ سۇلالىسىگە ئەۋەتىپ بەرگەن. تاڭ سۇلالىـ

ـسمۇ بۇنىڭغا جاۋابەن سوفاك ۋىلايىتىدىكى شىشۇجاك قەلئەسىدە
بازار تەسىس قىلىپ، ئۆزئارا يىپەك ـ ئات سودىسى قىلىشنى يولغا
قويغان.
(4) تۈركەش، قارلۇق، قىرغىز، قىتان، قۇمۇق قاتارلىق
قارام خەلقلەرگە قارىتا، ئۇلار تۈرك خانلىقىغا ئىتائەت قىلسىلا
ئۇلارنىڭ قىسمەن هالدا يېرىم مۇستەقىللىقىنى ئۆز قولىدا تۇتۇپ
تۇرۇشىغا يول قويۇش هەم ئۇلارغا دوستانە مۇئامىلە قىلىش سىيا-
ستىنى يۈرگۈزۈپ، ئۇلارنىڭ رايىنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلغان.
دەل مانا مۇشۇنداق بىر ۋەزىيەتتە، گەنجۇ، لياڭجۇ رايونىدى-
كى ئۇيغۇر قەبىلىلىرى بىلەن تاڭ سۇلالىسىنىڭ يەرلىك دائىرىلە-
رى ئوتتۇرىسىدا سۈركىلىش كېلىپ چىقىپ، ئۇيغۇر قەبىلىلىرى-
نىڭ تۈركلەر تەرەپكە، يەنى شىمالدىكى ئۆز ئانا ماكانلىرىغا قاي-
تىپ، 40 نەچچە يىل قولدىن كەتكەن موڭغۇل يايلىقىنى قايتا
قولىغا ئېلىش ۋەقەسى يۈز بەردى.
بۇ هەقتە «كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» دە: «كەي-
يۈەننىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئۇيغۇرلار تەدرىجىي كۈللىنىپ، لياڭجۇ
ھىراۋۇلى ۋاڭ جۈنچۈنى ئۆلتۈرۈپ ئەنشىدىكى بەگلىكلەرنىڭ چاڭئەنگە
كېلىپ ـ كېتىش يولىنى ئۈزۈپ تاشلىدى. شۈەنزۇڭ گو جىيۈن
قاتارلىقلارنى جازا يۈرۈشىگە ئەۋەتتى. ئۇلار (ئۇيغۇرلار) ئۆتۈكەن-
گە چېكىنىپ كەتتى»⑯ دېيىلگەن. «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار
تەزكىرىسى» دە: «ئوگتېبىر ئۆلۈپ ئورنىغا ئۇنىڭ ئوغلى چىڭزۇڭ
(承宗) چىقتى. لياڭجۇ ھىراۋۇلى ۋاڭ جۈنچۇ ئۇنى (يەنى
چىڭزۇڭنى) توپىلاڭ كۆتۈرمەكچى دېگەن گۇناھ بىلەن ئەيىبلەپ،
راڭجۇغا سۈرگۈن قىلىپ ئۆلتۈرۈۋەتتى. بۇنىداق ئەھۋالدا ئۇي-
غۇرلار ئەلۋەتتە ۋەقە چىقارماي قالمايتتى. ئۇنىڭ جەمەتىدىن بولغان
دەشتى ماكان تۇتۇق مەھكىمىسىنىڭ ئەمىر مىمارى قۇشۇ (护输)
بۇنىڭدىن غەزەپلىنىپ، ۋاڭ جۈنچۈنى ئۆلتۈرۈپ، ئەنشىدىكى ھەر-
قايسى بەگلىكلەرنىڭ ئولپان تاپشۇرۇش يولىنى پۈتۈنلەي ئۈزۈپ
تاشلىدى، ئۇزۇنغا قالماي تۈركلەرنىڭ ئىچىگە قېچىپ كېتىپ،
شۇ يەردە ئۆلدى»⑰ دېيىلگەن. «كونا تاڭنامە. ۋاڭ جۈنچۈنىڭ
تەرجىمىھالى» دىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، «دەسلەپتە لياڭجۇ ئاي-

مىقىدا ئۇيغۇر، چۆبە، ئىزگىل، قۇندىن ئىبارەت تۆت قەبىلە
بولۇپ، ھەر بىرى نۆۋەت بىلەن سەردار بولۇپ كەلگەن. ۋاڭ
جۇنچۇ تۆۋەن مەنسەپتىكى ۋاقتىدا لياڭجۇ ئايمىقىغا كېلىپ -
كېتىش جەريانىدا، ئۇيغۇر قاتارلىق قەبىلىلەرنىڭ مەسخىرە قىلى-
شىغا ئۇچرىغان. ۋاڭ جۇنچۇ كېيىن خېشى ھىراۋۇللۇقىغا تەيىن-
لەنگەندىن كېيىن، ئۇيغۇرلار بۇنىڭدىن نارازى بولۇشقان». ۋاڭ
جۇنچۇ ئىچى يامان، قولىدىن چوڭ ئىشلار كەلمەيدىغان، گۇمانخور
كىشى بولغاچقا، ئەمدىلىكتە ئۆز ھوقوقىدىن پايدىلىنىپ ئۇيغۇر
قاتارلىق قەبىلىلەرگە زورلۇق - زومبولۇق قىلغان. شۇنىڭ بىلەن
ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئۇنىڭ زورلۇق - زومبولۇقى ئۇستىدىن تاڭ
سۇلالىسى ئوردىسىغا ئەرز سۇنغان. بۇ ھەقتە تارىخىي ھۆججەتلەر-
دە: «ۋاڭ جۇنچۇ چارە قوللىنىپ ئۇلارنى ئىسكەنجىگە ئالماقچى
بولغىنىدا، ئۇيغۇرلارنىڭ تاقىتى تاق بولۇشقا باشلىدى. شۇنىڭ
بىلەن، ئۇلار شەرقىي ئاستانىگە يوشۇرۇن ئەلچى ماڭدۇرۇپ ئەرز
قىلدى، ۋاڭ جۇنچۇ دەرھال ئوردىغا مەلۇمات يوللاپ، ‹ئۇيغۇر
قەبىلىسىدىكىلەر بەكلا بويۇنتاۋلىق قىلىۋاتىدۇ، ئۇلارنىڭ ئىسيان
كۆتۈرۈش غەرىزى بار› دەپ چېقىشتۇردى»⑱ دېيىلگەن. بۇ چاغدا
تاڭ سۇلالىسى پادىشاھى تاڭ شۈەنزوڭ خاس ئەلچىلىرىنى بۇ ئىش-
نى سۈرۈشتە قىلىشقا ئەۋەتكەن بولسىمۇ، بىراق ئۇلار ئۇيغۇرلار-
نىڭ قائىدە سۆزلىشىگە ئىمكانىيەت بەرمەي، ۋاڭ جۇنچۇنىڭ ئۇي-
غۇرلار ئۇستىدىن توقۇغان بوھتانلىرىغا ئىشىنىپ، «ئۇيغۇرلارنىڭ
دەشتى ماكان تۇتۇق بېگى چىگزۇڭنى راڭجۇ ( 壤州 ، ھازىرقى
گۇاڭشىنىڭ شياڭسى ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدا) غا، قۇن تۇتۇق بې-
گىنى جىجۇ( 吉州 ، ھازىرقى جياڭشىنىڭ جىئەن شەھىرى) غا،
خېلەن تۇتۇق بېگى چۆبە چىگمىڭنى ( 契苾承明 ) تېڭجۇ ( 藤州 ،
ھازىرقى گۇاڭشىنىڭ تېڭشيەن ناھىيىسى) غا، لۇشيەن تۇتۇق بېگى
ئىزگىلنى چيۇڭجۇ( 琼州 ، ھازىرقى خەينەننىڭ چيۇڭشيەن ناھى-
يىسى) غا سۈرگۈن قىلىپ، ئۇيغۇر ئوتبان ( 伏帝难 ) نى دەشتى
ماكان تۇتۇق بېگى قىلىپ تەيىنلىگەن»⑲، «ئۇيغۇرلار بىلەن قۇدا -
باجىلىق مۇناسىۋىتى بار ئوڭ قول چەۋەنداز مەھرەم لى لىڭۋېن،
ئالىي دەرىجىلىك تۆرە چۆبە چوڭ قاتارلىقلارنىڭ دەرىجىسىنى چۈ-

شۇرۇپ، لى لىڭۋېنىنى خۇجۇ ئايمىقىنىڭ ئورۇنباسار ئايماق بەگلىكىگە، چۆبە چوڭنى ليەنجۇ ئايمىقىنىڭ ئورۇنباسار ئايماق بەگلىكىگە چۈشۈرۈۋەتكەن» ⑥⓪. بۇ ئىش ئەسلىدىلا سەۋر قاچىسى تېشىپ ئاران تۇرۇۋاتقان ئۇيغۇر قاتارلىق تۆت قەبىلىنىڭ غەزىپىنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ، ئۇلارنىڭ ئۆز يولىنى ئېچىۋاشتىن تاللىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. «نەتىجىدە ئۇيغۇر قەبىلىلىرى چىڭزۇڭنىڭ جەمەتىدىن بولغان دەشتى ماكان ئەمىر مىمارى قۇشۇن ئۆزلىرىگە سەردار قىلىپ، لەشكەر باشلاپ ئىسيان كۆتۈرۈپ، ۋاڭ جۈنچۇنى ئۆلتۈرۈپ تۈركلەرنىڭ ئىچىگە قېچىپ كەتكەن» ⑥①. بۇ ھەقتە «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» دە: «ئۇيغۇر چىڭزۇڭنىڭ جەمەتىدىن بولغان دەشتى ماكان مەھكىمىسىنىڭ ئەمىر مىمارى قۇشۇ جەددى- جەمەتى ۋە قوۋمىدىكىلەرنى توپلاپ، چىڭزۇڭنىڭ قىساسىنى ئالماقچى بولۇپ تەييارلاندى. شۇ چاغدا تىبەتلەرنىڭ ئەلچىلىرى تۈركلەر ئېلىگە ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بولۇپ، ۋاڭ جۈنچۇ چەۋەندازلارنى باشلاپ سۈجۇ (گەنسۇنىڭ فۇلۇ ناھىيىسى) غىچە قوغلاپ بېرىپ ئۇلارنى تۇتۇپ كەلدى ۋە قايتىپ گەنجۇنىڭ جەنۇبىدىكى كوڭبى ئۆتىڭىگە (ھازىرقى گەنسۇنىڭ جاڭيې شەھىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا) كەلگەندە، قۇشۇنىڭ بۆكتۈرمە قوشۇنلىرىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى، ئۇلار ۋاڭ جۈنچۇنىڭ دەستەكلىرىنى تارتىۋېلىپ، ئالدى بىلەن ئۇنىڭ سوراقچى ئەمەلدارى سۇن جىننى ئۆلتۈرۈپ، ‹مانا بۇ سۇيىقەستنىڭ باشلىنىشى› دېدى. ۋاڭ جۈنچۇ قول ئاستىدىكى نەچچە ئون ئادىمى بىلەن جان تىكىپ جەڭ قىلغان بولسىمۇ، ئاخىرى قول ئاستىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى قىرىپ تاشلاندى، قۇشۇ ۋاڭ جۈنچۇنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ جەسىتىنى ئېلىپ تىبەتلەر تەرەپكە قاچتى، لياڭجۇ لەشكەرلىرى ئۇنىڭغا قوغلاپ زەربە بەردى، قۇشۇ ۋاڭ جۈنچۇنىڭ جەسىتىنى تاشلاپ قېچىپ كەتتى» ⑥② دېيىلگەن. دېمەك، ۋاڭ جۈنچۇ ۋەقەسى قارىماققا جەنۇبقا كۆچۈپ كەلگەن ئۇيغۇر قەبىلىلىرى بىلەن تاڭ سۇلالىسىنىڭ لياڭجۇدىكى يەرلىك دائىرىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى كىچىك بىر سۈركىلىشتەك قىلىسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇ تومۇر دەۋرىدىن باشلاپ مەۋجۇت بولۇپ كېلىۋاتقان تاڭ ئوردىسى بىلەن ئۇيغۇر

ئىتتىپاقى ئوتتۇرىسىدىكى باشقۇرۇش بىلەن باشقۇرۇشقا قارشى تۇرۇش ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنىڭ ئاشكارىلىنىشى ۋە قايتا تەكرارلىنىشى ئىدى. ھەممىگە مەلۇمكى، لياڭجۇ، گەنجۇ ئەتراپلىرىغا كۆچۈپ كەلگەن بۇ ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ ئاساسلىق قەبىلىلىرى، شۇنداقلا خان جەمەتى ئۇرۇقى بولغان ياغلاقار ئۇرۇقىدىكىلەر بولۇپ، ئۇلار دەسلەپ شەرقىي تۈركلەر تەرىپىدىن يېڭىلىپ ئىلاجسىز بۇ يەرگە كۆچۈپ كېلىپ تاڭ سۇلالىسى مەمۇرىي دائىرىلىرىنىڭ باشقۇرۇشىنى قوبۇل قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ھەر ۋاقىت ئۆزلىرىنىڭ ئورنىنى تىكلەش كويىدا بولۇپ كېلىۋاتقانىدى. شۇڭا، ئۆزلىرىنى كۈچەيتىش، كەلگۈسىدىكى نىشانلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئىزچىل ھالدا تاڭ سۇلالىسىنىڭ چېگرا مۇداپىئەسى ئۈچۈن كۈچ چىقىرىپ كېلىۋاتقانىدى. ۋەھالەنكى، ۋاڭ جۇنچۈنىڭ ئىغۋاگەرچىلىكى ئۇلارغا ئېغىر ھاقارەتلەرنى ئېلىپ كەلگەنلىكتىن، بۇ ئىش ئاخىرى ئۇلارنىڭ تاڭ سۇلالىسىگە قارشى ئىسيان كۆتۈرۈشى بىلەن ئاخىرلاشتى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئەسلىدە سەددىچىن سېپىلىنىڭ بويىدا ئولتۇراقلىشىپ، تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئۈچۈن چېگرانى مۇداپىئە قىلىۋاتقان، ئۇيغۇر - توققۇز ئوغۇز قەبىلىلىرى ئاساسەن دېگۈدەك قومۇلنىڭ شىمالىغا قايتىپ كەتتى. بۇ ۋەقە «كونا تاڭنامە» دە: «كەيياۋەن يىللىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئۇيغۇرلار تەدرىجىي گۈللەندى، ئۇلار لياڭجۇ تۇتۇق بېگى ۋاڭ جۇنچۈنى ئۆلتۈرۈپ، ئەنشىدىكى ( 安西 ) ھەرقايسى بەگلىكلەرنىڭ چاڭئەنگە بېرىپ - كېلىش يولىنى ئۈزۈپ تاشلىدى. شۈەنزۇڭ (تاڭ شۈەنزۇڭ) گو جىيۈن قاتارلىقلارنى ئەۋەتىپ ئۇلارنىڭ ئۈستىگە جازا يۈرۈشى قىلغان بولسىمۇ، ئۇلار ئۆتۈكەننى پاناھ تارتىپ قېچىپ كەتتى. ئۇ يەر جەنۇبتا شىچېڭغا 1700 چاقىرىم كېلەتتى. شىچېڭ خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى گاۋچۆ قەلئەسىدۇر»[63] دەپ خاتىرىلەنگەن بولسا، «بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى» دا: «توققۇز ئوغۇز خەلقى يەر - سۈيىنى تاشلاپ تابغاچقا باردى، ئۇلار تابغاچ ··· يەنە بۇ يەرگە قايتىپ كەلدى» [64] دېيىلگەن.

ئون ئۇيغۇر - توققۇز ئوغۇز قەبىلىلىرىنىڭ شىمالىغا، يەنى

ئۆزلىرىنىڭ ئانا ماكانلىرى بولغان ئورخۇن، سېلىنگا دەرياسى
ۋادىلىرىغا قايتىپ كېيىنكى تۈرك خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى تەر-
كىبىگە كىرىشى تاڭ سۇلالىسى ئۈچۈن ئەجەللىك بىر زەربە بول-
دى. چۈنكى، بۇ مەزگىلدە غەربىي جەنۇبتا تىبەتلەر كۈچىيىپ،
غەربىي يۇرت ۋە چىگىخەي تەرەپلەردە تاڭ سۇلالىسىگە ئېغىر تەھدىت
پەيدا بولۇۋاتقاچقا، تاڭ سۇلالىسى شىمالدا تۈركلەرگە تاقابىل تۇر-
ماي، ئۇلار بىلەن يارىشىپ قېلىشقا، ئۆزئارا بېرىش - كېلىش
قىلىشقا مەجبۇر بولدى. بۇنىڭ بىلەن كېيىنكى تۈركلەرمۇ بىرنەچ-
چە يىل ئارام ئېلىۋېلىش، ئىچكى قىسمىنى تەرتىپكە سېلىۋېلىش،
كۈچىنى غەربكە ۋە شەرققە قارىتىپ، ئۇ جايلاردىكى خەلقلەرنى،
زېمىنلارنى ئۆزىگە قارىتىۋېلىش پۇرسىتىگە ئىگە بولدى ھەم ئىلگى-
رى - كېيىن بولۇپ شەرقتە قىتان، قۇمۇق قاتارلىق خەلقلەرنى،
غەربتە قارلۇق، باسمىل، تۈركەش قاتارلىق خەلقلەرنى، شىمالدا
قىرغىز قاتارلىق خەلقلەرنى بويسۇندۇردى، بارلىق توققۇز ئوغۇز - ئون
ئۇيغۇر خەلقىنى ئۆز ھۆكۈمرانلىقىغا ئالدى.
ئۇيغۇرلارنىڭ 727 - يىلىدىن (بەزىلەر ئۇيغۇر قەبىلىلىرى-
نىڭ گەنجۇ، لياڭجۇ ۋادىلىرىدىن تۈركلەر تەرەپكە كۆچۈپ كەتكەن
ۋاقتىنى 729 - يىلى دەپ ھېسابلايدۇ) 742- يىلغىچە كېيىنكى
شەرقىي تۈرك خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا ياشىغان ۋاقتى ئۇيغۇر-
لار تارىخىدىكى مۇھىم بىر باسقۇچ بولۇپ، بۇ مەزگىلدە توققۇز
ئوغۇز - ئون ئۇيغۇر خەلقى تۈرك خانلىقىنىڭ تەركىبىدە تۈرك
دېگەن ئورتاق نام ئاستىدا ئۆز كۈچىنى تەدرىجىي كۈچەيتتى.
ئۇرۇق - قەبىلىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىتتىپاقنى تېخىمۇ مۇستەھ-
كەملەپ، سېلىنگا دەرياسى ۋادىسىنى بازا قىلغان ئاساستا ئۆزلىرى-
نىڭ پائالىيەت دائىرىسىنى ۋە زېمىن دائىرىسىنى تەدرىجىي كېڭەيت-
تى. قەبىلە - ئۇرۇقنى ئۇزلۇكسىز زورايتتى. نەتىجىدە قايتىدىن
مۇستەقىل بىر كۈچ بولۇپ مەيدانغا چىقىشقا باشلىدى. لېكىن
كېيىنكى شەرقىي تۈرك خانلىقىنىڭ مەۋجۇدلۇقى توققۇز ئوغۇز - ئون
ئۇيغۇر خەلقىنىڭ خانلىق ھاكىمىيىتىنى ۋە ئۆتۈكەننى مەركەز
قىلغان موڭغۇلىيە يايلىقىدىكى سەلتەنەتىنى قايتا ئەسلىگە كەلتۈ-
رۈشىگە ئېغىر توسالغۇ بولۇپ كېلىۋاتاتتى. شۇڭا، ئۆز ئەجدادلى-

رىنىڭ قولىدىن شىمالنىڭ ھاكىمىيىتىنى تارتىۋالغان تۈرك-
لەردىن ھاكىمىيەتنى قايتا تارتىۋېلىش ئۇيغۇر خان جەمەتىنىڭ ۋە
ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ئالدىدىكى مۇھىم ۋەزىپە ئىدى. مۇشۇ سەۋەبتىن
قوشۇ رەھبەرلىكىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ خان جەمەتى ئۇرۇقى شىمالغا
قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، شەرقىي تۈرك خانلىقىنىڭ ئىچكى
قىسمىدىكى ھوقۇق، مال - مۈلۈك تالىشىش زىددىيەتلىرىنىڭ
تېخىمۇ ئۆلگىرىلىگەن ھالدا راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، تۈرك خان-
لىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا ياشاۋاتقان توققۇز ئوغۇز خەلقىنى ئۆز
ئەتراپىغا ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۆز كۈچىنى تەدرىجىي قۇدرەت تاپقۇزۇشقا
كىرىشتى. كېيىنچە ھەتتا ئالتاي تېغى باغرى، بېشبالىق ۋە جۇڭ-
غارىيە ئويمانلىقىدا ياشاۋاتقان ئادەم سانى كۆپ، ھەربىي كۈچى
كۈچلۈك بولغان قارلۇق، باسمىل قەبىلىلىرى بىلەن زەنجىرسىمان
ئىتتىپاق تۈزۈپ، كېيىنكى شەرق تۈرك خانلىقىغا قارشى
توققۇز ئوغۇز - ئون ئۇيغۇرلارنىڭ كۈچلۈك ئىتتىپاقىنى شەكىل-
لەندۈردى. بۇ ئەھۋاللار «كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى»
دە: «ئۇيغۇرلار كەيىۋەن يىللىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا تەدرىجىي قۇد-
رەت تاپتى» (65) دېيىلگەن بولسا، «بايانچۇر مەڭگۈ تېشى» دا:
«تۈرك ئېلىگە يىگىرمە ئالتە يېشىمدا ··· بەردى، بويلا ··· يەنە
چۇشتى، توققۇز ئوغۇز خەلقىنى تېرىپ، يىغىپ ئالدىم» (66)
دېيىلگەن. بۇ شۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇكى، كېيىنكى تۈرك
خانلىقىنىڭ گۇمران بولۇشىدا جەنۇبتىكى تاڭ سۇلالىسى ئاساسىي
رول ئوينىغان بولماستىن، بەلكى تۈرك خانلىقىنىڭ ئىچكى قىس-
مىدىكى زىددىيىتى، توققۇز ئوغۇز - ئون ئۇيغۇر ئىتتىپاقىنىڭ
كۈچلۈك زەربە بېرىشى ئاساسلىق ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغان.
كېيىنكى تۈرك خانلىقى قۇتلۇق قاغاندىن تارتىپ بىلگە قاغان
دەۋرىگىچە ئۆزۈنىغا سوزۇلغان جازا ئۇرۇشى قىلىش، شەرق،
غەرب، جەنۇب، شىمال تەرەپلەردىكى تۈركىي خەلقلەر ۋە باشقا
خەلقلەرنى بويسۇندۇرۇش ئارقىلىق گەرچە زېمىنى، ھاكىمىيىتىنى
بىرقەدەر مۇستەھكەملىۋالغان بولسىمۇ، لېكىن توختاۋسىز قىلىن-
غان ئۇرۇش، ئۇرۇش ئېلىپ كەلگەن ھەر خىل ئېغىر بالايىئاپەت-
لەر خانلىقنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى مىللىي ۋە سىنىپىي زىددىيەت-

لەرنى ئىنتايىن كەسكىنلەشتۈرۈۋەتكەن. بۇ ھەقتىكى مەلۇماتلارنى كونا، يېڭى «تاڭنامە» ۋە «تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشى»، «كۆلتېكىن مەڭگۈ تېشى»، «بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى» دىكى خاتىرىلەردىن بىرقەدەر ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. شۇڭا، كۆلتېكىن ۋە بىلگە قاغانلارنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن كېيىنكى تۈرك خانلىقى ئىنتايىن تېزلا ھالاكەتكە يۈزلەندى. مىلادىيە 731 ـ يىلى (يەنى قوي يىلى) 3 ـ ئايدا بىلگە قاغاننىڭ ئىنىسى، كېيىنكى تۈرك خانلىقىنىڭ مەشھۇر ھەربىي ئالىمى ۋە دۆلەت ئەربابى كۆلتېكىن 47 يېشىدا ۋاپات بولدى. ئۇ مىلادىيە 685 ـ يىلى (توخۇ يىلى) تۇغۇلغان، قۇتلۇق قاغان (يەنى ئېلتەرىش قاغان) نىڭ 2 ـ ئوغلى بولۇپ، ھايات ۋاقتىدا ئاكىسى بىلگە قاغاننىڭ خانلىق ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەشكە پۈتۈن كۈچى بىلەن ياردەملىشىپ زور تۆھپە كۆرسەتكەن، شۆھرىتى تۈرك خانلىقى دائىرىسىدىلا ئەمەس، بەلكى شەرق ۋە غەربتىكى ھەرقايسى ئەللەرگىچە تارقالغانىدى. شۇڭا، ئۇنىڭ ئۆلۈمىگە شەرقتىكىلەردىن قىتان، تاتابى، تابغاچلار (تاڭ سۇلالىسى)، جەنۇبتىكىلەردىن تىبەت خانلىقى، غەربتىكىلەردىن سوغدى، بەرچەكەر ـ بۇقاراق، تۈركەش، ئوغۇز، قىرغىز قاتارلىقلارنىڭ ھال سورىغۇچى ئەلچىلىرى كەلدى. تاڭ سۇلالىسى «جىنۋۇ سانغۇنى جاڭ چۈيى، پاششاپ بېگى لۈ شياڭلارنى خاننىڭ مۆھرى بېسىلغان تەزىيەنامە بىلەن ئەۋەتتى ھەمدە تاش ئابىدە تىكلىدى. تاش ئابىدىگە خاننىڭ ئۆز قولى بىلەن يېزىپ بەرگەن تەزىيەنامىسى ئويۇلدى. يەنە تاۋاپخانا ياسىدى ۋە تاش ھەيكەل تىكلىدى، تاۋاپخانىنىڭ تۆت تېمىغا ئۇنىڭ (يەنى كۆلتېكىننىڭ) ھەربىي يۈرۈشلىرىدىكى تۆھپىلىرى تەسۋىرلەنگەن سۈرەتلەر ئويۇلدى» [67]. كۆلتېكىننىڭ ۋاپاتى بىلگە قاغانغىلا ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل تۈرك خانلىقى ئۈچۈن ئېغىر زەربە ئىدى. بۇنىڭغا ئۇلىنىپلا مىلادىيە 734 ـ يىلى (يەنى ئىت يىلى) كېيىنكى تۈرك خانلىقىدا 19 يىل شاد بولۇپ سەلتەنەت سۈرگەن مەشھۇر بىلگە قاغان 50 يېشىدا ئۆزىنىڭ ۋەزىرى بويرۇقچۇر (梅录啜) تەرىپىدىن زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈلدى. ئۇنىڭ ئورنىغا ئوغلى تەڭرى ياراتمىش قاغان (登利伊然可汗) چىقتى. بىلگە قاغان كېيىنكى شەرقىي

تۈرك خانلىقىنىڭ شۆھرەتلىك ھۆكۈمرانلىرىدىن بولغاچقا، ئۇ قازا تاپقاندا تاڭ سۇلالىسى ئوردىسى ئۈچ كۈن قارىلىق تۇتقان ھەم لوياڭ شەھىرىدە تەزىيە مۇراسىمى ئۆتكۈزگەن. ئوردا ئىشلىرى بېگى لى چۈەن (李佺) نى تەزىيە بىلدۈرگۈچى ئەلچى قىلىپ بىلگە قاغاننىڭ دەپنە مۇراسىمىغا ئەۋەتكەن ھەم ئۇنىڭ بىلەن بىر تۈركۈم چېۋەر ھۈنەرۋەنلەرنى ئەۋەتىپ، كۆلتېكىن مەڭگۈ تېشىنىڭ شەرقىگە ئۇنىڭ ئۈچۈن ئىنتايىن كۆركەم، كاتتا تاۋاپخانا سالدۇرغان ۋە ئابىدە تۇرغۇزغان[68]. بۇ ئەھۋاللارنى «بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى» نىڭ ئاپتورى بولغان يوللۇغ تېكىنمۇ دەلىللەپ بېرىدۇ. يوللۇغ تېكىن بىلگە قاغاننىڭ جىيەن ئوغلى بولۇپ، ئۇنىڭ خاتىرىسىدە بۇ ۋەقە مۇنداق خاتىرىلەنگەن: «ئاتام قاغان ئىت يىلى ئونىنچى ئاينىڭ يىگىرمە ئالتىنچى كۈنى قازا تاپتى. توڭگۇز يىلى بەشىنچى ئاينىڭ يىگىرمە يەتتىنچى كۈنى دەپنە مۇراسىمى ئۆتكۈزدۈم، تۇتۇق ... ئاتىسى لىسۇن دېگەن چوڭ سەنگۇن بەش يۈز ئەرنى باشلاپ كەلدى. دەپنە مۇراسىمى ئۈچۈن (ئىشلىتىدىغان) ئىسرىقدان ۋە ئىپارلارنى كەلتۈرۈپ ھەممىسىنى ئورنىتىپ بەردى، سەندەل ياغىچىدىن كەلتۈرۈپ، ئۆز ... مۇنچىۋالا كۆپ خەلق چېچىنى كەستى، قۇلىقىنى تىلدى. (ئۇلار مىنىدىغان) نەسىللىك ئات، قارا بولغۇن، كۆك تىيىنلەرنى ھېسابسىز كەلتۈرۈپ قويدى»[69]. تەتقىقاتچىلار دەل مۇشۇ بىلگە قاغاننىڭ ئۆلۈمىنى قالايمىقان ئەنسىز ۋەزىيەتنى مەيدانغا كەلتۈرۈپ، شەرقىي تۈركلەرنىڭ يىمىرىلىشىنىڭ بېشارىتىنى بەردى، دەپ ھېسابلايدۇ[70].

بىلگە قاغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئورنىغا تەختكە چىققان تەڭرى يارىتمىش قاغان (تولۇق ئاتىلىشى تەڭرى يارىتمىش بىلگە قاغان) تاكى 740 ـ يىلىغىچە تەختتە ئولتۇردى. تەڭرى يارىتمىش قاغان بىر تەرەپتىن تاڭ سۇلالىسى بىلەن دوستانە مۇناسىۋەتتە ئۆتسە، يەنە بىر تەرەپتىن شەرقتىكى تاتابى ۋە قىتانلارغا ئىككى قېتىم زور كۆلەمدە جازا يۈرۈشى قىلىپ، ئۇلارنى بويسۇندۇردى. بىراق تۈركلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ھەر خىل زىددىيەت بۇنىڭلىق بىلەن پەسىيىپ قالمىدى. 740 ـ يىلى تەڭرى يارىتمىش قاغان ۋاپات بولۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئىنىسى بىلگە قۇتلۇق قاغان تەختكە

چىقتى، بىراق ئۇنىڭ يېشى كىچىك بولغاچقا، ئۇنىڭ ئانىسى،
تونيۇقۇقنىڭ قىزى ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا ياردەملەشتى. ئۇنىڭ
تاغىلىرى ھەربىي ھوقۇقنى ئىگىلەپ ئوڭ قول، سول قول شاد
بولۇۋالدى. 741- يىلى بىلگە قۇتلۇق قاغان سول قول شاد پان-
كۆلتېكىن تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى، پان كۆلتېكىن ھاكىمىيەتنى
ئۆزى ئىگىلەپ تۇۋرا قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى ئايبارسنى ( 阿布思 )
غەربىي تەرەپ يابغۇسى، بارغۇت (بۆگۈ) قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى
ئىلىگچۇر بەگنى ( 乙李啜拔 ) شەرقىي تەرەپ يابغۇسى قىلىپ
تەيىنلەپ، جەنۇبقا سۈرۈلگەن ئاشىنا ئۇرۇقىدىكىلەرگە جازا يۈرۈ-
شى قىلدى. نەتىجىدە 741 - يىلى ۋە 742 - يىلى كېيىنكى تۈرك
خانلىقى ئىنتايىن ئېغىر قالايمىقانچىلىققا چۈشۈپ قالدى. گەرچە
پان كۆلتېكىن قۇملۇقنىڭ جەنۇبىغا كەتكەن ئاشىنا ئۇرۇقىدىكىلەر-
نىڭ قارشىلىقىنى ئاخىر بېسىقتۇرغان بولسىمۇ، لېكىن شىمالدا
توققۇز ئوغۇز - ئون ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ كۈن-
دىن - كۈنگە كۈچىيىۋاتقان ھەيۋىسىنى پەسەيتىشكە ئامالسىز قال-
دى، «تۈركلەرنىڭ خان جەمەتىدىن بولغان باسمىل قەبىلىسىنىڭ
نازارەتچى تۇدۇنى ئاشىناش ( 阿史那施 ) قۇملۇقنىڭ شىمالىدىكى
ئۇيغۇر، قارلۇق قاتارلىق كۈچلۈك قەبىلىلەرنىڭ ھىمايىسىدە قوز-
غىلىپ، پان كۆلتېكىندىن خانلىق تەختىنى تارتىۋېلىشقا ئاتلاندى،
بۇ ھەرىكەت ئىنتايىن تېزلا تاڭ سۇلالىسىنىڭ قوللىشىغا ئېرىش-
تى» ⑦①. نەتىجىدە 742 - يىلى (يەنى ئات يىلى) 8 - ئايدا
پان كۆلتېكىن ئاشىناش رەھبەرلىكىدىكى باسمىل، ئۇيغۇر، قار-
لۇق قەبىلىلىرى تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنىپ ئۆلتۈرۈلدى. ئاشى-
ناش، ئۇيغۇر ۋە قارلۇق قاتارلىق توققۇز ئوغۇز - ئون ئۇيغۇر
قەبىلىلىرى تەرىپىدىن خانلىق تەختىگە كۆتۈرۈلۈپ، ئالپ ئېلتە-
رىش قاغان دەپ ئاتالدى، ئۇيغۇر قەبىلىسىنىڭ خان جەمەتى
ئۇرۇقى — ياغلاقار ئۇرۇقىدىن كېلىپ چىققان قۇشۇ قاغاننىڭ
ئوغلى كۆلبويلا ( 骨力裴罗 ) شەرقىي تەرەپ يابغۇسى، قارلۇق
قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى تاي بىلگە تۇتۇق ( 大毗伽都督 ) غەربىي
تەرەپ يابغۇسى بولۇپ تەيىنلەندى. بۇ چاغدا پان كۆلتېكىننىڭ بىر
قىسىم قالدۇق كۈچلىرى پان كۆلتېكىننىڭ ئوغلى ئۆزمىش تې-

كىننى قاغانلىققا كۆتۈرۈپ، ئۇنىڭ ئوغلى قاراچۇرنى ( 葛腊多 ) غەربىي تەرەپ شادى قىلىپ، ئاشىناشىنىڭ يېڭى ھاكىمىيىتى بىلەن تىركەشتى. بۇ ھەقتە «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» دە: «تيەنباۋ تۇنجى يىلى (يەنى 742 ـ يىلى) 8 ـ ئايدا باسمىل، ئۇيغۇر ( 回纥 ) ، قارلۇق ئۈچ قەبىلە بىرلىشىپ قۇتلۇق يابغۇغا (پان كۆلتېكىنگە) گە قارشى يۈرۈش قىلىپ، ئۇنى ئۆلتۈردى. باسمىللارنىڭ ئاقساقىلى قاغانلىققا كۆتۈرۈلۈپ، ئالپ ئېلتەرىش قاغان دەپ ئاتالدى، ئۇيغۇر ۋە قارلۇقلارنىڭ ئاقساقاللىرى سول، ئوڭ يابغۇ دەپ ئاتالدى. تۈركلەرنىڭ قالدۇق قوۋملىرى پان كۆلتېكىننىڭ ئوغلى ئۇزمىشنى قاغانلىققا كۆتۈرۈپ، ئۇنىڭ ئوغلى قاراچۇرنى غەربىي تەرەپ شادى قىلدى»⑫ دەپ خاتىرىلەنگەن. «مويۇنچۇر قاغان مەڭگۈ تېشى» دا بولسا: «ئاتام كۆل بىلگە قاغان ··· قوشۇن ئەۋەتتى، مېنى مىڭبېشى قىلىپ ئەۋەتتى، ئالدى (شەرق) تەرەپكە بېرىپ كەيرەنىڭ شەرقىدىن يانغۇچى ··· بويسۇندۇرۇپ، يەنە يۈرۈش قىلدىم، كەيرە بېشىدا ۋە ئۈچ بەركۇ دېگەن يەردە قاغان قوشۇنى بىلەن قوشۇلدۇم. ئۇ يەر ··· قوغلىدىم. قارا قۇمدىن ئۆتۈپ، كوگۇردە، كۆمۈر تاغدا، يار دەرياسىدا، ئۈچ تۇغلۇق تۈرك خەلقى ··· ئۇزمىش تېكىن قاغان بولۇپتۇ، قوي يىلىدا(يەنى 743 ـ يىلى) مەن يۈرۈش قىلدىم»⑬ دەپ خاتىرىلەنگەن. ئۇزمىش قاغان كېيىنكى شەرقىي تۈركلەرگە خان بولغاندىن كېيىن، تاڭ سۇلالىسى پادىشاھى تاڭ شۈەنزۇڭ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ ئۇزمىش قاغانغا ئەلچى ئەۋەتىپ ئۇنىڭ تاڭ سۇلالىسىگە بېقىنىشىنى تەلەپ قىلدى. بىراق ئۇ تاڭ سۇلالىسىنىڭ مەسلىھەتىگە قۇلاق سالمىدى. تاڭ سۇلالىسى سوفاڭ ھىراۋۇلى ۋاڭ جۇڭسىنى خىل قىسىم بىلەن چىكۇ (ھازىرقى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىنىڭ سۇنېت ئوڭ خوشۇنىنىڭ غەربىدە) غا ئەۋەتىپ، ئۇنىڭغا تەھدىت سالدى. بۇ چاغدا ئۇزمىش قاغان قورقۇپ كېتىپ ئاغزىدا ئەل بولۇشقا ماقۇل بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئەمەلىيەتتە ئىشنى ئارقىغا سۆرەپ ئەل بولمىدى. ۋاڭ جۇڭسى باسمىل، ئۇيغۇر ۋە قارلۇقلارنى ھەرىكەتلەندۇرۇپ كېيىنكى تۈركلەرگە ھۇجۇم قىلدۇردى، ئۇزمىش قېچىپ كەتتى، ۋاڭ جۇڭسى قوشۇننى ئاتلاندۇرۇپ، تۈركلەرنىڭ

ئوڭ قول شادىنى مەغلۇپ قىلدى. نەتىجىدە كېيىنكى تۈركلەرنىڭ غەربىي تەرەپ يابغۇسى ئايبارس، غەربىي تەرەپ شادى قاراچۇر، بۆگۈچۈرنىڭ قىزى بودېجى (勃德支)، تەڭرى ياراتمىش قاغاننىڭ توقالى يۈسەي بەگ (余塞匐)، بىلگە قاغاننىڭ قىزى دالو مەلىكە (大洛公主)، تەڭرى قاغاننىڭ قىزى يۈجۇ مەلىكە (余烛公主) قاتارلىقلار قەبىلە - ئۇرۇقلىرىدىن مىڭدىن ئارتۇق ئۆيلۈكنى باشلاپ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ تاڭ سۇلالىسىگە ئەل بولدى. تاڭ سۇلالىسى قاراچۇرغا شاپائەت قۇچقان خان (怀恩王) دەپ، ئايبارسقا ئىخلاسمەن خان (奉信王) دەپ نام بەردى[74]. ئۇيغۇرلار رەھبەرلىكىدىكى توققۇز ئوغۇز - ئون ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كېيىنكى شەرقىي تۈركلەرنىڭ ئۇزمىش قاغانىنى مەغلۇپ قىلىش جەريانى تۈركچە مەڭگۈ تاشلاردا خەنزۇچە ھۆججەتلەرگە قارىغاندا تېخىمۇ ئېنىقراق خاتىرىلەنگەن بولۇپ، «مويۇنچۇر قاغان مەڭگۈ تېشى» دا قۇشۇ قاغاننىڭ نەۋرىسى، يەنى كۆل بويلانىڭ ئوغلى مويۇنچۇر (磨延啜، نامى ئەل ئەتمىش بىلگە قاغان) قاغاننىڭ نامىدىن: «… ئۇزمىش تېكىن خان بولۇپتۇ، قوي يىلى (743-يىلى) دا مەن يۈرۈش قىلدىم. ئىككىنچى قېتىملىق ئۇرۇشنى بىرىنچى ئاينىڭ ئالتىنچى كۈنى قىلدىم. …ئۇزمىش تېكىننى … تۇتتۇم، خانىشنى ئۇ يەردە قولغا چۈشۈردۈم. تۈرك خەلقى شۇنىڭدىن ئېتىبارەن يوقالدى»[75] دەپ بايان قىلىنغان بولسا، «تېرخىن مەڭگۈ تېشى» دا ئاپتور بىلگە تارخان (ياكى قۇتلۇق تارخان سەنگۈن، خەنزۇچە مەنبەلەردە ئىدىكەن دېيىلىدۇ) دادىسى ئەل ئەتمىش بىلگە قاغان (يەنى مويۇنچۇر) نامىدىن «مەن 28 يېشىمدا، يىلان يىلىدا (يەنى 741 - يىلى) تۈرك ئېلىنى پاراكەندە قىلدىم، ئۇلارنى ۋەيران قىلدىم. … ئاتلىق قوشۇنۇمنى ئەۋەتتىم. مىڭ كىشىلىك قوشۇن ماڭدى. ‹ئۇزمىش تېكىن ئودۇرغاندىن كېلىۋاتىدۇ›، دېدى، ‹ئۇنى تۇت›، دېدى. ئۇلارنى قوغلىدىم، قارا قۇمدىن ئۆتتۇم ۋە كۈيۈرگە كەلگەندە، كۆمۈر تاغ ۋە يار دەرياسى يېنىدا يەتتىنچى ئاينىڭ ئون تۆتىنچى كۈنى ئۈچ تۇغلۇق تۈرك خەلقىگە (ھۇجۇم قىلدىم). … شۇ يەردە …… ئورنىتىشقا بۇيرۇدۇم. خان … شۇ يەردە ئۆلدى، شۇ يەردە تۈرك خەلقىنى بويسۇندۇردۇم، شۇ

يەردە يەنە ··· ئۇزمىش تېكىن خان بولدى، قوي يىلى (743 ـ
يىلى) يۇرۇش قىلدىم. ئىككىنچى قېتىم (ئۇلار بىلەن ئېلىشتىم،
ئىككىنچى ئاينىڭ ئالتىنچى كۈنى ئۇلار بىلەن جەڭ قىلدىم) »(76)
دېگەن بايانلارنى قالدۇرغان. بۇنىڭدىن قارىغاندا، ئۇيغۇرلار باس-
مىل، قارلۇق قەبىلىلىرى بىلەن بىرلىشىپ ئۇزمىش قاغانغا زەربە
بېرىش ئۇرۇشىغا قاتنىشىپلا قالماستىن، كۆل بويلا بىلەن ئۇنىڭ
ئوغلى مويۇنچۇر بۇ بىرنەچچە قېتىملىق ئۇزمىش تېكىننى ، كې-
يىنكى شەرقىي تۈركلەرنى يوقىتىش ئۇرۇشىدا ئاۋانگارتلىق رول-
نى ئوينىغان. ئاخىرىدا ئۇزمىش تېكىننى ئۆز قوللىرى بىلەن
تۇتقان ھەم ئۆلتۈرگەن. ئۇزمىش قاغانغا زەربە بېرىپ كېيىنكى
تۈرك خانلىقىنىڭ قالدۇق ھۆكۈمرانلىقىنى ئومۇمىيۈزلۈك بەرباد
قىلىشتا، يەنىلا ياغلاقار جەمەتى باشچىلىقىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ رو-
لى ۋە كۈچى ھەممىدىن چوڭ بولغان.

ئۇزمىش قاغان ئۆلۈپ، ئايبارىس، قاراچۇر قاتارلىق كېيىن-
كى شەرقىي تۈرك ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ قوۋملىرى جەنۇبقا كېلىپ
تاڭ سۇلالىسىگە تەسلىم بولغاندىن كېيىن، موڭغۇلىيە ئېگىزلىكى-
نى مەركەز قىلغان يايلاق دۇنياسىدا باسمىل، ئۇيغۇر ۋە قارلۇق
قەبىلىلىرى ئىتتىپاقى رەھبەرلىكىدىكى توققۇز ئوغۇز ـ ئون ئۇي-
غۇر خەلقىنىڭ ھاكىمىيىتى قايتىدىن باش كۆتۈردى، ئەمما بۇ
يېڭى ھاكىمىيەتكە باسمىللار رەھبەرلىك قىلماقتا ئىدى. بۇ چاغدا
شەرقىي تۈركلەرنىڭ بىر قىسىم قالدۇق كۈچلىرى يەنە داۋاملىق
ھەرىكەتلىنىپ يۈرۈۋاتاتتى. ئۇلار 743 ـ يىلى ئۇزمىش قاغان ئۆلگەن-
دىن كېيىن، ئۇنىڭ ئىنىسى بولمىش تېكىن (白眉特勤) ئۇران
بەگنى خانلىق تەختىگە كۆتۈرۈپ، ئۇنى بولمىش قاغان دەپ ئاتاپ،
غەربىي تەرەپ شادىنىڭ يېرىدە جاھىللىق بىلەن قارشىلىق كۆرسەت-
تى، ئەمما ئۇلارنىڭ كېيىنكى شەرقىي تۈركلەرنىڭ سەلتەنەتىنى
قايتا ئەسلىگە كەلتۈرەلىگۈدەك كۈچى قالمىغانىدى. شۇڭا، كېيىن-
كى تۈرك خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى شىمالىي يايلاق دۇنياسىدىن
ئاغدۇرۇپ تاشلانغاندىن كېيىن، باسمىل، ئۇيغۇر ۋە قارلۇقتىن
ئىبارەت توققۇز ئوغۇز ـ ئون ئۇيغۇر ئىتتىپاقىدىكى بۇ ئۈچ يادرو
قەبىلە ئوتتۇرىسىدا رەھبەرلىك ھوقۇقىنى تالىشىش كۈرىشى كې-

لىپ چىقتى. كۆرەشنىڭ دەسلەپىدە، يايلاق دۆنياسىنىڭ سەركە-
لىرى دەپ تونۇلغان، ئەمەلىي كۆچى ۋە ھەربىي كۆچى كۆچلۈك
بولغان قارلۇق قەبىلىسى ئېلتەبىر تومىد قاغان دەۋرىدىن باشلاپ
خانلىق نەسەبى ئۈزۈلمەي داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان، مۇئەييەن ھا-
كىمىيەت باشقۇرۇش تەجرىبىسىگە ئىگە ئۇيغۇرلار بىلەن ئىتتىپاق
تۈزۈپ باسمىللارغا قارشى تۇردى، نەتىجىدە ئۇيغۇرلار قارلۇقلار
بىلەن بىرلىشىپ مىلادىيە 744- يىلى (يەنى مايمۇن يىلى) باس-
مىللارنىڭ ئالپ ئېلتەرىش قاغانىنى (ئاشىناش) نى يوقىتىپ،
ھاكىمىيەتنى باسمىللاردىن تارتىۋېلىپ، تەخمىنەن 50 — 60 يىل
قولدىن كەتكەن ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ ئورنىنى قايتىدىن تىكلىۋالدى.
ئۇيغۇرلارنىڭ ياغلاقار جەمەتىدىن كېلىپ چىققان، ئېلتەبىر تومىد-
نىڭ 8 - ئەۋلادى بولغان كۆل بويلا ئۆزىنى قۇتلۇق كۆل بىلگە
قاغان (骨咄禄毗伽可汗) دەپ جاكارلاپ، ئۆز ئەجدادلىرىنىڭ
قەدىم جايىنى ئىگىلەپ، نەچچە ئەسىرلەردىن بۇيان تۈركىي خەلقلەر
ۋە شىمالىي يايلاق دۆنياسىنىڭ مۇقەددەس قىبلىگاھى بولۇپ كېلى-
ۋاتقان ئۆتۈكەن باغرىدا ئۆز قارارگاھىنى تىكلەپ، «ئورخۇن ئۇي-
غۇر خانلىقىنى قايتا قۇرۇپ چىقتى»(77). بۇ ھەقتە «يازما ھۆججەت-
لەر ھەققىدە ئومۇمىي تەھسىل» دېگەن ئەسەردە: «باسمىللار قار-
لۇق ۋە ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن مەغلۇپ بولۇپ، بېشبالىققا قېچىپ
كەتتى، كېيىن ئوردىغا (تاڭ سۇلالىسى ئوردىسىنى دېمەكچى)
كەلگەندە، ياساۋۇل سانغۇن دېگەن مەنسەپ ھەدىيە قىلىندى. ئۇلا-
رنىڭ يەر - زېمىنلىرى بىلەن قوۋملىرى ئۇيغۇرلارغا تەۋە
بولدى»(78) دېيىلگەن. «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» دە:
«تيەنباۋ يىللىرىنىڭ دەسلەپىدە بويلا (كۆل بويلانى دېمەكچى)
بىلەن قارلۇقلار ئۆزلىرىنى سول، ئوڭ يابغۇ دەپ ئاتىشىپ،
باسمىللارغا ياردەملىشىپ ئۇزمىش قاغانىنى مەغلۇپ قىلىپ، ئۇنى
قوغلىۋەتكەنىدى. 3 - يىلى باسمىللارنى تۇيۇقسىز ھۇجۇم بىلەن
مەغلۇپ قىلدى. ئېلتەرىش قاغانىنى ئۆلتۈرۈپ، ئەلچى ئەۋەتىپ
ئەھۋالنى مەلۇم قىلدى ۋە ئۆزىنى قۇتلۇق كۆل بىلگە قاغان دەپ
جاكارلىدى»(79) دېيىلگەن. «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇ-
مىي ئۆرنەكلەر» دە: «تيەنباۋ 3 - يىلى 8 - ئايدا ئۇيغۇرلار

قارلۇقلار بىلەن بىرلىشىپ باسمىللارنىڭ ئېلتەرىش قاغانىغا بىرلىكتە ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنى ئۆلتۈردى، ئۇيغۇرلاردىن كۆل بويلا ئۆزىنى قۇتلۇق بىلگە قاغان دەپ جاكارلاپ، ئەلچى ئەۋەتىپ مەلۇم قىلدى. كۆل بويلاغا سۈيىنگىل قاغان ( 怀仁可汗 ) دېگەن نام ھەدىيە قىلىندى. شۇنىڭدىن كېيىن سۈيىنگىل قاغان جەنۇبقا، يەنى تۈركلەرنىڭ قەدىم جايلىرىغا كۆچۈپ كېلىپ ماكانلاشتى. ئۆتۈكەن تېغىدا ئوردىسىنى قۇرۇپ (ماتېرىياللاردا دېيىلىشىچە، ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئوردىسى جايلاشقان يەرنىڭ شەرقى تۈزلەڭلىك، غەربى ئۆتۈكەن تېغى، جەنۇبى ئورخۇن دەرياسى ئىكەن)، ئەسلىدىكى ياغلاقار قاتارلىق توققۇز قەبىلىگە ھۆكۈمرانلىق قىلدى. كېيىن باسمىل ۋە قارلۇق قەبىلىلىرىنى ئۆزىگە قوشۇۋېلىپ، جەمئىي ئون بىر قەبىلە بولدى. ھەر بىر قەبىلىگە بىردىن تۇتۇق قويۇلاتتى. ھەر قېتىملىق ئۇرۇشلاردا ئۇ ئىككى مېھمان قەبىلە باشلامچى بولاتتى»(80) دېيىلگەن. تۈركچە مەڭگۈ تاشلاردا بولسا بۇ ھەقتە ئېنىقراق خاتىرىلەر ساقلىنىپ قالمىغان، پەقەت «تېرخىن مەڭگۈ تېشى» دا مويۇنچۇر قاغان نامىدىن: «مايمۇن يىلىدا (744- يىلى) يۇرۇش قىلدىم ··· ئۇلار بىلەن جەڭ قىلدىم، ئۇ يەردە يەڭدىم، شۇ يەردە ئۇلارنىڭ خانىنى تۇتتۇم (قاتۇنىنى شۇ يەردە ئالدىم)، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلارنىڭ باشلىقلىرى كەلدى» (81) دېيىلگەن.

كۆل بويلا باسمىللارنىڭ ئالپ ئېلتەرىش قاغانىنى مەغلۇپ قىلىپ، شىمالىي يايلاق دۇنياسىدا ئون ئۇيغۇر - توققۇز ئوغۇزلارنىڭ ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنى قايتا تىكلىگەندىن كېيىن، مىلادىيە 745 - يىلى داۋاملىق قارشىلىق كۆرسىتىپ كېلىۋاتقان كېيىنكى شەرقىي تۈركلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قالدۇق كۈچى بولغان بولمىش قاغانغا جازا يۇرۇشى قىلىپ، ئۇنى يوقىتىپ، ئاز بىر قىسىم قوۋملىرىدىن باشقا خەلقلىرىنى ئۆزىگە قوشۇۋېلىپ، كېيىنكى تۈرك خانلىقىنى ئەلتۆكۈس تارىخ سەھنىسىدىن سۈپۈرۈپ تاشلىدى. نەتىجىدە كۆكتۈرك خانلىقى زېمىنىدا «توققۇز ئوغۇزلارنى يادرو قىلغان ئۇيغۇر خانلىقى، جۈملىدىن ياغلاقارلار ھۆكۈمرانلىقىدىكى ئۇيغۇر خانلىقى ۋۇجۇدقا كېلىپ»(82)، شىمالىي ئاسىيا

ياكى مەركىزىي ئاسىيا تارىخىدا مەلۇم مەزگىل ئاجايىپ روللارنى
ئوينىدى. بۇ ھەقتە «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» دە:
«ئىككىنچى يىلى (745 - يىلى) كۆل بويلا يەنە تۈركلەرنىڭ
بولمىش قاغانىغا يۈرۈش قىلىپ، ئۇنى ئۆلتۈرۈردى. تۇنچۇرلا
تارقان ( 顿啜罗达干 ) نى ئەلچى قىلىپ ئەۋەتىپ تۆھپىسىنى مەلۇم
قىلدى. كۆل بويلاغا سول قول پەخرىي ھىماتچى ئۇلۇغ سانغۇن
دېگەن نام ھەدىيە قىلىندى. ئۇنىڭ زېمىنى ناھايىتى كەڭ بولۇپ،
شەرقتە شىرۋىلاردىن ( 室韦 ) غەربتە ئالتۇن تاغقا يېتىپ باراتتى،
جەنۇبتا چوڭ قۇملۇقنى تىزگىنلىگەن بولۇپ، ھۇنلارنىڭ بۇرۇنقى
زېمىنلىرىغا توغرا كېلەتتى» ⑧③ دېيىلگەن. «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا
پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» دە: «تيەنباۋ 4- يىلى (745 -
يىلى) 1 - ئايدا ئۇيغۇرلارنىڭ سۈيىنگىل قاغانى تۈركلەرنىڭ
بولمىش قاغانىنى مەغلۇپ قىلىپ، ئۇنى ئۆلتۈرۈپ، ئەلچى ئەۋە-
تىپ ئەھۋالنى ئوردىغا مەلۇم قىلدى، تۈركلەرنىڭ بىلگە قاتۇنى
قوۋملىرىنى باشلاپ كېلىپ ئەل بولدى. شۇنىڭ بىلەن شىمالىي
چېگرا تىنچ - ئاسايىشلىقتا ئېرىشىپ، بۇرۇنقىدەك گۈلخان يېقى-
لىپ سىگنال بېرىلمەيدىغان بولدى. ئۇيغۇرلارنىڭ زېمىنى ئىنتا-
يىن كەڭ بولۇپ، شەرقتە شىرۋىلاردىن ( 室韦 ) غەربتە ئالتۇن
تاغقا يېتىپ باراتتى، جەنۇبتا چوڭ قۇملۇقتىن ھالقىپ كەتكەن
بولۇپ، تۈركلەرنىڭ بۇرۇنقى زېمىنلىرىغا توغرا كېلەتتى» ⑧④
دېيىلگەن.

دېمەك، كۆل بويلانىڭ كېيىنكى تۈركلەر ۋە باسمىللارنى
مەغلۇپ قىلىپ، ئۆزمىش قاغان، ئېلتەرىش قاغان ۋە بولمىش
قاغانلارنى ئۆلتۈرۈپ، شىمالىي يايلاق دۇنياسىدا ئۆز ھاكىمىيىتى-
نى قولىغا ئېلىشى، توققۇز ئوغۇز - ئون ئۇيغۇرلارنىڭ ناھايىتى
زور ئەمەلىي كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكىنى، ئېلتەبىر تومىد دەۋرىدىن
تارتىپ سەلتەنەتنى باشلانغان ياغلاقار قەبىلىسى باشچىلىقىدىكى ئۇي-
غۇرلارنىڭ تەبىئىتىدىنلا يولباشچىلىق رولىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى
چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان بولۇپ، بۇ كۆل بويلانىڭ ئورخۇن ئۇيغۇر
خانلىقىنى قايتا قۇرۇشىدىكى ئاساسىي شارائىت ئىدى. خەنزۇچە
تارىخىي ماتېرىياللاردا قۇتلۇق بويلا ( 骨力裴罗 ) ياكى ئېل بىلگە

بەگ (逸标苾) نامى بىلەن ئاتالغان، تۈركچە مەڭگۈ تاشلاردا («تەس مەڭگۈ تېشى» دا) كۆل بەگ بىلگە قاغان دەپ خاتىرىلەنگەن قۇتلۇق بىلگە كۆل قاغان ۋە ئۇنىڭ جەسۇر، دانىشمەن ئوغلى مويۇنچۇر (磨延啜، خانلىقتا ۋارىسلىق قىلغاندىن كېيىنكى ھۆرمەت نامى تەڭرىدە بولمىش ئەل ئەتمىش بىلگە قاغان) تەرىپىدىن ئورخۇن ۋادىسىدا مۇقەددەس قىبلىگاھ ئۆتۈكەننى مەركەز قىلىپ قايتا قۇرۇلغان مانا بۇ ئون ئۇيغۇر - توققۇز ئوغۇز خانلىقى شۇ خانلىقنى بەرپا قىلغۇچى ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن مىلادىيە 753 - يىلىدىن سەل كېيىن ۋە مىلادىيە 761— 762 - يىللىرى ئەتراپىدا تىكلەنگەن «تېرخىن مەڭگۈ تېشى» ۋە «تەس مەڭگۈ تېشى» دا ئۈچىنچى ئۇيغۇر خانلىقى نامى بىلەن تەسۋىرلىنىدۇ ㉟.

## ئىزاھات:

① 《新唐书》217 卷《回鹘传》上，6111 页，中华书局 1975 年。

② 范文澜：《中国通史》第四册 69 页，人民出版社 1978 年。

③ 申友良：《中国北方民族及其政权研究》164 页。

④ 尚衍斌：《漠北回鹘汗国政治体制初探》（载《西北民族研究》1995 年第一期 13—14 页）。

⑤ 秦卫星：《关于漠北回鹘汗国早期历史中的两个问题》（载《新疆大学学报》1998 年第 3 期 8 页）。

⑥ 冯家昇等：《维吾尔族史料简编》第一册 14 页，民族出版社 1981 年。

⑦ «ئۇيغۇرلار ۋە غەربىي يۇرتتىكى باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ قىسقىچە تارىخى» 470 - بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000 - يىل.

⑧[法] J. R. 哈密顿：《五代回鹘史料》3 页，新疆人民出版社 1982 年。

⑨ س. گ. كىلياشتورنى: «تەس مەڭگۈ تېشى»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1985 - يىللىق 1 - سان 81 - بەت.

⑩ س. گ. كىلياشتورنى: «تېرخىن مەڭگۈ تېشى»،

«شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1982 - يىللىق 3 - سان 119 - بەت.

⑪《旧唐书》195 卷《回纥传》,5196 页，中华书局 1975 年。

⑫《新唐书》217 卷《回鹘传》上，6113 页，中华书局 1975 年。

⑬《资治通鉴》180 卷,5623—5624 页;198 卷,6242—6245 页。

⑭段连勤:《丁零、高车与铁勒》354 页,上海人民出版社 1988 年。

⑮⑯杨圣敏:《回纥史》50,56,59,89 页，吉林教育出版社 1991 年。

⑰范文澜:《中国通史》第四册 69 页,人民出版社 1978 年。

⑱ ليۇ جىشياۋ: «ئۇيغۇر تارىخى» 1 - قىسىم 1 - كىتاب 51 - بەت.

⑲杨圣敏:《回纥史》60 页。

⑳ س. گ. كىلياشتورنى، ئا. ل. كولپىسنىكوف: «19 - ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدىكى رۇس ساياھەتچىلىرىنىڭ نەزىرىدىكى غەربىي يۇرت» 33 - بەت، ئالمۇتا 1988 - يىل نەشرى («ئۇيغۇرلار ۋە غەربىي يۇرتتىكى باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ قىسقىچە تارىخى» 160 - بەتتە كەلتۈرۈلگەن نەقىلدىن ئېلىندى).

㉑ 刘义棠:《维吾尔研究》99 页，台湾正中书局 1975 年。

㉒㉓《旧唐书》195 卷《回纥传》，5197 页。

㉔㉕《旧唐书》195 卷《回纥传》，5197 页。

㉖孟凡人:《唐代回鹘控制北庭的过程》（参看《新疆社会科学》1983 年 3 期）。

㉗ بەزى تەتقىقاتچىلار «بايان لۇقسۇ تۇنجى يىلى 1 - ئايدىن 10 - ئايغىچە بولغان ئارىلىقتا ئۆلگەن، بۇ ۋاقىتتا ئۇيغۇر قوشۇنلىرى كورىيە ئالدىنقى سېپىدە ئىدى، بايان ئېھتىمال كورىيە ئالدىنقى سېپىدە ئۆلگەن بولۇشى ياكى كېسەل سەۋەبى بىلەن ئۆلگەن بولۇشى مۇمكىن» دەپ قارايدۇ (دۇەن ليەنچىنىنىڭ «دىڭلىڭلار، قانقىللار ۋە تۇرالار» دېگەن ئەسىرىنىڭ 493 - بېتىگە قاراڭ).

㉘ ياڭ شېڭمىن: «قەدىمكى ئۇيغۇرلار» 108 -، 109 - بەتلەر، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1998 - يىل.

㉙《旧唐书》195 卷《回纥传》，5197—5198 页。

㉚《资治通鉴》200 卷《唐纪》，6326 页。

㉛ لىن گەن، گاۋ زىخۇ: «قەدىمكى ئۇيغۇرلار تارىخى» 29 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000 ـ يىل.

㉜《资治通鉴》200 卷《唐纪》，6327—6328 页。

㉝《资治通鉴》200 卷《唐纪》，6328—6329 页。

㉞《资治通鉴》202 卷《唐纪》,6391—6392 页。

㉟《资治通鉴》203 卷《唐纪》,6412 页。

㊱ «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما» 53 ـ، 54 ـ بەتلەر، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1983 ـ يىل.

㊲㊳ س. گ. كىلياشتورنى: «قەدىمكى تۈرك ـ رونىك يېزىقىدىكى ئابىدىلەر» 49 — 52 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000 ـ يىل.

㊴杨圣敏：《回纥史》78 页。

㊵ «تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشى» نىڭ جەنۇبىي يۈزى 9 ـ، 12 ـ قۇرلىرى.

㊶ «تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشى» نىڭ جەنۇبىي يۈزى 15 ـ، 16 ـ قۇرلىرى.

㊷ «كۆلتېكىن مەڭگۈ تېشى» نىڭ شەرقىي يۈزى 14 ـ، 15 ـ قۇرلىرى.

㊸ «كۆلتېكىن مەڭگۈ تېشى» نىڭ شىمالىي يۈزى 4 ـ، 7 ـ قۇرلىرى.

㊹ «كۆلتېكىن مەڭگۈ تېشى» نىڭ شەرقىي يۈزى 28 ـ، 29 ـ قۇرلىرى.

㊺ «بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى» نىڭ شەرقىي يۈزى 29 ـ، 31 ـ قۇرلىرى.

㊻《旧唐书》199 卷《铁勒传》,5349 页,中华书局 1975 年。

㊼《新唐书》217 卷《回鹘传》上，6114 页。

㊽ «بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى» نىڭ شەرقىي يۈزى 34 ـ، 35 ـ قۇرلىرى.

㊾ «ئۇيغۇرلار ۋە غەربىي يۇرتتىكى باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ قىسقىچە تارىخى» 470 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 ـ يىل.

⑩杨圣敏：《回纥史》83—84 页。

⑪《新唐传》217 卷《回鹘传》上，6114 页。

⑫《资治通鉴》211 卷《唐纪》,6721 页。

⑬ «كۆلتېكىن مەڭگۈ تېشى» نىڭ شەرقىي يۈزى 15 ـ قۇرى.

⑭ «كۆلتېكىن مەڭگۈ تېشى» نىڭ شەرقىي يۈزى 26 ـ، 27 ـ قۇرلىرى.

⑮ «كۆلتېكىن مەڭگۈ تېشى» نىڭ شەرقىي يۈزى 28 ـ، 29 ـ قۇرلىرى.

⑯《旧唐书》195 卷《回纥传》，5198 页。

⑰《新唐书》217 卷《回鹘传》上，6114 页。

⑱《旧唐书》103 卷《王君㚟传》。

⑲《资治通鉴》213 卷《唐纪》,6779 页。

⑳《册府元龟. 将师部生事》，5296—5297 页。

㉑ 范文澜:《中国通史》第四册 72 页。

㉒《资治通鉴》213 卷《唐纪》,6780 页。

㉓《旧唐书》195 卷《回纥传》，5198 页。

㉔ «بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى» نىڭ شەرقىي يۈزى 29 ـ، 35 ـ قۇرلىرى.

㉕《旧唐书》195 卷《回纥传》，5198 页。

㉖ ئابدۇقەييۇم خوجا قاتارلىقلار: «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما» 114 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1983 ـ يىل.

㉗《旧唐书》195 卷《突厥传》。

㉘㉙ 薛宗正：《突厥史》557，580 页，中国社会科学出版社 1992 年。

㉚ «بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى» نىڭ جەنۇبىي يۈزى 10 ـ، 11 ـ قۇرلىرى.

㉛［日］安部健夫：《西回鹘国史的研究》111 页，新疆人民出版社 1995 年。

㉜《资治通鉴》215 卷《唐纪》，6854 页。

㉝ «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما» 114 ـ بەت.

㉞ 申友良：《中国北方民族及其政权研究》163 页，中央民

族大学出版社 1998 年。

⑮ «مويۇنچۇر قاغان مەڭگۇ تېشى» («قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما» دېگەن ئەسەرگە قاراڭ).

⑯ «تېرخىن مەڭگۇ تېشى» نىڭ شەرقىي يۈزى 20 ـ ، 25 ـ قۇرلىرى.

⑰ 申友良：《中国北方民族及其政权研究》166 页。

⑱《文献通考. 四裔》，2717 页。

⑲《新唐书》217 卷《回鹘传》上，6114 页。

⑳《资治通鉴》215 卷《唐纪》，6860 页。

㉑ «تېرخىن مەڭگۇ تېشى» نىڭ جەنۇبىي يۈزى 25 ـ ، 26 ـ قۇرلىرى.

㉒ ［日］安部健夫 ：《西回鹘国史的研究》113 页。

㉓《新唐书》217 卷《回鹘传》上，6114—6115 页。

㉔《资治通鉴》215 卷《唐纪》，6863 页。

㉕ س. گ. كىلياشتورنى: «تېرخىن مەڭگۇ تېشى» ، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1982 ـ يىللىق 3 ـ سان؛ «تەس مەڭگۇ تېشى» ، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1985 ـ يىللىق 1 ـ سان.

# 4 - باب ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ سىياسىي تۈزۈلمىسى

ئۇيغۇر خانلىقى — ئۇرۇق، قەبىلە مۇناسىۋىتى قالدۇقلىرىنى كۈچلۈك ساقلاپ كەلگەن فېئوداللىق دۆلەت ئىدى.

— تىخونوۋ

## § 1 . خانلىق نامى

ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ نامى مەيلى دۆلەت سىرتىدىكى تەتقىقاتچىلارنىڭ ئەسەرلىرىدە بولسۇن ياكى دۆلىتىمىز ئالىملىرى-نىڭ ئەسەرلىرىدە بولسۇن، ئوخشاش بولمىغان بىرقانچە نام بىلەن ئاتىلىپ كېلىنىۋاتىدۇ. مەسىلەن، چەت ئەل تەتقىقاتچىلىرىدىن كولىن ماككارپىسنىڭ ئەسىرىدە «ئۇيغۇر ئىمپېرىيىسى»① دەپ ئاتالغان، رېنى گىرۇسسېتنىڭ «يايلاق ئىمپېرىيىسى» دېگەن ئەسىرىدە «ئۇيغۇر تۈرك ئىمپېرىيىسى» ياكى «ئۇيغۇر ئىمپېرىيە-سى»② دەپ ئاتالغان، كىلياشتورنىنىڭ ئەسىرىدە «ئۇيغۇر قاغان-لىقى»، «ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى» ۋە «ئۇيغۇر ئېلى»③ دەپ ئاتالغان، بېرنشتام «ئۇيغۇر سۇلالىسى»④ دەپ ئاتىغان، تىخو-نوۋنىڭ ئەسىرىدە «ئۇيغۇر ئېلى» ياكى «ئۇيغۇر دۆلىتى» دەپ ئاتالغان، ئەنبوجىيەنفۇ ئۆز ئەسىرىدە «شەرقىي ئۇيغۇر ئېلى» ياكى «شەرقىي ئۇيغۇرىيە»، بەزىدە «ياغلاقار ئۇيغۇر خانلىقى»⑤ دەپمۇ ئاتىغان. ئېلىمىز تەتقىقاتچىلىرىدىن فېڭ جياشېڭ قاتارلىقلار «ئۇيغۇر خانلىقى»⑥، شاڭ يەنبىڭ «شىمالىي چۆللۈك ئۇيغۇر خانلىقى»⑦، شۆ زۇڭجىڭ «شىمالىي ئۇيغۇر خانلىقى»، «ياغلا-قار سۇلالىسى» (795 - يىلدىن ئىلگىرىكىسىنى) ياكى «ئاتىئېز سۇلالىسى»⑧، فەن ۋېنلەن «ئۇيغۇر ئېلى» ياكى «ئۇيغۇر خانلى-

قى» [9] دەپ ئاتىغان. بىر قىسىم ئۇيغۇر تەتقىقاتچىلار ئەسەرلىرى-
دە يەنە «ئورخۇن خانلىقى» ياكى «ئۇيغۇر ئورخۇن خانلىقى» دەپمۇ
ئاتىغان. بۇنداق ئوخشاش بىر خانلىقنىڭ ھەرقايسى تەتقىقاتچىلار-
نىڭ قەلىمى ئاستىدا ئوخشاش بولمىغان ناملار بىلەن ئاتىلىشى
گەرچە ئۇيغۇر تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا تەتقىقاتچىلارغا ئانچە قى-
يىنچىلىق ئېلىپ كەلمىسىمۇ، بىراق بىر خانلىق نامىنىڭ كۆپ
خىل ئاتىلىشى كىشىلەرگە نىسبەتەن چۈشىنىكسىزلىك، ئېنىق-
سىزلىق پەيدا قىلىشى مۇمكىن، شۇڭا خانلىق نامىنى بىرلىككە
كەلتۈرۈپ ئاتاش ۋە شۇ بويىچە ئىشلىتىش ئەھمىيەت بېرىشكە
تېگىشلىك مەسىلىدۇر. ئۇنداق بولسا قايسى نامنى قوللىنىش بىر-
قەدەر ئەقىلگە مۇۋاپىق؟ بۇ مەسىلىگە جاۋاب بېرىش ئۈچۈن ئالدى
بىلەن خانلىقنى بەرپا قىلغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزى ھەققىدە قالدۇر-
غان خاتىرىلىرىگە ۋە ئەينى دەۋردە ئۇلار بىلەن قوشنا ۋە دەۋرداش
بولۇپ ياشىغان خەلقلەرنىڭ تارىخنامىلىرىدىكى خاتىرىلەرگە ئەھمى-
يەت بېرىشكە توغرا كېلىدۇ.

نۆۋەتتە دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن ئۇيغۇرلارغا مۇناسىۋەت-
لىك «مويۇنچۇر قاغان مەڭگۈ تېشى»، «تېرخىن مەڭگۈ تېشى»، «تەس
مەڭگۈ تېشى» ۋە «توققۇز ئۇيغۇر قاغان مەڭگۈ تېشى» دىكى
خاتىرىلەردىن بۇ خانلىقنىڭ تولۇق نامىنى ئۇچراتقىلى بولمىسىمۇ،
لېكىن بىر قىسىم دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك يىپ ئۇچىنى ئۇچرات-
قىلى بولىدۇ. «مويۇنچۇر مەڭگۈ تېشى» دا: «تەڭرىدىن يارالغ-
ان ئەل ئەتمىش بىلگە قاغان ... تولىس ... ئۆتۈكەن ئەتراپى
ئېلى ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئولتۇرىدىكەن، سۈيى سېلىنگا
دەرياسى ئىكەن. ئۇ يەردە ئېلى ... ئەركىن ياشايدىكەن ...» [10]
دېگەن خاتىرىلەر بار. «تەس مەڭگۈ تېشى» دا: «تەڭرىدىن يارال-
غان ئەل ئەتمىش قاغانىم تەختتە ئولتۇردى، ئەلنى سورىدى»
دېگەن خاتىرىلەر بار. «تېرخىن مەڭگۈ تېشى» دا: «يۇقىرىدا كۆك
تەڭرىنىڭ بۇيرۇشى، تۆۋەندە قوڭۇر يەرنىڭ بېقىشى بىلەن ئېلىم-
نى قۇردۇم»، «... مېنىڭ ئەجدادىم تەختتە 80 يىل ئولتۇرغان،
ئۆتۈكەن ئېلى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئەللەر ئىككى دەريا (سېلىن-
گا، تۇغلا؟) ئارىسىدا، ئورخۇن دەرياسىدا ... يىل تەختتە ئولتۇر-

غان ··· يىل ئۆتتى. ئاتامنى يوقۇرىدا كۆك تەڭرى، تۆۋەندە قوڭۇر
يەر يەنە ··· مېنى بەلگىلىدى. مەن 28 يېشىمدا، يىلان يىلىدا تۈرك
ئېلىنى پاراكەندە قىلدىم، ئۇلارنى ۋەيران قىلدىم، ئاتلىق قوشۇ-
نىمنى ئەۋەتتىم» ⑪ دېگەن خاتىرىلەر بار. بۇنىڭدىن قارىغاندا،
ئەينى دەۋردىكى ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ دۆلىتىنى «ئەل» دەپ،
مەملىكىتىم، دۆلىتىم دېگەننى «ئېلىم» دەپ ئاتىغان. تۈرك مەڭ-
گۈ تاشلىرىدىن «كۆلتېكىن مەڭگۈ تېشى» دىمۇ: «··· ئاتا - بوۋام
بۇمىن قاغان، ئىستەمى قاغان ئولتۇرۇپتۇ. ئۇلار تەختتە ئولتۇ-
رۇپ، تۈرك خەلقىنىڭ ئېلىنى قۇرۇپتۇ ۋە ئۇنىڭ قانۇن - تۈزۈ-
مىنى تۈزۈپ بېرىپتۇ» ⑫ دېگەن خاتىرىلەر بار. «بىلگە قاغان
مەڭگۈ تېشى» دا: «توققۇز ئوغۇزلار مېنىڭ خەلقىم ئىدى، جاھان
قالايمىقانلىشىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ۋە ئىچىدە ئاداۋەت ساقلاپ
كەلگەنلىكى ئۈچۈن بىزگە دۈشمەن بولدى. بىر يىل ئىچىدە تۆت
قېتىم سوقۇشتۇم ··· ئاغۇ دېگەن يەردە ئىككى قېتىم چوڭ ئۇرۇش
قىلدىم. قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلدىم، ئېلىنى ئالدىم» ⑬ دېگەن
خاتىرىلەر بار. بۇنىڭدىن قارىغاندىمۇ، ئەينى دەۋردىكى تۈرك،
ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز دۆلەتلىرىنىڭ ياكى خاندانلىقلىرىنىڭ نامىنى
ئۆز دەۋرىنىڭ تىلى بويىچە «تۈرك ئېلى» ، «ئۇيغۇر ئېلى» دەپ
ئاتىغانلىقى ئېنىق. بىزگە مەلۇمكى، «ئەل» قەدىمكى تۈركىي تىل
بولۇپ، «دۆلەت» ، «قەبىلە توپى» ، «قەبىلە ئىتتىپاقى» ، «مىل-
لەت» ، «ئامما» ، «خەلق» ، «خەلق ئاممىسى» دېگەن مەنىلەرگە
ئىگە. ئۇ «ئەتمىش» دېگەن پېئىل بىلەن ئۇلىنىپ «ئەل ئەتمىش»
بولۇپ كەلسە، مەنىسى «دۆلەتنى ئىدارە قىلىش» ياكى «دۆلەتنى
(مەملىكەتنى) باشقۇرۇش» ⑭ دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى مەڭگۈ تاشلاردىن يەنە «توققۇز
ئۇيغۇر قاغان مەڭگۈ تېشى» دا ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قاغانلى-
رى «توققۇز ئۇيغۇر قاغانى» دېيىلگەن، «سېۋرېي مەڭگۈ تېشى»
دا «ئۇيغۇر قاغانى» دېيىلگەن، جۈملىدىن خانلىقنىڭ ھۆكۈمرانلى-
رى «قاغان» دېگەن نام بىلەن ئاتالغان. ئەرەبچە ۋە پارسچە تارىخىي
ھۆججەتلەردە ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ نامى كۆپىنچە «توققۇز
ئوغۇز ئېلى» ياكى «توققۇز ئوغۇز مەملىكىتى» دېگەندەك نامىلار

بىلەن ئاتالغان. مەسىلەن، ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلگەن ئەرەبچە،
پارسچە تارىخىي ھۆججەتلەردىكى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى ھەققىدى-
كى ئەڭ دەسلەپكى خاتىرە «تاۋارىخى ياقۇبى» ( 雅忽比历史 )
دېگەن ئەسەردە ئۇچرايدىغان بولۇپ، مەزكۇر ئەسەرنىڭ ھىجرىيە
164 ـ يىلىدىكى (يەنى مىلادىيە 780 — 781 ـ يىللىرى)
بايانىدا: «قارلۇقلارنىڭ پادىشاھى يابغۇ دەپ ئاتىلىدۇ ...
تۈركلەرنىڭ پادىشاھى تارقان دەپ ئاتىلىدۇ ... جۇڭگونىڭ پادىشاھى
پەغپۇر دەپ ئاتىلىدۇ ... توققۇز ئوغۇزلارنىڭ پادىشاھى قاغان دەپ
ئاتىلىدۇ» دېيىلگەن. مىنورىسكى بۇ توققۇز ئوغۇزلارنى ئورخۇن
ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇرغان شىمالىي قۇملۇق ئۇيغۇرلىرىنى كۆرسى-
تىدۇ، دەپ قارايدۇ ⑮. ئەرەب ئاپتورى تەبەرىنىڭ «پەيغەمبەرلەر
ۋە پادىشاھلار تارىخى» ( 先知与君主史 ) دېگەن ئەسىرىنىڭ ھىج-
رىيە 205 ـ يىلىدىكى (يەنە مىلادىيە 820 — 821 ـ يىللىرى)
بايانىدىمۇ توققۇز ئوغۇزلار ھەققىدە مەلۇمات بېرىلگەن، يەنە ئەرەب
جۇغراپىيىشۇناسلىقىنىڭ پېشۋاسى دەپ تەرىپلىنىدىغان مۇھەممەد
خارەزمى ئۆزىنىڭ «زېمىن خەرىتىسى» ( 天地之图 ) دېگەن ئە-
سىرىدە ئەرەب ۋە پارس دۇنياسىدا توققۇز ئوغۇز دەپ ئاتىلىۋاتقان-
لارنىڭ ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنى كۆرسىتىدىغانلىقىنى جۇغراپى-
يىلىك ئورۇن جەھەتتىن كۆرسىتىپ بەرگەن، ئۇ مەزكۇر كىتابىدا
« NO 1599 — سىكىفلار رايونى، يەنى تۈركلەر زېمىنى بولۇپ،
ئۇنىڭ مەركىزى شەرقىي ئۇزۇنلۇق 154°05′ دىن شىمالىي
كەڭلىك 57°30′ گە توغرا كېلىدۇ. NO 1600 — سىكىفلار
رايونى، يەنى توققۇز ئوغۇزلار زېمىنى بولۇپ، ئۇنىڭ مەركىزى
شەرقىي ئۇزۇنلۇق 148°05′ دىن شىمالىي كەڭلىك 59°30′ گە
توغرا كېلىدۇ» ⑯ دەپ كۆرسەتكەن. تەتقىقاتچىلار مۇھەممەد خارە-
زمىنىڭ بۇ كۆرسەتمىسىگە ئاساسەن ئۇنىڭدىكى توققۇز ئوغۇزلار
زېمىنى دەل شىمالىي قۇملۇقنىڭ مەركىزىي رايونلىرى بولۇپ،
ئۇ يەردىكى توققۇز ئوغۇزلار دەل شىمالىي چۆللۈك ئۇيغۇرلىرىنى،
يەنى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنى كۆرسىتىدۇ، دەپ ھېسابلايدۇ.
ئۇنىڭدىن باشقا ئەينى دەۋرلەردە ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىغا ساياھەت
قىلىپ كەلگەن ئەرەب جۇغراپىيىشۇناسى ئىبنى خۇردادبىخنىڭ

«يوللار ۋە ئەللەر تەزكىرىسى» دېگەن ئەسىرىدىمۇ ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى «توققۇز ئوغۇز ئېلى» دەپ ئاتالغان. فرانسىيىلىك جا-مېس خامىلتون ئۆزىنىڭ «توققۇز ئوغۇز ۋە ئون ئۇيغۇر ھەققىدە مۇھاكىمە» ⑰ دېگەن ئەسىرىدە «توققۇز ئوغۇز دېگەن نام خەنزۇ تىلىدا 九姓 دەپ ئاتالغان. توققۇز قەبىلە ئىتتىپاقى ئوخشاش بىر ئۇلۇسقا تەۋە كۆپلىگەن قەبىلىدىن تەشكىل تاپقان، 6 — 8 - ئەسىرلەر ئارىلىقىدا، يەنى سۈي سۇلالىسى ۋە تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە خەنزۇلار ئۇلارنى 特勒 ياكى 铁勒 دەپ ئاتىغان» ، «ئەڭ دەسلەپكى تارىخىي خاتىرىلەردىن باشلاپ، توققۇز ئوغۇز ئىتتىپاقى تۆۋەندىكى تېلى قەبىلىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان: ئۇيغۇر، بۆگو (ياكى بارغۇت) ، ھۇن (ياكى قۇن) ، بايىرقۇ، تۇڭرا، سىقىر (ياكى سىقار) ، چۆبە، ئادىز (ئاتېئىز) . ھەرقايسى ئوخشاش بولمىغان دەۋرلەردە ئەڭ ئاز دېگەندىمۇ باشقا تۆت - بەش قەبىلە بۇ ئىتتىپاققا تەۋە بولغان، خۇددى پۇلي بىلەڭك (Pullyblank) ئەپەندى كۆرسەتكەندەك، نەچچە يىللار جەريانىدا بۇ ئىتتىپاقنىڭ تەركىبىدە مەلۇم ئۆزگىرىش بولغان بولسىمۇ، بىراق باشتىن - ئاخىر توققۇز ئوغۇز (توققۇز قەبىلە) ئاساسىي قۇرۇلمىسىنى ساقلاپ كەلگەن» دېيىش ئارقىلىق، توققۇز ئوغۇزنىڭ مەنىسىنى خەنزۇچە ھۆججەتلەردىكى « 九姓 » غا باغلىغان ھەم ئۇلارنىڭ تارىخىنى 7 - ئەسىرنىڭ دەسلىپىگىچە، يەنى تېخىمۇ ئىلگىرىكىدىن تومىد دەۋرىگىچە سۈرۈپ، ئۇلارنىڭ شىمالىي چۆللۈك ئۇيغۇرلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى كۈچلۈك تەكىتلىگەن. ئېلىمىز تەتقى-قاتچىسى خۇاتاۋ ئەپەندىمۇ 9 - ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىن بۇرۇنقى دەۋرلەرگە مەنسۇپ بولغان ئەرەب - پارس تارىخىي ماتېرى-ياللىرىدىكى توققۇز ئوغۇزلارغا دائىر مەلۇماتلارنى كۈچلۈك دەلىل - ئىسپاتلار ئارقىلىق مۇھاكىمە قىلىپ، توققۇز ئوغۇز دېيىلگەنلەر-نىڭ ئورخۇن ئۇيغۇرلىرىنى، ئېنىقراقى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنى كۆرسىتىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بەرگەن. خامىلتون «بەش دەۋر مەزگىلىدىكى ئۇيغۇرلارغا دائىر تارىخىي ماتېرىياللار» دېگەن ئە-سىرىدە يەنە: «توققۇز ئۇيغۇرلار تۈركچە مەڭگۈ تاشلاردىكى توققۇز ئوغۇزلار (九姓乌古斯) دۇر، بۇ مىللەت جۇملىدىن ئوتتۇرا

ئەسىر ئىسلام ھۆججەتلىرىدە تىلغا ئېلىنغان بۇ توققۇز غۇزلار (يەنى توققۇز ئوغۇزلار) تۈرك ۋە ئۇيغۇر خانلىقلىرىدا بىر مەزگىل ئاجايىپ شۆھرەتلىك ئورۇنغا ئىگە بولغان، توققۇز ئوغۇز دېگەنلەرنىڭ زېمىنى ئۇيغۇرلارنىڭ زېمىنىغا توغرا كېلىدۇ»⑱ دەپ، توققۇز ئۇيغۇر دېگەنلەرنىڭ ئىسلام ھۆججەتلىرىدە تىلغا ئېلىنغان توققۇز غۇز ياكى توققۇز ئوغۇزلارنىڭ دەل ئۆزى ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن. دېمەك، يۇقىرىقىلاردىن قارىغاندا، 8 ـ، 9 ـ ئەسىرلەردە ئەرەب ـ پارس ئاپتورلىرى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنى «توققۇز ئوغۇز ئېلى» ياكى «توققۇز ئوغۇز مەملىكىتى» ۋە ياكى «توققۇز ئوغۇز خانلىقى» دېگەندەك ناملار بىلەن ئاتاپ كەلگەن.

ئېلىمىزنىڭ سۈي، تاڭ سۇلالىرى تارىخىغا دائىر خەنزۇچە كلاسسىك تارىخىي ماتېرىياللاردا ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ نامى كۆپرەك «توققۇز ئۇيغۇر ئېلى» ياكى «توققۇز ئوغۇز ئۇيغۇر ئېلى» دېگەن ناملار بىلەن خاتىرىلىنىپ كەلگەن. بۇ ھەقتە بەش دەۋر مەزگىلىدىكى كېيىنكى جىن پادىشاھلىقىدا تۈزۈلگەن (941 — 945 ـ يىللىرى) «كونا تاڭنامە» دە تۆۋەندىكىدەك خاتىرىلەر بار:

«شاڭيۈەن تۇنجى يىلى (760 ـ يىلى) توققۇز ئۇيغۇر قاغانى (سۆزمۇسۆز تەرجىمە قىلغاندا ئۇيغۇر توققۇز ئوغۇز قاغانى) ۋەزىر جۇلۇمۇ تارقان (俱陆莫达干) باشچىلىقىدا مەكتۇپ بىلەن ئەلچىلەرنى ئوردىغا سالامغا ئەۋەتتى.»⑲

«جېنگۈەن 6 ـ يىلى (مىلادىيە 790 ـ يىلى) قىش 11 ـ ئايدا ئۇيغۇرلار دابىيلى بۇيرۇق سانغۇننى (达北勒梅录将军) ئەلچى قىلىپ ئەۋەتىپ، توققۇز ئۇيغۇر ئاي تەڭرىدە قۇت بولمىش كۈلۈگ بىلگە ساداقەتمەن قاغاننىڭ ۋاپات بولغانلىقىنى مەلۇم قىلىدى.» ⑳

«جېنيۈەن 11 ـ يىلى (يەنى 795 ـ يىلى) 2 ـ ئايدا توققۇز ئۇيغۇر قۇتلۇق بىلگە ساداقەتمەن قاغان ۋاپات بولدى.»㉑

«يۈەنخې 3 ـ يىلى (يەنى 808 ـ يىلى) 5 ـ ئايدا توققۇز ئۇيغۇر قاغانىغا ئاي تەڭرىدە قۇت بولمىش ئالپ بىلگە دىيانەتلىك قاغان دېگەن نام ھەدىيە قىلىندى.» ㉒

«چاڭچىڭ تۇنجى يىلى (يەنى 821 ـ يىلى) 4 ـ ئايدا توققۇز

ئۇيغۇرلارغا ئەلچى ئەۋەتىلىپ، تەڭرىدە ئۇلۇغ بولمىش ئالپ كۆچلۈك بىلگە قاغان دېگەن نام ھەدىيە قىلىندى.»㉓

«تەيخې 7 - يىلى (يەنى 832 - يىلى) ياز 4 - ئايدا توققۇز ئۇيغۇر قاغانى ۋاپات بولدى. ئوڭ قول ياساۋۇلخانا قوشۇنى سانغۇنى تاڭ خوڭشى ئۇيغۇرلارغا ئەلچى قىلىپ ئەۋەتىلىپ، توققۇز ئۇيغۇر ئاي تەڭرىدە قۇت بولمىش ئالپ كۆلۈگ ئىناۋەتمەن قاغان دېگەن نام ھەدىيە قىلىندى.» ㉔

سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە تۈزۈلگەن «كىتابلار جەۋھىرى» دىمۇ تۆۋەندىكىدەك خاتىرىلەر بار:

«تيەنباۋ 4 - يىلى (يەنى 745 - يىلى) 3 - ئايدا توققۇز ئوغۇزلار (ياكى توققۇز قەبىلە) نىڭ ئاقساقىلى ئۇيغۇر كۆل بويلا ۋە ئۇنىڭ ئىنىسى ئارسلان تېكىن ( 阿悉烂颉斤 ) بولمىش قاغاننى ئۆلتۈرۈپ، ئەھۋالنى ئوردىغا مەلۇم قىلدى. كۆل بويلاغا ئوڭ قول پەخرى ھىماتچى سانغۇن، ئارسلان تېكىنگە ئوڭ قول پەخرىي چەۋەنداز سانغۇن دېگەن نام ھەدىيە قىلىندى.» ㉕

«تيەنباۋ 13 - يىلى (يەنى 754 - يىلى) 4 - ئايدا فەرغانە ( 宁远国 )، توققۇز ئۇيغۇر، ماغىيان ( 米国 )··· قاتارلىق ئەللەرنىڭ ئەلچىلىرى ئوردىغا كەلدى.»㉖

«دالى 9 - يىلى (يەنى 774 - يىلى) توققۇز ئۇيغۇرلارنىڭ باش ۋەزىرى ساۋ مىسۇ ( 曹密粟 ) نىڭ ۋاپات بولغان خانىشى شى شىگە ( 石氏 ) مىنگو خانىم ( 岷国夫人 ) دېگەن نام ھەدىيە قىلىندى.» ㉗

«جېنيۈەن 6 - يىلى (يەنى 790 - يىلى) 12 - ئايدا توققۇز ئۇيغۇر تەڭرىدە قۇت بولمىش كۆلۈگ ساداقەتمەن پاك قاغان ۋاپات بولغانلىقى ئۈچۈن يارلىق چىقىرىلىپ، ئوردىدا ئۈچ كۈن قارلىق تۇتۇلدى، يەنە قەلەمدار ۋە ئەلەمدار بەگلەرنىڭ 3 - دەرىجىلىكلىرىدىن يۇقىرىلىرى ھۇدەيچى مەھكىمىسىدە كەلگەن ئەلچىلەرگە ماتەم بىلدۈردى.» ㉘

«تەيخې 7 - يىلى (يەنى 833 - يىلى) ياز 4 - ئايدا، توققۇز ئۇيغۇر قاغانى ۋاپات بولدى. سول قول ھىماتچى سانغۇن، ئوردا باقاۋۇلى تاڭ خوڭشى ئوڭ قول ياساۋۇلخانا قوشۇنى سانغۇنلىقىغا

ۋە باش تەپتىش بەگلىكىگە تەيىنلىنىپ، دەستەك بىلەن ئۇيغۇرلارغا تەزىيە ۋە نەزىر ـ چىراغ ئەلچىسى قىلىپ ئەۋەتىلدى.» [29]

بەش دەۋر مەزگىلىدە پۈتۈلۈشكە باشلىغان «تاڭ سۇلالىسىگە دائىر مۇھىم خاتىرىلەر» دىمۇ تۆۋەندىكىدەك خاتىرىلەر بار:

«تيەنباۋ يىللىرىنىڭ (742 — 755 ـ يىللىرى) دەسلىپىدە ئۇيغۇرلارنىڭ يابغۇسى ئېل بىلگە بەگ (逸标苾) تۈركلەرنىڭ كەنجى شادىنىڭ نەۋرىسى ئۆزمىش قاغانغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ ئۇنى يوقىتىپ، ئۆزىنى توققۇز ئوغۇزلارنىڭ قاغانى قىلىپ تىكلەدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار پۈرسەتتىن پايدىلىنىپ جەنۇبقا قاراپ سۈرۈلۈپ، تۈركلەرنىڭ قەدىم جايلىرىغا كېلىپ ماكانلىشىپ، ئۆتۈكەن تېغى، ئورخۇن دەرياسى ۋادىلىرىنى ماكان قىلىپ، ئوت ـ چۆپ، سۇ قوغلىشىپ ياشىدى.» [30]

«چاڭچىڭ تۇنجى يىلى (821 ـ يىلى) 4 ـ ئايدا، توققۇز ئۇيغۇرلارغا (قاغانغا) ئەخلاقمەن قاغان دېگەن نام ھەدىيە قىلىندى.» [31]

سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە تۈزۈلگەن «يېڭى تاڭنامە» دىمۇ تۆۋەندىكىدەك خاتىرىلەر بار:

«تيەنباۋ يىللىرىدا ئۇيغۇرلار بىلەن باسمىللار بىرلىشىپ ئۆزمىش قاغاننى ئۆلتۈردى. ئارقىدىنلا ئۇيغۇرلار باسمىللارغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنىڭ قاغانى ئاشناشىنى (阿史那施) بېشبالىققا قوغلىۋەتتى. كېيىن ئۇ ئوردىغا قېچىپ كېلىۋالدى، قارلۇقلار توققۇز ئوغۇزلار بىلەن بىرلىكتە ئۇيغۇرلار يابغۇسىنى قايتىدىن تەختكە چىقاردى، رەھىمدىل قاغان ئەنە شۇدۇر. شۇنىڭدىن كېيىن ئۆتۈكەندە ئولتۇراقلاشقانلار ئۇيغۇرلارغا قارام بولدى، ئالتۇن تاغ ۋە بېشبالىققا ماكانلاشقانلىرى ئۆزلىرىنى يابغۇ دەپ ئاتاپ، ئوردىغا كېلىپ تۇردى.» [32]

يۇقىرىدىكى ئەينى دەۋرنىڭ بىرىنچى قول تارىخىي ماتېرىياللىرىدىن ۋە ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن قويۇق سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئالاقىلىرىدە بولۇپ كەلگەن قوشنا خاندانلىق ۋە خەلقلەر تەرىپىدىن قامۇسلارغا، تارىخنامىلەرگە، ئوردا خاتىرىلىرىگە كىرگۈزۈلگەن خاتىرىلەردىن شۇنى بىلىۋېلىشقا بولۇدىكى، ئۇيغۇر قەبىلىلىرى بۇ دۆلەتنى ئاددىيلاشتۇرۇپ «ئۇيغۇر ئېلى»

دەپ، تولۇق نامى بىلەن «توققۇز ئۇيغۇر ئېلى» دەپ ئاتىغان، ئۇيغۇرلارنىڭ غەرب تەرەپتىكى قوشنىلىرى بولغان ئەرەب ۋە پارس خەلقلىرى «توققۇز ئوغۇز ئېلى» ياكى «توققۇز ئوغۇز مەملىكىتى» دەپ ئاتاشقان. ئەرەب ـ پارس ئاپتورلىرى كېيىن تۇرپاننى مەركەز قىلىپ، تارىمنىڭ شەرقىي ۋە جۇڭغارىيە ئويمانلىقلىرىنى ئىدارە قىلىپ قۇرۇلغان ئىدىقۇت ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئېلىنىمۇ ئوخشاشلا توققۇز ئوغۇز ئېلى دەپ ئاتىغان. بۇ «ھۇدۇدۇلئالەم» قاتارلىق ئەسەرلەردىن مەلۇم، تاڭ سۇلالىسى ئوردا تارىخىغا دائىر ئەسەرلەردە بولسا بۇ خانلىقنىڭ نامى باشتىن ـ ئاخىر «توققۇز ئۇيغۇر خانلىقى» ياكى «توققۇز ئۇيغۇر ئېلى» دەپ ئاتىلىپ كەلگەن. بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز خانلىقىنىڭ نامىنى مەڭگۇ تاشلاردا «توققۇز ئۇيغۇر» دەپ يازغىنى بىلەن بىردەك.

ئەمدى «توققۇز ئوغۇز»، «ئون ئۇيغۇر» مەسىلىسىگە كەلسەك، بۇ ھەقتە دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى تەتقىقاتچىلار، تۇركولوگلار نۇرغۇنلىغان تەتقىقاتلارنى قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ھازىرغىچە بىرلىككە كەلگەن، ھەممە ئېتىراپ قىلغان قاراشلارنى مەيدانغا كەلتۈرەلمىدى. بەزى تەتقىقاتچىلار ئۇيغۇرلار ئون قەبىلىدىن تەركىب تاپقانلىقى ئۈچۈن «ئون ئۇيغۇر» دەپ ئاتالغان، «ئۇيغۇر» دېگەن سۆز تۈرك ـ ئۇيغۇر تىلىدا «ئۇيۇشماق» ياكى «ئۇيۇشقانلار» دېگەنلىك بولىدۇ، ئون ئۇيغۇر دەل «ئون قەبىلىنىڭ بىرلەشكەنلىكى» دېگەنلىك، دەپ ھېسابلىدۇ. بىر قىسىم چەت ئەل تۇركولوگلىرى ئۆز ئەسەرلىرىدە «ئۇيغۇرلارنىڭ يېقىنراق دەۋرلەردىكى ئەجدادلىرى بولغان قانقىللار جۇرجانلار بىلەن ئۇزۇن ۋاقىت كۈرەش قىلغاندىن كېيىن، 5 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ئىككى تارماققا بۆلۈنۈپ كەتتى، ئۇلارنىڭ بىر قىسمى ئورخۇن ۋە سېلىنگا دەريالىرىنىڭ جىلغىلىرىغا قېچىپ كەتتى، يەنە بىر قىسمى ئالتاي ۋە تەڭرىتاغلىرىغا قېچىپ كەتتى، بۇنىڭغا قارىغاندا، ئون ئۇيغۇرلار (جەنۇبىي ئىتتىپاق) 3 ـ ئەسىردىن باشلاپ غەربكە كۆچۈشكە باشلىغان، توققۇز ئوغۇزلار (شىمالىي ئىتتىپاق) لارنىڭ شىمالغا يۆتكىلىشىمۇ شۇ قېتىملىق بۆلۈنۈش بىلەن مۇناسىۋەتلىك» [33] دەپ يېزىپ، قانقىللارنىڭ شىمالىي

گۇرۇپپىسىنى (ئىتتىپاقىنى) توققۇز ئوغۇزلار دەپ، جەنۇبىي گۇرۇپپىسىنى (ئىتتىپاقىنى) ئون ئويغۇرلار دەپ ئاتاشنى تەكىتـ-لىسە، بەزى چەت ئەل تەتقىقاتچىلىرى ئۆز ئەسەرلىرىدە «خەنزۇچە هۆججەتلەردىكى 九姓 ، 九姓铁勒 ، 铁勒九姓 لار ئەمەلىيەتتە 8 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى دەۋرلىرىدە مەڭگۈ تاشلاردا ئۇچرايدىغان توققۇز ئوغۇزلاردۇر» ㉞ دەپ يېزىپ، توققۇز ئوغۇزلار ئۇيغۇرلار-نىڭ باشچىلىقىدا 646 - يىلىدىن كېيىن تەشكىل تاپقان تېلى قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنى كۆرسىتىشى كېرەك دېگەن قاراشلىرىنى ئوتتۇرغا قويىدى. ئۇلارنىڭ بۇ قاراشلىرى بىزنى قەدىمكى ئويغۇرلا-رنىڭ ئۆزى هەققىدە يېزىپ قالدۇرغان خاتىرىلىرىنى كېيىنكى دەۋر كىشىلىرى تەرىپىدىن يېزىلغان ئۇيغۇرلارنىڭ كېلىپ چىقى-شىغا مۇناسىۋەتلىك خاتىرىلىرى بىلەن بىرلەشتۇرۇپ تەتقىق قى-لىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ. هەممىگە مەلۇمكى، «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» قاتارلىق خەنزۇچە كلاسسىك تارىخىي ماتېرىيال-لارغا ئاساسلانغاندا، قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى ناهايىتى كەڭرى تېررىتورىيىگە تارقالغان بولۇپ، ئۇلار كاسپى دېڭىزىنىڭ شەرقىدىن ئوتتۇرا ئاسىيا، تارىم، جۇڭغارىيە ۋادىلىرى، گەنسۇ، سىبىرىيە، ئىچكى - تاشقى موڭغۇلىيە، هەتتا ھىنگان تاغلىرىغىچە بولغان ناهايىتى كەڭ زېمىنلارغا تارقىلىپ، دېھقانچىلىق، چارۋى-چىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇلار ئالتاي ۋادىسىنى نىسبىي پاسىل قىلىپ، ئاسىيا ياپلىقىنىڭ شەرقىي ۋە غەربىي تەرەپلىرىدە ياشىغا-نلىقى ئۈچۈن، مىلادىيىدىن خېلى بۇرۇنلا خەنزۇچە هۆججەتلەردە دەسلەپ دىلار ياكى ئاق دىلار، قىزىل دىلار، كۆك دىلار، كېيىنچە شەرقىي دىڭلىڭلار، غەربىي دىڭلىڭلار، مىلادىيە 4 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىدىن باشلاپ (ئېنىقراق ئېيتقاندا مىلادىيە 363 - يىلى-دىن باشلاپ) شەرقىي قانقىللار ۋە غەربىي قانقىللار دەپ ئاتالغان㉟. شەرقىي قانقىللار ناهايىتى كۆپ تېلى (铁勒) قەبىلىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، بۇ قەبىلىلەر ئىچىدە مەشھۇر ئىككى گۇرۇھ بولغان، بىرى ئۆزلىرىنى «توققۇز ئوغۇز» (九姓乌古斯) ياكى «توققۇز ئۇيغۇر» (九姓回纥) دەپ ئاتىغان، يەنە بىرى ئۆزلىرى-نى «ئون ئۇيغۇر» (十姓回纥) دەپ ئاتىغان. مانا بۇ ئىككى

گۆرۈھ بىز تەتقىق قىلىۋاتقان ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئاساس-
لىق يادرو ئاھالىسىدۇر. ئۇلارنىڭ نېمە سەۋەبتىن «توققۇز ئو-
غۇز» ياكى «توققۇز ئۇيغۇر»، «ئون ئۇيغۇر» دەپ ئاتالغانلىقى
توغرىسىدا، كېيىنكى دەۋر تارىخشۇناسلىرى ئۆز ئەسەرلىرىدە خا-
تىرىلەرنى پۈتكەن بولۇپ، بۇ ھەقتىكى بىر قىسىم خاتىرىلەر
ئىراننى مەركەز قىلىپ قۇرۇلغان ئىلخانىلار خانلىقىنىڭ باش
ۋەزىرى راشىددىن (1247 — 1318 - يىللار) تەرىپىدىن 1307 —
1311 - يىللار ئارىلىقىدا يېزىلغان مەشھۇر تارىخىي ئەسەر «جامى-
ئۇل تاۋارىخ» بىلەن 17 - ئەسىردە ئۆتكەن خارەزىملىك تارىخچى
ئەبۇلغازى باھادىرخان (1603 — 1665 - يىللار) تەرىپىدىن
1663 — 1664 - يىللار ئارىلىقىدا يېزىلغان مەشھۇر تارىخىي
ئەسەر «شەجەرەئى تۈرك»تە ساقلىنىپ قالغان. بۇ ئەسەرلەردە:
«ئېيتىلىشىچە، ئۇيغۇرىستان ۋىلايىتىدە ئىككى چوڭ تاغ بولۇپ،
بىرى بوقراتۇ بۇزلۇق دېيىلىدىكەن، يەنە بىرى ئۇچقۇنلۇق تەڭرىم
دېيىلىدىكەن. قاراقۇرۇم شۇ ئىككى تاغنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقا-
نىكەن. ئۇگىدايخان بىنا قىلغان شەھەرمۇ شۇ تاغنىڭ نامى بىلەن
ئاتىلىدىكەن. بۇ ئىككى تاغنىڭ يېنىدا قۇت تاغ دەپ ئاتىلىدىغان
يەنە بىر تاغ بار ئىكەن. بۇ تاغلىق جاينىڭ بىر يېرىدە ئون دەريا،
يەنە بىر يېرىدە توققۇز دەريا بار ئىكەن. قەدىمكى ئۇيغۇر قەبىلىلى-
رى ئاشۇ دەريالارنىڭ قىرغاقلىرىدىكى تاغلىق جايلارغا ۋە تۈزلەڭ-
لىكلەرگە جايلاشقانىكەن. ئون دەريا ۋادىلىرىدا ئولتۇراقلاشقان
ئۇيغۇرلار ‹ئون ئۇيغۇر› دېيىلىدىكەن. توققۇز دەريا ۋادىلىرىدا
ئولتۇراقلاشقان ئۇيغۇرلار ‹توققۇز ئۇيغۇر› دېيىلىدىكەن. ھېلىقى
ئون دەريا ئون ئورخۇن دېيىلىدىكەن. ئۇلارنىڭ نامى رەت تەرتىپى
بويىچە ئابىشلىق، ئوتىنكار، بوقىز، ئوزقۇندۇر، تۇلار، تاردار،
ئادار، ئۇچ تابىن، قاملابقۇ، ئۆتۈكەن دېيىلىدىكەن. يىللار ئۆتۈپ-
تۇ، ئەسىرلەر ئۆتۈپتۇ، ئەمما بۇ ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئىچىدە تېخى
بىرەر پادىشاھ بارلىققا كەلمەپتۇ. ھەرقايسى قەبىلىلەردە، كىم
كۈچلۈك بولسا شۇ كىشى شۇ قەبىلىنىڭ ئەمىرى بولىدىكەن.
كېيىنكى چاغلاردا ھەممە قەبىلىلەر ئورتاق مەنپەئەتنى كۆزدە تۇتۇپ
يىغىن ئېچىپتۇ ھەمدە يىغىندا: ‹بىز ھەممىگە بۇيرۇق چۈشۈرەلەي-

ـدىغان تولۇق ھوقۇقلۇق پادىشاھ تىكلىمىگۈچە، نىجادلىق يولى
تاپالمايمىز ›، دەپ قارار چىقىرىپتۇ. ھەممەيلەننىڭ بىردەك ماقۇلـ
ـلىشى بىلەن ھەرقايسى قەبىلىلەر ئىچىدە ئەڭ زىرەك بولغان ئابىشـ
ـلىق قەبىلىسىدىن مانقۇتاي ئىسىملىك بىر كىشى ئېلتەبىرلىككە
كۆرسىتىپتۇ. (ئۇلار) يەنە ئوز قوندۇز قەبىلىسىدىن بىر (ياخشى)
پەزىلەتلىك كىشىنى (سايلاپ چىقىپ) كۆل ئېركىن دەپ ئاتاپتۇ.
شۇنداق قىلىپ بۇ ئىككى كىشىنى (پۈتۈن) مىللەتنىڭ يولباشچىـ
ـسى ۋە بارلىق قەبىلىلەرنىڭ پادىشاھى قىلىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن
ئۇلارنىڭ ئۇلۇغلىرى يۈز يىلغىچە ھۆكۈم سۈرۈپتۇ» ㊱ دېيىلگەن.
بۇ رىۋايەتكە قىسمەن ئوخشىشىپ كېتىدىغان رىۋايەت يەنە پارس
تارىخچىسى جۇۋەينى (1226 — 1283 ـ يىللار) يازغان «تارىخى
جاھانكۇشاي» دېگەن ئەسەردىمۇ، 1331 ـ يىلى تىكلەنگەن «قۇجۇ
ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ تۆھپە مەڭگۇ تېشى» دىمۇ ئۇچرايدۇ. نۆۋەتتىـ
ـكى تەتقىقاتلارغا ئاساسلانغاندا، مەزكۇر رىۋايەتتە ئېيتىلغان ئون
دەريا شەكسىزكى موڭغۇلىيە ۋادىسىدىكى ئورخۇن دەرياسى ۋە ئۇـ
ـنىڭ تارماق ئېقىنلىرىنى كۆرسىتىدۇ. ئورخۇن دەرياسى موڭغۇلىـ
ـيىدىكى ئەڭ چوڭ دەريا سېلىنگا دەرياسىنىڭ ئەڭ چوڭ تارمىقى
بولۇپ، قاڭغاي تاغ تىزمىسىدىن باشلىنىدۇ. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى
1123 كىلومېتىر كېلىدۇ، بايقال كۆلىگە قۇيۇلىدۇ، ئۇنىڭ يۇقىـ
ـرى ئېقىنىدا نۇرغۇنلىغان كىچىك تارماق ئېقىنلىرى بار㊲. ئورـ
ـخۇن دەرياسىنىڭ قەدىمكى نامى «ئون كۈن دەرياسى» بولۇپ، بۇ
قەدىمكى تۈرك ـ ئۇيغۇر تىلىدا ئون كۈن ياكى ئون قۇياش دېگەن
مەنىنى بىلدۈرىدۇ. چۈنكى، قەدىمدە ئۇيغۇرلار قۇياشنى مۇقەددەس
بىلىپ قۇياشقا چوقۇنغان ھەم ئۆزلىرىنى قۇياشتىن تۆرەلگەن دەپ
قارىغان. ھۇنلارمۇ ئۆزلىرىنى «كۈنلەر»، پادىشاھلىرىنى «قۇياش
ئوغلى» ياكى «قۇياش تەڭرىدىن تۆرەلگەن» دېگەن مەنىدە «تەڭرىـ
قۇت» دەپ ئاتىغان. تۈرك ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ قاغانلىرىمۇ مەڭگۈ
تاشلاردا ئۆزلىرىنى كۈن تەڭرىدىن بولغان دېگەن مەنىدە «كۈن
تەڭرىدە ئۇلۇغ بولمىش» ياكى «كۈن تەڭرىدە قۇت بولمىش»
دېگەندەك نامدا ئاتاپ كەلگەن.
«توققۇز ئۇيغۇر» دەپ ئاتىغان يەنە بىر تارماق ئۇيغۇر قەبىلىـ

لىرى تۆغلا دەرياسى ۋادىلىرىغا جايلاشقان بولۇپ، «تۆغلا دەريا-
سى» دېگەن سۆز قەدىمكى تۈرك ـ ئۇيغۇر تىلىدا «توققۇز دەريا»
دېگەنلىك بولىدۇ. قەدىمدە تۈركىي خەلقلەردە، جۈملىدىن ئۇيغۇر-
لاردا «توققۇز» خاسىيەتلىك قۇت سان ھېسابلانغان ھەم توققۇزغا
چوقۇنۇش قارىشى بولغان. ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇد كاشغەرى
«تۈركىي تىللار دىۋانى» دا ئۇيغۇرلاردىكى توققۇز ئۇلۇغلۇقىنى
شەرھلەپ، «خاننىڭ قول ئاستىدىكى ۋىلايەتلەر ھەرقانچە كۆپە-
يىپ، مەرتىۋىسى يۇقىرى كۆتۈرۈلسىمۇ، تۇغلىرى توققۇزدىن
ئاشمايدۇ. چۈنكى توققۇز سانى خاسىيەتلىك ھېسابلىنىدۇ»[38] دەپ
يازغان. ئۇنىڭدىن باشقا ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدىمۇ، ئىدىقۇت
ئۇيغۇر خانلىقىدىمۇ دۆلەت ۋەزىرلىرى توققۇز كىشىدىن تەركىب
تاپقان، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئۈچى ئىچكى ئىشلار ۋەزىرى، قالغان
ئالتىسى تاشقى ئىشلار ۋەزىرى بولغان. «كۆلتېكىن مەڭگۈ تېشى»
دىمۇ كۆلتېكىننىڭ ئىلگىرى ـ كېيىن توققۇز قېتىم باشقا ـ باشقا
ئاتقا مىنىپ جەڭگە كىرگەنلىكى، توققۇز ئەسكەرنى نەيزىلىگەنلىكى
تەسۋىرلەنگەن. «كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» دىمۇ تاڭ
سۇلالىسىنىڭ تەيخې مەلىكىسى (太和公主) ئورخۇن ئۇيغۇر
خانلىقىنىڭ قاغانى ئاي تەڭرىدە قۇت بولمىش ئالپ بىلگە قاغانغا
ياتلىق قىلىنىپ، ئۆتۈكەندىكى ئوردۇ بالىق قەلئەسىگە يۆتكەپ
كېلىنگەندە، مەلىكە تەيخېنىڭ ئۇيغۇرچە كىيىنىپ، ياشانغان بىر
مومايىنىڭ ھەمراھلىقىدا ئوردا ئالدىدا كۈنپېتىشقا قاراپ تەزىم
قىلغانلىقى، ئاندىن قاغانغا تەزىم بەجا كەلتۈرگەنلىكى، ئاندىن
كېيىن ئالدىن تەييارلانغان تەختىراۋانغا چىققانلىقى، ئۇيغۇرلارنىڭ
توققۇز ۋەزىرى تەختىراۋاننى كۆتۈرۈپ ئوردىغا كىرگەنلىكى، ئان-
دىن كۈنچىقىشقا قاراپ ئوڭغا بۇرۇلۇپ، ئوردىنى توققۇز قېتىم
ئايلانغانلىقى تەسۋىرلەنگەن. بەزى تەتقىقاتچىلار تۈركىي خەلقلەردى-
كى «توققۇز» نى ئۇلۇغلاش ئادىتى ئۇلاردىكى «پۈتۈن ئالەم توققۇز
ھاياتلىق مەنبەسىدىن قۇرۇلغان» دېگەن ئىپتىدائىي چۈشەنچىدىن كې-
لىپ چىققان،[39] دەپمۇ قارايدۇ. بۇنىڭدىن قارىغاندا، «توققۇز ئۇي-
غۇر» (ياكى توققۇز ئوغۇز) دەپ ئاتالغان قەبىلە گۇرۇھى مەيلى
«توققۇز دەريا» مەنىسىدىكى تۆغلا دەرياسى ۋادىلىرىدا ياشىغان

بولسۇن ياكى ئۇلار توققۇزنى مۇقەددەس بىلگەن، ئۇنىڭغا چوقۇنغان بولسۇن ۋە ياكى بۇ ھەر ئىككىلا ئېھتىماللىق ئۇلارنىڭ «توققۇز ئۇيغۇر» (ياكى توققۇز ئوغۇز) دەپ ئاتىلىشىدا ئوخشاش رول ئوينىغان بولسۇن، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنى توققۇز ئۇيغۇر (ياكى توققۇز ئوغۇز) دەپ ئاتىغانلىقى يەنىلا تۇغلا دەرياسى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. چۈنكى، ئورخۇن ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئۆز قولى بىلەن پۈتۈلگەن تۈركچە مەڭگۈ تاشلاردىن «مويۇنچۇر مەڭگۈ تېشى»دا: «تەڭرىدىن بولغان ئەل ئەتمىش بىلگە قاغان ... تولىس ... ئۆتۈكەن ئەتراپى ئېلى ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئولتۇرىدىكەن، سۇيى سې-لېنگا دەرياسى ئىكەن، ئۇ يەردە قالغان خەلق — ئون ئۇيغۇر، توققۇز ئوغۇز ئۈستىدە يۈز يىل ئولتۇرۇپ ... ئورخۇن دەرياسى ... تۈرك، قىپچاق (خەلقى) ئۈستىدە ئەللىك يىل ئولتۇرغانىدى» دېيىلگەن بولسا، «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» دىمۇ: «قانقىللار ... ئورخۇن دەرياسىنىڭ غەربىي شىمالىغا 100 چاقىرىم كېلىدىغان جايلارغا كۆچۈپ ماكانلاشتى» دېيىلگەن، يەنە «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» دە بوساتىنىڭ ئالپ ئېلتەبىر دەپ ئاتىلىپ، تۇغلا دەريا-سىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدا بارگاھ تىكلىگەنلىكى ھەققىدە خاتىرە قالدۇرۇلغان. بۇ بايانلاردا دېيىلگەن جايلار «جامىئۇل تاۋارىخ» تىكى رىۋايەتتە كۆرسىتىلگەن رايون بىلەن ئوخشاش. دېمەك، مەيلى «ئون ئۇيغۇر»، «توققۇز ئۇيغۇر»لار بولسۇن ياكى «ئون ئۇيغۇر»، «توققۇز ئوغۇز» لار بولسۇن، ئۇلار ئوخشاشلا ئورخۇن دەرياسى ۋە تۇغلا دەرياسى ھەم ئۇلارنىڭ تارماق ئېقىن ۋادىلىرىدا ياشىغان، كېيىن ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈشتە يادرولۇق رول ئوينىغان شەرقىي ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنى كۆرسىتى-دۇ. توققۇز بىلەن ئون بولسا مەۋھۇم سانلار بولۇپ، ئۇلار قانداق-تۇر ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ توققۇزدىن ياكى ئوندىن تەركىب تاپقان-لىقىنى چۈشەندۈرۈپ بەرمەيدۇ. چۈنكى، «جامىئۇل تاۋارىخ»تا: «ئۇ چاغدا ئۇيغۇرلار جەمئىي 122 قەبىلىگە بۆلۈنگەن، ئۇلارنىڭ تولۇق نامى مەلۇم ئەمەس» دېيىلگەن، «سۇينامە. تېلىلار تەزكى-رىسى» دىمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ 40 نەچچە قەبىلىسىنىڭ نامى تىلغا ئېلىنغان. شۇڭلاشقا توققۇز، ئون دېگەن سانلارنى ئېھتىمال ئۇلار

ئەڭ دەسلەپ ئولتۇراقلاشقان جايدىكى دەريالارنىڭ نامى بولۇشى ياكى ئۇلار چوقۇنغان ۋە بەخت ـ سائادەتكە سىمۋول قىلغان ئىككى سان بولۇشى مۇمكىن، دەپ قاراشقا بولىدۇ.

## 2 § . خانلىقنىڭ زېمىن دائىرىسى

ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ زېمىن دائىرىسى ھەققىدە خەنزۇچە كلاسسىك تارىخنامىلەردىن «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» دە: «زېمىنى ئىنتايىن كەڭ بولۇپ، شەرقتە شىرۋېيلار ( 室韦 ) دىن غەربتە ئالتۇن تاغقىچە يېتىپ باراتتى، جەنۇبتا چوڭ چۆللۈكنى ئىگىلىگەن بولۇپ، قەدىمكى ھۇنلارنىڭ بارلىق زېمىندىلىرىنى ئىگىلىگەن ئىدى»⑩ دېيىلگەن، «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» دە: «ئۇيغۇرلارنىڭ زېمىنى ئىنتايىن كەڭ بولۇپ، شەرقتە شىرۋېلاردىن غەربتە ئالتۇن تاغقىچە يېتىپ بارىدۇ، جەنۇبتا چوڭ چۆللۈكتىن ھالقىغان بولۇپ، تۈركلەرنىڭ ئەسلىدىكى بارلىق زېمىنلىرىنى ئىگىلىگەن» ⑪ دېيىلگەن. نۆۋەتتە ئېلىمىزدىكى تەتقىقاتچىلار مۇشۇ مەلۇماتلاردىكى خاتىرىلەر ئاساسىدا ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ زېمىن دائىرىسىنى كۆرسىتىپ كەلمەكتە⑫ . لېكىن، بەزى تەتقىقاتچىلار تېخىمۇ كونكرېت قىلىپ «ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ زېمىنى خانلىققا قارام بولغان قەبىلىلەر (يەنى غەربتىن شەرققە قاراپ قارلۇق، قىرغىز، شاداپىت، بارغۇت، بايىرقۇ، شىرۋىي، قۇمۇق، قىتان قاتارلىقلار) نىڭ زېمىنلىرىنى قوشۇپ ھېسابلىغاندا شەرقتە ھىنگان تاغلىرىغا يېتىپ بارغان، غەربتە تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىدىكى جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، جەنۇبتا ئوردوس ( 河套 ) نى كونترول قىلغان، شىمالدا بايقال كۆلىگە يېتىپ بارغان بولۇپ، خانلىقنىڭ ھەربىي كۈچى ئەڭ كۈچەيگەن چاغلاردا ئوتتۇرا ئاسىياغىمۇ يېتىپ بارغان»⑬ ، «ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تەسىر كۈچى شىنجاڭدىكى بېشبالىق، قۇچۇ، كۇسەن، ھەتتا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىسسىقكۆل رايونلىرىغىچە يەتكەن»⑭ ، «ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى ئەڭ گۈللەنگەن مەزگىلدە بېشبالىق، قۇچۇ، ئاگىنى، كۇسەن

قاتارلىق جايلارنى ئىگىلەپلا قالماستىن، بارخان (ئاقسۇ)، يەر-كەن، ئۇدۇن، قەشقەر قاتارلىق جايلارنى، يەنە پەرغانە ۋە سۇيئاب قاتارلىق جايلارنى ئىگىلىگەن. غەربىي يۇرتنىڭ مۇتلەق كۆپ قى-سىم رايونلىرى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا ئۆت-كەن»㊺ دەپ قاراشماقتا. فرانسىيىلىك ج. ر. خامىلتون ئۆز ئە-سىرىدە: «قۇتلۇق بىلگە كۆل قاغاننىڭ ھۆكۈمرانلىق زېمىنى شەرقتە مانجۇرىيىدىن باشلىنىپ غەربتە ئالتاي تېغى ۋە تەڭرىتېغى-دىكى قارلۇقلار رايونىغا يېتىپ باراتتى»㊻ دېگەن. ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز قولى بىلەن پۈتۈلگەن مەڭگۈ تاش يازما يادىكارلىقلىرىدىن تەخمىنەن 753 ـ يىلى (يىلان يىلى) دىن سەل كېيىنرەك تىكلەن-گەن «تېرخىن مەڭگۈ تېشى» دا بولسا ئەل ئەتمىش بىلگە قاغان تىلىدىن ئۇ ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەسلەپكى مەزگىلدىكى ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ مەركىزىي رايونى ۋە زېمىن دائىرىسىنىڭ ئەھۋالى ئومۇملاشتۇرۇلۇپ سۈرەتلەپ بېرىلگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا: «مەن تەڭرىدىن بولغان ئەل ئەتمىش بىلگە قاغان بىلەن تەڭرىدىن بولغان ئەل بىلگە قاتۇن قاغان ۋە قاتۇن ئاتاقلىرىنى قوبۇل قىلىپ، شۇ چاغدا ئۆتۈكەننىڭ غەربىي چېتىدە، تەز دەرياسىنىڭ بېشىدا بارگاھ قۇرغۇزدۇم. شۇ يەردە يولۋاس يىلى ۋە يىلان يىلى ئىككى يىلنى ئۆتكۈزدۇم. ئەجدىھا يىلى ئۆتۈكەن ئوتتۇرىسىدىكى سۆڭۈر ـ باس-قان مۇقەددەس چوققىسىنىڭ غەربىي تەرىپىدە يايلىدىم، شۇ يەردە بارگاھ قۇرغۇزدۇم، سېپىل سوقتۇردۇم، مىڭ يىللىق، تۈمەن كۈنلۈك پۈتۈكۈمنى، تامغامنى شۇ يەردە سىلىق تاشقا ئويدۇردۇم، يوغان تاشقا ئورناتقۇزدۇم، يۇقىرىدا كۆك تەڭرىنىڭ بۇيرۇشى، تۆۋەندە قوڭۇر يەرنىڭ بېقىشى بىلەن ئېلىمنى قۇردۇم، تۆزۈملى-رىمنى تىكلىدىم. ئالدىمدا كۈنچىقىشتىكى خەلقلەر، ئارقامدا ئاي-چىقىشتىكى خەلقلەر، دۇنيانىڭ تۆت بۇلۇڭىدىكى خەلقلەر (ئۆزلى-رىنىڭ) كۈچلىرىنى ماڭا بېرۇر ... سەككىز دەريا ئارىلىقىدا چارۋام ۋە تېرىلغۇ يەرلىرىم بار. سېلىنگا، ئورخۇن، تۇغلا سەك-كىز دەريا مېنى سۆيۈندۈردى. مەن قارغا ۋە بۇرغۇ دەريا بويلىرىدى-كى ئاشۇ يەرلەردە تۇرىمەن، ئىككى دەريانىڭ ئارىلىقىدا كۆچىمەن، يايلىقىم ئۆتۈكەننىڭ غەربىي ئۇچىدا، تەز دەرياسىنىڭ بېشىنىڭ

شەرقىدە، مەن شۇ يەردە تۇرارمەن، كۆچەرمەن ... مېنىڭ خاھى-شىم بويىچە ئۇنغى ئۆتۈكەندىن ئاتلاندى. ‹ قوشۇن تارت، خەلقنى يىغ› (دىدىم) ... جەنۇبىي چېگرىنى، ئالتۇن تاغدىكى غەربىي چېگرىنى، كۆگمەندىكى شىمالىي چېگرىنى قوغدا ...»㊼ دېگەن خاتىرىلەر بار. يۇقىرىدىكى قەدىمكى خەنزۇچە خاتىرىلەردە بولسۇن ياكى مەڭگۈ تاشلاردىكى خاتىرىلەردە بولسۇن ھەممىسىدە ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قۇتلۇق بىلگە كۈل قاغان ۋە ئۇنىڭ ۋارىسى ھەم ئوغلى ئەل ئەتمىش بىلگە قاغان (مويۇنچۇر) تەرىپىدىن قايتا تەشكىل قىلىنغان دەسلەپكى ۋاقىتلىرىدىكى ھۆكۈمرانلىق رايونلى-رى كۆرسىتىپ بېرىلگەن، «يېڭى تاڭنامە» بىلەن «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» دىكى خاتىرىلەر تاڭ سۇلالى-سىنىڭ تيەنباۋ 5 ـ يىلىدىكى (مىلادىيە 745 ـ يىلى) مەلۇماتلار-دۇر. «تېرخىن مەڭگۈ تېشى» دىكى خاتىرىلەر بولسا ئەل ئەتمىش بىلگە قاغان يېڭىدىن تەختكە چىققان يىللارغا، كېيىن بولغاندىمۇ مىلادىيە 753 ـ يىلىغا توغرا كېلىدۇ. «ئۇنىڭ ئۈستىگە يۇقىرىقى مەنبەلەردە خاتىرىلەنگەن زېمىن دائىرىسى ئورخۇن ئۇيغۇر قاغانلى-قىنىڭ پايتەختىنى مەركەز قىلغان نىسبەتەن مەركەزلەشكەن رايون-لىرىنى كۆرسىتىدۇ»㊽. ئەمەلىيەتتە ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى ئەل ئەتمىش بىلگە قاغان دەۋرىدىن باشلاپ گۈللىنىش باسقۇچىغا كىرگەن بولۇپ، ئىچكى جەھەتتە ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشى تەرەققىي قىلىپ، ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسى مۇستەھكەملەنگەن، تاشقى جەھەتتە تاڭ سۇلالىسى بىلەن بولغان سىياسىي، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت ئالاقىلىرى قويۇقلىشىپ، «يىپەك يولى» نىڭ ھەقى-قىي خوجايىنى بولۇپ قالغان، كېيىن بۆگۈ قاغان، قۇتلۇق قاغان قاتارلىق مەشھۇر، دانىشمەن قاغانلارنىڭ ئىستراتېگىيىلىك ھەربىي يۈرۈشلىرى نەتىجىسىدە، قىتان، قىرغىز، باسمىل، قارلۇق قا-تارلىق بىرقىسىم ئىسيانكار قەبىلىلەر قايتىدىن بىرلىككە كەلتۈ-رۈلۈپ، خانلىقنىڭ ھۆكۈمرانلىق دائىرىسى كېڭەيگەن، ئاھالىسى ئاشقان. ئورخۇن ـ يېنسەي مەڭگۈ تاشلىرىدىكى خاتىرىلەرگە، ئەرەب ـ پارس مەنبەلىرىدىكى مەلۇماتلارغا ۋە كونا، يېڭى تاڭنامى-لەردىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى كۆ-

چىيىپ، شىمالىي ئاسىيا يايلاق رايونىدىكى ئەڭ قۇدرەتلىك كۆچ بولۇپ قالغان. 8 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن 9 ـ ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىگىچە بولغان تارىخىي جەرياندا، ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىق دائىرىسى پۈتكۈل چوڭ چۆللۈكنىڭ جەنۇب ۋە شىمالىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپلا قالماستىن، يەنە گەنسۇ يايلاقلىرى، جەنۇبىي سىبىرىيە، جۇڭغارىيە ۋادىسى، تارىم ۋادىسى، شەرقىي تەڭرىتاغ ئېتەكلىرى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئېرتىش دەرياسى، يەتتە سۇ ۋادىسى، چۇ دەرياسى، ئىسسىق كۆل ۋادىلىرىغىچە يېتىپ بارغان.

ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ مەركىزى رايونى موڭغۇلىيە يايلاق رايونلىرى بولۇپ، بۇ كەڭ زېمىن شىمالدا سىبىرىيە بىلەن، غەربتە ئالتاي تېغى بىلەن، شەرقتە چوڭ ھىنگان تېغى بىلەن، جەنۇبتا چوغاي تېغى بىلەن چېگرالىنىپ تۇرىدۇ، ئاساسىي جەھەتتىن چىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلىپىدىكى ئىچكى ـ تاشقى موڭغۇلىيەگە توغرا كېلىدۇ. ئىچكى موڭغۇل بىلەن تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ ئوتتۇرىسىدا پايانسىز كەتكەن بىر پارچە قۇملۇق بولۇپ، تارىخىي ماتېرىياللاردا ئۇ گوبى چۆللۈكى (چوڭ چۆللۈك) دەپ ئاتالغان. چۆللۈكنىڭ شىمالى تاغلىق رايون بولۇپ، غەربتىن شەرققە سانىغاندا ئالتاي تېغى، تاڭنۇر تېغى( 唐努山 )، كۆگمەن تېغى( 萨彦岭 )، قاڭغاي تېغى( 杭爱山 ) ۋە كىنتاي تېغى ( 肯特山 ) قاتارلىق تاغلار بار. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى قاڭغاي تېغى موڭغۇلىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، غەربىي شىمالدىن شەرقىي جەنۇبقا قاراپ سوزۇلغان. بۇ تاغنىڭ ئۇزۇنلۇقى 700 كىلومېتىر، كەڭلىكى 200 كىلومېتىر، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 2500 — 3000 مېتىر، ئەڭ ئېگىز چوققىسىنىڭ ئېگىزلىكى 4031 مېتىر كېلىدۇ. مەيلى خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردا بولسۇن ياكى تۈركچە ماتېرىياللاردا بولسۇن، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ پايتەختى (مەركىزى) ئۆتۈكەن تېغى بىلەن ئورخۇن دەرياسىنىڭ ئارىلىقىدا بولغان، دېيىلگەن. تەتقىقاتچىلارنىڭ تەتقىق قىلىشىچە، «قەدىمكى ئۆتۈكەن تېغىنىڭ نامى شۇ يەردىكى بىر دەريانىڭ نامىدىن كەلگەن بولۇپ، ئۆتۈكەن تېغى تامىر تېغى بىلەن

ئورخۇن دەرياسىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى بولغان قاڭغاي تېغىنىڭ بىر بۆلىكى ئىدى»㊾. «بۇ رايوننىڭ ئىستراتېگىيىلىك ئورنى ئىنتايىن پايدىلىق بولۇپ، ئۇ جۇڭگونىڭ چېگرىلىرىدىن قۇملۇق ئارقىلىق ئايرىلىپ تۇراتتى. تاڭ سۇلالىسىنىڭ پىيادە لەشكەرلىرىنىڭ بۇ يەردىن ئۆتمىكى ناھايىتى قىيىن ئىدى»㊿. چوڭ چۆللۈكنىڭ شىمالىدا يەنە چوڭ دەريا ـ ئېقىنلار، كۆل ـ سازلىقلار كۆپ بولۇپ، مەشھۇر دەريالاردىن سېلىنگا دەرياسى، ئورخۇن دەرياسى، ئۇنان دەرياسى، تۇغلا دەرياسى، قۇرۇلۇن دەرياسى، ئېرغۇنا دەرياسى، خالخا دەرياسى، قابدۇ دەرياسى قاتارلىق دەريالار، مەشھۇر كۆللەردىن ئۇبسۇ كۆلى ( 乌布苏 ) ، كوسگۇر كۆلى( 库苏古尔 ) ، قىرغىز كۆلى ( 吉尔吉斯 ) ، قارا سۇ كۆلى ( 哈拉乌斯 ) ، بېر كۆلى ( 贝尔 ) ، قارا كۆل ( 哈拉 ) ، ناچاغان كۆلى ( 那查干 ) قاتارلىق كۆللەر بار. بۇ چوڭ ـ كىچىك دەريا، كۆللەرنىڭ سۈيى مول، بېسىپ ئۆتىدىغان لېنىيىسى ئۇزۇن، قىرغاقلىرى ۋە يېقىن ئەتراپلىرى باراقسان ئۆسكەن ئوت ـ چۆپ، گۈل ـ گىياھلار بىلەن قاپلانغان. شۇنىڭ ئۈچۈن گوبى چۆلىنىڭ شىمالىدىكى ھەيۋەتلىك تاغلار، چوڭ دەريا ـ ئېقىنلار، مەرۋايىتتەك چاقناپ تۇرغان كۆل ـ سازلىقلىرى، چەكسىز كەتكەن پايانسىز يايلاقلار، ئاجايىپ قۇم ـ بارخانلار تارىختىن بۇيان ھۇن، تۈرك، ئۇيغۇر، ھەتتا كېيىنكى موڭغۇل قاتارلىق خەلقلەرنىڭ تىرىكچىلىك قىلىپ ئاۋۇيدىغان ماكانلىرى، ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ ھەيۋە كۆرسىتىدىغان سەھنىسى بولۇپ كەلگەن، چوڭ چۆللۈكنىڭ جەنۇبى بولسا يانتۇ ئېگىزلىك رايونى بولۇپ، شەرقىدە چوڭ ھىنگان تېغى، غەربىدە چوغاي تېغى بار. چوغاي تېغىنىڭ جەنۇبىدا يەرلىرى مۇنبەت ئوردوس ئېگىزلىكى بار، ئوردوس ئېگىزلىكىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا غەربتىن باشلاپ سانىغاندا لاڭشەن تېغى ( 狼山 ) ، ئۇلا تېغى ( 乌拉山 ) ، داچىڭشەن تېغى ( 大青山 ) ، خۇيتىڭلىياڭ تېغى ( 灰腾梁山 ) ، داماچۈن تېغى ( 大马群山 ) قاتارلىق تاغلار بار. ئۇلارنىڭ ئۇزۇنلىقى 800 كىلومېتىر، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1500 ـ 2000 مېتىر كېلىدۇ. بۇ رايوندىمۇ چوڭ ـ كىچىك دەريا ـ ئېقىنلار، كۆل ـ سازلىقلار كۆپ بولۇپ(51)، ئۇلارنىڭ ئىچىدە مەش-

ھۆرراقلىرىدىن سېرىق دەريا، ئىرغۇنا دەرياسى، خەيلا دەرياسى، غەربىي قىتان دەرياسى، شىرامۇرۇن دەرياسى، لاۋخا دەرياسى قاتار-لىق دەريالار، جۈيەن كۆلى (居延海)، ئۇلاڭسۇ كۆلى، دەيخەي كۆلى، چاغاننۇر كۆلى قاتارلىق كۆللەر بار. بۇ چوڭ - كىچىك دەريا - ئېقىنلار ۋە كۆل - سازلىقلارنىڭ يانلىرى ۋە ئەتراپلىرى چەكسىز كەتكەن يايلاق، ئورمانلىق، ئېدىرلىق ۋە قۇملۇق بىلەن قاپلانغان.

ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ زېمىنى شەرقتە شىرۋى (室韦)، قىتان (契丹)، قۇمۇق (奚) قاتارلىق توڭگۇس تىلى ئائىلىسىگە مەنسۇپ خەلقلەرنىڭ زېمىنلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. شىرۋىلار تۈركچە مەڭگۈ تاشلاردا تاتارلار دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇلار تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە 20 دىن ئارتۇق قەبىلە بولۇپ، ئورخۇن مەڭگۈ تاشلىرىدا «ئوتتۇز تاتار» دېگەن نام بىلەن ئاتالغان㊼. «يېڭى تاڭنامە. جۇغراپىيە تەزكىرىسى» دە: «ئۇيغۇرلارنىڭ بارگاھىدىن (مەركە-زىدىن) چىقىپ شەرقىي شىمالغا يۈرۈپ سېلىنگا دەرياسىدىن ئۆ-تۈپ، 2000 چاقىرىم ماڭغاندا شىرۋىلارنىڭ يېرىگە يېتىپ بارغىلى بولىدۇ»، «شىرۋىلار خۇلۇنبىر كۆلىنىڭ تۆت ئەتراپىنىڭ ھەممىلا يېرىگە تارقالغان»㊽ دېيىلگەن بولۇپ، بۇ شىرۋىيلارنىڭ ئەينى دەۋردە خۇلۇنبىر يايلىقى، چوڭ ھىنگان تېغىنىڭ غەربىي، ئېرغۇنا دەرياسى بىلەن خېيلوڭجياڭ دەرياسىنىڭ ئىككى قىرغاقلىرىدا ياشىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بۇ يەرلەر ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە بايقال كۆلىنىڭ شىمالىدا ياشايدىغان قورىقانلار (骨利幹) بىلەن شىرامورۇن دەرياسىنىڭ شىمالىي تەرەپلىرىدە ياشايدىغان قىتانلارنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان بولۇپ، سۇڭ سۇلا-لىسى دەۋرىدىكى تارىخىي ماتېرىياللاردا «قىتانلار ئىلگىرى ئۇيغۇر-لارنىڭ قويلىرىنى باقاتتى، تاتارلار ئىلگىرى ئۇيغۇرلارنىڭ كالىلى-رىنى باقاتتى»㊾ دېيىلگەن. بۇ شىرۋىلار (يەنى تاتارلار) بىلەن قىتانلارنىڭ ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىغا قارايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. تارىخىي ماتېرىياللاردا «قىتانلار خۇاڭشۈي (潢水) دەر-ياسىنىڭ (ھازىرقى شىرامۇرۇن دەرياسى) جەنۇبىدا، خۇاڭلۇڭنىڭ شىمالىدا ئولتۇراقلاشقان، غەربىي تەرىپى قۇمۇقلار بىلەن چېگرى-

لىنىدۇ، جەنۇبى يىڭجۇ ( 营州 ، ھازىرقى لياۋنىڭ ئۆلكىسىنىڭ چاۋياڭ شەھىرى) غا، شىمالى شىرۋىلارغا تۇتىشىدۇ. يارامىلىق ئەسكەرلىرى 43 مىڭ»[55]، «قۇمۇقلار — ھۇنلارنىڭ ئايرىم ئۇرۇقىدىن، ئۇلار شەرقتە قىتانلار بىلەن، غەربتە تۈركلەر بىلەن چېگرىلىنىدۇ، جەنۇبتا بەيلاڭخې دەرياسى ئارقىلىق ئايرىلىپ تۇرىدۇ، شىمالدا شىد ئېلى بىلەن چېگرىلىنىدۇ. يارامىلىق ئەسكەرلىرى 30 مىڭدىن ئارتۇق ... ئۆرپ - ئادەتلىرى تۈركلەرگە ئوخشاپ كېتىدۇ»[56]، «دەسلەپ قۇمۇقلار بىلەن قىتانلار ئۇيغۇرلارغا قارايتتى. ئۇلارنىڭ ھەر قايسىسىغا نازارەتچىلەر قويۇلغان بولۇپ، نازارەتچىلەر ئۇلارنىڭ ئۆز قەرەلىدە باج - سېلىقلارنى تاپشۇرۇشىغا نازارەتچىلىك قىلاتتى»[57] دېيىلگەن. بۇنىڭدىن قارىغاندا، ئەينى دەۋردە ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ شەرقىي چېگرىسى ھازىرقى شەرقىي شىمال رايونلىرىدا ياشىغان شىرۋى، قىتان، قۇمۇق قاتارلىق خەلقلەرنىڭ زېمىنىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، شىرۋى، قىتان، قۇمۇق قاتارلىقلار ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ بېقىندى خەلقلىرى بولغان.

ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ شىمالىي چېگرىسى ھازىرقى رۇسىيە تەۋەسىدىكى بايقال كۆلىنىڭ شىمالىدىكى رايونلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. بايقال كۆلى قەدىمكى خەنزۇچە ماتېرىياللىرىدا شىمالىي دېڭىز ( 北海 ) ياكى چوڭ كۆل ( 瀚海 ) دەپ ئاتالغان بولۇپ[58]، شەرقىي سىبىرىيىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان. «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» دە خاتىرىلىنىشىچە، توققۇز ئوغۇزلارغا تەۋە بولغان قورىقانلار ( 骨利幹 ) «بايقال كۆلىنىڭ شىمالىغا ماكانلاشقان بولۇپ، يارامىلىق 5000 ئەسكىرى بار ئىدى. بېشى تۆگىنىڭ بېشىغا ئوخشايدىغان، تېنى ناھايىتى قاۋۇل، بىر كۈندە نەچچە يۈز چاقىرىملاپ يول يۈرەلەيدىغان ئېسىل ئاتلار چىقاتتى»[59]. بايقال كۆلىنىڭ غەربىي شىمالىدا سىبىرىيىنىڭ مەركىزى قىسىملىرىنى بېسىپ ئۆتۈپ شىمالىي مۇز ئوكيانىغا قۇيۇلىدىغان يېنسەي دەرياسى بولۇپ، ئۇ يەرلەردىكى چوڭ - كىچىك دەريا - ئېقىن بويلىرىدا ياشايدىغان قەبىلە - ئۇرۇقلارمۇ ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىغا تەۋە ئىدى. تارىخىي ماتېرىياللاردا خاتىرىلىنىشىچە، يېنسەي

دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنى بويىدا ياشايدىغان ئاساسلىق خەلق قىرغىزلار بولۇپ، تاڭ سۇزۇڭنىڭ خەن يۈەن يىللىرىنىڭ (758 — 759 - يىللار) ئوتتۇرلىرىدا قىرغىز ئاقساقىلى ئاگې ( 阿热 ) ئۇيغۇرلارنىڭ بىلگە تۇن تېكىن ( 毗伽顿颉斤 ) دېگەن ئۇنۋانىنى قوبۇل قىلىپ، توققۇز ئوغۇزلارنىڭ تەركىبىگە قوشۇلغان[60].

ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ جەنۇبىي چېگرىسى «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» دە خاتىرىلەنگەندەك «چوڭ چۆللۈكتىن ھالقىغان بولۇپ» ، چوغاي تېغى، ئوردۇس يايلىقى، ئىدزىنغول دەرياسى ۋادىسى، لياڭجۇ، گەنجۇ رايونلىرى ۋە خېشى يايلاقلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، گەنجۇ، لىياڭجۇ رايونلىرى (يەنى ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ جاڭيې ۋىلايىتى بىلەن ۋۇ ۋېي ۋىلايىتى) ۋە خېشى رايونلىرى بىلەن ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ چەمبەرچاس باغلىنىشى بار ئىدى. «كونا تاڭنامە» دە: «جېنگۈەن يىللىرىنىڭ (627 — 649 - يىللار) دەسلىپىدە (ئۇيغۇرلارنىڭ ئاقساقىلى) بۇسات بىلەن سىر - تاردۇشلار بىرلىشىپ تۈركلەرنىڭ شىمالىي چېگرىسىغا ھۇجۇم قىلدى، تۈركلەرنىڭ ئىلىك قاغانى ئوغلى يۇقۇق شادنى ئون تۈمەن چەۋەنداز بىلەن ئۇلارنىڭ ئۈستىگە جازا يۈرۈشكە ئاتلاندۇردى. بۇسات 5000 چەۋەندازغا باشچىلىق قىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن جەڭ قىلدى ھەم مازۇڭشەن تېغىدا ئۇنى مەغلۇپ قىلىپ، شىمالدا تاكى تەڭرىتېغىغىچە قوغلاپ باردى»[61] دېيىلگەن بولۇپ، بۇ يەردىكى مازوڭشەن تېغى ( 马鬃山 ) ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىدىكى خېشى كارىدورىنىڭ غەربىي شىمالى بىلەن ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىنىڭ چېگرىسىغا جايلاشقان شىمالىي تاغ (يەنە بىر ئاتىلىشى موچىشەن تېغى) ئىدى، بۇ ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ 7 - ئەسىرنىڭ 20 — 30 - يىللىرىدىلا خېشى رايونىدا پائالىيەت ئېلىپ بارغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. يەنە «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» دە، جېنگۈەن 6 - يىلى (632 - يىلى) ئۇيغۇرلارنىڭ چۆبە قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى چۆبە قالىنىڭ ئائىلە تاۋاباتلىرى ۋە قوۋملىرىدىن بولۇپ 6000 دىن كۆپ ئادىمىنى باشلاپ، شاجۇ ( 沙州 ، بۇگۈنكى دونخۇاڭ) غا كېلىپ تاڭ سۇلالىسىگە قارام بولغانلىقى، تاڭ سۇلالىسىنىڭ

ئۇلارنى گەنجۇ، لياڭجۇ ئايماقلىرىغا ئورۇنلاشتۇرغانلىقى[62]
خاتىرىلەنگەن، «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى»دە: «ۋۇ
زېتيەن دەۋرىدە (684 — 705 ـ يىللار) تۈركلەردىن بەگچۇرنىڭ
كۆچى كۆچىيىپ تېلىلارنىڭ ئەسلىدىكى زېمىنلىرىنى ئىشغال قىـ
لىۋالدى، ئۇيغۇر ۋە چۆبە، ئىزگىل، قۇن قاتارلىق ئۈچ قەبىلە
چۆللۈكنى كېسىپ ئۆتۈپ، گەنجۇ، لياڭجۇ ئەتراپلىرىغا كۆچۈپ
كەلدى»[63] دېيىلگەن بولۇپ، بۇمۇ كۆل بىلگە ۋە مويۇنچۇر قاغانـ
لارنىڭ ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنى ئۆتۈكەن ۋادىسىدا قايتا روناق
تاپقۇزۇشتىن ئىلگىرىلا گەنجۇ، لياڭجۇ، خېشى رايونلىرىنىڭ ئۇيـ
غۇرلارنىڭ كونا ماكانلىرىدىن بىرى بولغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ
بېرىدۇ. ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ كېيىنكى تىبەتلەر بىلەن
بولغان مۇناسىۋىتىدىن كۆزەتكەندىمۇ، گەنجۇ، لياڭجۇ رايونلىـ
رى، جۈملىدىن گەنسۇ ۋادىسى گەرچە بىر مەزگىل تىبەتلەر تەرىـ
پىدىن ئىشغال قىلىۋېلىنغان ھەم ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن تىبەتلەر
ئوتتۇرىسىدا گەنسۇ ۋادىسىنى تالىشىش يۈزىسىدىن ئۇرۇش ئۈزۈلـ
مەي داۋاملاشقان بولسىمۇ (يەنى 758 ـ يىلدىن 764 ـ يىلغىچە،
764 ـ يىلدىن 791 ـ يىلغىچە)، ئاخىرىدا قۇتلۇق قاغان (795 —
805 ـ يىللار) ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدە تىبەتلەر تەرىپىدىن بىر
مەزگىل ئىگىلىۋېلىنغان بېشبالىق، قۇجۇ، كۇسەن قاتارلىق جايـ
لار بىلەن بىللە گەنسۇ ۋادىسىدىكى گەنجۇ، لياڭجۇ ۋە خېشى
يايلاقلىرىمۇ ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قوينىغا قايتىدىن قايتۇـ
رۇپ كېلىنگەن[64].

ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ غەربىي چېگرىسى «يېڭى تاڭناـ
مە» ۋە «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر»دە
«ئالتۇن تاغقا (بۈگۈنكى ئالتاي تېغى) يېتىپ بارغان»، بۇ ئەمەـ
لىيەتتە ئېلتەبىر تومىد دەۋرىدىكى خانلىق زېمىنىنىڭ غەربىي چېگـ
رىسىنى كۆرسىتىدۇ. ماتېرىياللاردا يېزىلىشىچە، ئۇيغۇرلار «توـ
مىد دەۋرىدە تاڭ سۇلالىسى قوشۇنى بىلەن ئۆزئارا ماسلىشىپ،
چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى يەنە بىر كۈچلۈك قەبىلە بولغان سىر ـ
تاردۇشلارنى مەغلۇپ قىلىپ، ئۇلارنى ئۆزىگە قوشۇۋالغان. نەتىـ
جىدە ئۇيغۇرلار چۆللۈكنىڭ شىمالىنىڭ خوجايىنىغا ئايلىنىپ،

زېمىنى شەرقتە شىرۋىلاردىن غەربتە ئالتۇن تاغقىچە (ھازىرقى
ئالتاي تېغى)، جەنۇبتا خېلەنشىيەن تېغىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ خۇاڭ-
خې دەرياسى بويلىرىغىچە، شىمالدا بايقال كۆلىنىڭ ساھىلىغىچە
يېتىپ بارغان. تومىد چۆللۈكىنىڭ شىمالىدىكى ھەرقايسى تېلى
قەبىلىلىرىنى (توققۇز ئوغۇز قەبىلىلىرىنى) بىرلىككە كەلتۈ-
رۈپ، ئۆزىنى قاغان دەپ جاكارلىغان»[65]. شۇڭا، مەيلى «تاڭنا-
مە» دە ياكى «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر»
دە بولسۇن، ئۇلاردا كۆرسىتىلگەن ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ
غەربىي چېگرىسى پەقەت خانلىق قۇرۇلغان دەسلەپكى يىللاردىكى
غەربىي چېگرىنى كۆرسىتىدۇ. ئەمەلىيەتتە 8 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىر-
لىرى، 9 ـ ئەسىرنىڭ دەسلەپىدە، يەنى ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچۈش-
تىن ئىلگىرىلا ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تەسىر كۈچى شىنجاڭ-
نىڭ بېشبالىق، قۇجۇ، كۇسەن قاتارلىق رايونلىرىغىچە، ھەتتا
ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىسسىقكۆل رايونلىرىغىچە كېڭەيگەن بولۇپ،
بېشبالىق، كۇسەن ئەينى دەۋرىدە ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ غەربىي را-
يوننى ئىدارە قىلىشتىكى مۇھىم ھەربىي قورغانلىرى بولغان، بۇ
جايلاردا زور ھەربىي قوشۇن تۇرغۇزۇلۇپ، تىبەتلەردىن مۇداپىئە
كۆرۈلگەن، قۇچۇمۇ تەدرىجىي ھالدا ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ غەربىي
رايوندىكى ئەڭ زور دىنىي، سىياسىي مەركىزى بولۇپ قالغان»[66].
تارىخىي ھۆججەتلەردىكى خاتىرىلەردىن ۋە ئارخېئولوگىيە ماتېرى-
ياللىرىدىن قارىغاندىمۇ ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن تەڭرىتېغى-
نىڭ شىمالىدىكى ۋە تارىم ۋادىسىدىكى يۇرتلارنىڭ، شۇنداقلا ئوت-
تۇرا ئاسىيادىكى جايلارنىڭ مۇناسىۋىتى ئىراق دەۋرلەردىن تارتىپلا
ئىنتايىن قويۇق بولغان. ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنى تەشكىل قىل-
غان بىرمۇنچە ئۇيغۇر قەبىلىلىرى خېلى بۇرۇنلا مۇشۇ رايونلار
تەۋەسىدە پائالىيەت ئېلىپ بارغان. بۇ كلاسسىك تارىخىي ھۆججەت-
لەردە كۆپ تىلغا ئېلىنغان. مەسىلەن، «ۋېينامە. قانقىللار تەز-
كىرىسى» دە، قانقىللار (ئېگىز ھارۋىلىقلار) قەدىمكى قىزىل دىلا-
رنىڭ ئەۋلادلىرى ئىكەنلىكى، ئۇلارنىڭ دەسلەپتە دىلى دەپ ئاتال-
غانلىقى، شىمال تەرەپتىكىلەرنىڭ ئۇلارنى يەنە چىلى دەپ ئاتىغان-
لىقى، خۇاشيالىقلارنىڭ ئۇلارنى قانقىللار، دىڭلىڭلار دەپ ئاتى-

غانلىقى، ئۇلارنىڭ دى، ئۇيغۇر، قۇغۇرسۇ، چاپىش، قىرغىز،
ئىل تېگىن قاتارلىق ئالتە چوڭ قەبىلىسى (دۆەن لىيەنچىن ئەپەن-
دى ئۆز ئەسىرىدە يۇقىرىقى ئالتە قەبىلىگە پۇۋۇرغۇر قەبىلىسىنى
قوشۇپ جەمئىي يەتتە چوڭ قەبىلىسى بولغان دەيدۇ[67]) ، چىپولى،
تېلى، ئىلجان، تارلان، قوغا، تاربۇقان، ئايرون، بايان، ئېر-
كىن، بوركلى (تۇماقلىق) ، قىئۇي، يۇسۇپى قاتارلىق 12 ئۇرۇقى
بارلىقى، ئۇلارنىڭ قەدىمكى هۇن تەڭرىقۇتىنىڭ ساھىبجامال كى-
چىك قىزى بىلەن بىر ئەركەك بۆرىنىڭ جۈپلىشىشىدىن تۆرەلگەن-
لىكى، ئۇلارنىڭ دەسلەپتە ئورخۇن، تۇغلا دەرياسىنىڭ يۇقىرى
ئېقىنى بولغان لوھۇن كۆلى ۋادىسىدا ياشىغانلىقى، داۋاملىق جۇر-
جانلارنىڭ زۇلۇمىغا ئۇچراپ تۇرىدىغانلىقى، تەيخې 11 - يىلى
(يەنى مىلادىيە 487 - يىلى) جۇرجان قاغانى تۇلۇن شىمالىي ۋېي
سۇلالىسىگە زور كۆلەمدە هەربىي يۈرۈش قىلماقچى بولغاندا، قاڭ-
قىللارنىڭ پۇۋۇرغۇر قەبىلىسىنىڭ سەردارى ئاي ئۇجرۇ (يەنى
ئاپۇرغۇر) ئىنىسى چۇڭچى بىلەن بىرلىكتە بىر قىسىم قاڭقىل
قەبىلىلىرىگە باشچىلىق قىلىپ جۇرجانلارغا قارشى ئىسيان كۆتۈ-
رۈپ، 100 مىڭدىن ئارتۇق تۇتۇننى باشلاپ غەربكە كۆچۈپ كې-
لىپ، هازىرقى تۇرپان ۋادىسى بىلەن جۇڭغارىيە ۋادىسىدا قاڭقىل
خانلىقىنى قۇرغانلىقى (قاڭقىل خانلىقى 487 — 546 - يىللار
ئارىلىقىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان بولۇپ، ئاي ئۇجرۇ قاڭقىل
خانلىقىنى قۇرغاندىن كېيىن ئۆزىنى كۆل بىلگە دەپ ئاتاپ، قارا
شەهەر، لوپنۇر، كۇسەن، ئۇدون، قەشقەر قاتارلىق جايلارنى
جۇرجانلاردىن قايتۇرۇۋېلىپ، ئۆز بارگاھىنى تەڭرىتېغىنىڭ شى-
مالدا قۇرغان) خاتىرىلەنگەن. بۇ شىمالدىكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرى
تەرىپىدىن قۇرۇلغان تۇنجى خانلىق بولۇپ، ئۇنىڭ هۆكۈمرانلىق
دائىرىسى تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىي ۋە شەرقىدىكى يايلاق رايونلىرى
بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي تارىم ۋادىسىدىكى رايونلارغىمۇ يېتىپ
بارغان. كېيىنكى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنى شەكىللەندۈرگەنلەر
ئىچىدە مانا مۇشۇ قاڭقىل قەبىلىلىرى ئاساسلىق ئورۇندا تۇرغان.
شۇڭا، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ مەشهۇر قاغانى ئەل ئەتمىش
بىلگە قاغان ئۆز ئەجدادلىرىنىڭ تارىخىنى بايان قىلغاندا، مۇشۇ

قانقىل دۆلىتىنى ئىپتىخارلىق بىلەن تىلغا ئالغان[68].

«سۈينامە. تېلىلار تەزكىرىسى» دىكى خاتىرىلەردىن قارىغاند-
دىمۇ، مىلادىيە 605 - يىلى (سۈي سۇلالىسى دايې تۈنجى يىلى)
غەربىي تۈرك خانلىقىنىڭ قاغانى نىزۇك چۇلۇق قاغان توققۇز
ئوغۇز قەبىلىلىرىگە (يەنى تېلى قەبىلىلىرىگە) نىسبەتەن ئېغىر باج -
سېلىق سىياسىتىنى قوللانغان ھەم تېلى قەبىلىلىرىنى ئىسيان كۆ-
تۈرمەكچى بولۇۋاتىدۇ دەپ گۇمانلىنىپ، ئۇلارنىڭ ھەرقايسى قەبى-
لە باشلىقلىرىدىن نەچچە يۈز كىشىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن. بۇ ئىش
ئۇيغۇر قاتارلىق ھەرقايسى تېلى قەبىلىلىرىنىڭ قاتتىق نارازىلىقىنى
قوزغىغاچقا، ئۇيغۇرلار قىبىئار (چۇبە)، تۇڭرا، بايىرقۇ، بارغۇت
(بۆگۇ)، سىر - تاردۇش قەبىلىلىرى بىلەن بىرلىشىپ تۈرك
خانلىقىدىن ئايرىلىپ چىقىپ ئۆز ئالدىغا ھاكىمىيەت تىكلىگەن،
ئۇلار قىبىئار (يەنى چۆبە) قەبىلىسىنىڭ ئېلتەبىر ئېركىنى چۇبە
قالىنى ئەل ئەتمىش باغا قاغان دەپ ئاتاپ، ئاقتار مال تېغى
(بۇگۇنكى بوغدا تېغى) دا بارگاھ قۇرغان. يەنە سىر - تاردۇش
قەبىلىنىڭ ئاقساقىلى ئىشبەگ (ياكى ئىلدىر) نى ئىلدىر قاغان دەپ
ئاتاپ، ئىبار تېغىدا (بۇگۇنكى ئالتاي تېغىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا)
يەنە بىر بارگاھ قۇرغان. ئۇيغۇر، تۇڭرا، بايىرقۇ، بارغۇت قەبى-
لىلىرىنىڭ ئاقساقاللىرى بولسا ئۆزلىرىنى ئېركىن دەپ ئاتىغان.
بۇرۇنقى قانقىل خانلىقىدىن كېيىن ئۇنىڭ ئورنىدا قايتىدىن بەرپا
بولغان بۇ توققۇز ئوغۇز خانلىقى (يەنى تېلى خانلىقى) جۇڭغار
ئويمانلىقىدىكى جايلارنى پۈتۈنلەي ئۆز ھۆكۈمرانلىقىغا ئېلىشتىن
سىرت ئەسىر كۈچىنى تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىغا كېڭەيتىپ، ئىلگى-
رى - ئاخىر بولۇپ بۇگۇنكى تۇرپان ئويمانلىقى، قۇمۇل، قارا
شەھەر قاتارلىق جايلارنىمۇ بويسۇندۇرغان ۋە ھازىرقى گەنسۇ ئۆل-
كىسىدىكى دۇنخۇاڭنىڭ غەربىدىكى كەڭ زېمىنىنىمۇ ھۆكۈمرانلىق
دائىرىسىگە كىرگۈزگەن[69]. ئورخۇن، تۇغلا دەرياسى ۋادىسىدىكى
توققۇز ئوغۇزلار گۇرۇھىغا مەنسۇپ بولغان بارغۇت (بۆگۇ)،
تۇڭرا، بايىرقۇ، پوۋۇرغۇر قاتارلىق قەبىلىلەر بۇ يېڭىدىن بارلىققا
كەلگەن توققۇز ئوغۇز خانلىقىنىڭ (يەنە چېنى - سىر - تاردۇش
خانلىقى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ھۆكۈمرانلىقىغا نامدا ئىتائەت قىلغان،

ئەمەلىيەتتە ئۆز ئالدىغا نىسبەتەن مۇستەقىل ئىتتىپاقىنى شەكىللەندۈرۈپ چىققان، ئۇيغۇر قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى تېكىن ئېركىن (يەنى سۈكۈن ئېركىن) بۇ ئىتتىپاقنىڭ داھىيسى بولغان. بەزى تەتقىقاتچىلار مۇشۇ ئەھۋاللار ئاساسىدا توققۇز ئوغۇزلارنىڭ (يەنى تېلىلارنىڭ) سىياسىي مەركىزى ئەمەلىيەتتە قۇملۇقنىڭ شىمالىدا بولماستىن، بەلكى جۇڭغار ئويمانلىقىدا بولغان[70]، دەپمۇ قارايدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن بىلىۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۇيغۇرلار ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇرۇشتىن ئىلگىرىلا غەربىي يۇرت بىلەن قويۇق ئالاقىلەردە بولغان ھەم ئۇلارنىڭ خېلى زور ساندىكى قەبىلە - ئۇرۇقلىرى كەڭ جۇڭغارىيە ۋادىسى، يەتتە سۇ ۋادىسى، شەرقىي تەڭرىتاغ ئېتەكلىرى ۋە تارىم ئويمانلىقىدا ياشىغان ھەم سىياسىي كۈچنى نامايەن قىلغان. بۇ كېيىنكى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ غەربىي رايونلارنى ئۈنۈملۈك ئىدارە قىلىشى ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم تارىخىي ۋە ئىجتىمائىي ئاساس ھازىرلاپ بەرگەن. موڭغۇلىيە ۋادىسىدىن تېپىلغان ئۇيغۇرلارغا مەنسۇپ «مويۇنچۇر قاغان مەڭگۈ تېشى»، «تەس مەڭگۈ تېشى» دىكى خاتىرىلەردىن قارىغاندىمۇ، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئەل ئەتمىش بىلگە قاغانى (747 — 759 - يىللار) مويۇنچۇر قاغان مىلادىيە 751 - يىلى ئۆتۈكەن تېغىنىڭ غەربىي ئۇچىدىكى تەز دېگەن يەردە ئۆز ئوردىسىنى سالغاندا ئۇنى قاسار قوردان دەپ ئاتىغان. قاسار دېگەن نام بەزى ماتېرىياللاردا يەنە گاسار، ھازار دەپمۇ ئاتالغان. بۇ نام ئەڭ دەسلەپ خەنزۇچە ماتېرىياللاردىن «سۇينامە» 49 - جىلد «تېلىلار تەزكىرىسى» دە ئۇچرىغان بولۇپ، ئۇنىڭدا قاسار توققۇز ئوغۇزلارنىڭ (يەنى تېلىلارنىڭ) بىر قەبىلىسى، دەپ تىلغا ئېلىنىدۇ[71]. «كونا تاڭنامە» 195 - جىلد «ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» دىمۇ قاسارلار ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچكى توققۇز قەبىلىسىنىڭ بىرى، دەپ تىلغا ئېلىنىدۇ[72]. يەنە مىلادىيە 824 - يىلدىن 832 - يىلغىچە ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تەختىدە ئولتۇرغان قاغانىنىڭ نامىمۇ قاسار قاغان (ياكى ھازار قاغان) دەپ خاتىرىلەنگەن. قوردان خوتەننىڭ قەدىمكى تۈركچە نامى ئىدى. بۇنىڭدىن قارىغاندا، ئەل ئەتمىش

بىلگە قاغان ئۆز ئوردىسىنىڭ نامىنى قاسار قوردان دەپ ئاتاشتا، قاسار قەبىلىسىنىڭ ئورخۇن خانلىقىنى قۇرۇش ۋە مۇستەھكەملەش جەھەتتىكى رولىنى ھەم تارىم ۋادىسىدىكى قەدىمكى مەدەنىيەت مەركەزلىرىدىن بىرى بولغان خوتەننىڭ ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن چەمبەرچاس ئالاقىسىنىڭ بارلىقىنى ئىپادىلەپ بېرىشنى نەزەردە تۇتقان. شۇڭا، تۈركولوگ س. گ. كلياشتورنى ئەل ئەتمىش بىلگە قاغان ئوردىسىنىڭ قاسار قوردان دەپ ئاتىلىشىنى «ئۇيغۇرلارنىڭ غەربىي يۇرت بىلەن ئۇزاقتىن بۇيان ئالاقىسى بولغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ» ⑬ دەپ چۈشەندۈرىدۇ.

ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ غەربىي يۇرتنى ئىدارە قىلىشى خانلىق قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردىلا باشلانغان. كونا، يېڭى تاڭنامىلەردە خاتىرىلىنىشىچە، مىلادىيە 649 ـ يىلى 5 ـ ئايدا تاڭ سۇلالىسى پادىشاھى تاڭ تەيزۇڭ ئۆلگەندە، غەربىي تۈركلەردىن ئاشىنا قۇلى (ياكى ئاشنا ئالپ) پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، غەربتىكى ئىلىگ بەگ يابغۇ قاغاننى مەغلۇپ قىلىپ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ بېشبالىقنىڭ غەربىدىكى باغا قەلئەسىدە قۇرغان ياۋچى تۇتۇق مەھكىمىسىنى (649 ـ يىلى تەسىس قىلىنغان) ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، غەربىي تۈركلەرنىڭ بەش تۇغلۇق، بەش ساداق ۋە چىگىل، چۇمۇل قەبىلىلىرىنى ھەم غەربىي يۇرتتىكى ھەرقايسى بەگلىكلەرنى قايتىدىن بىرلىككە كەلتۈرۈپ، مىلادىيە 651 ـ يىلى قاش دەرياسى (ھازىرقى بۆرتالا دەرياسى ياكى غۇلجا بىلەن توققۇز تارا ناھىيىسى ئارىلىقىدىكى قاش دەرياسى) بىلەن مىڭلاق (ھازىرقى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى چۇ دەرياسى ۋادىسى) دا ئۆز بارگاھىنى تىكلەپ، ئۆزىنى ئىشبارا قاغان دەپ جاكارلاپ، غەربىي تۈرك خانلىقىنىڭ سەلتەنەتىنى قايتىپ ئەسلىگە كەلتۈرمەكچى بولغان، شۇنداقلا قوشۇن تارتىپ شەرقىي تەڭرىتاغ ئېتەكلىرىدىكى بېشبالىق (ھازىرقى جىمسار)، جىنلىڭ (金岭城)، بارىكۆل، قۇچۇ قاتارلىق جايلارنى ئىشغال قىلىۋالغان. بۇ تاڭ سۇلالىسى ۋە ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ غەربتىكى ئەللەر بىلەن سودا قىلىشىغا ھەم ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا ئىنتايىن چوڭ تەھدىت سالغان. شۇڭا، تاڭ سۇلالىسى بىلەن ئورخۇن

ئۇيغۇر خانلىقى دەرھال ھەمكارلىشىپ غەربىي يۇرتقا قوشۇن چىقىرىپ ئاشىنا قۇلىنىڭ ئۇستىگە جازا يۇرۇش قىلغان. «كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى»، «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» ۋە «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» دىكى خاتىرىلەردىن قارىغاندا، تاڭ سۇلالىسى بىلەن ئۇيغۇرلار ھەمكارلىقىدىكى ئاشىنا قۇلىنىڭ ئۇستىگە قىلىنغان جازا يۇرۇشى مىلادىيە 651 ـ يىلدىن 657 ـ يىلغىچە جەمئىي ئۈچ قېتىم ئېلىپ بېرىلغان. 1 ـ قېتىملىقىدا، 651 ـ يىلى تاڭ سۇلالىسى سانغۇن لياڭ جيەنفاڭ، چۇبە قالى (قاپىش ئالپ) نى كۇنەس يولى ھەربىي يۇرۇش ئالىي باش بۇغى قىلىپ تەيىنلەپ، 30 مىڭ كىشىلىك قوشۇننى ئاتلاندۇرۇپ، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قاغانى بايانىڭ قوماندانلىقىدىكى 50 مىڭ كىشىلىك ئۇيغۇر چەۋەنداز بىلەن ھەمكارلىشىپ بىرلىكتە جازا يۇرۇش قىلغان، بۇ قېتىمقى جازا يۇرۇش ئارقىلىق ئاشىنا قۇلى قاتتىق مەغلۇپ قىلىنىپ، بېشبالىق قايتۇرۇپ ئېلىنغان ھەم بېشبالىق ئەتراپىدىكى غەربىي تۈركلەرنىڭ چىگىل، چۇمۇل قەبىلىلىرىگە ئەجەللىك زەربە بېرىلگەن. 2 ـ قېتىملىقىدا، تاڭ سۇلالىسى 656 ـ يىلى سانغۇن چېڭ جىجيېنى كۆكئارت (پامىر) يولى ھەربىي يۇرۇش ئالىي باش بۇغى قىلىپ تەيىنلەپ، ئۇيغۇر ئاتلىق قوشۇنى بىلەن ھەمكارلىشىپ غەربكە ئىچكىرىلەپ كىرىپ، يۇموگۇ (榆幕谷) [74]، يەنچېڭ (咽城) [75]، يىڭسۇچۇەن (鹰娑川) [76] قاتارلىق جايلاردا جەڭ قىلىپ، جۇڭغارىيە ۋادىسى، قارا شەھەر بىلەن كۇچا ئارىلىقىدىكى يۇلتۇز ۋادىسى ۋە شەرقىي تەڭرىتاغ ئېتەكلىرىدىكى غەربىي تۈركلەرنىڭ قارلۇق، تۈركەش قاتارلىق قەبىلىلىرىگە ئەجەللىك زەربە بەرگەن. 3 ـ قېتىملىقىدا، تاڭ سۇلالىسى 657 ـ يىلى سانغۇن سۇدىڭفاڭنى ئىلى يولى ھەربىي يۇرۇش ئالىي باش بۇغى قىلىپ تەيىنلەپ، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قاغانى بايانىڭ 50 مىڭ كىشىلىك ئاتلىق قوشۇنى بىلەن ھەمكارلىشىپ، ئىككى يولغا بۆلۈنۈپ، شىمالدا ئالتۇن تاغنىڭ شىمالىدىن، جەنۇبتا قۇچۇنىڭ جەنۇبىدىكى تەڭرىتاغ جىلغىلىرىدىن غەربىي شىمالغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ، كۇنەس، تېكەس ۋادىلىرىدىن ئىلى دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىغا

قاراپ يۈرۈش قىلىپ، ئىلى دەرياسىنىڭ شىمالىدا، ئېرتىش دەرياسى بويلىرىدا، غۇلجىنىڭ شىمالىدىكى تەڭرىتاغلىرىدا ئاشىنا قۇلى قوشۇنلىرىنى تەلتۆكۈس مەغلۇپ قىلىپ، ئۇنى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تاشكەنتكىچە قوغلاپ بېرىپ، 658 - يىلى ئۇنى تىرىك قولغا چۈشۈرۈپ، غەربىي تۈرك خانلىقىنى يوقاتقان، تاڭ سۇلالىسى بىلەن ئۇيغۇرلار ھەمكارلىقىدىكى غەربىي تۈركلەرگە قارشى بۇ جازا يۈرۈشلىرىدە «توققۇز ئوغۇزلار يەنىلا ئاساسىي قوشۇن بولغان، بولۇپمۇ ئۇيغۇر ئاتلىق قوشۇنى غەربىي تۈرك خانلىقىنى يوقۇتۇش ئۇرۇشىدا غايەت زور رول ئوينىغان»[77]. ئارخېئولوگ ھەم تارىخشۇناس مىڭ فەنرىن ئەپەندى غەربىي تۈركلەرگە قىلىنغان بۇ بىرلەشمە جازا ئۇرۇشىنىڭ خاراكتېرىگە باھا بېرىپ، «قارىغاندا بۇ ئىش بايان تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئىلتىپاتىغا جاۋاپ قايتۇرىۋاتقاندەك ياكى غەربىي تۈركلەرنىڭ ئۇيغۇرلارغا ئېلىپ كېلىۋاتقان تەھدىتىنى سۈپۈرۈپ تاشلىغاندەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمما بۇنى بىز ئۇيغۇرلارنىڭ كېيىن بار كۈچى بىلەن غەربكە قاراپ تەرەققىي قىلىشى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ قارايدىغان بولساق، بۇنىڭدا ئۇيغۇرلارنىڭ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ غەربكە ئىلگىرلەشتەك نىيىتىنىڭ بارلىقىنى چەتكە قاققىلى بولمايدۇ. شۇڭا شۇنداق دېيىشكە بولۇدىكى، بايانىنىڭ تاڭ سۇلالىسىگە ياردەملىشىپ بېشبالىقنى قايتۇرۇۋېلىشى، ئۇيغۇرلارنىڭ بېشبالىق ۋە ئۇنىڭ غەربىدىكى رايونلارغا قاراپ تەرەققىي قىلىشىدىن بېرىلگەن بېشارەت ئىدى»[78]، «شۇنىڭدىن كېيىن ئۇيغۇرلارنىڭ بېشبالىق ۋە ئۇنىڭ غەربىدىكى رايونلارغا قاراپ تەرەققىي قىلىشىنىڭ ئاساسىنى سېلىۋالدى» دېگەن. يەنە بەزى تارىخشۇناسلار جازا يۈرۈشىنىڭ نەتىجىسىگە باھا بېرىپ، «ئۇيغۇر قوشۇنلىرى بۇ قېتىم بېشبالىققا كېلىپلا قالماستىن، يەنە ئىلى دەرياسى ۋە سۇياب دەرياسى قاتارلىق بېشبالىقتىن ناھايىتى يىراق بولغان ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىغىمۇ يېتىپ بارغان، بۇنى كېيىن ئۇيغۇرلارنىڭ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ بېشبالىقنى ئوڭۇشلۇق ئىدارە قىلىشى بىلەن باغلاپ قارىغاندا، بۇنىڭدىن تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئۇيغۇرلارغا ياردەملىشىپ ئۇلارنىڭ كېيىن بېشبالىققا ئىچكىرىلەپ كىرىشىدىكى چوڭ توسالغۇسىنى يوقىتىپ بەرگەنلىكىنى

كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ»[79] دېگەن.
«ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» دىكى
خاتىرىلەردىن قارىغاندىمۇ، شۇنىڭدىن كېيىن ئورخۇن ئۇيغۇر خاند-
لىقىنىڭ غەربىي رايوننى ئىدارە قىلىشى، ئىلگىرىكى قانقىللار
تەرىپىدىن يارىتىلغان ئۇل ئاساسىدا تېخىمۇ تېزلىشىپ، ئىزگىل
قاتارلىق توققۇز ئۇيغۇر (ياكى توققۇز ئوغۇزلار) لارنىڭ تەركىبى-
دىكى بىر قىسىم قەبىلىلەر ھەتتا مىلادىيە 659 ـ يىلى تارىم
ۋادىسىدىكى ئۇچتۇرپان، ئاقسۇ قاتارلىق جايلارغا كىرىپ ئورۇن-
لاشقان[80]. كېيىن، ئۇيغۇر خانلىقى بايان قاغاننىڭ ۋاپاتى بىلەن
بىر مەزگىل كىرىزىسكە ئۇچراپ، غەربىي رايونلار، ھەتتا موڭغۇل-
يە ۋادىسىنى ئىدارە قىلىش ھوقۇقلىرىدىن ۋاقتىنچە ئايرىلىپ
قالغان بولسىمۇ، لېكىن كېيىن قۇشۇ قاغان ۋە ئۇنىڭ ۋارىسى
بولغان كۆل بىلگە قاغان، مويۇنچۇر قاغانلارنىڭ جاپالىق ئەجرى
بىلەن قايتا روناق تېپىپ، غەربىي رايونلارغا بولغان ئىگىدارچىلىق
ھوقۇقلىرىنى قايتىدىن ئەسلىگە كەلتۈرگەن. رۇس تۈركولوگى
س. گ. كىلياشتورنى: «بۆگۈ قاغان ھاكىمىيەت ئۈستىدە تۇرغان
يىللاردا (757 — 779 ـ يىللار) شەرقىي تەڭرىتاغ رايونى
شۈبھىسىز ئۇيغۇرلارنىڭ دائىرىسىدە ئىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ تەسىر
كۈچى بۆگۈ قاغاندىن بۇرۇنلا، بولۇپمۇ بۆگۈ قاغان تەختكە چىققاند-
دىن باشلاپ كۈچار، قارا شەھەر، بېشبالىق ھەمدە شەرقىي تەڭرد-
تاغ رايونلىرىدىكى ئاساسىي تۈركىي قەبىلىلەر بولغان باسمىللار
ۋە قارلۇقلارنىڭ يېرىگىچە يېتىپ بارغان»[81] دېگەن. تەخمىنەن
مىلادىيە 759 ـ يىللىرى تىكلەنگەن «مويۇنچۇر قاغان مەڭگۈ
تېشى» دا كۆل بۆيلا (يەنى قۇتلۇق بىلگە كۆل قاغان، 742 —
747 ـ يىللار تەختتە ئولتۇرغان) بىلەن ئۇنىڭ ۋارىسى ئەل
ئەتمىش بىلگە قاغان (يەنى مويۇنچۇر قاغان، 747 — 759 ـ
يىللار تەختتە ئولتۇرغان) نىڭ يولۋاس يىلى (750 ـ يىلى) يېند-
سەي دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى چىك دېگەن خەلققە يۈرۈش
قىلىپ كەم دەرياسىدا ئۇلارنى تارمار قىلغانلىقى، ئەجدىھا يىلى
(752 ـ يىلى) چىكلار بىلەن قىرغىزلارنىڭ بىرلەشمە قوشۇنغا
جازا يۈرۈش قىلغانلىقى، كەم دەرياسى ۋە ئېرتىش دەريالىرىدىن

ئۆتۈپ، يەتتە سۇ ۋادىسىدىكى بولچۇ دەرياسىدا ئۈچ قارلۇقلارنى
مەغلۇپ قىلغانلىقى، چىك خەلقىنىڭ ئۈستىگە تۇتۇق، ئىشبارا ۋە
تارقانلارنى تۇرغۇزغانلىقى، ئارقىدىنلا باسمىللار بىلەن قارلۇقلار-
نىڭ بىرلەشمە ھۇجۇمىنى تارمار قىلىپ، ئۈچ قارلۇق ۋە تۈركەش-
لەرنىڭ بىرلەشمە قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلغانلىقى، 753 - يىلى
سوقاق يولىدا[82] چىگىل، قارلۇق، باسمىللارنى مەغلۇپ قىلغانلى-
قى، 754- يىلى قارلۇق، باسمىل خەلقلىرىنى يوقاتقانلىقى، توخۇ
يىلىدا (757 - يىلى) سوغداق (سوغدى) ۋە تابغاچلار (يەنى تاڭ
سۇلالىسى كىشىلىرى) غا سېلېنگا دەرياسى بويىدا بايبالىق شەھە-
رىنى سالدۇرغانلىقى[83] ئاممىباپ، ئىخچام، ئوبرازلىق تەسۋىرلەن-
گەن. مىلادىيە 753 — 756 - يىللىرى تىكلەنگەن «تېرخىن
مەڭگۈ تېشى» دا بولسا تېخىمۇ ئېنىق قىلىپ ئەل ئەتمىش بىلگە
قاغاننىڭ ئۆز ئېلىدە قانداقتۇر چوڭ بىر قۇرۇلتاي چاقىرغانلىقى،
ئۇنىڭغا ئۇيغۇر خانلىقىغا تەۋە زېمىنلارنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن
توققۇز تاتار، ئازلار، تۈگرا، بايىرقۇ، ئۈچ قارلۇق، چابىش،
ياغما، يابغاچ، سوغدى قاتارلىق قەبىلە - ئۇلۇسلارنىڭ ۋەكىل
ئەۋەتىپ قاتناشتۇرغانلىقى تەسۋىرلەنگەن. س. گ. كىلياشتورنى:
«بۇ خەلقلەر شەرقىي تەڭرىتاغنىڭ تاغلىق ۋە تۈزلەڭ يايلاقلىرىغا،
شەھەرلەرگە، تارىم ئويمانلىقىنىڭ يېزا - كەنتلىرىگە جايلىشىپ
ياشاۋاتقان خەلقلەردۇر»[84] دەپ قارىغان.

بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولۇدىكى، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى
كۆل بىلگە قاغان ۋە ئەل ئەتمىش بىلگە قاغان دەۋرلىرىدىمۇ ئالتاي-
نىڭ غەربىدىكى زېمىنلارغا نىسبەتەن ئىگىلىك ھوقۇق يۈرگۈز-
گەن.

بىراق، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ غەربىي زېمىنلارنى ئىدا-
رە قىلىشى ھە دېگەندىلا ئاسانغا توختىمىغان. بۇنىڭ ئەلۋەتتە ئىچ-
كى ۋە تاشقى سەۋەبلىرى بار ئىدى. مىلادىيە 779 - يىلى ئورخۇن
ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ مەشھۇر دانىشمەن قاغانى ئاي تەڭرىدە قۇت
بولمىش ئەل تۇتمىش ئالپ كۆلۈگ بىلگە قاغان[85] (759 —
779 - يىللار تەختتە ئولتۇرغان) پايتەخت ئوردۇكەندە يۈز بەر-
گەن ئىسياننىڭ قۇربانى بولغان، بۇ ئىسياننى ئالپ كۆلۈگ بىلگە

قاغاننىڭ شىرەم تۇغقىنى، ئىچكى بۇيرۇقلار بېشى تونباغا تارقان
باشچىلىق قىلىپ قوزغىغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىسيانى تاڭ ئوردىسى-
نىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن. بۇ قېتىمقى ئوردا سىياسىي ئۆزگىرى-
شىدە ئالىپ كۈلۈگ بىلگە قاغان، ئۇنىڭ ئىككى ئوغلى، يېقىن
مەسلىھەتچىلىرى ۋە قاغان ئەتراپىدىكى سوغدىلار، مانى راھىبلار-
دىن بولۇپ 2000 كىشى ئۆلتۈرۈلگەن. شۇنداق قىلىپ، تونباغا
تارقان «ئالپ قۇتلۇق بىلگە قاغان» دېگەن نامدا ھاكىمىيەت يۈر-
گۈزگەن، ئۇنىڭدىن كېيىن ئونىڭ ئوغلى تاراس، يەنى ئاي تەڭرىدە
بولمىش كۈلۈگ بىلگە قاغان (789 — 790 - يىللار تەختتە
ئولتۇرغان) ۋە تونباغانىڭ نەۋرىسى ئايچۇر، يەنى قۇتلۇق بىلگە
قاغان (790 — 795 - يىللار تەختتە ئولتۇرغان) لار تەختكە
ۋارىسلىق قىلغان، بۇ قاغانلار دەۋرىدە ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ
ئىلگىرىكى قاغانلار تەرىپىدىن تىكلەنگەن شۆھرىتى ۋە ھەيۋىسى
سۇسلاپ، «ئالپ كۈلۈگ بىلگە قاغاننىڭ تارىم ۋادىسىدا پۇت دەس-
سەپ تۇرۇشىغا ئاساس بولغان ئىتتىپاق ۋە بېقىندىلىق مۇناسىۋىتى-
نىڭ پرىنسىپلىرى بۇزۇلغان، يېڭى قاغانلار سودا - تىجارەتتىن
كىرگەن پايدىدىن كۆرە تەڭرىتاغ باغرىدىكى سوغدى ۋە تۈرك ئاھا-
لىلىرىنى بىۋاستە باج - سېلىق يىغىش يولى بىلەن بۇلاڭ - تالان
قىلىشنى ئەۋزەل كۆرگەن» [86]. نەتىجىدە ئەسلىدە ئۇيغۇرلارغا بې-
قىنىپ كېلىۋاتقان قارلۇق، تۈركلەر مىلادىيە 789 - يىلى ئالدى
بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىپ، تىبەتلەر بىلەن بىرلىشىپ ئۇيغۇر
خانلىقىنىڭ غەربىي زېمىنىدىكى مۇھىم قورغىنى بېشبالىق شەھى-
رىگە ھۇجۇم قىلىپ، 790 - يىلى بېشبالىق ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى
يەرلەرنى ئىشغال قىلىۋالغان، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار ئۇيغۇرلار
بىلەن بىر مەزگىل غەربىي يۇرتنى تالاشقان. پەقەت قۇتلۇق قاغان
(795 — 805 - يىللار تەختتە ئولتۇرغان) دەۋرىگە كەلگەندىلا
بۇ خىل ۋەزىيەتكە خاتىمە بېرىلگەن. «توققۇز ئۇيغۇر قاغان مەڭگۇ
تېشى» دىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، قۇتلۇق قاغان ھۆكۈمران-
لىق قىلغاندا، قىرغىزلارنى يەنە بىر نۆۋەت مەغلۇپ قىلغان، يەنە
غەربكە يۈرۈش قىلىپ قارلۇق ۋە تىبەتلەرنى مەغلۇپ قىلىپ،
بېشبالىق ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى قولدىن كەتكەن يەرلەرنى قايتۇرۇ-

ۋالغان ھەم يەنە جەنۇبتا تەڭرىتاغدىن ئۆتۈپ قۇچۇ (تۇرپان)، ئاگنى (قارا شەھەر)، كۇسەن (كۇچار) قاتارلىق شەھەرلەرنىمۇ قايتۇرۇۋېلىپ، تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى ھەرقايسى شەھەرلەرنى قوشۇن تۇرغۇزۇپ باشقۇرغان. مىلادىيە 808 ـ يىلىدىن كېيىن قۇتلۇق قاغاننىڭ ئورنىغا چىققان ئاي تەڭرىدە قۇت بولمىش ئالپ بىلگە قاغان يەنە غەربكە يۈرۈش قىلىپ، قارلۇقلار بىلەن تىبەرلەر-نى ئومۇمىيۈزلۈك مەغلۇپ قىلىپ، بارخان (ئاقسۇ)، يەركەن، ئۇدۇن (خوتەن)، قەشقەر قاتارلىق جايلاردىكى ھۆكۈمرانلىقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، ئۇدۇل ئىنچۇ دەرياسىنى (ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئامۇ دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى نارىن دەرياسى) بويلاپ پەر-غانە ۋە سۇيابلارنى ئىشغال قىلغان ھەم قارلۇقلارنىڭ ئاقساقلىنىڭ ئىنچۇ بىلگە يابغۇ دېگەن نامىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، قارلۇقلار ئۈستىدىكى ھامىيلىقنى قايتا تىكلىگەن⑧⑦. شۇنىڭدىن كېيىن تى-بەتلەر چەرچەننىڭ شەرقىدە كىچىك بىر پارچە رايوننى ساقلاپ قالغاندىن باشقا، غەربىي يۇرتنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا ئۆتكەن⑧⑧.

دېمەك، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى يېڭى قۇرۇلغان مەزگىللەردە غەربىي چېگرىسى گەرچە ئالتاي تېغىنى پاسىل قىلغان بولسىمۇ، ئەل ئەتمىش بىلگە قاغان، بۆگۈ قاغانلارنىڭ تىرىشچانلىقى ئاساسىدا غەربىي يۇرت تەدرىجىي ھالدا خانلىقنىڭ زېمىن دائىرىسى ئىچىگە كىرگەن. تارىخىي ھۆججەتلەردىن ۋە تەتقىقاتلاردىن قارىغاندا، ئور-خۇن ئۇيغۇر خانلىقى غەربىي يۇرتقا ھۆكۈمرانلىق قىلىشتا ئوخشاش بولمىغان سىياسەت قوللانغان بولۇپ، پامىرنىڭ غەربىدىكى پەرغانە قاتارلىق رايونلارغا نىسبەتەن ئەسلىدىكى ھۆكۈمرانىنى ساقلاپ قې-لىش ئاساسىدا تۇدۇنلارنى (نازارەتچى بەگ) ئەۋەتىپ باج ـ سېلىق ئالغان، پامىرنىڭ شەرقىدىكى ئۇدۇن، قەشقەر، كۇسەن، ئاگنى قاتارلىق جايلارغا نىسبەتەن قاغان ئۆزىنىڭ يېقىن پەرزەنتلىرىنى تارقان قىلىپ ئەۋەتىپ ئايرىم ـ ئايرىم ئىدارە قىلغان. ئاي تەڭرى-دە قۇت بولمىش ئالپ بىلگە قاغان يەنە بالاساغۇن شەھىرىدە، ئەنشى شەھىرىدە (ھازىرقى كۇچار) ۋە بېشبالىق شەھىرىدە (ھا-زىرقى جىمسار ناھىيىسى) نەچچە تۈمەن ئۇيغۇر ئاتلىق قوشۇنلىرى-

نى تۇرغۇزغان ھەم غەربتە بالاساغۇن شەھىرىدىن باشلىنىپ، ئىلى دەرياسى بويىدىكى كۈنەس شەھىرىنى بېسىپ ئۆتۈپ، تەڭرىتېغىدىن ھالقىپ، بېشبالىق شەھىرىگە، يەنە ئۇيغۇر يولى ئارقىلىق ئالتاي تېغىنىڭ جەنۇبىي باغرىدىن ئۆتۈپ، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ پايتەختى ئوردۇكەندگە بارىدىغان يولنى ياساپ، غەربىي رايونلارنى ئۇنۇملۇك باشقۇرغان⑧⑨.

## 3 § . خانلىقنىڭ سىياسىي تۈزۈلمىسى

ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇ شىمالىي يايلاق رايونىدىكى چارۋىچى قەبىلە ۋە خەلقلەرنىڭ تۇرمۇشى، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشى، قەبىلە تەشكىلى ۋە ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسىگە زور ئۆزگىرىشلەرنى ئېلىپ كېلىپلا قالماستىن، ئۆزىدىن كېيىن باش كۆتۈرۈپ چىققان گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقى، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى ۋە قاراخانىيلار خانلىقى قاتارلىق ئەۋلاد خانلىقلارنىڭ ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسىگە، شۇنداقلا يەنە شىمالىي يايلاق رايونىدا ئۆزىدىن كېيىن سەلتەنەت سۈرگەن قىرغىز خانلىقى، قىتان خانلىقى، موڭغۇل خانلىقى قاتارلىق خانلىقلارنىڭ ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسىگىمۇ زور تەسىرلەرنى كۆرسەتكەن. شۇڭلاشقا، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ سىياسىي تۈزۈلمىسىنى مۇھاكىمە قىلىش ۋە ئۇنىڭ ئىچكى قانۇنىيىتىنى شەرھلەپ بېرىش ئۇيغۇرلارنىڭ ھاكىمىيەت تۈزۈلمە تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا چوڭقۇر ئىلمىي قىممەتكە ئىگە. لېكىن، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ سىياسىي تۈزۈلمىسى مەسىلىسى ھازىرغىچە دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى تارىخشۇناسلارنىڭ ئېتىبار بېرىشىگە ئېرىشكىنى يوق. گەرچە رۇس تۈركولوگى بېرنشتام «6 ـ ئەسىردىن 8 ـ ئەسىرگىچە بولغان ئورخۇن ـ يېنسەي تۈركلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ـ ئىقتىسادىي تۈزۈمى» دېگەن ئەسىرىدە بۇ مەسىلە ئۈستىدە توختالغان بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ ئەمگىكى ئاساسەن دېگۈدەك كېيىنكى شەرقىي تۈرك خانلىقى (680 — 744 ـ يىللار) ۋە قىرغىزلار ئۈستىدە بولغان. دۆلىتىمىز تەتقىقاتچىلىرىنىڭ ئۇيغۇر تارىخىغا مۇناسىۋەتلىك ئەسەرلىرىدىمۇ بۇ

مەسىلە ناھايىتى ئاددىي، مۇجمەللا تىلغا ئېلىنىپ، پەقەت بىرنەچ-
چە ئەمەل ـ مەنسەپناملىرى ئىزاھلىنىپ، خانلىقنىڭ سىياسىي
تۈزۈلمىسىنىڭ ماھىيىتى يورۇتۇپ بېرىلمىگەن. تۆۋەندە ئورخۇن
ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ سىياسىي تۈزۈلمىسىنىڭ قۇرۇلمىسى ۋە ئۇ-
نىڭغا مۇناسىۋەتلىك بەزى مەسىلىلەر ھەققىدە دەسلەپكى مۇھاكىمە
ئېلىپ بارىمىز.

مىلادىيە 605 ـ يىلى (ئۆي يىلى) توققۇز ئوغۇزلاردىن بۆگۈ
(بارغۇت)، تۇڭرا، ئۇيغۇر، بايىرقۇ، پۇۋۇرغۇر (بۆركلى) ⑨⑩
قاتارلىق قەبىلىلەر ئۇيغۇرلارنىڭ خان جەمەتى قەبىلىسى بولغان
ياغلاقار قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى سۈكۈن ئېركىن (ياكى تېكىن
ئېركىن) نىڭ رەھبەرلىكىدە تۈركلەرگە قارشى ئىسيان كۆتۈرۈپ،
ئۆزلىرىنى «ئېركىن»، مىللەت نامىنى «ئۇيغۇر» دەپ ئاتاپ،
مۇستەقىل سىياسىي ئىتتىپاق بولۇپ مەيدانغا چىقتى. مىلادىيە
646 ـ يىلى (ئات يىلى) توققۇز ئوغۇز ئىتتىپاقىنىڭ ياغلاقار
قەبىلىسىدىن كېلىپ چىققان رەھبىرى قۇتلۇق ئالپ تومىد (ياكى
تۇمەت) توققۇز ئوغۇز ـ ئون ئۇيغۇر ئىتتىپاقىغا رەھبەرلىك
قىلىپ ئەسلىدىكى شەرقىي تۈرك خانلىقىنىڭ ئورنىغا قۇرۇلغان
توققۇز ئوغۇزلارنىڭ سىر ـ تاردۇش قەبىلىسى رەھبەرلىكىدىكى
توققۇز ئوغۇز سىر ـ تاردۇش خانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، «ئۆ-
زىنى قاغان دەپ جاكارلاپ، بۇرۇنقى تۈركلەرگە ئوخشاش ئۆز
ئالدىغا ئەمەلدارلىق تۈزۈمى تەسىس قىلىپ، ئالتە نەپەر تاشقى
ۋەزىر، ئۈچ نەپەر ئىچكى ۋەزىر، يەنە تۇتۇق، سانغۇن، ئەمىرلەش-
كەر قاتارلىق مەنسەپلەرنى تەسىس قىلىپ» ⑨① ، «بۇرۇنقى ھۇنلار-
نىڭ زېمىنى» دا ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنى تىكلىدى. «تومىد
قاغاننىڭ دەسلەپ ھاكىمىيەت ئاپپاراتلىرىنى تەسىس قىلىشىدىن
كۆل بىلگە قاغان تەختكە چىققۇچە بولغان ئارىلىقتا دۆلەت كۈچى
قۇدرەت تېپىپ، تۈزۈلمىلىرى تېخىمۇ مۇكەممەللىشىپ باردى» ⑨②.
ئەينى دەۋرلەردىكى ئالاھىدە تارىخىي ۋە جۇغراپىيىلىك شارائىتلار
تۈپەيلىدىن «ئۇيغۇرلارنىڭ تۈزۈلمىسى تۈركلەردىن كەلگەن بولسى-
مۇ، ئەمەلدارلىق نام ـ ئاتاقلىرىدا خېلى زور ئۆزگىرىشلەر بولغا-
نىدى. ئۇيغۇرلار تۈركلەرنىڭ تۈزۈلمىلىرىنى قوللىنىپ ھەم يەنە

تاڭ سۇلالىسىنىڭ بىر قىسىم تۈزۈملىرىنىمۇ ئۆرنەك قىلىپ،
ئۇلارنى يۇغۇرۇپ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تۈزۈلمىسىنى شەكىللەندۈر-
دى»(93). ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى گەرچە ھوقۇق مەركەزلەشتۈرۈل-
گەن فېئوداللىق دۆلەت بولسىمۇ، ئۇرۇق - قەبىلە مۇناسىۋەتلىرى
ئۇيغۇر خانلىقىدا تېخى پۈتۈنلەي تۈگىمىگەن بولۇپ، دۆلەت تەشكى-
لىنىڭ تەرەققىياتى يەنىلا ئاستا ئىدى، ئىدارە قىلىش ئاپپاراتلىرى
ئۇرۇق - قەبىلىلەرنى ئاساس قىلىپ تەشكىللەنگەنىدى. «مۇنداقچە
ئېيتقاندا، شۇ چاغدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ جەمئىيەت تۈزۈمىدە قەبىلى-
ۋى قائىدىلەر خېلى زور دەرىجىدە ھاكىمىيەت قائىدىلىرى بىلەن
ئارىلىشىپ كەتكەنىدى»(94). «تاڭنامە» دىكى ۋە مەڭگۈ تاشلاردىكى
خاتىرىلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، ئۇيغۇر خانلىقىدا بىرقەدەر تەرەق-
قىي تاپقان، مۇكەممەللىشىشكە قاراپ يۈزلەنگەن، ھوقۇق مەركەز-
لەشتۈرۈلگەن فېئوداللىق دۆلەت ئاپپاراتلىرى قۇتلۇق بىلگە قاغان
ۋە ئۇنىڭ ۋارىسى ئەل ئەتمىش بىلگە قاغان دەۋرىگە كەلگەندىلا
ئاندىن مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا تەشكىللەنگەن. چۈنكى، قۇتلۇق
ئالىپ تومىد قاغان ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنى تىكلەپ، دۆلەت
ئاپپاراتلىرىنى دەسلەپ قۇرۇپ چىقىپ، ئۇنى سىستېمىلاشقان،
مۇكەممەللەشكەن ھۆكۈمرانلىق ئورگانلىرىغا ئايلاندۇرۇپ بولغۇچە
قەستكە ئۇچراپ ۋاپات بولغان، ئۇنىڭ ئورنىغا ۋارىسلىق قىلغان
بايان قاغان، بازقاغان قاتارلىقلار ئۇنىڭ ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قى-
لىپ، يېڭىدىن بەرپا قىلىنغان خانىدانلىقنى مۇستەھكەملەش،
توققۇز ئوغۇز - ئون ئۇيغۇر ئىتتىپاقىنى كۈچەيتىش، جەنۇب ۋە
غەرب تەرەپلەردىن كېلىۋاتقان ئاپەتلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش، يايلاق
يىپەك يولىنى قوغداش ۋە راۋانلاشتۇرۇش دېگەندەك بىر قاتار
ھەرىكەتلەرنى ئورۇنداپ، ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ موڭغۇلىيە يايلاق
رايونىدىكى ئەمەلىي ھۆكۈمرانلىقىنى قوغدىغان بولسىمۇ، ھاكىمى-
يەتنى تەرتىپكە سېلىش، تۈزۈلمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ئىشلى-
رىغا ئۈلگۈرۈپ بولالمىغان. ئۇنىڭ ۋارىسلىرى بولغان دۆكېچ
(ياكى تۇغۇچۇق)، ئۆگتېبىر (يەنى قۇتبەگ)، قۇشۇ قاغان بولسا
سەددىچىن بويلىرىدىكى شەرقىي تۈركلەرنىڭ دۆلىتىنى ئەسلىگە كەل-
تۈرۈشتىن ئىبارەت ھەيۋەتلىك ھەرىكەتكە دۈچ كېلىپ، ئەسلى-

دىنلا ئاساسى مۇستەھكەم بولمىغان قاغانلىق ھاكىمىيىتىنى مىلا-
دىيە 693 ـ يىلى ئۆتۈكەن ۋادىسىدىن يىراق گەنسۇ ۋادىلىرىغا
كۆچۈرۈپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان، شۇنىڭدىن كېيىن 50 نەچچە
يىلغىچە توققۇز ئوغۇز ـ ئون ئۇيغۇر خەلقى جەنۇب ۋە شىمالغا
بۆلۈنۈپ، قولدىن كەتكەن سەلتەنەتىنى تۈركلەردىن قايتۇرۇۋېلىش
ھەلەكچىلىكىدە ھەرىكەتلىنىپ يۈرگەن. پەقەت قۇشۇ قاغاننىڭ
ئوغلى ھەم ۋارىسى قۇتلۇق كۆل بىلگە قاغان تەختكە چىققاندىن
كېيىنلا باسمىل، قارلۇق قاتارلىق توققۇز ئوغۇزلار بىلەن يېقىن
ئىتتىپاقلىشىپ، ئۆتۈكەندە تۈركلەرنى ئومۇمىيۈزلۈك مەغلۇپ قى-
لىپ، مىلادىيە 742 ـ يىلى (ئات يىلى) كېيىنكى تۈرك خانلىقى-
نى ئاغدۇرغان. مىلادىيە 744 ـ يىلى (مايمۇن يىلى) ئىتتىپاقدا-
شى باسمىللاردىن ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىپ، شىمالىي يايلاق رايو-
نىدا ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ھاكىمىيىتىنى قايتىدىن تىكلەپ،
موڭغۇلىيە ۋادىسىنى بىرلىككە كەلتۈرگەن[95]. ئۇنىڭ ۋارىسى ھەم
ئوغلى تەڭرىدە بولمىش ئەل ئەتمىش بىلگە قاغان (747 — 759 ـ
يىللار) تەختكە چىققاندىن كېيىن، ئاتىسىنىڭ ئىشلىرىغا ۋارىس-
لىق قىلىپ قارلۇق، باسمىل، سەككىز ئوغۇز، توققۇز تاتار ۋە
چىك قاتارلىق ئۆكتىچى قەبىلىلەرنى بويسۇندۇرۇپ دۆلەتنى بىر-
لىككە كەلتۈرگەن. تاڭ سۇلالىسىنىڭ تەكلىپى بىلەن ئۆڭلۈك ـ
سۆيگۈن توپىلىڭىنى (755 — 763 ـ يىللار) باستۇرۇشتا زور
تۆھپە كۆرسىتىپ، ئۇنىڭ بەدىلىگە تاڭ سۇلالىسى بىلەن قۇ-
دىلىشىپ ھەم يىپەك ـ ئات سودىسىنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئورخۇن
ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تەرەققىياتىنى، ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ فېئو-
داللىشىش قەدىمىنىڭ تېزلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن. مەڭگۈ
تاشلاردىكى خاتىرىلەرگە قارىغاندا، ئۇ دۆلەت ئىچىدە زور سىياسىي
ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ، ھۆكۈمرانلىق سىياسىي تۈزۈلمىسىنى
تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرگەن. قانۇن ـ تۈزۈملەرنى تۈزۈپ، كۈچ-
لۈك ئاتلىق قوشۇن قۇرۇپ چىققان، ھەر دەرىجىلىك ئەمەل ـ
مەنسەپلەرنى تەسىس قىلىپ يولغا قويغان، دىن بىلەن ھاكىمىيەتنى
بىرلەشتۈرۈپ، خانلىق ھوقۇقىنى ئىلاھىي ھوقۇق دەرىجىسىگە،
قاغاننى ئىلاھ دەرىجىسىگە كۆتۈرگەن، مۇستەھكەم ئوردا، قەلئە-

لەرنى سېلىپ، سودا ـ سېتىقنى راۋاجلاندۇرۇپ، فېئوداللىق ھوقۇق مەركەزلەشكەن سىياسىي تۈزۈلمىنى ئورناتقان، نەتىجىدە «ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورگانلىرى ئاللىقاچان شەكىللىنىپ بولغان»⑯ دەۋرىنى بەرپا قىلغان.

## 1. خانلىقنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئاپپاراتلىرى

ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئەمەلدارلىق تۈزۈملىرى ئاساسىي جەھەتتىن كۆكتۈرك خانلىقىنىڭ كونا تۈزۈملىرى ئاساسىدا كېلىپ چىققان بولۇپ، «كونا تاڭنامە. تۈركلەر تەزكىرىسى» ۋە «يېڭى تاڭنامە. تۈركلەر تەزكىرىسى» دە: «تۈركلەردە دۆلەتنىڭ ئالىي ھۆكۈمرانى قاغان دەپ ئاتىلاتتى، بۇ قەدىمكى تەڭرىقۇت بىلەن ئوخشاش ئىدى، ئۇنىڭ ئايالى قاتۇن دەپ ئاتىلاتتى، بۇ قەدىمكى ئالچى بىلەن ئوخشاش ئىدى، پەرزەنتلىرى تېكىن دەپ ئاتىلاتتى، چوڭ سەركەردە شاد دەپ ئاتىلاتتى، يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەل ـ مەنسەپلەر يابغۇ، كۆلۈگچۇر، ئاپا، ئېلتەبىر، تۇتۇق، ئېركىن، ياغۇندا، تارقان قاتارلىق 28 دەرىجىگە بۆلۈنەتتى، ھەممىسىگە ۋارىسلىق قىلىناتتى»⑰ دېيىلگەن.

«كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» ۋە «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» دە كونا، يېڭى تاڭنامە «تۈركلەر تەزكىرىسى» دە خاتىرىلەنگەن ئەمەل ـ مەنسەپ ناملىرىدىن سىرت، يەنە سول قول شاد، ئوڭ قول شاد، يابغۇ (ۋەلىئەھدى يابغۇ، ئوڭ، سول يابغۇ نامىدا ئۇچرايدۇ)، ئېلتەبىر (ئۇلۇغ ئېلتەبىر، ئالپ ئېلتەبىر نامىدا ئۇچرايدۇ)، سانغۇن (ئۇلۇغ سانغۇن نامىدا ئۇچرايدۇ)، قۇنچۇي، ئايماق بېگى، ئەمىر لەشكەر، دورغاپ قاتارلىق ئەمەل ـ مەنسەپ ناملىرىمۇ خاتىرىلەنگەن. تېخىمۇ مۇھىمى، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىغا مەنسۇپ بولغان مەڭگۈ تاش يادىكارلىقلىرىدا كونا، يېڭى تاڭنامە «تۈركلەر تەزكىرىسى» ياكى كونا، يېڭى تاڭنامە «ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» دە خاتىرىلەنمىگەن ئىشبارا، ئىنانچۇ (غەزىنە ئىشلىرىغا مەسئۇل ئەمەلدار)، بەش مىڭبېشى، مىڭبېشى، توققۇز يۈز بېشى، بەشيۈز بېشى، يۈز بېشى، تۇيقان (بارگاھ بېشى)، تورغاق بېشى (مۇھاپىزەتچى سەركەردە)، بۇيلا

قاتارلىق ئەمەل ـ مەنسەپناملىرى خاتىرىلەنگەن. يەنە كۆكتۈرك
خانلىقىغا مەنسۇپ بولغان «تونيوقۇق مەڭگۈ تېشى» ، «كۆلتېكىن
مەڭگۈ تېشى» ۋە «بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى» دا ئۇيغۇرلارغا تەۋە
مەڭگۈ تاش يادىكارلىقلىرىدىمۇ ۋە تاڭنامىلەردىمۇ ئۇچرىمايدىغان
ئاپا (قوشۇن قوماندانى) ، شاداپىت، تامغاچى (مۆھۈردار) ، يالاباچ
(ئەلچى) ، ئايغۇچى (مەسلىھەتچى، ئۇستاز) ، باغا، چۇر (ھەر-
بىي سەركەردە) ، چابىش (لەشكەر باشلىقى) ، ئىدىقۇت، تىركىش
(خەۋەرچى، كارۋان) ، يارقان قاتارلىق ئەمەل ـ مەنسەپ ناملىرى
خاتىرىلەنگەن. ئېھتىمال بۇلارمۇ ياكى بۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر
قىسىمىمۇ ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدا تەسىس قىلىنىپ قوللىنىلغان
بولۇشى مۇمكىن.

ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ مەركىزىي ھۆكۈمرانلىق ئاپپاراتـ-
لىرى ئىچىدە يەنە ئۈچ نەپەر ئىچكى بۇيرۇق، ئالتە نەپەر تاشقى
بۇيرۇق (بۇيرۇق — ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خانىدانلىقلاردىكى
ۋەزىر بىلەن تەڭ دەرىجىلىك مەنسەپ بولۇپ، مەڭگۈ تاشلاردا
«بۇيرۇق» دەپ، «تاڭنامە» دە «ۋەزىر» دەپ خاتىرىلەنگەن) تە-
سىس قىلىنغان، «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» دە: «تو-
مىد ئۆز ئالدىغا ئۆزىنى قاغان دەپ جاكارلاپ، تۈركلەرنىڭكىگە
ئوخشاش ئەمەلدارلىق تۈزۈمى تەسىس قىلىنىۋالدى، ئالتە نەپەر
تاشقى بۇيرۇق، ئۈچ نەپەر ئىچكى بۇيرۇق تەيىنلىدى» دەپ خاتىرد-
لەنگەن. بەزى تەتقىقاتچىلار ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدىكى بۇ خىل
توققۇز بۇيرۇق (توققۇز ۋەزىر) تۈزۈمىنى تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئە-
مەلدارلىق تۈزۈملىرىنىڭ تەسىرىدە پەيدا بولغان بولۇشى مۇمكىن،
دەپ ئوتتۇرىغا قويۇشقان. بىراق، مەھمۇد كاشغەرى «تۈركىي
تىللار دىۋانى» دا: «بۇيرۇق — خاننىڭ يېنىدا چوڭلارنى جاي ـ
جايىغا ئولتۇرغۇزىدىغان كىشى، پەرمانچى، چۈنكى بۇ ئادەم ئۇلار-
نى شۇنىڭغا بۇيرۇيدۇ» ؛ «خاننىڭ قول ئاستىدىكى ۋىلايەتلىرى
ھەرقانچە كۆپىيىپ، مەرتىۋىسى يۇقىرى كۆتۈرۈلسىمۇ، تۇغلىرى
توققۇزدىن ئاشمايدۇ، چۈنكى توققۇز خاسىيەتلىك سان ھېسابلىنىد-
دۇ» [98] دەپ يېزىش ئارقىلىق، توققۇز ۋەزىرلىك تۈزۈمنىڭ قەدىمـ-
كى ئۇيغۇرلاردىكى ئالەم قاراشلىرى بىلەن، ئۇيغۇرلارنىڭ توققۇز

ئۇيغۇر، توققۇز ئوغۇز دەپ ئاتىلىشلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك
ئىكەنلىكىدىن ئۇچۇر بەرگەن.
ماتېرىياللاردا كۆرسىتىلىشىچە، «ئۈچ نەپەر ئىچكى بۇيرۇق-
نىڭ ھەممىسى ياغلاقار ئۇرۇقىدىن تاللاپ قويۇلغان، ئۇلار قاغان-
نىڭ جەمەت ئىشلىرىنى ۋە دۆلەت ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشىغا
ياردەملەشكەن، ھوقۇقى ھەممىدىن چوڭ بولغان. ئالتە نەپەر تاشقى
بۇيرۇقنىڭ ھەممىسى باشقا سەككىز قەبىلىدىن (يەنى توققۇز ئوي-
غۇرلاردىكى) تاللاپ قويۇلغان. ئۇلار خانلىقنىڭ ئىچكى - تاشقى
چوڭ ئىشلىرىنى ئايرىم - ئايرىم باشقۇرغان» ⑲ . بەزىلەرنىڭ
قارىشىچە، ئۈچ نەپەر ئىچكى بۇيرۇق خان جەمەتىدىن تاللاپ قويۇل-
غان، ئالتە نەپەر تاشقى بۇيرۇق توققۇز ئوغۇزلاردىكى بارغۇت،
قۇن، بايىرقۇ، تۇڭرا، ئىزگىل، چۆبە (قىبىئار) قاتارلىق ئالتە
قەبىلىدىن تاللاپ قويۇلغان (100). ئەمەلىيەتتىمۇ ئورخۇن ئۇيغۇر
خانلىقىنىڭ تارىخىدىن كۆزەتكەندە، خانلىقنىڭ كېيىنكى دەۋرلى-
رىدە توققۇز ئوغۇزلاردىمۇ بۇيرۇق مەنسىۋىگە ئېرىشكەنلەر بول-
غان، ھەتتا بەزىلىرى قاغان ئاتاقلىرىنىمۇ ئالغان. بەزى تەتقى-
قاتچىلار ئىچكى - تاشقى توققۇز بۇيرۇق (توققۇز ۋەزىر) شۇ
چاغدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ توققۇز قەبىلىسىگە ۋەكىللىك قىلغۇچى
شەخسلەر ئىدى ھەم توققۇز قەبىلىنىڭ ئاقساقاللىرى ئىدى، دەپ
ھېسابلايدۇ. لېكىن، قانداقلا بولمىسۇن، بۇيرۇقلارنىڭ ئوردىدى-
كى ھوقۇقى بەك چوڭ بولغان. بۇيرۇقلارغا تارقانلار، تۇتۇقلار،
يۇقىرى دەرىجىلىك بەگلەر، ئەلچىلەر بويسۇنغان، ئۇلار ھەربىي
ئىشلار، دۆلەت غەزىنىسى، يەر، سۇ ئىشلىرى، ئىقتىسادىي ئىش-
لار، باج - سېلىق ئىشلىرى قاتارلىقلارغا مەسئۇل بولغان. بۇ
ئىچكى ۋە تاشقى توققۇز بۇيرۇق يەنە قاغان ۋە قاتۇنلارنىڭ تەختكە
چىقىش، ۋارىسلىق قىلىش پائالىيەتلىرىگە رىياسەتچىلىك قىلغان،
بۇيرۇققا بىنائەن چەت ئەللەرگە ئەلچىلىككە بارغان، قاغانغا ۋاكا-
لىتەن قوشۇن باشلاپ ياتلار ئۈستىگە جازا يۈرۈشى قىلغان. «تېر-
خىن مەڭگۈ تېشى» دىكى مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، ئىچكى ۋە تاشقى
بۇيرۇقلارنىڭ بىردىن باشلىقى بولغان بولۇپ، بەزىدە قاغانلىق
مۇشۇ «بۇيرۇقلار بېشى» نىڭ بىرسىنىڭ قولىغا ئۆتۈپ قالغان

ۋاقىتلارمۇ بولغان (بۇيرۇقلار بېشى خەنزۇچە ھۆججەتلەردە باش
ۋەزىر دەپمۇ ئاتالغان) . «تېرخىن مەڭگۇ تېشى» نىڭ غەربىي
تەرەپ يۈزى 6 ـ ، 7 ـ ، 8 ـ قۇرلىرىدا: «تەڭرىدە بولمىش
ئەل ئەتمىش بىلگە قاغانىم ئەل ئىچىدىكى بارلىق خەلقلەرنى بوي-
سۇندۇردى، ئىچكى بۇيرۇقلار بېشى ئىنانچۇ باغا تارقان، ئۇلۇغ
بۇيرۇقلار جەمئىي توققۇز: (ئۇلار) بەش يۈزبېشى بىلگە تاي
سانغۇن تۇتۇق، بەش يۈز بېشى كۈلۈگ ئۆگۈ ئۆز ئىنانچۇ، بەش
يۈز بېشى ئۇلۇغ ئۆز ئىنانچۇ ئۇرۇنغۇ، ئۇلۇغ ئۇرۇنغۇ، مىڭ
بېشى تۆلەس بەگلىرى ئوغلى تۆلەس كۈلۈگ ئەرەن، مىڭبېشى
تاردۇش بەگلىرى ئوغلى تاردۇش كۈلۈگ ئەرەن، بەش مىڭبېشى
تاردۇش ئىشباراسى ئالىپ ئىشبارا سانغۇن ياغلاقار، توققۇز يۈز
بېشى تويقان ئۇلۇغ، تارقان بۇقۇغ» دەپ خاتىرىلەنگەن. يەنە بەزىدە
قاغاننى تىكلەش ياكى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ئىشلىرىدا ئۇلارنىڭ
كۈچى ۋە رولى زور بولغان، مەسىلەن، بۆگۈ قاغان (759 —
779 ـ يىللار، تولۇق نامى تەڭرىدە قۇت بولمىش ئىل تۇتمىش
ئالىپ كۈلۈگ بىلگە قاغان) ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا
ئوردا ئىچىدىكى ئەمەلدارلار ئىككى گۇرۇھقا بۆلۈنۈپ كەتكەن،
مىلادىيە 779 ـ يىلى تاڭ تەيزۇڭ ئۆلگەن پۇرسەتتە، بىرىنچى
گۇرۇھقا ۋەكىللىك قىلغۇچى ئەمەلدارلار قاغاننى تاڭ سۇلالىسىگە
ھۇجۇم قىلىشقا دەۋەت قىلغان، ئىككىنچى گۇرۇھقا ۋەكىللىك
قىلغۇچى، قاغاننىڭ تاغىسى، ئىچكى بۇيرۇقلار بېشى ئىنانچۇ باغا
تارقان قاتارلىقلار قاغاننىڭ تاڭ سۇلالىسىگە ھۇجۇم قىلىشىغا
قارشى چىقىپ، جىددىي پەيتتە ئوردىدا سىياسىي ئۆزگىرىش قوز-
غاپ، قاغاننى ۋە ئۇنى قوللىغۇچى ئەمەلدارلار، سوغدىلاردىن بو-
لۇپ 2000 كىشىنى ئۆلتۈرۈپ، ئىنانچۇ باغا تارقان ئۆزىنى ئالىپ
قۇتلـۇق بىلگە قاغان (779 — 789 ـ يىللار) دەپ جاكارلاپ،
خانلىق تەختىگە چىققان (101) . مىلادىيـە 795 ـ يىلى قۇتلۇق
بىلگە قاغان (790 — 795 ـ يىللار) ۋاپات بولغاندا، ئۇنىڭ
تەختىگە ۋارىسلىق قىلغۇدەك ئوغلى بولمىغاچقا، قاغانلىق تەختىگە
ئۇنىڭ ئەسلى ئاتئېز قەبىلىسىدىن بولغان ئاسراندى ئوغلى، بوي-
رۇقلار بېشى قۇتلۇق ۋارىسلىق قىلىپ، ئۆزىنى «تەڭرىدە ئۇلۇغ

بولمىش ئالپ قۇتلۇق ئۇلۇغ بىلگە قاغان» (795 — 805 ـ يىللار) دەپ جاكارلىغان. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۇيغۇر خانلىقىدا بۇيرۇق (يەنى ۋەزىر) لارنىڭ ھوقۇقى ۋە ئەمەلىي كۈچى ئىنتايىن كۈچلۈك بولغان بولۇپ، ئۇلار خانلىقنىڭ قۇدرەت تېپىشى ۋە ھالاك بولۇشىدا قاغانلاردىن قالسىلا ئەڭ مۇھىم شەخسلەر بولغان، بۇ ئەھۋاللارنى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىكى ئوردا ئىچىدىكى بۇيرۇقلارنىڭ ھاكىمىيەت تالىشىش كۈرەشلىرىدىن تېخىمۇ ئوچۇق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. «كونا تاڭنامە» دە: «كەيچېڭ يىللىرىنىڭ (836 — 840 ـ يىللار) دەسلەپىدە ئۇلارنىڭ بۇيرۇقى ئىنەيۇن كۈل تېكىن سايغا بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، سات تېكىن قاغاننىڭ ئورنىنى تارتىۋالماقچى بولغاندا، سات تېكىن سېزىپ قېلىپ سايغا بىلەن ئىنەيۇننى قەتلى قىلدى، بۇ چاغدا ئۇيغۇرلارنىڭ يەنە بىر بۇيرۇقى كۆرلەرمور سىرتتا ئۇرۇش قىلىۋاتاتتى، ئۇ سايغا بىلەن ئىنەيۇننىڭ قەتلى قىلىنغانلىقىغا نارازى بولۇپ، سات تېكىن قاغاننى ئۆلتۈرۈپ، قۇۋۇ تېكىننى قاغانلىق تەختكە ئولتۇرغۇزدى» (102) دېيىلگەن بولۇپ، بۇ بىر جەھەتتىن ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدا بۇيرۇقلارنىڭ ئورنى ۋە ھوقۇقىنىڭ ناھايىتى چوڭ ئىكەنلىكىنى، يەنە بىر جەھەتتىن خانلىقنىڭ گۇمران بولۇشىدىكى سەۋەبلىرىنىڭ بىرى بۇيرۇقلارنىڭ ئۆز ئالدىغا قوشۇن توپلاپ ئوردىدا توختاۋسىز قىرغىنچىلىق قىلىشى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

بۇ توققۇز بۇيرۇقتىن تەشكىللەنگەن توققۇز ۋەزىر (توققۇز بۇيرۇق) كېڭىشى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ مەركىزىي ئاپپاراتلىرى ئىچىدىكى ئالىي ئورگان بولۇپ (103)، بۇ ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىكى ئۇرۇق ئاقساقاللىرى كېڭىشى، قەبىلە ئاقساقاللىرى كېڭىشى ۋە كېيىنكى دەۋرلەردىكى قەبىلە ئىتتىپاقى ئاقساقاللىرى كېڭىشى ئاساسىدا تەرەققىي قىلىپ چىققان ئوردا كېڭىشى ۋە دۆلەت كېڭىشى ئىدى. ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە قەبىلە ۋە قەبىلە ئىتتىپاقىنىڭ يېتەكلىشى، ئورۇنلىشىشى، باشقا قەبىلىلەر بىلەن ئۇرۇش قىلىشى، سۈلھى قىلىشى، قەبىلە ئاقساقاللىرىنى سايلاش قاتارلىق بارلىق چوڭ ـ چوڭ ئىشلار ئاقساقاللار كېڭىشىدە قارار

قىلىناتتى. ھۇن، تۈرك خانلىقى دەۋرلىرىدە ئاقساقاللار كېڭىشى
بىر خىل قەدىمىي ئەنئەنە سۈپىتىدە داۋاملىق ساقلىنىپ كېلىن-
گەن، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىن بۇ خىل كې-
ڭەشنىڭ خاراكتېرىدە خېلىلا زور ئۆزگىرىش بولغان. ئۇنىڭدا
گەرچە ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىكى قانداشلىق، ئۇرۇقداشلىق تۈزۈ-
مىنىڭ قالدۇقلىرى ساقلىنىپ قالغان بولسىمۇ، يەنە سىنىپىي
بۆلۈنۈش ۋە فېئوداللىشىشنىڭ ئالاھىدىلىكى روشەن ئەكس ئەت-
كەن. چۈنكى، «دۆلەت ئۇرۇقداشلىق تەشكىلى ۋە قەبىلە ئىتتىپا-
قى ئارقىلىق قۇرۇلغان بولۇپ، چوقۇم قەبىلە ئىتتىپاقى ۋە ئۇ-
رۇقداشلىق تەشكىلىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ساقلاپ قالاتتى، ۋەھالەن-
كى، قەبىلە ئىتتىپاقىنىڭ ئەڭ ئالىي رەھبىرى بولغان قاغان بۇ
خىل شارائىت ئاستىدا دېموكراتىيە تۈزۈمىنىڭ ۋەكىلى بولۇپ،
بىۋاستە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى بەگلەر سىنىپىنىڭ قورالى
ئىدى» (104). ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى مۇشۇ سىنىپ مەنپەئەتى-
نىڭ ۋەكىلى ئىدى. شۇڭا، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى قۇرۇلۇپ،
«ئۇيغۇر» دېگەن نام توققۇز ئوغۇز - ئون ئۇيغۇر قەبىلىلىرى
تەرىپىدىن ئورتاق سىياسىي نام ۋە مىللەت نامى سۈپىتىدە قوبۇل
قىلىنغاندىن كېيىن، خاندانلىق ياكى دۆلەت قەبىلە ئىتتىپاقىنىڭ
ئورنىنى، مىللەت ئۇقۇمى ئۇرۇق، قەبىلە ئۇقۇمىنىڭ ئورنىنى،
فېئوداللىق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇقداشلىق مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ئورنى-
نى، توققۇز ۋەزىر كېڭىشى، يەنى ئوردا كېڭىشى ئەسلىدىكى
قەبىلە ئاقساقاللىرى كېڭىشىنىڭ ئورنىنى ئالغان. ئورخۇن مەڭگۈ
تاشلىرىدا ئوردا كېڭىشىنىڭ قانداق نام بىلەن ئاتالغانلىقىنى ئۇچ-
راتقىلى بولمايدۇ. لېكىن، قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي داستا-
نى «ئوغۇزنامە»دە ئوغۇز خاقاننىڭ بارلىق زېمىنلارنى ئىلكىگە
ئېلىپ، بىرلىككە كەلگەن دۆلەت ھاكىمىيىتىنى قۇرۇپ چىققاندىن
كېيىن، مەملىكەتتە چوڭ قۇرۇلتاي چاقىرغانلىقى، قۇرۇلتايغا
بارلىق ئەل - جامائەتنى چاقىرىپ، دۆلەت ئىشلىرىنى كېڭەش
قىلغانلىقى، ئاندىن كېيىن مەملىكەتنى ئوغۇللىرىغا سۇيۇرغال
قىلىپ بەرگەنلىكى (105) بايان قىلىنغان. «تېرخىن مەڭگۈ تې-
شى»دىمۇ ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قاغانى ئەل ئەتمىش قاغان

(747 — 759 ـ يىللار) ۋە ئەل بىلگە قاتۇننىڭ قاغان ۋە قاتۇن ئاتاقلىرىنى قوبۇل قىلىپ خانلىقنى ئۆتكۈزۈۋالغانلىقى، ئەلدە قاندىقتۇر بىر چوڭ قۇرۇلتاي چاقىرغانلىقى، ئەجدادلىرىنىڭ قانۇنى ئاساسىدا هاكىمىيەت تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلغانلىقى، قۇرۇلتايغا قاتناشقان ۋە مەنسەپكە تەيىنلەنگەنلەرنىڭ تىزىملىكى، ئەل چېگرىسى ۋە قانۇن ـ تۈزۈملەرنىڭ ئورنىتىلىشى قاتارلىق دۆلەت كېڭەشىگە دائىر ئىشلار تەسۋىرلەنگەن (106) . بۇنىڭدىن قارىغاندا، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدا توققۇز ۋەزىر كېڭەشى ياكى ئوردا كېڭەشى تېخىمۇ مۇكەممەللەشكەن. بۇ خىل توققۇز ۋەزىر كېڭەشىگە ئېهتىمال قاغان ئۆزى ياكى توققۇز ۋەزىرلەر بېشى رىياسەتچىلىك قىلغان. ئورخۇن مەڭگۈ تاشلىرىدىكى خاتىرىلەر بىلەن تاڭنامىدىكى خاتىرىلەرنى سېلىشتۇرۇپ قىلغاندا، بۇ خىل ئوردا كېڭەشىگە قاغان، قاتۇن، تېكىنلەردىن سىرت، يابغۇ، شاد قاتارلىق يۇقىرى دەرىجىلىك مەنسەپدارلار، توققۇز ۋەزىرلەر، هەرقايسى قارام قەبىلىلەرنىڭ ئېلتەبىر، ئېركىن، تۇدۇن دەپ ئاتىلىدىغان ئاقساقاللىرى، تارقان، تۇتۇق، ئىشبارا، ئاپا قاتارلىق هەر دەرىجىلىك مەنسەپدارلار، هەر دەرىجىلىك قوشۇن قوماندانلىرى، هەر دەرىجىلىك سۇيۇرغاللىق ئۇنۋان ـ مەنسەپلەرگە ئېرىشكەن بەگلەر هەم خانلىق دىندارلىرى قاتناشقان، ئۇنىڭدا خانلىقنىڭ قانۇن ـ تۈزۈملىرى، توققۇز ئوغۇز ـ ئون ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچكى ئىشلىرى، قەبىلىلەر ئوتتۇرىسىدىكى تالاش ـ تارتىشلار، يات ئەل ۋە قەبىلىلەرگە دائىر ئىشلار، جازا يۈرۈش قوماندانى بەلگىلەش، قەبىلە ئاقساقاللىرىنى تەيىنلەش، سۇيۇرغال بېرىش، قارام ئەل ۋە قەبىلىلەرگە دائىر ئىشلار، قاغان ۋە ۋارىس بەلگىلەشكە دائىر ئىشلار، دۆلەت ئىگىلىكى، سودىسى ۋە باج ـ سېلىقى، مالىيىسىگە دائىر ئىشلار، ئوردا ـ شەهەر قۇرۇلۇشلىرى هەم تاڭ سۇلالىسى بىلەن قۇدىلىشىشقا دائىر ئىشلار مۇهاكىمە قىلىنىپ، قارار چىقىرىلغان.

دېمەك، يۇقىرىقىلاردىن بىلىۋېلىشقا بولىدۇكى، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئەمەلدارلىق تۈزۈمى ئاساسلىقى ئۆز ئەجدادلىرى قەدىمدە ئىشلىتىپ كەلگەن ئەمەل ـ مەنسەپ تۈزۈملىرىدىن، ئاز بىر قىسمى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى سۈي ـ تاڭ سۇلالىرىنىڭ

ئەمەل ـ مەنسەپ تۈزۈملىرىدىن، يەنە بىر قىسمى غەربىي يۇرت ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قېرىنداش مىللەت ھاكىمىيەتلىرىنىڭ ئەمەل ـ مەنسەپ تۈزۈملىرىدىن كەلگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئەمەلدارلىق سىستېمىسىنى تەتقىق قىلغاندا، مەڭگۈ تاشلاردىكى خاتىرىلەر بىلەن خەنزۇچە كلاسسىك ماتېرىياللاردىكى خاتىرىلەردىن بىرەرسىنىمۇ چەتكە قېقىۋەتمەي، ئۇلارنى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇپ، ئۆزئارا كەمتۈكلىرىنى تولۇقلاش، مۇشۇ ئاساستا ئەمەلدارلارنىڭ ۋەزىپىسى، ئورنى، رولى قاتارلىقلارنى ئىمكانقەدەر ئەينى دەۋر تەرەققىياتىغا ئۇيغۇن ھالدا شەرھلەپ بېرىش زۆرۈر. ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدىكى مۇھىمراق بولغان ئەمەل ـ مەنسەپلەر تۆۋەندىكىدەك:

قاغان: ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدا دۆلەتنىڭ ھەربىي، مەمۇ- رىي ئەڭ ئالىي ھۆكۈمرانى قاغان دەپ ئاتالغان. بۇ نام قەدىمدە موڭغۇلىيە ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىدا ياشىغان مىللەتلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىرى قوللانغان نام بولۇپ، «خەنزۇلاردىكى پادىشاھ ( 帝王 )، ھۇنلاردىكى تەڭرىقۇت ( 单于 ) دېگەن نام بىلەن ئوخشاش. شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ جيەنئەن يىللىرىدىكى (196 — 220 ـ يىللار) سىبىرلارنىڭ سابور خانى ھۆججەتلەردە خاتىرىلەنگەن ئەڭ بۇرۇنقى خان ھېسابلىنىدۇ. شىمالىي ۋېي پادى- شاھلىقىنىڭ دىڭگو يىللىرىدا (386 — 396 ـ يىللار) جۇرجان- لاردا قۇت خان ( 曷多汗 ) دېگەن بىرى بولغان، دىڭگو 9 ـ يىلى ۋە ئۇنىڭدىن سەل كېيىن قۇت خاننىڭ ئىنىسى سەللان چۇر تۇغ قاغان دەپ ئاتالغان، شۇنىڭدىن باشلاپ جۇرجانلارنىڭ پادىشاھلىرى بىردەك قاغان دېگەن نامدا ئاتالغان، شۇنىڭدىن كېيىن تۇرك، سىر ـ تاردۇش، ئۇيغۇر قاتارلىقلارنىڭ پادىشاھلىرىمۇ قاغان نامىدا ئاتالغان» (107) . ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇد كاشغەرى «خان، تۈركلەرنىڭ ئەڭ چوڭ پادىشاھى، ئافراسىياپنىڭ ئوغۇللىرىمۇ خان دېيىلىدۇ، ئافراسىياپنىڭ ئۆزى قاغان دېيىلىدۇ» (108) دەپ مە- لۇمات بېرىش ئارقىلىق، قاغان (ياكى خاقان) دېگەن نامنىڭ يىراق ئافراسىياپ دەۋرلىرىدىن تارتىپ داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ساپ تۈركىي سۆز ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەرگەن. ياپونىيىلىك

بەيىياۋ كۆجى، رۇسىيىلىك رادلوۋ قاتارلىقلار خان ۋە قاغان نامىلى-
رى ھەققىدە مەخسۇس توختىلىپ، خان دېگەن نامنىڭ قاغان
(ياكى خاقان) دېگەن نامدىن كېلىپ چىققانلىقىنى دەلىل-
لەپ بەرگەن (109). ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدا قاغان فېئودال
ئاقسۆڭەكلەرنىڭ، ھەرقايسى قەبىلە ئاقساقاللىرىنىڭ ئومۇمىي ۋە-
كىلى بولۇپ، ئۇ جەمەت ئاقساقىلى، دۆلەتنىڭ تۆۋرۈكى ۋە سىم-
ۋولى ئىدى، تەڭداشسىز ھوقۇق ۋە كۈچ - قۇدرەتكە ئىگە ئىدى،
خانلىق تېررىتورىيەسىدىكى بارلىق يەر، دەريا، يايلاقلار، چارۋىلار
ۋە ئاھالىلەر قاغاننىڭ ئىگىدارچىلىقىدا بولۇپ، «خاندانلىقنى تەش-
كىل قىلغان بارلىق قەبىلىلەر قاغانغا باج - سېلىق تاپشۇراتتى
ۋە ھەربىي مەجبۇرىيەتلەرنى ئۆتەيتتى. بارلىق بويسۇندۇرۇلغان
قەبىلىلەرنىڭ ھەممىسى قاغاننىڭ بېقىندى قەبىلىلىرى بولۇپ،
قاغان ۋالىي (شاد ۋە يابغۇ) لارنى ئەۋەتىپ ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن
ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزەتتى ھەمدە نازارەتچى بەگ (تۇتۇق) لەرنى
ئەۋەتىپ باج - سېلىق ئىشلىرى ۋە ھاكىمىيەت ئىشلىرىگە نازارەت-
چىلىك يۈرگۈزەتتى» (110). ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تە-
رەققىيات تارىخىدىن كۆزەتكەندە، ئون ئۇيغۇرلارغا تەۋە ياغلاقار
قەبىلىسى يولباشچى يادرو قەبىلە ھەم خان جەمەتى قەبىلىسى بو-
لۇپ، قاغانلار ئاساسەن مۇشۇ جەمەتتىن كېلىپ چىققان. تېخىمۇ
مۇھىمى، «ئۇيغۇر قاغانلىرى چوقۇم ياغلاقار ئۇرۇقىدىن كېلىپ
چىققاندىن سىرت، يەنە تەڭرىدىن يارالغان بولۇش، باتۇر، ئۇلۇغ
بولۇش ھەم دانا بولۇشتىن ئىبارەت ئۈچ مۇھىم شەرتنى ھازىرلىشى
زۆرۈر» (111) بولغان. «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى»
دىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، مىلادىيە 795 - يىلى قۇتلۇق قاغان
(795 — 805 - يىللار) تەختكە چىققاندىن كېيىن قاغانلىقتا
ۋارىسلىق قىلىش ھوقوقى بىر مەزگىل ئون ئۇيغۇرلارغا تەۋە
ئاتېئىز (ئادىز، ئاز) قەبىلىسىنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتكەن ئەھۋال-
لارمۇ بولغان، شۇڭا بەزى تەتقىقاتچىلار ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى-
نىڭ «قاغانلىرى ئايچۇردىن ئىلگىرى ياغلاقار ئۇرۇقىدىن كېلىپ
چىقاتتى. قۇتلۇقتىن كېيىن ئادىزلاردىن كېلىپ چىقىدىغان بول-
دى» دەپ قارىغان (112). لېكىن، يەنە بەزى تەتقىقاتچىلار ئور-

خۇن ئۇيغۇر خانلىقىدا ئاتىئېز (ئادىز) سۇلالىسىنىڭ قۇتلۇق قاغان ۋە ئۇنىڭ ئوغلى كۈلۈگ بىلگە قاغان (805 — 808 ـ يىللار) دىن ئىبارەت ئىككى قاغانىنىڭ دەۋرىنى باشتىن كەچۈرگەنلىكىنى، كۈلۈگ بىلگە قاغان ۋاپاتىدىن كېيىن ئادىز سۇلالىسى تاماملىنىپ، قاغانلىق تەختىگە يېڭىۋاشتىن ياغلاقار قەبىلىسىدىن بولغان ئاي تەڭرىدە قۇت بولمىش ئالىپ بىلگە قاغانىنىڭ چىققانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان (113). قاغانلىقتا ۋارىسلىق قىلىشتا يايلاق مىللەتلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى ئادىتىدىكى كەنجى ئوغۇل ۋارىسلىق قىلىش تۈزۈمى ئاساسلىق ئورۇندا تۇرغان، شۇنداقلا يەنە ئاكىسى ئۆلسە ئىنىسى ۋارىسلىق قىلىش، تۇنجى خوتۇندىن بولغان تۇنجى ئوغۇل ۋارىسلىق قىلىش تۈزۈملىرىمۇ يۈرگۈزۈلگەن. مەڭگۈ تاشلاردىكى خاتىرىلەردىن مەلۇمكى، ئۇيغۇر خانلىقىدا قاغانلىق (ياكى قاغان) ئۇقۇمى ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى دىنىي ئېتىقادلىرى بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ نەزىرىدە قاغان تەڭرىنىڭ ئوغلى، قۇياش بولسا تەڭرى ئوبرازىنىڭ ئەكس ئېتىشى ۋە شەكلەن كۆرۈنۈشى، تەڭرى (يەنى كۆك ئىلاھى) ھەممىدىن دانا، ھەممىگە قادىر، بارلىق ئىلاھلارنىڭ ئىلاھى، تەڭرىنىڭ ئوبرازى بولغان قۇياش ئالەمگە ئىللىقلىق، نۇر، ھۆل ـ يېغىن ئاتا قىلالايدۇ، شۇندىلا گۈزەل يايلاق ـ ئوتلاقلار بارلىققا كېلەلەيدۇ، قاغان تەڭرى ئىرادىسىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان بولۇپ، ئۇ قوۋم ۋە مىللەت بەختىنىڭ قوغدىغۇچىسى، قاغانلىق ھاكىمىيىتىنىڭ تەشكىللىگۈچىسى، دانا ـ بۆگۈسى دەپ قارالغان. شۇڭا، ئۇيغۇر قاغانلىرىنىڭ تەختكە ۋارىسلىق قىلىپ ھاكىمىيەت تاپشۇرۇۋېلىش مۇراسىملىرى ئۆزگىچە شەكىلدە، مۇئەييەن بىر تەرتىپ بويىچە ھەيۋەتلىك ئۆتكۈزۈلگەن، جۈملىدىن تەڭرىگە، يەر ـ سۇ تەڭرىسى بولغان ئوماي ئىلاھقا چوقۇنۇش، قۇياشقا بېقىپ توققۇز رەت ئايلىنىش، ئالتۇن تەختكە چىقىپ، قاغانلىق تاجىنى كىيىش بۇ خىل مۇراسىمنىڭ يادروسى ھېسابلانغان. ئۇيغۇر قاغانلىرىنىڭ دائىم «تەڭرىدە بولمىش ئەل تۇتمىش بىلگە قاغان»، «تەڭرىدە قۇت بولمىش ئەل تۇتمىش ئالىپ كۈلۈگ بىلگە قاغان» ۋە «تەڭرى ئىلىگ بۆگۈقاغان» دېگەندەك ناملاردا ئاتىلىشى بۇنىڭ ئىپادىسىدۇر.

رۇس تۈركولوگى كىلياشتورنى تەرىپلىگەندەك، ئورخۇن ئۇي- غۇر خانلىقىدا قاغان «ئالىي ھۆكۈمرانلا بولۇپ قالماستىن، يەنە باش قوماندان ئىدى. ھەربىي يۈرۈشلەردە قاغاننىڭ يېنىدا تولۇق قوراللانغان بىر تۈمەن ئەسكەر بولاتتى، بۇ ئەسكەرلەر ‹تۇرغاق› (قوغدىغۇچى) دېيىلەتتى، قاغان خەلققە كۆپ يولۇقاتتى، ئۇنىڭ ئەتراپىدا دائىم يارامىلىق مۇلازىملىرى ۋە خاس تۇرغاقلىرى بولات- تى، قاغان ئالتۇن تاج، ئالتۇن كەمەر تاقاپ، تاۋار ـ دۇردۇنلار- دىن تىكىلگەن كىيىم كىيىپ خەلققە كۆرۈنەتتى. خەلق قاغاننى كۆرگەندە تىز پۈكۈپ يۈكۈنەتتى، قاغاننىڭ ئېتىنى كۆرسىمۇ شۇن- داق قىلاتتى» . ئۇيغۇر قاغانلىرىنىڭ ئوردىسى قۇتلۇق ئالپ تومىد قاغان دەۋرىدىن باشلاپ ئۆتۈكەن تېغىنىڭ باغرىدا بولغان، چۈنكى ئۆتۈكەن موڭغۇلىيە ۋادىسىنىڭ ئوت ـ سۇلىرى مول مۇنبەت يايلاق رايونى بولۇپلا قالماستىن، يەنە ئۇيغۇر ئەجدادلىرىنىڭ كېلىپ ـ چىققان، گۈللەپ كۆكلىگەن ئانا ماكانى بولۇپ، ئۇلارنىڭ قارىشىدا بۇ جاي ئۆز ئۇرۇقى ۋە قوۋملىرىنى ئاپىرىدە قىلغان، بېقىپ ئۆستۈرگەن، بالايىئاپەتلەردىن ساقلاپ كەلگەن مۇقەددەس سەجدى- گاھ ماكان، تەڭرىلەر (ئىلاھلار) ماكانى ھېسابلانغان. شۇڭا، «كۆلتېكىن مەڭگۈ تېشى» دا: «تۈرك قاغانى ئۆتۈكەن تېغىدا ئول- تۇرۇۋەرسە، ئەلدە مۇڭ ـ قايغۇ بولمايدۇ» ، «ئۆتۈكەن تېغىدىن ياخشى جاي زادى يوق ئىكەن، ئەلنى ئىدارە قىلىدىغان يەر ئۆتۈكەن تېغى ئىكەن» (114) دېيىلگەن، «تېرخىن مەڭگۈ تېشى» دا: «مەن تەڭرىدىن بولغان ئەل ئەتمىش بىلگە قاغان (بىلەن) تەڭرىدىن بولغان ئەل بىلگە قاتۇن قاغان ۋە قاتۇن ئاتاقلىرىنى قوبۇل قىلىپ، شۇ چاغدا ئۆتۈكەننىڭ غەربىي چېتىدە، تەز دەرياسىنىڭ بېشىدا بارگاھ قۇرغۇزدۇم» ، «ئەجدىھا يىلى ئۆتۈكەن ئوتتۇرىسىدىكى سوڭۇر ـ باشقان مۇقەددەس چوققىسىنىڭ غەربىي تەرىپىدە يايلى- دىم، شۇ يەردە بارگاھ قۇرغۇزدۇم، سېپىل سوقتۇردۇم» ، «ياي- لىقىم ئۆتۈكەننىڭ غەربىي ئۇچىدا، تەز دەرياسىنىڭ بېشىنىڭ شەرقىدە، مەن شۇ يەردە تۇرارمەن، كۆچەرمەن» ، «ئۆزۈمنى قاغان، خوتۇنۇمنى قاتۇن دەپ ئاتاپ، بارگاھىمنى ئۆتۈكەننىڭ ئوتتۇرىسىدىكى سوڭۇر ـ باشقان مۇقەددەس چوققىسىنىڭ غەربىگە

قۇردۇم» دېيىلگەن: «جۇنامە» 50 ـ جىلد «تۈركلەر تەزكىرى-
سى» دە: «ئۆتۈكەن تېغىنىڭ غەربىگە 500 چاقىرىم كېلىدىغان
جايدا بىر ئېگىز تاغ چوققىسى بار. ئۇنىڭ ئۈستىدە ئوت ـ گىياھ
ئۈنمەيدۇ، كىشىلەر ئۇنى تەڭرى دەپ ئاتىشىدۇ» (115). دېيىل-
گەن، «يېڭى تاڭنامە. جۇغراپىيە تەزكىرىسى» دە ئۇيغۇر خانلىقى-
نىڭ پايتەختى بولغان ئوردا بالىق شەھىرىنىڭ شەرقى كەڭ كەتكەن
تۈزلەڭلىك ئىكەنلىكى، غەربىدە ئۆتۈكەن تېغى، جەنۇبىدا ئورخۇن
دەرياسى بارلىقى (116) خاتىرىلەنگەن. «قۇچۇ ئىدىقۇت خانلىرى-
نىڭ تۆھپە مەڭگۇ تېشى» دىكى خاتىرىلەردىن، جۇۋەينىنىڭ «تا-
رىخىي جاھانكۇشاي» دېگەن ئەسىرىدىكى مەلۇماتلاردىن ۋە يۈەن
سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئىلخانىيلار خانلىقىنىڭ تارىخچىسى راشىدىد-
نىڭ «جامىئۇل تاۋارىخ» دېگەن ئەسىرىدىكى بايانلاردىن قارىغاندى-
مۇ، ئۇيغۇرلار كېيىن غەربىي يۇرت ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۆز
ھاكىمىيەتلىرىنى بەرپا قىلغاندىن كېيىن ئۆزلىرىنىڭ ئەجدادلىرى-
نىڭ مۇقەددەس ئۆتۈكەن رايونىدىن كېلىپ چىققانلىقى، ئاۋۇغاد-
لىقى ۋە گۈللەنگەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالماي، ئۆتۈكەننى مۇقەددەس
جاي دەپ قاراپ تەسۋىرلەپ كەلگەن. ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى
دەۋرىدە ئۆتكەن تارىخچىلار ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ھالاك
بولۇش سەۋەبلىرىنى بايان قىلغاندا، «ئۇيغۇر ئېلىنىڭ ئوردىسىغا
يېقىن جايدا تەڭرى ئۆتۈكەن دەپ ئاتىلىدىغان بىر تاغ بار ئىكەن.
ئۇنىڭ مەنىسى تەڭرى ئىلاھى دېگەنلىك بولىدىكەن. جەنۇبىدا قۇت
تاغ دەيدىغان تاغ بولۇپ، ئۇنىڭ مەنىسى بەخت ـ سائادەت تېغى
دېگەنلىك بولىدىكەن»، «كېيىن تاڭ سۇلالىسى ئەلچىسى بىر
مۇنەججىم بىلەن بۇ ئەلگە كېلىپتۇ. ئۇلار ‹قارا قورۇم (ئۇيغۇر
ئېلىنىڭ ئوردىسى جايلاشقان يەر) نىڭ قۇدرەتلىك بولۇشى مۇشۇ
تاغ بىلەن مۇناسىۋەتلىك، مۇبادا مۇشۇ تاغنى گۇمۇرۇۋەتسەك،
ئۇلارنىڭ ئېلىمۇ تۈگىشەتتى› دېيىشىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار
تېكىنگە: ‹سىلەر بىلەن ئاللىقاچان قۇدا ـ باجا بولۇپ قالدۇق،
ئازراق ئىلتىجالىرىمىز بار ئىدى، سىلەرگە ئېيتساق بولارمۇ؟
قۇت تاغنىڭ تېشىنىڭ بۈيۈك ئېلىڭلەرگە نىسبەتەن قىممىتى يوق،
ئەكسىچە تاڭ سۇلالىسىدىكىلەرنىڭ ئۇنى كۆرۈۋېلىش ئىستەكلىرى

بار ئىدى، دەپتۇ، تېكىن شۇنىڭ بىلەن ئۇلارغا تاشنى بەرمەكچى
بولۇپتۇ، لېكىن تاش ناھايىتى چوڭ بولغانلىقتىن، ئۇنى ئورنىدىن
قوزغىتالماپتۇ. تاشلىقلار ئاۋۋال ئۇنى ئوتتا كۆيدۈرۈپ، ئاندىن
ئۈستىگە ناھايىتى قويۇق ئېچىتقۇ تۆكۈپتۇ. تاش پارچىلانغاندىن
كېيىن ئۇنى ھارۋىغا بېسىپ ئېلىپ كېتىپتۇ، بۇنىڭ بىلەن ئەلدى-
كى ئۇچار - قۇش، ھايۋاناتلار داد - پەرياد چېكىپ نالە قىلىشىپ-
تۇ. ئاردىن يەتتە كۈن ئۆتكەندە ئوغۇن تېكىن ( 玉伦的斤 )
ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، ئارقا - ئارقىدىن ئاپەت يۈز
بېرىپ، ئاۋام ساراسىمىگە چۈشۈپتۇ. قاغانلىق تەختىگە ۋارىسلىق
قىلغانلارمۇ ئارقا - ئارقىدىن ئۆلۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار يارغول-
غا (تۇرپان) كۆچۈپ كېلىشىپتۇ» (117) دەپ ھېكايە قىلىش ئار-
قىلىق، ئۆتۈكەن تېغىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ گۈللىنىشى ۋە ھالاك
بولۇشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىلاھى تاغ ئىكەنلىكىنى شەرھ-
لەشكەن. ئېلىمىزنىڭ يېقىنقى زامانىدا ئۆتكەن ئالىمى ۋاڭ گوۋېي
«گۇەنتاڭ توپلىمى» دېگەن ئەسىرىدە، ئوغۇن تېكىننى كۆل بۇيلا
(يەنى كۆل بىلگە) نىڭ دادىسى قۇشۇنى كۆرسىتىدۇ (118) دەپ
تەھقىقلىگەن.

**قاتۇن:** قاغاننىڭ ئايالى (يەنى خانىش) بولۇپ، ئۇنىڭ ئور-
نى ھۇنلاردىكى تەڭرىقۇتنىڭ ئالچىسى بىلەن تەڭ ئىدى، ھوقۇق
ۋە ئىمتىيازدا قاغاندىنلا كېيىن تۇراتتى، گەرچە مەخسۇس ئەمەل -
مەنسەپ تۇتمىسىمۇ، لېكىن مەخسۇس چېدىرلىرى، خاس مۇلازىم-
لىرى، دېدەك - چۆرىلىرى بولاتتى. ھەتتا دۆلەت ئىشلىرىغا
ئارىلىشىش، پەرمان چۈشۈرۈش ھوقۇقلىرى بولاتتى. «يېڭى تاڭ-
نامە. ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» دە: «بۇساتىنىڭ ئانىسى ئورقۇن قا-
تۇن ناھايىتى كەسكىن، تەدبىرلىك ئايال بولۇپ، قوۋملىرى ئىچىد-
دە يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنى كەسكىنلىك بىلەن تىنچىتاتتى، ئۇيغۇر-
لار شۇنىڭ ئۈچۈن قۇدرەت تاپقانىدى» (119) دېيىلگەن. بۇ خاتى-
رىدە قاتۇنلارنىڭ ئۇيغۇر خانلىقىدىكى ئورنىنىڭ يۇقىرىلىقىنى
كۆرسىتىپ بېرىدۇ، شۇنداقلا ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدا ماتېرىئار-
خاللىق تۈزۈمنىڭ ئەنئەنىلىرىنىڭ قىسمەن ساقلىنىپ قالغانلىقى-
نى، يەنە بۇرۇندىنلا ئانىلارنى ئۇلۇغلاش، ئاياللارنىڭ رولى ۋە

ئورنىنى ئېتىراپ قىلىش ئەنئەنىلىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى چۈشەندۈ-
رۈپ بېرىدۇ. ئورخۇن - يېنىسەي مەڭگۈ تاشلىرىدا قاتۇنلار (يەنى
ئانىلار) دائىم ئوماي ئىلاھىنىڭ يەر يۈزىدىكى ئوبرازى نامىدا تىلغا
ئېلىنىپ، تۈركىي خەلقلەر نەزىرىدىكى مۇقەددەس ئىلاھلار بولغان
يەر، سۇ ئىلاھلىرى بىلەن بىر قاتاردا كەلگەن. مەسىلەن، «كۆل-
تېكىن مەڭگۈ تېشى» دا: «ئومايدەك ئانام خانىشنىڭ دۆلىتىدە
ئىنىم كۆلتېكىن ئەر ئاتالدى» دېيىلگەن. چەت ئەل تەتقىقاتچىلى-
رىدىن مىلئورانسكى: «ئوماي — ئالتاي سارتلىرىنىڭ ( 邵尔人،
تۈركلەر) هازىرغىچە چوقۇنۇپ كېلىۋاتقان ئايال ئىلاھىسى، ئۇ
باللارنىڭ قوغدىغۇچى ئىلاھى دەپ قارىلىدۇ» دېسە، مەشهۇر رۇس
تۈركولوگى بارتولىد: «ئوماي — باللارنى قوغدىغۇچى ئايال ئىلا-
ھ» دېگەن. دېمەك، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە قاتۇنلار
ئوماي ئىلاھىنىڭ پانىي ئالەمدىكى سىيماسى هېسابلانغان. ئۇ
ئايالار ۋە باللارنى قوغدىغۇچى هۆكۈمران سۈپىتىدە خانلىقتا
يۇكسەك ئابرۇي ۋە ئىمتىيازغا ئىگە بولغان. روس تۈركولوگى
بېرنشتام: «قاتۇنلار ئانىلىق ئۇرۇقداشلىق جامەسى باسقۇچىدىكى
ئومۇميۈزلۈك ئانا جىنسقا چوقۇنۇش ئادىتىنىڭ نامايەندىسى ئىدى،
ئانىلىق ئۇرۇقداشلىق قارىشىنىڭ قالدۇقلىرى سۈپىتىدە، ئوماي
باللارنىڭ قوغدىغۇچى ئىلاھى دەپ قارىلاتتى، قاتۇنلارمۇ بىر ئائى-
لىنىڭ تۈۋرۈكى دەپ قارىلاتتى» (120) دېگەن. ماتېرىياللاردىن
قارىغاندا، قاتۇنلار ئادەتتە قاغانلار مەنسۇپ بولغان جەمەت ۋە قەبى-
لىدىن كېلىپ چىققاندىن سىرت، يەنە ئاتئېز، قارلۇق ۋە بۆگۈ
(بارغۇت) قاتارلىق كۈچلۈك قەبىلىلەردىنمۇ كېلىپ چىققان.

«يېڭى تاڭنامە. بۆگۈخۇەيئېننىڭ تەرجىمىهالى» دىكى مەلۇ-
ماتلاردىن قارىغاندا، مىلادىيە 758 - يىلى تاڭ سۇلالىسى پادىشاھى
تاڭ سۇزۇڭ (756 — 762 - يىللار) ئۆزىنىڭ كەنجى قىزى
نىڭگو مەلىكىنى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تەڭرىدە بولمىش
ئەل ئەتمىش بىلگە قاغانى مويۇنچۇرغا (747 — 759 - يىللار)
ياتلىق قىلغاندا، بۆگۈ خۇەيئېننىڭ قىزىنى ئۇنىڭ كىچىك ئوغلى
قۇتلۇق تارقان ئېل تېكىنگە ياتلىق قىلىپ بەرگەن. 759 - يىلى
ئېل تېكىن تەختكە ۋارىسلىق قىلىپ، تەڭرىدە قۇت بولمىش ئەل

توتمىش ئالپ كۈلۈگ بىلگە بۆگۈ قاغان (759 — 779 ـ يىللار) دەپ ئاتالغاندىن كېيىن، بۆگۈخۇەيئېننىڭ قىزىمۇ سابىق نۇرانە سۈيۈنگىل قاتۇن دەپ ئاتالغان، مىلادىيە 768 ـ يىلى سابىق نۇرانــە سۈيۈنگىل قاتــۇن ئالەمدىن ئۆتكەندە، تاڭ سۇلالىسى پادىشاھى تاڭ دەيزۇڭ (762 — 779 ـ يىللار) يەنە بۆگۈخۇەيئېننىڭ ئوردىدا ئۆسۈپ تەربىيىلەنگەن كەنجى قىزىنى ئۆزىنىڭ 10 ـ قىزى سۈپىتىدە چوڭخۇي مەلىكە ( 崇徽公主 ) دېگەن نام بىلەن بۆگۈ قاغانغا ياتلىق قىلىپ بەرگەن. يەنە «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» دە: «شۇ يىلى قاغان ئۆزىنىڭ كىچىك قاتۇنى يابغۇ قۇنچۇي ( 叶护公主 ) تەرىپىدىن زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈلدى، بۇ قاتۇن ئەسلىدە بۆگۈ خوەيئېننىڭ نەۋرە قىزى بولۇپ، بۆگۈ خوەيئېننىڭ ئوغلى ئەسلىدە ئۇيغۇرلاردا يابغۇ بولغاچقا، بۇ قىزنىڭ نامىمۇ يابغۇ قۇنچۇي دەپ ئاتالغان» (121) دېيىلگەن. يۇقىرىقىلاردىن ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدا قاتۇنلارنىڭ يۇكسەك ئىمتىيازى ۋە ھوقۇقى بولۇپلا قالماستىن ئۇلارنىڭ كېلىپ چىقىشىنىڭمۇ مۇئەييەن سىياسىي ئارقا كۆرۈنۈشى بارلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

**يابغۇ:** ھۇنلار، توخرىلار، ئۇيسۇنلار، كانگىيىلىكلەر قوللىنىپ كەلگەن ئەمەل ـ مەنسەپ بولۇپ، كۆكتۈرك خانلىقى ۋە ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرلىرىدە داۋاملىق يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلارغا بېرىلىدىغان ئەمەل ـ مەنسەپ بولغان. ليۇ يىڭشىڭ ئەپەندى: «توخرىلار جەنۇبقا كۆچۈپ ئولتۇراقلاشقاندىن كېيىن، تەخمىنــەن مىلادىيىدىن بۇرۇنقــى 95 ـ يىلىدىن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 70 ـ يىللارغىچە بولغان ئارىلىقتا بەش ئۇلۇسقا بۆلۈنگەن، ھەر بىر ئۇلۇسنىڭ بىردىن يابغۇ ئاتلىق يولباشچىسى بار ئىدى، يابغۇ — توخرىلار شەرقتىن ئېلىپ كەلگەن نام بولۇپ، مەنىسى يولباشچى دېگەنلىك ئىدى، ئۇنىڭ ئورنى پادىشاھتىن تۆۋەن تۇراتتى، ئۇسۇن، كانگىيەلەردىمۇ يابغۇ بار ئىدى، ئۇ كېيىنكى تۈركلەردىكى يابغۇ بىلەن ئوخشاش ئىدى» (122) دېگەن. ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدا يابغۇ قاغاندىن تۆۋەن ئورۇندا تۇرىدىغان، ئەمما بارلىق ھەربىي، مەمۇرىي ئەمەل ـ مەنسەپلەر ئىچىدە ئەڭ يۇقىرى ئورۇندا تۇرىدىغان ئەمەل بولۇپ، ئۇنىڭغا ئاساسەن قاغان-

نىڭ پەرزەنتلىرى ياكى ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى قويۇلاتتى. تارىخنا-
مىلەردە خاتىرىلىنىشىچە، كۆل بويلا قاغانلىق تەختكە ئولتۇرۇش-
تىن ئىلگىرى يابغۇ بولغان، مويۇنچۇر قاغان خانلىق تەختىگە
چىقىپ بىرلىككە كەلگەن فېئوداللىق دۆلەتنى شەكىللەندۈرگەندىن
كېيىن ئىككى ئوغلىغا شاد، يابغۇ نامىنى بېرىپ، ئۇلارنى تاردۇش
(خانلىق زېمىنىنىڭ غەربىي قىسمى) ۋە تۆلەس (خانلىق زېمىن-
نىڭ شەرقىي قىسمى) خەلقلىرىگە باش قىلغان (123) . مەھمۇد
كاشغەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا: «يابغۇ، ئاددىي خەلقتىن
بولۇپ، خاقاندىن ئىككى دەرىجە تۆۋەن تۇرىدىغان كىشىگە بېرىلى-
دىغان ئۇنۋان» (124) دەپ ئىزاھلىغان. بۇ يابغۇلۇققا ئاددىي خەلق-
تىن كېلىپ چىققان بىلىملىك، باتۇر كىشىلەرنىڭمۇ ئېرىشەلەيدى-
غانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدا ۋەلى-
ئەھدىلىككە كۆپرەك يابغۇلاردىن قويۇلاتتى، مەسىلەن، كۆل بىلگە
قاغان دەسلەپ ئۆزىگە ئىز باسار قىلىپ تۇنجى ئوغلى تاي بىلگە
تۇتۇقنى يابغۇ دەپ جاكارلىغان. بۇ ھەقتە مەڭگۇ تاش يادىكارلىقى-
دا: «تۇڭگۇز يىلى (745 ـ يىلى) دا تارمار قىلدىم ... تاي بىلگە
تۇتۇقنى يابغۇ دەپ ئاتىدى، كېيىن ئاتام قاغان قازا تاپتى» دېيىل-
گەن. 756 ـ يىلى تاڭ سۇلالىسىنىڭ تەلىپى بىلەن ئۆڭلۈك ـ
سۆيگۈن ئىسيانىنى تىنجىتىش ئۈچۈن قوشۇن باشلاپ بارغان مو-
يۇنچۇر قاغاننىڭ چوڭ ئوغلىمۇ يابغۇ دەپ ئاتالغان بولۇپ، ئۇ
ئۆڭلۈك ـ سۆيگۈن توپىلاڭىنى باستۇرۇپ، تاڭ سۇلالىسى ھاكى-
مىيىتىنى ساقلاپ قېلىش، تاڭ سۇلالىسى بىلەن ئورخۇن ئۇيغۇر
خانلىقىنىڭ ئىقتىساد، سودا ۋە سىياسىي ئىتتىپاقلىقىغا مۇستەھ-
كەم ئاساس سېلىشتا زور تۆھپە قوشقان، لېكىن كېيىن، دادىسى
مويۇنچۇر قاغانغا قارشى ئىسيان كۆتۈرگەچكە ئۆلتۈرۈلۈپ، ئىنى-
سى ئىدىكەن (ئىل تېكىن) ۋەلىئەھدى بولۇپ، قاغانلىققا ۋارىس-
لىق قىلغان. بۇ ھەقتە «يېڭى تاڭنامە» دە: «ۋەلىئەھدى يابغۇ
جىنايەت ئۆتكۈزۈپ ئۆلتۈرۈلگەنلىكتىن، ئىككىنچى ئوغلى ئىدى-
كەن (ئىل تېكىن) خانلىق تەختكە ۋارىسلىق قىلدى، ئۇنىڭ نامى
بۆگۈ قاغان دەپ ئاتالدى، ئۇنىڭ ئايالى بۆگۈ خۇەيئېنىنىڭ قىزى
ئىدى» (125) دېيىلگەن. بىر قىسىم غەرب تەتقىقاتچىلىرى، جۇم-

لىدىن تۈركىيىلىك پروفېسسور مۇھەررەم ئەرگىن ئۆز ئەسىرىدە: «يابغۇ تۈرك دۆلىتىنىڭ شەرقىي قىسمىنىڭ باش خانى ئىدى» (126) دەپ ئىزاھلىغان. ئەمما، «يېڭى تاڭنامە» دىكى مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدا ئوڭ ۋە سول يابغۇلار بولغان، ئۇلار ئوڭ ۋە سول شادلار بىلەن بىرلىكتە خانلىق زېمىنىنىڭ شەرقىي ۋە غەربىي قىسىملىرىدىكى ھەربىي ـ مەمۇرىي ئىشلارنى ئىدارە قىلغان. دېمەك، مەيلى «تاڭنامە» دە بولسۇن ياكى مويۇنـ چۇر مەڭگۈ تېشى، تەس مەڭگۈ تېشى ۋە تېرخىن مەڭگۈ تېشىدىكى مەلۇماتلاردا بولسۇن، يابغۇ ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدا قاغاندىن قالسىلا مەمۇرىي، ھەربىي ھوقۇقى ئەڭ يۇقىرى ئەمەل ـ مەنسەپ بولغان.

**شاد:** ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدا ئەڭ ئالىي ھەربىي قوماندانـ لارغا بېرىلىدىغان ئەمەل ـ مەنسەپ بولۇپ، «ئومۇمىي قامۇس. تۈركلەر تەزكىرىسى» دە: «باشقا قەبىلىلەرنىڭ لەشكەرلىرىگە قوـ ماندانلىق قىلىدىغانلار شاد دەپ ئاتىلاتتى» دېيىلگەن. شادنىڭ ئورنى يابغۇدىن بىر دەرىجە تۆۋەن ئورۇندا تۇراتتى. شادلارمۇ يابغۇلارغا ئوخشاش مەركىزىي ھاكىمىيەتتە يۇكسەك ھەربىي، مەـ مۇرىي ھوقۇقنى ئۆز قولىدا تۇتۇپ تۇرغۇچى بولۇپلا قالماستىن، يەنە خانلىق زېمىنىنىڭ بىر تەرىپىگە مەسئۇل ھەربىي باشلىق ئىدى. «مويۇنچۇر مەڭگۈ تېشى» دا: «ئىككى ئوغلۇمغا يابغۇ، شاد نامىنى بەردىم، (ئۇلارنى) تاردۇش، تۆلەس خەلقىگە (باش) قىلدىم، شۇنداق قىلىپ، يولۋاس يىلى (750 ـ يىلى) چىكلەرگە يۈرۈش قىلدىم، 2 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى كەم دەرياسىدا (ئۇلارنى) تارمار قىلدىم» (127) دېيىلگەن، «تەس مەڭگۈ تېشى» دا: «... (تەختكە) ئولتۇردى، ئۇنىڭ ئوغۇللىرىدىن (بىرى) تاردۇشـ لارغا يابغۇ، (يەنە بىرى) تۆلىسلەرگە شاد بولدى. خانىم ئەلنى باشقۇردى» (128) دېيىلگەن. بۇنىڭدىن بىلىنىپ تۇرۇپتۇكى، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدىكى شاد قاغاننىڭ يېقىن تۇغقانلىرىدىن بولۇپ، پەقەت قاغان ئۇرۇقىدىن بولغانلاردىن تەيىنلەنگەن. رۇس تەتقىقاتچىسى بېرنىشتام ئۆز ئەسىرىدە: «يابغۇ ۋە شادلار ھەمىشە مەلۇم قەبىلىلەرنىڭ باشلىقلىقىنى ئۆز ئۈستىگە ئالاتتى ھەم شۇ

ئارقىلىق بەگ ـ تۆزىلەردىن بولۇپ قالاتتى، يابغۇ بىلەن شاد ئۇرۇشنىڭ تەشكىللىگۇچىسى ھەم ئىستېلا قىلغان قەبىلىلەرنىڭ باشلىقلىرى ئىدى» ، «يابغۇ ۋە شادلار ھۆكۈمران ئۇرۇقلاردىن كېلىپ چىققان بولۇپ، ئىستىلا قىلىنغۇچى قەبىلىلەرنى باشقۇرىدىغان باشلىقلار ئىدى» ، «شادلارنىڭ ئاز ـ كۆپ بولۇشى ئادەتتە ئۇرۇش مەزگىلىدە قوشۇن قىلىپ تەشكىللەنگەن ئىستېلا قىلىنغان قەبىلىلەر سانى بويىچە بېكىتىلەتتى» (129) دەپ يازغان. مەڭگۇ تاشلاردىكى خاتىرىلەردىنمۇ بۇ نۇقتىنى ئېنىق كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. مەسىلەن، «كۆلتېكىن مەڭگۇ تېشى» دا كېيىنكى شەرق تۈرك قاغانلىقىنىڭ مەشھۇر قاغانى ئېلتەرىش قاغان (682 — 692 ـ يىللار) نىڭ تۈرك دۆلىتىنى قايتا قۇرۇش جەريانلىرىدا تولىس ۋە تاردۇش خەلقلىرىنى تەشكىللەپ، ئەجداد قانۇنى بويىچە ئۇلارغا يابغۇ ۋە شادلارنى تەيىنلەپ ئۇلارنى ئىدارە قىلغانلىقى بايان قىلىنىپ، «ئاتام خاقان ئاتا ـ بوۋامنىڭ قانۇن ـ تۈزۈملىرى بويىچە دۆلىتىدىن، خاقانىدىن ئايرىلغان خەلقلەرنى، دېدەككە ئايلانغان، قۇل بولغان خەلقلەرنى تەشكىللەپتۇ ۋە تەربىيىلەپتۇ، ھەممە ئۇلارنىڭ باشلىقلىرىغا يابغۇ ۋە شاد (ئۇنۋانىنى) بېرىپتۇ» (130) دەپ خاتىرىلىگەن. لېكىن، شۇنىڭغىمۇ دىققەت قىلىش كېرەككى، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى تەرەققىي قىلىۋاتقان فېئوداللىق جەمئىيەت بولۇپ، فېئوداللىق جەمئىيەتتە ھەر دەرىجىلىك فېئودال ئەمەلدارلار فېئودال سىنىپ ۋە فېئودال ھاكىمىيەتنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلغۇچى ئۇرۇق ياكى جەمەتلەردىن كېلىپ چىقاتتى، شۇڭا ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدىكى شادلارمۇ يابغۇلارغا ئوخشاشلا قاغان جەمەتىدىن ياكى قاغان جەمەتىگە يېقىن باشقا ئۇرۇق ـ قەبىلىلەرنىڭ فېئودال ئاقسۆڭەكلىرىدىن تاللاپ قويۇلغان، ئۇلار خانلىق مەركىزىي ھاكىمىيىتىگە ۋاكالىتەن ئۇرۇشلاردا قوشۇنلارغا قوماندانلىق قىلغان، يەرلىكتە قەبىلىلەرنىڭ باشلىقلىق ۋەزىپىلىرىنى ئۆتىگەن، يەنى خانلىقنىڭ يەرلىك تەشكىلاتلىرى بولغان يېزا جامائەلىرىنىڭ بىۋاسىتە ئىدارە قىلغۇچى باشلىقلىرى بولغان، بەزى تەتقىقاتچىلار شاد سۆزىنى پارسلاردىكى شاھ سۆزىدىن كېلىپ چىققان، مەنىسى پادىشاھ، شاھ دېگەنلىك بولىدۇ، دەپمۇ قارايدۇ.

ئورخۇن مەڭگۈ تاشلىرىدىكى خاتىرىلەردىن ۋە «تاڭنامە» دىكى خاتىرىلەردىن قارىغاندا، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئاپپاراتلىرى ئىچىدە خۇددى ئوڭ قول يابغۇ، سول قول يابغۇ بولغىنىغا ئوخشاش ئوڭ قول شاد، سول قول شادمۇ بولغان. ئوڭ قول شاد، سول قول شاد ئېھتىمال بەزى تەتقىقاتچىلار ئېيتقاندەك ھۇنلاردىكى ئوڭ قول بىلىكخان، سول قول بىلىكخاندىن كېلىپ چىققان بولۇشى مۇمكىن.

**تېكىن:** قاغان ئوغۇللىرى تېكىن دەپ ئاتالغان بولۇپ، بۇ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى سولالىلەردىكى «شاھزادە» ( 亲王 ) بىلەن ئوخشاش ئىدى. تارىخىي ھۆججەتلەردىن قارىغاندا، تېكىنلەرنىڭ ئورنى شادلار بىلەن تەڭ بولغان، بىراق تېكىنلەر مەلۇم قەبىلە، ئۇرۇقلارغا مەسئۇل بولغان، مەخسۇس ھەربىي قوشۇنلارنى ئۆز قولىدا تۇتۇپ تۇرمىغان، مەرتىۋە، ئورۇن جەھەتلەردە يابغۇدىن بىر دەرىجە تۆۋەنرەك تۇرغان، لېكىن تېكىنلىك مەرتىۋىسىگە پەقەتلا قاغانلارنىڭ پەرزەنتلىرى ئېرىشەلىگەن. تېكىن ئىككى خىل مەنىنى كۆرسىتىدىغان بولۇپ، بىرسى قاغان پەرزەنتلىرىنى كۆرسەتسە، يەنە بىرسى تېكىنلىك مەرتىۋىسىگە ئېرىشكەنلەرنى كۆرسىتەتتى. ئورخۇن - يېنسەي مەڭگۈ تاش يادىكارلىقلىرىدىن ۋە تاڭنامىلەردىكى خاتىرىلەردىن قارىغاندا، بۇ سۆز تۈرك - ئۇيغۇر تىلىدىن كېلىپ چىققان قەدىمكى سۆز بولۇپ، مەھمۇد كاشغەرى: «تېكىن، بۇ سۆزنىڭ ئەسلى مەنىسى قۇل دېمەكتۇر، شۇنىڭدىن ئېلىنىپ، قەھرىمان قۇل ( alp tagin ) ، ئايغى ياراشقان قۇل ( Kutluσ tagin ) دېيىلىدۇ، كېيىن بۇ سۆز پەقەت قاغان ئائىلىسىنىڭ باللىرىغىلا خاس بولۇپ قالغان، كېيىنچە بۇ سۆز بىرەر يىرتقۇچ ھايۋاننىڭ نامى ياكى شۇنداق سۆز بىلەن بىرلىكتە ئىشلىتىلىدىغان بولدى. مەسىلەن، qaσri tagin — قارچىغا تېكىن، kuq tagin — كۆچلۈك تېكىن دېگەنگە ئوخشاش» دەپ مەلۇمات بەرگەن. مەھمۇد كاشغەرى يەنە بۇ سۆزنىڭ يىراق دەۋرلەردىكى تۈرك - ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ قاغانى ئافراسىياپ دەۋرىدىن تارتىپ داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان نام ئىكەنلىكىنى يورۇتۇپ بېرىش مەقسىتىدە: «بۇ سۆزنىڭ ئافراسىياپ ئوغۇللىرىغا قانداق كۆچكەنلىكىگە

كەلسەك، ئۇلار ئۆز ئاتىسىنى كۆپ ھۆرمەتلەپ، ناھايىتى چوڭ كۆرەتتى ۋە شۇنىڭ ئۈچۈن بىرەر ئىشتا ئاتىسىغا مۇراجىئەت قىلسا ياكى خەت يازسا، ئۆزلىرىنى تۆۋەن تۇتۇپ ،قۇلىڭىز پالانى مۇنداق قىلدى، قۇلىڭىز پۇكۇنى ئۇنداق قىلدى»، دەيتتى، كېيىنچە بۇ سۆز ئۇلارغا ئات بولۇپ قالدى. باشقا قۇللاردىن ئۇلارنىڭ ئېتىنى پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن، بۇ سۆزگە يەنە بىرەر سۆز قوشۇپ ئىشلىتىلىدىغان بولدى» (131) دەپ ئىزاھلىغان. ئورخۇن ئۇيغۇر خاندانلىقىدا قاغانلىق تەختىگە ۋارىسلىق قىلغۇچىلار يابغۇدىن قالسىلا تېكىنلەر بولغان. مەسىلەن، مىلادىيە 759 - يىلى مويۇنچۇر قاغاننىڭ ئورنىغا چىققان تەڭرى قاغان مويۇنچۇرنىڭ ئىككىنچى ئوغلى بولۇپ، ئېل تېكىن دەپ ئاتىلاتتى، ئاكىسى قۇتلۇق بىلگە ئەسلىدە يابغۇلۇق مەرتىۋىسىگە ئېرىشكەن ۋەلىئەھدى ئىدى، لېكىن ئۇ دۆلەت ئالدىدا چوڭ گۇناھ ئۆتكۈزگەنلىكتىن ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان، شۇڭا مويۇنچۇر قاغان ۋاپات بولغاندا ئېل تېكىن قاغانلىق تەختىگە چىقىپ تەڭرى قاغان، بۆگۈ قاغان ناملىرىدا ئاتالغان. ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ پۈتۈن تارىخىنى تەپسىلىي كۆزەتكەندە، تېكىنلەردىن قاغانلىق تەختىگە چىققۇچىلار خاندانلىقنىڭ ئاخىرقى ۋاقىتلىرىدا بىرقەدەر كۆپرەك بولغان. مەسىلەن، مىلادىيە 824 - يىلى ھازار تېكىن (قازار تېكىن ياكى خازار تېكىن) تەختكە چىقىپ، ئاي (كۈن) تەڭرىدە قۇت بولمىش ئالپ بىلگە قاغان (824 — 832 - يىللار) دەپ ئاتالغان. مىلادىيە 832- يىلى ھازار تېكىن قول ئاستىدىكىلەر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەندە، ئورنىغا ئوغلى قۇت تېكىن چىقىپ، ئاي تەڭرىدە قۇت بولمىش ئالپ كۈلۈگ بىلگە قاغان (832 — 839 - يىللار) دەپ ئاتالغان. مىلادىيە 839 - يىلى قۇت تېكىن ئوردىدا يۈز بەرگەن ھەربىي ئۆزگىرىشنىڭ قۇربانى بولغاندىن كېيىن، ئورنىغا قۇۋۇ تېكىن (كىچىك تېكىن ياكى قوزا تېكىن) قاغان بولۇپ، قۇشۇۋۇشات قاغان (839 — 840 - يىللار) دەپ ئاتالغان. مىلادىيە 841- يىلى جەنۇبقا كۆچكەن ئۇيغۇرلارنىڭ 13 قەبىلىسى قۇشۇۋۇشات قاغان ئۆلگەندىن كېيىن ئورنىغا ئۇگە تېكىننى قاغان قىلىپ تىكلەپ، ئۇگە قاغان ( ياكى ئۇكا قاغان 841 — 845 - يىللار)

دەپ ئاتىغان. مىلادىيە 846 ـ يىلى ئۇگە قاغان ئۆلگەندە ئورنىغا ئۇنىڭ ئىنىسى ئۇكىنىبىر تېكىن چىقىپ، تارىختا ئۇكىنىبىر قاغان (ياكى ئېنەن قاغان، 846 — 848 ـ يىللار) دەپ ئاتالغان.

**ئېلتەبىر:** خانلىققا تەۋە بولغان، نوپۇسى كۆپرەك ۋە ئىگىلىگەن زېمىن دائىرىسى بىرقەدەر چوڭراق قېرىنداش قەبىلە ئاقساقاللىرىغا ياكى بويسۇندۇرۇلغان چوڭراق قەبىلە ـ ئۇلۇسلارنىڭ ئاقساقاللىرىغا بېرىلىدىغان ئەمەل بولۇپ، ئۇلار قاغانلىقنىڭ يەرلىك ھەربىي، مەمۇرىي ئەمەلدارى ھېسابلىنىپ، ئوردا كېڭەشكە قاتنىشىش سالاھىيىتىگە ئىگە بولغان. ئېلتەبىر دېگەن ئەمەل نامى كۆكتۈرك خانلىقى دەۋرىدىلا مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن بولۇپ، كۆكتۈرك قاغانلىرى قاغانلىققا تەۋە بولغان ياكى بويسۇندۇرۇلغان بىر قىسىم قەبىلە ئاقساقاللىرىغا ئېلتەبىر ئەمىلىنى بېرىپ، ئۇلارنىڭ بىرقەدەر ئەركىن ھالدا ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىشىغا يول قويغان. «سۇينامە. تۈركلەر تەزكىرىسى» دە: «ئەمەلدارلاردىن ئېلتەبىر، ياغۇندا قاتارلىقلار بولۇپ، ئۇلار دۆلەت ئىشلىرىنى كېڭەشىشكە قاتناشتۇرۇلاتتى» دېيىلگەن، مەڭگۈ تاش يادىكارلىقلىرىدىن «بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى» دا: «ئۇيغۇر ئېلتەبىر يۈزچە ئەر بىلەن شەرققە قېچىپ كەتتى، تۈرك خەلقى ئاچ ئىدى، مەن ئۇلارنىڭ يىلقىلىرىنى قولغا چۈشۈرۈپ، تۈرك خەلقىنى باقتىم»، «جەنۇبتىكى قارلۇق خەلقىگە يۈرۈش قىلىش ئۈچۈن يامتار تۇدۇننى ئەۋەتتىم. ئۇ باردى ··· قارلۇق ئېلتەبىر يوقىلىپتىمىش» (132) دېيىلگەن. بۇ ماتېرىياللار بىزگە كۆكتۈرك خانلىقى دەۋرىدە ئۇيغۇر، قارلۇق قاتارلىق كۆكتۈرك خانلىقىدىن نىسبىي مۇستەقىل ياشايدىغان قەبىلە ئاقساقاللىرىنىڭ ئېلتەبىر مەنسىپىنى قوبۇل قىلغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. تارىخنامىلەردە خاتىرىلىنىشىچە، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى تومىد ئۇيغۇرلارنىڭ ئېلتەبىرى ئاتالغان (يەنە ئالپ ئېلتەبىر دەپمۇ ئاتالغان). «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» دىكى مەلۇماتلاردىن قارىغاندىمۇ، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى كۆكتۈرك خانلىقىنىڭ سىياسىي تۈزۈملىرىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئۆز تەۋەسىدىكى بىرقەدەر چوڭراق قەبىلىلەرنىڭ ئاقساقاللىرىغا، يەنى قۇن (ھۇن)،

تۇڭرا، بايىرقۇ، قىرغىز، دولانغۇت قاتارلىق قەبىلىلەرنىڭ ئاقسا-
قاللىرىغا ئېلتەبىر ياكى ئۇلۇغ ئېلتەبىر ئەمىلىنى بەرگەن، بۇ
ئېلتەبىرلەر ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىرىنىڭ يەرلىك مەمۇرىي ئەمەل-
دارلىرى، ئۆز قەبىلىسىنىڭ ھۆكۈمرانى سۈپىتىدە ئۆز قەبىلىسى-
نىڭ ئىچكى ئىشلىرىنى ئىدارە قىلىش، باج - سېلىق يىغىپ
خانلىققا تاپشۇرۇش، ئۇرۇش مەزگىللىرىدە خانلىق ئۈچۈن ئۆز
قەبىلىسىدىن قوشۇن تەشكىللەپ ھەربىي يۈرۈشلەرگە قاتنىشىش
قاتارلىق مەجبۇرىيەتلەرنى يۈرگۈزگەن.

**ئېركىن:** بىرقەدەر تۆۋەن دەرىجىلىك مەنسەپ بولۇپ، ئادەت-
تە قەبىلە باشلىقلىرى بۇ مەنسەپكە نائىل بولغان. بۇ مەنسەپ نامى
خەنزۇچە تارىخىي ھۆججەتلەردە ئەڭ دەسلەپ جەنۇبىي ۋە شىمالىي
سۇلالىلەر دەۋرىدىكى «جەنۇبىي چىننامە» دە ئۇچرايدۇ. مىلادىيە
6 — 7 - ئەسىرلەردىكى توققۇز ئوغۇز ( 九姓铁勒 ) قەبىلىلە-
رىنىڭ باشلىقلىرى ئاساسەن ئېركىن دەپ ئاتالغان. كۆكتۈرك
خانلىقى دەۋرىدە خانلىققا تەۋە قەبىلىلەرنىڭ ئاقساقاللىرىغا كۆپىنچە
مۇشۇ ئېركىن دېگەن مەنسەپ بېرىلگەن. «سۈينامە. تېلىلار تەز-
كىرىسى» دە: «تېلىلارنىڭ ئەجدادلىرى ھۇنلارنىڭ كېيىنكى ئەۋ-
لادلىرى بولۇپ، ئۇرۇق، قەبىلىسى ئىنتايىن كۆپ ئىدى، غەربىي
دېڭىزنىڭ شەرقىدىن تارتىپ تاغ - جىلغىلارنى بويلاپ ئورۇنلاشق-
ان بولۇپ، تۇغلا دەرياسىنىڭ شىمالىدا بۆگۈ (بارغۇت)، تۇڭ-
را، ئۇيغۇر، بايىرقۇ، پۇۋۇرغۇر (بۆركلى) لار بار ئىدى، ئۇلار
ئېركىن دەپ ئاتىلاتتى» (133) دېيىلگەن. بۇ كۆكتۈرك خانلىقىدا
تېلى قەبىلىلىرى باشلىقلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك تۈرك خانلى-
قىنىڭ ئېركىنلىرى ئىكەنلىكى، ئېركىن تۆۋەن دەرىجىدىكى
(ئېلتەبىردىن تۆۋەن) يەرلىك مەمۇرىي ئەمەل ئىكەنلىكىنى كۆر-
سىتىپ بېرىدۇ. ئىككى «تاڭنامە» دە خاتىرىلىنىشىچە، ئورخۇن
ئۇيغۇرلىرىنى ئەڭ بۇرۇن بىرلەشتۈرگەن كىشى ئېركىن مەنسىپى-
دىكى تېكىن ئېركىن ئىدى. مەھمۇد كاشغەرى «تۈركىي تىللار
دىۋانى» دا: «ئېركىن سۆ — يىغىندا سۇدۇر، ھەر بىر توپلانغان
نەرسىگىمۇ ئېركىن سۆزى ئىشلىتىلىدۇ، قارلۇقلارنىڭ چوڭلىرى-
نى كۆل ئېركىن دېيىشىمۇ مۇشۇ سۆزدىن كەلگەن. بۇ ئەقلى

كۆلدەك تولغان (ئادەم) دېگەن بولىدۇ» (134) دەپ ئىزاھلىغان. كونا ۋە يېڭى تاڭنامىلەردىكى مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە بىرقەدەر كىچىكرەك قەبىلە ئاقساقاللىرىغا ئېركىن ئەمىلى بېرىلگەن، مەسىلەن، قورىقان، ئاقشىد، توباس (تۇۋا)، قىرغىز، مىلى (弥列)، گېيئېجى (哥饿支) قاتارلىق قارام قەبىلە ئاقساقاللىرى ئېركىن دەپ ئاتالغان. ئەگەر ئېركىن ئەمىلى بېرىلگەن قەبىلىلەر ئاقساقاللىرى كېيىن قەبىلىسى كۆچىيىپ، نوپۇسى ئاشسا، ئۇلارنىڭ دەرىجىسى بىر دەرىجە كۆتۈرۈلۈپ ئېلتەبىر ياكى ئۇلۇغ ئېلتەبىر مەنسەپلىرى بېرىلگەن. ئېركىنلەر ئېلتەبىرلەرگە ئوخشاش ئۆز قەبىلىسىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىنى باشقۇرغان، بەزىدە خانلىق ئىشلىرىنى كېڭىشىشكە قاتناشقان.

**تۇتۇق:** (ياكى نازارەتچى بەگ): ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قارام قەبىلىلەرگە ئەۋەتكەن ۋەكىلى ۋە ھۆكۈمرانى بولۇپ، ئۇلار ئاساسلىقى خانلىقتا ۋاكالىتەن قارام قەبىلە ۋە ئۇلۇسلار ئۈستىدىن نازارەتچىلىك قىلغان، ئەمىلى ھوقۇقى ناھايىتى چوڭ بولغان. تۇتۇقلار ئادەتتە قاغان جەمەتىدىن ياكى ئون ئۇيغۇر ئاقسۆڭەكلىرىدىن تەيىنلەنگەن، مەنسىپى بالىلىرىغا مىراس قالغان، تۇتۇقلار ئۆزلىرى نازارەتچىلىك يۈرگۈزۈۋاتقان قەبىلە، ئۇلۇسلارنىڭ ئۆز قەرەلىدە خانلىققا باج - سېلىق تاپشۇرۇشى ۋە ئۇرۇش مەزگىللىرىدە خانىدانلىق ئۈچۈن ئوزۇق - تۈلۈك، ماددىي ئەشيالارنى توپلاپ، قوشۇن تەشكىللەپ زۆرۈر بولغان مەجبۇرىيەتلەرنى ئادا قىلىشىغا ھەيدەكچىلىك قىلغان. ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىدىن كۆزەتكەندە، خانلىق تەرىپىدىن ئىستېلا قىلىنغان ياكى بويسۇندۇرۇلغان مىللەت ۋە ھاكىمىيەتلەر پەقەتلا ئۇيغۇر خانلىقىغا ئىتائەت قىلسىلا، ئۇيغۇرلار ئۇلارنىڭ ئەسلىدىكى ھۆكۈمرانلىق شەكلىنى ساقلاپ قېلىپ، پەقەت قاغان ئۆزىنىڭ بىر نەپەر يېقىن ۋەكىلىنى ئەۋەتىپ، ئۇلارنىڭ سىياسىي ۋە ھەربىي ئىشلىرىنى نازارەت قىلىپ باج - سېلىق يىغقان. ئورخۇن - يېنسەي مەڭگۈ تاش يادىكارلىقلىرىدىن «مويۇنچۇر قاغان مەڭگۈ تېشى» دا: «بولچۇ دەرياسىدا ئۈچ قارلۇقلارنى تارمار قىلدىم، ئۇ يەردىن قايتىپ كەلدىم، مېنىڭ مىڭ ئادىمىم چىك خەلقىنى سۇ-

رۇپ كەلدى ... چىك خەلقىگە تۇتۇق ئەۋەتتىم» (135) دېگەن خاتىرە قالدۇرۇلغان، قەدىمكى خەنزۇچە ماتېرىياللاردىن «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئۇمۇمىي ئۆرنەكلەر» دە: «ئىلگىرى قۇمۇق (奚)، قىتان (契丹) لار ئۇيغۇرلارغا تەۋە بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا ياشايتتى، ئۇلارنىڭ ئۈستىدە مەخسۇس ئەۋەتىلگەن نازارەتچى بەگلەر بولۇپ، ئۇلار يىللىق باج - سېلىق يىغىش ئىشلىرىغا نازارەتچىلىك قىلاتتى» (136) دېيىلگەن. بۇ ئىلگىرى قىتان ۋە تاتارلارنىڭ ئۇيغۇرلارغا قارام ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن تۇتۇقلار تەرىپىدىن ئىدارە قىلىنغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. تارىخشۇناس چىيەن بۇچۇەن ئەپەندى ئۇيغۇرلارنىڭ غەربىي تەرەپ زېمىنىدىكى ھەرقايسى قەبىلە، ئۇلۇسلارغا قوللانغان سىياسىتىنى تەھلىل قىلىپ: «ئۇيغۇر خانلىقى غەربىي رايوندا ئوخشاش بولمىغان سىياسەتنى يۈرگۈزدى، پامىرنىڭ غەربىدىكى پەرغانە قاتارلىق رايونلارغا نىسبەتەن ئەسلىدىكى ھۆكۈمرانىنى ساقلاپ قېلىپ، پەقەت نازارەتچى ئەۋەتىپ باج - سېلىق يىغىشقا نازارەتچىلىك ۋە ھەيدەكچىلىك قىلدى، پامىرنىڭ شەرقىدىكى خوتەن، قەشقەر، كۇسەن، ئاگنى قاتارلىق جايلارنىڭ خان جەمەتلىرى تىبەتلەرنىڭ تەسىرىگە بىرقەدەر چوڭقۇر ئۇچرىغاچقا، ئۇيغۇر قاغانلىرى بۇ خان جەمەتلىرىنىڭ ۋارىسلىق ھۆكۈمرانلىقىنى بىردەك ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئۆزىنىڭ يېقىن پەرزەنتلىرىنى تارقان قىلىپ ئەۋەتىپ، ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن ئايرىم ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزدى، شۇڭا ئۇدۇننىڭ ۋىسارا خان جەمەتى ئۇيغۇر خانلىقى مۇنقەرز بولغاندىن كېيىن خانلىق ھاكىمىيىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈۋالغاندىن باشقا، قەشقەرنىڭ بۇيلا جەمەتى، كۇسەننىڭ سۇۋارنا جەمەتى، ئاگنىنىڭ لوم جەمەتى شۇنىڭدىن باشلاپ تارىختىن مەڭگۈ غايىب بولدى» (137) دەپ يازغان. بۇنىڭدىن قارىغاندا، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ھەرقايسى قارام ئۇلۇس ۋە قەبىلىلەر ئۈستىگە ئەۋەتكەن تۇتۇقلىرى مەركىزىي ھۆكۈمەتكە ۋاكالىتەن ھوقۇق يۈرگۈزۈدىغان يەرلىك يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلاردىن بولۇپ، ئۇلار بەزى قەبىلىلەردە كېيىنچە قەبىلە باشلىقىنىڭ ئورنىنى ئېلىپ قالغان، يەنە بەزى سىياسىي، ئىقتىسادىي

ئورنى بىرقەدەر يۇقىرى، نىسپىي مۇستەقىللىقىنى ساقلىغان قەبىـ
لە - ئۇلۇسلاردا پەقەتلا باج - سېلىق تاپشۇرۇشقا ھەيدەكچىلىك، نازارەتچىلىك قىلىش بىلەنلا چەكلىنىپ، ئۇلارنىڭ ئىچكى ئىشلىـ
رىغا ئارىلىشالمىغان.

**تارقان:** ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدىكى بىر يۇكسەك ئۇنۋان بولۇپ، مەھمۇد كاشغەرى: «تارقان ئىسلامىيەتتىن ئاۋال بەگ مەنسىدىكى بىر مەنسەپ نامى ئىدى» (138) دەپ چۈشەندۈرگەن. فرانسىيىلىك شەرقشۇناس خامىلتون ئەپەندى تارقاننى تۈركلەردىكى ئەڭ يۇقىرى ئەمەل - مەنسەپ نامى ئىدى، دېگەن. ياڭ شىڭمىن ئەپەندى: «تارقان دېگەن ئاتالغۇ ئېھتىمال خەنزۇ تىلىدىكى داگۇەن ( 达官 ) دېگەن سۆزدىن كەلگەن بولۇشى مۇمكىن. لېكىن، ئۇ تۈرك تىلىدىن ئاھاڭ بويىچە خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىنغاندا تارقان ( 达干 ) بولۇپ قالغان. تارقاننىڭ ئورنى خېلىلا يۇقىرى بولۇپ، ئۇ سانغۇن بىلەن تەڭ ياكى ئۇنىڭدىن ئۈستۈن تۇرغان» (139) دەپ قارىغان. تاڭنامىلەردىكى خاتىرىلەردىن قارىـ
غاندا، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدا تارقانلارنىڭ رولى ۋە ئورنى بىرقەدەر مۇھىم بولۇپ، بەزىدە رولى ۋەزىر دەرىجىسىگىمۇ يېتىپ بارغان، بولۇپمۇ ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن قوشنا ئەللەر ئوتتۇرىسىدىكى سىياسىي، ئىقتىسادى ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئىشلار تارقانلار ئارقىلىق ئورۇندالغان. شۇڭا، تارقانلار ئۇرۇش ۋاقتىدا ھەربىي قوشۇن باشلاپ قوشۇن قوماندانى بولسا، تىنچ ۋاقىتلاردا دىپلوماتىيە ئىشلىرىغا مەسئۇل بولغان. كونا ۋە يېڭى تاڭنامىدىكى خاتىرىلەردىن قارىغاندا، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى بىـ
لەن تاڭ سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدىكى دىپلوماتىيە ئىشلىرىغا ئاساسەن دېگۈدەك تارقانلار رىياسەتچىلىك قىلغان. مەسىلەن، «يېڭى تاڭنا-
مە، ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» دە خاتىرىلىنىشىچە، مىلادىيە 745 - يىلى كۆل بىلگە قاغان ئۆزىنىڭ كېيىنكى شەرقىي تۈركلەرنىڭ ئاخىرقى قاغانى بولمىش قاغاننى ئۆلتۈرگەنلىكىنى تاڭ سۇلالىسىگە ئۇقتۇرۇش ئۈچۈن تۇنچۇرلا تارقاننى ( 顿啜罗达干 ) چاڭئەنگە ئەۋەتكەن، مىلادى 759 - يىلى مويۇنچۇر قارا قاغاننىڭ ئورنىغا تەختكە چىققان ئېل تېكىن (تەڭرى قاغان، 760 — 779 -

يىللار) تاڭ سۇلالىسىگە قۇدىلىشىش ئىشىنى بېجىرىش ئۈچۈن ئەل-
چىلەر ئۆمىكى ئەۋەتكەندە، كۇلۇگ باغا تارقاننى ( 俱禄莫贺达干 )
مەسئۇل قىلىپ ئەۋەتكەن. ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى قارام قەبىلە،
ئۇلۇسلارغا تۇتۇق ئەۋەتىشتىن سىرت، يەنە ئۇلار بىلەن مەركىزىي
هۆكۈمەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە دائىر مەسىلىلەرنى ھەل
قىلىشقا تارقانلارنىمۇ ئەۋەتكەن. مەسىلەن، «مويۇنچۇر مەڭگۈ تې-
شى» دا: «چىك خەلقىگە تۇتۇق ئەۋەتتىم ۋە ئىشپارا ھەم تارقانلار-
نى ئەۋەتتىم» دېيىلگەن.

چۇر: ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدىكى ھەربىي مەنسەپ بولۇپ، بۇ مەنسەپكە كۆپىنچە قاغان جەمەتىدىكىلەر تەيىنلەنگەن. چۇرلار بەزىدە قاغانغا ۋاكالىتەن خانلىققا تەۋە مەلۇم قەبىلە ۋە ئۇلۇسلارغى-مۇ رەھبەرلىك قىلغان (140) . مەسىلەن، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلى-قىنىڭ مىلادىيە 747 ـ يىلىدىن مىلادىيە 759 ـ يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان مەشھۇر قاغانى تەڭرىدە بولمىش ئەل ئەتمىش بىلگە قاغاننىڭ ئەسلى ئىسمى مويۇنچۇر (ياكى بايانچۇر) بولۇپ، تەتقى-قاتچىلار مويۇن (ياكى بايان) باي، باياشات، بەخت دېگەن مەنىدە، چۇر تۈرك ۋە ئۇيغۇرلاردىكى ئەمەلدارلىق نامىنى كۆرسىتىدۇ (141) ، دەپ ھېسابلىغان. مەڭگۈ تاشلاردىكى خاتىرىلەردىن قارىغاندا، مو-يۇنچۇر 26 يېشىدىن باشلاپ دادىسى كۆل بىلگە قاغانغا ئەگىشىپ، قوشۇن تەشكىللەپ، ھەربىي قوماندان بولۇپ، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ سەلتەنەتىنى قايتا ئەسلىگە كەلتۈرۈش يولىدا زور خىزمەتلەرنى كۆرسەتكەن. تاشنامىلەردىكى ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى خاتىرىلەردىمۇ چۇر بىلەن ئاتالغانلارنىڭ ئىچىدە قوشۇن باشلاپ جەڭگە ئاتلانغانلار بولغان. «كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» دە، مىلادىيە 842ـ يىلى شەرقتىكى قىتانلارغا جازا يۈرۈش قىلىش ئۇرۇشىدا ئۆلگەن ئۇيغۇر قوشۇنىنىڭ قوماندانىنىڭ تېكىن قۇۋۇ-چۇر ئىكەنلىكى خاتىرىلەنگەن بولۇپ، بۇنىڭدىكى تېكىن ئۇنىڭ مەنسىپىنى، قۇۋۇ ئۇنىڭ ئىسمىنى، چۇر بولسا ئۇنىڭ ھەربىي ئەمىلىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. تاڭنامىلەردىكى خاتىرىلەرگە قارى-غاندا، چۇرلار يەنە قاغان ئوردىسىنىڭ يېقىن ئەتراپىدا تۇرۇشلۇق قوشۇنلارنىڭ قوماندانى بولغان. مەسىلەن، «كونا تاڭنامە. ئۇي-

غۇرلار تەزكىرىسى» دە، ئورخۇن ئۇيغۇرلىرىنىڭ قىرغىزلار تەرد-
پىدىن مەغلۇپ قىلىنغاندىن كېيىنكى جەنۇبقا كۆچكەن تارمىقى
ھەققىدە توختالغاندا: «ئۇكا سىڭلىسىنى سىبىرلارغا (يەنى شىرۋى-
لارغا) ياتلىق قىلىپ، ئۇلارغا بېقىندى، ئۇيغۇرلارنىڭ بۇيرۇقى، ھو-
قوقدارى يىگىنچۇر (逸隐啜) ئۇيغۇرلارنى مەجبۇرلاپ ئۇكانى ئالتد-
ۇن تاغدا ئۆلتۈرگۈزۈپ، ئۇنىڭ ئىنىسى ئۇكېنىر تېكىنىنى
قاغان قىلىپ تىكلىدى» (142) دەپ خاتىرىلەنگەن.

**تۇدۇن:** ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدىكى قاغان تەرىپىدىن خاند-
لىققا تەۋە قەبىلىلەرگە ئەۋەتىلگەن ۋەكىل بولۇپ، ئادەتتە تۇدۇنلار
قاغانغا ياكى مەركىزىي ھۆكۈمەتكە ۋاكالىتەن ئۆزى باشقۇرۇپ
تۇرۇۋاتقان قەبىلە ياكى يېزا جامائەسىنىڭ مەمۇرىي ئىشلىرىغا ۋە
باج - سېلىق تاپشۇرۇش ئىشلىرىغا مەسئۇل بولغان. «يېڭى تاڭنا-
مە. تۈركلەر تەزكىرىسى»، «بەش دەۋر تارىخى. تۈركلەر تەزكد-
رىسى» دە «吐屯» دېگەن بىر خىل ئەمەلنىڭ مەۋجۇتلۇقى ھەققىدە
خاتىرە قالدۇرۇلغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ خىل ئەمەلنىڭ دەرىجد-
سى، ۋەزىپىسى كۆرسىتىلىپ بېرىلمىگەن. نۆۋەتتە تارىخ تەتقىقاتد-
چىلىرى بۇنى تۈرك - ئۇيغۇر تىلىدىكى تۇدۇن دېگەن ئەمەلدۇر
ياكى تۇدۇننىڭ خەنزۇ تىلىدىكى تەلەپپۇزىدۇر دەپ قاراپ، «تۈر-
كىي تىللار دىۋانى» دىكى « tuzun (يېزا ئاقساقىلى، يېزا باشلىد-
قى، كۆكۈشى)» نى تۇدۇننىڭ ئەسلىدىكى يېزىلىشى دەپ ھېسابلاپ،
بۇ ئىككىسى مۇناسىۋەتلىك دەپ قاراشماقتا (143). ئورخۇن - يېند-
سەي يازما يادىكارلىقلىرىدىن «بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى» دا تۇدۇن
دېگەن نام پەقەت بىرلا يەردە ئۇچرايدۇ (يەنى يامتار تۇدۇن نامىدا
كەلگەن). ھالبۇكى، ئۇنىڭ مەنسەپ نامى ياكى شەخس ئىسمىنى
كۆرسىتىپ بېرىدىغانلىقى توغرىسىدا تۈركولوگلارنىڭ پىكرى بىر-
دەك ئەمەس. پروفېسسور مۇھەررەم ئەرگىن ئۇنى شەخسنىڭ ئىسد-
مىنى كۆرسىتىدۇ دەپ قارىسا (144)، پروفېسسور تالات تېكىن
ئۇنىڭ بىر خىل ئۇنۋاننى كۆرسىتىپ بېرىدىغانلىقىنى يازىدۇ (145).
دېمەك، تۇدۇن دېگەن ئەمەلنىڭ ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدىكى دەرد-
جىسى، ۋەزىپىسى ۋە ھوقۇق دائىرىسى دېگەندەك ئېنىق ئەمەس.
رۇس تۈركولوگى بېرنىشتامنىڭ «6 - ئەسىردىن 8 - ئەسىرگىچە

بولغان ئورخۇن - يېنسەي تۈركلىرىنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تۈزۈلمىسى» دېگەن ئەسىرىدە: «ئەڭ كىچىك بىرلىككە (ئادىي قىلىپ ئېيتقاندا قەبىلە ياكى ئۇرۇقلارغا) تۇتۇقلار (tutuq) رەھبەرلىك قىلغان، مەن بۇ سۆزگە ئاساسەن ئۇلارنى ئۇرۇقنىڭ كىچىك بەگلىرى دەپ ھۆكۈم قىلىمەن. چۈنكى، پەرىزىمچە بۇ سۆز ‹ئۇرۇقنى ئىدارە قىلغۇچى› دېگەن مەنىدىكى ‹تۇت› بىلەن ئۇرۇق مەنىسىدىكى ‹ئۇق› نىڭ بىرىكىشىدىن كەلگەن»، «يېنسەي مەڭگۈ تاشلىرىدا دائىم كۆرۈلۈپ تۇرىدىغان تۇدۇنلار ( 吐屯 ) ئۆز قەبىلىسىدىن تېخى ئايرىلىپ چىقمىغان، لېكىن يەنىلا فېئوداللىشىش جەريانىغا سۆرەپ كىرىلگەن ئۇرۇق - قەبىلە ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ۋەكىلى ئىدى» (146) دەپ چۈشەندۈرۈلگەن. بۇنىڭدىن قارىغاندا، مەڭگۈ تاشلاردىكى تۇتۇق ئەمىلى بىلەن خەنزۇچە ھۆججەتلەردىكى تۇدۇن ( 吐屯 ) ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك.

**سانغۇن:** ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدىكى پەخرىي ئۇنۋان بولۇپ، بۇ سۆز ئورخۇن - يېنسەي مەڭگۈ تاشلىرىدا «سەنگۈن» دەپ يېزىلغان. مەسىلەن، «تېرخىن مەڭگۈ تېشى» دا: «... چابىش سەنگۈننىڭ (خەلقى) ۋە توققۇز بايارقۇ (خەلقىنى) يەنە بويسۇندۇردى. توققۇز تاتار — شۇنچە كۆپ خەلقلەر، چادىغا (شادىغا) قاراشلىق خەلق ... ئۇ شۇ چاغدا ھۇجۇم قىلدى، بۇنى يارانقان بىلگە قۇتلۇق تارقان سەنگۈن، مۇنچە كۆپ خەلقنى شەرەپ بىلەن (يەڭدى)» (147) دېيىلگەن. فرانسىيىلىك تۈركولوگ خامىلتون ئەپەندى سانغۇن خەنزۇ تىلىدىكى «将军» دىن ئۆلگە ئېلىنغان تۈرك تىلىدىكى ئۇنۋان ئىدى، دېگەن. نۆۋەتتە تەتقىقاتچىلارمۇ سەنگۈن دېگەن نامنىڭ ئوتتورا تۈزلەڭلىكتىكى سۇلالىلەردىكى «将军» دېگەن ئەمەل نامىدىن كەلگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشىدۇ. بۇ نام ئۇيغۇرلاردا ئەڭ دەسلەپ ئېلتەبىر تومىد ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنى تەشكىل قىلغان ۋاقىتتىن باشلاپ بىر خىل پەخرىي نام سۈپىتىدە ئىشلىتىلگەن بولسا كېرەك، چۈنكى «تاڭنامە» مىلادىيە 646 - يىلى تومىد يېڭى ئۇيغۇر خانلىقىنى تىكلىگەندە، تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئۇنىڭغا «مەرىپەت قۇچقان ئۇلۇغ سەنگۈن» دېگەن پەخرىي مەنسەپ نامىنى ھەدىيە قىلغانلىقى، كېيىن تومىد قاغاننىڭ

ۋارىسى بايان قاغانغىمۇ «سول قول ھىماتچى ئۇلۇغ سانغۇن» دېگەن پەخرىي مەنسەپ نامىنى ھەدىيە قىلىپ بەرگەنلىكى خاتىرىلەنگەن. مەڭگۇ تاش يازما يادىكارلىقلىرىدىكى ۋە تاڭنامىلەردىكى مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، سەنگۇن دېگەن بۇ نام ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدا بىر خىل پەخرىي ئۇنۋان نامى بولۇپ كەلگەن، ئەمەلىي ھوقۇق ــ مەنسىپى بولمىغان.

ئورخۇن ــ يېنسەي مەڭگۇ تاش يادىكارلىقلىرىدىكى مەلۇماتلارغا ۋە تاڭنامىلەردىكى خاتىرىلەرگە قارىغاندا، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدا يەنە قوشۇن سەركەردىلىرى ئاپا دەپ، بارگاھ قوماندانلىرى تويقان دەپ، لەشكەر باشلىقلىرى چابىش، سۇ باشى دەپ، چارلىغۇچى كۆرۈگ دەپ، مۇھاپىزەتچى قوشۇن قوماندانى تۇرغاق باشى دەپ، ئوردا قاراۋۇللىرى قاراغۇغ دەپ، قاغان ۋە ئوردا مەسلىھەتچىلىرى ئايغۇچى دەپ، تامغا ــ مۆھۈرلەرنى باشقۇرىدىغان ئەمەلدار تامغاچى دەپ، يات ئەل، مىللەت ۋە قەبىلىلەرگە ئەۋەتىلىدىغان ئەلچىلەر يالاباچ دەپ، كارۋان ۋە خەۋەر يەتكۈزگۈچىلەر تىركىش دەپ، شامان دىنىنىڭ ئۆلىمالىرى، دىندارلىرى قام (ياكى باخشى) دەپ، مانى دىنىنىڭ ئۇستازلىرى، دىندارلىرى مار (ياكى پىركالان مانى) دەپ ئاتالغان. خۇددى كونا ۋە يېڭى تاڭنامىلەردە ئېيتىلغاندەك، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدىكى ئەمەل ــ مەنسەپلەرنىڭ تەيىنلىنىدىغان ئادەم سانى دېگەندەك مۇقىم بولمىغان، لېكىن ھەممىسىگە ۋارىسلىق قىلىنغان.

## 2. خانلىقنىڭ ئىچكى قۇرۇلمىسى

ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئىچكى قۇرۇلمىسى ھەققىدە مەيلى كونا، يېڭى تاڭنامىلەردە بولسۇن ياكى ئورخۇن ــ يېنسەي يازما يادىكارلىقلىرىدا بولسۇن، مەلۇماتلار ئىنتايىن چولتا، شۇنداق بولسىمۇ مۇناسىۋەتلىك مەلۇماتلارنى بىرلەشتۈرۈش ئارقىلىق ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچكى قۇرۇلمىسىنى يۈزەكى بولسىمۇ كۆرسىتىپ بەرگىلى بولىدۇ. «سۈينامە. تېلىلار تەزكىرىسى» دىكى مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، ئۇيغۇرلار ئەسلىدە غەربتە كاسپى دېڭىزىدىن شەرقتە چوڭ ھىنگان تاغلىرىغىچە

بولغان كەڭ رايونلارغا تارالغان 40 نەچچە تېلى قەبىلىسىنىڭ ئىچىدىكى كىچىك بىر قەبىلە بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىر قىسمى تۇغلا دەرياسىنىڭ شىمالىي تەرەپلىرىدە كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇ-غۇللانغان، بىر قىسىملىرى ئوغۇز دەپ ئاتىلىپ، هازىرقى تەڭرى-تاغلىرىنىڭ جەنۇب ۋە شىمالىدا ياشىغان. شۇڭا، ئۇلار «ئون ئۇيغۇر» ، «توققۇز ئوغۇز» دەپمۇ ئاتالغان. كېيىن جۇرجان خان-لىقىغا ۋە تۈرك خانلىقىغا قارشى كۈرەشلەر جەريانىدا تەدرىجىي باشقا قېرىنداش ئۇرۇق ـ قەبىلىلەر بىلەن بىرلىشىش، قوشۇ-لۇش، هەربىي ئىتتىپاق تەشكىل قىلىش ئارقىلىق، چوڭ بىر قەبىلە بولۇپ مەيدانغا چىققان، زېمىن دائىرىسى ۋە نوپۇسى ئۈز-لۈكسىز زورايغان. بۇلار ئۇيغۇرلارنىڭ بىر كىچىك قەبىلىدىن چوڭ بىر قەبىلىگە، چوڭ قەبىلىدىن ياغلا قار جەمەتى يادرولۇقىدى-كى ئون ئۇيغۇرلارغا، كېيىن ئون ئۇيغۇرلار رەھبەرلىكىدىكى ئون ئۇيغۇر ـ توققۇز ئوغۇز ئىتتىپاقىغا تەرەققىي قىلىش جەريانىدا ئۈزلۈكسىز هالدا زېمىن، ئاھالە قوشۇۋېلىش ئەھۋاللىرىنى قىس-قىچە ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. بىراق، ئۇيغۇر ئىتتىپاقى دەسلەپ شەكىللەنگەندە، بىرقەدەر تارقاق هەربىي ئىتتىپاق بولۇپ، ئۇيغۇر قەبىلىسى باشقا قەبىلىلەرگە رەھبەرلىك قىلىسىمۇ، ئەمما باشقا توققۇز ئوغۇز قەبىلىلىرى تېخى ئۆزلىرىنىڭ ئەسلىدىكى ناملىرىنى يوقاتمىغان، پەقەتلا ئۇيغۇرلار ۋە ئۇنىڭ يادرو ئۇرۇقى بىلەن بول-غان قانداشلىق مۇناسىۋىتىنى ئېتىراپ قىلغان، قاغانلىق قۇرۇل-غاندىن كېيىنلا ئاندىن تارقاق تېلى قەبىلىلىرى بىرلىككە كەلگەن ئۇيغۇر مىللىتى بولۇپ شەكىللەنگەن. بۇنىڭ كونكرېتنى ئىپادى-سى، بىر جەھەتتىن ئۇيغۇر خانلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىن موڭغۇ-لىيە ۋادىسىدىكى، ھەتتا جۇڭغار ۋادىسىدىكى تېلى قەبىلىلىرى سىرتقا قارىتا ئۆز ناملىرىنى قوللانماي ئورتاق ئۇيغۇر دېگەن نام بىلەن ئاتىلىدىغان بولغان، يەنە بىر جەھەتتىن تېلى قەبىلىلىرى ئەسلىدىكى تارقاق، كۆچمەن تۇرمۇش هالىتىنى ئۆزگەرتىپ، موڭغۇلىيە ۋادىسى ۋە تەڭرىتاغ ۋادىلىرىدا مەركەزلىك، مۇقىم پائالىيەت رايونلىرىنى هاسىل قىلىپ، «ئۇيغۇر شەهەرلىرى» دەپ ئاتالغان شەهەر ـ قورغانلىرىنى قۇرۇپ چىققان، «يىپەك يولى»

دا «ئۇيغۇر كارۋانلىرى» نامىدا قاتراپ يۈرگەن. شۇڭا، تارىخشۇ-
ناس فەن ۋېنلەن ئەپەندى: «تومىد تاڭ تەيزۇڭغا ھەمكارلىشىپ،
سىر - تاردۇش خانلىقىنى يوقاتقاندىن كېيىن، ئۇيغۇرلار تېلى
(ئوغۇز) قەبىلىلىرى ئىتتىپاقىنىڭ رەھبىرى بولۇپ قالدى، ئۇي-
غۇر دېگەن بۇ نام تەدرىجىي ھالدا تېلىلارنىڭ، بولۇپمۇ ھەرقايسى
شەرقىي تېلى قەبىلىلىرىنىڭ ئورتاق نامى بولۇپ قالدى» (148)
دېگەن. ياڭ شىڭمىن ئەپەندىمۇ: «بۇ ھەرقايسى تېلى قەبىلىلىرى-
نىڭ گەرچە ئۆز ناملىرى بولسىمۇ، ئەمما ھەممىسى ئۇيغۇر دېگەن
ئورتاق نامدا ئاتىلاتتى» (149) دېگەن.

ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن ئۇنىڭ بېقىندى قەبىلە، ئۇلۇسلىرى
ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت بىر ئاز پەۋقۇلئاددە ئىدى. «كونا تاڭنا-
مە» ۋە «يېڭى تاڭنامە» لەردىكى خاتىرىلەردىن قارىغاندا، ئورخۇن
ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ شەرقىي تەرەپلىرىدە ئاساسلىقى قىتان(契丹)،
قۇمۇق(奚)، سىبىر (ياكى شىرۋى، مەڭگۇ تاشلاردا ئوتتۇز تاتار
دەپ خاتىرىلەنگەن) قاتارلىق بېقىندى قەبىلە ۋە ئۇلۇسلار، شىمال
تەرىپىدە ئاساسلىقى قىرغىز، توباس (ياكى تۇۋا)، مىلى(弥列)،
گېئىبجى (哥饿支) قاتارلىق بېقىندى قەبىلە ۋە ئۇلۇسلار، غەربى-
دە ئاساسلىقى قارلۇق، شاداپىت (沙陀، سارتلار)، ياغمىلار ۋە
يەتتە سۇ، پەرغانە، تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىي بوستانلىق-
لىرىدىكى شەھەر بەگلىكلىرى بار ئىدى، يەنە چۆغاي تېغى ۋادىسى-
دىكى تاڭغۇت، تۇيغۇنلارمۇ ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ بېقىندى
ئەللىرى ئىدى. ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى بۇ قارام قەبىلە ۋە ئەللەر-
نى ئىدارە قىلىشتا ئاساسلىقى قوشۇن تۇرغۇزۇش، تۇتۇقلارنى
ئەۋەتىپ باج - سېلىق يىغىش، قەبىلە باشلىقلىرىغا مۆھۈر - تامغا
بېرىش شەكىللىرىنى قوللانغان. بۇ قارام قەبىلە ۋە ئەللەرمۇ
سىياسىي جەھەتتە ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىغا تەۋە بولۇپ، باج - سېلىق
تاپشۇرۇپ، ھەربىي مەجبۇرىيەتلەرنى ئۆتىگەن، ئەمما ئۆزلىرىنىڭ
ئىچكى ئىشلىرىنى ئۆزلىرى ئىدارە قىلىشتەك يېرىم نىسپىي مۇس-
تەقىللىقتا ئىگە بولغان. تارىخىي ھۆججەتلەردىن «ئەلنى ئىدارە
قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر»دە: «دەسلەپ قۇمۇق، قى-
تانلار ئۇيغۇرلارنىڭ بېقىندىلىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلى-

قىدا ياشايتتى، ئۇلارنىڭ ئۈستىدە مەخسۇس ئەۋەتىلگەن نازارەتچى بەگلەر (يەنى تۇتۇقلار) بولۇپ، ئۇلار يىللىق باج - سېلىق يىغىش ئىشلىرىغا نازارەتچىلىك قىلاتتى» دېيىلگەن، «يېڭى تاڭنامە. قىتانلار تەزكىرىسى» دە: «خان يىراقتىكى ئۇيغۇرلارغا بېقىنىشقا نارازى بولۇپ كەلسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ قاغانى تەرىپىدىن بېرىلگەن ئەمەلدارلىق ئۇنۋانلىرىنى بىكار قىلىشقا پېتىنالمىغان ئىدى» دېيىلگەن. «كىتابلار جەۋھىرى» دە، مىلادىيە 813 - يىلى قىتانلارنىڭ تارقان دېگەن ئەمەلدارى، 814 - يىلى يەنە بۇيرۇق دېگەن ئەمەلدارىنىڭ تاڭ سۇلالىسى ئوردىسىغا كەلگەنلىكى خاتىرىلەنگەن. بۇ قىتان ئەمەلدارلىرىنىڭ ئۇنۋانلىرىغا قارىغاندا، قىتانلار ئەينى دەۋردە ھەقىقەتەن ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ بېقىندىلىرى بولغان. تەتقىقاتلاردىن قارىغاندا، مىلادىيە 804 - يىلى قۇتلۇق قاغان قوشۇن باشلاپ غەربكە جازا يۈرۈشى قىلغاندا، قارلۇق ۋە تىبەتلەرنى قاتتىق مەغلۇپ قىلىپ، بېشبالىق ئەتراپىدىكى قولدىن كەتكەن زېمىنلارنى قايتۇرۇۋېلىپلا قالماستىن، يەنە جەنۇبتا تەڭرىتېغىدىن ئۆتۈپ، قۇچۇ (تۇرپان)، ئاگنى (قارا شەھەر)، كۇسەن (كۇچا) قاتارلىق شەھەرلەرنى ئىگىلىگەن ھەم تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى ھەرقايسى شەھەرلەرنى قوشۇن تۇرغۇزۇپ ئىدارە قىلغان. 808 - يىلى ئاي تەڭرىدە قۇت بولمىش ئالپ بىلگە قاغان (808 — 821 - يىللار) يەنە بىر قېتىم قارلۇق ۋە تىبەتلەرنى قاتتىق مەغلۇپ قىلىپ، تارىم ئويمانلىقى ۋە پەرغانە رايونىغىچە ئىچكىرىلەپ كىرىپ، غەربىي يۇرتنىڭ كۆپ قىسىم جايلىرىنى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا كىرگۈزگەن. نەتىجىدە تۈرغۈنلىغان قەبىلىلەر، مەسىلەن، باسمىل، دولانغۇت (كېيىن دولان دەپمۇ ئاتالغان)، تۈرك، تۈركەش، ياغمىلار تەدرىجىي ھالدا ئۇيغۇرلارغا قوشۇلۇپ كەتكەن. «ئۇيغۇر خانلىقى غەربىي يۇرتتا ئوخشاش بولمىغان سىياسەت يۈرگۈزگەن، پامىرنىڭ غەربىدىكى پەرغانە قاتارلىق رايونلارغا نىسبەتەن ئەسلىدىكى ھۆكۈمرانىنى ساقلاپ قېلىپ، پەقەت نازارەتچى بەگ ئەۋەتىپ باج - سېلىق تاپشۇرۇش ئىشلىرىغا ھەيدەكچىلىك قىلغان. پامىرنىڭ شەرقىدىكى ئۇدۇن (خوتەن)، قەشقەر، كۇسەن (كوچا)، ئاگنى (قارا شەھەر)

قاتارلىق جايلارنىڭ پادىشاھ جەمەتلىرى تىبەتلەرنىڭ تەسىرىگە بەك-
رەك ئۇچرىغان بولغاچقا، ئۇيغۇر قاغانى ئۇلارنىڭ ۋارىسلىق ھۆ-
كۈمرانلىقىنى بىردەك ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئۆزىنىڭ يېقىن پەر-
زەنتلىرىنى ‹تارقان› قىلىپ ئەۋەتىپ ئايرىم ـ ئايرىم قاتتىق
ئىدارە قىلغان ... غەربىي رايونلارغا بولغان ھۆكۈمرانلىقىنى ھەقى-
قىي كاپالەتلەندۈرۈش ئۈچۈن، ئاي تەڭرىدە قۇت بولمىش ئالىپ
بىلگە قاغان بالاساغۇن (ھازىرقى سۇياپ شەھىرىنىڭ شەرقىدە)،
ئەنشى (ھازىرقى كۇچا)، بېشبالىق (ھازىرقى جىمسار) لارنىڭ
ھەر بىرىدە نەچچە تۈمەندىن قوشۇن تۇرغۇزغان. يەنە بالاساغۇندىن
باشلىنىپ، ئىلى دەرياسى بويىدىكى كۈنەس قەلئەسى ئارقىلىق
تەڭرىتېغىدىن ھالقىپ، سۇياپ يولىنىڭ شەرقىي بۆلىكى ئارقىلىق
بېشبالىققا كېلىدىغان، يەنە ئۇيغۇر يولى ئارقىلىق ئالتاي تېغىنىڭ
جەنۇبىي بۆلىكى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ پايتەختىگە يېتىپ بارىدىغان
بىر يول ياساپ، يۇگۇرۇك ئاتلار بىلەن ھەربىي ـ مەمۇرىي ھۆج-
جەتلەرنى تېز يوللاشقا، تېز سۇرئەتلىك ھارۋىلار بىلەن ئەلچىلەرنى
توشۇشقا كاپالەتلىك قىلغان» (150).

ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى تەرەققىي قىلىۋاتقان ھوقۇق مەركەز-
گە مەركەزلەشكەن فېئوداللىق دۆلەت بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ
ئىچكى قىسمىدا يەنە مىللىي ۋە سىنىپىي زىددىيەتلەر مەۋجۇت
ئىدى. خانلىقنىڭ كېيىنكى ۋاقىتلىرىدا ئۇيغۇر ھۆكۈمران ئاقسۆ-
ڭەكلىرى بىلەن بېقىندى قەبىلە ۋە ئەللەر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت
بىرقەدەر كەسكىن بولغان، بۇ ھەقتە «مويۇنچۇر قاغان مەڭگۈ
تېشى» دا بىرقەدەر ئېنىق خاتىرىلەر بار. مەسىلەن، ئۇنىڭ شەر-
قىي تەرەپ يۈزى 14 ـ ، 16 ـ قۇرلىرىدا مويۇنچۇر قاغاننىڭ بىر
رايوندىكى خەلقلەرنى بويسۇندۇرغانلىقى، لېكىن ئۇلارنىڭ بۇيرۇققا
ئىتائەت قىلمىغانلىقى، قاغاننىڭ يەنە قوشۇن تارتىپ ئۇلارنى بوي-
سۇندۇرغانلىقى خاتىرىلەنگەن؛ 16 ـ ، 20 ـ قۇرلىرىدا مويۇنچۇر
قاغاننىڭ بىر يىل ئىچىدە ئىككى قېتىم زور ھەربىي يۈرۈش
قىلغانلىقى، «2 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى كەم دەرياسىدا ئۇلارنى
تارمار قىلغانلىقى»، «شۇ يىلى كۈزدە شەرققە يۈرۈش قىلغانلىقى،
تاتارلارنى سوراقىقا تارتقانلىقى (جازالىغانلىقى)» خاتىرىلەنگەن.

«كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلارتەزكىرىسى» دە خاتىرىلىنىشچە، بېشبا-
لىق ئەتراپىدىكى جايلاردا ئەسلىدە قارلۇق، شاداپىت، ئاق كىيىم-
لىك تۈركلەر ( 白服突厥 ) ياشايدىغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى
ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ بېقىندى قەبىلىلىرى بولغان، ئەمما
كېيىنكى كۈنلەرگە كەلگەندە ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئۇلارنىڭ ئۈستىدى-
كى ئىقتىسادىي زۇلۇمى ۋە ھەر خىل باج ـ سېلىق، ئالۋاڭ ـ ياساقلىرى
ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەچكە، مىلادىيە 789 ـ يىلى قارلۇق، ئاق
كىيىملىك تۈركلەر ئالدى بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىپ، تىبەتلەر
بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ ھەم ئۇلارغا ئىتائەت قىلىپ، بېشبالىقتىكى
ئۇيغۇر قوشۇنلىرىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلغان، شۇنىڭدىن كېيىن
تىبەتلەر بىر مەزگىل قارلۇق، شاداپىت ۋە ئاق كىيىملىك تۈرك-
لەرنىڭ ھەمكارلىقىدا تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى قۇچۇ ۋە تەڭرىتې-
غىنىڭ شىمالىدىكى بېشبالىق قاتارلىق ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ غەربىي
يۇرتېكى مۇھىم ھەربىي ئورۇنلىرىنى ئىگىلىۋالغان (151) . قىر-
غىزلارمۇ يېنسەي دەرياسى ۋادىسىدا ياشايدىغان كۆچمەن چارۋىچى
خەلق بولۇپ، دەسلەپ كۆكتۈرك خانلىقى ۋە سىر ـ تاردۇش
خانلىقىغا تەۋە بولۇپ كەلگەن، تاڭ سۇلالىسى چەنيۈەن يىللىرىنىڭ
(758 — 750 ـ يىللار) ئوتتۇرىلىرىدا ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن بوي-
سۇندۇرۇلغان. ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى ئۇلارنىڭ قەبىلە باشلىقى
ئاگې( 阿热 ) غا بىلگە تون تېكىن ( 毗伽顿颉斤 ) دېگەن
ئۇنۇغات نامىنى ھەدىيە قىلىپ بەرگەن بولسىمۇ، ئۇلار باشتىن-
ئاخىر ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن پۈت تېپىشىپ كەلگەن.
ئۇلار ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى موڭغۇلىيە ۋادىسىنى بىرلىككە كەل-
تۈرۈپ خانلىق ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملىۋالغاندىن كېيىن غەر-
بىي رايونلارغا ئىچكىرىلەپ كىرىش بىلەن ئالدىراش بولۇپ كەتكەچ-
كە، ئۇنىڭ ئۈستىگە زېمىنى ئۇيغۇرلارنىڭ غەربىي شىمال تەرىپى-
دىن ئۈچ مىڭ چاقىرىم يىراقلىقتىكى جايدا (يەنى ئورخۇن ئۇيغۇر
خانلىقىنىڭ پايتەختىدىن ئاگېنىڭ بارگاھىغا تۆگە بىلەن قىرىق
كۈندە يېتىپ بارغىلى بولىدىغان جايدا) بولغاچقا، دائىم ئۇيغۇر
خانلىقىغا بويۇنتاۋلىق قىلىپ، يېرىم مۇستەقىللىق ھالىتىنى ساق-
لاپ كەلگەن. «تاڭنامە» دىكى خاتىرىلەرگە قارىغاندا، مىلادىيە

821 ـ يىلىدىن كېيىن ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى تەدرىجىي ئاجىز-
لىشىشقا قاراپ يۈزلەنگەن. بۇ چاغدا قىرغىزلارنىڭ ئاقساقىلى ئاگې
ئۇيغۇر خانلىقىدىن يۈز ئۆرۈپ «ئۆزىنى قاغان دەپ جاكارلىغان،
ئۇنىڭ ئانىسى تۈركەشلەرنىڭ قىزى بولۇپ، ئانىسىنى قاتۇن دەپ
ئاتىغان، ئايالى قارلۇق يابغۇسىنىڭ قىزى بولۇپ، ئۇنىمۇ قاتۇن
دەپ ئاتىغان، ئۇيغۇرلار ئۇنى جازالاش ئۈچۈن بىر ۋەزىرىنى ئەۋەت-
كەن بولسىمۇ غەلىبە قىلالمىغان، مالىمانچىلىق 20 يىل داۋاملاش-
قان» (152) . ئاخىرى مىلادىيە 840 ـ يىلىغا كەلگەندە، قىرغىز-
لار ئۇيغۇرلار زېمىنىدىكى تەبىئىي ئاپەت ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچكى
قىسمىدىكى ئوردا قىرغىنچىلىقىدىن پايدىلىنىپ، زور قوشۇن بى-
لەن ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ پايتەختى ئوردۇبالىق شەھىرىگە
باستۇرۇپ كىرىپ ئۇيغۇر خانلىقىنى يوقاتقان ھەم ئۇيغۇر خانلىقى
ھالاك بولغاندىن كېيىن، قىرغىز دېگەن مىللەت نامىنى، ھاكىمى-
يىتىنى ساقلاپ كەلگەن. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئور-
خۇن ئۇيغۇر خانلىقى مەركىزىي ھاكىمىيىتى بىلەن بىر قىسىم
قارام قەبىلە ۋە ئەللەرنىڭ مىللىي، سىنىپىي زىددىيەتلىرى، كۆ-
رەشلىرى باشتىن ـ ئاخىر ئۈزۈلۈپ قالمىغان.

ئورخۇن ـ يېنسەي مەڭگۈ تاش يازما يادىكارلىقلىرىدىكى مە-
لۇماتلاردىن قارىغاندا، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئىچكى قىسمىدا
فېئودال ئاقسۆڭەكلەر ئوتتۇرىسىدىمۇ ھوقۇق، مەنپەئەت توقۇنۇش-
لىرى ۋە كۈرەشلىرى مەۋجۇت ئىدى. «مويۇنچۇر مەڭگۇ تېشى»
دا: «تاي بىلگە تۇتۇقنىڭ رەزىللىكى تۈپەيلىدىن، بىر ـ ئىككى
باشلىقنىڭ رەزىللىكى تۈپەيلىدىن، مېنىڭ ئاددىي خەلقىم سىلەر
ھالاك بولدىڭلار، ماڭا بېقىنسىاڭلار ھالاك بولمايسىلەر دېدىم.
قايتىدىن ماڭا كۈچ بېرىڭلار دېدىم» (153) دېيىلگەن. بۇ ئۇيغۇر
ھۆكۈمران گۇروھلىرى ئىچىدىكى بىر قېتىملىق سىياسىي كۈرەش-
نى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. تەتقىقاتتىن مەلۇم بولۇشىچە، بۇ يەردىكى
تاي بىلگە تۇتۇق ئەل ئەتمىش بىلگە قاغان مويۇنچۇر قارا قاغان
(747 — 759 ـ يىللار) نىڭ چوڭ ئوغلى بۆگۈ قاغان (759 —
780 ـ يىللار) نىڭ ئاكىسى بولۇپ، تەڭرىدە قۇت بولمىش ئەل
تۇتمىش ئالپ كۈلۈگ بىلگە قاغان نامىدا ئاتالغان. ئۇ مىلادى

757ـ يىلى تاڭ سۇلالىسىدىكى ئۆگلۈك ـ سۆيگۈن توپىلىڭىنى
تىنجىتىشقا قاتناشقان قوشۇنىنىڭ قوماندانى بولغان. كىلياشتورىن-
نىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا، تاي بىلگە ئۆگلۈك ـ سۆيگۈن ئىسىد-
يانىنى تىنجىتىپ ئورخۇن بويلىرىغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن،
ئۆزۈن ئۆتمەي ئىسيان كۆتۈرۈشكە ئۇرۇنغان دېگەن گۇناھ بىلەن
ئەيىبلىنىپ، ئۆز ئاتىسىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن (154) . بۇ
ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىرى ئارىسىدىمۇ كۈچلۈك
زىددىيەتلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئۇنىڭدىن
باشقا، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدا مىلادىيە 780ـ يىلى يۈز بەرگەن
تونباغا تارقاننىڭ سىياسىي ئۆزگىرىشى، مىلادىيە 795 ـ يىلى
ئاتئېز جەمەتىدىن بولغان قۇتلۇق قاغاننىڭ تەختكە چىقىشى ۋە
قاغانلىقنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىكى توختاۋسىز تەخت ئالمىشىشلار،
تۈگىمەس سىياسىي ۋە ھەربىي ئۆزگىرىشلەرمۇ ئورخۇن ئۇيغۇر
خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ئىچكى قىسمىدا مەنپەئەت، ھو-
قۇق، تەسىر دائىرە، بايلىق تالىشىشتەك خىلمۇ ـ خىل زىددىيەت
ۋە كۈرەشلەرنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ.

## 3 . خانلىقنىڭ سۇيۇرغاللىق تۈزۈمى

ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ بىر پۈتۈن تارىخىي تەرەققىياتى-
دىن ۋە ھۆكۈمرانلىق شەكلىدىن كۆزەتكەندە، ئورخۇن ئۇيغۇر
خانلىقىدا ئائىلە مۇلۇكچىلىك تۈزۈمى بىلەن ئۆزئارا ماسلاشقان
سۇيۇرغاللىق تۈزۈمى مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن. «تاڭنامە» ۋە ئور-
خۇن ـ يېنسەي مەڭگۈ تاش يادىكارلىقلىرىدىكى خاتىرىلەردىن قارى-
غاندا، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدا قاغانلىق تەختكە ۋارىسلىق قى-
لىش تۈزۈمى يۈرگۈزۈلگەن. «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار تەزكىرى-
سى» دىن مەلۇم بولۇشىچە، سۈكۈن ئېركىن (يەنى تېكىن ئېر-
كىن) ئاقساقاللىقتا سايلىنىپ ۋاپات بولغاندا قەبىلىسىدىكىلەر ئوغ-
لى بوساتىنى ئۇنىڭ ئورنىغا چىقارغان، بايان ۋاپات بولغاندا ئوغلى
باز قاغان ئورنىغا ۋارىسلىق قىلغان، باز قاغان ۋاپات بولغاندا
ئورنىغا ئوغلى دۈكىچ ۋارىسلىق قىلغان، دۈكىچ ۋاپات بولغاندا
ئورنىغا ئوغلى ئوگتېبىر (يەنى ئۆتبەگ) ۋارىسلىق قىلغان. ئوگ-

تېبىر ۋاپات بولغاندا ئورنىغا ئوغلى قوشۇ ۋارىسلىق قىلغان،
كېيىن قۇشۇ قاغان ۋاپات بولغاندا ئورنىغا كۆل بويلا ۋارىسلىق
قىلغان، كۆل بويلا ۋاپات بولغاندا ئورنىغا ئوغلى بايانچۇر ۋارىسلىق
قىلغان. بايانچۇر قاغاندىن كېيىن قاغانلىق تەختىگە ئولتۇرۇشمۇ
ئاساسەن مۇشۇ خىل ۋارىسلىق قىلىش (ياكى مىراس قېلىش)
تۈزۈمى بويىچە ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلگەن. بۇنىڭدىن كۆرۈنۈپ
تۇرۇپتۇكى، ئۇيغۇر خانلىقىدا قاغانلىققا ۋارىسلىق قىلىشتا كۆپىن-
چە ئاتىنىڭ ئورنىغا بالا ۋارىسلىق قىلىش تۈزۈمى يۈرگۈزۈلگەن
(پەقەت ئايرىم ئەھۋاللاردىلا ئاكىسى ئۆلسە ئىنىسى ۋارىسلىق قى-
لىدىغان، بەزىدە قاغانىنىڭ ۋارىسلىق قىلغۇدەك ئوغلى يوق ياكى
ئوغلى بولسىمۇ يېشى بەكلا كىچىك بولغان ئەھۋاللاردا خان جەمەتى
ئىچىدىن چىققان ئابرۇيلۇق، دانا ۋەزىرلەر ۋارىسلىق قىلىدىغان
ئەھۋاللارمۇ بولغان). بۇ خىل ئاتىسى ئۆلسە ئورنىغا ئوغلى ۋارىس-
لىق قىلىش تۈزۈمى، قەدىمكى زاماندىكى پاترىئارخاللىق تۈزۈم
ئاساسىغا قۇرۇلغان بولۇپ، بۇ مەلۇم مەنىدىن ئورخۇن ئۇيغۇر
خانلىقىدا سۇيۇرغاللىق تۈزۈمىنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىدىن بېشارەت
بېرىدۇ. ئۇيغۇر خانلىقىدا يەنە قاغاندىن تۆۋەن بارلىق مەنسەپلەر-
گىمۇ ۋارىسلىق قىلىش (ياكى مىراس قېلىش) تۈزۈمى يۈرگۈزۈل-
گەن. «كونا تاڭنامە» دە: «ئەمەلدارلىققا تەيىنلىنىدىغانلارنىڭ
سانى مۇقىم بولمايتتى، ھەممىسىگە ۋارىسلىق قىلىناتتى» دېيىل-
گەن. «مويۇنچۇر مەڭگۈ تېشى» دىمۇ بايانچۇر قاغانىنىڭ دادىسى
كۆل بويلانىڭ ئورنىغا ۋارىسلىق قىلىپ قاغان بولغاندىن كېيىن،
شەرق ۋە غەرب تەرەپلەرگە جازا يۈرۈشى قىلىپ، «ئۈچ قارلۇق»
«سەككىز ئوغۇز»، «توققۇز تاتار» خەلقلىرىنى بويسۇندۇرۇپ،
ئۆتۈكەنگە قايتىپ كەلگەنلىكى بايان قىلىنىپ، «ئىككى ئوغلۇمغا
يابغۇ، شاد نامىنى بەردىم، ئۇلارنى تاردۇش، تۆلەس خەلقىگە باش
قىلدىم» (155) دېيىلگەن. يەنە «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار تەزكى-
رىسى» دە: «ھەرقايسى قەبىلىلەرنىڭ بۆلۈپ بېرىلگەن يەرلىرى بار
ئىدى»، «ئۇلار ئون بىر ئۇرۇق بولۇپ، ھەممىسىگە تۇتۇق قويۇ-
لۇپ، ئون بىر قەبىلە دەپ ئاتىلاتتى» (156) دەپ خاتىرىلەنگەن.
«ئوغۇزنامە» داستانىدىمۇ: «ئوغۇز خاقانىنىڭ يېنىدا ئاقساقاللىق،

مۇز چاچلىق، قابىلىيەتلىك بىر قېرى كىشى بار ئىدى، ئۇ بىلەرمەن ۋە لىللا ۋەزىر ئىدى، ئۇنىڭ ئىسمى ئۇلۇغ تۈرك ئىدى»، «ئۇيقۇدىن كېيىن ئۇ چۈشىگە كەچكەنلەرنى ئوغۇز خاقانغا ئېيتىپ مۇنداق دېدى: ‹ئەي خاقانىم، ساڭا ئۇزۇن ئۆمۈر يار بولسۇن، سېنىڭ ئەل نىزامىڭغا ئادالەت يار بولسۇن، كۆك تەڭرى چۈشۈمدە ماڭا ئىشغال قىلغان يەرلىرىدىن ئورۇغىغا بۆلۈپ بەرسۇن دەپ بېشارەت بەردى› . ئوغۇز خاقان ئۇلۇغ تۈركنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، ئىنتايىن خۇرسەن بولدى ھەمدە ئېيتقىنىڭ كەلسۇن دېدى» ، «ئوغۇز قاغان چوڭ قۇرۇلتاي چاقىردى، ئەل ـ جامائەتنى چاقىرتتى، ئۇلار كېلىپ با مەسلىھەت كېڭىششتى» ، «شۇنىڭدىن كېيىن ئوغۇز خاقان ئوغۇللىرىغا يۇرتنى ئۇلەشتۈرۈپ بەردى، ئېيتتىكى: ‹ئەي ئوغۇللىرىم، مەن كۆپ ياشىدىم، كۆپ ئۇرۇشلارنى باشتىن كەچۈردۈم ، يا بىلەن كۆپ ئوق ئاتتىم، ئايغىر بىلەن كۆپ يوللارنى كەزدىم. دۈشمەنلەرنى زار يىغلىتىپ، دوستلارنى شاد ئەيلەتتىم، تەڭرى ئالدىدا مەجبۇرىيىتىمنى ئادا قىلدىم، ئەمدى يۇرتنى سىلەرگە بۆلۈپ بېرىمەن› » (157) دېيىلگەن بولۇپ، بۇ خاتىرە ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە قاغانلارنىڭ خانلىق زېمىنىنى ۋە بويسۇندۇرۇلغان قەبىلە زېمىنلىرىنى ئۆز ئوغۇللىرىغا، قەبىلە باشلىقلىرىغا سۇيۇرغال قىلىپ بەرگەنلىكىدەك تارىخىي پاكىتنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. مەشھۇر رۇس تۈركولوگى بارتولىدمۇ: «قاراخانىلار سۇلالىسىدا دۆلەت پۈتكۈل خان جەمەتىنىڭ مۈلكى دەپ قارالغان، شۇنىڭ بىلەن ئۇ نۇرغۇنلىغان سۇيۇرغاللىققا بۆلۈنگەن، چوڭ سۇيۇرغاللىقلار يەنە نۇرغۇنلىغان كىچىك سۇيۇرغاللىقلارغا بۆلۈنگەن» (158) دەپ يېزىش ئارقىلىق، سۇيۇرغاللىق تۈزۈمىنىڭ ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىغا ئوخشاش كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەر ھاكىمىيىتىدە ئومۇميۈزلۈك ھادىسە ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئائىلە مۈلۈكچىلىكى تۈزۈمى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى يورۇتۇپ بەرگەن. ئېلىمىز ئالىمى فەن ۋېنلەن ئەپەندىمۇ: «قاغانغا قاراشلىق ھەرقايسى قەبىلىلەرنىڭ ئاقسۆڭەكلىرىگە باشقۇرىدىغان رايونلىرىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ ئېركىن، چۇر، ئېلتەبىر ۋە تۇتۇق دېگەندەكناملار بېرىلەتتى، قاغان ئۆزىگە قاراش-

لىق ھەرقايسى قەبىلىلەرنى (بويسۇندۇرۇلغان قەبىلىلەر) بىرنەچ-
چە رايونلارغا ئايرىپ، يابغۇ ياكى شادلارنى ئەۋەتىپ ئىدارە قىلاتتى
ھەم ھەر بىر قەبىلىگە بىردىن تۇدۇن (نازارەتچى بەگ) تەيىن-
لەپ، ئۇلارنىڭ باج - سېلىق ئىشلىرى ۋە ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى
نازارەت قىلاتتى، توققۇز ئوغۇز قەبىلىلىرىنىڭ تۇتۇقلىرى قوشۇم-
چە باج - سېلىق يىغىش ئىشلىرىنى باشقۇراتتى، ئۇلارغا ئايرىم
تۇدۇنلار قويۇلمايتتى، قاغاننىڭ تۆۋىنىدىكى ھەر دەرىجىلىك مەن-
سەپلەرنىڭ ھەممىسىگە پەرزەنتلىرى ۋارىسلىق قىلاتتى» (159)
دەپ يازغان. تەتقىقاتلاردىن مەلۇم بولۇشىچە، كۆكتۈرك خانلىقىدا
يەرگە بولغان ئومۇمىي ئىگىدارچىلىق تۈزۈمىدىكى سۇيۇرغاللىق
تۈزۈم يۈرگۈزۈلگەن بولۇپ، سۇيۇرغاللىققا ئېرىشكەن قاغان پەر-
زەنتلىرى يايلاق ئىگىلىرىگە ئايلىنىپلا قالماستىن، تۈرك خانلىقى-
نىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى قوبۇل قىلغان ھەرقايسى قەبىلىلەرنىڭ ئاق-
ساقاللىرىمۇ داۋاملىق ئۆز قەبىلىسى ۋە يايلىقىنىڭ ئىگىلىرى
بولۇپ قالغان. ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى خۇددى تۈرك خانلىقىغا
ئوخشاش خانلىقنىڭ بارلىق زېمىنلىرىگە فېئوداللىق ئومۇمىي ئى-
گىدارچىلىق تۈزۈمىنى يۈرگۈزگەن بولۇپ، يۇقىرىدىن تۆۋەنگە
قاتلاممۇ - قاتلام سۇيۇرغاللىق بېرىش تۈزۈمىنى يولغا قويغان.
ئۇيغۇر خانلىقىغا قاراشلىق ئاساسلىق رايونلار ئۈچ قىسىمغا بۆلۈ-
نۈپ ئىدارە قىلىنغان، مەركىزىي رايون ھېسابلىنىدىغان موڭغۇلى-
يە ۋادىسىنىڭ ئوتتۇرا قىسمى، يەنى ئون ئۇيغۇر قەبىلىسى جاي-
لاشقان ئورخۇن، سېلىنگا، تۇغلا دەرياسى ۋادىلىرى، ئۆتۈكەن
تاغلىرىنىڭ ئەتراپىدىكى زېمىنلار قاغاننىڭ بىۋاسىتە ئىدارە قىلى-
دىغان زېمىنلىرى بولغان، بۇ ھەقتە «مويۇنچۇر مەڭگۈ تېشى» دا
ئېنىق قىلىپ: «تەڭرىدىن بولغان ئەل ئەتمىش بىلگە قاغان ...
تۆلىس ... ئۆتۈكەن ئېلى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپى، ئېلى ئىككىسىنىڭ
ئوتتۇرىسىدا ئولتۇرىدىكەن، سۈيى سېلىنگا دەرياسى ئىكەن، ئۇ
يەردە ئېلى ... ئەركىن ياشايدىكەن» (160) دېيىلگەن بولسا،
«تېرخىن مەڭگۈ تېشى» دا: «تۆۋەندە قوڭۇر يەرنىڭ بېقىشى بىلەن
ئېلىمنى قۇردۇم، تۈزۈملىرىمنى تىكلىدىم، ئالدىمدا كۈنچىقىشتى-
كى خەلقلەر، ئارقامدا ئايچىقىشتىكى خەلقلەر، دۇنيانىڭ تۆت

بۇلۇڭدىكى خەلقلەر (ئۆزلىرىنىڭ) كۈچلىرىنى ماڭا بېرۇر ... سەككىز دەريا مېنى سۆيۈندۈردى، مەن قارغا ۋە بۇرغۇ دەريا بويلىرىدىكى ئاشۇ يەرلەردە تۇرىمەن، ئىككى دەريانىڭ ئارىلىقلىرىدا كۆچىمەن، يايلىقىم ئۆتۈكەننىڭ غەربىي ئۇچىدا، تەز دەرياسىنىڭ بېشىنىڭ شەرقىدە، مەن شۇ يەردە تۇرارمەن، كۆچەرمەن» (161) دېيىلگەن. قاغانلىق زېمىنىنىڭ شەرقىي قىسمى تۆلىس رايونى دەپ ئاتىلىپ، ئۇ سول قول شادقا سۇيۇرغال قىلىپ بېرىلگەن، تۆلىس رايونىغا قاراشلىق توققۇز ئوغۇز قەبىلىلىرى ئاساسلىقى بۆگۈ (بارغۇت)، هۇن (قۇن)، بايىرقۇ، چۆبە (يەنى قاپىش) قاتارلىقلار بولغان؛ قاغانلىق زېمىنىنىڭ غەربىي قىسمى تاردۇش رايونى دەپ ئاتىلىپ، ئۇ ئوڭ قول شادقا سۇيۇرغال قىلىپ بېرىلگەن، تاردۇش رايونىغا قاراشلىق توققۇز ئوغۇز قەبىلىلىرى ئاساسلىقى تۇڭرا، ئىزگىل، تۇۋا، باسمىل، قارلۇق قاتارلىق قەبىلىلەر بولغان؛ ئوڭ قول ۋە سول قول شادلارغا قاراشلىق تاردۇش ۋە تۆلىس رايونىدىكى قەبىلىلەر، ئۇرۇقلار يېزا جامائەسىنىڭ ئاساسىي قاتلىمىنى تەشكىل قىلغان بولۇپ، ئۇلارغىمۇ سۇيۇرغاللىق تۈزۈمى يۈرگۈزۈلگەن، سۇيۇرغاللىققا ئېرىشكەن قەبىلە، ئۇرۇق ئاقساقاللىرى ئۆز زېمىنىنىڭ ئەڭ چوڭ چارۋىدارلىرى ھەم زېمىندارلىرى ھېسابلىنىپ، ئەمەلدارلىق مەرتىۋىسىگە ئەۋلادلىرى ۋارىسلىق قىلغان. ۋەھالەنكى، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى كۆچمەن چارۋىچىلىق ئىگىلىكىنى ئاساس قىلغان بولغاچقا، يەرلىكتە ھەربىي ۋە مەمۇرىي ئەمەلدارلىق ئايرىلماي، ھەربىي — مەمۇرىي ھوقۇق بىرلەشكەن ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزۈلگەن.

ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى بايانچۇر قاغان دەۋرىگە كەلگەندە سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ھەربىي كۈچى زور تەرەققىي قىلىپ، جەنۇبتا تاڭ سۇلالىسى بىلەن، غەربتە ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئەرەب ئەللىرى بىلەن بولغان سودا، ئىقتىساد ئالماشتۇرۇشىنىڭ راۋاجلىنىشىنىڭ تۈرتكىسىدە، قاغانغا بىۋاستە قاراشلىق مەركىزىي رايونلارنىڭ سودا - سېتىقى، بىناكارلىقى، قول ھۈنەرۋەنچىلىكى، يېزا ئىگىلىكى كۈندىن - كۈنگە تەرەققىي قىلغان. تاردۇش رايونى غەرب بىلەن شەرقنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان «يىپەك يولى» نىڭ

مەركىزىي تۇگۈنىدە بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ رايوننىڭمۇ سودا ـ سېتىق، دېھقانچىلىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىك، بىناكارلىق، سۇ ئىنشائاتلىرى چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن ماس قەدەمدە بارغانسېرى تەرەققىي قىلىپ، كېيىنچە خانلىقنىڭ ئاساسلىق ئىق- تىسادىي بايلىق رايونى بولۇپ قالغان. تۆلىس رايونى بولسا بىرقە- دەر يىراق شەرق تەرەپكە جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، تەبىئىي جۇغراپى- يىلىك مۇھىتنىڭ تەسىرىدە يەنىلا چارۋىچىلىق ئىگىلىكى بىلەن ئوۋچىلىق ئىگىلىكىنى ئاساس قىلىپ، دېھقانچىلىق، قول ـ ھۈ- نەرۋەنچىلىك قىسمەن راۋاجلانغان، سودا ـ سېتىق تەرەققىي قىلال- مىغان.

## 4 § . خانلىقنىڭ جەمئىيەت خاراكتېرى

ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ جەمئىيەت خاراكتېرى توغرىسىدا دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى تارىخشۇناسلار ئىچىدە ئاساسلىق ئىككى خىل قاراش مەۋجۇت.

بىرىنچى خىل قاراشتىكىلەر «تومىد قاغان ئاتىلىشتىن ئىل- گىرى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە تېخى سىنىپ شەكىللەنمىگەن بولۇپ، يەنىلا ئىپتىدائىي جەمئىيەت باسقۇچىدا تۇراتتى. تومىدنىڭ خانلىق- نى قۇرۇشى ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىن سىنىپىي جەمئىيەتكە رەس- مىي ئۆتكەنلىكىنىڭ بەلگىسى بولدى. بىراق، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا قۇللۇق تۈزۈمنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ شەرت ـ شارائىتى بولمىغاچقا، تاڭ سۇلالىسى فېئوداللىق تۈزۈمىنىڭ تەسىرىدە فېئو- داللىق تۈزۈم ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىدە تەرەققىي قىلىپ چىقتى» (162) دەپ قارايدۇ.

ئىككىنچى خىل قاراشتىكىلەر «ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەس- لەپتە قۇللۇق تۈزۈمدىكى دۆلەت ئىدى، بىراق قۇللۇق تۈزۈم ئۇيغۇرلاردا تەرەققىي تاپالماي، تاڭ سۇلالىسى فېئودالىق جەمئى- يىتىنىڭ كۈچلۈك تەسىرى بىلەن 8 ـ ئەسىرگە كەلگەندە كۆرۈ- نەرلىك ھالدا فېئودالىق جەمئىيەتكە كىردى» (163) دەپ ھېساب- لىنىدۇ.

ئەگەر بىز ئۇيغۇرلارنىڭ ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇرۇش-
تىن ئىلگىرىكى تارىخىنى ئىنچىكىلىك بىلەن مۇلاھىزە قىلىپ
باقساق، يۇقىرىقى ئىككى خىل قاراشنىڭ تارىخىي ئەمەلىيەتكە
ئۇيغۇن كەلمەيدىغانلىقىنى، «ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئەڭ كېيىن
دېگەندىمۇ مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 16 ـ ئەسىردىن مىلادىيىدىن
ئىلگىرىكى 3 ـ ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتا ئىپتىدائىي جەمئىيەت-
تىن قول ئۆزۈپ، سىنىپىي جەمئىيەتكە قاراپ (قۇللۇق جەمئى-
يەت ياكى فېئوداللىق جەمئىيەتكە) راۋاجلانغانلىقىنى كۆرۈۋالالاي-
مىز» (164). ئېلىمىزنىڭ ئۇيغۇر تارىخى تەتقىقاتچىسى مۇ گۇاڭ-
ۋېن ئەپەندىنىڭ ئورخۇن ئۇيغۇرلىرىنىڭ دەسلەپكى دەۋرلەردىكى
جەمئىيەت ئەھۋالىنى تەتقىق قىلىشىدىن مەلۇم بولۇشىچە، «شەر-
قىي ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى بولغان دىڭلىڭ ۋە ئوغۇزلار مىلادى-
يىدىن بۇرۇنقى 3 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا، يەنى ئۇلار تارىخ
سەھنىسىدە كۆرۈلگەن ۋاقىتتا، ئاللىقاچان ئىپتىدائىي جەمئىيەت-
نىڭ ئاخىرقى باسقۇچىغا كېلىپ بولغان» (165).

شەرقىي ئۇيغۇرلار ياشىغان جەنۇبىي سىبىرىيە، ئىچكى ـ
تاشقى موڭغۇلىيە، ئوردوس يايلاقلىرى ۋە گەنسۇ ۋادىلىرىدىكى
مۇشۇ ئەسىر ئىچىدە ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈ-
رۈشلەر شۇنى ئىسپاتلايدۇكى، جەنۇبىي سىبىرىيە رايونى مىلادىيى-
دىن ئىلگىرىكى 3000 ـ يىللاردىن مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى
2000 ـ يىللار ئەتراپىدا مىس قورال بىلەن تاش قورال بىرلىكتە
ئىشلىتىلگەن مەدەنىيەت دەۋرىگە، مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 1000-
يىللار ئەتراپىدا بىرونزا مەدەنىيىتى دەۋرىگە (يەنى قاراسۇق مەدەنى-
يىتى دەۋرىگە)، مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 7 ـ ئەسىردىن باشلاپ
تۆمۈر قورال مەدەنىيىتى دەۋرىگە قەدەم قويغان (166). شىنجاڭ
رايونىمۇ تەخمىنەن مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 2000 ـ يىللار ئەترا-
پىدا بىرونزا مەدەنىيىتى دەۋرىگە، مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 1000-
يىللار ئەتراپىدا تۆمۈر قوراللار مەدەنىيىتى دەۋرىگە كىرىپ
بولغان (167).

تارىخىي ماتېرىياللارغا نەزەر تاشلىساق، «قەدىمكى بامبۇك

پۈتۈك يىلنامىلىرى» ( 古本竹书纪年 ) دا: «ۋۇيى 35 ـ يىلى جۇ خاقانى جى غەربتىكى شىلۇ دەرياسى بويىدا گۈيفاڭ، رۇڭلارغا جازا يۈرۈشى قىلىپ، دىلارنىڭ 20 بېگىنى ئەسىرگە ئالدى» دېيىلـ-گەن. يەنە جەنـگو دەۋرىـدە تۈزۈلگـەن «تاغ ـ دەريـالار قۇرئى» ( 山海经 ) دا دىڭلىـڭ دۆلىـتـى ( 钉灵国 ) ، گۈيفـاڭ دۆلـىتى ( 鬼国 ) دېگەندەك نامىلار ۋە شاڭ، جۇ سۇلالىلىرىنىڭ گۈيفاڭ، دىڭلىڭلار بىلەن ئۇزۇن مۇددەت ئۇرۇش قىلغانلىقى، بەزىدە گۈيفاڭ، دىڭلىڭلارغا سۇيۇرغال بەگلىك نامىنى ھەدىيە قىلغانلىقى خاتىرىلەنگەن. دۇەن ليەنچىن ئەپەندى يۇقىرىقى تارىخىي خاتىرى-لەرنى تەھلىل قىلىپ، «بىز شاڭ، جۇ سۇلالىلىرىدىن ئىبارەت ئىككى دەۋردە مەملىكىتىمىزنىڭ غەربىي، شىمالىي تەرەپلىرىدە گۈيفاڭ دەپ ئاتىلىدىغان مىللەتنىڭ بەگلىكلىرى ( 方国 ) مەۋجۇت ئىكەنلىكىگە ھېچقانداق گۇمان قىلالمايمىز» ، «گۈيفاڭ، دىلار ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى بولغان دىڭلىڭلارنىڭ يىراق قەدىمدىكى ئەجدادىدۇر» (168) دېگەن. بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى بولغان گۈيفاڭ، دىلارنىڭ شاڭ، جۇ سۇلالىلىرى دەۋرىدىلا ئاللىقاچان ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىن ھالقىپ دۆلەت قۇرغانلىقىنى چۈشەندۈ-رۈپ بېرىدۇ. «تارىخىي خاتىرىلەر» دىمۇ: «ھۇنـلار شىمالدا خۇن-يۇ ( 浑庾 ) ، چۈشۇر ( 屈射 ) ، دىڭلىڭ، خاكاس ( 鬲昆 ) ، شىنلى ( 新犁 ) قاتارلىق ئەللەرنى ئىتائەت قىلدۇردى» (169) دېيىلگەن بولۇپ، بۇمۇ ھۇن ئىمپېرىيىسى قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرىلا دىڭلىڭ دەپ ئاتالغان خانلىقنىڭ بولغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

شەرقىي ئۇيغۇرلار ياشىغان جايلار ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان بولۇپ، ئۇ دەۋر-لەردە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ئاللىقاچان سىنىپىي جەمئىيەتكە قەدەم قويغان ھەم يۇكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان، «ئوتتۇرا ئاسىيا-دىمۇ مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 7 ـ ئەسىردە ئەڭ دەسلەپكى دۆلەت-لەر، يەنى خارەزىم، باكتېرىيە، سوغدى دۆلەتلىرى بارلىققا كەل-گەن (170) . شۇنداق ئىكەن، ئۇلار بىلەن قويۇق مۇناسىۋەتتە

بولۇپ كېلىۋاتقان شەرقىي ئۇيغۇرلارنىڭ قوشنا جايلارنىڭ جەمئىي-
يەت تەرەققىياتىدىن تۆۋەن تۇرۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بەزى
ئەسەرلەردە «تۇمىد خانلىق قۇرغاندىن كېيىن ئۇيغۇر جەمئىيىتى
ئىنسانلار جەمئىيىتىدىكى بىرىنچى سىنىپىي جەمئىيەت —
قۇللۇق جەمئىيەت باسقۇچىغا قەدەم قويدى. مۇشۇ ۋاقىتتا ئۇيغۇر
جەمئىيىتىدە قۇللار مەيدانغا كەلدى» ، «قىتانلار بۇرۇن ئۇيغۇر-
لارغا قوي بېقىپ بېرەتتى، تاتارلارمۇ ئۇيغۇرلارغا قوي بېقىپ
بېرەتتى. دېمەك، بۇلار ئۇيغۇرلارغا قۇل بولغان» ، «قۇللارنىڭ
كېلىش مەنبەسى كۆپىنچە ئۇرۇشتا قولغا چۈشكەن ئەسىرلەر ئى-
دى» ، «ئۇيغۇرلار 630 - يىلى تۇركلەرنى مەغلۇپ قىلغاندا،
ئۇلارنىڭ خەلقىنى ئەسىر ئالغان» ، «646 - يىلى سىر - تاردۇش
خانلىقىنى مۇنقەرز قىلغاندا، ئۇلارنىڭ خەلقىنى ئىگىلىۋالغان» ،
«بۇنداق ئەسىر ئالغانلارنى ۋە ئىگىلىۋالغانلارنى قۇل قىلغان، يەنە
ئوتتۇرا تۇزلەڭلىكنىڭ چەت - ياقىلىرىدىن بۇلاپ كەلگەنلەرنىمۇ
قۇل قىلىپ ئىشلەتكەن، تاڭ سۇلالىسىگە ياردەم بېرىپ، ئۆگلۈك-
سۆيگۈن توپىلىڭىنى تىنجىتقاندىمۇ زور مال - مۈلۈكلەرگە ئېرىش-
كەن» ، «ئۇيغۇرلار يەنە ئۆز قەبىلىسىدىكىلەرنىمۇ قۇل قىلغان،
ئۇلار ئاساسەن ئۇرۇشتا ئاكتىپ بولمىغان ۋە ھەربىي بۇيرۇققا
خىلاپلىق قىلغانلار ئىدى» (171) دېگەندەك كۆز قاراشلار ئوتتۇرىغا
قويۇلغان بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇرۇشتا ئەسىرگە چۈشكەنلەرنى
قارا - قويۇق «قۇل قىلىشى» ئەينى دەۋر يايلاق شارائىتىدىكى
ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. ئۇيغۇرلار پەقەت بېسىۋال-
غان خەلق ۋە قەبىلىلەرگە نازارەتچىلەرنى ئەۋەتىپ «ئۇلارنىڭ سى-
ياسىي، ھەربىي ئىشلىرىنى نازارەت قىلغان، ئولپان - سېلىقلى-
رىنى سۇرۇشتۇرگەن» . «ئۇيغۇرلار ئۆز قەبىلىسىدىن ئۇرۇشتا
پاسسىپلىق قىلغانلارنى، ھەربىي بۇيرۇققا خىلاپلىق قىلغانلارنى
قۇل قىلاتتى» دېگىنىگە كەلسەك، «جىنايەتچى قۇللار ھەرقانداق
بىر مىللەتتە نوپۇسنىڭ ئىنتايىن ئاز قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ،
ئۇلارغا تايىنىپ قۇللۇق تۈزۈمنى تىكلىگىلى بولمايدۇ» ، «جىنا-

يەتچىلەرنى جازالاپ قۇل قىلىش فېئوداللىق جەمئىيەتتىمۇ ئۇزۇن مۇددەت ساقلىنىپ كەلگەن بولۇپ، بۇ قۇللۇق جەمئىيەتتە بولمىغان جەمئىيەتنىڭمۇ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى» دۇر (172) . رۇسىيىنىڭ ئاتاقلىق تۈركولوگى ئا. بېرنىشتام ئورخۇن - يېنسەي بويلىرىدىكى تۈرك - ئۇيغۇر جەمىيىتى ھەققىدىكى مەخسۇس تەتقىقاتىدا: «مەڭگۇ تاشلاردىكى قۇل (qul) سۆزى دائىم قۇللارنى ئىپادىلەپلا قالماستىن، يەنە ئاددىي بېقىنغۇچىلارنىمۇ كۆرسىتەتتى» ، «بىز قۇل (qul) دېگەن ئاتالغۇنىڭ مەنىسىنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق شۇنداق ھۆكۈم قىلىمىزكى، بۇ ئاتالغۇ باشقا ئۇرۇقتا ئەزا بولغانلارنى ۋە باشقا قەبىلە ياكى ئۇرۇقتىن كېلىپ چىققان بېقىنغۇچىلارنى كۆرسىتەتتى» ، «ئەسىرگە ئېلىنغانلار ھەرگىز قۇل ئورنىغا چۈشۈپ قالمايتتى (مۇنداقچە ئېيتقاندا، كۆچمەن چارۋىچىلىق شارائىتىدا قۇللۇق تۈزۈمنى كەڭ تەرەققىي قىلدۇرۇش مۇمكىن ئەمەس ئىدى) ، ئەكسىچە ئالاھىدە بولغان بېقىنغۇچى مۇناسىۋەتكە ئىگە ئولپان تۆلىگۈچى ئورنىغا چۈشۈپ قالاتتى» (173) دەپ ھېسابلىغان.

ئېنگېلس: «قۇللۇق جەمئىيەتتە قۇللارنىڭ ھېچقانداق جىسمانىي ۋە سىياسىي ئەركىنلىكى بولمايتتى. قۇللار قۇلدارلارنىڭ خالىغان ۋاقىتتا ئۆلتۈرىدىغان خۇسۇسىي مۈلكى ئىدى. فېئوداللىق جەمئىيەتتە بولسا، دېھقانلارنىڭ مۇئەييەن كىشىلىك ئەركىنلىكى بار بولۇپ، پومېشچىكلار پەقەتلا دېھقانلارنىڭ ئارتۇقچە ئەمگىكىنى (يەر ئىجارىسى) ئىگىلىۋالاتتى ياكى ئۇلارنى مەلۇم ھاشارلارنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشقا مەجبۇرلايتتى. ئەمما، دېھقانلارنىڭ ئۆزىنى ئىگىلىيەلمەيتتى» دېگەن بولۇپ، بۇ خىل مۇناسىۋەت شەكلى ئورخۇن خانلىقىدىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» دىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، ئورخۇن خانلىقىغا تەۋە ئۇرۇق ۋە قەبىلىلەرنىڭ «سۇيۇرغاللىق يەرلىرى» بولغان. ئالىي ھۆكۈمرانلار گۇرۇھى يايلاقلارنى ئۆز جەمەتىگە ۋە باشقا قەبىلىلەرنىڭ باشلىقلىرىغا سۇيۇرغال قىلىپ بەرگەن. ئۇلار

نازارەتچى ئەۋەتىپ ھەممىدىن بىردەك باج - سېلىق ئالغان. قاغان ۋە ئۇلارنىڭ جەمەتلىرى، ھەر دەرىجىلىك مەنسەپدارلار، ئۇرۇق ۋە قەبىلىنىڭ ئاقساقاللىرى نۇرغۇن چارۋا، ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى ۋە يايلاقلارغا ئىگە بولۇۋالغان. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بەگلەر ئادەتتىكى خەلقلەرگە بىۋاستە ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپ بولغان، ئادەتتىكى پۇقرالار ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنغۇچى سىنىپ بولۇپ «قارا بۇدۇن» دەپ ئاتالغان. ئۇلاردا ئازغىنا چارۋا ۋە يايلاق بولۇپ، سىياسىي جەھەتتە پۈتۈنلەي بەگلەرگە بېقىندى بولغان. ئۇرۇش بولۇپ قالسا ئۇلار ئۆزلىرى ئات، قورال - ياراغ ۋە ئوزۇق - تۈلۈك تەييارلاپ ئۇرۇشقا چىققان. ئادەتتىكى چاغلاردا ئۆزىنىڭ چارۋىچىلىقىنى قىلىشتىن تاشقىرى، ئاساسەن ھۆكۈمران سىنىپلارغا ھەقسىز ئىشلەپ بەرگەن. ئۇلار چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى ۋە باشقا ئېشىنچە مەھسۇلاتلارنى، باج - سېلىقلارنى تولۇق تاپشۇرۇشقا مەجبۇر بولغان. ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىدىكى ئەڭ تۆۋەن قاتلام — قۇل ياكى چۆرە، يەنى جىسمانىي ئەركىنلىكىدىن مەھرۇم قىلىنغانلار بولۇپ، ئاقسۆڭەكلەر سىنىپىغا پۈتۈنلەي بېقىندى كىشىلەر بولغان. ئۇلار ئاساسەن «قارا بۇدۇنلار» ئىچىدىكى ۋەيران بولغانلاردىن، يېتىم - يېسىرلاردىن ۋە ئەسىرلەردىن تەركىب تاپقان، ئادەتتە ھېچ نەرسىسى بولمىغان، ئىقتىسادىي جەھەتتە سېلىق تۆلىمىگەن، ئۇرۇشقىمۇ قاتناشمىغان، ئائىلە ئەمگىكى بىلەنلا شۇغۇللانغان. «قۇللار ۋە دېدەكلەر سان جەھەتتىن ئازراق بولۇپ، قۇللۇق جەمئىيەتتىكىگە ئوخشاش ئالاھىدە مۇناسىۋەتنى شەكىللەندۇرمىگەن» (174) . بۇنىڭدىن ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە راۋاج تاپقان فېئوداللىق تۈزۈمدىكى خانلىق ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ.

ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ فېئوداللىق جەمئىيەتكە ئۆتۈشىگە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيىتىنىڭ كۆرسەتكەن تەسىرى ھەققىدە تارىخچى جاڭ گۇاڭجى ئەپەندى: «مېنىڭ قارىشىمچە ھەقىقىي سەۋەب پەقەت بىرلا، ئۇ بولسىمۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى

ئىقتىسادىي شەرت ـ شارائىت قۇللـۇق تۈزۈمىـنى تەرەققىي قىلـ
دۇرۇشقا پەقەتلا ماس كەلمەيتتى» (175) دېگەن. ئاتاقلىق تۈركو-
لوگ ما چاڭشۇ ئەپەندىمۇ «غەربىي يۇرت ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى
ھەرقايسى رايونلارنىڭ غەربىي تۈرك خانلىقىدىن خېلىلا بالدۇرقى
دەۋردىلا فېئوداللىق جەمئىيەتنى تىكلەپ بولغان» لىقىنى بايان
قىلىش بىلەن بىللە، يەنە: «تۈرك خانلىقىدا فېئوداللىزم ئاللىقا-
چان شەكىللىنىپ بولغان بولۇپ، ئۇ كېيىنكى دەۋرلەردە يايلاق
رايونلىرىدا قۇرۇلغان نۇرغۇنلىغان كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ دۆلەت-
لىرىگە، مەسىلەن، ئۇيغۇر، موڭغۇل، تاڭغۇت خانلىقىغا تەسىر
قىلغانىدى. ئۇلارنىڭ دۆلەتلىرىنىڭ ھەممىسى گەرچە كۆپ قەبىلـ
لەردىن تەشكىل تاپقان بولسىمۇ، بىراق ئۇلارنىڭ ئاساسلىق جەمـ
ئىيەت فورماتسىيىسى يەنىلا فېئوداللىزم بولۇپ، قانداقتۇر باشقا
جەمئىيەت فورماتسىيىسى ئەمەس ئىدى» )176( دېيىش ئارقىلىق،
ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى جەمئىيىتىنىڭ فېئوداللىق خاراكتېرىدە
ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن. مەشھۇر تارىخشۇناس چېڭ سۇلو
ئەپەندىمۇ «646 ـ يىللار ئۇيغۇرلار دەسلەپكى قەدەمدە، كۆچمەن
چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلغان فېئوداللىق ھاكىمىيەتنى قۇرۇپ
چىقتى» (177) دەپ، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ 646 ـ يىلىلا
فېئوداللىزمغا ئۆتۈپ بولغانلىقىنى قەيت قىلغان. يەنە مەشھۇر ئۇي-
غۇرشۇناس فېڭ جياشېڭ ئەپەندىمۇ «ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى
دەۋرىدىلا، ئۇيغۇر جەمئىيىتى ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىن فېئودال-
لىق جەمئىيەتكە ئۆتۈپ بولغانىدى» (178) دېگەنلەرنى ئوتتۇرىغا
قويۇپ، يۇقىرىقى قاراشلارنى پۈتۈنلەي دەلىللىگەن.

دېمەك، يۇقىرىقىلاردىن بىلىشكە بولىدۇكى، ئورخۇن ئۇيغۇر
خانلىقى ئۇيغۇرلار ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىن قول ئۈزۈپ قۇرۇپ
چىققان قۇللۇق تۈزۈمدىكى تۇنجى خانلىق بولماستىن، بەلكى ئۇ-
لارنىڭ ئەجدادلىرى تەرىپىدىن ۋۇجۇدقا چىقىرىلغان ھاكىمىيەت
ئاساسىدا تىكلەنگەن فېئوداللىق تۈزۈمدىكى خانلىق بولغان.

## ئىزاھات:

① Colin Mackerras《The Uighur Empire acoor—ding to the T’ang dyanstic histories》can berra 1972.

②[法]勒尼.格鲁塞 :《草原帝国》,青海人民出版社 1991 年。

③ كىلياشتورنى: «تەس مەڭگۈ تېشى»، «شىنجاڭ ئۈنىۋېر-سىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1985 ـ يىلى 1 ـ سان؛ «ئۇيغۇرلار ۋە غەربىي يۇرتتىكى باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ قىسقىچە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000 ـ يىل.

④ [苏] 伯恩什大姆 :《鄂尔浑一叶尼赛突厥社会经济制度》,新疆人民出版社 1997 年。

⑤ [日] 安部健夫 :《西回鹘国史的研究》，新疆人民出版社 1995 年。

⑥ 冯家昇等:《维吾尔族史料简编》，民族出版社 1958 年。

⑦《西北民族研究》1995 年 第 1 期。

⑧《新疆文物》1997 年 第 4 期。

⑨ 范文澜:《中国通史》第四册，人民出版社 1965 年。

⑩ ئابدۇقەييۇم خوجا قاتارلىقلار: «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما» 114 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1983 ـ يىلى.

⑪س. گ. كىلياشتورنى: «تەس مەڭگۈ تېشى»، شىنجاڭ ئۈنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1985 ـ يىلى 1 ـ سان.

⑫ «كۆلتېكىن مەڭگۈ تېشى» نىڭ شەرقىي يۈزى 1 ـ قۇرى.

⑬ «بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى» نىڭ شەرقىي يۈزى 29 ـ، 34 ـ قۇرى.

⑭ 刘义棠:《突回研究》·134 页，台湾经世书局 1991 年。

⑮⑯ 华涛:《西域历史研究（八至十世纪)》第三章第三节《托古慈古思问题研究》。

⑰[法] J. R. 哈密顿:《九姓乌古斯和十姓回鹘考》(载《敦煌学辑刊》1983 年第 4 期)。

⑱ [法] J. R. 哈密顿 :《五代回鹘史料》第 3 页，新疆人民出版社 1982 年。

⑲《旧唐书》195 卷《回纥传》，5202 页。

⑳㉑《旧唐书·本纪 13·德宗》下，370，381 页。

㉒《旧唐书·本纪 14·宪宗》上，425 页。

㉓《旧唐书·本纪 16·穆宗》，489 页。

㉔《旧唐书·本纪 17·文宗》下，549 页。

㉕《册府元龟·外臣部》，11457 页（引冯志文，吴平凡编《回鹘史编年》，新疆大学出版社 1992 年）。

㉖《册府元龟. 外臣部. 朝贡》，11414 页。

㉗㉘《册府元龟. 外臣部 》，11462 页。

㉙《册府元龟. 外臣部. 通好》，11517 页。

㉚《唐会要》98 卷《回纥》，1743—1744 页。

㉛《唐会要》6 卷《杂录》。

㉜《新唐书》217 卷《回鹘传》下，6143 页。

㉝ [俄]吉洪诺夫 :《六至九世纪的维吾尔人》(载《西北历史资料》1980 年 第 3 期 217 页)。

㉞ [日]片山章雄:《关于 Toquz Oguz 与九姓的几个问题》(载《西北史地》1986 年 第三期)。

㉟段连勤:《丁零、高车与铁勒》183 页，上海人民出版社 1988 年。

㊱ «جامىئۇل تاۋارىخ» 1 ـ توم 1 ـ كىتاب، 239 ـ، 241 ـ بەتلەر (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1989 ـ يىلى نەشر قىلغان «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» 56 ـ ، 57 ـ بەتلەردە كەلتۈرۈلگەن نەقىل).

㊲ 苏和：《富饶的蒙古国》(载《蒙古学信息》1999 年第 1 期 63 页)。

㊳ مەھمۇد كاشغەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى» 3 ـ توم 175 ـ، 176 ـ بەتلەر، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1984 ـ يىل.

㊴ ئابدۇكېرىم راخمان: «ئۇيغۇر فولكلورى ھەققىدە بايان» 559 ـ بەت، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1989 ـ يىل.

㊵《新唐书》217 卷《回鹘传》上，6115 页。

㊶《资治通鉴》215 卷《唐纪》，6863 页。

㊷ 范文澜：《中国通史》第四册 73 页；申友良：《中国北方民族及其政权研究》116 页。

㊸ 程溯洛：《回纥游牧封建汗国的兴衰》（载《西北民族研究》1990 年第 2 期 170 页）。

㊹ 杨富学：《回鹘之佛教》21 页，新疆人民出版社 1998 年。

㊺ 钱伯泉：《新疆民族史》132 页，新疆人民出版社 1996 年。

㊻ ［法］J.R. 哈密顿：《五代回鹘史料》第 3 页，新疆人民出版社 1982 年。

㊼ س. گ. كىلياشتورنى: «تېرخىن مەڭگۈ تېشى»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1982 - يىللىق 3 - سان 118- بەت.

㊽ لىن گەن، گاۋزىخۇ: «قەدىمكى ئۇيغۇرلار تارىخى» 50 - بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000 - يىل.

㊾ 冯承钧：《西域地名》，中华书局 1982 年。

㊿ س. گ. كىلياشتورنى: «قەدىمكى تۈرك - رونىك يېزىقىدىكى ئابىدىلەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000 - يىل نەشرى.

51林幹:《中国古代北方民族通论》,内蒙古人民出版社 1998 年。

52张久和：《三十姓达怛与室韦的关系》（载《内蒙古师范大学学报》1999 年 第一期）。

53《新唐书》43 卷《地理志.羁縻州》。

54 林幹:《中国古代北方民族通论》第 132 页。

55 56《旧唐书》199 卷《北狄传》，5349，5354 页。

57《资治通鉴》246 卷《唐纪》，7967 页。

58《辞海》（缩印本）1429 页，上海辞书出版社 1980 年。

59《新唐书》217 卷《回鹘传》下，6144 页。

60 ［日］安部健夫 ：《西回鹘国史的研究》119 页,新疆人民出版社 1995 年。

61《旧唐书》195 卷《回纥传》，5195—5196 页。

62《资治通鉴》194 卷《唐纪》，6099 页。

⑥③《新唐书》217 卷《回鹘传》上，6114 页。

⑥④尹伟先：《回鹘与吐蕃对北庭、西州、凉州的争夺》(载《西北民族研究》1992 年第 2 期)。

⑥⑤ 杨建新、马曼丽：《西北民族关系史》227 页，民族出版社 1990 年。

⑥⑥ 杨富学：《回鹘之佛教》21 页，新疆人民出版社 1998 年；《高昌回鹘王国的西部疆域问题》(载《甘肃民族研究》1990 年第 3—4 期。

⑥⑦段连勤:《丁零、高车与铁勒》185 页,上海人民出版社 1988 年。

⑥⑧ س. گ. كىلياشتورنى: «تەس مەڭگۈ تېشى»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1985 ـ يىللىق 1 ـ سان؛ ياڭ شېڭمىن: «قەدىمكى ئۇيغۇرلار» 38 ـ بەت.

⑥⑨ [日]安部健夫 :《西回鹘国史的研究》5—6 页,新疆人民出版社 1995 年。

⑦⑩ [日]安部健夫 :《西回鹘国史的研究》7 页,新疆人民出版社 1995 年。

⑦①《隋书》84 卷《北狄传》，1880 页。

⑦②《旧唐书》195 卷《回纥传》，5198 页。

⑦③ «ئۇيغۇرلار ۋە غەربىي يۇرتتىكى باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ قىسقىچە تارىخى» 516 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000 ـ يىل.

⑦④ يۈموگۇ ( 榆幕谷 ) — هازىرقى ئىلىدىكى تەلكىگە توغرا كېلىدۇ.

⑦⑤ يەنچىڭ ( 咽城 ) — ياڭ شېڭمىن ئەپەندى ئۇنى هازىرقى بالقاش كۆلى بىلەن ئارال كۆلىنىڭ ئارىلىقىدا، دەپ هېسابلايدۇ.

⑦⑥ يىڭ سۇچۇەن ( 鹰娑川 ) — بەزىلەر ئۇنى هازىرقى يۇلتۇز دەرياسىنى كۆرسىتىدۇ دېسە، يەنە بەزىلەر هازىرقى قايدۇ دەرياسىنى كۆرسىتىدۇ، دەيدۇ.

⑦⑦段连勤:《丁零、高车与铁勒》468 页。

⑦⑧ 孟凡人:《北庭史地研究》168 页,新疆人民出版社 1995 年。

⑦⑨尹伟先：《回鹘与吐蕃对北庭、西州、凉州的争夺》(载《西

北民族研究》1992 年第 2 期 74 页)。

⑩杨圣敏:《资治通鉴突厥回纥史料校注》147 页,天津古籍出版社 1992 年。

⑧« ئۇيغۇرلار ۋە غەربىي يۇرتتىكى باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ
قىسقىچە تارىخى» 474 ـ، 476 ـ بەتلەر.

⑧ مەھمۇد كاشغەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا:
«سوقاق — ئۇيغۇرلارنىڭ پارسلارغا بەرگەن نامى» دەپ كۆرسەتـ
كەن. مۇشۇنىڭغا ئاساسەن بىر قىسىم تەتقىقاتچىلار سوقاق يولى
ئىرانغا بارىدىغان يولنى كۆرسەتسە كېرەك، دەپ قارايدۇ.

⑧ئابدۇقەييۇم خوجا قاتارلىقلار: «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يا-
دىكارلىقلىرىدىن تاللانما» 108 ـ، 122 ـ بەتلەر.

⑧س. گ. كىلياشتورنى: «غەربىي يۇرتتىكى تۈركىي خەلقـ
لەرنىڭ تارىخى» («ئۇيغۇرلار ۋە غەربىي يۇرتتىكى باشقا تۈركىي
خەلقلەرنىڭ قىسقىچە تارىخى» 529 ـ بەت).

⑧《新唐书》217 卷《回鹘传》下《葛逻禄》,6143 页; [法]勒尼.
格鲁塞:《草原帝国》141 页,青海人民出版社 1991 年。

⑧ ئاي تەڭرىدە قۇت بولمىش ئەل تۇتمىش ئالپ بىلگە قاغانـ
نىڭ نامى تارىخىي ماتېرىياللاردا ھەر خىل ناملاردا ئۇچرايدۇ.
كونا، يېڭى تاڭنامىلەردە بۇ قاغاننىڭ ئىسمى «ئىدىكەن» دەپ
خاتىرىلىنىپ، قاغانلىق نامى بۆگۈ قاغان، تەڭرى قاغان، تەڭرىدە
ئەل تۇتمىش ئالپ كۈلۈگ بىلگە قاغان دەپ ئاتالغان بولسا، «تېر-
خىن مەڭگۈ تېشى» دا بىلگە تارقان، قۇتلۇق تارقان سەنگۈن،
قۇتلۇق بىلگە تارقان سەنگۈن دەپ خاتىرىلەنگەن. «توققۇز ئۇيغۇر
قاغانى مەڭگۈ تېشى» دا ئاي تەڭرىدە قۇت بولمىش ئەل تۇتمىش
ئالپ كۈلۈگ بىلگە قاغان دەپ تولۇق نامى خاتىرىلەنگەن. «سېۋرېي
مەڭگۈ تېشى» دا بولسا ئىنگى ياغلاقار دېگەن نامدا ئاتالغان.
تۇرپاندىن تېپىلغان بىر پارچە مانى تېكىستىدە بۆگۈ قاغاننىڭ ئەڭ
تولۇق ھۆرمەت نامى خاتىرىلەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا «ئۇلۇغ ئىلىگ
تەڭرىدە قۇت بولمىش ئەردەنىن ئېل تۇتمىش ئالپ قۇتلۇق كۈلۈگ

بىلگە ئۇيغۇر قاغان زاماگى مانى» دېيىلگەن.

(87)(88) 钱伯泉：《新疆民族史》132—133 页，新疆人民出版社 1996 年。

(89) پوۋۇرغۇر قەبىلىسىنىڭ نامى «كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» دە « 复罗 » دەپ يېزىلغان، سىبن جۇڭمىيەن ئەپەندى ئۇنى پوۋۇرغۇرنىڭ باشقىچە يېزىلىشى، دەيدۇ.

(90)《突厥集史》下册 664 页。

(91)《新唐书》217 卷《回鹘传》上，6111 页。

(92)(93) 范文澜:《中国通史》第四册 73 页,人民出版社 1978 年。

(94) «ئۇيغۇرلار ۋە غەربىي يۇرتتىكى باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ قىسقىچە تارىخى» 181 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000 ـ يىلى نەشرى.

(95) 刘义棠：《突回研究》136 页，台湾经世书局 1991 年。

(96)刘戈：《鄂尔浑突厥文碑铭与鄂尔浑回鹘史》(载《新疆文物》1991 年 第 3 期 119 页)。

(97)《旧唐书》194 卷上，《突厥传》上，5153 页;《新唐书》215 卷上，《突厥传》上，6027—6028 页，中华书局 1975 年。

(98) مەھمۇد كاشغەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى» 1 ـ توم 491 ـ بەت، 3 ـ توم 175 ـ، 176 ـ بەتلەر، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1981 ـ يىل ۋە 1984 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى.

(99) 钱伯泉:《新疆民族史》122 页，新疆人民出版社 1996 年。

(100) 新疆历史教材编写组:《新疆地方史》95 页，新疆大学出版社 1992 年。

(101) ئىنانچۇ باغا تارقان كونا، يېڭى تاڭنامىلەردە تۇنباغا تارقان دەپ خاتىرىلەنگەن بولسا، «تېرخىن مەڭگۈ تېشى» دا ئىچكى بۇيرۇقلار بېشى ئىنانچۇ باغا تارقان دەپ ئاتالغان، قاغانلىق تەختىگە چىققاندىن كېيىن، تاڭنامىلەردە «قۇتلۇق بىلگە قاغان» دەپ ئاتالغان. فرانسىيىلىك خامىلتون ئەپەندى «Mahrnamag» دا تىلغا ئېلىنغان ئالپ قۇتلۇق بىلگە قاغان بىلەن تۇنباغا بىر ئادەمنى كۆرسىتىدۇ، دەپ قارايدۇ.

(102)《旧唐书》195 卷《回纥传》，5213 页：

(103) «ئۇيغۇرلار ۋە غەربىي يۇرتتىكى باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ قىسقىچە تارىخى» 184 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000 ـ يىل.

(104)［苏］伯恩什达姆 ：《6 至 8 世纪鄂尔浑一叶尼赛突厥社会经济制度》152 页，新疆人民出版社 1997 年。

(105) گېڭ شىمىن، تۇرسۇن ئايۇپلار نەشرگە تەييارلىغان «قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي داستانى — ئوغۇزنامە» 60 ـ، 61 ـ بەتلەر، مىللەتلەر نەشرىياتى 1981 ـ يىل.

(106) «تېرخىن مەڭگۈ تېشى» نىڭ غەربىي يۈزى 6 ـ، 9 ـ قۇرلىرى، شىمالىي يۈزى 10 ـ قۇردىن 15 ـ قۇرلىرى.

(107) 纪大椿主编：《新疆历史词典》124 页，新疆人民出版社 1994 年。

(108) مەھمۇد كاشغەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى» 3 ـ توم 215 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1984 ـ يىل.

(109) 刘义棠:《维吾尔研究》110—111 页,台湾正中书局印行。

(110) 范文澜：《中国通史》第四册 89 页。

(111) 刘义棠：《突回研究》132 页，台湾经世书局 1991 年。

(112) 刘义棠：《维吾尔研究》151 页，台湾正中书局印行。

(113) «ئۇيغۇرلار ۋە غەربىي يۇرتتىكى باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ قىسقىچە تارىخى» 176 ـ بەت.

(114) «كۆلتېكىن مەڭگۈ تېشى» جەنۇبىي يۈزى 3 ـ، 4 ـ قۇرلىرى.

(115)《周书》50 卷《突厥传》。

(116) 刘迎胜：《丝路文化》(草原卷) 184 页，浙江人民出版社 1995 年。

(117)《元史》122 卷《巴而术阿尔忒的斤传》，2999—3000 页，中华书局 1976 年。

(118) 王国维:《观堂集林》2 卷（引自刘美崧《两唐书回纥回鹘传疏证》26 页，中央民族学院出版社 1989 年)。

(119)《新唐书》217 卷《回鹘传》上，6112 页。

(120)[苏]伯恩什达姆 :《6 至 8 世纪鄂尔浑 — 叶尼赛突厥社会经济制度》152 页，新疆人民出版社 1997 年。

(121)《新唐书》217 卷《回鹘传》上，6120，6126 页。

(122) 刘迎胜：《丝路文化》（草原卷）75—76 页，浙江人民出版社 1995 年。

(123) «مويۇنچۇر قاغان مەڭگۈ تېشى» نىڭ شەرقىي يۈزى 19 ـ قۇرى.

(124) مەھمۇد كاشغەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى» 3 ـ توم 41 ـ بەت.

(125)《新唐书》217 卷《回鹘传》上,6117 页。

(126) MUHARREM ERGIN《ORHUN ABIDELERI》137—BAT ISTANBUL 1983—YIL.

(127) «مويۇنچۇر قاغان مەڭگۈ تېشى» نىڭ غەربىي يۈزى 19 ـ قۇرى.

(128) «تەس مەڭگۈ تېشى» نىڭ غەربىي يۈزى 6 ـ قۇرى.

(129)[苏]伯恩什达姆 :《6 至 8 世纪鄂尔浑 — 叶尼赛突厥社会经济制度》153 页，新疆人民出版社 1997 年。

(130) «كۆلتېكىن مەڭگۈ تېشى» نىڭ شەرقىي يۈزى 13 ـ، 14 ـ قۇرلىرى.

(131) مەھمۇد كاشغەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى» 1 ـ توم 539 ـ، 540 ـ بەتلەر.

(132) «بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى» نىڭ شەرقىي يۈزى 37 ـ، 38 ـ، 40 ـ قۇرلىرى.

(133)《隋书》84 卷《北狄传》，1879 页，中华书局 1973 年。

(134) مەھمۇد كاشغەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى» 1 ـ توم 146 ـ بەت.

(135) «مويۇنچۇر قاغان مەڭگۈ تېشى» نىڭ جەنۇبىي يۈزى 26 ـ قۇرى.

(136)《资治通鉴》246 卷《唐纪》，7967 页。

(137) 钱伯泉:《新疆民族史》132 页，新疆人民出版社 1996 年。

(138) مەھمۇد كاشغەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى» 1 ـ توم 568 ـ بەت.

(139)杨圣敏:《回纥史》108—109 页，吉林教育出版社 1991 年。

(140)《新疆历史词典》581 页，新疆人民出版社 1994 年。

(141) 刘义棠:《突回研究》135 页，台湾经世书局 1991 年。

(142)《旧唐书》195 卷《回纥传》，5215 页。

(143) 纪大椿主编:《新疆历史词典》190 页，新疆人民出版社 1994 年。

(144) MUHARREM ERGIN《ORHUN ABIDELERI》134—BAT ISTANBUL 1983—YIL.

(145)TALAT TEKIN《ORHON YAZITLARI》175—BAT ANKARA 1988—YIL.

(146) [苏] 伯恩什达姆 :《6 至 8 世纪鄂尔浑—叶尼赛突厥社会经济制度》156 页。

(147) «تېرخىن مەڭگۈ تېشى» نىڭ شىمالىي يۈزى 13 ـ، 14 ـ قۇرلىرى.

(148) 范文澜:《中国通史》第四册 98 页,人民出版社 1965 年。

(149) 杨圣敏:《回纥史》90 页，吉林教育出版社 1991 年。

(150) 钱伯泉:《新疆民族史》132—133 页，新疆人民出版社 1996 年。

(151)《旧唐书》195 卷《回纥传》，5209 页。

(152)《新唐书》217 卷《回鹘传》下，6149 页。

(153) «مويۇنچۇر قاغان مەڭگۈ تېشى» نىڭ شەرقىي يۈزى 17 ـ قۇرى.

(154) س. گ. كىلياشتورنى: «تەس مەڭگۈ تېشى»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1985 ـ يىللىق 3 ـ سان.

(155) «مويۇنچۇر قاغان مەڭگۈ تېشى» نىڭ شەرقىي يۈزى 19 ـ قۇرى.

(156)《新唐书》217 卷《回鹘传》上，6113—6114 页。

(157) «قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي داستانى — ئوغۇزنامە»

58 ـ، 59 ـ، 60 ـ، 61 ـ بەتلەر، مىللەتلەر نەشرىياتى 1980 ـ يىل.

(158)魏良弢:《喀喇汗王朝史稿》168 页,新疆人民出版社 1996 年。

(159) 范文澜:《中国通史》第四册 74 页。

(160) «مويۇنچۇر قاغان مەڭگۈ تېشى» نىڭ شىمالىي يۈزى 1 ـ، 2 ـ قۇرلىرى.

(161) «تېرخىن مەڭگۈ تېشى» نىڭ غەربىي يۈزى 3 ـ، 4 ـ، 5 ـ قۇرلىرى.

(162) مالياۋكىن: «9 — 12 ـ ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇر دۆلەتلىرى» 1 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1993 ـ يىل.

(163)范文澜:《中国通史》第四册 87—88 页,人民出版社 1965 年。

(164) 朱绍侯主编:《中国古代史》第 2 册 237 页，福建人民出版社 1980 年。

(165) 穆广文:《公元前三世纪末叶至公元六世纪中叶丁零、呼揭与东部高车社会生产力考证》(载《民族研究论文集》第三集 339，350 页，中央民族学院 1984 年)。

(166)《中国大百科全书》(考古卷) 2，9，10 页。

(167) 陈戈:《关于新疆地区的青铜时代和早期铁器时代文化》(载《考古》1990 年 4 期 372 页)。

(168) 段连勤:《丁零、高车与铁勒》9—10 页，上海人民出版社 1988 年。

(169) سى ماچيەن: «تارىخىي خاتىرىلەر» 110 ـ جىلد «ھۇنلار تەزكىرىسى» 403 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ئۇيغۇرچە نەشرى.

(170) 加富罗夫:《中亚塔吉克史》33 页，中国社会科学出版社 1985 年。

(171) 张炼:《回纥述论》(载《西北民族文丛》1984 年 第一期)。

(172) 张广志:《回纥与奴隶制》(载《青海师范学院学报》1983 年 3 期 109 页)。

(173) [苏] 伯恩什达姆 :《6 至 8 世纪鄂尔浑—叶尼赛突厥社会经济制度》166，174，183 页，新疆人民出版社 1997 年。

(174) [苏] 伯恩什达姆 ：《6 至 8 世纪鄂尔浑一叶尼赛突厥社会经济制度》166，174，183 页，新疆人民出版社 1997 年。

(175) 张广志：《回纥与奴隶制》（载《青海师范学院学报》1983 年 3 期 109 页）。

(176)马长寿:《突厥人与突厥汗国的社会变革》（载《历史研究》1960 年第 4 期）。

(177) 程溯洛：《维吾尔族居住新疆考》(载《西域史论丛》第一辑 9 页,新疆人民出版社 1985 年)。

(178) 冯家昇等：《维吾尔族历史分期问题》(载《中国民族问题研究集刊》1956 年第 5 辑 29—36 页)。

# 5 ـ باب  ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قەبىلىلىرى، نوپۇسى ۋە ئاھالىسىنىڭ ئىرقى

خانىنىڭ قول ئاستىدىكى ۋىلايەتلەر ھەرقانچە كۆپىيىپ، مەرتىۋىسى
يۇقىرى كۆتۈرۈلسمۇ، تۇغلىرى توققۇزدىن ئاشمايدۇ. چۈنكى، توققۇز سانى
خاسىيەتلىك ھېسابلىنىدۇ.

— مەھمۇد كاشغەرى

## 1 § . قەبىلىلىرى ۋە نوپۇسى

ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى ئۇيغۇرلارنىڭ
قەبىلە، ئۇرۇقلىرى ئىنتايىن كۆپ بولغان، ئۇلارنىڭ ھەممىسىـ
ـنىڭ ئۆزلىرىنىڭ جايلاشقان يەرلىرى، ماللىرىغا باسىدىغان تامغىـ
ـلىرى بولغان. «سۈينامە. تېلىلار تەزكىرىسى» دە، تېلىلارنىڭ
ئۇرۇق ـ قەبىلىلىرى ئىنتايىن كۆپ ئىكەنلىكى، ئۇلارنىڭ غەربىي
دېڭىزنىڭ شەرقىدىن تارتىپ تاغ ـ جىلغىلارنى بويلاپ ئولتۇراقلاشقانـ
ـلىقى، تۇغلا دەرياسىنىڭ شىمالى، ئېۋىرغولنىڭ غەربى، ئاگىنىـ
ـنىڭ شىمالىدىكى ئاقتاغ بويلىرى، ئالتۇن تاغنىڭ غەربىي جەنۇبى،
سەمەرقەندنىڭ شىمالى، ئىدىل دەرياسى بويلىرى، كاسپى دېڭىزىـ
ـنىڭ شەرقىي ۋە غەربىي تەرەپلىرى، رۇم (شەرقىي رىم) نىڭ
شەرقى، شىمالىي دېڭىزنىڭ جەنۇبى قاتارلىق كەڭ ئوتتۇرا ئاسىيا
رايونىغا (موڭغۇلىيە ۋادىسى بىلەن تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇب ۋە شىماـ
ـلى بۇنىڭ ئىچىدە) تارقالغان 41 تېلى قەبىلىسىنىڭ ناملىرى
كۆرسىتىپ بېرىلگەن. «ۋېينامە. قانقىللار تەزكىرىسى» دە، قانـ
ـقىللارنىڭ شەرقىي قانقىل ۋە غەربىي قانقىل دەپ ئىككى چوڭ
گۇرۇھقا بۆلۈنىدىغانلىقى، شەرقىي قانقىللارنىڭ ئالتە چوڭ قەبىـ

لىسى، 12 ئۇرۇقى بارلىقى ھەم ھەرقايسى قەبىلە، ئۇرۇقلىرىنىڭ
ناملىرى كۆرسىتىپ بېرىلگەن. «كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار تەزكى-
رىسى»، «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» ۋە «تاڭ سۇلالى-
سىگە دائىر مۇھىم بايانلار. ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» دە، سۇي -
تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە ئۇيغۇر قەبىلە ئىتتىپاقىنىڭ ئىچكى توق-
قۇز ئۇرۇق، تاشقى توققۇز قەبىلىدىن تەركىب تاپقانلىقى ۋە ئىچكى
توققۇز ئۇرۇق، تاشقى توققۇز قەبىلىنىڭ ناملىرى بىر - بىرلەپ
كۆرسىتىپ بېرىلگەن. «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» دە
يەنە، ئۇيغۇر قەبىلە ئىتتىپاقىنىڭ ئۇيغۇر (يۈەنخې)، سىر -
تاردۇش، قاپىش (چۆبە)، تۇۋا، قورىقان، تالانغۇت (ياكى دولان-
غۇت)، بۆگو (ياكى بارغۇت)، بايىرقۇ، تۇڭرا، قۇن (ياكى
ھۇن)، سىقار (ياكى ئىزگىل)، قۇشۇ (斛薛)، قۇمۇق (ياكى
چىگىل)، ئاتئىز، ئاقشىد (ياكى بولشار) قاتارلىق 15 قەبىلىدىن
تەركىب تاپقانلىقى خاتىرىلەنگەن. تۇركچە مەڭگۇ تاش يازما يادىكار-
لىقلىرىدىن «بايانچۇر مەڭگۇ تېشى» دا، ئون ئۇيغۇر، توققۇز
ئوغۇز خەلقى دېگەن نام تىلغا ئېلىنغان. 13 - ئەسىردە ئۆتكەن
پارس تارىخچىسى راشىددىنىنىڭ «جامىئۇل تاۋارىخ» دېگەن ئەسىرى-
دە، ئۇيغۇرىستان ۋىلايىتىدە ئىككى چوڭ تاغ بارلىقى، بۇ تاغلىق
رايونلارنىڭ بىرىدە ئون دەريا، يەنە بىرىدە توققۇز دەريا بار ئىكەن-
لىكى، قەدىمكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ ئاشۇ دەريالارنىڭ قىرغاق-
لىرىدىكى تاغلىق، تۈزلەڭلىك جايلارغا جايلاشقانلىقى، ئون دەريا
ۋادىلىرىدا ئولتۇراقلاشقانلارنىڭ «ئون ئۇيغۇر» دېيىلىدىغانلىقى،
توققۇز دەريا ۋادىلىرىدا ئولتۇراقلاشقانلارنىڭ «توققۇز ئۇيغۇر»
دېيىلىدىغانلىقى، يۇقىرىقى دەريالارنىڭ بويلىرىغا ئولتۇراقلاشقان
ئۇرۇق، قەبىلىلەردىن باشقا، يەنە شۇ رايوننىڭ ئۆزىدە 122 قەبىلە
بارلىقى، لېكىن ئۇلارنىڭ نام - ئاتاقلىرىنىڭ ئېنىق ئەمەسلىكى
خاتىرىلەنگەن. 13 - ئەسىردە ئۆتكەن يەنە بىر پارس تارىخچىسى
جۇۋەينىنىڭ «تارىخىي جاھانكۇشاي» دېگەن ئەسىرىدە، ئورخۇن
دەرياسىنىڭ قارا قۇرۇم تېغىدىن باشلىنىدىغانلىقى، ئۇيغۇرلار

ئۆزلىرىنى دەسلەپ ئورخۇن دەرياسى ۋادىسىدا كۆپەيگەن دەپ قاراي-دىغانلىقى، قارا قۇرۇم تېغىدىن باشلىنىدىغان 30 ئېقىن بارلىقى، ھەربىر ئېقىننىڭ قىرغاقلىرىدا بىردىن ئۇرۇق ئولتۇراقلاشقانلىقى خاتىرىلەنگەن. ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى داستانى «ئوغۇزنامە» دە، ئوغۇز خاننىڭ 24 قەبىلە، ئۇرۇقنىڭ نامى تىلغا ئېلىنغان. مەھمۇد كاشغەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا تۈركىي خەلقلەرنىڭ نۇرغۇن ئۇرۇقلىرىنىڭ بارلىقى، ئۇلارنىڭ سانىنىڭ مەلۇم ئەمەس-لىكى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە پەقەت 20 قەبىلىنىڭ ئاساسلىق قەبىلە ئىكەنلىكى، ئۇلارنىڭمۇ يەنە نۇرغۇن ئۇرۇقلىرى بارلىقىنى يې-زىپ، ئاساسلىق 20 قەبىلىنىڭ نام ـ ئاتاقلىرىنى رۇم ئۆلكىسى-نىڭ يېنىدىن كۈنچىقىشقا قاراپ تەرتىپ بويىچە بىر ـ بىرلەپ كۆرسىتىپ بەرگەن، يەنە ئوغۇزلارنىڭ 22 ئۇرۇقى بارلىقى، ھەر-بىر ئۇرۇقنىڭ ئايرىم بەلگىسى ۋە ماللىرىغا باسىدىغان تامغىسى بارلىقىنى خاتىرىلەپ ئۆتكەن① . يەنە كونا ۋە يېڭى تاڭنامىلەردە، مىلادىيە 840 ـ يىلى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى قىرغىزلارنىڭ ھۇجۇمى تۈپەيلىدىن يىمىرىلگەندىن كېيىن، «قاغان ئوردىسىغا يېقىن يەردىكى 13 قەبىلىنىڭ ئوكاتېكىن رەھبەرلىكىدە جەنۇبقا كۆچۈپ كېلىپ خەنزۇلارغا ئەل بولغانلىقى» ، «پانتېكىن باشچى-لىقىدىكى 15 قەبىلىنىڭ قارلۇقلارنىڭ يېرىگە كۆچۈپ كەتكەنلى-كى» خاتىرىلەنگەن بولۇپ، بەزى تەتقىقاتچىلار بۇنىڭغا ئاساسەن «ئەينى دەۋردە ئۇيغۇر خانلىقىدا 28 قەبىلە بار ئىدى»② دەپمۇ ھېسابلىغان. دېمەك، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى قۇرۇلۇشتىن ئىل-گىرى ئۇيغۇرلارنىڭ قەبىلە ـ ئۇرۇقلىرى ئىنتايىن كۆپ بولغان. ئۇلار گاھ كۆچىيىپ، گاھ پارچىلىنىپ، ئىجتىمائىي داۋالغۇشلار-نىڭ قايناملىرىدا ئۈزۈپ يۈرگەن، لېكىن ئەجدادلىرىنىڭ ئالەم قارىشى ۋە شامان دىنى ئېتىقادى بويىچە ئۆزلىرىنى ئون ئۇيغۇر، توققۇز ئوغۇز دەپ ئاتاپ كەلگەن ياكى باشقىلار ئۇلارنى شۇنداق ئاتىشىپ كەلگەن.

ئورخۇن ـ يېنسەي مەڭگۈ تاشلىرىدىكى ۋە تاڭنامىلەردىكى

مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىن، گەرچە «ئۇيغۇر» دېگەن ئورتاق مىللەت نامى ئەسلىدىكى قەبىلىلەرناملىرىنىڭ ئورنىنى ئىگىلەپ، خانلىق تەركىبىگە كىرگەن بارلىق توققۇز ئوغۇز، ئون ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ ئورتاق نامى بولۇپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن ئىچكى جەھەتتە بىر قىسىم قەبىلىلەرنىڭ ناملىرى يەنىلا ساقلىنىپ كەلگەن. تۆۋەندە ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىغا قاراشلىق قەبىلىلەر ۋە ئۇلارنىڭ جايلاشقان ئورنى، نوپۇسى ھەققىدە قىسقىچە مۇھاكىمە قىلىپ ئۆتىمىز.

**ئون ئۇيغۇر:** ئون ئۇيغۇرلار دەل «كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» دە ئېيتىلغان «ئىچكى توققۇز قەبىلە» دۇر. ئورخۇن - يېنسەي مەڭگۇ تاشلىرىدىن ۋە تاڭ سۇلالىسى تارىخىغا دائىر خاتىرىلەردىن قارىغاندا، ئون ئۇيغۇرلار قەدىمدە ئاساسەن موڭغۇلىيىنىڭ سۇ، ئوت - چۆپلىرى مول بولغان، تەبىئىي ۋە جۇغراپىيىلىك شارائىتى ياخشى بولغان سېلىنگا دەرياسى، ئورخۇن دەرياسى ۋە تۇغلا دەرياسى ۋادىلىرىغا جايلاشقان بولۇپ، مۇقەددەس جاي ھېسابلىنىدىغان ئۆتۈكەن تاغلىرى ئۇلارنىڭ ئاساسلىق پائالىيەت مەركىزى بولغان. ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىن، بۇ رايون قاغانلىقنىڭ مەركىزى رايونى بولۇپ، ئىقتىساد، سودا، مەدەنىيەت ۋە بىناكارلىقى قاغانلىقنىڭ شەرقىي ۋە جەنۇبىدىكى بىر قىسىم رايونلارغا قارىغاندا تېز تەرەققىي قىلغان. كېيىنچە نوپۇسىنىڭ تېز سۈرئەتتە ئېشىشى، قەبىلە، ئۇرۇقلارنىڭ كۆپلەپ كۆچۈپ كېلىشى بىلەن ئون ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچىدىكى بىر قىسىم قەبىلىلەر يېڭىدىن ئوتلاق - يايلاقلارنى ئىگىلەش ۋەسۋەسىسىدە، ئەتراپتىكى باشقا رايونلارغا كۆچۈپ بېرىپ، ئۇ يەرلەردە يېڭىدىن ئۆي - ماكانلىرىنى قۇرۇپ چىققان. مويۇنچۇر قاغان دەۋرىدە، يەنى 750 — 751 - يىللىرى ئون ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسىم قەبىلىلىرى سىبىرىيىنىڭ جەنۇبىدىكى يېنسەي دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى رايونلارغا، يەنى ھازىرقى رۇسىيە فېدېراتسىيىسى تەۋەلىكىدىكى تۇۋا ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتى تەۋەسىگە كۆچۈپ كې-

لىپ، شەھەر ـ قەلئەلەرنى، ئېتىزلىق ۋە يايلاقلارنى بەرپا قىلى-
غان. شۇڭا، ھازىرغىچە تۇۋادىكى بىر قىسىم كىشىلەر ئۆزلىرىنى
بەزىدە تۇۋالار دەپ ئاتىسا، بەزىدە ئۇيغۇر ئۇلۇسى دەپ ئاتايدۇ،
يەنە بۇ يەردە ياشايدىغان ئۇرانخايلارمۇ (乌梁海人) ئۆزلىرىنىڭ
تىلىنى ئۇيغۇر تىلى دەپ قارايدۇ③. 1949 ـ يىلى سابىق سوۋېت
ئىتتىپاقىنىڭ ئارخېئولوگلىرى تۇۋا ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتى دائى-
رىسىدىكى 12 ئورۇندىن ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە ئۇيغ-
ۇرلار تەرىپىدىن ياسالغان شەھەر ـ قەلئە خارابىلىرىنى تېپىپ
چىققان④. يەنە بىر قىسىم ئون ئۇيغۇر قەبىلىلىرى موڭغۇلىيى-
نىڭ غەربىدىكى ئېرغۇنا دەرياسى ۋادىلىرىغا كېلىپ، بۇ يەرلەردە
خاتۇنبالىق (يەنى قۇنچۇي بالىق) شەھىرىنى بىنا قىلغان، كېيىن
ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن تاڭ سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدا قۇدىلىق
مۇناسىۋەت ئورنىتىلغاندىن كېيىن، «تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئۇيغۇرلا-
رغا ياتلىق قىلىنغان مەلىكىلىرى مۇشۇ جايدا تۇرغان»⑤. يەنە
بىر قىسىم ئون ئۇيغۇر قەبىلىلىرى چوغاي تېغى باغرىغا كېلىپ
ئورۇنلىشىپ، بۇ يەردىمۇ خاتۇنبالىق شەھىرىنى ۋە مېيجيەنبالىق
(眉间城) شەھىرىنى بىنا قىلىپ، چارۋىچىلىق، سودا ۋە دېھقان-
چىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. يەنە بىر قىسىم ئون ئۇيغۇر قەبىلىلە-
رى خېشى ۋادىسىغا كېلىپ، بۇ يەردىكى قېرىنداشلىرى بىلەن
يىپەك يولى سودىسىنى ئاۋاتلاشتۇرغان، ئۇنىڭدىن باشقا، بېشبالىق
ۋە قۇچۇ رايونلىرىدىمۇ ئون ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسىم قەبىلىلىرى
بولغان، مانى دىنى مەزمۇنىدىكى تۈركچە تېكىستتە (TM301 نومۇرلۇق)
كۆرسىتىلىشىچە، قۇچۇنىڭ سىرتىدىكى يايلاقلارنى ئەل تۇتمىش
ئۇلۇغ بىلگە قاغان، يەنى بۆگۈ قاغان ئىدارە قىلغان، بۆگۈ قاغان-
نىڭ ئەتىۋارلىق ئوغلى، ئەل ئۇگەسى تۇزلۇك بەگ قۇچۇ شەھىرى-
نىڭ بېگى بولغان⑥.

ئون ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى ھەققىدە تارىخىي ماتېرىياللاردا خاتىرىلەر بىرقەدەر كەمچىل بولۇپ، «كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» دە، سۇي سۇلالىسى دايې تۇنجى يىلى (605 ـ يىلى)

ئۇلارنىڭ «نوپۇسى 100 مىڭ، ئەسكەرلىككە يارامىلىقى 50 مىڭ» ئىكەنلىكى خاتىرىلەنگەن. «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» دىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان ھالدا «ئاھالىسى 100 مىڭ، ئەسكەرلىككە يارامىلىقى يېرىمىنى تەشكىل قىلىدۇ» دېيىلگەن⑦. بۇ ئون ئۇيغۇرلارنىڭ ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى قۇرۇلۇشتىن سەل ئىلگىرىكى نوپۇس ئەھۋالى بولۇپ، بۇنى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىنكى ئون ئۇيغۇرلارنىڭ ئەمەلىي نوپۇسى دەپ ئېيتىشقا بولمايدۇ. ئۇيغۇرلار ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇرغاندىن كېيىن، موڭغۇلىيە ۋادىسىنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتىدا غايەت زور ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىپ، چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىك، سودا تەرەققىي قىلغان، تەبىئىيكى بۇ ئامىللار نوپۇسنىڭ كۆپىيىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن.

**بۆگۈ(بارغۇت):** بۆگۈقەبىلىسى «سۇينامە. تېلىلار تەزكىرىسى» دە خاتىرىلىنىشىچە ئەڭ دەسلەپ ھازىرقى موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىدىكى تۇغلا دەرياسىنىڭ شىمالىي تەرەپلىرىگە جايلاشقان، غەربتە تۇڭرا قەبىلىسى بىلەن ئىناق - ئىجىل ئۆتكەن. مىلادىيە 685 - يىلى بۆگۈقەبىلىسىنىڭ بىر قىسىم ئاھالىسى تۈركلەرنىڭ زۇلمىغا قارشى ئىسيان كۆتۈرۈپ، ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ خېشى كارىدورى بويلىرىغا كۆچۈپ كېلىپ ماكانلاشقان، «يېڭى تاڭنامە» دە: «بۆگۈقەبىلىسى دولانغۇت (يەنى تۆلەنگۇت) لارنىڭ شەرقىگە جايلاشقان، چېدىرلىق تۈتۈنى 30 مىڭ، ئەسكىرى 10 مىڭ. جايلاشقان زېمىنى ئەڭ شىمالدا بولۇپ، ئادەتتە گېپى ئوچۇق، لېكىن كۆندۈرۈش تەس ئىدى»⑧ دېيىلگەن. بۆگۈ قەبىلىسىنىڭ ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدىكى ئورنى ئىنتايىن يۇقىرى ھەم مۇھىم بولۇپ، تارىخىي ماتېرىياللاردا خاتىرىلىنىشىچە، ئۆڭلۈك - سۆيگۈن توپىلىڭى يۈز بەرگەندىن كېيىن، بۆگۈ جەمەتىنىڭ (يەنى بۆگۈخۇەيئېنىنىڭ) ئۈچ قىزى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ياغلاقار جەمەتىدىن كېلىپ چىققان تەڭرى قاغانغا (759 — 780 - يىللار)، تاراس قاغانغا (789 — 790 - يىللار) ياتلىق قىلىنىپ

قاتۇن بولغان.

**ھۇن (قۇن):** ھۇن قەبىلىسى «سۈينامە. تېلىلار تەزكىرىسى» دە تۇغلا دەرياسىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان دېيىلگەن. «يېڭى تاڭنامە» دە ھەرقايسى قەبىلىلەرنىڭ ئەڭ جەنۇبىغا جايلاشقان دېيىلگەن. نۆۋەتتە ئۇيغۇر تارىخى تەتقىقاتچىلىرىنىڭمۇ ھۇن قەبىلىسىنىڭ جايلاشقان ئورنى ھەققىدىكى قاراشلىرى بىردەك ئەمەس. بەزىلەر ھۇن قەبىلىسى ھازىرقى خېشى كارىدورى ۋادىسىدىكى لياڭجۇ ئايمىقى ئەتراپىدا ياشىغان، دەپ قارايدۇ. ياڭ شېڭمىن ئەپەندى: «ھۇنلار تۇغلا دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنىدا ئۇيغۇر قەبىلىسى بىلەن قوشنا ياشايتتى»⑨ دەيدۇ. ليۇ مېيسوڭ ئەپەندى: «ھۇنلارنىڭ جايلاشقان يەرلىرى موڭغۇلىيەدىكى تۇغلا دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدا ئىدى»⑩ دەيدۇ. ليو جىشياۋ ئەپەندى بولسا: «ھۇن قەبىلىسىدە گاۋلەن ئايمىقى تەسىس قىلىنغان، ئۇنىڭ ئورنى ھازىرغىچە ئېنىق ئەمەس»⑪ دەپ يازغان.

**بايىرقۇ:** بايىرقۇلار ھەققىدە «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» دە: «قۇملۇقنىڭ شىمالىغا تارقىلىپ ئورۇنلاشقان، بۆگۈ (بارغۇت) لەرنىڭ شەرقىدە، موغاللار ( 靺鞨 ) بىلەن قوشنا ياشايدۇ. 60 مىڭ چېدىرلىق تۈتۈنى، مىڭ ئەسكىرى بار، يېرى ئوت - چۆپلىرى مول جاي بولۇپ، نەسىللىك ئات، ئېسىل تۆمۈر چىقىدۇ»⑫ دېيىلگەن. ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە بايىرقۇلار ھازىرقى قۇرۇلۇن، خەيلا دەريالىرىنىڭ شىمالىدىكى جايلارغا تارقىلىپ ياشىغان، شەرقتە خېيلوڭجياڭ دەرياسى ۋادىسىدىكى موغاللار بىلەن (موغاللار سۈي - تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە ئاساسەن ھازىرقى سۇڭخۇاجياڭ، مۇدەنجياڭ ۋە خېيلوڭجياڭ دەريالىرىنىڭ ئوتتۇرا، تۆۋەن ئېقىنىدىكى جايلاردا ياشىغان) قوشنا بولغان. بىراق، بەزىلەر بايىرقۇلارنىڭ شەرقتىكى، يەنى خېيلوڭجياڭ دەرياسى ۋادىسىدىكى قوشنىلىرى سىبىرلار (يەنى شىرۋىلار) ئىدى، دەپمۇ قارايدۇ.

**تۇڭرا:** تۇڭرالار ھەققىدە «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار تەزكى-

ـرىسى» دە: «سىر ـ تاردۇشلارنىڭ شىمالىغا، دولانغۇتلارنىڭ
شەرقىگە جايلاشقان بولۇپ، ئەسكەرلىككە ياراملىقى 30 مىڭ»⑬
دېيىلگەن. تۆگرا قەبىلىسى ئەسلىدە هازىرقى موڭغۇلىيە خەلق
جۇمهۇرىيىتىنىڭ شىمالىدىكى تۇغلا دەرياسىنىڭ شىمالىدا ياشىغان
بولۇپ، 8 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا قەبىلە باشلىقى ئابۇس بىر
قىسىم قوۋملىرىنى باشلاپ جەنۇبقا كۆچۈپ ئوردوس ۋادىسىغا كەل-
گەن، ئۆڭلۈك ئىسيان كۆتۈرگەندە تۆگرا قەبىلىسىدىكىلەردىنمۇ
خىللانغان ئاتلىق قوشۇن تەشكىل قىلغان. ياپونىيىلىك تەتقىقاتچى
شىاۋېي چۇەنشىۇ ئەپەندى تۆگرا قەبىلىسىنىڭ نامى تۇغلا دەرياسى-
نىڭ نامىدىن كەلگەن، دەپ قارايدۇ.

**ئىزگىل:** ئىزگىل قەبىلىسى دەسلەپ موڭغۇلىيەدىكى خانگاي
تېغىنىڭ شەرقىي بۆلىكى بولغان ئۆتۈكەن تېغىنىڭ ئەتراپلىرىدا
ياشىغان. «يېڭى تاڭنامە، ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» دە «قۇمۇقلار
تۆگرا قەبىلىسىنىڭ شىمالىدا ياشايتتى، ئىزگىل قەبىلىسى سىر ـ
تاردۇشلارنىڭ بۇرۇنقى يېرىدە ياشايتتى، ئىككى قەبىلىنىڭ ئەس-
كەرلىرىنى قوشقاندا 20 مىڭغا يېتەتتى»⑭ دېيىلگەن. تارىخىي
ماتېرىياللارغا قارىغاندا، ئىزگىللارنىڭ پائالىيەت دائىرىسى ئىنتا-
يىن كەڭرى بولغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىر قىسىملىرى موڭغۇلىيە-
نىڭ جەنۇبىدا، سەددىچىن بويلىرىدا ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىس-
سىقكۆل بويلىرىدا ياشىغان. «ئەلنى ئىدارە قىلىشتا پايدىلىق ئو-
مۇمىي ئۆرنەكلەر» دە: «شۇەنچىڭ 4 ـ يىلى (659 ـ يىلى) 11-
ئايدا ئىزگىللارنىڭ ئىركىنى دۇمان ( 都曼 ) قەشقەر، كۆكيار،
گورباند (تاشقۇرغان) ئۈچ بەگلىككە باشچىلىق قىلىپ ئىسيان
كۆتۈرۈپ، ئودۇننى ئىشغال قىلىۋالدى»⑮ دېيىلگەن بولۇپ، بۇ
ئىزگىللارنىڭ 7 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا تارىم ئويمانلىقىنىڭ
ئوتتۇرا ۋە غەربىي جەنۇبى رايونلىرىغا كېلىپ ماكانلاشقانلىقىنى
چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

**چۆبە (قاپىش):** چۆبە قەبىلىسى توققۇز ئوغۇزلارنىڭ ئىچى-
دىكى خېلى چوڭ قەبىلە بولۇپ، ئۇلارنىڭ موڭغۇلىيە ۋادىسىدىكى-

لىرى تۆغلا دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى جايلارغا تارقىلىپ ياشىغان، غەرب تەرەپتىكىلىرى قارا شەھەرنىڭ غەربىدىكى يۇلتۇز يايلاقلىرىغا تارقىلىپ ياشىغان. سۈي سۇلالىسىنىڭ دەسلەپىدە، ئۇلار غەربىي تۈركلەردىن ئايرىلىپ چىقىپ، قۇچۇ، ئاگنى، ئۈۋسىرغولنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تېلى خانلىقىنى قۇرۇپ، بوغدا تېغى باغرىنى مەركەز قىلغان، بۇ تېلىلار خانلىقى ئون نەچچە يىل مەۋجۇت بولۇپ، كېيىن غەربىي تۈرك خانلىقى تەرىپىدىن قايتا قوشۇۋېلىنغان، شۇنىڭدىن كېيىن چۆبەلەرنىڭ بىر قىسمىلىرى ئىسسىقكۆل بويلىرىغا، بىر قىسمىلىرى خېشى كارىدورىدىكى گەنجۇ، لياڭجۇ ئايمىقىنىڭ ئارىلىقىدىكى جايلارغا كۆچۈپ كەتكەن. «تاڭ سۇلالىسىگە دائىر مۇھىم خاتىرىلەر» دە: «چۆبە قەبىلىسىنىڭ ئاتلىرى ئاتئېز قەبىلىسىنىڭ ئاتلىرىغا ئوخشىشىپ كېتىدۇ، ئۇلار تۆغلا دەرياسىنىڭ جەنۇبىغا، يەنى يۇشى ئايمىقىغا ماكانلاشقان» ⑯ دەپ خاتىرىلەنگەن. «ئومۇمىي قامۇس» تا: «چوڭ چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى چۆبەلەرنىڭ ئەسكەرلىكىگە ياراملىقى ئۈچ مىڭ ئىدى» دېيىلگەن.

**باسمىل:** باسمىللار ئەسلىدە ئۆتۈكەن تېغى باغرىغا، يەنى بايقال كۆلىنىڭ جەنۇبىغا، قىرغىزلارنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى جايلارغا ماكانلاشقان بولۇپ، بىر قىسمى يەنە بوغدا تېغىنىڭ شىمالىدىكى بېشبالىق رايونىدىمۇ ئولتۇراقلاشقان. تارىخىي ماتېرىياللاردا ئېيتىلىشىچە، باسمىللار ئوۋغا ماھىر بولۇپ، چانا بىلەن بۇغا - مارال ئوۋلىغان، ھەر خىل كۆكتات ۋە زىرائەتلەرنىمۇ ئۆستۈرگەن. كېيىنكى شەرقىي تۈرك خانلىقى دەۋرىدە، تۈركلەرنىڭ ئاشىنا ئۇرۇقىدىن بولغان خان جەمەتىدىكىلەر باسمىللارنىڭ مىراسخور ئاقساقاللىرى بولۇۋالغان، كېيىن باسمىللارنىڭ ئاقساقىلى ئاشىناش ( 阿史那施 ) ئۇيغۇر ۋە قارلۇق قەبىلىسى بىلەن بىرلىشىپ، مىلادىيە 742 - يىلى تۈركلەرنىڭ پان كۆل تېكىن ( 判阙特勤 ) نى ئۆلتۈرۈپ⑰، كۆل بويلانىڭ ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنى قايتا قۇرۇپ چىقىشىغا زور ياردەم بەرگەن. ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى موڭغۇلىيە ۋادىسىدا ئۆز ئورنىنى قايتا تىكلىگەندىن

كېيىن باسمىللار ئون ئۇيغۇرلار رەھبەرلىكىدىكى توققۇز ئوغۇز-لارنىڭ تەركىبىگە كىرگەن. ئاتاقلىق تۈركولوگ بارتولد باسمىللار تۈركىي مىللەتلەر ئىچىدە ئەڭ بۇرۇن ئولتۇراق تۇرمۇشقا ئۆتكەن-لەر بولۇپ، ئۇلار ئۇ چاغلاردا بېشبالىقتا ياشايتتى، ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىرى «ئىدىقۇت» دەپ ئاتىلاتتى⑱، كېيىن «ئىدىقۇت» دېگەن نام باسمىللاردىن ئۇيغۇرلارغا مىراس بولۇپ قالغان، دې-گەن. «ئومۇمىي قامۇس» تا: «تۇتۇنى ئىككى مىڭ» دېيىلگەن.

**قارلۇق:** قارلۇقلار بۇلاگ ( 谋落 ) ، چىگىل ( 炽俟 ) ، تاشلىك ( 踏实力 ) قاتارلىق ئۈچ قەبىلىدىن تەركىب تاپقاچقا، ئورخۇن - يېنسەي مەڭگۈ تاش يادىكارلىقلىرىدا «ئۈچ قارلۇق» دەپ ئاتالغان، قارلۇقلار يارىش يازىقى دەپ ئاتالغان جۇڭغار ۋادى-سىدا، جۇملىدىن بېشبالىقنىڭ غەربىي شىمالى، ئالتاي تېغىنىڭ غەربى، تارباغاتاي تاغلىرى، ئېرتىش دەرياسى ۋادىسىدىكى جايلاردا ياشىغان. «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» دە: «ئەسكەرلە-رى قەيسەر، ئۇرۇشخۇمار ئىدى، بېشبالىقنىڭ غەربىدىكى ھەرقاي-سى تۈركىي قەبىلىلەر ئۇلاردىن بەكلا قورقاتتى» دېيىلگەن⑲.

كېيىن قارلۇقلار ئىككى چوڭ تارماققا بۆلۈنۈپ، سول تارمىقى ئۆتۈكەن تېغى بىلەن ئالتاي تېغىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى جايلاردا يا-شاپ شەرقىي تۈرك خانلىقىغا قارىغان، ئوڭ تارمىقى داۋاملىق ئالتاي تېغىنىڭ غەربىدە ياشاپ غەربىي تۈرك خانلىقىغا قارىغان، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى ۋە قۇرۇلغاندا ئۇلار ئون ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ يېقىن ئىتتىپاقچىسى بولغان، توققۇز ئوغۇز ئىتتىپاقى ئىچىدىمۇ ئەڭ جەڭگىۋار قەبىلە ھېسابلانغان.

ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى ئۆز سەلتەنەتىنى ئورخۇن ۋادىسىدا قايتا تىكلىگەندىن كېيىن، قارلۇقلارنىڭ سول تارمىقى تەدرىجىي ئۇي-غۇرلارغا سىڭىپ كەتكەن، ئوڭ تارمىقى نىسبىي مۇستەقىللىقىنى ساقلاپ كەلگەن. ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى تاڭ سۇلالىسىگە ياردەم-لىشىپ ئۆڭلۈك - سۆيگۈن توپىلىڭىنى (755 — 763 - يىللار) باستۇرۇش بىلەن بولۇپ كەتكەن يىللاردا، «قارلۇقلار كۆچىيىپ،

ئۇيغۇرلار بىلەن رىقابەتلەشكەن، ئون ئوق قاغانىنىڭ بۆرۈنقى زې-مىنلىرىگىچە بېرىپ، سۇياپ، تالاس قاتارلىق شەھەرلەرنى ئىشغال قىلىۋالغان»⑳ ھەم تەدرىجىي ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئىدارە قىلىشىدىن ئايرىلىپ چىقىشقا ئۇرۇنغان. «توققۇز ئۇيغۇر قاغان مەڭگۇ تېشى» ۋە «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» دىكى خاتىرىلەردىن قارىغاندا، 8 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن كې-يىن قارلۇقلار قىرغىز، تىبەتلەر بىلەن بىرلىشىپ بېشبالىق قا-تارلىق جايلارنى ئىشغال قىلىۋېلىپ، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ غەربىي رايوندىكى ھۆكۈمرانلىقىغا ئېغىر تەھدىت سالغان. نەتىجى-دە قۇتلۇق قاغان (795 — 805 ـ يىللار) دىن ئاي تەڭرىدە قۇت بولمىش ئالپ بىلگە قاغان (808 — 821 ـ يىللار) دەۋرىگىچە ئۇيغۇر قاغانلىرى قارلۇق، قىرغىز، تىبەت ئىتتىپاقىغا قارشى ئۇرۇش قىلىپ، ئاخىر قارلۇقلارنى باش ئەگدۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئاقساقىلىغا ئىدۇگ بىلگە يابغۇ دېگەن نامنى بەرگەن، ئىسسىقكۆل بويلىرىدىكى جايلارغا قوشۇن تۇرغۇزۇپ، قارلۇقلارنىڭ شۇ جايلار-دا ئولتۇرۇشلۇق قەبىلىلىرىنى پۈتۈنلەي كونترول قىلغان. يەنە ئۇيغۇر ئاقسۆڭەكلىرىگە ئاشۇ جايلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى سۇيۇر-غال قىلىپ بەرگەن. بۇ خىل ئەھۋال تاكى ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچكۈچە ئىزچىل داۋاملاشقان㉑.

**سىر ـ تاردۇشلار:** سىر ـ تاردۇشلار سىر ۋە تاردۇش ئىككى قەبىلىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، شەرقىي قانقىللارنىڭ بىر ئەزا-سى بولغان. «دەسلەپ سىر قەبىلىسى تاردۇش قەبىلىسى بىلەن ئارىلىشىپ ياشايتتى، كېيىن سىر قەبىلىسى تاردۇش قەبىلىسىنى مەغلۇپ قىلىپ ئۇلارنى قوشۇۋېلىپ، سىر ـ تاردۇش دەپ ئاتال-دى. ئۇلار تېلى قەبىلىلىرى ئىچىدە ئەڭ كۈچلۈك ئىدى، ئۆرپ ـ ئادىتى تۈركلەر بىلەن ئاساسەن ئوخشاش ئىدى»㉒. سىر ـ تار-دۇشلار ئەڭ دەسلەپ ئالتاي تېغىنىڭ شەرقى ۋە جەنۇبىدىكى جۇڭغار ئويمانلىقىدا چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان، كېيىن زورىيىپ چېدىرلىق تۈتۈنى 100 مىڭدىن ئېشىپ كەتكەن.

مىلادىيە 605 ـ يىلى ھەرقايسى تېلى قەبىلىلىرى سىر ـ تاردۇش ۋە چۆبە قەبىلىسىنىڭ باشچىلىقىدا غەربىي تۈركلەرنىڭ قارا قاغانىنىڭ (600 — 611 ـ يىللار) ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، چۆبە قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى چۆبەقالىن (قاپىش قالىن، 契苾歌楞) ئۆزىنى ئەل ئەتمىش باغا قاغان دەپ جاكارلاپ، بۇغدا تېغى باغرىدا بارگاھ تىكلەپ، چۆبە ـ سىر ـ تاردۇش خانلىقىنى (605 — 613 ـ يىللار) قۇرغاندا، سىر ـ تاردۇشلارنىڭ ئاقساقىلى ئىشبارامۇ ئۆزىنى ئىش قاغان (乙咥至可汗) دەپ ئاتاپ، ھازىرقى تارباغاتايدىكى يەنمو تېغى (燕末山) باغرىدا بارگاھ قۇرغان. كېيىن، غەربىي تۈركلەرنىڭ يابغۇ قاغانى (611 — 618 ـ يىللار) دەۋرىگە كەلگەندە، سىر ـ تاردۇشلار قايتا شەرقىي ۋە غەربىي تۈركلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا چۈشۈپ قالغان. 630 ـ يىلى سىر ـ تاردۇشلار ئۇيغۇر قاتارلىق توققۇز ئوغۇزلار بىلەن بىرلىكتە شەرقىي تۈرك خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ، زېمىنى «شەرقتە سىبىرلار (شىرۋىلار، تاتارلار) يېرىدىن غەربتە ئالتۇن تاغقىچە، جەنۇبتا تۈركلەرنىڭ شىمالىدىكى چۆللۈككىچە يېتىپ بارغان، ھۇنلارنىڭ كونا زېمىنلىرىنى ئىگىلىگەن سىر ـ تاردۇش خانلىقى (629 ـ 646 ـ يىللار) نى قۇرۇپ، مەركىزىنى ئۆتۈكەن باغرىدا تىكلىگەن»㉓. 646 ـ يىلى سىر ـ تاردۇش خانلىقى جەنۇبتىن تاڭ سۇلالىسىنىڭ، شىمالدىن ئۇيغۇرلار رەھبەرلىكىدىكى توققۇز ئوغۇزلارنىڭ قىسىپ زەربە بېرىش نەتىجىسىدە گۇمران بولغان. «ئۇيغۇرلارنىڭ سەردارى ئېلتەبىر تومىد باشقا قەبىلىلەر بىلەن بىرلىكتە سىر ـ تاردۇشلارنىڭ ئىلىگ بەگ قۇتلۇق ئىستەمى قاغانىنى مەغلۇپ قىلىپ، ئۇنىڭ قوۋمىلىرىنى ئۆزىگە قوشۇۋالغان، زېمىنلىرىنى ئىگىلىۋالغان»㉔. سىر ـ تاردۇشلارنىڭ بىر قىسمى («ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» دە 70 مىڭدىن كۆپ تۈتۈن دېيىلگەن) ئېلتەرىش قاغاننىڭ باشچىلىقىدا غەربتىكى كونا زېمىنلىرىغا كۆچۈپ كەتكەن، بىر قىسمى تاڭ سۇلالىسىگە ئەل بولغان. ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى قۇرۇلغاندىن

كېيىن، تارىخنامىلەردە سىر - تاردۇش قەبىلىسىنىڭ نامى ئاساسەن تىلغا ئېلىنمىغان. بۇ ئېھتىمال سىر - تاردۇشلارنىڭ ئۇيغۇرلارغا سىڭىشىپ كەتكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بەرسە كېرەك. «يېڭى تاڭنامە» دە سىر - تاردۇشلارنىڭ نوپۇسى ھەققىدە «ئەسكەرلىككە يارامىلىقى 20 مىڭ ئىدى» ㉕ دېيىلگەن.

**دولانغۇتلار (تۆلەنگۇتلەر، دولانلار):** دولانغۇتلار دەسلەپ شەرقىي تۈرك خانلىقىغا ، كېيىن سىر - تاردۇش خانلىقىغا تەۋە بولغان، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىن قاغانلىقنىڭ بىر قەبىلىسىگە ئايلانغان. ئۇلار سىر - تاردۇشلارنىڭ شەرقىگە، تۇغلا دەرياسىنىڭ يېقىن ئەتراپلىرىغا جايلاشقان بولۇپ، ئەسكەرلىككە يارامىلىقى ئون مىڭ ئىدى. دولانغۇتلارنىڭ نامى ئورخۇن - يېنىسەي يادىكارلىقلىرىدا «تالانغۇت» دەپ يېزىلغان، راشىددىننىڭ «جامىئۇل تاۋارىخ» دىگەن ئەسىرىدە «تۆلەنگۇت» دەپ يېزىلغان.

**ئاتىئېزلار (ئادىزلار، ئازلار):** ئاتىئېزلار ئون ئۇيغۇر، توققۇز ئوغۇز ئىتتىپاقىدىكى بىر كىچىك قەبىلە بولۇپ، ئالتاي تېغىنىڭ شەرقىگە، ئورخۇن دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىغا جايلاشقان، ئون ئۇيغۇرلار بىلەن قوشنا ياشىغان. «ئومۇمىي قامۇس» تا: «ئەسكەرلىككە يارامىلىقى 1700 ئىدى» دېيىلگەن. دەسلەپتە شەرقىي تۈرك خانلىقىغا، كېيىن سىر - تاردۇشلارغا قارىغان، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىن ئۇيغۇرلارنىڭ مۇھىم ئىتتىپاقچىسى بولۇپ قالغان. مىلادىيە 795 - يىلى ياغلاقار جەمەتىدىن كېلىپ چىققان قۇتلۇق بىلگە قاغان (ئايچۇر، 790 — 795 - يىللار) ئالەمدىن ئۆتكەندە، ئۇنىڭ تەختكە ۋارىسلىق قىلغۇدەك ئوغلى بولمىغانلىقتىن، ئاتىئېزلاردىن كېلىپ چىققان بۇيرۇقلار بېشى، ئېل ئۆگەسى قۇتلۇق تەختكە ۋارىسلىق قىلىپ، تەڭرىدە ئۇلۇغ بولمىش ئالپ قۇتلۇق ئۇلۇغ بىلگە قاغان (795 — 805 - يىللار) دەپ ئاتالغان، شۇنىڭدىن كېيىن ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قاغانلىق تەختى ئاتىئېز ئۇرۇقىنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتكەن. شۇنىڭدىن تارتىپ ئاتىئېز قەبىلىسىنىڭ ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدا-

كى سىياسىي، ئىقتىسادىي ئورنى تېز ئۆسۈپ بارغان. فېڭ چېڭ-جۈن ئەپەندى: «ئاتتىلار ئابداللاردۇر، ئۇلار ئون ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچىدىكى ئاۋۇسار (يەنى ئاۋۇچاگ، 阿勿嘀) لار بولۇشى مۇم-كىن» دەپ قارايدۇ㉖.

**تۇۋالار (توباسلار):** تۇۋالار توققۇز ئوغۇزلارغا تەۋە قەبىلە بولۇپ، بايقال كۆلىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا، يەنى ھازىرقى رۇسىيە فېدېراتسىيىسى تەۋەلىكىدىكى تۇۋا ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتىگە جايلاشقان، ئۇلار تۇۋا (توباس)، مىلى (弥列)، گېئىجى (哥饿支) قاتارلىق ئۈچ قەبىلىدىن تەركىب تاپقان. «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» دە: «تۇۋالار يەنە توباسلارمۇ دېيىلىدۇ. ئۇلارنىڭ يېرىنىڭ شىمالىدا بايقال كۆلى، غەربىدە خاككاسلار (يەنى قىرغىزلار)، جەنۇبىدا ئۇيغۇرلار بار، ئۈچ قەبىلىگە بۆلۈنىدۇ»㉗ دېيىلگەن. «ئومۇمىي قامۇس» 199 - جىلدتا: «تۇۋالار تېلىلارنىڭ ئايرىم ئۇرۇقى، يېرى جەنۇب تەرەپتە، ئۇيغۇرلار يېرىگە (يەنى ئۇيغۇرلارنىڭ مەركىزىي بارگاھىغا) ئون ئۈچ كۈنلۈك يول كېلىدۇ» دېيىلگەن. «يېڭى تاڭنامە. قىرغىزلار تەزكىرىسى» دە، قىرغىزلارنىڭ «شەرقىدە چاڭغىچى تۈركلەرنىڭ ئۈچ قەبىلىسى بار، ئۇلار تۇۋا، مىلى، گېئىجىلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ قەبىلە ئاقسا-قاللىرى ئېركىن دەپ ئاتىلىدۇ. قېيىن دەرىخىنىڭ قوۋزاقلىرىدا ئۆيلىرىنى ياپىدۇ، ئېسىل ئاتلىرى كۆپ، مۇز ئۈستىدە چاڭغىدا تېيىلىشقا ماھىرلىقى بىلەن داڭق چىقارغان»㉘ دېيىلگەن. ماتېرى-ياللارغا ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇر خانلىقى مىلادىيە 750 - يىلىدىن 751 - يىلىغىچە تۇۋالار رايونىنى بويسۇندۇرغان. 750 - يىلى يازدا، مويۇنچۇر قارا قاغان (747 - 759 - يىللار) تۇۋادا ھەربىي قورغانلارنى تەسىس قىلغان، كۆزدە يەنە قوشۇن تۇرغۇزغان. شۇ-نىڭدىن كېيىن تۇۋا ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ غەربىي شىمالىي رايونىنىڭ تەركىبىگە كىرگەن. ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا رۇس ئارخېئولوگلىرى ۋە مىللەتشۇناسلىرى تەكشۈرۈش دوكلاتىدا «تاكى ھازىرغا قەدەر بۇ يەردىكى كىشىلەر ئۆزلىرىنى بەزىدە تۇۋالار

دەپ ئاتىسا، بەزىدە يەنە ئۇيغۇر دەپ ئاتايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئۆز تىلىنى ئۇيغۇر تىلى دەيدىغان ئورانخايلارمۇ بار»㉙ دېگەن. ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللارنىڭ كۆرسىتىپ بېرىشىچە، تۇۋالار زېمىنى ئەينى دەۋردە ئون ئۇيغۇرلارنىڭ مەركەزلىك تارقىلىپ ياشىغان جايلىرىنىڭ بىرى بولغانىكەن.

**قورىقانلار:** قورىقانلار توققۇز ئوغۇز قەبىلىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئون ئۇيغۇرلارنىڭ شىمالىي تەرىپىگە جايلاشقان. «يەرلىرىدىن سامساقگۈل كۆپ چىقاتتى، بېشى تۆگىنىڭ بېشىغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان، كۈندە نەچچە يۈز چاقىرىملاپ چاپالايدىغان، ئۇستىخانلىرى قاۋۇل كەلگەن ئېسىل ئاتلار، يەنە ئېسىل تۆگىلەرمۇ چىقاتتى»، «ئۇلارنىڭ جايلاشقان يېرى شىمالىي دېڭىزدىن ئايرىلىپ تۇرغاچقا، يازدا كۈن ئۇزۇن، تۈن قىسقا، قىش كۈنلىرى تۈن ئۇزۇن، كۈن قىسقا بولاتتى»㉚. «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» دە: «قورىقانلار خەنخەي ( 瀚海 ) نىڭ شىمالىغا جايلاشقان، ئەسكەرلىككە ياراملىق 5000 كىشى ئىدى» دېيىلگەن، «تاڭ سۇلالىسىگە دائىر مۇھىم بايانلار» دا: «تۈتۈنى ئون مىڭدىن كۆپ دېيىلگەن» بولۇپ، بەزىلەر مۇشۇ خاتىرىگە ئاساسەن خەنخەينى بايقال كۆلىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان، دەپ ھېسابلايدۇ. ياپونىيىلىك تەتقىقاتچى بەينياۋكۇجى ئەپەندى بولسا «خەنخەي» بىلەن قەدىمكى خەنزۇچە ھۆججەتلەردە تىلغا ئېلىنغان «بېيخەي» ( 北海 ) دېگەن نامنىڭ ئوخشاش بولمىغان ئورۇنلارنى كۆرسىتىدىغانلىقىنى تەكىتلەپ، «خەنخەي» تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن ھۆدەيچى بەگ جيادەن يازغان «جيادەننىڭ يول ـ ئەللەر خاتىرىسى» دېگەن ئەسەردىكى «ئۇيغۇرلار يېرىدە يەن جىجيا ( 延侄伽 ) دەرياسى (ياكى كۆلى) بار» دېگەن خاتىرىدىكى يەن جىجيا دەرياسى شۇ، دەپ ھېسابلايدۇ. ئۇنداق بولغاندا قورىقانلارنىڭ جايلاشقان يېرى بايقال كۆلىنىڭ جەنۇبىدىكى ئانگارا دەرياسى بىلەن لېنا دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى رايونلار بولىدۇ. بۇ «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» 63 ـ جىلدىكى «ئانگارا دەرياسى ۋادىسى تاڭ دەۋرىدە

قورىقانلارنىڭ يېرى ئىدى» دېگەن خاتىرە بىلەن ئۇيغۇن كېلىدۇ.

**قۇشۇلار:** قۇشۇلار يەنە قۇسارلار دەپمۇ ئاتىلىدۇ. «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» دە: «قۇشۇلار دولانغۇتلارنىڭ شىمالىغا جايلاشقان، ئەسكەرلىككە ياراملىقى ئون مىڭ كىشى ئىدى»㉛ دېيىلگەن. «ئومۇمىي قامۇس» دا: «قۇشۇلار تېلىلارنىڭ باشقا قەبىلىسى بولۇپ، دولانغۇتلارنىڭ شىمالىدا، ئىككى قەبىلىنىڭ (يەنى قۇ بىلەن شۇ) قوشۇلۇشىدىن شەكىللەنگەن، ئەسكەرلىككە يارامىلىقى يەتتە مىڭ ئىدى» دېيىلگەن. «تاڭ سۇلالىسىگە دائىر مۇھىم بايانلار» بىلەن «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» دىكى خاتىرىلەردىن قارىغاندا، قۇشۇ قەبىلىسى توققۇز ئوغۇز ئىتتىپاقىدىكى تارىخى ئۇزۇن قەبىلە بولۇپ، ئۇلار ئاساسەن ئۆتۈكەن باغرىغا (يەنى ھازىرقى خانگاي تېغىنىڭ شەرقىي بۆلىكىنىڭ ئەتراپلىرىغا)، سېلىنگا دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنلىرىغا (يەنى ھازىرقى موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى بىلەن رۇسىيە فېدېراتسىيىسى چېگرالىنىدىغان چوقتۇ دېگەن يەرنىڭ شىمالىي تەرەپلىرىگە) جايلىشىپ ياشىغان. ئېلتەبىر تومىد قاغان دەۋرىدىلا ئون ئۇيغۇرلار رەھبەرلىكىدىكى توققۇز ئوغۇز ئىتتىپاقىغا قاتناشقان.

**قۇمۇقلار :** قۇمۇقلار (يەنى چىگىللەر) «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» دە «تۇڭرالارنىڭ شىمالىغا جايلاشقان» دېيىلگەن، «تاڭ سۇلالىسىگە دائىر مۇھىم بايانلار» دا «ئاتلىرى قۇمۇلۇقنىڭ جەنۇبىدىكى تۈركلەرنىڭ ئاتلىرىغا ئوخشايتتى، ئۇلار جىغۇشەن تېغىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىگە، قۇلانچى دەرياسىنىڭ شىمالىي تەرىپىگە ئولتۇراقلاشقانىدى»㉜ دېيىلگەن. فرانسىيىلىك شەرقشۇناس خامىلتون قۇمۇقلارنىڭ تاڭنامىلەردە خاتىرىلەنگەن «شى جې» (奚结) دېگەن خەنزۇچە نامىنى تۈركچە «ئايغىر» (Aygir?) دېگەن سۆز بولۇشى مۇمكىن، دەپ قارايدۇ㉝.

**ئاقشىدلار:** ئاقشىدلار (ياكى بولشارلار، 白霫) توققۇز توغۇزلار ئىچىدىكى ئەڭ شەرققە جايلاشقان بىر قەبىلە بولۇپ، تارىخىي

ھۆججەتلەردە، ھۇنلارنىڭ باشقا بىر ئۇرۇقى ئىدى، ئۇلار بايىرقۇ-
لارنىڭ شەرقىگە جايلاشقان بولۇپ، موغاللار بىلەن قوشنا ياشايت-
تى، ئەسكەرلىككە ياراملىقى ئون مىڭ كىشى ئىدى» دەپ خاتىرى-
لەنگەن. «يېڭى تاڭنامە» دە: «ئاقشىدلار سىبىرلارنىڭ كونا زې-
مىنلىرىغا ئورۇنلاشقان بولۇپ، ئاستانە (چاڭئەن) بولغان ئارىلى-
قى بەش مىڭ چاقىرىم كېلەتتى، تۇڭرا، بۆگۇ (بارغۇت) قەبىلىلى-
ـرى بىلەن چېگرىلىنىپ تۇراتتى، سىر - تاردۇشلارنىڭ زۇلمىدىن
قېچىپ ئۇۋجىشۇي دەرياسى ۋە لىڭجىگشەن تېغىغا كېلىپ پاناھلان-
غان. جەنۇبى قىتانلار بىلەن، شىمالى ئورقۇنلار ( 乌罗浑 ) بى-
لەن، شەرقى موغاللار بىلەن، غەربى بايىرقۇلار بىلەن چېگرىلىنات-
تى، جايلاشقان يېرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئىككى مىڭ چاقىرىم كېلەت-
تى، تۆت ئەتراپى تاغلار بىلەن ئورىلىپ تۇراتتى. ئەسكەرلىككە
ياراملىقى ئون مىڭ كىشى ئىدى، ئوۋچىلىقنى كەسىپ قىلاتتى،
قىزىل جىبەك تۇتۇلغان تېرە كىيىملەرنى كىيەتتى ... ئۇلار جۇيەن
( 居延 ) ، ۋورومو ( 无若没 ) ، خۇاڭشۇي ( 潢水 ) قاتارلىق ئۈچ
قەبىلىگە بۆلۈنگەنىدى» ㉞ دېيىلگەن. تەتقىقاتچىلار ئۇۋجىشۇي دەر-
ياسى ھازىرقى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى
لاۋخا دەرياسىنى ( 老哈河 ) كۆرسىتىدۇ، دەپ قارايدۇ㉟.
**شىدلار:** شىدلار(霫) توققۇز ئوغۇزلارنىڭ بىر قەبىلىسى
بولۇپ، بەزى تارىخچىلار شىدلار ئاقشىدلار (يەنى بولشارلار) بى-
لەن بىر قەبىلىدىن، يەنى ئۇلار بىر تۈركىي قەبىلىنىڭ ئوخشاش
بولمىغان ئىككى خىل ئاتىلىشى، دەپمۇ قارايدۇ. «كونا تاڭنامە»
دە: «شىدلار ھۇنلارنىڭ باشقا ئۇرۇقىدىن بولۇپ، ئۇلارمۇ سىبىر-
لارنىڭ كونا ماكانلىرىغا جايلاشقان، شەرقتە مۇغاللار بىلەن، غەرب-
تە تۈركلەر بىلەن، جەنۇبتا قىتانلار بىلەن، شىمالدا ئورقۇنلار
بىلەن چېگرىلىنىپ تۇراتتى، يېرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئىككى مىڭ
چاقىرىم كېلەتتى. تۆت ئەتراپىدا تاغلار بار ئىدى، ئۆرپ - ئادەت
جەھەتتە قىتانلار بىلەن سەل ئوخشىشىپ كېتەتتى، ئەسكەرلىككە
يارامىلىقى ئون مىڭدىن كۆپ ئىدى» دېيىلگەن. تارىخچى شۆزوڭ-

جىڭ ئەپەندى شىدلار بىلەن ئاقشىدلارنىڭ ئىككى قەبىلە ئىكەنلىكى-
نى، ئۇلارنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىشكە بولمايدىغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ㊱. يۇ-
قىرىدىكى خاتىرىلەردىن قارىغاندا، شىدلارمۇ ئورخۇن ئۇيغۇر خاني-
لىقىنىڭ شەرقىدىكى زېمىنلىرىغا جايلاشقان بولۇپ، ئاساسەن باي-
قال كۆلى بىلەن چوڭ ھىنگان تاغلىرىنىڭ ئارىلىقىدىكى ئوتلاق،
ئورمانلىق، تاغلىق رايونلارغا ماكانلاشقان.
**ياغمىلار:** ياغمىلار ( 咽面 ) توققۇز ئوغۇزلارغا تەۋە قەبىلە
بولۇپ، كېيىنكى ۋاقىتلاردىكى قاراخانىيلار خانلىقىنى قۇرغۇچىلار
دەپ قارىلىدۇ. ياغمىلار ھەققىدە «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق
ئومۇمىي ئۈرنەكلەر» دە: «شىەنفېڭ 4 ـ يىلى (يەنى مىلادىيە 673 ـ
يىلى) 12 ـ ئايدا، كۈنەسلەر جەنۇبتا تىبەتلەر بىلەن بىرلىشىپ،
شىمالدا ياغمىلارنى باشلاپ كېلىپ، قەشقەرگە بىرلىكتە ھۇجۇم
قىلىپ، ئۇنى ئىشغال قىلدى» دېيىلگەن، يەنە مىلادىيە 682 ـ
يىلى تۈركلەردىن ئاشىنا قاپىش بىلەن ئۈچ ياغمىلارنىڭ بىرلىشىپ
تاڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى بىلەن ئىلى دەرياسى ۋادىسى ۋە ئىسسىق-
كۆل ئەتراپلىرىدا ئۇرۇش قىلغانلىقى خاتىرىلەنگەن. بۇ ياغمىلار-
نىڭ دەسلەپ جۇڭغار ۋادىسى، ئىلى دەرياسى ۋادىسى، تەڭرىتېغى-
نىڭ شىمالى ۋە ئىسسىقكۆل، بالقاش كۆلى ئەتراپلىرىدا ياشايدى-
غانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىشى مۇمكىن. تەتقىقاتچىلار ياغمىلارنىڭ
كېلىپ چىقىشىنى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدا ئاتىئېزلار ھاكىمىيە-
تىنىڭ تىكلىنىشىگە، يەنى قۇتلۇق قاغاننىڭ 795 ـ يىلى ياغلاقار-
لارنىڭ قولىدىن قاغانلىق تەختىنى تارتىۋالغانلىقىغا باغلاپ، قۇت-
لۇق قاغان ياغلاقارلاردىن قاغانلىق تەختىنى تارتىۋالغاندىن كې-
يىن، «قۇتلۇق قاغاننىڭ تەھدىتى بىلەن ياغلاقار ئۇرۇقىدىكى
بەزى ئاقسۆڭەكلەر ئۆز قوۋمىنى باشلاپ غەربكە كۆچۈپ، خانلىق-
نىڭ غەرب قىسمىدىكى ياغلاقارھۆكۈمرانلىرىنىڭ تەۋەسىگە بېرى-
ۋالغان، كېيىن بۆلۈنۈش خاھىشى بارغانسېرى كۈچىيىپ، زور
بىر تۈركۈمى قوي، ئاتلىرى بىلەن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ بىۋاستە
ھۆكۈمرانلىقىدىن ئايرىلىپ، غەربتىكى بويسۇندۇرۇلغان قارلۇق-

لارنىڭ پائالىيەت رايونىغا كۆچۈپ كەلگەن. ئاخىرى ئاتۇشقا (يەنى
قەشقەر رايونىغا) يېتىپ بارغان. مانا بۇ ياغمىلارنىڭ كېلىپ
چىقىش مەنبىئى ئىدى»㊳ دەيدۇ. گەردىزىمۇ ياغما قەبىلىسىنىڭ
ئېتنىك مەنبەسى ئۈستىدە توختالغاندا: «توققۇز ئوغۇزلاردىن بىر
قىسمى ئۆز قەبىلىسىدىن ئايرىلىپ قارلۇقلارنىڭ قېشىغا قېچىپ
كەلگەن ... ياغمىلار باي بولۇپ، نۇرغۇن يىلقىسى بار ئىدى»
دېگەن. 10 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا يېزىلغان مەشھۇر تارىخىي ـ
جۇغراپىيىۋى ئەسەر «ھۇدۇدۇلئالەم» (مەزكۇر ئەسەرنىڭ ئاپتورى
نامەلۇم) دە ياغما قەبىلىسى ھەققىدە: «ئۇلارنىڭ بايلىقى ئات بىلەن
قوي، ئۇلار باتۇر، كۈچلۈك، ئۇرۇشخۇمار بولۇپ، نۇرغۇن قوشۇ-
نى بار، ئۇلارنىڭ خانى توققۇز ئوغۇز خان جەمەتىدىن ... ئۇلارنىڭ
ئىززەت ـ ھۆرمەتلىكلىرى بولسۇن ياكى پەس ـ پېقىرلىرى بول-
سۇن، ئوخشاشلا ئۆزلىرىنىڭ خانىنى ھۆرمەتلەيدۇ» دېيىلگەن.
رۇسىيىلىك مەشھۇر تۈركولوگ بارتولد «ياغما» سۆزى تۈركىي
تىلدا «ئاۋانگارت» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، دەپ ئىزاھات بەر-
گەن. دېمەك، ئۇلارنىڭ «ياغما» دەپ ئاتىلىشى ئېھتىمال ئۇلارنىڭ
ئورخۇن ئۇيغۇرلىرىنىڭ غەربكە قاراپ راۋاجلىنىشىدا ئاۋانگارت
بولغانلىقىدىن بولسا كېرەك. يەنە 12 ـ ئەسىردە نامەلۇم
ئاپتور تەرىپىدىن يېزىلغان «يىلنامە ۋە ھېكايىلەر توپلىمى»
(编年史与故事汇编) دا ياغمىلارنىڭ خانىنىڭ بۇغراخان دەپ
ئاتىلىدىغانلىقى خاتىرىلەنگەن. شۇڭا، نۆۋەتتە دۆلەت ئىچى ۋە
سىرتىدىكى تەتقىقاتچىلار «ياغمىلار بۇغراخان دەپ ئاتالغانىكەن،
ئۇنداقتا بۇ ئۇنۋاننى ئىشلەتكەن قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ خان جەمە-
تى تەبىئىيكى ياغما قەبىلىسىگە مەنسۇپ»㊴، «قاراخانىيلار خانلى-
قىنى قەشقەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان مىللەت قۇرغان، يەنى
قاراخانىيلار خانلىقى توققۇز ئوغۇز ياكى ئۇيغۇرلارنىڭ تارمىقى
بولغان ياغما قەبىلىسى تەرىپىدىن ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلگەن»㊵ دەپ
قارايدۇ. ۋاڭ يەندېنىڭ «قۇچۇغا ئەلچىلىككە بېرىش خاتىرىسى»
دىكى مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، توققۇز ئوغۇزلارنىڭ مۇھىم قەبى-

لىسى بولغان ياغمىلاز ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچۈپ ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇرۇشىغىمۇ قاتناشقان. شۇڭا، «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى» دا ياغمىلارنىڭ نامى ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىدىكى مۇھىم قەبىلىلەر نامىدا تىلغا ئېلىنغان.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تەركىبىگە كىرگەن قارام قەبىلە ۋە ئەللەر ئىنتايىن كۆپ بولغان. جۈملىدىن، شەرقتە چوڭ ھىنگان تاغلىرى (مەڭگۈ تاشلاردا قېدىرخان تاغلىرى دەپ ئاتىلىدۇ) ۋە ئۇنىڭ شەرقىدىكى جايلاردىكى تاتابى (奚)، سىبىر (室韦، مەڭگۈ تاشلاردا تاتار دېگەن نام بىلەن ئاتىلىدۇ)، قىتان، چىك (鞠)، شىمالدا يېنسەي دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى قىرغىزلار، جەنۇبتا چوغاي تاغلىرى ئەتراپىدىكى تاڭغۇت (党项)، تويغۇن (吐谷浑)، غەربتە غەربىي يۇرتتىكى شاداپىتلار (沙陀)، ئاق كىيىملىك تۈركلەر(白服突厥)، پامىرنىڭ غەربىدىكى پەرغانە، بارسغان قاتارلىق ئەللەر، پامىرنىڭ شەرقىدىكى ئۇدۇن، قەشقەر، كۇسەن، ئاگنى، قۇچۇ قاتارلىق بەگلىكلەر ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تەۋەلىكىدە بولغان㊶. تۆۋەندە ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قارام قەبىلىلىرىدىن مۇھىمراق بولغان بىرقانچىسىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز.

**سىبىرلار:** سىبىرلار تۈركچە مەڭگۈ تاشلاردىن «كۆل تېكىن مەڭگۈ تېشى» دا ئوتتۇز تاتار دېگەن نام بىلەن، «بايانچۇر مەڭگۈ تېشى» دا توققۇز تاتار دېگەن نام بىلەن ئاتالغان. تارىخىي ماتېرىياللاردا خاتىرىلىنىشىچە، سىبىرلار سۇي سۇلالىسى دەۋرىدە بەش چوڭ قەبىلە بولۇپ، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە 20 نەچچە قەبىلىگە بۆلۈنگەن. دەسلەپ تۈركلەرگە، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىن ئۇيغۇرلارغا قارام بولغان. سىبىرلارنىڭ جۇغراپىيىلىك جايلىشىشى ھەققىدە «كونا تاڭنامە. شىمالىي دىلار تەزكىرىسى» دە: «شەرقتە قاراسۇ موغاللىرى بىلەن، غەربتە تۈركلەر بىلەن، جەنۇبتا قىتانلار بىلەن، شىمالدا دېڭىز بىلەن چېگرىلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ ئېلىنىڭ قاغانى يوق بولۇپ، چوڭ ـ كىچىك 17

ئاقساقىلى بار ئىدى، ئۇلار باغا بەگ دەپ ئاتىلاتتى»㊷ دېيىلگەن.
نۆۋەتتە موڭغۇل تارىخى تەتقىقاتچىلىرى سىبىرلارنىڭ ئەينى دەۋر-
دىكى جۇغراپىيىلىك ئورۇنلىشىشىنى تېخىمۇ ئىنچىكە تەتقىق قى-
لىپ: «تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە سىبىرلارنىڭ 20 نەچچە قەبىلىسى
خۇلۇنبىر كۆلىنىڭ ئەتراپلىرىغا، ئېرغۇنا دەرياسى ۋە خېيلۇڭجياڭ
دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىنىڭ قىرغاقلىرىدىكى جايلارغا، نېنج-
ياڭ دەرياسى ۋادىسىغا ۋە خولىنخې دەرياسىنىڭ قىرغاقلىرىدىكى
جايلارغا تارقىلىپ ياشىغان» دەپ ھېسابلايدۇ㊸. «يېڭى تاڭنامە»
دىمۇ: «ئۇيغۇرلارنىڭ ئاستانىسىدىن شەرقىي شىمالغا قاراپ يۈ-
رۈپ، سېلىنگا دەرياسىدىن ئۆتۈپ، ئىككى مىڭ چاقىرىم ماڭغاندا
سىبىرلار يېرىگە يېتىپ بارغىلى بولىدۇ. خۇلۇنبىر كۆلىنىڭ تۆت
ئەتراپلىرىنىڭ ھەممىلا جايلىرىدا سىبىرلار بار» دېيىلگەن. ئۇلار
چارۋىچىلىق، تېرىقچىلىق ۋە ئوۋچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان.
**تاتابىلار:** تاتابىلار ( 奚 ) تاڭ سۇلالىسى تارىخىغا دائىر
خەنزۇچە ھۆججەتلەردە قىتانلار بىلەن بىرگە تىلغا ئېلىنغان. ئور-
خۇن - يېنسەي مەڭگۈ تاشلىرىدىن «كۆل تېكىن مەڭگۈ تېشى»
نىڭ شەرقىي تەرەپ يۈزى 4 - ، 28 - قۇرلىرىدا، «بىلگە قاغان
مەڭگۈ تېشى» نىڭ شەرقىي تەرەپ يۈزى 5 - ، 23 - ، 39-
قۇرلىرىدا، جەنۇبىي تەرەپ يۈزى 2 - ، 7 - ، 8 - قۇرلىرىدىمۇ
تاتابىلارنىڭ نامى قىتانلارنىڭ نامى بىلەن بىرگە تىلغا ئېلىنغان.
شۇڭا، ياۋروپا تۈركولوگلىرى خېلى بۇرۇنلا «خەنزۇچە ھۆججەت-
لەردىكى شىلار ( 奚 ) ئورخۇن تۈرك ھۆججەتلىرىدىكى تاتابىلار
(Tatabi) دۇر، چۈنكى خەنزۇچە ھۆججەتلەردە تاتابىلار دائىم
دېگۈدەك قىتانلار بىلەن بىرگە تىلغا ئېلىنىدۇ، ئورخۇن ھۆججەت-
لىرىدىمۇ تاتابىلار دائىم دېگۈدەك قىتانلار بىلەن بىرگە تىلغا ئېلى-
نىدۇ» ㊹ دەپ كۆرسەتكەن. ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە
تاتابىلار ھازىرقى لياۋنىڭ ئۆلكىسى، ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم
رايونى ۋە خېبېي ئۆلكىسىنىڭ چېگرىلىنىدىغان جايلىرىغا تارقىلىپ
ماكانلاشقان. تارىخىي ھۆججەتلەردە: «تاتابىلار ئەسلىدە ھۇنلارنىڭ

باشقا بىر ئۇرۇقتىن بولۇپ، سىبىرلارنىڭ كونا جايلىرىدا ئولتۇ-
راقلاشقانىدى، شەرقىي تەرەپتە قىتانلار بىلەن ، غەربىي تەرەپتە
تۈركلەر بىلەن (كېيىن ئۇيغۇرلار بىلەن)، جەنۇبتا بەيلاڭخې دەر-
ياسى بىلەن، شىمالدا شىدلار بىلەن چېگرىلىنىپ تۇراتتى، ئەس-
كەرلىككە يارامىلىقى 30 مىڭدىن كۆپرەك ئىدى. جەمئىي بەش
قەبىلىگە بۆلۈنگەن بولۇپ، ھەربىر قەبىلىسىگە بىردىن ئېركىن
قويۇلغانىدى، ئۆرپ ـ ئادەتلىرى تۈركلەر بىلەن ئوخشاش بولۇپ،
سۇ، ئوت ـ چۆپ قوغلىشىپ، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىناتتى،
ئوۋغا ماھىر ئىدى»(45) دەپ خاتىرىلەنگەن. ئورخۇن ـ يېنسەي مەڭگۈ
تاش يادىكارلىقلىرىدا ئىپادىلىنىشىچە، تاتابىلار ئورخۇن ئۇيغۇر
خانلىقىنىڭ شەرقتىكى كۈچلۈك، نوپۇسى كۆپ قارام قەبىلىسى
بولۇپ، بەزىدە ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئىدارە قىلىشىغا قارشىمۇ چىق-
قان. «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» دە
خاتىرىلىنىشىچە، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە ئۇيغۇر قاغانلى-
رى تاتابىلارنىڭ ئۈستىگە نازارەتچى تودۇنلىرىنى ئەۋەتكەن بولۇپ،
ئۇلار تاتابىلارنىڭ خانلىقىقا باج ـ سېلىق تاپشۇرۇشىغا نازارەتچىلىك
قىلغان ھەمدە تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىنى تىڭ ـ تىڭلى-
غان (46) .

**قىتانلار:** قىتانلار تۇڭغۇسلاردىن كېلىپ چىققان بولۇپ،
تارىخىي ھۆججەتلەردە سىبىرلارنىڭ بىر تارمىقى ئىدى دەپ كۆرسى-
تىلگەن. قەدىمدە ئۇلار ھازىرقى شەرقىي شىمال رايونىدىكى شىرا-
مورۇن دەرياسى ۋە لاۋخا دەرياسى ۋادىلىرىدا ياشىغان، شەرقتە
كورىيە (高丽) بىلەن، غەربتە تاتابىلار بىلەن، جەنۇبتا تاڭ
سۇلالىسى بىلەن، شىمالدا موغاللار، سىبىرلار بىلەن چېگرىلاند-
غان. كۆچمەن چارۋىچىلىق، ئوۋچىلىق ۋە بېلىقچىلىق ئوۋچىلى-
قىنى ئاساس قىلغان. ئۇلار ئەسلىدە ئىككى قەبىلىدىن تەركىب
تاپقان بولۇپ، كېيىن راۋاج تېپىپ سەككىز چوڭ قەبىلە بولغان.
«كونا تاڭنامە» دە: «ئەسكەرلىككە يارامىلىقى 43 مىڭ كىشى ئى-
دى»(47) دەپ خاتىرىلەنگەن. سۇي ۋە تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىگە

كەلگەندە دەسلەپ تۈرك خانلىقىغا قارام بولغان، كېيىن ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىغا تەۋە بولغان. ئورخۇن مەڭگۈ تاشلىرىدىن ۋە تاڭ سۇلالىسى تارىخىغا دائىر خاتىرىلەردىن قارىغاندا، قىتانلار تاتابىلارغا ئوخشاشلا ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئەڭ شەرقتىكى بىر بېقىندى قەبىلىسى بولۇپ، ئۇيغۇر قاغانلىرى قىتانلارغا مەخسۇس نازارەتچى تۇدۇنلارنى ئەۋەتىپ، ئۇلارنىڭ باج ـ سېلىق تاپشۇرۇشىغا ۋە سىياسىي ئىشلىرىغا نازارەتچىلىك قىلغان. بۇ ھەقتە «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئۆرنەكلەر» دە: «ئىلگىرى تاتابىلار بىلەن قىتانلار ئۇيغۇرلارنىڭ بېقىندىلىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە نازارەتچى بەگ قويۇلغانىدى، نازارەتچى بەگلەر ئۇلارنىڭ باج ـ سېلىق تاپشۇرۇش ئىشلىرىغا نازارەتچىلىك قىلاتتى ھەم تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىنى تىڭ ـ تىڭلايتتى» [48] دېيىلگەن. سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن ۋاڭ مىڭچىڭ يازغان خاتىرىدىمۇ؛ «قىتانلار بۇرۇن ئۇيغۇرلارنىڭ پادىچىلىرى ئىدى» [49] دەپ يېزىلغان. قىتانلارنىڭ ھەرقايسى قەبىلىلىرىنىڭ قەبىلە باشلىقلىرى يەنە ئۆزلىرىنىڭ ئۇيغۇرلارغا تەۋە ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەپ، ھاكىمىيەت ئىشلىرىدا ئۇيغۇر قاغانى تەرىپىدىن تارقىتىپ بېرىلگەن تامغىلارنى ئىشلەتكەن[50] . بەزىلەرنىڭ تەتقىق قىلىشىچە، قىتان خانلىقىنىڭ (916 — 1125 ـ يىللار) خان جەمەتى بولغان ياللۇغ ( 耶律 ) جەمەتى ئەسلىدە ئۇيغۇرلارنىڭ خان جەمەتى بولغان ياغلاقار جەمەتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ياللۇغ ياغلاقار دېگەننىڭ باشقىچە ئاتىلىشى ئىكەن، يەنە مەشھۇر قاتۇن جەمەتى بولغان شۇلۇ ( 述律 ) جەمەتىمۇ ئەسلىدە ئۇيغۇرلارنىڭ بىر ئۇرۇقى ئىكەن[51] . «لياۋ سۇلالىسى تارىخى. خانىشلار تەزكىرىسى» دە جەمئىي ئون خانىش خاتىرىلەنگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە توققۇزى شۇلۇ جەمەتىدىن چىققان، شۇلۇ جەمەتىدىن چىققان ئەرلەر ئىچىدە يەنە ھەرقايسى دەۋرلەردە ئوردىنىڭ باش ۋەزىرى، زوراغالىق بېگى بولغانلارمۇ خېلى كۆپ بولغان. قىتانلار يەنە ئۇزۇن مەزگىل ئۇيغۇرلارغا قارام بولۇپ كەلگەچكە، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ

بىرمۇنچە ئەمەل - مەنسەپ ناملىرىمۇ قىتانلارغا ئۆزلىشىپ كەت-
كەن. مەسىلەن، قىتانلاردا ئىلچىن، بۇيرۇق، ئېركىن قاتارلىق
ئەمەل - مەنسەپلەر بولغان. 916 - يىلى قىتانلارنىڭ ئىلچىنى
ئاباكى قىتان خانلىقىنى قۇرۇپ، بىرمۇنچە سىياسىي ئىسلاھاتلارنى
ئېلىپ بارغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ يېزىقىغا تەقلىد قىلىپ، قىتان
كىچىك يېزىقىنى ئىجاد قىلغان[52].

**چىكلار:** چىكلار ئورخۇن - يېنسەي يازما يادىكارلىقلىرىدا
كۆپلەپ تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، دەسلەپ تۈرك خانلىقىغا تەۋە
بولغان، كېيىن ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىغا تەۋە بولغان. «بىلگە
قاغان مەڭگۈ تېشى» دا: «يىگىرمە ئالتە ياش ۋاقتىمدا (يەنى
706 - يىلى)، چىك خەلقى قىرغىزلار بىلەن بىرلىكتە (بىزگە)
دۈشمەن بولدى، كەم دەرياسىدىن كېچىپ ئۆتۈپ چىكلارغا يۈرۈش
قىلدىم. ئورپەندە سوقۇشتۇم، قوشۇنىنى نەيزىلىدىم، ئاز خەلقىنى
قولغا چۈشۈردۈم، يىگىرمە يەتتە يېشىمدا (يەنى 707 - يىلى)
قىرغىزلارغا يۈرۈش قىلدىم. نەيزە بويى قارنى كېچىپ كۆگمەن
تېغىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، قىرغىزلارنى ئۇيقۇدا باستىم»[53] دەپ
خاتىرىلەنگەن. «مويۇنچۇر قاغان مەڭگۈ تېشى» دا: «شۇنداق قى-
لىپ يولۋاس يىلى (750 - يىلى) چىكلەرگە يۈرۈش قىلدىم،
ئىككىنچى ئاينىڭ ئون تۆتىنچى كۈنى كەم دەرياسىدا (ئۇلارنى)
تارمار قىلدىم، توققۇز ئوغۇز ... بەگلىرى كەلدى ...
دۈشمەنلىشىپتۇ. ئۈگۈنبەگ ۋە قارابۇلۇقتا ئولتۇراقلاشقان قىر-
غىزلارغا ئادەم ئەۋەتىپ: ‹سىلەر قوشۇن تارتىپ چىقىڭلار، چىك-
لارنىمۇ چىقىرىڭلار› دەپتۇ... 9 - كۈنى قوشۇن چىقاردىم ...
تۇرۇق بېشى بىلەن چىكلارغا مىڭ ئادەم ئەۋەتتىم»، «بولچۇ
دەرياسىدا ئۈچ قارلۇقنى تارمار قىلدىم، ئۇ يەردىن قايتىپ كەل-
دىم. مېنىڭ مىڭ ئادىمىم چىك خەلقىنى سۈرۈپ كەلدى ... سىر
بېشىدىكى پاسىلىم ئىچىدە (ئۆيۈمدە) يازلىدىم، ئۇ يەردە تەڭرىگە
تاۋاپ قىلدىم، چىك خەلقىگە تۇتۇق ئەۋەتتىم ۋە ئىشبارا ھەم
تارقانلارنى ئەۋەتتىم»[54] دېيىلگەن. ۋاھالەنكى، ئورخۇن مەڭگۈ

تاشلىرىدا خاتىرىلەنگەن چىكلارنىڭ نامى تاڭ سۇلالىسى تارىخىغا دائىر خەنزۇچە ئەسەرلەردە قانداق يېزىلغانلىقى، ئۇلارنىڭ جايلاشقان ئورنى نەدىلىكى تېخى ھەل بولماي كېلىۋاتقان مەسىلە بولۇپ تۇرماقتا. ئېلىمىز تەتقىقاتچىسى ۋاڭ گوۋېي ئەپەندى خېلى بۇرۇنلا بۇ مەسىلىگە دىققەت قىلىپ، ئورخۇن مەڭگۈ تاشلىرىدا خاتىرىلەنگەن چىكلارنىڭ تاڭنامىلەردە خاتىرىلەنگەن «جۇ» ( 鞠 ) بولۇشى مۇمكىنلىكىنى، ئۇلارنىڭ تارقالغان ئورۇنلىرىنىڭمۇ ئاساسەن بىر يەردە، يەنى قىرغىزلارنىڭ شەرقى، سىبىرلارنىڭ غەربى، بايىرقۇرلارنىڭ شىمالىدا ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان ھەم چىك بىلەن جۇ ( 鞠 ) نىڭ قەدىمكى تەلەپپۇزىدا خېلى يېقىنلىق بارلىقى ئەسكەرتكەن[55]. بەزىلەر چىكلار خەنزۇچە ھۆججەتلەردە خاتىرىلەنگەن چۇ ( 绰 ) لار بولۇشى مۇمكىن دېسە، يەنە بەزىلەر چىكلار بىلەن قىتانلار بىر دەپ ھېسابلىغان[56]. بۇ يەردىكى مەسىلە ئۇلارنىڭ جايلاشقان جۇغراپىيىلىك ئورنىدا. «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» دە: «جۇلەر بايىرقۇلارنىڭ شەرقىي شىمالىغا جايلاشقان، دەل - دەرەخلىرى كۆپ، تېرىلغۇ يەرلىرى يوق، يەرلىرىدىن مۇخ كۆپ چىقىدۇ»[57] دەپ خاتىرىلەنگەن، «ئومۇمىي قامۇس» 199 - جىلدتا: «جۇلەر، بايىرقۇلارنىڭ شەرقىي شىمالىغا 500 چاقىرىم كېلىدىغان يەرگە جايلاشقان. ئالتە كۈندە يېتىپ بارغىلى بولىدۇ» دەپ خاتىرىلەنگەن. «جيادەننىڭ يول - ئەللەر خاتىرىسى» دە: «قورىقانلارنىڭ شەرقىدە، سىبىرلارنىڭ غەربىدە جۇ قەبىلىسى بار» دېيىلگەن. بۇنىڭدىن قارىغاندا، جۇ ( 鞠 ) لەر ئەينى دەۋردە ئاساسەن ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ شەرقىي شىمالى تەرەپلىرىگە، يەنى ھازىرقى شىلكا دەرياسى ۋادىسىغا تارقىلىپ ياشىغان. ئەمما مەڭگۈ تاشلاردا بولسا چىك خەلقىنىڭ نامى كۆپىنچە قىرغىزلار (يەنى خاكاسلار) بىلەن بىرگە تىلغا ئېلىنغان ھەم كەم دەرياسى، كۆگمەن تېغى، بولچۇ دەرياسى دېگەن ناملار بىلەن باغلىنىپ كەلگەن. بۇنىڭدىن قارىغاندا، چىك خەلقىنىڭ جايلاشقان ئورنى مۇشۇ جاي ناملىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك.

ئورخۇن مەڭگۈ تاشلىرىندىكى ۋە تاڭنامىلەردىكى خاتىرىلەردىن قارىغاندا، قىرغىزلار، يەنى خاكاسلار قەدىمدە يېنسەي دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىغا جايلاشقان بولۇپ㊿، يېنسەي دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنى ئورخۇن مەڭگۈ تاشلىرىدا كەم دەرياسى دەپ ئاتالغان، خەنزۇچە ھۆججەتلەردە جيەنخې دەرياسى ( 剑河 ) دەپ ئاتالغان. بولچۇ دەرياسى ھازىرقى قازاقىستاندىكى يەتتەسۇ ۋادىسىدا، كۆگمەن تېغى بولسا قىرغىزلار يۇرتىدىكى بىر تاغ بولۇپ، بۇ تاغنىڭ جايلاشقان ئورنىمۇ ئاساسەن ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى يېنسەي دەرياسى ۋادىلىرى ئەتراپىدا. بۇلاردىن قارىغاندا، مەڭگۈ تاشلاردا كۆپلەپ تىلغا ئېلىنغان چىكلار ئۇيغۇرلارنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى ئەمەس، بەلكى غەربىي شىمالىدىكى (ياكى شىمالىدىكى) بىر ئېقىندى قەبىلىسى بولۇپ، ئەل ئەتمىش بىلگە قاغان ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدا سەلتەنەت سۈرگەندە ئۇلارنى ئۆزىگە بېقىندۇرۇپ ، ئۇلارغا تۇتۇق، ئىشبارا ۋە تارقانلارنى ئەۋەتىپ، ئۇلارنى ئۇنۇملۇك ئىدارە قىلغان.

**قىرغىزلار:** قىرغىزلار قەدىمكى خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردا مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 3 ـ ئەسىردە تۇنجى قېتىم تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، گېكۇن ( 鬲昆 )، جيەنكۇن ( 坚昆 ) دەپ ئاتالغان. ئەينى چاغدا ئۇلار ھۇنلارنىڭ شىمالىدا، يەنى ھازىرقى غەربىي سىبىرىيىدىكى يېنسەي دەرياسىنىڭ باش ئېقىنىدا ياشىغان، ئاساسەن كۆچمەن چارۋىچىلىق قوشۇمچە ئوۋچىلىق ۋە دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. دەسلەپ كۆكتۈرك خانلىقىغا قارىغان، كېيىن سىر ـ تاردۇشلار خانلىقى قۇرۇلغاندا، سىر ـ تاردۇشلارنىڭ قاغانى ئىنچۇ بىلگە قاغان (ياكى ئىدۇغ بىلگە قاغان) قىرغىزلارغا ئېلتەبىر ئەۋەتىپ، ئۇلارنى نازارەت قىلىپ تۇرغان. ئېلتەبىر پەقەت قىرغىزلاردىن باج ـ سېلىق يىغىش، ئۇلارنىڭ خانلىققا بولغان سادىقلىقىنى كۆزىتىشكە مەسئۇل بولغان. ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىن، «مىلادىيە 758 ـ يىلى يېنسەي قىرغىزلىرىنىڭ زېمىنىنى بېسىۋالغان،

لېكىن ئۆزىدىن بۇرۇن قىرغىزلارغا ئىگىدارچىلىق قىلغان خانلىق-
لارغا ئوخشاشلا ئۇلارنى ھامىيلىق تۈزۈمى بويىچە ئىدارە قىلغان»⑲.
«يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» دە، قىرغىزلار «دىڭلىڭلار-
نىڭ يېقىن ئۇرۇقى بولۇپ، ھۇنلارنىڭ غەربىگە جايلاشقان ئىدى»،
«ئاھالىسى 100 نەچچە مىڭ، ئەسكەرلىككە ياراملىقى 80 مىڭ
كېلەتتى»، «ئۇلارنىڭ ئاقساقىلى ئاگېي بولۇپ، ئۇ ئاگېي ئۇرۇقى
(يەنى جەمەتى) دىن ئىدى، ئۇ ئۇيغۇر خانلىقى ئىنئام قىلغان
ئۇچلۇق قالپاق كىيەتتى»، «ئاگېينىڭ بارگاھىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ
ئاستانىسىگىچە (ئوردۇ بالىققىچە) تۆگە بىلەن ماڭغاندا 40 كۈندە يېتىپ
بارغىلى بولاتتى»، «ئۇيغۇر قاغانى قىرغىزلارنىڭ ئاقساقىلى ئاگېيغا
بىلگە تون ئېركىن دېگەن ئەمەل نامىنى بەرگەنىدى»⑳ دېيىلگەن.
قىرغىزلارمۇ باشقا قارام قەبىلىلەرگە ئوخشاش ئۇيغۇر خانلىقىغا
باج - سېلىق تۆلەش، ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئەمەل - مەنسەپلىرىنى
قوبۇل قىلىش، ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ھەربىي نازارەتچىلىكىنى قوبۇل
قىلىش شەرتى بىلەن ئۆز قەبىلىسىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىنى ئۆزى
باشقۇرۇپ كەلگەن.

يۇقىرىدا تونۇشتۇرۇلغان قەبىلىلەر ئون ئۇيغۇر، توققۇز ئو-
غۇز ئىتتىپاقىغا تەۋە ئاساسىي قەبىلىلەر ھەم ئورخۇن ئۇيغۇر
خانلىقىنىڭ قارام قەبىلىلىرى بولۇپ، تارىخىي ھۆججەتلەردىن قا-
رىغاندا، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە ئون ئۇيغۇر، توققۇز
ئوغۇز ئىتتىپاقىدىكى قەبىلە، ئۇرۇقلار يۇقىرىدا نامى تىلغا ئېلىن-
غانلىرى بىلەنلا چەكلىنىپ قالمىغان. ئۇلاردىن باشقا، ئۆتۈكەن
تاغلىرى، چوغاي تاغلىرى، ئالتاي تاغلىرى ۋە تەڭرىتاغلىرى ئەت-
راپلىرىدا يەنە نۇرغۇنلىغان ئۇرۇق - قەبىلىلەر ياشىغان.

تارىخىي ماتېرىياللاردا ئون ئۇيغۇر، توققۇز ئوغۇزلارنىڭ ھەر-
قايسى قەبىلىلىرىنىڭ نوپۇسى، تۈتۈن سانى تولۇق خاتىرىلەنمە-
گەن، لېكىن ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى 13 قەبىلىنىڭ تۈتۈنى ياكى
ئەسكەر سانى ھەققىدە ئۇچۇرلار بېرىلگەن. بۇ ئۇچۇرلارنىڭ كۆپ
قىسمى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى قۇرۇلۇشتىن ئاۋۋالقى ياكى ئەمدى-

لا قۇرۇلۇۋاتقان مەزگىللەردىكى مەلۇماتلار بولۇپ، ئۇلار ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ گۈللەنگەن دەۋرىدىكى نوپۇس ئەھۋالىدىن خەۋەر بېرەلمەيدۇ. شۇنداق بولسىمۇ، تەتقىقاتقا پايدىسى بولۇپ قالار دېگەن ئۈمىدتە قەدىمكى خەنزۇچە ھۆججەتلەردە خاتىرىلەنگەن ھەرقايسى قەبىلىلەرنىڭ نوپۇس ئەھۋاللىرىغا دائىر مەلۇماتلار جەدۋەللەشتۈرۈپ كۆرسىتىپ بېرىلدى.

### ئون ئۇيغۇر، توققۇز ئوغۇز قەبىلىلىرىنىڭ نوپۇسى ۋە ئەسكىرى

| قەبىلە نامى | نوپۇسى | ئەسكەر سانى | ئېلىنغان مەنبەسى |
|---|---|---|---|
| ئۇيغۇر | 100 مىڭ | 50 مىڭ | «كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» |
| بۆگۈ (بارغۇت) | 30 مىڭ تۈتۈن | 10 مىڭ | «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» |
| بايىرقۇ | 60 مىڭ تۈتۈن | 10 مىڭ | «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» |
| تۇڭرا | | 30 مىڭ | «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» |
| قۇمۇق (ئىزگىل) | | 20 مىڭ | «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» |
| چۆبە (قاپىش) | | 3 مىڭ | «ئومۇمىي قامۇس. چۆبەلەر» |

| | | | |
|---|---|---|---|
| سىر-تاردۇش | | 80 مىڭ | «كونا تاڭنامە. لى جىنىڭ تەرجىمھالى» |
| دولانغۇت (تالانغۇت) | | 10 مىڭ | «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» |
| ئاتىئىز (ئادىز، ئاز) | | 1700 | «ئومۇمىي قامۇس. ئاتىئىزلار» |
| قورىقانلار | | 5 مىڭ | «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» |
| قۇشۇلار | | 10 مىڭ | «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» |
| ئاقشد | | 10 مىڭ | «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» |
| شىد | | 10 مىڭ | «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» |

يۇقىرىقى جەدۋەلدە كۆرسىتىلگەن سانلىق مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى قۇرۇلۇشتىن ئاۋۋال ياكى قۇرۇلغان دەسلەپكى يىللاردا، ئون ئۇيغۇر، توققۇز ئوغۇزلارنىڭ ئىچىدىكى 13 قەبىلىنىڭ ئەسكەر سانى 249 مىڭ 700 بولغان. هۇن، تۈرك، ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسىغا دائىر تارىخىي خاتىرىلەردە بىر ئائىلە (ياكى بىر تۈتۈن) بەش نوپۇس (بەش جان) هېسابلانغان بولۇپ، مۇبادا ھەر ئۈچ ئادەمدىن بىرى ئەسكەر

بولغان دەپ قارىساق، ئەينى دەۋردىكى بۇ 13 قەبىلىنىڭ نوپۇسى 749 مىڭ 100 بولىدۇ.

يەنە، شەرقىي تۈرك خانلىقى ھالاك بولغاندىن كېيىن، سىر - تاردۇشلار بىلەن ئۇيغۇرلار بىرلىشىپ مىلادىيە 629 - يىلىدىن مىلادىيە 646 - يىلىغىچە موڭغۇلىيە ۋادىسىدا سىر - تاردۇش خانلىقى دەپ ئاتالغان خانلىقنى قۇرۇپ چىققان، ئۇنىڭ زېمىن دائىرىسى «شەرقتە سىبىرلاردىن غەربتە ئالتۇن تاغقىچە، جەنۇبتا تۈركلەردىن شىمالدا خەنخەيگىچە كېلەتتى، ئەسكەرلىككە ياراملىقى 200 مىڭ كىشى ئىدى»⑥① . سىر - تاردۇش خانلىقىدىمۇ ئۈچ ئادەمدىن بىرى ئەسكەر بولغان ھېسابلىساق، سىر - تاردۇش خانلىقىنىڭ نوپۇسى تەخمىنەن 600 مىڭ بولۇپ چىقىدۇ. بۇ يۇقىرىقى ئون ئۇيغۇر، توققۇز ئوغۇزلارغا تەۋە 13 قەبىلىنىڭ نوپۇسى بىلەن خېلى يېقىن كېلىدۇ. لېكىن، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى گۈللەنگەن مەزگىلدە فېئوداللىق ئىگىلىكى، جۈملىدىن چارۋىچىلىقى، دېھقانچىلىقى يۇكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان، ھەربىي، ئىقتىسادىي كۈچى ئەينى دەۋردە شەرقىي ئاسىيادا ئۈستۈن ئورۇندا تۇرغان بولۇپ، بۇنى نەزەردە تۇتقاندا، يۇقىرىدىكى 13 قەبىلىنىڭ نوپۇسىنى ئەينى دەۋردىكى ئون ئۇيغۇر، توققۇز ئوغۇزلارنىڭ ئەمەلىي نوپۇسى دېيىشكە، جۈملىدىن ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ نوپۇسى قىلىۋېلىشقا ھەرگىز بولمايدۇ. چۈنكى، ئون ئۇيغۇر، توققۇز ئوغۇز قەبىلىلىرى يۇقىرىقى 13 قەبىلە بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ، ئەكسىچە ئۇلارنىڭ قەبىلە، ئۇرۇقلىرى ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، سانىنى بىلىش مۇمكىن ئەمەس. يەنە كېلىپ، ئۇلارنىڭ ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ دەسلەپكى ۋاقىتلىرىدىكى بىلەن كېيىنكى ۋاقىتلىرىدىكى ياشىغان زېمىن دائىرىسىمۇ ئوخشىمايدۇ، جۈملىدىن دەسلەپ موڭغۇلىيە ۋادىسىنى مەركەز قىلىپ «شەرقتە سىبىرلار زېمىنىدىن غەربتە ئالتاي تېغى ئېتەكلىرىگىچە، شىمالدا بايقال كۆلىدىن جەنۇبتا چوڭ قۇملۇقنىڭ جەنۇبىغىچە ماكانلاشقان» بولسا، مويۇنچۇر قارا قاغان دەۋرىدىن باشلاپ (747 — 759 - يىللار) زېمىن دائىرىسى جەنۇبىي سىبىرىيە، تۇۋا، ئالتاينىڭ غەربى، ئېرتىش دەرياسى ۋادىسى، شەرقىي تەڭرىتاغ ئېتەكلىرى،

جۇڭغارىيە ۋادىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. قۇتلۇق قاغان (795 —
805 ـ يىللار) دەۋرىدىن كېيىن يەنىمۇ غەربكە كېڭىيىپ خېشى
كارىدورى، تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالى ۋە غەربىدىكى رايونلار،
پامىرنىڭ غەربىدىكى ئىسسىقكۆل، چۇ دەرياسى، يەتتەسۇ ۋادىسى
قاتارلىق ھازىرقى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغىچە جايلاشقان. «ئاقىۋەت-
تە شەرقىي ئاسىيا دۆلىتى دەپ ئاتىلىدىغان شەرقىي ئۇيغۇر خانلى-
قى بۇغدا تېغىنىڭ باغرىنى، يەنى بۇگۈنكى شىنجاڭ رايونىنى مەركەز
قىلغان ئوتتۇرا ئاسىيا ياكى غەربىي ئاسىيا دۆلىتىگە ئايلانغان» ⑥②.
ئۇنىڭ ئۈستىگە، 840 ـ يىلى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى تەبىئىي
ئاپەت، ئىچكى يېغىلىق ۋە تاشقى دۈشمەنلەرنىڭ ھۇجۇمى سەۋەبى-
دىن يىمىرىلگەندە، ئاھالىسىنىڭ زور قىسمى قاغان جەمەتىگە،
ئوردا ۋەزىرلىرىگە ئەگىشىپ جەنۇب ۋە غەربتىكى قېرىنداشلىرى-
نىڭ ماكانلىرىغا كۆچكەن. ياپونىيىلىك تەتقىقاتچى ئابې تاكېئو
ئەپەندىنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا، «ئوكا قاغان باشچىلىقىدا جە-
نۇبقا كۆچكەنلەر تەخمىنەن 220 — 230 مىڭ كىشى، غەربكە
كۆچكەن 15 قەبىلە ئاز ھېسابلىغاندا 100 نەچچە مىڭ، كۆپ
بولغاندا 300 مىڭغا يېقىن كىشى» بولغان⑥③. ئېلىمىز تەتقىقاتچى-
سى ليۇ مېيسۇڭ ئەپەندىمۇ ئوكا قاغان باشچىلىقىدا جەنۇبقا كۆچ-
كەن ئۈچ تارماق ئۇيغۇرلار تەخمىنەن 300 مىڭ كىشى ئىدى،
دەپ پەرەز قىلىدۇ ⑥④. «كونا تاڭنامە. تۈركلەر تەزكىرىسى»
دىمۇ: «پان تېكىن قارا شەھەردە ئۆزىنى يابغۇ دەپ ئاتىدى، قالغان
ئاھالىسى ئالتۇن چوققىدا قوغداندى، ئۇلارنىڭ سانى 200 مىڭغا
يېتەتتى» ⑥⑤ دېيىلگەن. بۇ سانلىق مەلۇماتلار پەقەت موڭغۇلىيە
ۋادىسىنىڭ مەركىزىي رايونلىرىدىن جەنۇبقا — سەددىچىن بويلىرىغا
ۋە غەربكە — شەرقىي تەڭرىتاغ ئېتەكلىرىگە كۆچكەن ئۇيغۇر
قەبىلىلىرىنىڭ تەخمىنى سانى بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىگە خېشى ۋاد-
ىسىغا كۆچكەن ھەم خېشى ۋادىسىدا ئەزەلدىن ياشاپ كېلىۋاتقان،
ئالتاي ئېتەكلىرى، جۇڭغارىيە ئويمانلىقى، تەڭرىتاغ ئېتەكلىرى
ۋە تارىم، ئېرتىش دەرياسى ۋادىلىرىدا، ئىسسىقكۆل، چۇ دەرياسى
ۋادىلىرىدا ئەزەلدىن ياشاپ كېلىۋاتقان ئۇيغۇر قەبىلىلىرى كىرمەي-
دۇ، يەنە موڭغۇلىيە ۋادىسىدىن كۆچمەي قىرغىزلارغا قوشۇلۇپ

كەتكەن، تۇۋادا كۆچمەي قېپقالغان ۋە باشقا كۆچمەي قالغانلارمۇ كىرمەيدۇ . دېمەك، ئۇيغۇرلارنىڭ كۆچكىنى 500 مىڭ ئەتراپىدا بولسا، ئۇنداقتا ئۇيغۇرلارنىڭ ئەسلىدىكى نوپۇسى زادى قانچىلىك؟ تارىخىي ھۆججەتلەردىكى بوشلۇقلار بۇ ھەقتە بىزنىڭ ئېنىق سانلىق مەلۇماتلارنى ئوتتۇرىغا قويۇشىمىزغا يار بەرمەيدۇ. شۇنداقتىمۇ، «كونا تاڭنامە. شىمالىي دىلار تەزكىرىسى» دە: «تېلىلارنىڭ ھەر-قايسى ئۇرۇقلىرى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئالپ ئېلتەبىرىنىڭ قوۋمى بىر مىليوندىن كۆپرەك تۇتۇن ئىدى» ⑥⑥ دېيىلگەن. بۇنى ئەلۋەتتە ئەينى دەۋردىكى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئەھۋالىغا بىرلەشتۇ-رۇپ تەھلىل قىلىپ بېقىشىمىز كېرەك.

## 2 § . ئاھالىسىنىڭ ئىرقىي تىپى

نۆۋەتتە ئالىملار دۇنيادىكى ئىرقلارنى ئاساسىي جەھەتتىن موڭغۇل ئىرقى (يەنى ئاسىيا ـ ھىندىئان ئىرقى ياكى سېرىق تەنلىكلەر)، ئېكۋاتور ئىرقى (يەنى نېگىر ـ ئاۋستىرالىيە ئىرقى ياكى قارا تەنلىكلەر)، ياۋروپا ئىرقى (يەنى ياۋروپا ـ ئاسىيا ئىرقى ياكى كاۋكاز ئىرقى ۋە ياكى ئاق تەنلىكلەر) دەپ ئۈچ چوڭ تۈرگە ئايرىيدۇ.

موڭغۇل ئىرقىنىڭ ئاساسلىق بەدەن ئالاھىدىلىكى: تېرىسى-نىڭ رەڭگى ئاچ سېرىق، چېچىنىڭ رەڭگى قارا، شەكلى تۈز، ساقال ـ بۇرۇتى ۋە ئەزا تۈكلىرى ئازراق، يۈزى ياپىلاق، قاڭشى-رى ئېگىز ئەمەس، كالپۇكىنىڭ قېلىنلىقى نورمال، بوي ئېگىز-لىكى شىمالدىن جەنۇبقا قاراپ ئوتتۇرا بويدىن پاكارغا ۋە قاۋۇللۇق-تىن ۋىجىكلىككە يۈزلەنگەن، كۆزىنىڭ ئىچكى بۇلۇڭىدا قاتلىرى كۆپ.

ياۋروپا ئىرقىنىڭ ئاساسلىق بەدەن ئالاھىدىلىكى: تېرىسىنىڭ رەڭگى ئاق، بىر قىسىملىرىنىڭ قوڭۇر رەڭ، چېچىنىڭ رەڭگى بىردەك ئەمەس، شەكلى دولقۇنسىمان، ئەزا تۈكلىرى تەرەققىي قىلغان، قاپىقى تومپايغان، ئورا كۆز، قاڭشارلىق، كالپۇكى نېپىز. بۇ خىل ئىرقتىكىلەر جەنۇب ۋە شىمالدىن ئىبارەت ئىككى

تارماقتا بۆلۈنگەن بولۇپ، جەنۇبىي تارماق ھىندىستان، ئوتتۇرا دېڭىز ۋە بالقان ـ كاۋكاز تىپىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، شىمالىي تارماق ئاتلانتىك ئوكيان، بالتىق دېڭىزى تىپىنى ھەم ھەرقايسى ئۆتكۈنچى تىپلارنى ۋە ئارىلىق تىپلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ(67).

ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىرقىي تىپى ھەققىدە، نۆۋەتتە ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ۋە قېزىشتا تېخى ئېنىق ھالدا ئورخۇن ئۇيغۇرلىرىغا مەنسۇپ دەپ قارالغان باش سۆڭەكلىرى بايقالمىغاچقا، ئورخۇن ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىرقىي ئالاھىدىلىكىنى مۇھاكىمە قىلغاندا، ئىمكانىيەتنىڭ يار بېرىشىچە قەدىمكى تارىخىي ھۆججەتلەردىن ۋە باشقا ۋاستىلىك ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىشقا توغرا كېلىدۇ. ئورخۇن ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىرقىي تىپىگە دائىر ماتېرىياللارنىڭ كەمچىل بولۇشى سەۋەبىدىن، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى تۈركولوگلارنىڭ ئورخۇن ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىرقىي تىپى ھەققىدىكى قاراشلىرى بىردەك بولماي كەلگەن. 1988 ـ يىلى ئېلىمىز تەتقىقاتچىسى ياڭ شېڭمىن ئەپەندى تۇنجى قېتىم ئورخۇن ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىرقىي تىپى ھەققىدىكى ماقالىسىنى ئېلان قىلىپ، ئورخۇن ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىرقىي تىپىنى موڭغۇل ئىرقىغا تەۋە دەپ ھېسابلىغان(68). لېكىن ئىزچىل جۇڭگونىڭ شىمال ۋە غەربىي شىمال رايونىدا ياشاپ كەلگەن قەدىمكى مىللەتلەر تارىخىنى تەتقىق قىلىپ كېلىۋاتقان داڭلىق تۈركولوگ لىن گەن ئەپەندى ئورا كۆز، قاڭشارلىق بولۇش ئورخۇن ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك ئىرقىي ئالاھىدىلىكى ئىكەنلىكىنى، بۇ جەھەتتىن ئورخۇن ئۇيغۇرلىرى تۈرك ئىرقىغا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى تەكىتلىگەن(69). مەشھۇر تارىخشۇناس جۇلىيەنكۈەن ئەپەندىمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئاق تەنلىك ئىرىقتا، يەنى تۈرك ئىرقىغا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى قەيت قىلغان(70). يەنە تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن مەشھۇر شائىر لى بەيمۇ ئۆزىنىڭ «شاڭيۈن غەزىلى» ( 上云乐 ) دېگەن شېئىرىدا ئۇيغۇرلارنىڭ چىرايىنى «قاڭشىرىدۇر خۇددى ئۈيۈلتاش، كۆكۈش كۆزلىرى مىسالى قۇياش، سېرىق چاچلىرى ئالتۇنغا رەڭداش، كالپۇكى قېلىن قېشى قەلەمقاش» دەپ سۈرەتلەپ، ئۇيغۇرلارنىڭ تۈرك ئىرقىغا كىرىدىغانلىقىدىن بېشارەت بەرگەن(71).

تۈرك ئىرقى دېگەندە ياۋروپا ئىرقىنىڭ ئالاھىدە بىر تارمىقى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بەزى چەتئەل تەتقىقاتچىلىرى تۈرك ئىرقى بىلەن موڭ-غۇل ئىرقىنىڭ قانداق پەرقى بار دېگەن مەسىلىگە جاۋاب بېرىپ: «تۈركلەرنىڭ يۈزى موڭغۇللارنىڭ يۈزىگە ئوخشاش ئۇنداق بەك ياپىلاق ئەمەس، بەلكى ئېلىپىس شەكلىدە، چېچى دولقۇنسىمان، بەدىنى تۈكلۈك، ئۇلار دۇنيادىكى ئەڭ تۈكلۈك ئىرق. ئەكسىچە موڭغۇللارنىڭ چېچى تۈپتۈز، يۈزى يۇمىلاق، بەدىنىدە تۈك يوق»⑫ دەيدۇ. بەزى ھازىرقى زامان تۈركولوگلىرى يەنە شەرقتە شەرقىي سىبىرىيىنىڭ لىنا دەرياسى ۋادىسىدىن تارتىپ غەربتە ئوتتۇرا دېڭىز بويلىرىغىچە، جەنۇبتا ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ جەنۇبىدىن تارتىپ شىمالدا ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ ئەڭ شىمالىدىكى يېڭى سىبىرىيە تاقىم ئارىلىغىچە بولغان دائىرە ئىچىدىكى 20 نەچچە دۆلەت ۋە رايونغا تارقالغان 30 نەچچە تۈركىي مىللەتنى ئىرقىي جەھەتتىن ئۈچ تىپقا بۆلۈپ، ئەڭ شەرقتىكىلەر موڭغۇل ئىرقىي تىپىگە، ئارىلىقتىكىلەر موڭغۇل ئىرقى بىلەن ياۋروپا ئىرقىنىڭ ئارىلاشما تىپىگە، ئەڭ غەربتىكىلەر ياۋروپا ئىرقىي تىپىگە تەۋە، دەپ ھېسابلايدۇ.

تارىخشۇناسلارغا مەلۇمكى، ئورخۇن ئۇيغۇرلىرى قانقىللارنىڭ يادرو قەبىلىسى بولۇپ، قانقىللار تېلىلارنىڭ يەنە بىر خىل ئاتىلى-شىدۇر، تېلىلار قەدىمكى دىڭلىڭلاردىن كېلىپ چىققان، دىڭلىڭلار بولسا قەدىمكى دىلاردىن كېلىپ چىققان. مۇشۇنىڭغا ئاساسلانغاندا، دىلار، دىڭلىڭلار ۋە تېلى، قانقىللارنىڭ ھەممىسى ئورخۇن ئۇيغۇر-لىرىنىڭ (يەنى شەرقىي ئۇيغۇرلارنىڭ) قەدىمكى ئەجدادلىرى، ئۇلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسىنى تەشكىل قىلغۇچى مۇھىم ئامىللىرى، شۇنداقلا «دى، دىڭلىڭ، تېلى» دېگەن ناملار تۈرك تىلىدىكى «تۈرك» دېگەن نامنىڭ ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى خەنزۇچە ئوخشاش بولمىغان تەلەپپۇز قىلىنىشى ۋە يېزىلىشىدۇر.

قەدىمكى خەنزۇچە ھۆججەتلەردە مەيلى دى، دىڭلىڭلار، قان-قىل، تېلىلار بولسۇن ياكى تۈرك ـ ئۇيغۇرلار بولسۇن، ئۇلارنىڭ ئىرقىي تىپىگە دائىر مەلۇماتلار ناھايىتى ئاز خاتىرىلەنگەن، لېكىن ئۇلارنىڭ ئىرقىي تىپىنى تەكشۈرۈشتە پايدىلىنىشقا بولىدىغان بىر

قىسىم مۇھىم يىپ ئۇچلىرى قالدۇرۇلغان. مەسىلەن، يېغىلىق دەۋرىدە بارلىققا كەلگەن «تاغ ـ ئېرىملار قۇرئى» نىڭ «ئىقلىمدى-كى جايلار تەپسىراتى» قىسمىدا (بۇ قىسمى غەربىي خەن سۇلالى-سىنىڭ دەسلىپىدە يېزىلغان) : «دىڭلىڭلارنىڭ تىز ـ تېقىمىنىڭ تۆۋىنى تۈكلۈك كېلەتتى» دېيىلگەن. «تارىخىي خاتىرىلەر» دە، دىلار بوي ـ بەستلىك، ئېگىز بولغانلىقتىن خەنزۇلارنىڭ ئۇلارنى «زور ئادەم» دەپ ئاتىغانلىقى خاتىرىلەنگەن. كۆڭزىمۇ دىلارنى تەسۋىر-لەپ: «بويىنىڭ ئېگىزلىكى ئۈچ جاڭ كېلىدۇ» (بىر جاڭ ئون چىغا باراۋەر) ⑦③ دەپ ئېيتقان. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن مەشھۇر تارىخشۇناس خۇڭ جۈن (1839—1893 ـ يىللار) دىڭلىڭ-لارنىڭ ئىرقىي تىپى ھەققىدە توختالغاندا: «دىڭلىڭلارنىڭ ھەممى-سى بەستلىك، قىزىل چاچلىق، تېرىسى ئاق (ياكى ئاق يۈزلۈك) ، كۆك كۆز كېلەتتى، قارا چاچنى خەيرلىك دەپ قارىمايتتى» ⑦④ دەپ يازغان. بۇلاردىن قارىغاندا، دىڭلىڭلار ئاساسىي جەھەتتىن ئاق تەنلىك ياۋروپا ئىرقىغا تەۋە بولغان. ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈ-رۈشلەردىن ئىسپاتلىنىشىچە، مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 3000 ـ يىللاردىن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 2000 ـ يىللارغىچە بولغان ئارىلىق-تىكى ئافاناسوۋ مەدەنىيىتى دەۋرىدە دىڭلىڭلارنىڭ ئەجدادلىرى بىر خىل سوزۇنچاق باشلىق ياۋروپا ئىرقىدىكى ياكى ئىپتىدائىي ياۋرو-پا ئىرقىدىكى كىشىلەر بولغان، تىلى ئىپتىدائىي ئورال ـ ئالتاي تىلى بولغان. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 1700 ـ يىللاردىن مىلادىيى-دىن بۇرۇنقى 1200 ـ يىللارغىچە بولغان ئارىلىقتىكى ئاندرنوۋ مەدەنىيىتى دەۋرىدە، دىڭلىڭلارنىڭ ئىرقىي تىپى يەنىلا ئافاناسوۋ مەدەنىيىتى دەۋرىدىكى بىلەن ئوخشاش ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان. مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 1200 ـ يىللاردىن مىلادىيىدىن ئىلگىر-كى 700 ـ يىللارغىچە بولغان ئارىلىقتىكى قاراسۇق مەدەنىيىتى دەۋرىدە بولسا، ئاھالە قۇرۇلمىسىدا تۇيۇقسىز ئۆزگىرىش يۈز بېرىپ، ئەسلىدىكى سوزۇنچاق باشلىق ياۋروپا ئىرقىغا موڭغۇل ئىرقىنىڭ ئامىللىرى سىڭىپ كىرىشكە باشلىغان. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 700 ـ يىللاردىن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 200 ـ يىللارغى-چە بولغان ئارىلىقتىكى تاغار مەدەنىيىتى دەۋرىدە، دىڭلىڭ ئاھالى-

لىرىنىڭ ئىرقىي تىپىدە ياۋروپا ئىرقىنىڭ سوزۇنچاق باشلىق ۋە يۇمىلاق باشلىق ئىككى خىل ئارىلاشمىسى پەيدا بولغان، ئەمما موڭغۇل ئىرقىنىڭ ئامىللىرى ئاجىزلاشقان. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 200 - يىللاردىن باشلانغان، ئىككى خەن سۇلالىسى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 206 - يىلىدىن مىلادىيە 220 - يىلىغىچە) دەۋرىگە توغرا كېلىدىغان تاشتىق مەدەنىيىتى دەۋرىدە، دىڭلىڭلارنىڭ ئىرقىي تىپىدە يەنىلا ياۋروپا ئىرقىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى بولغان، ئەمما موڭغۇل ئىرقىنىڭ تەركىبلىرىمۇ كۆرۈنەرلىك سىڭگەن. مىلادىيە 3 - ئەسىردىن 6 - ئەسىرگىچە دىڭلىڭلار شەرق ۋە جەنۇب تەرەپلەردىن كەلگەن ئىرقلارنىڭ، مەسىلەن، سىبىر (يەنى سىيانپى، شىرۋى)، جۇرجان قاتارلىقلارنىڭ بېسىپ كىرىپ پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرۇشىغا ئۇچراپ كەلگەن. شۇنىڭ بىلەن، موڭغۇل ئىرقىنىڭ ئامىللىرى تېخىمۇ گەۋدىلىك بولۇشقا باشلىغان(75). دېمەك، يۇقىرىقى ھۆججەتلەردىكى ئۇچۇر - مەلۇماتلار ۋە ئارخېئولوگىيىلىك ئىسپاتلاردىن قارىغاندا، ئورخۇن ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەجدادلىرى ھېسابلىنىدىغان دىڭلىڭلار ياكى دىلار سوزۇنچاق باشلىق ياۋروپا ئىرقىغا مەنسۇپ كىشىلەر بولغان، ئەمما ئۇلارنىڭ جايلاشقان يەرلىرى موڭغۇل ئىرقىغا تەۋە مىللەتلەر جايلاشقان يەرلەرگە يېقىن بولۇشى، يايلاق دۇنياسىدا دائىم يۈز بېرىپ تۇرىدىغان مىللەتلەرنىڭ كۆچۈشى، ئۇرۇشلىرى، ھاكىمىيەت ئۆزگىرىشلىرى، ئۇلارنىڭ جەنۇب ۋە شەرقتىكى مىللەتلەر بىلەن سودا، ئىقتىساد ئالاقىسى قىلىشى قاتارلىق سەۋەبلەردىن موڭغۇل ئىرقىنىڭ بەزى ئامىللىرى ئۇلارغا سىڭىپ كىرىشكە باشلىغان. كېيىنچە ئىرقىي ئالاھىدىلىك جەھەتتە تەسىر كۆرسىتىشكە باشلىغان. شۇنداقتىمۇ، دىڭلىڭلارنىڭ سوزۇنچاق باش، ئورا كۆز، قاڭشارلىق بولۇشتەك توپ ئالاھىدىلىكىنى ئۆزگەرتەلمىگەن.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى بولغان ھۇنلارمۇ ئەسلىدە شىمالىي دىلارغا تەۋە قەبىلىلەر گۇرۇھى بولۇپ، ئۇلارمۇ تۈركىي خەلقلەرگە تەۋە بىر خەلق ئىدى(76). «كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى»دە: «ئۇيغۇرلار (回纥) نىڭ ئەجدادلىرى ھۇنلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى ئىدى» دېيىلگەن، «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار تەزكىرد-

سى» دىمۇ: «ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى ھۇنلاردۇر» دېيىلگەن، «كونا بەش دەۋر تارىخى. ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» دىمۇ: «ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى ھۇنلارنىڭ بىر ئۇرۇقى ئىدى» دېيىلگەن. بۇنىڭغا ئاساسەن تۈركولوگلار ھۇنلار ئۇيغۇرلارنىڭ مۇھىم ئېتنىك مەنبەلىرىنىڭ بىرى، دەپ ھېسابلىغان. ھۇنلارنىڭ ئىرقىي تىپىگە دائىر مەلۇماتلارنى يازما ھۆججەتلەردىن ئۇچراتقىلى بولمىغاچقا، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ھۇنشۇناسلار ۋە تۈركولوگلار پەقەت ئارخېئولوگىيە ماتېرىياللىرىغا ئاساسەنلا ھۇنلارنىڭ ئىرقىي تىپىنى بېكىتىشىپ كەلگەن. ئېلىمىز ئالىمى ۋاڭ گوۋېي خېلى بۇرۇنلا ھۇنلارنىڭ «خۇ» ( 胡 ) دەپ ئاتىلىشىغا دىققەت قىلىپ، «قەدىمدە ساقال ـ بۇرۇتلۇق ياكى ئورا كۆز، قاڭشارلىق كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسى خۇ ( 胡 ) ياكى خۇزى ( 胡子 ) دەپ ئاتالغان، ھۇنلارمۇ مەخسۇس خۇ ( 胡 ، غۇز) دەپ ئاتالغان، بۇ ئۇلارنىڭ ساقال ـ بۇرۇتلۇق، ئورا كۆز، قاڭشارلىق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەرسە كېرەك. كېشلار ( 胡羯 ) ھۇنلارنىڭ ئايرىم قەبىلىسى ئىدى، ئۇلار قاڭشارلىق، ساقال ـ بۇرۇتلۇق بولۇپ، غەربىي غۇز ( 西胡 ، غەربىي يۇرتلۇقلارنى كۆرسىتىدۇ) لار بىلەن ھېچقانداق پەرقى يوق ئىدى»(77) دەپ ئېيتقان. چەتئەل تارىخچىلىرىدىن مەك گاۋىرىن «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمكى دۆلەتلەر تارىخى» دېگەن ئەسىرىدە: «ھۇنلار ئەسلىدە تۈرك ئىرقىغا تەۋە بولۇپ، كېيىن ئۇزۇن مۇددەت يۇمىلاق يۈزلۈك ئىرقتىكىلەر بىلەن ئارىلىشىش جەريانىدا موڭغۇل ئىرقىنىڭ تەركىبلىرىنى تەدرىجىي سىڭدۈرگەن» دەپ قارىغان. مۇشۇ ئەسىرنىڭ 30 ـ، 40 ـ يىللىرى رۇس ئارخېئولوگلىرى تەڭرىتاغ ۋە پامىر، ئالاي رايونلىرىدىن، تالاس دەرياسى بويىدىن ھۇنلارغا دائىر 30 نەچچە پارچە باش سۆڭىكىنى تاپقان بولۇپ، ئۇلاردا ياۋروپا ئىرقىنىڭ ئالاھىدىلىكى ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى ئۆلچەپ چىققان. ئېلىمىزدىكى مەشھۇر تۈركولوگ لىن گەن ئەپەندىمۇ ئۆزىنىڭ ئۇزۇن يىللىق ھۇن تارىخى ۋە مەدەنىيىتى تەتقىقاتىغا ھەم شىمالىي موڭغۇلىيەدىكى نويان تېغى باغرىدىكى ھۇنلارغا دائىر 25 ـ نومۇرلۇق قەبرىدىن تېپىلغان بىر پارچە كەشتىگە ۋە 1955 — 1957 ـ يىللىرى دۆلىتىمىزنىڭ شەنشى

ئۆلكىسى چاڭئەن ناھىيىسى فىلڭ شى يېزىسىدىن تېپىلغان ھۇن قەبرىستانلىقىدىكى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 11 ـ ئەسىردىن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 771 ـ يىلغىچە) يادىكارلىقلارغا ئاساسەن ھۇنلارنى تۈرك ئىرقىغا مەنسۇپ دەپ ھۆكۈم قىلغان⑱. بۇلاردىن قارىغاندا، ھۇنلار ئەسلىدە ياۋروپا ئىرقىغا تەۋە خەلق بولۇپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكىلەر ۋە موڭغۇل ئىرقىدىكى باشقا مىللەتلەر بىلەن ئالاقىلىشىش، نىكاھلىنىش جەريانىدا، موڭغۇل ئىرقىنىڭ تەركىبلىرىنى سىڭدۈرگەن، ئەمما بۇ ئۇلارنىڭ ئەسلىدىكى ياۋروپا ئىرقى ئالاھىدىلىكىنى باشتىن ـ ئاخىر ئۆزگەرتەلمىگەن.

تۈركلەرنىڭ ئىرقىي تېپىنى ئېنىقلاشمۇ ئوخشاشلا ئۇيغۇرلارنىڭ (回纥) ئىرقىي تېپىنى بېكىتىشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. چۈنكى، «ئۇيغۇرلار تۈرك سىستېمىسىدىكى قەبىلىلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ تىلى تۈركلەرنىڭكىگە ئوخشاش ئىدى، ئۇلارنىڭ يېزىقىمۇ دەسلەپتە تۈركلەرنىڭكىگە ئوخشاش ئىدى، ئۇلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرى، ئەمەلدارلىق تۈزۈملىرىمۇ تۈركلەرنىڭكىگە ئوخشاش ئىدى، ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي ئاساسىمۇ تۈركلەرنىڭكىگە ئوخشايتتى». شۇڭلاشقا، بېشبالىقلىق ئۇيغۇر راھىب سىڭقۇ سېلى تۇتۇڭ 10 ـ ئەسىردە «‹ئالتۇن يارۇق› نى تەرجىمە قىلغاندا، ئۆزىنىڭ تىلىنى تۈرك ئۇيغۇر تىلى دەپ ئاتىغان»⑲. مەھمۇد كاشغەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىمۇ ئۆز ئەجدادلىرىنى تۈركلەرگە باغلىغان.

تۈركلەرنىڭ جايلاشقان يەرلىرى ئىنتايىن كەڭرى بولۇپ، شەرقتە ھازىرقى بايقال كۆلى، جەنۇبىي سىبىرىيە، ئالتاي تېغى، تەڭرىتېغى، جۇڭغار ـ تارىم ئويمانلىقى قازاقىستان قاتارلىق جايلاردىن غەربتە دون دەرياسى قىرغاقلىرىغىچە، يەنى ئوكرائىناغىچە بولغان يەرلەرنىڭ ھەممىسىدە قەدىمكى تۈركلەرنىڭ ئىزلىرى تېپىلغان. يېقىنقى ئەسىرلەردىن بۇيان يۇقىرىقى جايلاردىن تۈركلەرگە تەۋە ئىلمىي قىممىتى بار باش سۆڭەكلىرى تېپىلىپ، ھەرقايسى ئەل تۈركولوگلىرىنىڭ تۈركلەرنىڭ ئىرقىي تېپىنى ئېنىقلاپ بېكىتىشىنىڭ ماتېرىيال مەنبەسى بولۇپ قالدى. تارىخشۇناسلارغا مەلۇمكى، تۈركلەر ئالتاي ۋادىسىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، ئۇلار

كۆكتۈرك خانلىقىنى قۇرۇشتىن ئىلگىرى موڭغۇل ئىرقىدىكى جۇرجانلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا ياشىغان، مىلادىيە 552 ـ يىلى جۇرجانلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ئىچكى تاشقى موڭغۇلىيە، غەربىي يۇرت ۋە كەڭ ئوتتۇرا ئاسىيانى ئۆز ئىچىگە ئالغان غايەت زور كۆكتۈرك خانلىقىنى قۇرۇپ چىققان، كېيىن ئالتاي تېغىنى پاسىل قىلغان ھالدا شەرقىي تۈرك خانلىقى ۋە غەربىي تۈرك خانلىقى دەپ ئىككىگە بۆلۈنگەن، تۈركلەر گۈللەنگەن مەزگىللىرىدە جۇرجانلارنى مەغلۇپ قىلىپلا قالماستىن، يەنە موڭ- غۇل ئىرقىدىكى قىتان ۋە تاتابى قاتارلىق مىللەتلەرنىمۇ بويسۇن- دۇرغان، نەتىجىدە موڭغۇل ئىرقىنىڭ تەركىبلىرى تۈركلەرگە تەبىئىي ھالدا سىڭىپ كىرىپ، ئۇلارنىڭ ئەسلىدىكى ئورا كۆز، ساقاللىق، قاڭشارلىق، بېشى سەل سوزۇنچاق بولۇشتەك ياۋروپا ئىرقى ئالاھىدىلىكىگە موڭغۇل ئىرقىنىڭ ئالامەتلىرى تەدرىجىي ئۆز تەسىرلىرىنى كۆرسىتىشكە باشلىغان. شۇڭا، نۆۋەتتە بايقالغان تۈركلەرگە دائىر ئانتىروپولوگىيە ماتېرىياللىرى ئىچىدە شەرق تەرەپلىرىدە موڭغۇل ئىرقىنىڭ تەركىبلىرى يۇقىرىراق بولسا، غەرب تەرەپتىكىلىرىدە ياۋروپا ئىرقىنىڭ ئالامەتلىرى يۇقىرىراق، بەزى جايلاردىن تېپىلغانلىرىدا ئىككى چوڭ ئىرقنىڭ ئارىلاشما تىپى ئۈستۈن ئورۇندا تۇرغان. ئەمما تۈركلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە ئەجدادلىرى ھەققىدىكى تارىخىي ماتېرىياللارغا نەزەر سالغاندا، تۈركلەرنىڭ ئەسلىدە ياۋروپا ئىرقىغا تەۋە خەلق ئىكەنلىكىنى، «ئورا كۆز، ساقاللىق بولۇش تۈركلەرنىڭ چىرايىنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ»⑧⓪. باشتا ئېيتىپ ئۆتكەندەك، تۈركلەر بىلەن دى، دىڭلىڭ، تېلى (قانقىل) لار قانداشلىق ۋە ئۇرۇقداشلىق مۇناسىۋىتىگە ئىگە بولۇپ، ئۇلار تۈرك دېگەن مىللەت نامىنىڭ ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى خەنزۇچە ھۆججەتلەردىكى ئوخشاش بولمىغان تەلەپپۇزدا خاتىرلىنىشى ئىدى. مۇشۇ سەۋەبلەردىن نۆۋەتتە تەتقىقاتچىلار تۈركلەرنىڭ ئىرقىي تىپى- نى ئومۇملاشتۇرۇپ، «تۈركلەر ئادەتتە ئىران ئىرقىغا تەۋە، ئورا كۆز، قاڭشارلىق، ساقاللىق، بېشى سەل سوزۇنچاقراق كەلگەن» كىشىلەر⑧① ياكى «موڭغۇل ئىرقىنىڭ تەركىبلىرىنى ئۆز ئىچىگە

ئالغان ياۋروپا ئىرقىغا مەنسۇپ كىشىلەر ئىدى» دەپ قارىشىدۇ.
شۇڭا، بىز ئورخۇن ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىرقىي تىپى مەسىلىسى-
نى يۇقىرىدا دېيىلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى بولغان دى،
دىڭلىڭلار ۋە هۇن، تۈركلەرنىڭ ئىرقىي ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن
ھەم ئەينى دەۋرلەردە پۈتۈلگەن مۇھىم تارىخىي ماتېرىياللاردىكى
ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى بىر قىسىم يىپ ئۇچلىرىغا ئاساسەن ئېنىقلا-
پ چىقالايمىز. تارىخنامىلەردە پۈتۈلگەندەك ھەم ھازىرقى زامان
ئالىملىرى، تۈركولوگلىرى دەلىللىگەندەك، ئۇيغۇرلار قەدىمدە
دى، دىڭلىڭ، تېلى، قانقىل دەپ ئاتالغان خەلقلەرنىڭ بىر قەبىلە-
سى ئىدى، جۈملىدىن ئۇلارنىڭ تىلى، ئۆرپ - ئادىتى، چىراي
شەكلى ئاساسەن شۇلارغا ئوخشاش بولۇپ، بەستلىك، ئورا كۆز،
قاڭشارلىق، ساقال - بۇرۇتلۇق، بېشى سەل سوزۇنچاق كەلگەن
ياۋروپا ئىرقىنىڭ تۈرك تىپىغا مەنسۇپ كىشىلەر ئىدى. شىمالىي سۇڭ
سۇلالىسى (960 — 1127 - يىللار) دەۋرىدە ئۆتكەن خۇڭ خاۋ
تەرىپىدىن يېزىلغان (مىلادىيە 1156 - يىلى پۈتۈلگەن) «دەشت - چۆل
دىيارىدا ئاڭلىغانلىرىم» دېگەن ئەسەردە: «ئۇيغۇرلار ( 回鹘 ) تاڭ
سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ ئانچە كۆزگە چېلىقماس بو-
لۇپ قالغانىدى، سۇلالىمىز دەۋرىگە كەلگەندە روناق تېپىپ، ئۇلار-
نىڭ بەزىلىرى چىڭ چۈەننىڭ (ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ تيەن-
شۈي دەرياسى بويلىرى) يەرلىك ئاھالىلىرىدىن بولۇپ قالدى،
جورجىتلار شەنشىنى بېسىۋالغاندا يەنشەن تاغلىرىغا كۆچۈپ باردى،
گەن، لياڭ، گۇا، شىيا قاتارلىق ئايماقلاردا ئەسلىدىنلا ئۇلارنىڭ
ئۇرۇق - قەبىلىلىرى بار ئىدى، كېيىن ئۇلار غەربىي شىيا سۇلالى-
سىگە (1032 — 1227 - يىللار) قارام بولدى. تۆت ئايماقنىڭ
سىرتىدىكىلەرنىڭ ئۆز قاغانلىرى بار، ئۇلار بۇدۇر چاچ، ئورا كۆز
بولۇپ، قېشى چىرايلىق ھەم قويۇق كېلىدۇ، كۆزىنىڭ ئاستىدىن
تارتىپ ساقال، بۇرۇتلۇق كېلىدۇ»[82] دېگەن قىممەتلىك مەلۇمات
قالدۇرۇلغان. بۇ يازما ھۆججەتلەر ئىچىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىرقى
تىپى ھەققىدە مەلۇمات بېرىلگەن مۇھىم بىر خاتىرە ھېسابلىنىدۇ.
يەنە شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن يەنە بىر ئاپتور مىڭ
يۈەنلاۋ تەرىپىدىن يېزىلغان «شەرقىي قەسىردە ساقلانغان خاتىرد-

لەر» دېگەن ئەسەرنىڭ 6 ـ جىلدىدا ئوخشاشلا: «ئۇيغۇرلارنىڭ
ھەممىسى ساقال ـ بۇرۇتلۇق، قاڭشارلىق كېلەتتى»⑧③ دېيىلگەن.
ئۇنىڭدىن باشقا، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە جۇڭگوغا كەلگەن رۇبرۇ-
كىس ئۆزىنىڭ «شەرقتىكى ھەرقايسى ئەللەر ساياھەت خاتىرىسى»
دېگەن ئەسىرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ چىراي ـ شەكلى ھەققىدە توختى-
لىپ، «ئۇيغۇرلار ئوتتۇرا بوي بولۇپ، بىزلەرگە ئوخشايدىكەن»⑧④ دەپ
ئىنتايىن قىسقا، ئەمما ناھايىتى قىممەتلىك ئۇچۇرلارنى بەرگەن.
يەنە مىڭ سۇلالىسى (1368 — 1644 ـ يىللار) دەۋرىدە تۈزۈلگەن
«يات ئەللەر. غەربىي شىمالدىكى بەدئۆيلەر» (« 裔乘.西北夷 »)
دە: «ئىدىقۇت يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۇيغۇر ئېلى دەپ ئاتىلاتتى،
سۇلالىمىزدىن بۇيان قۇچۇ دەپ ئاتىلىدىغان بولدى … ئۇلارنىڭ
ئادەملىرى ئورا كۆز، قاڭشارلىق كېلىدۇ»⑧⑤ دېيىلگەن. بۇلاردىن
قارىغاندا، مەيلى ئېلىمىزنىڭ ياكى غەربنىڭ ئەسەرلىرىدە بولسۇن،
ئۇيغۇرلار بىردەك ئورا كۆز، قاڭشارلىق بولۇشتەك ياۋروپالىقلارغا
ئوخشىشىپ كېتىدىغان چىراي شەكلى بىلەن تەسۋىرلىنىپ كەل-
گەن. 1977 ـ يىلى گەنسۇ ئۆلكىلىك مۇزېينىڭ ئارخېئولوگىيە
خىزمەتچىلىرى جيۇچۈەن شەھىرىگە قاراشلىق دىڭ جيايا ئىشلەپچى-
قىرىش ئەترىتى ۋە جيايۇگۈەن شەھىرىگە قاراشلىق گۈەنپۇ ئىشلەپ-
چىقىرىش ئەترىتى تۇرۇشلۇق ئورۇندىن جىن سۇلالىسى دەۋرىگە
مەنسۇپ سەككىز قەبرىنى قازغان، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى 5 ـ نومۇر-
لۇق قەبرە غەربىي لىياڭ پادىشاھلىقىنىڭ پادىشاھى لى خاۋنىڭ
قەبرىسى بولۇپ، قەبرە تاملىرىغا مول مەزمۇنلۇق رەسىملەر سى-
زىلغان. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر پارچە رەسىمدە بىر تۆت چاقلىق
تۆت هارۋىنىڭ، هارۋىنى ئىتتىرىۋاتقان تۆت ئادەمنىڭ كۆرۈنۈشى
بار، ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىرسى ئورا كۆز، قاڭشارلىق كەلگەن، يەنە
بىرسى خەنزۇچە كىيىنگەن. يەنە بىر پارچە رەسىمدە بىر ئادەم-
نىڭ سۆرەم سېلىۋاتقان، يەنە بىر ئادەمنىڭ خامان سورۇۋاتقان
كۆرۈنۈشى بار. بۇ ئۈچ ئادەمنىڭ ھەممىسى ئاز سانلىق مىللەت
كىيىم ـ كېچەكلىرىنى كىيگەن، چاچ شەكلىمۇ ئاز سانلىق مىل-
لەتلەرنىڭ چاچ شەكلىگە ئوخشايدۇ، ھەممىسى ئورا كۆز، قاڭشار-
لىق كەلگەن⑧⑥، بۇ ئورخۇن ئۇيغۇرلىرىنىڭ خېشى ۋادىسىدا ياشى-

غان قەدىمكى ئەجدادلىرىنىڭمۇ ئورا كۆز، قاڭشارلىق ئىكەنلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈپلا قالماستىن، يەنە قەدىمدىنلا قۇچۇنىڭ شەرقىدىكى جايلاردا ئورا كۆز، قاڭشارلىق تۈرك ئىرقىدىكى ئاھالىلەرنىڭ بولغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. تارىخىي ماتېرىيالىزملىق قاراش بىلەن قارىغاندا، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن تاڭ سۇلالىسى ئىنتايىن قويۇق مۇناسىۋەتتە بولۇپ كەلگەن بولۇپ، ئۇيغۇرلاردىن چاڭئەندە تۇرۇپ سودا - تىجارەت قىلىدىغانلار بەزىدە نەچچە مىڭدىن ئېشىپ كەتكەن، ئۇلاردىن بىر قىسىملىرى چاڭئەندە نىكاھلىنىپ، ئۇزۇن مۇددەت تۇرۇپمۇ قالغان. تاڭ سۇلالىسىمۇ ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قاغانلىرىغا ئىلگىرى - ئاخىر تۆت مەلىكىنى ياتلىق قىلغان، ھەر قېتىم مەلىكىلەرنى ياتلىق قىلغاندا يەنە نۇرغۇنلىغان خەنزۇلار ئۇيغۇرلارنىڭ يېرىگە بېرىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان، بۇ خىل قويۇق مۇناسىۋەتلەر ئەلۋەتتە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىرقىغا ئازدۇر - كۆپتۇر موڭغۇل ئىرقىنىڭ تەركىبلىرىنى سىڭدۇرگەن. شۇڭا، چەتئەل ئانتىروپولوگلىرىنىڭ «ئانتىروپولوگىيىلىك تىپ جەھەتتە ئۇيغۇرلار ياۋروپا ئىرقىغا كىرىدۇ، ئۇلارغا ئاز مىقداردا موڭغۇل ئىرقى ئامىللىرىمۇ ئارىلىشىپ كەتكەن»[87] دەپ ئېيتقىنى بىكار ئەمەس. يۇقىرىقىلارنى يىغىنچاقلىغاندا، ئورخۇن ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىرقىي تىپىنى ياۋروپا ئىرقىغا (يەنى ئادەتتە بىز ئاتاپ كېلىۋاتقان تۈرك ئىرقىغا) مەنسۇپ، لېكىن ئۇلارغا ئاز مىقداردا موڭغۇل ئىرقىنىڭ ئالامەتلىرى ئارىلىشىپ كەتكەن، دەپ قاراشقا بولىدۇ.

### ئىزاھات:

① مەھمۇد كاشغەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى» 1 - توم 38 -، 77 - بەتلەر، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1980 - يىل.

② 谷苞:《古代新疆的音乐舞蹈与古代社会》149 页，新疆人民出版社 1988 年。

③ [苏] Г. 伊斯卡阔夫 :《回鹘人在图瓦》(载《民族译丛》1985 年 5 期 78 页)。

④ [苏] 吉谢列夫 :《南西伯利亚和外贝加尔湖地区古代城市生

活的新资料》(载《考古》1960 年第 2 期 46 页)。

⑤《辽史》37 卷《地理志》。

⑥ «ئۇيغۇرلار ۋە غەربىي يۇرتتىكى باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ قىسقىچە تارىخى» 475 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000 ـ يىل.

⑦《旧唐书》195 卷《回纥传》,5195 页,中华书局 1975 年;《新唐书》217 卷《回鹘传》, 6111 页, 中华书局 1975 年。

⑧《新唐书》217 卷《回鹘传》,6140 页。

⑨ 杨圣敏:《回纥史》93 页, 吉林教育出版社 1991 年。

⑩ 刘美崧:《两唐书回纥传回鹘传疏证》128 页,中央民族学院出版社 1989 年。

⑪ لىيۇجىشياۋ: «ئۇيغۇر تارىخى» 1 ـ قىسىم 1 ـ كىتاب 49 ـ بەت، مىللەتلەر نەشرىياتى 1987 ـ يىل.

⑫⑬《新唐书》217 卷《回鹘传》,6139, 6140 页.

⑭同上书, 6145 页。

⑮《资治通鉴》200 卷《唐纪》, 6319 页。

⑯《唐会要》72 卷《马》, 1306 页, 商务印书馆 1937 年。

⑰ 薛宗正:《突厥史》581 页,中国社会科学出版社 1992 年。

⑱ [俄] 巴尔托里德:《历史和民族志洞悉》(引自冯家昇等著《维吾尔族史料简编》上册 58 页, 民族出版社 1981 年)。

⑲《新唐书》217 卷《回鹘传》, 6143 页。

⑳ 杨圣敏:《回纥史》178 页。

㉑㉒《新唐书》217 卷《回鹘传》, 6134—6135 页。

㉓《旧唐书》195 卷《回纥传》, 5196 页。

㉔《新唐书》217 卷《回鹘传》,6135 页。

㉕《新唐书》217 卷《回鹘传》,6142 页。

㉖沙畹(Chawannes)著,冯承钧译:《西突厥史料》178—179 页,中华书局 1958 年( 引自刘义棠著《维吾尔研究》128 页, 台湾正中书局印行)。

㉗《新唐书》217 卷《回鹘传》下, 6144 页。

㉘《新唐书》217 卷《黠戛斯传》, 6146—6147 页。

㉙ [苏] Г. 伊斯卡阔夫:《回鹘人在图瓦》(载《民族译丛》1985 年 5 期 77—78 页)。

㉚《新唐书》217 卷《回鹘传》,6144 页。

③1《新唐书》217 卷《回鹘传》,6145 页。

③2《唐会要》72 卷《诸蕃马印》，1307 页，商务印书馆 1937 年。

③3 [法] J.R.哈密顿 :《五代回鹘史料》第 2 页，新疆人民出版社 1982 年。

③4《新唐书》217 卷《回鹘传》,6111 页。

③5 刘美崧:《两唐书回纥传回鹘传疏证》152，153 页,中央民族学院出版社 1989 年。

③6 薛宗正:《突厥史》231 页，中国社会科学出版社 1992 年。

③7《资治通鉴》202 卷《唐纪》，6372 页。

③8 ۋاڭ شياۋفۇ: «ئۇيغۇرلارنىڭ غەربكە كۆچۈشىدىن قاراخانىيلار خانلىقىغىچە»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1984 - يىللىق 11 - سان 8 - بەت.

③9 华涛:《8 至 10 世纪西域历史研究》202 页，上海古籍出版社 2000 年。

④0 ۋاڭ شياۋفۇ: «ئۇيغۇرلارنىڭ غەربكە كۆچۈشىدىن قاراخانىيلار خانلىقىغىچە»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1984 - يىللىق 11 - سان 21 - بەت.

④1 ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قارام قەبىلىلىرى ھەققىدىكى مەنبەلەرنى تۆۋەندىكى ماتېرىياللاردىن كۆرۈڭ:

1.《资治通鉴》246 卷《唐纪》，7967 页。

2. 程溯洛:《回纥游牧封建汗国的兴衰》( 载《西北民族研究》1990 年第 2 期 170 页)。

3. ۋاڭ شياۋفۇ: «ئۇيغۇرلارنىڭ غەربكە كۆچۈشىدىن قاراخانىيلار خانلىقىغىچە»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1984 - يىللىق 11 - سان 15 - بەت.

4. ۋاڭ جىلەي: «‹ھۇدۇدۇلئالەم› ۋە ئۇنىڭدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى ۋە جۇغراپىيىسىگە دائىر خاتىرىلەر»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى 1989 - يىللىق 2 - سان 32 - بەت.

④2《旧唐书》199 卷《北狄传》，5396—5397 页。

④3 张久和:《三十姓达怛与室韦的关系》(载《内蒙古师范大学学报》1999 年第二期 32 页)。

④4 [俄] 巴尔托里德:《中亚突厥史十二讲》，原书 24 页(引自维.维.巴尔托里德《中亚简史》94 页,新疆人民出版社 1980 年)。

④5《旧唐书》199 卷《北狄传》，5354 页。

㊻《资治通鉴》246 卷《唐纪》，7966—7967 页。

㊼《旧唐书》199 卷《北狄传》，5350，5354 页。

㊽《资治通鉴》246 卷《唐纪》，7966—7967 页。

㊾ 林幹：《中国古代北方民族通论》132 页，内蒙古人民出版社 1998 年。

51 杨圣敏：《回纥史》179 页，吉林教育出版社 1991 年。

52 朱绍侯等：《中国古代史》下册 10 页，福建人民出版社 2000 年。

53 «بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى» نىڭ شەرقىي يۈزى 26 ـ،
27 ـ قۇرلىرى.

54 «مويۇنچۇر قاغان مەڭگۈ تېشى» نىڭ شەرقىي يۈزى 19 ـ،
22 ـ قۇرلىرى، جەنۇبىي يۈزى 25 ـ، 26 ـ قۇرلىرى.

55 刘义棠：《突回研究》150—151 页，台湾经世书局 1991 年。

56 س. گ. كلياشتورنى: «قەدىمكى تۈرك ـ رونىك يېزىقىدى-
كى ئابىدىلەر» 355 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000 ـ
يىل نەشرى.

57《新唐书》217 卷《回鹘传》，6146 页。

58 ئەنۋەر بايتۇر، خەيرىنىسا سىدىق: «شىنجاڭدىكى
مىللەتلەرنىڭ تارىخى» 541 ـ بەت، مىللەتلەر نەشرىياتى 1991 ـ
يىل.

59 ئەنۋەر بايتۇر، خەيرىنىسا سىدىق: «شىنجاڭدىكى مىل-
لەتلەرنىڭ تارىخى» 541 ـ بەت، مىللەتلەر نەشرىياتى
1991 ـ يىل.

60《新唐书》217 卷《回鹘传》下《黠戛斯》，5147—5149 页。

61《旧唐书》199 卷《北狄传》，5344 页，中华书局 1975 年。

62 63 ［日］安部健夫：《西回鹘国史的研究》166,174 页，新疆人民出版社 1995 年。

64 刘美崧：《两唐书回纥传回鹘传疏证》90 页，中央民族学院出版社 1988 年。

65 لىن گەن، گازىخۇ: «قەدىمكى ئۇيغۇرلار تارىخى»
170 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000 ـ يىل نەشرى.

66《旧唐书》199 卷《北狄传》，5348 页。

67 林耀华主编：《民族学通论》47 页，中央民族大学出版社 1997 年。

68 杨圣敏：《回纥人的种族特征试析》（载《甘肃民族研究》1988 年第 1 期）。

⑲ 林幹:《中国古代北方民族通论》73—74 页。

⑳ 周连宽:《丁零的人种和语言及其与漠北诸族的关系》(载《中山大学学报》1957 年第 1 期 65 页)。

⑦① سۇبىيخەي: «ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى توغرىسىدا يېڭى مۇلاھىزە»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1985 ـ يىللىق 11 ـ سان 25 ـ، 26 ـ بەتلەر.

⑦② 林惠祥:《中国民族史》下册 2 页，商务印书馆 1937 年。

⑦③ 陶克涛:《毡乡春秋—匈奴篇》92，94 页，人民出版社 1987 年。

⑦④ 洪钧:《元史译文证补》26 卷(引自《毡乡春秋—匈奴篇》92 页)。

⑦⑤ 周连宽:《丁零的人种和语言及其与漠北诸族的关系》(载《中山大学学报》1957 年 1 期)。

⑦⑥ 苏联科学院，蒙古国科学院编:《蒙古人民共和国通史》55 页,科学出版社 1959 年。

⑦⑦王国维:《观堂集林》13 卷《西胡续考》(引自陶克涛《毡乡春秋》198 页)。

⑦⑧ 林幹:《中国古代北方民族通论》54—56 页。

⑦⑨ 冯家昇等:《维吾尔族史料简编》上册 第 9 页，民族出版社 1981 年。

⑧⓪ 林幹:《中国古代北方民族通论》21 页。

⑧① 张志尧主编:《草原丝绸之路与中亚文明》180 页，新疆美术摄影出版社 1994 年。

⑧②《宋会要辑稿.蕃夷 4.回鹘》，7718 页。

⑧③ 苏北海:《维吾尔族先民回鹘与匈奴，突厥关系考辨》(载《甘肃民族研究》1985 年 3—4 期 第 8 页)。

⑧④⑧⑤ 冯家昇等:《维吾尔族史料简编》上册 59，124 页。

⑧⑥ 甘肃省博物馆:《酒泉、嘉峪关晋墓的发现》(载《文物》1979 年 第 6 期)。

⑧⑦ «سوۋېت كاتتا ئېنسىكلوپېدىيىسى» 26 ـ توم «ئۇيغۇرلار» (ھەببۇللا خوجا: «ئۇيغۇرلارنىڭ ئانتروپولوگىيىلىك تىپى مەسىلىسى»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1999 ـ يىللىق 4 ـ سان 79 ـ بەتتە كەلتۈرۈلگەن نەقىل).

# 6 ـ باب  ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تاڭ سۇلالىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ۋە ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ يىمىرىلىشى

ئۇيغۇرلار ئۇرۇش ۋە تىنچلىقتا تۇغما كارامەتكە ئىگە قۇدرەتلىك بىر تۈركىي خەلق ئىدى.

— ئا.ۋون.لېكوك

تاڭ سۇلالىسى (618 — 907 ـ يىللار) جۇڭگونىڭ ئوتتۇرا ئەسىر تارىخىدىكى فېئوداللىق سىياسىيسى، ئىگىلىكى، مەدەنىيىتى تەرەققىي قىلغان پادىشاھلىق بولۇپ، بۇ پادىشاھلىقنى سۈي سۇلالىسى (581 — 618 ـ يىللار) نىڭ يېنىڭ يىللىرىدا(617—618 ـ يىللار) شەرقىي تۈرك خانلىقىغا بېقىندى ئەمەلدار بولغان① فېئودال پومېشچىك لى يۈەن ۋە ئۇنىڭ ئوغلى لى شىمىنلار مىلادىيە 618 ـ يىلى قۇرۇپ چىققان، بۇ پادىشاھلىق مىلادىيە 875 ـ يىلىدىن 884 ـ يىلىغىچە ئىچكى قىسىمدا يۈز بەرگەن خۇاڭ چاۋ دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ زەربىسى تۈپەيلىدىن ئومۇمىيۈزلۈك ۋەيران بولۇپ، ئاخىرى 907 ـ يىلىغا كەلگەندە تارىخ سەھنىسىدىن پۈتۈنلەي غايىب بولغان. مۇنداقچە ئېيتقاندا، تاڭ سۇلالىسمۇ ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن ئوخشاش بىر دەۋردە گۈللىنىپ، يەنە ئوخشاش بىر دەۋردە هالاك بولغان.

تاڭ سۇلالىسى بىلەن ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى ئەينى دەۋردە ئاسىيانىڭ شەرقىدە باش كۆتۈرۈپ چىققان كۈچلۈك قوشنا دۆلەتلەر بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆزئارا قويۇق ئىقتىساد، مەدەنىيەت ۋە ھەربىي ئالاقە ئورنىتىپ كەلگەن. ئەلۋەتتە شۇنى ئەسكەرتىش زۆرۈركى، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن تاڭ سۇلالىسىنىڭ ھەر

ئىككىلىسى فېئوداللىق خانلىقلار بولغاچقا، ئىككى ئەل ئوتتۇرى-
سىدىكى مۇناسىۋەت باشتىن - ئاخىر يەنىلا ئىككى ئەل ھۆكۈمران
سىنىپلىرىنىڭ ئىختىيارىدا بولۇپ كەلگەن. «ئۇلارنىڭ نەزى-
رىدە چوڭ - كىچىكلىك ۋە كۈچلۈك - ئاجىزلىق ئوتتۇرىسىدا
باراۋەر بىرلىشىش، تىنچلىقتا بىللە تۇرۇش ئۇقۇمى مەۋجۇت ئە-
مەس ئىدى. فېئودال ھۆكۈمرانلارنىڭ ماھىيىتى سىرتقا قارىتا
كېڭەيمىچىلىك ۋە بۇلاڭ - تالاڭ قىلىش ئىدى، شۇڭلاشقا ئىككى
تەرەپنىڭ مۇناسىۋىتىدە باشتىن - ئاخىر زىددىيەت، كۈرەش مەۋ-
جۇت بولۇپ كەلگەن، ھەتتا قىسقا مۇددەتلىك ئۇرۇشلارمۇ پارتلاپ
تۇرغان»②. ئەمما يەنە شۇنىمۇ ئېتىراپ قىلىش كېرەككى، ئىك-
كى ئەلنىڭ جايلاشقان ئورۇنلىرىنىڭ ئوخشاشماسلىقى ئۇلارنىڭ
ئىگىلىكىدە ئۆزئارا پەرقلەرنى كەلتۈرۈپ چىقارغان بولغاچقا، بۇ
ھەر ئىككىلا تەرەپكە ئوخشاش بولمىغان ئىشلەپچىقىرىش مەھسۇلات-
لىرىنى ئۆزئارا ئالماشتۇرۇش زۆرۈرىيەتلىرىنى تۇغدۇرغان، ئۇ-
نىڭ ئۈستىگە ئۇلار باشتىن - ئاخىر كۈچلۈك دۈشمىنىگە (يەنى
تىبەتلەرگە) ئورتاق تاقابىل تۇرۇش، غەرب - شەرق سودا قاتناش
يولىنى بىرلىكتە قوغداش ۋە ئۇنىڭدىن ئورتاق مەنپەئەتلىنىش ئېھ-
تىياجىدىن ھەربىي جەھەتتە ئۆزئارا ھەمدەمدە بولۇش، ئىقتىسادىي
جەھەتتە ئۆزئارا تولۇقلاش ھالىتىنى مەيدانغا كەلتۈرگەن، شۇڭا،
ھەر ئىككىلا تەرەپ ئۆزئارا ئالاقە جەريانىدا بىرقەدەر يىراقنى
كۆرەرلىك بىلەن داناراق سىياسەتلەر قوللانغان. ئورخۇن ئۇيغۇر
خانلىقى بۇرۇنقى ھۇن، تۈرك قاتارلىق مىللەتلەرگە ئوخشاش ئۆز-
لۈكسىز جەنۇبقا بېسىپ كىرىپ پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرىدىغان سى-
ياسەتلەرنى يۈرگۈزمەي، ئەكسىچە تىنچلىق ۋە دىپلوماتىيە يولى
ئارقىلىق ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن ئالماشتۇرۇش قىلغان. تاڭ
سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىرىمۇ ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىغا قارىتا سودىدا
ئېچىۋېتىش، دوستانە شېرىكلىشىش، دىپلوماتىيىدە ئەپ ئۆتۈش
سىياسىتىنى يۈرگۈزۈپ، ئىككى تەرەپنىڭ ئىناق ئالاقىسىنى كۈ-
چەيتكەن. شۇڭا، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن تاڭ سۇلالىسى-
نىڭ مۇناسىۋىتى ئۆتمۈشتىكى ھەرقانداق تارىخىي دەۋرلەردىكى
خاندانلىقلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەردىن ياخشى بولغان. شۇ

سەۋەبتىن، ئەينى دەۋردە ئۆتكەن مەشھۇر ئەدىب خەن يۈ تاڭ شۈەنزوڭغا ۋاكالىتەن يارلىق پۈتكەندە، ئۇيغۇرلار بىلەن تاڭ سۇلا۔ لىسىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئومۇملاشتۇرۇپ «تۆت تەرەپتىكى تۆمەنلە۔ گەن ئەللەر ئىچىدە پەقەت ئۇيغۇرلار بىلەن تاڭ سۇلالىسى بەكلا يېقىن» دەپ مەدھىيىلىگەن.

## § 1 . ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئات ـ يىپەك سودىسى

قەدىمدە موڭغۇلىيە ۋە غەربىي رايون مىللەتلىرى بىلەن ئوتتۇ۔ را تۈزلەڭلىك خاندانلىقلىرى ئوتتۇرىسىدىكى سودا مۇناسىۋىتىدە ئات سودىسى ئىنتايىن مۇھىم ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەن. ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىن، «ھۇنلاردىن تارتىپ تۈرك۔ لەر، سىر ـ تاردۇشلارغىچە بولغانلارنىڭ مەغلۇپ بولۇش تەجرىبە ـ ساۋاقلىرىنى يەكۈنلەپ، تىنچلىقنىڭ ئۇرۇشتىن ئەۋزەللىكىنى تو۔ نۇپ يەتكەن»③. ئۇيغۇر قاغانلىرى تاكى 9 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرد۔ لىرىغىچە تاڭ سۇلالىسى بىلەن ئىزچىل سودا مۇناسىۋىتى ئورنى۔ تىپ كەلگەن. ئىككى خانلىق ئوتتۇرىسىدا يۈرگۈزۈلگەن سودىدا كۆلىمى ئەڭ زور، تەسىرى ئەڭ چوڭقۇر بولغىنى ئات ـ يىپەك سودىسى (يەنى ئاتقا يىپەك رەخت، چاي ئالماشتۇرۇش) ھېسابلى۔ نىدۇ. «تاڭ سۇلالىسى تارىخىغا دائىر مۇھىم بايانلار» دىكى مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، بۇنداق سودىدا «بىر تۇياق ئاتقا 40 توپ يىپەك رەخت ئالماشتۇرۇلغان»④ (بەي جۈيىنىڭ شېئىرلىرىدا بىر تۇياق ئاتقا 50 توپ يىپەك رەخت ئالماشتۇرۇلاتتى، دەپ يېزىلغان).

ئۇيغۇرلار ئەسلىدە كۆچمەن چارۋىچى مىللەت بولغىنى ئۈ۔ چۈن، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى قۇرۇلغان دەسلەپكى يىللاردا ۋە ئوتتۇرا مەزگىللىرىدە قاغانلىق ئىجتىمائىي ئىگىلىكىدە چارۋىچى۔ لىق يەنىلا ئاساسلىق ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەن. موڭغۇلىيىنىڭ ئەۋزەل تەبىئىي شارائىتى، جۈملىدىن سېلىنگا دەرياسى، تۇغلا دەرياسى، ئورخۇن دەرياسى، ئىلى دەرياسى، ئېرتىش دەرياسى،

ئىدزىلغول دەرياسى ۋادىلىرى ۋە ئۆتۈكەن تېغى، چوغاي تېغى، ئالتاي تېغى، تەڭرىتېغى باغرىلىرىدىكى پايانسىز كەتكەن ياپيېشىل يايلاقلار، مەرۋايىتتەك چاقناپ تۇرغان بۇلاق - كۆللەر، كۆز يەتكۈسىز ئورمانلىقلار ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ چارۋىچىلىق ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا قولايلىق شارائىت يارىتىپ بەرگەن.

ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ چارۋىچىلىق ئىگىلىكىدە ئات، كالا، قوي، تۆگە قاتارلىق چارۋىلار ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى ھەم كەم بولسا بولمايدىغان تورمۇش ۋاستىلىرى ھېسابلىناتتى، كۆچمەن چارۋىچىلىق قىلىدىغان ئون ئۇيغۇر، توققۇز ئوغۇز خەلق- لىرىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشى ئۇلار بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك ئىدى. غەرب تەتقىقاتچىلىرى قەدىمكى تۈركلەرنى يىلقىچى ئىدى دەپ ئېيتقىنىدەك، ئۇيغۇرلاردىمۇ ئاتچىلىق (يىلقىچىلىق) ئىنتا- يىن مۇھىم ئورۇندا تۇراتتى. چۈنكى، يايلاق كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇشى ۋە ئىجتىمائىي جەمئىيىتى ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئات پەۋقۇل- ئاددە مۇھىم رولغا ئىگە ئىدى، خۇددى قەدىمكىلەر «سامانى كې- زىشتە ھېچ نەرسە ئەجدىھاغا يەتمەيدۇ، زېمىننى كېزىشتە ھېچ نەرسە ئاتقا يەتمەيدۇ، ئات ئەسكەرنىڭ دەسمايىسى، دۆلەتنىڭ تۈۋ- رۈكى ... قوشۇن تارتقانلار شۇنىڭغا تايىنىپ نۇسرەت تاپىدۇ»، «بىر ئاتلىق ئەسكەر سەككىز پىيادە ئەسكەرگە باراۋەردۇر» دەپ ئېيتقاندەك، ئات ئىنتايىن مۇھىم قاتناش قورالى بولۇپلا قالماس- تىن، ئۇرۇشتا غەلىبە قىلىش ۋە مەغلۇپ بولۇشنى بەلگىلەيدىغان ھەل قىلغۇچ كۈچ ھېسابلىناتتى. خەنزۇچە كلاسسىك ئەسەر «ئو- مۇمىي قامۇس» نىڭ 149 - جىلدىدا مەشھۇر ھەربىي ئالىم سۇن بىننىڭ سۆزىدىن نەقىل كەلتۈرۈلۈپ، ئاتلىق قوشۇننىڭ ئۇرۇش- تىكى رولى ئون نۇقتىغا يىغىنچاقلاپ كۆرسىتىلىپ: «بىرىنچى، دۈشمەننىڭ ئالدىدىن چىقىپ زەربە بېرىش؛ ئىككىنچى، دۈشمەن- نىڭ ئارقىسىدىن ئاجىز ھالقىسىغا زەربە بېرىش؛ ئۈچىنچى، دۈش- مەن سېپىنى پارچىلاپ زەربە بېرىش؛ تۆتىنچى، شەرقتىن شەپە بېرىپ، غەربتىن زەربە بېرىش؛ بەشىنچى، ئوزۇق - تۈلۈك يولىنى كېسىپ تاشلاپ زەربە بېرىش؛ ئالتىنچى، دۈشمەننىڭ چازا -

توساقلىرىنى بىتچىت قىلىپ، كۆۋرۈكلىرىنى ۋەيران قىلىش؛ يەتتىنچى، دۈشمەننىڭ تەييارلىقسىز پەيتىدە تۇيۇقسىز زەربە بې- رىش؛ سەككىزىنچى، دۈشمەننى بىخۇدلاشتۇرۇپ، تۇيۇقسىز زەر- بە بېرىش؛ توققۇزىنچى، دۈشمەننىڭ توپلىغان يەم - خەشەك، ئوزۇق - تۈلۈكىنى كۆيدۈرۈپ تاشلاپ، شەھەر - بازارلىرىنى قورۇقداپ زەربە بېرىش؛ ئونىنچى، دۈشمەننىڭ ئىچكى - زىرائەت- لىرىنى چەيلەپ، خەلقنى ھالسىزلاندۇرۇپ زەربە بېرىش» دېيىل- گەن بولۇپ، ئاتلىق قوشۇننىڭ رولى يۇقىرى مۇئەييەنلەشتۇ- رۇلگەن. شۇڭا، بىر قىسىم كىشىلەر ئاتنى (يەنى جەڭ ئاتلىرىنى) ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ تانكىلىرى دەپ تەسۋىرلىگەن. تارىخىي ھۆججەت- لەردىن قارىغاندا ئۇيغۇرلار ئاتنى ئەرنىڭ قانىتى دەپ قارىغان. شۇڭا، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە ئاتچىلىق ئۇيغۇر قاغانلى- رى ئەڭ ئېتىبار بېرىدىغان بىر ئىگىلىك تارمىقى ھېسابلانغان. خانلىقنىڭ ئاساسلىق ھەربىي قوشۇنلىرىمۇ ئاتلىق قوشۇن بولغان، يەنە ئاز ساندا پىيادە قوشۇنمۇ بولغان، شۇڭا ئەينى دەۋردە ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ھەربىي كۈچى ئالاھىدە كۈچلۈك بولغان. «كو- نا تاڭنامە»دە ئۇيغۇر ئاتلىق قوشۇنلىرىنىڭ جەڭگىۋارلىقى، قال- تىس كۈچلۈكلۈكى تەسۋىرلىنىپ: «ئۇيغۇرلار بىلەن سىر - تار- دۇشلار بىرلىشىپ تۈركلەرنىڭ شىمالىي تەرىپىگە ھۇجۇم قىلغان- دا، تۈركلەرنىڭ ئىل قاغانى يۈزلۈك شاد قوماندانلىقىدا 100 مىڭ كىشىلىك ئاتلىق قوشۇننى جازا يۈرۈشىگە ئەۋەتكەنىدى، بۇسات ئۆزى بەش مىڭ كىشىلىك ئاتلىق قوشۇنغا قوماندانلىق قىلىپ، ئۇلارنى ما زۇڭشەن تېغىدا مەغلۇپ قىلدى ھەم شىمالدا تەڭرىتاغ- لىرىغىچە قوغلاپ زەربە بېرىپ، ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپ ئادىمىنى ئەسىرگە ئالدى، بۇ ئىش شىمالنى زىلزىلىگە سېلىۋەتتى» دېيىل- گەن. يەنە «يېڭى تاڭنامە»دە: «يوڭخۈيىڭ 2 - يىلى (مىلادىيە 651- يىلى) ئاشىنا ئالپ (ئاشىنا قۇلى) بېشبالىقنى ھۇجۇم بىلەن ئىشغال قىلىۋالدى، يارلىق بويىچە لياڭ جيەنفاڭ، قاپىش ئالپ (چۆبە قالى) قاتارلىق سانغۇنلار 20 مىڭ كىشىلىك قوشۇنغا قوماندانلىق قىلىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ 50 مىڭ كىشىلىك ئاتلىق قوشۇنىنىڭ ياردىمىدە جازا يۈرۈشىگە ئاتلىنىپ، ئاشنا قۇلىنى

قاتتىق مەغلۇپ قىلىپ، بېشبالىقنى قايتۇرۇۋالدى» دېيىلگەن.
تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئۆكتلۇك ـ سۆيگۇن توپىلىڭى
يۈز بەرگەندىمۇ ئۇيغۇر قوشۇنلىرىنىڭ توپىلاڭنى باستۇرۇش جەريا-
نىدىكى كۈچى، رولى ئىنتايىن چوڭ بولغان بولۇپ، ئەينى دەۋردى-
كى تاڭ پۇقرالىرىنىڭلا ئەمەس، بەلكى تاڭ سۇلالىسىنىڭ كاتتا
شائىر، ئەدىبلىرى بولغان دۇفۇ، لى بەيلەرنىڭمۇ نەزمە يېزىپ
ماختىشىغا سازاۋەر بولغان. تاڭ سۇلالىسى تارىخىغا دائىر ھۆججەت-
لەردە خاتىرىلىنىشىچە، «جىدې 2 ـ يىلى (مىلادىيە 757 ـ
يىلى) ئۇيغۇرلارنىڭ مويۇنچۇر قاغانى ئوغلى يابغۇ ۋە سەنگۇن دىدې
(蒂德) قوماندانلىقىدا تۆت مىڭدىن ئارتۇق خىللانغان ئاتلىق
قوشۇننى تاڭ سۇلالىسىگە ياردەمگە ئەۋەتكەن، ئۇلار فېڭ شياڭغا
كېلىپ ئورۇنلاشقان» ۋە تاڭ سۇلالىسىنىڭ گوزىيى قاتارلىق سانغۇنلى-
رى بىلەن ھەمكارلىشىپ تېزلا ئۆكتلۇك ـ سۆيگۇن توپىلاڭچىلىرىنى
تىنچىتقان. «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر»
نىڭ ئاپتورى ئۇيغۇر قوشۇنلىرىنىڭ ئۆكتلۇك ـ سۆيگۇن توپىلاڭچى-
لىرىنى يوقىتىش جەريانىنى خاتىرىلىگەندە، تاڭ سۇلالىسىگە قو-
شۇن باشلاپ كەلگەن بىر ئۇيغۇر تارقاننىڭ گېپىدىن نەقىل ئې-
لىپ: «ئۇيغۇرلار باشقا ئەللەر ياكى قوشنا خاندانلىقلار بىلەن
بولغان ئۇرۇشلاردا دائىم 500 ئاتلىق چەۋەنداز بىلەن قوشنا ئەل-
نىڭ نەچچە مىڭ كىشىلىك ئاتلىق قوشۇنىنى خۇددى غازاڭنى
سۇپۇرگەندەك تارمار قىلىۋېتىدۇ»⑤ دەپ ئالاھىدە تىلغا ئالغان.
بۇ خاتىرىلەردە ئۇيغۇرلارنىڭ خىل ئاتلىق قوشۇنغا ئىگە بولغانلىقى-
دىن ۋە ئاتلىق جەڭ قىلىش تاكتىكىسىنىڭ يۇقىرى بولغانلىقىدىن
جەڭلەردە ئاز كۈچ بىلەن كۆپ كۈچ ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ
كەلگەنلىكىدەك بىر مۇھىم يىپ ئۇچى يورۇتۇلۇپ بېرىلگەن بو-
لۇپ، بۇنى ئەلۋەتتە ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار-
نىڭ تەرەققىي قىلغان چارۋىچىلىق ئىگىلىكىدىن، بولۇپمۇ تەرەققىي
قىلغان ئاتچىلىقىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. تەتقىقاتچىلار ئات-
نىڭ ئۇيغۇرلار تۇرمۇشىدىكى رولىنى مۇنداق مۆلچەرلىگەن: بى-
رىنچى، ئات ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ كۆپ ئىشلىتىدىغان قاتناش قورا-
لى ئىدى؛ ئىككىنچى، ئۇيغۇرلارنىڭ جەڭ ئىشلىرىدا ئاتنىڭ

مۆلچەرلىگۈسىز قىممىتى بار ئىدى؛ ئۈچىنچى، ئات ئۇيغۇرلارنىڭ
ئوۋ ئوۋلاشتىكى ئەڭ مۇھىم قورالى ئىدى؛ تۆتىنچى، ئات ئۇيغۇر-
لارنىڭ تۇرمۇش ۋاستىسى بولۇپ، ئۇنىڭ سۈت، گۆشلىرى يې-
مەكلىك قىلىناتتى، يۇڭ - تېرىسى كىيىم - كېچەك ماتېرىيالى
قىلىناتتى، ئومۇمەن ئۇيغۇرلاردا ئات بايلىق ھېسابلىناتتى. «تاڭ
سۇلالىسى تارىخىغا دائىر مۇھىم بايانلار» نىڭ ئاپتورى دۇفۇمۇ
ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتچىلىقىنىڭ ئىنتايىن تەرەققىي قىلغانلىقىنى، ئۇ-
لارنىڭ ئاتلىرىنى باقىدىغان مەخسۇس يايلاقلىرىنىڭ بارلىقىنى
تەسۋىرلەپ، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ۋە
ئۇلارغا قاراشلىق ھەرقايسى قەبىلىلەرنىڭ ئاتلىرىنىڭ شەكلى ۋە
ئاتلىرىغا باسىدىغان تامغىلىرىنى خاتىرىلەپ، بارلىق قەبىلىلەرنىڭ
ئاتلىرىنى ئالتە چوڭ تۈرگە ئايرىپ، ئۇلارنى بىرمۇبىر كۆرسىتىپ
بەرگەن.

تارىخىي ماتېرىياللاردىن ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ زادى
قانچىلىك ئېتى بارلىقىنى بىلىش بىرقەدەر قىيىن، لېكىن تاڭنامى-
لەردىكى خاتىرىلەرگە قارىغاندا، ئۇيغۇرلاردا ھەربىر ئەركەكنىڭ
ئاز بولغاندا ئىككىدىن، كۆپ بولغاندا تۆتتىن جەڭ ئېتى بولغان.
تاڭ دەۋرىدىكى شائىر دۇفۇ ئۆزىنىڭ «شىمالغا يۈرۈش قىلىش»
دېگەن شېئىرىدا ئۇيغۇرلار ھەققىدە توختالغاندا، «بەش مىڭ كى-
شىلىك قوشۇن ئاتلاندى، ئون مىڭ تۇياق جەڭ ئېتى سەپلەندى»
دەپ يازغان بولۇپ، بۇنىڭدىنمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرى-
نىڭ ھەربىرىنىڭ ئىككىدىن جەڭ ئېتى بولىدىغانلىقىنى بىلگىلى
بولىدۇ.

ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن تاڭ سۇلالىسى ئوتتۇرى-
سىدا ئات - يىپەك سودىسىنىڭ ئورنىتىلىشىدا تۆۋەندىكىدەك بىر-
قانچە سەۋەب تۈرتكىلىك رول ئوينىغان. بىرىنچىدىن، 5 - ئەسىر-
دىن كېيىن ئېلىمىزنىڭ (جۇملىدىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىنىڭ)
قورال - ياراغلىرىدا تۈپ ئۆزگىرىش يۈز بېرىپ، مىلادىيىدىن
ئىلگىرىكى ۋاقىتلاردىن بۇيان ئىشلىتىلىپ كېلىۋاتقان ئۇرۇش
ھارۋىلىرى تەدرىجىي ھالدا قاتاردىن قالغان، ئاتلىق ئەسكەرلەر
قوشۇنىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۆتۈشىدە بارا - بارا ئاساسىي كۈچ بولۇپ

قالغان. تاڭ سۇلالىسى قۇرۇلغان 7 ـ ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە ئاتلىق ئەسكەرلەرنىڭ ئىشلىتىلىش دائىرىسى تېخىمۇ كېڭىيىپ، ئاتلىق ئەسكەرلەر ئۇرۇشنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغان ئامىللارنىڭ بىرى بولۇپ قالغان⑥. ئىككىنچىدىن، ئالىپ ئېلتەبىر تومىد ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنى تىكلىگەن مەزگىللەردە، يەنى مىلادىيە 647 ـ يىلى ئۇيغۇرلار بىلەن تاڭ سۇلالىسى شىمالىي رايونلاردىكى مەنپەئەتلىرىنى چىقىش قىلىپ ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ پايتەختى ئوردۇبالىقتىن تاڭ سۇلالىسىنىڭ پايتەختى چاڭئەنگە تۇتىشىدىغان سودا ـ كارۋان يولىنى ياسىغان بولۇپ، تارىخنامىلەردە بۇ يول «تەڭرى قاغان يولى» دەپ ئاتالغان. «قۇملۇقنىڭ جەنۇبىدىكى پىتى بۇلاق (پىتى بۇلاقنىڭ ئورنى جەيكۇدا بولۇپ، تەڭرى قاغان يولىنىڭ جەنۇبىي بۆلىكىدە ئىدى، جەيكۇنىڭ شىمالىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئوردۇبالىق شەھىرىگە 1500 چاقىرىم كېلەتتى) نىڭ كۇنگەي تەرىپىگە 68 ئۆتەك ـ رابات تەسىس قىلىنىپ، ئۆتكەن ـ كەچكەن ئەلچىلەر ئات ـ ئۇلاغ، يەم ـ خەشەك، ئوزۇق ـ تۈلۈك بىلەن تەمىنلەنگەن»⑦. بۇ يول كېيىن ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئىقتىسادىي، ھەربىي جەھەتتىكى ئالاقىسىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە زور رول ئوينىغان.

ئۈچىنچىدىن، مىلادىيە 755 ـ يىلى يۈز بەرگەن ئۆگلۈك ـ سۆيگۈن توپىلىڭى تاڭ سۇلالىسىنى سىياسىي جەھەتتىن خۇنۇكلەشتۈرۈپ، ئىقتىسادىي جەھەتتىن ۋەيران قىلىۋەتكەن، تاڭ سۇلالىسىگە ئەنئەنىۋى پىيادە قىسىملىرىنىڭ ۋاقتى ئۆتكەنلىكىنى تونۇتقان. نەتىجىدە تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىرى ئۆزلىرىنىڭ ھاكىمىيىتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدىن ئېغىر شەرتلەر بەدىلىگە ھەربىي ياردەم تەلەپ قىلغان. ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تاڭ سۇلالىسىگە ئەۋەتكەن ئاتلىق قىسىملىرىنىڭ توپىلاڭنى تىنچىتىشتىكى رولى تاڭ سولالىسى ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ئۇيغۇرلار بىلەن بولغان ئات ـ يىپەك سودىسىنى قانۇنلاشتۇرۇش، شۇ ئارقىلىق تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئاتلىق قوشۇنىنى قۇرۇپ چىقىش ئارزۇسىنى قوزغىغان، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىمۇ بۇ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، تاڭ سۇلالىسىگە ئاتلىرىنى سېتىش

ئارقىلىق ئوتتۇرا تۇزلەڭلىكتە ئىقتىسادىي، سىياسىي جەھەتلەردە
زور ئىمتىيازلارغا ئېرىشىۋالغان. تۆتىنچىدىن، ئورخۇن ئۇيغۇر
خانلىقىنىڭ ئىككى نۆۋەت قوشۇن چىقىرىپ ئۆڭلۈك ـ سۆيگۈن
توپىلىڭىنى تىنچىتىپ بېرىشى نەتىجىسىدە، ئۇيغۇر قاغانلىرى بى-
لەن تاڭ سولالىسى پادىشاھلىرى ئوتتۇرىسىدا قۇدىلىق مۇناسىۋەت
تىكلەنگەن، تاڭ پادىشاھلىرىنىڭ ئۆز قىزلىرىنى ئۇيغۇر قاغانلىرى-
غا ياتلىق قىلىپ بېرىشى، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن تاڭ
سولالىسى ئوتتۇرىسىدىكى ئات ـ يىپەك سودىسىنىڭ ئىزچىل يۈر-
گۈزۈلۈشىنى ئىلگىرى سۈرگەن. بەشىنچىدىن، مىلادىيە 760 ـ
يىلىدىن كېيىن چىڭخەي ـ شىزاڭ ئېگىزلىكىدىكى تىبەت خانلىقى
كۈچىيىپ، بىر مەزگىل خېشى ۋادىسىدىكى جايلارنى ۋە تارىم
ۋادىسىدىكى بىر قىسىم جايلارنى ئىشغال قىلىۋالغان، ھەتتا تېخىمۇ
ئىلگىرىلەپ، جۇڭغار ئويمانلىقىدىكى بېشبالىق قاتارلىق ئورخۇن
ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ مۇھىم شەھەرلىرىگىمۇ ئېغىر تەھدىت سالغان،
نەتىجىدە تاڭ سۇلالىسىنىڭ غەرب بىلەن بولغان ئىقتىسادىي ئالاقى-
سى ئۇيغۇرلار زېمىنى ئارقىلىق، يەنى شۇ ۋاقىتلاردا «ئۇيغۇر
يولى» دەپ ئاتالغان كارۋان يولى (يەنى يايلاق يىپەك يولى)
ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدىغان بولغان، بۇ كېيىن ئورخۇن ئۇيغۇر
خانلىقىنىڭ جەنۇبقا ئات يۆتكىشى ۋە ھەر خىل سودا پائالىيىتى
ئۈچۈن پايدىلىق شارائىتلارنى تەمىنلەپ بېرىپ، تاڭ سۇلالىسى
بىلەن ئۇيغۇرلار ئوتتۇرىسىدىكى سودىنى تېخىمۇ ئىلگىرى سۈر-
گەن، نەتىجىدە ئۇيغۇرلار تاڭ سۇلالىسىدىن ئات قاتارلىق چارۋىچى-
لىق مەھسۇلاتلىرىنى ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق ئېرىشكەن غايەت
زور يىپەك ماللارنى ئۆز تۇرمۇشىغا ئىشلەتكەندىن سىرت، يەنە زور
بىر قىسمىنى ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي ئاسىيا ۋە ياۋروپادىكى دۆلەت-
لەرگە سېتىپ زور ئىقتىسادىي پايدىغا ئېرىشكەن. بۇمۇ ئۇيغۇرلار-
نىڭ تاڭ سۇلالىسى بىلەن بۇ خىل سودىنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇ-
شىدا تۈرتكىلىك رول ئوينىغان.

«تاڭنامە» لەردىكى خاتىرىلەردىن قارىغاندا، ئىككى تەرەپ
ئوتتۇرىسىدىكى بۇ خىل سودا ئاساسلىقى چېگرا بويلىرىدا تەسىس
قىلىنغان مەخسۇس سودا بازارلىرىدا ئېلىپ بېرىلغاندىن سىرت،

يەنە ئۆزئارا كېلىپ ـ كېتىۋاتقان ئەلچىلەر ئۆمىكى، خۇسۇسىي كارۋانلار ئارقىلىقمۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تاڭ سۇلالىسىگە ئەۋەتكەن سودا كارۋانلىرى بولسۇن ياكى قۇدىلاشقۇچى ئەلچىلەر ئۆمىكى بولسۇن ۋە ياكى ئادەتتىكى دىپلوماتىيە ئۆمەكلىرى بولسۇن ھەممىسى قوشۇمچە سودا ئىشلىرى بىلەنمۇ شۇغۇللانغان، بۇنداق ئۆمەك ۋە كارۋانلارنىڭ كۆلىمى ۋە ئادەم سانى خېلىلا زور بولغان. ستاتىستىكا قىلىنىشىچە، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدىن 758 ـ يىلى 88 ئادەم، 760 ـ يىلى 20 ئادەم، 773 ـ يىلى 140 ئادەم، 788 ـ يىلى 1000 دىن كۆپ ئادەم، 821 ـ يىلى 573 ئادەم تاڭ سۇلالىسىگە ئەلچىلىككە ياكى سودا قىلىشقا كەلگەن. تاڭ سۇلالىسىدىنمۇ ھەر يىلى نۇرغۇن كارۋان ۋە ئەلچىلەر ئۆمىكى ئوردۇبالىققا ياكى بايبالىق، خانبالىق شەھەرلىرىگە كېلىپ سودا قىلغان. لېكىن بۇ يەردە شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن تاڭ سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدىكى سودا كارۋانلىرى، ئەلچىلەر ئۆمەكلىرى پەقەتلا ئاتقا يىپەك ماللارنى ئالماشتۇرۇش سودىسىنىلا ئەمەس، يەنە چاي، قول ھۈنەرۋەنچىلىك بۇيۇملىرىنى تۆگە يۇڭى، قوي تېرىسى، قوي يۇڭى، ھەر خىل قىممەتلىك ھايۋاناتلارنىڭ تېرىسى، مۈڭگۈزى، غەربىي رايوندىن چىقىدىغان قاشتېشى، ئۈنچە ـ مەرۋايىت قاتارلىق قىممەتلىك بۇيۇملارغا ئالماشتۇرۇش سودىسىنىمۇ قىلغان. «تاڭنامە» لەردە خاتىرىلىنىشىچە، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى تاڭ سۇلالىسىگە مىلادىيە 758 ـ يىلىدىن 840 ـ يىلىغىچە جەمئىي 62620 تۇياق ئات سېتىپ بەرگەن (بۇ پەقەت خەنزۇچە ھۆججەتلەردە خاتىرىلەنگەن بىر قىسىم سانلىق مەلۇماتلار) بولۇپ، كونكرېت ئالغاندا مىلادىيە 758 ـ يىلى 500 تۇياق، مىلادىيە 773 ـ يىلى 10 مىڭ تۇياق، مىلادىيە 774 ـ يىلى 40 تۇياق، مىلادىيە 788 ـ يىلى 2 مىڭ تۇياق، مىلادىيە 816 ـ يىلى 80 تۇياق، مىلادىيە 821 ـ يىلى 20 مىڭ تۇياق، مىلادىيە 840 ـ يىلى 3 مىڭ تۇياق ئات سېتىپ بەرگەن.

«تاڭنامە» لەردە تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىغا بەرگەن بۇيۇملىرىنىڭ ناھايىتى كۆپ ئىكەنلىكى خاتىرىلەنگەن بو-

لۇپ، مىلادىيە 773 ـ يىلى ئۇيغۇر ئەلچىلىرى تاڭ سۇلالىسىدىن ئالغان يىپەك رەخت قاتارلىق ماددىي ئەشيالارنى 1000 دىن ئارتۇق تۆت ئاتلىق هارۋىغا قاچىلاپ ئورخۇنغا قايتىشقان⑧. «ئەلنى ئىدا- رە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» دە خاتىرىلىنىشىچە، مىلادىيە 782 ـ يىلى تاڭ سۇلالىسى هۆكۈمىتى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىغا ئىلگىرى سېتىۋالغان ئاتلىرى ئۈچۈن بىر قېتىمدىلا 100 مىڭ توپ يىپەك رەخت، 100 مىڭ سەر ئالتۇن ـ كۈمۈش بەرگەن⑨. خەنزۇچە كلاسسىك هۆججەتلەردىن قارىغاندا، تاڭ سۇلالىسى مىلا- دىيىدىن 782 ـ يىلىدىن 829 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئۇي- غۇرلاردىن سېتىۋالغان ئاتلار ئۈچۈن تەخمىنەن 2 مىليون 574 مىڭ توپ يىپەك تۆلىگەن بولۇپ، كونكرېت ئالغاندا مىلادىيە 782ـ يىلى 100 مىڭ توپ، مىلادىيە 787 ـ يىلى 50 مىڭ توپ، مىلادىيە 790 ـ يىلى 300 مىڭ توپ، مىلادىيە 792 ـ يىلى 70 مىڭ توپ، مىلادىيە 815 ـ يىلى 167 مىڭ توپ(بۇنىڭ ئىچىدە 7 ـ ئايدا 70 مىڭ توپ، 12 ـ ئايدا 97 مىڭ توپ)، مىلادىيە 816 ـ يىلى 85 مىڭ توپ (بۇنىڭ ئىچىدە 2 ـ ئايدا 60 مىڭ توپ، 4 ـ ئايدا 25 مىڭ توپ)، مىلادىيە 822 ـ يىلى 200 مىڭ توپ (بۇنىڭ ئىچىدە 2 ـ ئايدا 50 مىڭ توپ، 3 ـ ئايدا 70 مىڭ توپ)، 12 ـ ئايدا 80 مىڭ توپ، مىلادىيە 827 ـ يىلى 460 مىڭ توپ (بۇنىڭ ئىچىدە 3 ـ ئايدا 260 مىڭ توپ، 6ـ ئايدا 200 مىڭ توپ)، مىلادىيە 829 ـ يىلى 230 مىڭ توپ تۆلىگەن.

يۇقىرىدىكى سانلىق مەلۇماتلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن تاڭ سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدىكى سو- دىدا، ئاتقا يىپەك ئالماشتۇرۇش سودىسىنىڭ كۆلىمى ياكى سانى ئەڭ ئالدىنقى ئورۇندا تۇرغان. يەنە «يېڭى تاڭنامە. ئوزۇق ـ تۈلۈك تەزكىرىسى» دە: «ئۇيغۇرلارنىڭ غەربىي ئاستاننى قايتۇ- رۇپ ئېلىشتا تۆھپىسى زور بولغانلىقتىن، دەيزۇڭ خان (762 — 779 ـ يىللار) زامانىسىدا ئۇلارغا تېخىمۇ ئېتىبار بېرىلىدىغان بولدى، خاندانلىقىمىز بىلەن ئۇلار ئوتتۇرىسىدا قۇدىلىق مۇناسى- ۋەت ئورنىتىلدى، هەر يىلى 100 مىڭ تۇياق ئات هەدىيە قىلىنىپ

تۇرۇلدى، ئۇنىڭ ھەققى ئۇچۇن بىر مىليون تۇپتىن ئارتۇق يىپەك رەخت تۆلەم بېرىلدى»⑩دەپ خاتىرىلەنگەن.

ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن تاڭ سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدىكى بۇ خىل ئات ـ يىپەك سودىسىدا تاڭ سۇلالىسى ئۇيغۇرلارنىڭ قەرزىنى تۆلەپ بولالماي قەرزدار بولۇپ قالغان، بولۇپمۇ ئۆڭلۇك ـ سۆيگۈن ئىسيانىدىن كېيىن تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىكى زور ۋەيرانچىلىققا ئۇچراپ، دۆلەت خەزىنىسى قۇرۇقدىلىنىپ، ھەر يىلى يىغىلغان يىپەك رەختلەرنىڭ سانى ئازلاپ، ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسىم ئاتلىرىنىڭ نەرخىغىلا چىقىشىدىغان بولۇپ قالغان. فېڭ جياشېڭ ئەپەندىمۇ ئىككى خانلىق ئوتتۇرىسىدىكى سودا مۇناسىۋىتىنى تەھلىل قىلىپ، «مۇبادا ئۇيغۇرلار ھەر يىلى تاڭ سۇلالىسىگە 100 مىڭ تۇياق ئات سېتىپ بەرسە، بىر تۇياق ئاتنىڭ نەرخىنى 40 توپ يىپەك رەخت دەپ ھېسابلىساق، ئۇنداقتا تاڭ سۇلالىسىنىڭ بىر يىلدا ئۇيغۇرلارغا بېرىدىغان يىپەك رەختىنىڭ سانى تۆت مىليون توپ بولىدۇ. بۇ سان بەكلا كۆپ، ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇرلار ئۇنچىۋالا كۆپ ئاتنى ئەكېلىپ بولالمايتتى، تاڭ سۇلالىسىمۇ ئۆڭلۇك ـ سۆيگۈن توپىلىڭىدىن كېيىن ئۇنچىۋالا كۆپ يىپەك رەختنى بېرىپ بولالمايتتى، ئەمما تاڭ سۇلالىسى دائىم ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتلىرىغا تۆلەيدىغان يىپەك رەختكە قەرز بولۇپ قالاتتى، ئۇيغۇرلار قانچە سۈيلىگەنسېرى تاڭ سۇلالىسى شۇنچە قەرزدار بولۇپ قالدى، بۇ ئىش تاكى ئۇيغۇر خانلىقى يىمىرىلگەنگە قەدەر داۋاملاشقانىدى»⑪ دېگەن. بۇنىڭدىن بىلىنىپ تۇرۇپتۇكى، ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى سودىدا ئۇيغۇرلار ئاكتىپ ئورۇندا، تاڭ سۇلالىسى پاسسىپ ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەن.

تارىخىي ماتېرىياللارغا قارىغاندا، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن تاڭ سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدىكى سودىدا 9 ـ ئەسىرنىڭ دەسلەپكىدىن كېيىن ھەر ئىككىلا تەرەپتە سۇپەتكە كاپالەتلىك قىلمايدىغان، ئۆزئارا ئالدامچىلىق قىلىدىغان سەمىمىيەتسىزلىك پەيدا بولغان. بۇنى ھەر ئىككىلا تەرەپنىڭ ھۆكۈمرانلىرى ئۆز مەنپەئىتىنى چىقىش قىلىپ كەلتۈرۈپ چىقارغان. تاڭ سۇلالىسى پادىشاھلىرى ئىقتىسادىي كرىزىس ۋە ئۇيغۇرلارغا تۆلەيدىغان قەرزدىن بالدۇرراق

قۇتۇلۇش ئۈچۈن خاندانلىق ئىگىدارچىلىقىدىكى قول ھۈنەرۋەنچە-
لىك دوكانلىرىغىلا تايىنىپ قالسا بولمايدىغانلىقىنى چوڭقۇر تونۇپ
يېتىپ، مەخسۇس ئەمەلدارلارنى ئەۋەتىپ، خەلققە بېسىم ئىشلە-
تىپ، ئۇلارنى قاقتى - سوقتى قىلىش ياكى باج - سېلىقنى
كۆپەيتىش يولى بىلەن كۆپ مىقداردا يىپەك مال يىغىشقا ئورۇنغان
ھەم ئۇيغۇرلارغا تۆلەيدىغان يىپەك رەختلەرنى ئىنى تار، بويى
قىسقا، توقۇلۇشى قوپال قىلىپ ئىشلەپچىقىرىدىغان بولغان. ئۇي-
غۇر ھۆكۈمرانلىرى بولسا تاڭ سۇلالىسىدىن تېخىمۇ كۆپ يىپەك
مال شىلىۋېلىش ئۈچۈن تاڭ سۇلالىسىگە سېتىپ بېرىدىغان ئاتلارغا
ئورغۇنلىغان كېسەل، ئورۇق، يارىماس ئاتلارنى ئارىلاشتۇرۇۋەت-
كەن. نەتىجىدە بۇنداق ئاتلارنىڭ ئوندىن ئالتە - يەتتىسى كارغا
كەلمەيدىغان، ئۆلۈپ كېتىدىغانبولۇپ چىققان. بۇ خىل ئەھۋالنى
تاڭ سۇلالىسىنىڭ مەشھۇر شائىرى بەي جۈيى ئۆزىنىڭ «چوغاي
يوللىرى» ناملىق شېئىرىدا ھەقىقىي تەسۋىرلەپ:

چوغاي يولى، چوغاي يولى، ئۇزۇن يوللار،
قارا دۆڭنىڭ سۈيى ئەلۋەك بۇلاق قايناپدۇ.
ئۇيغۇر ئەھلى ئات ساتقىلى كەلسە ھەر دائىم،
بۇ يوللارنىڭ بويلىرىدا گىياھ قالمايدۇ.
چۆپ تۈگەيدۇ، بۇلاق قۇرۇپ، ئاتلاردۇر كېسەل،
باسقان تامغا ئورناپ كەتكەن ئۇستىخىنىغىچە،
بىر ئات ئۈچۈن بېرىشىدۇ ئەللىك توپ شايى،
قارارى يوق كەلتۈرۈلەر ئات قاچانغىچە.
باقىقاندىمۇ كارغا كەلمەس بۇ ئورۇق ئاتلار،
يىلغا توشماي ئۆلۈپ قالار ئوندىن يەتتىسى.
مەشۇت كەمچىل، قىز - ئاياللار قالدى جاپادا،
شايىلارنى قول ئۈچىدا توقۇدى قوپال،
توپ سانىنى توشقازماقنى ئويلاپ ھەممىسى.
شايىلىرى ئۆمۈچۈكنىڭ تورىدەك شالاڭ،
ئۇيغۇرلار كۆپ خاپا بولدى بۇنداق شايىغا.
قاتۇن دەپ ئاتالغان مەلىكە شيەنئەن،
بۇ ئەھۋالنى ئۇقشاڭ، دېدى خانىمىزغا.

يۇەنخې ئىككىنچى يىلى قىلىندى پەرمان،
خەزىنىدىكى كىمخابلارنى تۆلىدى ئاتقا.
ياخشى شايى كەلتۈرۈلدى جياڭنەن تەرەپتىن،
شايىلارنى ناچار توقۇش بولمىدى باشقا.

دېگەن. بۇ شېئىردا تىلغا ئېلىنغان يۇەنخې يىلى، تاڭ سۇلالىسى پادىشاھى تاڭ شۇەنزۇڭ (مىلادىيە 806 — 820 - يىللار) نىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن يىللىرىنى كۆرسىتىدىغان بولۇپ، تاڭ شۇەنزۇڭ يۇەنخې 2 - يىلى (يەنى مىلادىيە 807 - يىلى) گەرچە پەرمان چۈشۈرۈپ يىپەك ماللارنى ناچار، سۈپەتسىز توقۇشنى چەكلىگەن، نەتىجىدە ئۇيغۇرلار بىلەن بولغان سودا بىرئاز ياخشىلىنىشقا قاراپ يۈزلەنگەنبولسىمۇ، بىراق پەرماننى ياخشى ئىجرا قىلماسلىق قاتارلىق ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن مەسىلە تۈپتىن ھەل قىلىنمىغان.

شۇنداقتىمۇ، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن تاڭ سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدا ئېلىپ بېرىلغان ئاتقا يىپەك ئالماشتۇرۇش سودىسىنىڭ مەيلى تاڭ سۇلالىسىگە ياكى ئۇيغۇر خانلىقىغا بولسۇن كۆرسەتكەن تەسىرى ئىنتايىن چوڭقۇر بولغان. ئۇ تاڭ سۇلالىسى بىلەن ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىنى كۈچەيتكەن، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگەن، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى دۆلەت دىنى بولغان مانى دىنىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ كۈچى بىلەن خۇاڭخې ۋە چاڭجياڭ دەرياسى ۋادىلىرىغا تارقىلىپ كىرىشىگە شارائىتلارنى يارىتىپ بەرگەن، تاڭ سۇلالىسى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي ئاسىيا ۋە ياۋروپادىكى ئەللەرنىڭ ئالاقىسىنى جانلاندۇرۇشتا كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىغان.

## 2 § . ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن تاڭ سۇلالىسىنىڭ قۇدىلىشىش مۇناسىۋىتى

ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن تاڭ سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدا، سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ھەربىي مۇناسىۋەتلەردىن باشقا، يەنە

«قۇدىلىق مۇناسىۋىتى» دەپ ئاتىلىدىغان پەۋقۇلئاددە بىر خىل مۇناسىۋەت بولغان. بۇ خىل مۇناسىۋەتكە ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ئارقا كۆرۈنۈش بولغاندىن باشقا، دىپلوماتىك غەرەز بەكرەك ئارقا كۆرۈنۈش بولغان. ئۇ تارىختا كۆپىنچە سىياسىي مۇددىئا ۋە مەقسەتتە ئوتتۇرىغا چىققان بولغاچقا، نۆۋەتتە قۇدىلىشىش ( 和亲 ) ئىبارىسىگە «قۇدىلىشىش — خەنزۇ فېئودال خانلىرى بىلەن باشقا قوۋملارنىڭ خانلىرى ئوتتۇرىسىدىكى يارىشىش ۋە قۇدىلىشىش ئىشىدۇر. بۇنداق قۇدىلىشىش مۇئەييەن سىياسىي مەقسەتكە ئىگە بولغاچقا، ئۇ ‹قۇدىلىشىش سىياسىتى› ( 和亲政策 ) دەپمۇ ئاتىلىدۇ»⑫دەپ تەبىر بېرىلمەكتە.

ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن تاڭ سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدا قۇدىلىشىش سىياسىتىنىڭ يۈرگۈزۈلۈشىگە تاڭ سۇلالىسىنىڭ مىلادىيە 751 ـ يىلى ئەرەبلەر بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيانى تالىشىش ئۇرۇشىدا ئېغىر مەغلۇپ بولۇشىدىن كۆرە، 755 ـ يىلىدىكى ئۆكلۈك ـ سۆيگۈن توپىلىڭى بىۋاستە سەۋەب بولۇپ قالغان. تارىختىن مەلۇم بولۇشىچە، تاڭ سۇلالىسى تاڭ گاۋزۇ لى يۈەن (618 — 626ـ يىللار) تەرىپىدىن قۇرۇلغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ۋارىسى تاڭ تەيزۇڭ لى شىمىن (626 — 649 ـ يىللار) دەۋرىگە كەلگەندە بىرلىككە كەلگەن قۇدرەتلىك فېئودال دۆلەت بولۇپ چىققان، بولۇپمۇ تاڭ گاۋزۇڭ دەۋرلىرى (649 — 684 ـ يىللار) ۋە تاڭ شۈەنزۇڭ دەۋرلىرىدە (712 — 756 ـ يىللار) دۆلەت كۈچى ئېشىپ، ئىجتىمائىي ئىگىلىكى تەرەققىي قىلىپ، شەرقىي ئاسىيادىكى قۇدرەتلىك دۆلەتكە ئايلانغان. بىراق، تاڭ شۈەنزۇڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن يىللارنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە، فېئودال پومېشچىكلارنىڭ يەر قورشىۋېلىش ھەرىكىتىنىڭ ئەۋج ئېلىشىغا ئەگىشىپ، ئەسلىدە يۈرگۈزۈلۈپ كېلىۋاتقان «يەر تەقسىملەش» تۈزۈمى ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ، ئۆز تەمىناتىنى ئۆزى كۆتۈرىدىغان مەھكەمە ئەسكىرىي تۈزۈمى كاپالەتكە ئىگە بولالمىغان، باج ـ سېلىق تۆلىگۈچىلەر ئازلاپ دۆلەت خەزىنىسى قۇرۇقدىلىپ قېلىشقا باشلىغان. پادىشاھ تاڭ شۈەنزۇڭ بولسا ئەيش ـ ئىشرەتلىك، كەيپ ـ ساپالىق تۇرمۇشقا بېرىلىپ ، ئامراق خانىشى ياڭ گۈيفېي بىلەن

بولۇپ كېتىپ، دۆلەت ئىشلىرىنى ھاماقەت، خىيانەتچى ياڭ گو-
جۇڭ قاتارلىق بىر تۈركۈم مۇشتۇمزورلار ئىگىلىۋالغان. تاڭ
شۈەنزۇڭ يەنە پۈتۈن مەملىكەتنى ئون ھەربىي رايونغا بۆلۈپ،
ھەربىر رايونغا ھىراۋۇل تەيىنلەپ، مەملىكەتتىكى قورallıq قو-
شۇنلارنىڭ ھوقۇقىنى ئۇلارنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ بەرگەن، نەتىجى-
دە ئوردىنىڭ كۈچى زور دەرىجىدە ئاجىزلاپ، چېگرا رايون ھىرا-
ۋۇللىرىنىڭ ھوقۇق ۋە ئابرۇيى بارغانسېرى كۈچىيىپ كەتكەن.
شۇ چاغلاردا ئۆڭلۈك تاڭ سۇلالىسىنىڭ پىڭلۇ (ھازىرقى لياۋنىڭ-
دىكى چاۋ ياڭ)، فەنياڭ (ھازىرقى بېيجىڭ) ۋە خېدۇڭ (ھازىر-
قى سەنشىدىكى تەييۈەن) قاتارلىق ئۈچ رايوننىڭ ھىراۋۇلى ئى-
دى. «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» دە
خاتىرىلىنىشىچە، ئۆڭلۈك يىڭجۇ (ھازىرقى لياۋنىڭدىكى جىنجۇ)
لۇق بولۇپ، «ئۇنىڭ دادىسى سوغدى، ئاپىسى تۈرك ئىدى»⑬، قول
ئاستىدىكى قوشۇنى ئاساسەن تۈركىي قەبىلىلەر ۋە قىتان قاتارلىقلا-
ردىن تەشكىللەنگەن باتۇر چەۋەندازلار ئىدى. ئۇ خېلى بۇرۇنلا قول
ئاستىدىكى سانغۇنى (كېلىپ چىقىشى تۈرك) بىلەن ئىسيان كۆتۈ-
رۈپ، تاڭ سۇلالىسىنى ئاغدۇرۇشنى پىلانلاپ كەلگەن. مىلادىيە
755 - يىلى 11 - ئايدا ئۆڭلۈك سۆيگۈن بىلەن بىرلىكتە قول
ئاستىدىكى قىسىملىرىدىن ۋە تۈڭرا، تاتابى، قىتان، سىبىر
(شىرۋى) قاتارلىق قەبىلە - مىللەتلەردىن تەشكىللەنگەن 150
مىڭ كىشىلىك قوشۇننى ئاتلاندۇرۇپ، نامدا 200 مىڭ دەپ ئا-
تاپ، فەنياڭدا توپىلاڭ كۆتۈرۈپ چىققان⑭ ھەم ناھايىتى تېزلا
خۇاڭخې دەرياسىدىن ئۆتۈپ تاڭ سۇلالىسىنىڭ شەرقىي ئاستانىسى
لو ياڭ قاتارلىق جايلارنى بېسىۋالغان. تاڭ سۇلالىسىنىڭ داڭلىق
قوماندانلىرىدىن گو زىيى، گاۋ شيەنجى، لى گۇاڭبى، قۇشۇ خانلار
تاڭ ئوردىسىنىڭ زەئىپلىكى سەۋەبىدىن ئارقىمۇئارقا زور مەغلۇبى-
يەتكە ئۇچراپ، چېكىنىشكە مەجبۇر بولغان. 757 - يىلى 6 -
ئايدا ئۆڭلۈك توپىلاڭچىلىرى غەربىي ئاستانە چاڭئەن ۋە ئۇنىڭ
ئەتراپىدىكى جايلارنى ئىشغال قىلغان، بۇ چاغدا تاڭ شۈەنزۇڭ
ئوردا ئەھلىنى ئېلىپ، جان قايغۇسىدا سىچۈەنگە قاراپ قاچقان،
تەخت ۋارىسى لى خېڭ نىڭشيانىڭ لىڭۋۇ دېگەن يېرىدە خانلىق

تەختكە چىقىپ، تاڭ سۈزۈڭ دەپ ئاتالغان. لېكىن، بۇ چاغدا پۈتۈن مەملىكەت ئۇرۇش قايىنىمىغا چۈشۈپ كەتكەن بولۇپ، توپىلاڭچىلار كاتتىۋاشلىرى ئاللىقاچان چاڭئەن ۋە لو ياڭلاردا ئۆزلىرىنى پادىشاھ دەپ جاكارلىۋالغان، تاڭ سۇلالىسى ئىسمى بار جىسمى يوق ھالەتكە چۈشۈپ قالغان ئىدى. دەل مۇشۇنداق چاغدا، پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلگەن تىبەت، جەنۇبىي جاۋ ( 南诏 ) قاتارلىق ئاز سانلىق مىللەت خانلىقلىرى تاڭ سۇلالىسىنىڭ زېمىنلىرىنى ئىگىلىۋېلىش، پۇقرالىرىنى قول قىلىش ئۈچۈن جەنۇبىي ۋە غەربىي جەنۇبىي تەرەپلەردىن قىستاپ ھۇجۇم قىلىشقا باشلىغان. دەل مۇشۇنداق ۋەزىيەت تاڭ سۇلالىسى ئۈچۈن ئىنتايىن پايدىسىز بولغان ئەھۋال ئاستىدا، يېڭىدىن تەختكە چىققان پادىشاھ تاڭ سۇزوڭ تاڭ سۇلالىسىنىڭ فېئوداللىق ھۆكۈمرانلىقىنى قايتا ئەسلىگە كەلتۈرۈش، دۆلەت ئىچىدىكى توپىلاڭنى تىنچىتىش ۋە تىبەتلەر، جەنۇبىي جاۋلاردىن كېلىۋاتقان تەھدىتنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئۆز ئىرادىسىگە خىلاپ ھالدا يانداش ئەمىر گوزىيىنىڭ ئۇيغۇرلاردىن ھەربىي ياردەم تەلەپ قىلىش تەكلىپى بىلەن سانغۇن بۆگۈ خۇەيئىن ۋە دۇنخۇاڭ ۋالىيىسى لى چىڭسەي قاتارلىقلارنى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدىن ھەربىي ياردەم تەلەپ قىلىشقا ئەلچى قىلىپ ئەۋەتكەن.

بۇ ھەقتە «كونا تاڭنامە» دە: «جىدې تۈنجى يىلى 756 ـ يىلى 7 ـ ئايدا، سۈزوڭ خان لىڭۋۇدا تەختكە چىقتى، ئەسلىدىكى بىن بېگىنىڭ ئوغلى چىڭسەيگە دۇنخۇاڭ بېگى مەرتىۋىسى سۈيۈرغال قىلىنىپ سانغۇن شى دىڭپەن بىلەن بىرگە ھەربىي ياردەم ئېلىش ئىشلىرىنى بېجىرىش ئۈچۈن ئۇيغۇرلارغا ئەلچى قىلىپ ئەۋەتىلدى، ئۇلار (ئۇيغۇرلارنىڭ) ئوردىسىغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، قاغان قىزىنى چىڭسەيگە ياتلىق قىلىپ بەردى ھەم ئاقساقاللىرىنى ئوردىغا ئەۋەتىپ قۇدىلىشىشنى تەلەپ قىلدى، ئۇيغۇر مەلىكىسىگە بىلگە قاتۇن دەپ نام بېرىلدى. سۈزۈڭ خان تاكى پىڭيۈەنگىچە ئالدىغا كېلىپ، يۇقىرى ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن كۈتۈۋالدى. ئىككىنچى يىلى (757 ـ يىلى) 2 ـ ئايدا ئۇيغۇرلار يەنە چوڭ سانغۇن دولان ( 多揽 ) قاتارلىق 15 ئاقساقالنى ئوردىغا ئەلچىلىككە ئەۋەتتى، 9 ـ ئايدا ... ئۇيغۇرلار ۋەلىئەھد يابغۇ قوماندانلىقىدا سانغۇن دىدې

( 蒂德 ) بىلەن 4000 كىشىلىكتىن ئارتۇق قوشۇننى ئاسىيلارنى جازالاپ سۇلالىمىزگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن ئەۋەتتى» ⑮ دېيىلگەن.
«يېڭى تاڭنامە» دە: «سوزۇڭ خان تەختكە چىققاندا، ئۆڭلۈكنى جازالاش ئۈچۈن دۇنخۇاڭنىڭ ئىنانچى بېگى چىڭسەينى ئۇيغۇرلار بىلەن كېلىشىم تۈزۈشكە، بۆگۈخۇەيىننى ئۇنى ئاپىرىپ قويغاچ ئۇيغۇر قىسىملىرىنى باشلاپ كېلىشكە ئەۋەتتى، قاغان ئىنتايىن خۇشال بولۇپ، قاتۇنىنىڭ سىڭلىسىنى قىزى ئورنىدا چىڭسەيگە ياتلىق قىلدى ھەم ئاقساقاللارنى ئەۋەتىپ قۇدىلىشىشنى تەلەپ قىلدى، پادىشاھ بۇ ئىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، ئۇ قىزغا بىلگە قاتۇن دەپ نام بەردى. شۇنىڭدىن كېيىن قاغان شەخسەن ئۆزى قوشۇن باشلاپ، سۇ فاڭ ھىراۋۇلى گۇ زىيى بىلەن بىرگە تۇڭرالارغا جازا يۈرۈشى قىلىپ (بۇ يەردە تۇڭرالار دېگەندە ئۆڭلۈك توپىلاڭچىلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ) ، ئۇلارنى خۇاڭخېنىڭ يۇقىرىسىدا تارمار قىلدى» ⑯ دېيىلگەن. بۇنىڭدىن قارىغاندا، تاڭ سۇلالىسى ئىچكى - تاشقى جەھەتتە قىيىن ئەھۋالدا قېلىپ، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدىن يار-دەم تەلەپ قىلىشقا ئەلچىلەر ئۈمىكىنى ئەۋەتكەندە، ئەينى چاغدىكى ئۇيغۇر قاغانى ئەل ئەتمىش بىلگە قاغان مويۇنچۇر تاڭ سۇلالىسى-نىڭ تەكلىپىنى قىزغىنلىق بىلەن قوبۇل قىلغان ھەم ئۆزىنىڭ قاتۇنىنىڭ سىڭلىسىنى لى چىڭسەيگە (لى چىڭسەي ئەسلى تاڭ گاۋزۇڭنىڭ نەۋرىسى ئىدى) ياتلىق قىلىپ بەرگەن، شۇنداقلا پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ تاڭ سۇلالىسىگىمۇ قۇدىلىشىش تەلىپىنى قويغان ھەم ھەربىي ياردەم بېرىشنىڭ شەرتلىرىنى ئوتتۇرغان.
نەتىجىدە تاڭ سۇلالىسى بىلەن ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى ئوتتۇرىسىدا «شەھەر - يۇرتلار قايتۇرۇپ ئېلىنغاندىن كېيىن، يەر - زېمىن بىلەن ئاۋام يۇقىرا تاڭ سۇلالىسىگە قايتۇرۇلىدۇ، ئالتۇن - كۈ-مۈش بىلەن يىپەك - شايىلار ئۇيغۇرلارغا تەۋە بولىدۇ» ⑰ دەپ كېلىشىم تۈزۈلگەن ھەم «تاڭ سۇلالىسى ھەر يىلى ئۇيغۇر خانلىقى-غا 20 مىڭ توپ يىپەك مال سوۋغا بېرىش، ئىككى خانلىق ئوتتۇرىسىدا ئات بازىرى تەسىس قىلىش، تاڭ سۇلالىسى ئۇيغۇر ئاتلىرىنى سېتىۋېلىش» ⑱ دېگەن مەزمۇندىكى سودا توختامىنىمۇ-مۇ تۈزۈلگەن. بۇنىڭ بىلەن تاڭ سۇلالىسى پادىشاھى تاڭ سۇزۇڭ

تاڭ سۇلالىسىنىڭ فېئودال ھۆكۈمرانلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، قولدىن كەتكەن پايتەختلىرىنى ئىسيانچىلاردىن بالدۇرراق قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن ئېغىر شەرتلەرگە ماقۇل بولۇپ، 758- يىلى ئۆز پۇشتىدىن بولغان كىچىك قىزى نىڭگو مەلىكىنى مويۇنچۇر قارا قاغانغا ياتلىق قىلىپ بەرگەن. شۇنداق قىلىپ تاڭ سۇلالىسى بىلەن ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى ئوتتۇرىسىدىكى قۇدىلىشىش مۇناسىۋىتىنىڭ تارىخى پەردىسى ئېچىلغان.

تاڭ سۇلالىسىنىڭ پۈتكۈل تارىخي جەريانىدىن كۆزەتكەندە، تاڭ سۇلالىسى پەقەت ئۇيغۇرلارغىلا قۇدىلىشىش سىياسىتىنى يۈرگۈزگەن بولماستىن، يەنە تۈركلەر، تۈركەشلەر، تاتابىلار، قىتانلار، تۇيغۇنلار، تىبەتلەر، پەرغانە، جەنۇبىي جاۋلار قاتارلىق يات ئەللەرگىمۇ قۇدىلىشىش سىياسىتىنى يۈرگۈزگەن، بولۇپمۇ تاڭ سۇلالىسى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ قۇدىلىشىشى ئالاھىدە بولغان تاڭ ئوردىسى ياتلىق قىلغانلار ئىچىدە پادىشاھنىڭ قىزلىرىمۇ، شاھزادىلەرنىڭ قىزلىرىمۇ، پادىشاھ جەمەتىنىڭ قىزلىرىمۇ، پادىشاھ جەمەتلىرىنىڭ جيەن قىزلىرىمۇ ۋە ئوردا كېنىزەكلىرىمۇ بار بولۇپ، 20 گە يەتكەن.

تۆۋەندە تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قاغانلىرىغا ياتلىق قىلىپ بەرگەن مەلىكىلىرى ھەققىدە قىسقىچە توختىلىمىز:

بىرىنچىسى، نىڭگو مەلىكە ( 宁国公主 ). ئۇ پادىشاھ تاڭ سۇزۇڭنىڭ كىچىك قىزى بولۇپ، ئىلگىرى ئىككى قېتىم ياتلىق بولغان، ئۆڭلۈك توپىلاڭ كۆتۈرۈپ ئاستانە چاڭئەننى ئىشغال قىلىۋالغاندا ئۇ تۇل چوكان ئىدى، 756 - يىلى تاڭ سۇلالىسى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدىن ھەربىي ياردەم تەلەپ قىلىپ ئەلچىلەر ئۆمىكى ئەۋەتكەندە، شۇ چاغدىكى ئۇيغۇر قاغانى ئەل ئەتمىش بىلگە قاغان مويۇنچۇر (747 — 759 - يىللار تەختتە ئولتۇرغان) تاڭ سۇلالىسىگە قۇدىلىشىش تەكلىپىنى قويۇپ، تاغاي باشچىلىقىدىكى ئەلچىلەر ئۆمىكىنى تاڭ سۇلالىسىگە ئەۋەتكەن ھەم يەنە چوڭ ئوغلى تاي بىلگە تۇتۇق يابغۇ ۋە چوڭ سانغۇن دىدې باشچىلىقىدا 4000 كىشىلىك خىللانغان ئاتلىق قوشۇننى تاڭ سۇلالىسىگە يار-

دەمگە ئەۋەتكەن. «تاڭنامە» دىكى مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، ئۇيـ
غۇر ئاتلىق قوشۇنى تاڭ سۇلالىسىگە كېلىپلا فۇ فىڭ ۋە سۇ
فاڭلاردا تاڭ سۇلالىسىنىڭ قوماندانلىرى لى شۇ ۋە گۇ زىيىلار
بىلەن ئۇچرىشىپ، 757 ـ يىلى پايتەخت چاڭئەننىڭ غەربىدىكى
شياڭجى بۇتخانىسىنىڭ يېنىدا ۋە فېڭشۇي (ھازىرقى شىئەن شەھە-
رىنىڭ يېقىن ئەتراپى) دەرياسىنىڭ شەرقىدە ئۆڭلۈك توپىلاڭچىـ
لىرىنى قاتتىق مەغلۇپ قىلىپ، 60 مىڭ توپىلاڭچىنىڭ بېشىنى
ئېلىپ، پايتەخت چاڭئەننى قايتۇرۇۋالغان. ئارقىدىنلا شىندىيەن
قەلئەسىدە (ھازىرقى خېنەن ـ شەنشى چېگرىسىدا) توپىلاڭچىلارغا
يەنە بىرقېتىم ئەجەللىك زەربە بېرىپ، شەرقىي پايتەخت لوياڭنى
قايتۇرۇۋالغان. تاڭ سۇلالىسى ئۇيغۇرلارنىڭ توپىلاڭنى باستۇ-
رۇش داۋامىدا كۆرسەتكەن تۆھپىلىرىگە يۈكسەك باھا بېرىپ،
نەزمە، مەكتۇپلار پۈتۈشكەن. چاڭئەندىكى ئوردا ئەھلى تاي بىلگە
تۇتۇق يابغۇنى مۇزىكا سادالىرى ئىچىدە كۇتۇۋالغان ھەم ئېسىل
بۇيۇملار بىلەن تارتۇقلىغان. تاڭ سۇزۇڭ ئۇيغۇرلارنىڭ لەشكەر
چىقىرىپ توپىلاڭنى تىنچىتىپ بەرگىنىگە جاۋاب قايتۇرۇش ئۈ-
چۈن، 758 ـ يىلى 7 ـ ئايدا مۇشۇ كىچىك قىزىغا «نىڭگو
مەلىكە» (يەنى دۆلەتنى ئەمىن تاپقۇزغۇچى مەلىكە) دەپ نام بېـ
رىپ، مويۇنچۇر قاغانغا ياتلىق قىلىپ بەرگەن ھەم يەنە بىر تۇغقان
سىڭلىسىنىمۇ مويۇنچۇر قاغاننىڭ ئىككىنچى ئوغلىغا كىچىك خو-
تۇنلۇققا بەرگەن. «مەلىكە ياتلىق قىلىنغان كۈنى بىر نەۋرە ئىنىـ
سى خەن جۇڭ بېگى لى يۈنى ئالاھىدە دەرىجىلىك تۆرە، مۇۋەققەت
مۇراسىم ئەركانبېگى، باش تەپتىش بېگىنىڭ نائىبى ئۇنۋانى بىلەن
دانىشمەن، باتۇر بىلگە قاغانغا (يەنى مويۇنچۇرغا) نام بەرگۈچى
ئەلچى، بىر نەۋرە جيەنى سول قول مەھكىمە كاتاۋۇلى لى شۈننى
لەشكىري مەھكىمىنىڭ كاتاۋۇلى، ياردەمچى تەپتىش بېگى، ھۆ-
دەيچىبەگ ئورۇنباسارى ئۇنۋانى بىلەن نىڭگو مەلىكىنىڭ مۇراسىم
بېگى قىلىپ تەيىنلىگەن» ⑲ . مەلىكىلەرنى ئاپىرىپ قويىدىغان
ئەلچىلەر ئۆمىكى تاڭ سۇلالىسىنىڭ نام بېرىش يارلىقىنى ۋە ئوردا
تەرىپىدىن بېرىلگەن تامغىنى ئېلىپ ماڭغاندىن سىرت، يەنە نۇرغۇن
ئېسىل سوۋغا ـ سالاملارنى بىرگە ئېلىپ ماڭغان. ئەلچىلەر ئۆمىـ

كى سەپەرگە چىققاندا، «تاشقى ئوردىنىڭ ئالدىدا ھۆرمەت قاراۋۇللىرى تۇرغۇزۇلغان، باش مونشى نام بېرىش پەرماننى ئەلچىگە تاپشۇرغاندىن كېيىن، ئەلچى دىۋاندىن چىقىپ مەپىگە ئولتۇرۇپ، ئوردىنىڭ دەرۋازىسىغا بارغان، ئوردا دەرۋازىسى ئالدىدا مەپىدىن چۈشۈپ ئاتقا مىنىپ، تۇغ ـ ئەلەملەرنىڭ سايىسىدە سەپەرگە ئاتلانغان». لى يۈ قاتارلىقلار ئوردۇبالىققا يېتىپ بارغاندا، دەسلەپ مويۇنچۇر قاغان ئۆز تۆھپىسىنى پەش قىلىپ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئەلچىلىرىنى كۆزگە ئىلمىغان، كېيىن تاڭ سۇزۇڭنىڭ «ساداقەتمەنلىكىڭىزگە تەشەككۈر ئېيتىش ئۈچۈن سۇلالىمىزنىڭ مەلىكىسىنى ياتلىق قىلدۇق، مەن ئۆز قىزىمنى يىراق تامانغا ياتلىق قىلىپ، ئۆزۈمنىڭ مېھرىنى ئىزھار قىلدىم، ئۇ چەت ـ يىراق يۇرتقا باردۇ، ئۇنى قەدىرلىگەيسىز»⑳ دېگەن مەزمۇندىكى مەكتۇپنى كۆرگەندىن كېيىن پوزىتسىيەسىنى ئۆزگەرتىپ، بۇ قۇدىلىشىشنى قەدىرلەپ، نىڭگو مەلىكىگە قاتۇنلۇق ئۇنۋانىنى بەرگەن، مەملىكەت بويىچە چوڭ توي ئۆتكۈزگەن ھەم سېلىنگا دەرياسى بويىدا تاڭ سۇلالىسىدىن كەلگەن ھۈنەرۋەنلەرگە سوغدىلارنىڭ قاتنىشىشى بىلەن بايبالىق دېگەن شەھەرنى سالدۇرغان. بۇ ھەقتە «مويۇنچۇر مەڭگۈ تېشى» دا: «توخۇ يىلى (757 ـ يىلى) دا ··· ئىككى قىزىنى ( سوۋغا قىلىپ) بەردى ··· سۆزىڭىزنى يىرماي دېدى، خاتا ئىش قىلماي دېدى ··· سوغداق ۋە تابغاچلارغا سېلىنگا دەرياسى بويىدا بايبالىقنى سالدۇردۇم»㉑ دەپ خاتىرىلەنگەن. نىڭگو مەلىكىنىڭ ئۇيغۇرلار ئىچىدە تۇرغان ۋاقتى ئانچە ئۇزۇن بولمىغان، چۈنكى مىلادىيە 759 ـ يىلى 4 ـ ئايدا ئەل ئەتمىش بىلگە قاغان ۋاپات بولغاندىن كېيىن، نىڭگو مەلىكە تېخى پەرزەنتلىك بولمىغاچقا، شۇ يىلى 9 ـ ئايدا تاڭ سۇلالىسىگە قايتىپ كەتكەن.

ئىككىنچىسى، كىچىك نىڭگو مەلىكە ( 小宁国公主 ). ئۇ تاڭ شۈەنزۇڭنىڭ (712 — 756 ـ يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان) سەككىزىنچى ئوغلى رۇڭ بېگى لى ۋەننىڭ قىزى، پادىشاھ تاڭ سۇزۇڭنىڭ بىر تۇغقان سىڭلىسى ئىدى. نىڭگو مەلىكە مويۇنچۇر قاغانغا ياتلىق قىلىنغاندا، تاڭ سۇزۇڭ ئۆزىنىڭ بۇ سىڭلىسىنىمۇ مويۇنچۇر قاغاننىڭ كىچىك ئوغلى ئىدىكەنگە ياتلىق قىلىغان. بۇ

ھەقتە «كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» دە: «ئىلگىرى تاڭ سۇزۇڭ نىڭگو مەلىكىنى ئۇيغۇرلارغا ياتلىق قىلغاندا، يەنە روڭ بېگىنىڭ قىزىنىمۇ توقال قىلىپ بەرگەنىدى، نىڭگو مەلىكە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن روڭ بېگىنىڭ قىزى قېپقېلىپ قاتۇن بولدى، ئۇيغۇرلار ئۇنى كىچىك نىڭگو مەلىكە دەپ ئاتىدى. ئۇ ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ دانىشمەن باتۇر كۆل بىلگە قاغان (يەنى مويۇنچۇر قارا قاغان)، دانىشمەن تۆھپىكار بىلگەقاغان (يەنى تەڭرى قاغان ئىدىكەن، 750 — 779 ـ يىللار تەختتە ئولتۇرغان) لارغا ياتلىق قىلىندى. ئادالەت يولىدا خىزمەت كۆرسەتكەن قاغان (يەنى ئالپ قۇتلۇق بىلگە قاغان، 779 — 789 ـ يىللار تەختتە ئولتۇرغان) دەۋرىدە سىرتلاردا تۇرغانىدى، دانىشمەن تۆھپىكار بىلگە قاغانغا ياتلىق بولغاندا ئىككى ئوغۇل پەرزەنتلىك بولغانىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئادالەت يولىدا خىزمەت كۆرسەتكەن باھادىر قاغان تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈۋېتىلدى» ㉒ دەپ خاتىرىلەنگەن. بۇنىڭدىن قارىغاندا، كىچىك نىڭگو مەلىكە بىلەن بىرگە ئورخۇنغا كەلگەندە مويۇنچۇر قاغاننىڭ كىچىك ئوغلى ئىدىكەنگە ياتلىق قىلىنغان، ئىدىكەننىڭ ئىسمى «تېرخىن مەڭگۈ تېشى» دا بىلگە تارقان (12 ـ قۇر)، قۇتلۇق تارقان سەنگۈن (14 ـ قۇر) ۋە قۇتلۇق بىلگە تارقان سەنگۈن دەپ ئاتالغان. «تاڭنامە» دە يەنە بۆگۈ قاغان دەپ ئاتالغان. 759 ـ يىلى 4 ـ ئايدا مويۇنچۇر قاغان ۋاپات بولغاندىن كېيىن، «چوڭ ئوغلى يابغۇ ئىلگىرى جىنايەت ئۆتكۈزۈپ ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن بولغاچقا، ئىككىنچى ئوغلى ئىدىكەن (ياكى ئېل تېكىن) تەختكە ئولتۇرۇپ، بۆگۈ قاغان دەپ ئاتالغان»㉓. ئورخۇن مەڭگۈ تاشلىرىدا ئۇنىڭ نامى تەڭرىدە قۇت بولمىش ئەل تۇتمىش ئالپ كۆلۈگ بىلگە قاغان دەپ ئاتالغان. بۆگۈ قاغان دەۋرىدە ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى ئىنتايىن قۇدرەت تاپقان بولۇپ، ئۇنىڭ تۆھپىلىرى «تاڭنامە» ۋە ئورخۇن مەڭگۈ تاشلىرىدا خېلىلا كۆپ خاتىرىلەنگەن. مىلادىيە 762 ـ يىلى تاڭ سۇلالىسىدە تاڭ دەيزۇڭ (762 — 779 ـ يىللار) ئەمدىلا تەختكە چىققان ۋاقىتتا، ئۆگلۈك توپىلاڭچىلىرىنىڭ قالدۇق كۈچلىرى بولغان شى چاۋيى توپىلاڭچىلىرى قايتىدىن كۈچىيىپ، شەرقىي پايتەخت لو-

ياڭنى قايتىدىن بېسىۋالغان، بۇ چاغدا تاڭ دەيزۇڭ تۇپىلاڭچىلارنى ئۇزۇل - كېسىل يوقىتىشقا كۆزى يەتمەي يەنە بىر قېتىم ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدىن ھەربىي ياردەم سورىغان، بۇ چاغدا بۆگۈ قاغان شەخسەن ئۆزى 4000 كىشىلىك خىللانغان ئاتلىق قوشۇننى باشلاپ تاڭ سۇلالىسىگە كېلىپ، تاڭ سۇلالىسى قوماندانلىرى لى گۇاڭبى، بۆگۈخۇەيئىن بىلەن بىرلىكتە لوياڭ، خېبېيلارنى قايتۇرۇۋېلىشقا ئاتلانغان. بۇ يۇرۇشتە بۆگۈ قاغان ئۆزىنىڭ چوڭ قاتۇنى بىلگە قاتۇننىمۇ بىللە ئېلىپ ماڭغان. بىلگە قاتۇن ئەسلىدە تاڭ سۇلالىسىدە ھەربىي خىزمەت ئۆتەۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ بۆگۈ قەبىلىسىدىن بولغان بۆگۈ خۇەيئېننىڭ قىزى بولۇپ، تاڭ سۇزۇڭ 758- يىلى نىڭگو مەلىكىنى مويۇنچۇر قاغانغا ياتلىق قىلغاندا بۆگۈ خۇەيئېننىڭ قىزىنىمۇ ئۇنىڭ ئىككىنچى ئوغلى ئىدىكەنگە ياتلىق قىلىپ بەرگەن، ئۇ سابىق بىلگە قاتۇن دەپ ئاتالغان (768 - يىلى ۋاپات بولغان) . جەڭگىۋارلىقى ئىنتايىن ئۈستۈن ئۇيغۇر ئاتلىق قوشۇنلىرى لوياڭغا باستۇرۇپ كىرىپ، تۇپىلاڭچىلار قوشۇنىنى بىراقلا يەر بىلەن يەكسان قىلغان ھەم تاڭ سۇلالىسى قوشۇنى بىلەن بىرگە شىددەت بىلەن قوغلاپ زەربە بېرىپ، خېبېيدا شى چاۋيىنى تىرىك قولغا چۈشۈرۈپ، جەمئىي سەككىز يىل داۋاملاشقان ئۆڭلۈك - سۈيگۈن تۇپىلىڭىنى ئاخىر تىنچىتقان. تاڭ دەيزۇڭ بۆگۈ قاغاننىڭ بۇ تۆھپىلىرى ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئادالەت يولىدا خىزمەت كۆرسەتكەن باھادىر قاغان دەپ نام بەرگەن. 768 - يىلى يەنە بۆگۈخۇەيئىننىڭ كىچىك قىزىنى چۇڭخۇي مەلىكە دېگەن نامدا بۆگۈ قاغانغا ياتلىق قىلىپ بەرگەن. دېمەك، بۆگۈ قاغانغا تاڭ سۇلالىسى ئىلگىرى - كېيىن ئۈچ مەلىكىنى ياتلىق قىلىپ بەرگەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئىككىسى ئۇيغۇر مەلىكىلىرى ئىدى، شۇڭا بۆگۈ قاغان ئۆز تۆھپىسىنى كۆز - كۆز قىلىپ، قاغان ئوردىسىنىڭ ئالدىغا بىر تاش ئابىدە تىكلەپ ئۇنىڭغا: «تاڭ ئەلچىسى كەلدى، ئىلگىرى - كېيىنكى تۆھپىلىرىمدىن خەۋەردار بولدى» دېگەن خەتلەرنى ئويدۇرغان. بۆگۈ قاغان دەۋرىدە ئۇيغۇرلار بىلەن تاڭ سۇلالىسىنىڭ مۇناسىۋىتى قويۇق بولۇپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن بەزى زىددىيەتلەرمۇ بولۇپ تۇرغان. مەسىلەن، 762 - يىلى ئۇي-

غۇر قوشۇنلىرى لو ياڭغا كىرگەندە شەھەرنى ئۈچ كۈن بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلغان، پۈتۈن شەھەرگە ئوت قويۇۋەتكەن، نەتىجىدە شەھەر ئاھالىسى شۇنچىلىك كەمبەغەللىشىپ، ھەتتا قەغەزدىن كىيىم تىـ ـكىپ كىيىدىغان ھالغا چۈشۈپ قالغان㉔. 762 ـ يىلى يەنە بۆگۈ قاغان ئۇيغۇر قوشۇنلىرىنى باشلاپ خۋاڭخېنىڭ شىمالىغا كېلىپ بارگاھ تىككەندە، تاڭ سۇزۇڭنىڭ ئوغلى، شاھزادە يۇڭ بېگى لىشى (يەنى تاڭ دېزۇڭ، 779 ـ 805 ـ يىللار تەختتە ئولتۇر ـ غان) زىئاڭ قاتارلىقلارنى ئېلىپ بۆگۈ قاغاننىڭ بارگاھىغا كەلـ ـگەن، بۆگۈ قاغان ئۇلارنى ئۇيغۇرچە ئۇسسۇل ئويناپ ھۆرمەت بىلدۈرمىگەنلىك جىنايىتى بىلەن قاتتىق ئەيىبلىگەن ھەم يوڭ بېگنىڭ ھەمراھلىرىدىن زىئاڭ، لى جىن، شياۋ خۋا، ۋېي جۈ قاتارلىقلارنى تۈۋرۈككە باغلاپ 100 پالاق ئۇرغۇزغان، ئۇلاردىن شياۋ خۋا بىلەن ۋېي جۈ نەق مەيداندا تاياقتا پايلىماي ئۆلۈپ كەتكەن. 788 ـ يىلى ئۇيغۇرلار يەنە تەييۈەنگە بېسىپ كىرىپ، ئوندىن ئارتۇق ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ، ئاھالە ۋە مال ـ مۈلۈكلەرنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلغان. بۆگۈ قاغان ۋە كىچىك نىڭگو مەلىكىدىن تۇغۇلغان ئىككى شاھزادىسى مىلادىيە 779 ـ يىلى بۆگۈ قاغاننىڭ تاغىسى ئىچكى بۇيرۇقلار بېشى تونباغا تارقاننىڭ ئوردىدا قوزغىغان سىياسىي ئۆزگىرىشنىڭ قۇربانى بولغان، يەنى بۆگۈ قاغان، ئۇ ـ نىڭ ئائىلىسىدىكىلىرى ۋە سوغدى قوللىغۇچىلىرىدىن بولۇپ 2000 دىن كۆپ ئادەم ئۆلتۈرۈلگەن. تونباغا خانلىق ھاكىمىيىتىـ ـنى قولغا كىرگۈزۈۋېلىپ، ئۆزىنى قاغان دەپ جاكارلىغان. ئەمەـ ـلىيەتتە بۇ ئوردىدىكى ھوقۇق تالىشىش كۈرىشى بولۇپلا قالماسـ ـتىن، يەنە مانى دىنى بىلەن شامان دىنى ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش ئىدى. «تاڭنامە» لەردە خاتىرىلىنىشىچە، كىچىك نىڭگو مەلىكە بۆگۈ قاغان ئۆلگەندىن كېيىن تۇل قالغان ھەم كۆنىمۇ ئانچە ياخشى ئۆتمەي، مىلادىيە 791 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن. شۇ يىلى 5 ـ ئايدا «ئۇيغۇرلار ئەلچى تارقان قاتارلىقلارنى تاڭ سۇلالىسىگە ئەۋەـ ـتىپ كىچىك نىڭگو مەلىكىنىڭ ۋاپات بولغانلىقىنى ئۇقتۇرغان، بۇنىڭدىن قاتتىق قايغۇرغان تاڭ سۇلالىسى ئوردىدا ئۈچ كۈن ماتەم تۇتقان» ㉕. كىچىك نىڭگو مەلىكە مىلادىيە 758 ـ يىلىدىن

مىلادىيە 791 ـ يىلىغىچە جەمئىي 33 يىل ئۇيغۇرلار ئىچىدە
ياشىغان.

ئۇچىنچىسى، شيەنئەن مەلىكە. ئۇ تاڭ سۇلالىسى پادىشاھى
تاڭ دېزۇڭنىڭ (779 — 805 ـ يىللار) سەككىزىنچى قىزى
ئىدى، ئۇ ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قاغانى ئالپ قۇتلۇق بىلگە
قاغان (يەنى تونباغا تارقان، 779 — 789 ـ يىللىرى تەختتە
ئولتۇرغان) غا ياتلىق قىلىنغان. تۇنباغا تارقانىنىڭ نامى «تېرخىن
مەڭگۇ تېشى» دا ئىچكى بۇيرۇقلار بېشى ئىنانچۇ باغا تارقان دەپ
ئاتىلىدۇ. ئۇ ئەسلىدە بۆگۇ قاغانىنىڭ تاغىسى بولۇپ، ئوردىدا چوڭ
ھوقۇق ۋە ئىمتىيازغا ئىگە باش ۋەزىر (يەنى ئىچكى بۇيرۇقلار
بېشى) بولغان. بۆگۇ قاغان ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن مەزگىلنىڭ
ئاخىرقى يىللىرىدا، تاڭ سۇلالىسى بىلەن ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى-
نىڭ مۇناسىۋىتى ئانچە ياخشى بولمىغان، بۇنىڭغا بۆگۇ قاغانىنىڭ
تاڭ سۇلالىسىگە قوشۇن باشلاپ كىرىپ ئۆڭلۈك ـ سۆيگۈن توپىلى-
ڭىنى تىنچىتىشتا ۋە 763 ـ يىلى تىبەتلەرنى چاڭئەندىن قوغلاپ
چىقىرىشتا كۆرسەتكەن تۆھپىلىرىنى پەش قىلىپ، تاڭ سۇلالىسى-
نى ھەر يىلى ئۇيغۇرلار ئۇچۇن ئېغىر ئولپانلارنى تاپشۇرۇشقا
قىستىغانلىقى، 764 ـ يىلى قېيناتىسى بۆگۇخۇەيئىن تاڭ سۇلالى-
سىگە قارشى ئىسيان كۆتۈرگەندە، ئۇنى قوللاپ تاڭ سۇلالىسىگە
بىرقانچە قېتىم باستۇرۇپ كىرگەنلىكى قاتارلىقلار سەۋەب بولغان.
ئۇنىڭدىن سىرت، بۆگۇ قاغان ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى-
دا ئوردا ئىچىدىمۇ ھوقۇق ـ مەنپەئەت تالىشىش كۈرەشلىرى ئەۋج
ئېلىپ، ھۆكۈمرانلار ئىچىدە ئىككى گۇرۇھ شەكىللىنىپ چىق-
قان، بىر گۇرۇھقا بۆگۇ قاغانىنىڭ يېقىن قوللىغۇچىلىرى بولغان
سوغدىلار ۋە مانى دىنىنىڭ ئۆلىمالىرى ۋەكىللىك قىلغان، ئۇلار
تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئاجىزلىقى ۋە ئۇلاردىن كېلىدىغان بايلىقلارنى
كۆزلەپ، تاڭ سۇلالىسىگە داۋاملىق ھەربىي بېسىم ئىشلىتىشنى،
ئۇلانى تېخىمۇ كۆپ ئولپان تاپشۇرۇشقا، چاڭئەن، لوياڭ قاتارلىق
شەھەرلىرىدە ئۇيغۇرلارغا تېخىمۇ كۆپ ئىمتىياز ـ ھوقۇقلارنى
بېرىشكە مەجبۇرلاشنى تەشەببۇس قىلغان. يەنە بىر گۇرۇھقا بۆگۇ
قاغانىنىڭ تاغىسى، ئىچكى بۇيرۇقلار بېشى تۇنباغا تارقان ۋە ئوردا

ئىچىدىكى تاڭ سۇلالىسى پەرەس ئەمەلدارلار، شامان دىنىنىڭ باخشىلىرى ۋەكىللىك قىلغان، ئۇلار بۆگۈ قاغاننىڭ تاڭ سۇلالىسىگە ھەربىي بېسىم ئىشلىتىشىدىن كۆرە، مانى دىنىنى يۆلەپ دۆلەت دىنى قىلىپ، شامان دىنىنى بېسىشقا بەكرەك نارازى بولۇپ، پۇرسەت تېپىپ بۆگۈ قاغاندىن ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىش قەستىدە بولغان. دەل مۇشۇنداق ۋەزىيەتتە، 779 - يىلى بۆگۈ قاغان سوغدى ۋە مانى دىنى ئۆلىمالىرىنىڭ دەۋىتى بىلەن تاڭ سۇلالىسىگە بېسىپ كىرمەكچى بولغان، بۇ ئىككى گۇرۇھ ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈپ، تونباغا تارقاننىڭ ئوردا سىياسىي ئۆزگۈرۈشىنى قوزغاپ، بۆگۈ قاغان ۋە ئۇنىڭ يېقىنلىرىنى ئۆلتۈرۈپ، قاغانلىق ھوقۇقىنى تارتىۋېلىش ۋەقەسىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. بۇ توغرىدا «كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» دە: «دېزۇڭ تەختكە چىققان دەسلەپكى يىلى ئوردا مىراقۇلى لياڭ ۋېنشيۇ مۇسىبەت خەۋىرىنى (بۇ چاغدا، يەنى 779 - يىلى 5 - ئايدا تاڭ دەيزۇڭ ئۆلگەنىدى) ئۇيغۇرلارغا يەتكۈزگىلى ھەم بۇرۇنقى يېقىنچىلىقنى ئەسلىگە كەلتۈرگىلى باردى، لېكىن قاغان ئىدىكەن ئازراقمۇ ھۆرمەت بىلدۈرمىدى، ئەكسىچە توققۇز غۇزلارنىڭ ئۇيغۇرلار تەۋەلىكىدىكىلىرى ئۇنى سۇلالىمىزگە قىزىقتۇردى، قاغان پۈتۈن خەلقنى جەنۇبقا ئاتلاندۇرۇپ، مۇسىبىتىمىزدىن پايدىلانماقچى بولدى، ئۇنىڭ ۋەزىرى تونباغا تارقان: ‹ تاڭ سۇلالىسى چوڭ ئەل، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ بىزگە يامانلىق قىلمىدى، ئالدىنقى يىلى تەييۈەنگە كىرگەندە نەچچە تۈمەن ئات، قويلارنى ئېلىپ قايتتۇق، مانا بۇ زور غەلىبە، يول ئىنتايىن مۇشەققەتلىك، مەنزىلگە يېتىپ بارغۇچە قوشۇن يول ئازابىدا تۈگىشىپ كېتىدۇ، ناۋادا ئۇرۇشقان بىلەن نۇسرەت قازىنالمىساق، ئامان قايتىپ كېلەلەيمىزمۇ؟ › دېدى. لېكىن قاغان قۇلاق سالمىدى. تۇنباغا كىشىلەر قەلبىنىڭ مايىللىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۇنى ۋە ئۇنىڭ يېقىنلىرىنى ھەمدە توققۇز غۇزلاردىن 2000 ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. تۇنباغا ئۆزى تەختكە چىقىپ ئالپ قۇتلۇق بىلگە قاغان دەپ ئاتالدى ھەم جيەن تارقاننى ۋېن شيۇغا قوشۇپ، ئوردىغا مەلۇم قىلىشقا ئەۋەتتى. ئوردا جيەنجاۋ ئايمىقىنىڭ بېگى يۈەنشيۇنى ئەلچىلىك دەستى-

كى بىلەن ئەلچى قىلىپ ئەۋەتىپ، ئۇنىڭغا ئادالەت يولىدا خىزمەت
كۆرسەتكەن باھادىر قاغان دەپ نام بەردى» [26] دېيىلگەن. تاڭ
دېزوڭ تۇنباغا ئەلچى ئەۋەتىپ نام بېرىش جەريانىدا ئىككى خانلىق
ئوتتۇرىسىدا «تۇدۇڭ ۋەقەسى» دەپ ئاتالغان بىر ۋەقە يۈز بەرگەن.
يەنى 780 ـ يىلى تاڭ ئەلچىسى يۈەن شيۇ تېخى ئۇيغۇر قاغانلىقىغا
يېتىپ بارماستا، تاڭ سۇلالىسىگە سودا قىلىشقا كەلگەن تۇدۇڭ
باشچىلىقىدىكى ئۇيغۇر كارۋانلىرى چاڭئەندە تۇرۇشلۇق بىر قىسىم
ئۇيغۇر ۋە سوغدى سودىگەرلىرىنى ئېلىپ ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىغا
قاراپ يولغا چىققان، ئۇلار جىن ۋۇغا (ھازىرقى ئىچكى موڭغۇل-
نىڭ خېلىنگىر خۇشۇنى) كەلگەندە بىرنەچچە ئاي تۇرۇپ قالغان.
جىن ۋۇ قورغىنىنىڭ دورغاپى جاڭ گۇاڭچېڭ پادىشاھ تاڭ دېزوڭ-
نىڭ ئۇيغۇرلار بىلەن ئاداۋىتى بارلىقىنى بىلگەچكە (يەنى تاڭ
دېزوڭ ۋەلىئەھد چېغىدا 762 ـ يىلى بۆگۈ قاغان تەرىپىدىن
قاتتىق ھاقارەتلەنگەن)، ئۆز پادىشاھىنىڭ ئەنتىنى ئېلىپ بېرىش
مەقسىتىدە قەستەن تۇدۇڭ قاتارلىق كىشىلەرنى، توققۇز غۇز سو-
دىگەرلىرىنى ئۆلتۈرۈپ ئۇلارنىڭ مال ـ مۈلكىنى مۇسادىرە قىلغان
ھەم ئوردىغا مەكتۇپ يوللاپ بۇ ئىشنى پادىشاھقا مەلۇم قىلغان.
تاڭ دېزوڭ ۋەقەدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن ئىشنىڭ ئېغىرلىقىنى
ھېس قىلىپ، دەرھال جاڭ گۇاڭچېڭنىڭ ۋەزىپىسىنى تۆۋەنلە-
تىپ، يۈەن شيۇنى تۇدۇڭ قاتارلىقلارنىڭ جەسىتىنى ئۇيغۇرلارغا
قايتۇرۇپ بېرىشكە ئەلچى قىلىپ ئەۋەتكەن. چۈنكى، تۇدۇڭ تۇنبا-
غا تارقاننىڭ تاغىسى ئىدى. لېكىن تۇنباغا قاغان تاڭ سۇلالىسىگە
نىسبەتەن دوستانە پوزىتسىيىدە بولغاچقا، ئۇيغۇرلار ئىچىدىكى تاڭ
سۇلالىسىدىن قىساس ئېلىش كەيپىياتىنى توسۇپ، «قاننى قان
بىلەن ئەمەس، قاننى سۇ بىلەن يۇيۇش» چارىسى ئارقىلىق بۇ
ۋەقەنى ھەل قىلغان ھەم «تۇدۇڭ ۋەقەسى» نىڭ تۆلىمى ئۈچۈن تاڭ
سۇلالىسىدىن تېخى تۆلەپ بولالمىغان ئاتلارنىڭ قەرزىنى قايتۇ-
رۇشنى، ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر مىليون 800 مىڭ توپ يىپەك رەختنى
تېزدىن تۆلەپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان[27]. تاڭ سۇلالىسى دەرھال
ئاردا يىرىكچىلىك چىقىپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ ئۇيغۇرلارغا ئالدىن
100 مىڭ توپ شايى، 100 مىڭ سەر كۈمۈش تۆلەم بەرگەن. تاڭ

دېزۇڭ يەنە شەخسەن ئۆزى تونباغا قاغانغا مەكتۇپ يوللاپ: «ئە-نىمنىڭ مەكتۇپىنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ مەزمۇنى ئۈستىدە ئۇزاققىچە ئويلاندىم ھەم ئۆزۈمگە تەسەللى بەردىم. ئىنىم تۇنباغا سىز تالانتىڭىز ۋە بىلىم دائىرىڭىزنىڭ كەڭلىكى جەھەتتە باشقىلاردىن ئېشىپ چۈشىسىز، باشقىلارغا مېھىر - شەپقەت قىلىسىز، قوشنا ئەللەر بىلەن ئىناق ئۆتىسىز، قائىدە - يوسۇنلارنى ياخشى چۈشىنىسىز، قارنى - كۆكسىڭىزنىڭ كەڭلىكى بىلەن يېغىلىقلارنى تۈگىتىپ، پەزىلىتىڭىزنى نامايان قىلدىڭىز»㉘ دېگەن.

ئالپ قۇتلۇق بىلگە قاغان تاڭ سۇلالىسى بىلەن ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن، مىلادىيە 787 - يىلى تاڭ سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتىپ قۇدىلىشىشنى تەلەپ قىلغان، لېكىن تاڭ دېزۇڭ ئۇيغۇرلار بىلەن بولغان ئىلگىرىكى ئاداۋىتىنى كۆڭلىدىن چىقىرىۋەتمەي، ئۇيغۇرلار بىلەن قۇدىلىشىشقا ئۇنىماي، يەنىلا ئىزچىل تىبەتلەر بىلەن ئىتتىپاقلىشىش سىياسىتىدە چىڭ تۇرۇۋالغان. چۈنكى، 783 - يىلى تاڭ دېزۇڭ تىبەتلەر بىلەن چىڭشۈي كېلىشىمى (چىڭشۈي ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىدە) نى تۈزگەن بولۇپ، بۇ كېلىشىم تاڭ سۇلالىسى بىلەن تىبەتلەرنىڭ ئۇيغۇرلارغا قارشى ئىتتىپاقىنىڭ ئورنىتىلىشى ئىدى. لېكىن تىبەتلەر تاڭ سۇلالىسىگە نىسبەتەن باشتىن - ئاخىر دوستلۇقنى مۇھىم دەپ تونۇماستىن، بەلكى ئۇنىڭ ئاجىزلىقىدىن پايدىلىنىپ، يەر - ئاھالە بۇلۇۋېلىشنى مەقسەت قىلىپ كەلگەن، شۇڭا تىبەتلەر بىلەن تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئىتتىپاقى ناھايىتى تېزلا پارچىلىنىپ، تىبەتلەر 787 - يىلى ۋە 788 - يىللىرى ئارقا - ئارقىدىن تاڭ سۇلالىسى زېمىنلىرىغا باستۇرۇپ كىرىپ، نۇرغۇن-لىغان ئايماقلارنى ئىشغال قىلىۋېلىپ، تاڭ سۇلالىسىگە ئېغىر تەھدىت پەيدا قىلغان. نەتىجىدە تاڭ دېزۇڭ ۋەزىر لى بىننىڭ شىمالدا ئۇيغۇرلار بىلەن، جەنۇبتا جەنۇبىي جاۋلار بىلەن، غەربتە ئەرەبلەر، ھىندىستان بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، تىبەتلەرنى تۆت تە-رەپتىن ئىسكەنجىگە ئېلىش تەدبىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئاخىرى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن يارىشىشقا ماقۇل بولغان㉙. مىلادىيە 787 - يىلى 8 - ئايدا ئالپ قۇتلۇق بىلگە قاغان تاڭ سۇلالىسىگە

ئەلچى ئەۋەتىپ يەنە قۇدىلىشىشنى تەلەپ قىلغان، بۇنىڭ بىلەن تاڭ
دېزۇڭ ئۆزىنىڭ سەككىزىنچى قىزىنى ئالىپ قۇتلۇق بىلگە قاغانغا
ياتلىق قىلىشقا ماقۇل بولغان. شۇ يىلى 10 ـ ئايدا ئالىپ قۇتلۇق
بىلگە قاغان ۋەزىرى ئادىز باشچىلىقىدىكى 1000 دىن ئارتۇق كىـ
شىنى، سىڭلىسى باشچىلىقىدىكى 50 نەپەر ئېسىلزادە خېنىمنى
تاڭ سۇلالىسىگە بېرىپ شىيەنئەن مەلىكىنى كۆچۈرۈپ كېلىشكە
ئەۋەتكەن ھەم تاڭ دېزۇڭغا: «بۇرۇن ئاغا ـ ئىنى ئىدۇق، ئەمدى
كۈيئوغۇل بولدۇم. كۈيئوغۇل — يېرىم ئوغۇل دېمەكتۇر، ياتلارـ
نى يوقىتىشتا قوشۇن باشلاپ جەڭگە چىقىشقا تەييارمەن»[30] دېگەن
مەزمۇندا مەكتۇپ ئەۋەتكەن، شۇنداقلا ئۇيغۇرلارنىڭ نامىنىڭ خەنـ
زۇچە خۇيخې ( 回纥 ) دېگەن يېزىلىشىنى «شۇڭقاردەك پەرۋاز
قىلغۇچى» دېگەن مەنىدىكى خۇيخۇ ( 回鹘 ) غا ئۆزگەرتىشنى تەلەپ
قىلغان (بىر قىسىم تارىخشۇناسلار تاڭ سۇلالىسىنىڭ خۇيخېنى
خۇيخۇغا ئۆزگەرتىشنى مىلادىيە 809 ـ يىلى، يەنى ئورخۇن
ئۇيغۇر خانلىقىدا ئاي تەڭرىدە قۇت بولمىش ئالىپ بىلگە قاغان
تەختتە ئولتۇرغان دەۋردە بولغان ئىش، چۈنكى ئۇيغۇرلارنىڭ نامى
بولغان خۇيخېنىڭ خۇيخۇغا ئۆزگەرتىلگەنلىكىنىڭ ئەھمىيىتى ئاـ
ساسلىقى ئادىز ئۇرۇقىنىڭ ياغلاقار ئۇرۇقىنىڭ ئورنىنى ئېلىپ،
قاغانلار چىقىدىغان ھۆكۈمران ئۇرۇق بولۇشىدا ئىپادىلىنىدۇ، دەپ
قارىشىدۇ[31]) . شۇنىڭ بىلەن شىيەنئەن مەلىكە مىلادىيە 789 ـ
يىلى 7 ـ ئايدا ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ پايتەختى ئوردۇبالىققا
كېلىپ، ئالىپ قۇتلۇق بىلگە قاغانغا قاتۇن بولغان، تاڭ سۇلالىسى
شىيەنئەن مەلىكىگە پاراسەتلىك، دىيانەتلىك، ئۇزاق ئۆمۈرلۈك ۋاـ
پادار قاتۇن دەپ نام بەرگەن. لېكىن شىيەنئەن مەلىكە ياتلىق
قىلىنىپ ئىككى ئايدىن كېيىن ئالىپ قۇتلۇق بىلگە قاغان ۋاپات
بولۇپ، ئورنىغا ئوغلى تالاس (يەنى تاراس) تەختكە چىقىپ،
تەڭرىدە بولمىش كۈلۈگ بىلگە قاغان ياكى ئاي تەڭرىدە قۇت
بولمىش كۈلۈگ بىلگە قاغان (789 ـ 790 ـ يىللار تەختتە
ئولتۇرغان) دەپ ئاتالغان. بىراق، 790 ـ يىلى 3 ـ ئايدا ئىنىسى
تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈپ («يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى»
دە كىچىك قاتۇنى يابغۇ مەلىكە تەرىپىدىن زەھەر بېرىپ ئۆلتۈرۈلـ

گەن دېيىلىدۇ)، ھاكىمىيەت ئىنىسىنىڭ قولىغا ئۆتكەن. بۇ چاغدا چوڭ سانغۇن ئىل ئۆگەسى (يەنى باش ۋەزىر ياكى ئىچكى بۇيرۇقلار بېشى) بېشبالىق تەرەپلەردە تىبەتلەر بىلەن ئۇرۇش قىلىۋاتقان بولغاچقا، ئىككىنچى قول ۋەزىر يۇقرالارغا باشچىلىق قىلىپ، تەختنى تارتىۋالغۇچىنى ئۆلتۈرۈپ، ساداقەتمەن، دىيانەت-لىك قاغان تالاسىنىڭ ئەمدىلا 16 — 17 ياشلارغا كىرگەن ئوغلى ئايچۇرنى قاغان قىلىپ تىكلىگەن. ئۇ قۇتلۇق بىلگە قاغان (790 — 795 - يىللار تەختتە ئولتۇرغان) دەپ ئاتالغان، تاڭ سۇلالىسى ئۇنىڭغا ساداقەتمەن قاغان دەپ نام بەرگەن. ساداقەتمەن قاغان ئايچۇر دەۋرىدە ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن غەربتىكى قارلۇق، تۈركەش، شاداپىت قاتارلىق قارام قەبىلىلەرنىڭ مۇناسىۋىتى يې-رىكلىشىپ، قارلۇق قاتارلىقلار پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ تىبەتلەر بىلەن بىرلىشىپ، مىلادىيە 789 - يىلى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى-نىڭ غەربىي زېمىنى بولغان بېشبالىق قاتارلىق جايلارغا ھۇجۇم قىلغان ھەم 790 - يىلى بىر مەزگىل بۇ رايونلارنى بېسىۋالغان. بۇ ھەقتە «كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» دە: «تىبەتلەر قارلۇقلار، ئاق كىيىملىك تۈركلەرنىڭ قوۋملىرىنى باشلاپ قىشتا بېشبالىققا ھۇجۇم قىلدى، ئۇيغۇرلارنىڭ چوڭ ۋەزىرى ئىل ئۆگە-سى قوشۇن باشلاپ كەلگەن بولسىمۇ، بىراق مەغلۇپ بولدى، تىبەتلەر قىستاپ ھۇجۇم قىلىپ كەلگەچكە، بېشبالىق ئاھالىسى ئازاب ئىچىدە قېلىپ ئاخىر شەھەردىن چىقىپ تەسلىم بولدى، شاداپىت قەبىلىسىمۇ تەسلىم بولدى، ئىل ئۆگەسى مەغلۇپ بولغاچ-قا، قارلۇقلار پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ بۆت سايىنى بېسىۋالدى، ئۇيغۇرلار ساراسىمىگە چۈشتى، غەربىي شى-مالدىكى قەبىلىلەر قوي، ئاتلىرىنى قاغان ئوردىسىنىڭ جەنۇبىغا كۆچۈرۈپ كېلىپ پاناھلاندى» ㉜ دېيىلگەن. لېكىن بېشبالىق ئور-خۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ غەربىي رايونلارنى ئىدارە قىلىشىدىكى ئەڭ مۇھىم قورغىنى، شۇنداقلا يىپەك يولى سودىسىنى تىزگىنلەپ تۇرىدىغان مۇھىم شەھىرى بولغاچقا، ئايچۇر قاغان پۈتۈن كۈچىنى ئىشقا سېلىپ، تىبەت - قارلۇق ئىتتىپاقىغا ئومۇميۈزلۈك قارشى تۇرۇپ، ئاخىرى 791 - يىلى ئىل ئۆگەسى باشچىلىقىدا بېشبالىق

قاتارلىق جايلارنى تىبەتلەردىن قايتۇرۇۋالغان. «ئىككىنچى يىلى ياغلاقار لىڭ ( 灵 ) نى تاڭ سۇلالىسىگە ئەلچى قىلىپ ئەۋەتىپ، تىبەتلەر بىلەن قارلۇقلارنى بېشبالىقتا ئېغىر مەغلۇپ قىلغانلىقىنى خەۋەر قىلغان. ئايچۇر قاغان تەختتە ئاران ئالتە يىل ئولتۇرۇپ، مىلادىيە 795 ـ يىلى ۋاپات بولغان. ئۇنىڭ ئوغلى بولمىغانلىقتىن ئورنىغا پۇقرالىرى ۋەزىر قۇتلۇقنى تەختكە چىقارغان، تاڭ سۇلالىسى قۇتلۇققا ئاي تەڭرىدە ئۇلۇغ بولمىش كۆلۈگ بىلگە ئىشەنچ قۇچقان قاغان دەپ نام بەرگەن. مەڭگۈ تاشلاردا قۇتلۇقنىڭ نامى تەڭرىدە ئۇلۇغ بولمىش ئالپ قۇتلۇق ئۇلۇغ بىلگە قاغان دەپ ئاتىلىدۇ (795 — 805 ـ يىللار تەختتە ئولتۇرغان) . «يېڭى تاڭنامە» دە خاتىرىلىنىشچە، «قۇتلۇق ئەسلىدە ئادىز (يەنى ئاتىز) ئۇرۇقىدىن بولۇپ، كىچىك ۋاقتىدا يېتىم قالغان، ئۇنى چوڭ سەركەردىلەر (يەنى ئاقساقاللار) بېقىپ چوڭ قىلغان، ئۇنىڭ ئەلەم ماھارىتى ئىنتايىن يۇقىرى بولۇپ، ئادالەت يولىدا خىزمەت كۆرسەتكەن باھادىر قاغان تۇنباغا دەۋرىدە ھەربىي ئىشلارغا مەسئۇل بولغان، ھەرقايسى چوڭ ئاقساقاللار ئۇنى ناھايىتى ھۆرمەتلىگەن»㉝. ئورخۇن مەڭگۈ تاشلىرىدىكى خاتىرىلەردىن ۋە تاڭنامىلەردىكى مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، قۇتلۇق قاغان تەختكە چىققاندىن كېيىن ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدا خاندانلىق ئالمىشىپ، ئەسلىدىكى ئەنئەنىۋى قاغان جەمەتى بولغان ياغلاقار ئۇرۇقىنىڭ ئوردا ئىچىدىكى ۋە باشقا ئىمتىياز ئۇرۇقلار ئىچىدىكى ئورنى ۋە ئابرۇيى تەدرىجىي ئاجىزلاپ، ئەزەلدىن ياغلاقار جەمەتىنىڭ يېقىن ئىتتىپاقچىسى بولۇپ كېلىۋاتقان ئادىز جەمەتىنىڭ ئورنى ۋە تەسىرى ئېشىپ بېرىپ، قاغانلىق ھوقۇقى ئادىز جەمەتىنىڭ قولىغا ئۆتكەن. قۇتلۇق قاغان ناھايىتى قابىلىيەتلىك دۆلەت ئەربابى، مەشھۇر ھەربىي ئالىم بولۇپ، ئۇنىڭ دەۋرىدە ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى قايتىدىن گۈللىنىپ «تىبەتلەر بىلەن قارلۇقلارنىڭ كۈچىنى بويسۇندۇرغان، ھەتتا يىراقتا سىر دەرياسى رايونلىرىنى باشقۇرغان. شەرق تارىخنامىلىرىدە ئوتان بۆگۈ قاغان، غەرب تارىخنامىلىرىدە بولسا بۆگۈ قاغان دەپ ئاتالغان» . مەلىكە شيەنئەننىڭ تەقدىرىمۇ ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدىكى بۇ مۇرەككەپ سىياسىي ئۆزگىرىشلەرنىڭ تەسىـ

رىگە ئۇچرىماي قالمغان. شۇڭا «تاڭ سۇلالىسىگە دائىر مۇھىم خاتىرىلەر. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» دە: «ئادالەت يولىدا خىزمەت كۆرسەتكەن باھادىر قاغان (تۇنباغا) ئۆلۈپ، ئوغلى ساداقەتمەن دىيانەتلىك قاغان (تالاس) تەختكە چىقتى، ساداقەتمەن دىيانەتلىك قاغان ئۆلۈپ، ئوغلى ساداقەتمەن قاغان (ئايچۇر) تەختكە چىقتى، ساداقەتمەن قاغان ئۆلگەندىن كېيىن پۇقرالىرى ئۇنىڭ ۋەزىرىنى تەختكە چىقاردى، ئۇ ئىشەنچ قۇچقان قاغان (قۇتلۇق) دەپ ئاتالدى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى غۇزلارنىڭ ئادىتى بويىچە مەلىكىنى قاتۇنلۇققا ئالدى» دەپ خاتىرىلەنگەن. ماتېرىياللارغا قارىغاندا، شيەنئەن مەلىكە ئۇيغۇرلار ئىچىدە 788 ـ يىلدىن 808 ـ يىلغىچە جەمئىي 20 يىل تۇرغان. مىلادىيە 808 ـ يىلى ئۇيغۇرلار ئەلچى ئارقىلىق تاڭ سۇلالىسىگە شيەنئەن مەلىكىنىڭ ۋاپات بولغانلىقىنى ئۇقتۇرغان، تاڭ سۇلالىسى مەلىكىنىڭ ئۆلۈمىگە ئوردىدا ئۈچ كۈن قارىلىق تۇتقان ھەم ئۇيغۇرلارغا مەكتۇپ يوللاپ مەلىكىگە بولغان تەزىيىسىنى بىلدۈرگەن. مەكتۇپتا: «ئىززەت ـ ئىكرام يۈزىسىدىن قۇدىلىشىشنى مۇھىم بىلىپ، سۇلالىمىزنىڭ ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، توققۇز ئۇيغۇرلارغا مېھرىمىزنى ئىزھار قىلىپ مەلىكىنى ياتلىق قىلدۇق، يىراقتىكى قوۋملار بىلەن ئالاقىمىزنى كۈچەيتىش ئۈچۈن قۇدىلىشىشنى ھەم ياخشى قائىدە ـ يوسۇنلارنى ساقلاش، ئىناق ئۆتۈش، ئېسىل پەزىلەتلىك بولۇش لازىم، سىز ئۇ يەردە ئېسىل ئەخلاق ـ پەزىلىتىڭىزنى نامايان قىلدىڭىز، بۇ پەزىلىتىڭىزگە ئەبەدىي ۋارىسلىق قىلىنغاي. ئەمما، مەلىكە ۋاقىتسىز ئالەمدىن ئۆتكەچكە ئۇنىڭ پەزىلىتى داۋاملاشمىدى، مەن ئۇنى ناھايىتى قەدىرلىگەچكە ۋاپاتىدىن تولىمۇ ئەپسۇسلاندىم، دەپنە مۇراسىمىغا قاتنىشىشقا ئەلچى ئەمەلدارلارنى ئەۋەتتىم، شۇڭا يىراقتا بولساقمۇ نەزىر ـ چىراغ قىلىپ، مەلىكىگە بولغان تەزىيىمىزنى ئىزھار قىلىمىز» دېيىلگەن.

تۆتىنچىسى، تەيخې مەلىكە. ئۇ تاڭ سۇلالىسى پادىشاھى تاڭ شۈەنزۇڭنىڭ قىزى، تاڭ مۇزۇڭنىڭ (821 — 824 ـ يىللار) سىڭلىسى ئىدى، ئۇ كۈن تەڭرىدە ئۇلۇغ بولمىش ئالپ قۇتلۇق بىلگە قاغانغا ياتلىق قىلىنغان. ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدا قۇتلۇق

قاغان ۋاپات بولغـاندىن كېيىن، ئورنىغا ئۇنىڭ نەۋرىسـى ئاي
تەڭرىـدە قۇت بولمىش كۈلۈگ بىلگـە قاغان (805 — 808 ـ
يىللار تەختتە ئولتۇرغان) تەختكە چىققان. «يېڭى تاڭنامە» دە:
«يۈەنخې تۈنجى يىلى (805 ـ يىلى) قاغان ۋاپات بولدى، ھۆدەي-
چى مەھكىمىسىنىڭ ياندىش ئەدلىيە بېگى سۈن گاۋ پەرمان بويىچە
ئۇنىڭغا تەڭرىدە ئالىپ كۈلۈگ بىلگە قاغان دەپ نام بەردى» [34]
دېيىلگەن. لىن گەن ئەپەندى: «‹توققۇز ئۇيغۇر قاغان مەڭگۈ
تېشى› نىڭ خەنزۇچە قىسمىدا بۇ قاغاننىڭ نامى تەڭرى يابغۇ كۈل
بىلگە قاغان دەپ يېزىلغان» دېگەن. تەڭرى قاغان ئورخۇن ئۇيغۇر
خانلىقىنىڭ يەنە بىر مەشھۇر قاغانى بولۇپ، گەرچە ئۇنىڭ ھاكىمى-
يەت يۈرگۈزگەن ۋاقتى قىسقا بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ دەۋرىدە مانى
دىنى قايتىدىن گۈللىنىپ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا
تارقىلىپ كىرگەن، ئۇيغۇرلار غەربىي يۇرتتا تىبەتلەرنى مەغلۇپ
قىلىپ تارىم ۋادىسىنى قايتۇرۇۋالغان. «يېڭى تاڭنامە» دە: «يۈەن-
خې تۈنجى يىلى (806 ـ يىلى) مانى دىنى ئۇيغۇرلارغا تارقالغان-
دىن بۇيان، ئۇنىڭ ئەقىدىسى بويىچە كەچ بولغاندا تاماق يېيىلىپ،
سۇ ئىچىلىدىغان بولدى، گۆشلۈك غىزا يېيىلمەيدىغان، قېتىقمۇ
ئىچىلمەيدىغان بولدى، قاغان دائىم مانىلار بىلەن دۆلەت ئىشلىرى
توغرىسىدا مەسلىھەتلىشىپ تۇرىدىغان بولدى» [35] دېيىلگەن. «تاڭ
مەكتۇپلىرى» دا: «ئۇيغۇرلار خېنەن مەھكىمىسى، تەييۈەن مەھ-
كىمىسىـدە مانى ئىبادەتخانىسـى سېلىشنى تەلـەپ قىلغانىدى،
ئىجـازەت بېرىلدى»، «مانى دىنى تيەنباۋ (742 — 755 ـ
يىللار) يىللىرىدا جۇڭگودا مەنئى قىلىنغانىدى، سۇلالىمىز ئۇي-
غۇرلارنىڭ ئېتىقادىغا ھۆرمەت قىلغاچقا، بۇ دىننى تارقىتىشقا يول
قويۇپ، چاڭجياڭ، خۇەيخې دەرياسى ۋادىلىرىدىكى نەچچە ئون
بازاردا دىن تارقىتىشقا ئىجازەت بەردى» دېيىلگەن [36]. «توققۇز
ئۇيغۇر قاغان مەڭگۈ تېشى» نىڭ خەنزۇچە قىسمىدا: «تىبەتلەرنىڭ
چوڭ قوشۇنى كۈسەنگە قورشاپ ھۇجۇم قىلدى، تەڭرى قاغان
لەشكەر باشلاپ ياردەمگە كەلدى، تىبەتلەر چۆل ـ باياۋاندىكى يۇ
شۇغا قېچىپ بېرىۋالدى، تۆت تەرەپتىن تەڭ قورشىۋېلىنىپ بىرلا
ھۇجۇم بىلەن يوقىتىلدى، جەسەتلەر چىرىپ سېسىپ كەتكەن بول-

سىمۇ بىر تەرەپ قىلىندىغان ئادەملەر چىقمىدى»㊲ دەپ خاتىرىلەن-
گەن (بۇ يەردىكى يۇشۇ ھازىرقى قارا شەھەرنىڭ غەربىدە بولۇپ،
«يېڭى تاڭنامە. جۇغراپىيە تەزكىرىسى» دە: «قارا شەھەردىن
غەربتە 50 چاقىرىم يىراقلىقتا تۆمۈر قۇۋۇق بار، يەنە ئۇنىڭدىن
50 چاقىرىم يىراقلىقتا يۇشۇ قورولى بار، ئۇ غەربتە ئەنشى قورۇق-
چىبەگ مەھكىمىسىگە 560 چاقىرىم كېلىدۇ» دېيىلگەن)، يەنە
تەڭرى قاغانىنىڭ زور قوشۇن باشلاپ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سىر
دەرياسىغىچە يېتىپ بارغانلىقى، ئۇ رايونلارنىمۇ ئۆزىگە قاراتقانلىقى
خاتىرىلەنگەن. تەڭرى قاغانىنىڭ ۋاپات بولغان يىلى ھەققىدە كونا
ۋە يېڭى تاڭنامىلەردە ئېنىق خاتىرىلەر يوق، لېكىن نۆۋەتتە تەتقى-
قاتچىلار يېڭى ۋە كونا تاڭنامىلەردىكى، «كىتابلار جەۋھىرى»
دىكى بەزى مەلۇماتلارغا ئاساسەن، تەڭرى قاغان مىلادىيە 808 -
يىلى ۋاپات بولغان، دەپ قارايدۇ.

تەڭرى قاغاندىن كېيىن مىلادىيە 808 - يىلى ئاي تەڭرىدە
قۇت بولمىش ئالىپ بىلگە قاغان (808 — 821 - يىللار تەختتە
ئولتۇرغان) تەختكە چىققان، تاڭ سۇلالىسى پادىشاھى تاڭ شيەن-
زۇڭ ئوردا ئىشلىرى بېگى لى چېڭنى ئەلچى قىلىپ ئەۋەتىپ،
ئۇنىڭغا ئاي تەڭرىدە قۇت بولمىش ئالىپ بىلگە ئادالەت قۇچقان
قاغان (保义可汗) دەپ نام بەرگەن. مىلادىيە 812 - يىلى يەنە
كۈن تەڭرىدە قۇت بولمىش ئالىپ بىلگە قاغان دەپ نام بەرگەن.
ئادالەت قۇچقان قاغان ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن يىللاردا ئورخۇن
ئۇيغۇر خانلىقى ئەڭ قۇدرەت تاپقان (بەزىلەر ئادالەت قۇچقان قاغان-
نى ياغلاقار ئۇرۇقىدىن ئىدى دەيدۇ)㊳. «توققۇز ئۇيغۇر قاغان
مەڭگۈ تېشى» ۋە «تاڭنامە» لەردىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا،
مىلادىيە 808 - يىلى تىبەتلەر بىلەن قارلۇقلار ئۇيغۇرلارغا قارشى
قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، كۈسەن ۋە ئاگنى (قارا شەھەر) نى
بېسىۋالغان، ئادالەت قۇچقان قاغان زور قوشۇننى باشلاپ غەربكە
يۈرۈش قىلىپ تىبەتلەر بىلەن قارلۇقلارنى ئاگنىدا مەغلۇپ قىل-
غان. تىبەتلەر بىلەن قارلۇقلار غەربكە قاراپ قاچقان، ئادالەت
قۇچقان قاغان ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ زەربە بېرىپ، ئاقسۇ،
يەكەن، ئۇدۇن (خوتەن)، قەشقەرلەرنى قايتۇرۇۋېلىپ، سىر دەر-

ياسىنى بويلاپ پەرغانە ۋە سوياپلارنى ئىشغال قىلغان، غەربىي
رايوننىڭ كۆپ قىسىم يەرلىرى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ھۆ-
كۇمرانلىقىغا ئۆتكەن. ئادالەت قۇچقان قاغان غەربىي رايوننىڭ
يۈرىكى بولغان بالاساغۇن، كۇسەن ۋە بېشبالىق (جىمسار) لاردا
ئايرىم - ئايرىم نەچچە تۇمەندىن ئاتلىق قوشۇن ئورۇنلاشتۇر-
غان㊴. نەتىجىدە «شەرقىي ئاسىيا مەملىكىتى بولغان شەرقىي
ئۇيغۇر خانلىقى (ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى)، بۇغدا تېغى باغرىنى
(يەنى ھازىرقى شىنجاڭ رايونىنى) مەركەز قىلغان ئوتتۇرا ئاسىيا
ياكى غەربىي ئاسىيا دۆلىتىگە ئايلانغان»㊵. ئادالەت قۇچقان قاغان
يۈەنخې 8 - يىلى (813 - يىلى) 4 - ئايدا يەنە ئىناقچى باشچىلى-
قىدا تاڭ سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتىپ قۇدىلىشىشنى تەلەپ قىلغان.
تاڭ سۇلالىسى دەسلەپ مالىيە قىيىنچىلىقى ئېغىر ئىكەنلىكى،
نىكاھ مۇراسىمى ئۈچۈن بەش مىليون تىزىق يارماق كېتىدىغانلىقى-
نى باھانە قىلىپ، دەرھال قۇدىلىشىشنى رەت قىلغان، كېيىن
مۇراسىم بېگى لى جاڭ قۇدىلاشقاندا ئۈچ جەھەتتە پايدىلىق ئىكەنلى-
كىنى ھەم بەش جەھەتتە غەمدىن خالاس بولۇشقا بولىدىغانلىقىنى،
بولۇپمۇ ئۇيغۇرلار بىلەن قۇدىلىشىش ئارقىلىق شىمالىي چېگرا
رايوندىكى غەمدىن خالاس بولۇپ، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ خۇەي-
شى تەرەپلەردىكى تۇپىلاڭلارنى تىنچىتقىلى بولىدىغانلىقىنى، يەنە
ئۇيغۇرلاردىن پايدىلىنىپ تىبەتلەرنى تىزگىنلەشكە بولىدىغانلىقى-
نى، مەلىكىنىڭ تويىغا كېتىدىغان چىقىم پەقەتلا شەرقىي جەنۇبتى-
كى چوڭراق بىر ناھىيىدىن ئېلىنىدىغان باج - سېلىقىقا باراۋەر
كېلىدىغانلىقىنى، بۇنىڭ پايدىسى چوڭ، زىيىنى ئاز ئىش ئىكەنلى-
كىنى چۈشەندۈرگەندىن كېيىنلا، تاڭ شيەنزۇڭ ئاخىرى ئۇيغۇرلار
بىلەن قۇدىلىشىشقا ماقۇل بولغان㊶. «تاڭنامە» دە بۇ ھەقتە:
«ئۇيغۇرلار شيەنئەن مەلىكە ۋاپات بولغاندىن كېيىن، قۇدىلىشىش-
نى كۆپ قېتىم تەلەپ قىلدى، سۇلالىمىز ئۇلارنىڭ تەكلىپىگە
ئۇزاققىچە قوشۇلمىدى، يۈەنخېنىڭ ئاخىرقى يىلى (مىلادىيە
820- يىلى) ئۇلارنىڭ تەلىپى تېخىمۇ كۈچەيدى، پادىشاھ شيەن-
زۇڭ شىمالدىكى قوۋملارنىڭ ئوردا ئۈچۈن قوشقان تۆھپىلىرىنى
ھەمدە غەربىي رۇڭلارنىڭ ھەر يىلى چېگرىدا پاراكەندىچىلىك تۇغ-

دۇرۇۋاتقانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۇلارنىڭ قۇدىلىشىش تەكلىپىگە
قوشۇلدى» دېيىلگەن. شۇ چاغدا تاڭ شيەنزۇڭ ئۆز قىزى يۇڭئەن
مەلىكىنى ئادالەت قۇچقان قاغانغا ياتلىق قىلىپ بەرمەكچى بولغان،
بىراق مەلىكە تېخى ياتلىق قىلىنماي تۇرۇپلا ئادالەت قۇچقان قاغان
مىلادىيە 821 - يىلى 2 - ئايدا ۋاپات بولغان. بۇنىڭ بىلەن ئادالەت
قۇچقان قاغانغا نىكاھلىنىش ئىشى ئەمەلگە ئاشمىغان يۇڭئەن مەلى-
كە راھىبە بولۇۋالغان.

ئادالەت قۇچقان قاغان ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئورنى-
غا كۆن تەڭرىدە ئۇلۇغ بولمىش ئالپ قۇتلۇق بىلگە قاغان (821 —
824 - يىللار تەختتە ئولتۇرغان) تەختكە چىققان. تاڭ سۇلالىسى
ئەلچى ئەۋەتىپ ئۇنىڭغا تەڭرىدە ئۇلۇغ بولمىش ئالپ قۇتلۇق بىلگە
پەزىلەت قۇچقان قاغان (崇德可汗) دەپ نام بەرگەن㊷. ئۇنىڭ
دەۋرىدە ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى بىر تەرەپتىن داۋاملىق تاڭ سۇلا-
لىسى بىلەن قۇدىلىشىش سىياسىتىنى يۈرگۈزسە، يەنە بىر جەھەت-
تىن داۋاملىق غەربىي رايونغا بولغان ئىگىلىك ھوقۇقىنى مۇستەھ-
كەملەپ، تىبەتلەرنىڭ غەربىي رايوندىكى كۈچىنى تازىلاپ، تەسىر
كۈچىنى پامىرنىڭ غەربىدىكى جايلارغىچە ساقلاپ كەلگەن. «توق-
قۇز ئۇيغۇر قاغان مەڭگۈ تېشى» نىڭ 18 - قۇرىدىكى «قارلۇق،
تىبەتلەرنىڭ تۇغىنى يۇلۇپ تاشلاپ، سول قۇلاقلىرىنى كېسىۋې-
لىپ، تارمار بولغان قوشۇنلىرىغا قوغلاپ زەربە بەردى، غەربتە
پەرغانە دۆلىتىگىچە بېرىپ (ئۇلارنى) يېڭىپ، خەلقى بىلەن مال -
چارۋىلىرىنى ئولجا (ئەسىر؟) ئالدى» دېيىلگەن خاتىرىنى بەزىلەر
مانا مۇشۇ كۆن تەڭرىدە ئۇلۇغ بولمىش ئالپ قۇتلۇق بىلگە قاغان
دەۋرىدە بولغان ۋەقە، دەپ ھېسابلايدۇ. مىلادىيە 822 - يىلى تاڭ
سۇلالىسى پادىشاھى تاڭ مۇزۇڭ ئۇيغۇرلارنىڭ كۆن تەڭرىدە ئۇلۇغ
بولمىش ئالپ قۇتلۇق بىلگە قاغانغا ئۆز سىڭلىسىنى تەيخې مەلىكە
دېگەن نامدا ياتلىق قىلىپ بەرگەن ھەم مەلىكىگە رەھىمدىل،
ۋاپادار، لاتاپەتلىك، چېچەن، ئۇزۇن ئۆمۈرلۈك قاتۇن دەپ نام
بەرگەن. تەيخې مەلىكىنى ياتلىق قىلىشمۇ باشقا مەلىكىلەرنى يات-
لىق قىلغانغا ئوخشاش ئىنتايىن داغدۇغىلىق بولغان. بۇ ھەقتە
«كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» دە: «چاڭچىڭ تۇنجى يىلى

(821 ـ يىلى) 5 ـ ئايدا ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەزىرى، تۇتۇقى، مەلىكە-
سى، مانى ئۆلىماسى قاتارلىق 573 ئادەم مەلىكىنى كۆچۈرۈپ
ئېلىپ كېتىش ئۈچۈن ئوردىغا كەلدى. ئۇلار ھۇدەيچى مەھكىمە-
سىگە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. پادىشاھ پەرمان چۈشۈرۈپ تەيخې مەلە-
كىنى ئۇيغۇرلارغا ياتلىق قىلىدىغانلىقىنى جاكارلىدى»، «بۇ چاغدا
تىبەتلەر ئۇيغۇرلار بىلەن تاڭ سۇلالىسىنىڭ قۇدىلىشىدىغانلىقىدىن
خەۋەر تېپىپ، 6 ـ ئايدا چېگرەي قەلئەسىگە ھۇجۇم قىلدى. يەنجۇ
ئايمىقىنىڭ بېگى لى ۋېنيۇ قوشۇن باشلاپ بېرىپ چېكىندۈردى.
ئۇيغۇرلار تەيخې مەلىكىنىڭ ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىغا تىنچ ـ
ئامان كېلىشى ئۈچۈن كۆسەندىن ئون مىڭ ئاتلىق ئەسكەر، بېشبا-
لىقتىن ئون مىڭ ئاتلىق ئەسكەر چىقىرىدىغانلىقى توغرىسىدا مەك-
تۇپ سۇندى»㊸، «چاڭچىڭ 2ـ يىلى (822 ـ يىلى) 2 ـ ئايدا
مۇھاپىزەتچىلەر ياساۋۇلخانىنىڭ چوڭ سانغۇنى خۇجېڭ، يانداش
كېڭەش بېگى لى شيەن، نىكاھ ئىشلىرى بېگى، ياساۋۇل بېگى
لى يۆ، ئوردا ئىشلىرى يانداش بېگى لى زىخۇڭ، سوراقچى مەھكە-
مىسىنىڭ كاتاۋۇلى جاڭ مىن، مۇراسىم ئەركان بېگى يىن يۇ
قاتارلىق تەيخې مەلىكىنى ئۇزۇتۇپ ئۇيغۇرلار يېرىگە ئاپىرىپ قوي-
دى» ㊹ دېيىلگەن. تەيخې مەلىكىنىڭ تەقدىرىمۇ ئانچە ئوبدان
بولمىغان، ئۇ ياتلىق قىلىنىپ ئاران ئۈچ يىلدىن كېيىن، يەنى
824 ـ يىلى پەزىلەت قۇچقان قاغان ۋاپات بولغان، ئورنىغا ئىنىسى
ھازار (ياكى قازار) تېكىن تەختكە چىقىپ، ئاي تەڭرىدە قۇت
بولمىش ئالپ بىلگە قاغان (824 — 832 ـ يىللار تەختتە ئولتۇر-
غان) دەپ ئاتالغان. تاڭنامىلەردە بۇ قاغان ئاي تەڭرىدە قۇت
بولمىش ئالپ بىلگە ئەدەپ قۇچقان قاغان دېيىلگەن. ئەدەپ قۇچقان
قاغان دەۋرىدىن باشلاپ ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدا ئوردا ئىچىدىكى
ھوقۇق تالىشىش كۈرەشلىرى كۈچىيىپ، ئوردا ۋەزىرلىرى ۋە
چوڭ ھوقۇقدارلار ئۆز ئالدىغا قوشۇن توپلاپ مەزھەپ كۈرەشلىرى-
نى قىلغان، قاغان بۇنداق ۋەزىيەتنى ھېچقانداق ئوڭشىيالمىغان.
مىلادىيە 832 ـ يىلىغا كەلگەندە قازار تېكىن قول ئاستىدىكىلىرى
تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن، ئورنىغا ئوغلى قۇت تېكىن تەختكە چى-
قىپ، ئاي تەڭرىدە قۇت بولمىش ئالپ كۆلۈگ بىلگە ئىناۋەت
قۇچقان قاغان (832 — 839 ـ يىللار تەختتە ئولتۇرغان) دەپ
ئاتالغان. قۇت تېكىنمۇ ئەنىسىز يىللاردا قاغانلىق تەختىگە ئولتۇر-

غاچقا ھېچقانداق سىياسىي نەتىجە يارىتالمىغان، ئەكسىچە ئوردا ئىچىدە ئۈزلۈكسىز يۈز بېرىپ تۇرۇۋاتقان ھەربىي - سىياسىي ئۆزگىرىشلەرنىڭ قۇربانى بولغان. يەنى 839 - يىلى دۆلەت ئىچىدە توپىلاڭ يۈز بېرىپ، بۇيرۇق ئىنەيۇن كۈل بىلەن سايىغا تېكىن ئەسكەرلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ ئىسيان كۆتۈرمەكچى بولغاندا، ئىككىسى قۇت تېكىن قاغان تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن، ئارقىدىن بۇيرۇق چۇرۇق ( 掘罗勿 ) شاداپىتلارنىڭ (چۆل تۈركلىرىنىڭ) ئەسكەرلىرىگە قوماندانلىق قىلىپ قاغان ئوردىسىغا ھۇجۇم قىلغان، قاغان قۇت تېكىن مەغلۇپ بولۇپ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان. چۇرۇق قوشۇۋ تېكىننى تەختكە چىقىرىپ قۇشۇۋ شاد قاغان دەپ جاكارلىغان. 840 - يىلى سانغۇن كۈلۈگ باغا شىمالدا خېلى يىللاردىن بۇيان چىشلىرىنى بىلەپ تۇرۇۋاتقان قىرغىزلارنىڭ ئون تۈمەن ئاتلىق ئەسكەرلىرىنى باشلاپ كېلىپ قۇشۇۋ شاد قاغان بىلەن چۇرۇقنى ئۆلتۈرگەن، شۇنىڭ بىلەن ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى ئۇزۇل - كېسىل يىمىرىلگەن. بۇ چاغدا تەيخې مەلىكە قىرغىزلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغان، كېيىن قىرغىزلاردىن جەنۇبقا كۆچكەن ئۇيغۇرلارنىڭ قاغانى ئوكا تېكىننىڭ (841 — 845 - يىللىرى قاغان دەپ ئاتالغان) قولىغا ئۆتكەن، 843 - يىلى تاڭ سۇلالىسى ئوكا قاغاننى مەغلۇپ قىلىپ، تەيخې مەلىكىنى قايتۇرۇۋالغان. شۇنداق قىلىپ تاڭ سۇلالىسى 821 - يىلى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قاغانى پەزىلەت قۇچقان قاغانغا ياتلىق قىلىپ بەرگەن ئاخىرقى مەلىكە تەيخې پەزىلەت قۇچقان قاغان ۋاپاتىدىن كېيىن ئورخۇن ۋادىلىرىدا كۆپ رىيازەت چېكىپ، جەمئىي 23 يىل ئۇيغۇرلار ئىچىدە ياشاپ، 843 - يىلى ئۆز ۋەتىنىگە قايتىپ كەلگەن. ئۇ پەزىلەت قۇچقان قاغان، ئەدەپ قۇچقان قاغا، ئىناۋەت قۇچقان قاغان، قۇشۇۋ شاد قاغان، ئوكا قاغان قاتارلىق بىرنەچچە قاغانلارنىڭ دەۋرىنى بېشىدىن كەچۈرگەن.

## § 3 .ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ يىمىرىلىشى ۋە ئۇنىڭ سەۋەبلىرى

### 1 . ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ يىمىرىلىشى

ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا، يەنى مىلادىيە 832 ـ يىلىدىن كېيىن ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئىچكى قىسمىدا قاغانلىق ھوقۇقىنى تالىشىش كۈرەشلىرى كەسكىنلىشىپ كەتتى، ئوردا ئىچىدىكى يۇقىرى قاتلام ئاقسۆڭەكلەر ئارىسىدا ھەسەتخورلۇق، مەزھەپۋازلىق، گۇرۇھۋازلىق يامراپ كەتتى، قەبىلىلەر ئىچىدە بۆلۈنۈش كېلىپ چىقتى، تاشقى جەھەتتە تاڭ سۇلالىسى، قىرغىزلار ۋە شاداپىتلار (چۆل تۈركلىرى) ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلىشىپ، خاندانلىقنىڭ پارچىلىنىشىنى تېزلەتتى، بۇنىڭ بىلەن 840 ـ يىلىغىچە بولغان سەككىز يىلدىلا ئارقا ـ ئارقىدىن ئۈچ قاغان تەختكە چىقىشتەك ئەھۋال بارلىققا كەلدى. بۇنىڭدىن پايدىلانغان يېنسەي دەرياسى ۋادىسىدىكى قىرغىزلار پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، ئاتلىق قوشۇنلىرىنى جىددىي قوراللاندۇرۇپ، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىغا باستۇرۇپ كىرىش تەييارلىقىغا كىرىشتى. ھالبۇكى، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قاغانلىرى ۋە ئوردا ئاقسۆڭەكلىرى غەپلەت ئۇيقىسىدىن ئويغانماي، يەنىلا ھوقۇق، مال ـ مۈلۈك، ئىمتىياز تالىشىپ، گۇرۇھلارغا ئۇيۇشۇپ، تەپرىقچىلىك قىلىش، قەستلەپ ئۆلتۈرۈش قاتارلىق ئىچكى نىزا بىلەن ھەدەپ شۇغۇللاندى.

مىلادىيە 839 ـ يىلى ئۇيغۇرلارنىڭ بۇيرۇقى چۇرۇق قۇت تېكىن قاغاننىڭ بۇيرۇق ئىنەيۇن كۆل بىلەن سايغا تېكىننى ئىسيان كۆتۈرۈش غەرىزىدە بولغانلىقى ئۈچۈن ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكىگە نارازى بولۇپ، شاداپىتلارنىڭ ئاقساقىلى قوي يەشىن ( 朱邪赤心 ) گە 300 توياق ئاتنى سوۋغا قىلىش ئارقىلىق شاداپىت لەشكەرلىرىنى ئارىيەت ئېلىپ، قۇت تېكىن قاغانغا ھۇجۇم قىلدى، قاغان مەغلۇپ بولۇپ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى⑮. چۇرۇق قۇشۇۋ شاد قاغاننى تەختكە يۆلەپ چىقىرىپ، ئۆزى ھاكىمىيەت يۈرگۈزدى. دەل شۇ يىلى «ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدا ۋابا تارقىلىپ، قاتتىق قار يېغىپ، قوي، ئاتلارنىڭ كۆپ قىسمى ئۆلۈپ كەتتى»⑯، «ھەممە يەرنى ئاچارچىلىق قاپلاپ خانلىقنىڭ بازارلىرى خارابلىشىپ، جەسەتلەر يوللاردا دۆۋىلىنىپ كەتتى». دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ بېشىغا ئېغىر كۈنلەر كەلگەن مۇشۇنداق ۋاقىتتىمۇ، ھۆكۈمران سىنىپ ئىچىدە

تەپرىقچىلىك توختىمايلا قالماي، بەلكى ئاخىرقى پەللىگە يەتتى. 840 ـ يىلى قۇشۇۋ شاد قاغان ۋە بۇيىرۇق چۇرۇقفا نارازى بولۇپ يۈرگەن سانغۇن كۈلۈگ باغا قىرغىزلار بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ، 100 مىڭ كىشىلىك قىرغىز ئاتلىق قوشۇننى باشلاپ، پايتەخت ئوردۇبالىق شەھىرىگە باستۇرۇپ كىرىپ، قاغان قوشۇۋ شادنى ۋە بۇيىرۇق چۇرۇقنى قەتلى قىلدى، شەھەرگە ئوت قويۇپ، ئوردىدىكى بارلىق مال ـ مۈلۈكلەرنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلدى، نەتىجىدە تەبىئىي ئاپەتنىڭ، ۋابانىڭ ۋە كۈلۈگ باغا رەھبەرلىكىدىكى قىرغىزلارنىڭ قوشلاپ زەربىسىگە ئۇچرىغان ئورخۇن ئۇيغۇرلىرى ئۆز ماكانلىرىـ ـنى تاشلاپ، يىراقتىكى قېرىنداشلىرىنىڭ يېنىغا كۆچۈشكە مەجـ ـبۇر بولدى. شۇنىڭ بىلەن شەرقىي ئاسىيا ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىدا تەخمىنەن 200 يىل دەۋر سۈرگەن بۇ خانلىق چاك ـ چېكىدىن پارچىلىنىپ، يىمىرىلىپ كەتتى.

ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ يىمىرىلىشى ۋە ئۇنىڭ يىمىرىـ ـلىش سەۋەبلىرى كونا، يېڭى «تاڭنامە» ۋە «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» قاتارلىق خەنزۇچە ماتېرىياللاردا خېلىلا ئېنىق خاتىرىلەنگەندىن باشقا، ئورخۇن ـ يېنىسەي مەڭگۈ تاشلىرىدىن قىرغىزلار تەرىپىدىن تىكلەنگەن «سۇجى مەڭگۈ تېشى» دىمۇ خېلىلا ئېنىق خاتىرىلەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا قىرغىزلار بىلەن تىل بىرىكتۈرگەن ئۇيغۇر سانغۇنىنىڭ ئىسمى يەنە قۇتلۇق باغا تارقان دېيىلگەن، خاندانلىق يىمىرىلگەندىن كېيىن خېلىلا زور ساندىكى ئۇيغۇرلار موڭغۇلىيە ۋادىسىدا داۋاملىق قېلىپ قالغان، ئۇلارغا ئۇيغـۇرلاردىن بولغـان ھەربـىي باشلـىقلار رەھبەرلىك قىلغان(47).

ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى مىلادىيىدىن 840 ـ يىلى قىرغىزلار تەرىپىدىن يىمىرىلگەندىن كېيىن، ئوردۇبالىق ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىـ ـكى رايونلاردا (يەنى موڭغۇلىيە ۋادىسىدا) ياشاۋاتقان ئۇيغۇر قەبىلـ ـلىرى ئۆز بېشىغا كەلگەن بۇ ئېغىر كۈلپەتلەردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن جەنۇب ۋە غەربتىكى قېرىنداشلىرىنىڭ قېشىغا كۆچۈشكە باشلىدى. بۇ ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ موڭغۇلىيە ۋادىسىدىن جەنۇب ۋە غەربتىكى ناتونۇش جايلارغا ياكى باشقا مىللەتلەرنىڭ يېرىگە

كۆچۈشى بولماستىن، بەلكى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تەۋەلىكىدە بولۇپ كېلىۋاتقان، ئۆزلىرىگە ئەزەلدىن تونۇش بولغان، ئۆز قېرىنداشلىرى ئەزەلدىن ياشاپ كېلىۋاتقان جايلارغا كۆچۈشى ئىدى. شۇڭا، بۇ كۆچۈش قارىماققا ئورخۇن ئۇيغۇرلىرىنىڭ كۆچۈشىدەك كۆرۈنگىنى بىلەن ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇرلارنىڭ ھۆكۈمرانلىق مەركىزىنىڭ غەربكە سۈرۈلۈشى ئىدى.

## 2. ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ يىمىرىلىش سەۋەبلىرى

ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ مۇنقەرز بولۇش سەۋەبلىرىنى بايان قىلىشتىن بۇرۇن، شۇنى تەكىتلەپ ئۆتۈش زۆرۈركى، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ پايتەختى بولغان ئوردۇبالىقنىڭ قىرغىزلار تەرىپىدىن ۋەيران قىلىۋېتىلىشى، قاغاننىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى، مال ـ مۈلۈكنىڭ بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىنىشى، ئورخۇن ۋادىسىدىكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ ئەتراپتىكى جايلارغا كۆچۈپ كېتىشى، قانداقتۇر ئۇيغۇر ھاكىمىيىتىنىڭ پۈتۈنلەي يوقالغانلىقىدىن، ئۇلارنىڭ دۆلەت قۇرۇش ھوقۇقىدىن مەھرۇم بولۇپ قالغانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. چۈنكى، «كۆچمەن خەلقلەرنىڭ دۆلەت تەشكىلاتلىرى ئۆزىدىن كۈچلۈكرەك دۈشمەننىڭ ھۇجۇمىغا يولۇققاندا ئەلۋەتتە چوڭ چىقىملارغا دۇچ كېلىدۇ، لېكىن ئۇلاردا تولۇق مۇنقەرز بولۇپ كېتىشتىن قۇتۇلۇپ قېلىشنىڭ ئاز دېگەندە مۇنداق ئىككى خىل ئىمكانىيىتى بار: بىرسى، دۈشمەن شۇ چاغنىڭ ئۆزىدە يېتىپ بارالمايدىغان يىراق رايونلارغا (تەشكىللىك ياكى تەرتىپسىز ھالدا) تېزلىكتە كۆچۈپ كېتىش؛ ئىككىنچىسى، ئىمكانىيەت بولسا بېسىپ كەلگۈچىگە قوشۇلۇپ كېتىپ، ئۇنىڭ شۇنىڭدىن كېيىنكى بۇلاڭچىلىق ئۇرۇشىغا ئىشتىراك قىلىش» . خەنزۇچە ماتېرىياللاردىكى خاتىرىلەردىن قارىغاندا، ئەينى دەۋردە ئورخۇن ئۇيغۇرلىرىنىڭ مۇڭغۇلىيە ۋادىسىدىن كۆچۈپ كېتىشى، ئەمەلىيەتتە خانلىق تېررىتورىيىسىنىڭ شەرقىي قىسمىدىنلا كۆچۈشى بولۇپ، بۇ كۆچۈش ستىخىيىلىك ھالدا ۋە تۈرلۈك يۆنىلىشلەر بويىچە بولغان، گەرچە قىرغىزلار ئۇيغۇرلارنىڭ ئۈستىگە تۇيۇقسىز

باستۇرۇپ كەلگەن بولسىمۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ ھۆكۈمران سىنىپلىرى-
نى پۈتۈنلەي يوقۇتۇۋېتەلمىگەن ياكى بويسۇندۇرالمىغان، قاغاننىڭ
ئاغا - ئىنىلىرى، پەرزەنتلىرى، خانلىقنىڭ بويرۇق، تارقانلىرى،
ئېسىلزادە ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ كۆپچىلىكى يەنىلا ئۆز قوۋملىرىنى
كونترول قىلىپ كەلگەن. جەنۇبقا كۆچكەن ئون ئۈچ ئۇيغۇر قەبى-
لىسى خازار تېكىنىنىڭ ئىنىسى، قۇت تېكىنىنىڭ تاغىسى ئوكا
تېكىنىنى قاغان قىلىپ تىكلەپ (841 — 846 - يىللار)، يەنىلا
دۆلەت ھاكىمىيىتىنى ۋە ئۇنىڭ ئاپپاراتلىرىنى مەيدانغا كەلتۈر-
گەن، غەربكە كۆچكەن ئۇيغۇرلار بولسا بۇيرۇق ساجى ۋە ئۇنىڭ
جيەنى پان تېكىنىنىڭ باشچىلىقىدا ئۆز ھاكىمىيىتىنى ئەسلىگە
كەلتۈرۈپ، 848 - يىلى پان تېكىنىنى قاغان دەپ جاكارلىغان،
شۇنىڭ بىلەن ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ داۋامى ۋە ۋارىسى بول-
غان يېڭى بىر ئۇيغۇر خانلىقى جۇڭغار ۋە تارىم ۋادىسىدا قايتا قەد
كۆتۈرۈپ چىققان. تارىخى ماتېرىياللار خاتىرىلەردىن قارىغاندا،
ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ مۇنقەرز بولۇشىنىڭ سەۋەبلىرى كۆپ
تەرەپلىمىلىك بولۇپ، ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا تۆۋەندىكى بىرقان-
چە سەۋەب ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدۇ:

بىرىنچى، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ گۈللىنىش باسقۇچىدا
باشلىنىپ، ئاخىرقى باسقۇچىدا ئەۋج ئالغان ھۆكۈمرانلار ئىچىدى-
كى ئىچكى نىزا خانلىقنىڭ ئۆمرى قىسقا بولۇپ قېلىشىنىڭ بىر
سەۋەبى بولۇپ قالغان. مىلادىيە 780 - يىلى خانلىق راسا گۈللى-
نىش باسقۇچىدا كېتىۋاتقاندا، قاغان ئوردىسىدا چوڭ ھوقۇق تۇتۇپ
تۇرۇۋاتقان ئىچكى بۇيرۇقلار بېشى ئىنانچۇ باغا تارقان (يەنى
تۇنباغا تارقان) [48] تەڭرى قاغان (759 — 780 - يىللار) نىڭ
تاڭ سۇلالىسىگە ھۇجۇم قىلماسلىق ھەققىدىكى تەكلىپىگە قوشۇل-
مىغانلىقىنى باھانا قىلىپ، تەڭرى قاغاننى ۋە ئۇنىڭ يېقىنلىرى-
دىن، قوللىغۇچىلىرىدىن 2000 ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ، ئۆزىنى ئالپ
قۇتلۇق بىلگە قاغان (780 — 789 - يىللار) دەپ جاكارلاپ،
قاغانلىق تەختكە چىقىۋالغان (تۇنباغا ئەسلىدە تەڭرى قاغاننىڭ
تاغىسى ئىدى). بۇ ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدا ئىچكى نىزانىڭ
مۇقەددىمىسىنى باشلاپ بەرگەن. ئىچكى نىزا جەريانىدا بۆگۈ قەبى-

لىسى (بارغۇت قەبىلىسى) ۋە ئادىز قەبىلىسى (ئاتىئىز قەبىلە-
سى) نىڭ ئورنى، ئىمتىيازى بارغانسېرى يۇقىرى ئۆرلىگەن،
بولۇپمۇ بۆگۈقەبىلىسى ئۆزلىرىنىڭ تاڭ سۇلالىسى بىلەن بولغان
پەۋقۇلئاددە مۇناسىۋىتىگە ۋە ياغلاقار ئۇرۇقى بىلەن بولغان قۇدى-
لىق مۇناسىۋىتىگە تايىنىپ، قاغانلىق ئوردىسىدا ئۆز كۈچلىرىنى
تېز تەرەققىي قىلدۇرغان ھەم تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئورخۇن ئۇيغۇر
خانلىقىنى پارچىلاشتا پايدىلىنىدىغان كۈچلىرىدىن بولۇپ قالغان.
ئەسلىدە 758 ـ يىلى تاڭ شۈەنزۇڭ ئۆز قىزى نىڭگو مەلىكىنى
بايانچۇر قاغانغا (747 — 759 ـ يىللار) ياتلىق قىلغاندا، يەنە
تاڭ سۇلالىسى ئۈچۈن خىزمەت قىلىۋاتقان بۆگۈجەمەتىدىن كېلىپ
چىققان بۆگۈخۇەيئېننىڭ بىر قىزىنى بايانچۇر قاغاننىڭ كىچىك
ئوغلى ئىدىكەنگە ياتلىق قىلىپ بەرگەن. ئىدىكەن كېيىن قاغانلىققا
ۋارىسلىق قىلىپ تەڭرى قاغان بولغاندا، بۆگۈخۇەيئېننىڭ قىزى
تەڭرى قاغاننىڭ قاتۇنى بولغان. 769 ـ يىلى تاڭ سۇلالىسى يەنە
بۆگۈخۇەيئېننىڭ كىچىك قىزىغا چۇڭخۇي مەلىكە دەپ نام بېرىپ،
ئۇنى تەڭرى قاغانغا ياتلىق قىلىپ بەرگەن. «يېڭى تاڭنامە، ئۇي-
غۇرلار تەزكىرىسى» دە خاتىرىلىنىشىچە، تاڭ سۇلالىسى كېيىن يەنە
ئاي تەڭرىدە بولمىش كۈلۈگ بىلگە قاغان تالاسقىمۇ (789 — 790 ـ
يىللار) بۆگۈخۇەيئېننىڭ يابغۇ مەلىكە ئاتلىق بىر نەۋرىسىنى يات-
لىق قىلىپ بەرگەن بولۇپ، بۇ مەلىكىنىڭ دادىسى ئۇيغۇر خانلى-
قىدا يابغۇ بولۇۋالغان[49]. 790 ـ يىلى مۇشۇ يابغۇ مەلىكە جەمەتى-
دىكىلەر بىلەن بىرلىشىپ تالاس قاغاننى زەھەرلەپ ئۆلتۈرگەن.
795 ـ يىلى قاغاننىڭ ئاسراندى ئوغلى بولغان، «ئەلەم ماھارىتىدە
كامالەتكە يەتكەن» ، ئەسلى كېلىپ چىقىشى ئادىز قەبىلىسىدىن
بولغان ئېل ئۆگەسى (باش ۋەزىر) قۇتلۇق ئايچۇر قاغاننىڭ (790 —
795ـ يىللار) ئۆلگەن پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ (ئايچۇرنىڭ تەختى-
كە ۋارىسلىق قىلغۇدەك ئوغلى يوق ئىدى) ئۆزى قاغانلىق تەختكە
چىقىۋالغان. بۇ چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە بىر ئىش بولۇپ، بۇ
ئەمەلىيەتتە توققۇز ئوغۇزلاردىن بولغان ئادىز قەبىلىسىنىڭ ئون
ئۇيغۇرلارنىڭ خان جەمەت ئۇرۇقى بولغان ياغلاقار قەبىلىسىدىن
ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قاغانلىق ھوقۇقىنى تارتىۋېلىشى ئى-

دى. بۇ كېيىن باشقا ياندىش قەبىلىلەرنىڭمۇ قاغانلىق ئورنىغا كۆز
قىزارتىشىغا پۇرسەت تۇغدۇرۇپ بەرگەن، بولۇپمۇ 824 ـ يىلدىن
كېيىن ئوردا ئىچىدە قاغانلىقنى تالىشىش كۈرىشى ئىنتايىن جانلى-
نىپ، ھۆكۈمران سىنىپلار ئىككى قاشقا بۆلۈنۈپ كەتكەن، سۇيى-
قەست، ھىيلە ـ مىكىر، قەستلەپ ئۆلتۈرۈش ئەۋج ئالغان. 832 ـ
يىلى ئاي تەڭرىدە قۇت بولمىش ئالپ بىلگە قاغان (يەنى خازار تېكىن،
824 — 832 ـ يىللار) قول ئاستىدىكىلەر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈۋې-
تىلگەن، ئورنىغا جىيەنى قۇت تېكىن قاغان (832 — 839 ـ
يىللار) بولغان، 831 — 839 ـ يىللىرى بۇيرۇق ئىنەيۇن كۈل
(ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بۇخارالىق كىشى بولۇپ، ئۇيغۇر خانلىقىدىكى
توققۇز جاۋۇپلارنىڭ كۈچىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان شەخس ئىدى)
بىلەن سايغا تېكىن ئىسيان كۆتۈرۈپ قاغانلىقنى تارتىۋېلىشقا ھەرى-
كەتلىنىپ يۈرگەندە، سىرى پاش بولۇپ قېلىپ، قۇت تېكىن
قاغان تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن، بۇ چاغدا سىرتتا قوشۇن
توپلاپ يۈرگەن بۇيرۇق چۇرۇق ئۆز شېرىكلىرىنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنى-
لىكىنى ئاڭلاپ، شاداپىتلار (چۆل تۈركلىرى) دىن ئەسكەر ئارى-
يەت ئېلىپ، قۇت تېكىنگە قارشى ئۇرۇش قوزغىغان، قۇت تېكىن
مەغلۇپ بولۇپ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان. چۇرۇق قۇشۇ تېكىننى
قاغانلىق تەختىگە چىقىرىپ، قۇشۇ شاد قاغان (839 — 840 ـ
يىللار) دەپ جاكارلىغان. دەل مۇشۇ يىلى خانلىق تەۋەسىدە ئېغىر
تەبىئىي ئاپەت يۈز بەرگەن، خانلىقنىڭ ئىگىلىكى ئېغىر ۋەيرانچى-
لىققا ئۇچرىغان، كىشىلەر كۆڭلى ۋەسۋەسىگە چۈشكەن، بىراق
بۇلار ھۆكۈمرانلار ئوتتۇرىسىدىكى ھاكىمىيەت تالىشىش كۈرەشلى-
رىنى جىمىقتۇرالمىغان. بۇ چاغدا قۇشۇ شاد قاغانغا نارازى بولۇپ
يۈرگەن سانغۇن كۈلۈگ باغا يېنىسەي دەرياسى ۋادىسىدىكى قىرغىز-
لار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، 100 مىڭ كىشىلىك قىرغىز ئاتلىق
قوشۇنىنى باشلاپ كېلىپ، قۇشۇ شاد قاغان بىلەن بۇيرۇق چۇ-
رۇقنى ئۆلتۈرگەن، ئوردۇبالىقنى كۆيدۈرۈۋەتكەن، مال ـ مۈلۈك-
نى بۇلاپ ـ تالىغان، شۇنىڭ بىلەن ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى
يىمىرىلىپ پارچىلىنىپ كەتكەن، «كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار تەز-
كىرىسى» دە ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ مۇنقەرز بولۇشى ھەققى-

دە: «كەيچىلىك يىللىرىنىڭ (836 — 840 ـ يىللار) دەسلىپىدە ئۇلارنىڭ بۇيرۇقى ئىنەيۇن كۆل سايغا تېكىن بىلەن تىل بىرىكتۈ- رۈپ، سات تېكىن (يەنى قۇت تېكىن) قاغاننىڭ ئورنىنى تارتىۋال- ماقچى بولدى، سات تېكىن قاغان بۇنى سېزىپ قېلىپ، سايغا بىلەن ئىنەيۇن كۆلنى ئۆلتۈرۈۋەتتى، بۇ چاغدا ئۇيغۇرلارنىڭ يەنە بىر بۇيرۇقى چۇرۇق سىرتلاردا تۇرۇۋاتقان بولۇپ، قولىدا لەش- كەرلىرى بار ئىدى، ئۇ سايغا بىلەن ئىنەيۇن كۆلنىڭ ئۆلتۈرۈلگەن- لىكىگە نارازى بولۇپ، سات تېكىن قاغاننى ئۆلتۈرۈپ، قوشۇۋ تېكىننى قاغانلىق تەختىگە چىقاردى. بۇ چاغدا يەنە بىر سەنگۇن كۈلۈگ باغا چۇرۇقتىن نارازى بولۇپ، قىرغىزلارنىڭ 100 مىڭ كىشىلىك ئاتلىق قوشۇنىنى باشلاپ كېلىپ ھۇجۇم قىلىپ، ئۇي- غۇرلارنىڭ شەھىرىنى ۋەيران قىلدى. قۇشۇۋ بىلەن چۇرۇقنى ئۆلتۈرۈۋەتتى، بارلىق نەرسىلەرنى كۆيدۈرۈۋەتتى، ئۇيغۇرلار ھەر- قايسى تەرەپلەرگە تېرىپىرەن بولۇپ كەتتى. ئۇيغۇرلارنىڭ بۇيرۇقى ساجى، ئۇنىڭ جىيەنى پان تېكىن ۋە ئۇنىڭ ئىنىسى نارۇ، كېپىن (ياكى ئېفىن) قاتارلىق بەش ئاكا ـ ئۇكا ئون بەش قەبىلىنى باشلاپ غەربكە — قارلۇقلار تەرەپكە كۆچتى، ئۇلارنىڭ بىر تارمىقى تىبەتلەرگە (يەنى تىبەتلەر ھۆكۈمرانلىقىدىكى خېشى ۋادىسىغا)، يەنە بىر تارمىقى ئەنشىگە (يەنى غەربىي يۇرتقا) بېقىندى. قاغان ئوردىسىنىڭ يېقىن ئەتراپىدىكى ئون ئۈچ قەبىلە ئوكا تېكىننى قاغان قىلىپ تىكلەپ، جەنۇبقا كۆچۈپ كېلىپ خەنزۇلارغا بەيئەت قىلدى» ⑤⓪ دەپ ئومۇملاشتۇرۇپ خاتىرىلەنگەن. يەنە «تاڭ مەكتۇپ- لىرى» دا ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ زاۋاللىققا يۈزلىنىش سەۋەب- لىرى ھەققىدە: «ئىلگىرى قاغان باشقۇرۇش ئىقتىدارىنى يوقات- قان، ھەممىگە ياخشىچاق بولۇپ كەتكەن، ياتلار بېسىپ كىرىپ مالىمانچىلىق تۇغدۇرسا، ھەدەپ شەپقەتسىزلىك قىلغان، شۇڭا ئوردىدىكىلەر ئاسىيلىق قىلىپ، قەبىلىلەر سىرتقا چىقىپ كەت- كەن. نەتىجىدە دۆلەت ۋەيران بولۇپ، پۇقرالار پاناھسىز قالغانلىق- تىن، بۇ ئىش كېلىپ چىققان» ⑤① دەپ بايان قىلىنغان. تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئەينى دەۋردىكى باش ۋەزىرى لى دېيۇ ئورخۇن ئۇي- غۇر خانلىقىنىڭ يىمىرىلىش سەۋەبىنىڭ ئۈستىدە توختالغاندىمۇ:

«قىرغىزلارنىڭ ھۇجۇم قىلغانلىقىنى ئاڭلاپ، لەشكەرلەر ئالاقزادە بولۇپ، كۆپىنچىسى ئاسىيلىق قىلدى، مال - مۈلۈك ئىسراپ بولۇپ، پۇقرالار ئاچارچىلىقتا قېلىپ، سەرسان بولۇپ كەتتى» [52] دەپ يازغان. دېمەك، يۇقىرى تەبىقىدىكى ئاقسۆڭەكلەر ئوتتۇرىسىدىكى پىتنە - ئىغۋا، ھەسەتخورلۇق، ھوقۇق - مەنپەئەت تالىشىشتىن كېلىپ چىققان قەبىلىلەر ياكى گۇرۇھ - مەزھەپلەر ئوتتۇرىسىدىكى كۆرەش ھاكىمىيەتنى ئىچكى جەھەتتىن چىرىتىۋەتكەن.

ئىككىنچى، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تىبەتلەر بىلەن ئېلىپ بارغان ئۇزاققا سوزۇلغان ئۇرۇشلىرى تىبەت خانلىقىنىڭلا ئەمەس، يەنە ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭمۇ مالىيە كۈچى، ئادەم كۈچىنى خورىتىپ، خانلىقنى ماغدۇرىدىن كەتكۈزىۋەتكەن. تىبەتلەر ئەسلىدە چىڭخەي - شىزاڭ ئېگىزلىكىدە ياشايدىغان بولۇپ، 8 - ئەسىردىن كېيىن ئۆزلىرىنىڭ تاجاۋۇزچىلىق تىغ ئۇچىنى شەرقتە تاڭ سۇلالىسى زېمىنلىرىغا، شىمالدا ئۇرخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى رايونلىرىغا قاراتقان. شۇنىڭ بىلەن، ئوتتۇرىسىدا نەچچە ئون يىلغا سوزۇلغان ئۇرۇش كېلىپ چىققان. تىبەتلەر خېلى بۇرۇنلا، يەنى مىلادىيە 662 - يىلى ئۇدۇن (خوتەن) رايونىغا ھۇجۇم قىلغان ئىدى، 663 - يىلى تۇيغۇنلارنى مەغلۇپ قىلىپ چىڭخەينى ئىشغال قىلىۋالدى، ئۇزاق ئۆتمەي يەنە ئالتۇن تاغدىن ئۆتۈپ لوپنۇر ۋە چەرچەن رايونلىرىغا ئىچكىرىلەپ كىردى، 670 - يىلىغىچە غەربىي رايوندىكى 18 ئايماققا ھۇجۇم قىلدى ۋە ئۇلارنى بېسىۋالدى، 679 - يىلى يەنە ئۇدۇن (خوتەن)، قەشقەر، كۇسەن (كۇچار)، ئاگنى (قارا شەھەر) قاتارلىق جايلارنى ئىشغال قىلىۋېلىپ، «يىپەك يولى» نىڭ تارىم ۋادىسىدىن ئۆتىدىغان لىنىيىسىنى كونترول قىلىۋېلىپ، تاڭ سۇلالىسى ۋە ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىغا تەھدىت سالدى ھەم بۇ ئىككى خانلىققا ئىقتىسادىي جەھەتتە زور زىيانلارنى ئېلىپ كەلدى، يەنە كېلىپ 755 - يىلدىن 763 - يىلغىچە تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئۆڭلۈك - سۆيگۈن توپىلىڭى يۈز بېرىپ، تاڭ سۇلالىسى سىياسىي، ھەربىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتە ئېغىر كۈنلەرگە چۈشۈپ

قالغان، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى بولسا شىمالدا قىرغىزلارنىڭ ئىسيانىنى بېسىقتۇرۇش، جەنۇبتا تاڭ سۇلالىسىگە ھەربىي جەھەت-تىن ياردەم بېرىش بىلەن ئالدىراش بولۇپ كەتتى، تىبەتلەر پۇر-سەتتىن پايدىلىنىپ 760 - يىلى خېشى ۋادىسىنى ئىشغال قىلىۋال-دى. بۇنىڭ بىلەن ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن تىبەت خانلىقى ئوتتۇرىسىدا نەچچە ئون يىلغا سوزۇلغان ئۇرۇش جەنۇبىي ۋە غەر-بىي سەپلەردە رەسمىي قانات يېيىپ كەتتى.

غەربىي سەپتە ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى بېشبالىق، ئاگنى، كۇسەن قاتارلىق جايلارنى مۇھىم بازا قىلىپ، جۇڭغار ۋە تارىم ۋادىسىنى قوغداش ھەم يىپەك يولىنىڭ راۋانلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۇرۇشى قىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە تەسىرى ۋە كۆلىمى چوڭ بولغىنى 789 - يىلدىن 795 - يىلىغىچە سوزۇلغان بېشبالىقنى قوغداش ئۇرۇشى بولۇپ، بۇ ئۇرۇشتا تىبەتلەر قارلۇقلار، ئاق كىيىملىك تۈركلەر، شاداپتىلار ۋە قىرغىزلار قاتارلىق ئىسيانچى قەبىلىلەر بىلەن بىرلەشمە ئىتتىپاق تۈزۈپ، نامدا 300 مىڭ كىشىلىك قوشۇننى ئىشقا سالغان، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى ئېل ئۆگەسى قوماندانلىقىدا 50 مىڭ كىشىلىك ئاتلىق قوشۇننى ئۇ-رۇشقا سالغان. «تاڭنامە» لەردىكى خاتىرىلەرگە، بولۇپمۇ «توققۇز ئۇيغۇر قاغان مەڭگۈ تېشى» دىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، بۇ بېشبالىقنى قوغداش ئۇرۇشى ئىنتايىن كەسكىن، دەھشەتلىك ئېلىپ بېرىلغان بولۇپ، ھەر ئىككىلا تەرەپتە ئۆلۈش، يارىلىنىش ئەھۋالى ئىنتايىن ئېغىر بولغان. بېشبالىق بىرقانچە قېتىم قايتۇ-رۇۋېلىنىپ يەنە بىرقانچە قېتىم قولدىن كەتكەن. ئاخىر قۇتلۇق قاغان (795 — 805 - يىللار) دەۋرىگە كەلگەندە، ئۇيغۇرلار «قارلۇق، تىبەتلەر ئۈستىگە جازا يۈرۈش قىلىپ، ئۇلارنىڭ تۇغ - ئەلەملىرىنى ئۇرۇپ - سۇندۇرۇپ، ئادەملىرىنىڭ كاللىسىنى تې-نىدىن جۇدا قىلىپ، ئۇلارنى شىمالغا قوغلاپ، غەربتە تاكى پەرغانە دۆلىتىگىچە يېتىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئادەملىرىنى ۋە مال - چارۋى-لىرىنى قولغا چۈشۈرگەن»⑬. شۇنىڭدىن كېيىن ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى تارىم ۋادىسىنى تىبەتلەردىن قايتۇرۇۋېلىپلا قالماستىن، يەنە پامىرنىڭ غەربىدىكى چۇ دەرياسى، سىر دەرياسى ۋە نارىن

دەرياسى بويلىرىدىمۇ قوشۇن تۇرغۇزۇپ، ئەمەلدار تەيىنلەپ، بالاساغۇن شەھىرىنى بىنا قىلىپ، بۇ جايلارنى ئۈنۈملۈك ئىدارە قىلغان. لېكىن «توققۇز ئۇيغۇر قاغان مەڭگۈ تېشى» دىكى مەلۇماتلاردا كۆرسىتىلىشىچە، تىبەتلەرنىڭ ئاخىرقى كۈچلىرى ئاي تەڭرىدە قۇت بولمىش ئالپ بىلگە قاغان دەۋرىگە كەلگەندىلا (808 — 821 ـ يىللار) ئاندىن تارىم ۋادىسىدىكى ھەرقايسى جايلاردىن پۈتۈنلەي قوغلاپ چىقىرىلغان.

جەنۇبىي سەپتە ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى تىبەتلەر بىلەن گەنجۇ، لىياڭجۇ، لىڭجۇ، يەنجۇ، شاجۇ ۋە فىڭجۇ قاتارلىق جايلارنى، جۈملىدىن خېشى ۋادىسىنى تالىشىپ ئۇرۇش قىلدى. بۇ يەرلەر ئەسلىدە ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىغا قاراشلىق جايلار بولۇپ، بۇ يەرلەردە بۇرۇندىن تارتىپلا ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ياشاپ كەلگەن ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ يەرلەر ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تاڭ سۇلالىسى بىلەن سودا قىلىدىغان، غەربىي يۇرتقا ئۆتىدىغان مۇھىم ئۆتكىلى ئىدى، تىبەتلەر تاڭ سۇلالىسى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئىتتىپاقىنى بۇزۇپ تاشلاش، يىپەك يولىنىڭ بۇ مۇھىم ئۆتكىلىنى قامال قىلىۋېلىش ئۈچۈن خېلى بۇرۇندىلا خېشى رايونىدىكى بۇ ئايماقلارغا كۆز قىزارتىپ كەلگەن ئىدى. شۇڭا، ئۇلار 760 ـ يىلى بۇ رايونلارغا ئىچكىرىلەپ كىردى، 786 ـ يىلى تىبەتلەر يەنجۇ، شاجۇ ئىككى ئايماقنى ئىشغال قىلىۋېلىپ، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىغا تەھدىت سالغاندا، ئۇيغۇر قوشۇنلىرى تەرىپىدىن چېكىندۈرۈلدى، 816 ـ يىلى تىبەتلەر ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەپ، ھەتتا ئۇيغۇرلارنىڭ خان ئوردىسىغا ئۈچ كۈنلۈك يول قالغان يەرگىچە ئىچكىرىلەپ كىردى㊹. تاڭنامىدىكى خاتىرىلەردىن قارىغاندا، خېشى ۋادىسىدىكى ئۇرۇشمۇ ئاي تەڭرىدە قۇت بولمىش ئالپ بىلگە قاغان (808 — 821 ـ يىللار) دەۋرىگە كەلگەندىلا تىبەتلەرنىڭ ئۇدا مەغلۇپ بولۇپ ئاخىرىدا خېشى ۋادىسىدىن چېكىنىپ چىقىشى بىلەن بېسىققان.

دېمەك، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تىبەتلەر بىلەن ئېلىپ بارغان نەچچە ئون يىلغا سوزۇلغان ئۇرۇشى خانلىقنى ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي جەھەتتە تولىمۇ ھالسىزلاندۇرۇۋەتكەن، بۇ قىرغىز،

شادايىت قاتارلىق ئىسيانكار قەبىلىلەرنىڭ پۇرسەت تېپىپ خانلىقتىن بۆلۈنۈپ چىقىش قەدىمىنى تېزلەتكەن.

ئۈچىنچى، قەبىلىلەر ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشنىڭ كەسكىنلىشىشى، تەبىقىلەرگە بۆلۈنۈشنىڭ تېزلىشىشى، فېئوداللىق ئېكسپىلاتاتسىيىنىڭ كۈچىيىشى، خانلىقنىڭ ئەسلىدىن مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن سىنىپىي زىددىيىتىنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتكەن. خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردا ئۇيغۇرلاردىكى مۇشۇ ئەھۋال توغرۇلۇق: «دەسلەپتە ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرى ئاددىي - ساددىلىقى ۋە سەممىيلىكى بىلەن پەرقلىنىپ تۇراتتى. خان، بەگلەر بىلەن ئاددىي خەلق ئوتتۇرىسىدىكى پەرقمۇ ئانچە چوڭ ئەمەس ئىدى، خەلقنىڭ ئوي - پىكرى بىرلا ئىدى، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇيغۇرلار كۈچلۈك ۋە يېڭىلمەي كەلگەن ئىدى. ئەلۋەتتە، ئۇيغۇرلارنىڭ تاڭ دۆلىتىگە كۆرسەتكەن خىزمىتىمۇ چوڭ ئىدى، تاڭ ئوردىسى ئۇيغۇرلارغا مول ئىنئاملار بېرىپ تۇراتتى. بۇنىڭدىن تەڭرى قاغان (ئىدىكەن 759 — 779 - يىللار) مەغرۇرلىنىپ ئۆزى تۇرىدىغانغا ھەشەمەتلىك سارايلار سالدۇردى، ئاياللار ئۇپا - ئەڭلىك ئىشلىتىدىغان، قاشلىرىنى بويايدىغان، كىيىم - كېچەكلەرنى كەشتىلەپ زىننەتلەيدىغان بولدى، مانا مۇشۇ زىبۇ زىننەت بۇيۇملىرى جۇڭگودا ھازىرلىناتتى، مۇشۇنداق ئىسراپچىلىق ئىپتىدائىي ئۆرپ - ئادەتلەرنىڭ بۇزۇلۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى» [55] دەپ يېزىلغان. دېمەك، سىنىپىي زىددىيەتنىڭ كۈچىيىشىمۇ خانلىقنى ئىچكى جەھەتتىن ھالاكەتكە يۈزلەندۇرگەن.

تۆتىنچى، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى زېمىنىدا يۈز بەرگەن تەبىئىي ئاپەت، ۋابا كېسىلىمۇ خانلىقنىڭ تېزلا مۇنقەرز بولۇپ كېتىشىنىڭ يەنە بىر سەۋەبى بولۇپ قالغان. بۇ توغرىدا «تاڭ سۇلالىسى تارىخىغا دائىر مۇھىم بايانلار» دا: «بىرنەچچە يىل ئۇدا ئاچارچىلىق يۈز بەردى، يۇقۇملۇق كىسەللەر (ۋابا كېسىلى) تارقالدى، بۇنىڭ دەستىدىن ئۆلگەن ئات - قويلار يەرنى قاپلاپ كەتتى، ئۇنىڭ ئۇستىگە قاتتىق قار ياغدى» [56] دېيىلگەن. «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» دىمۇ: «ئۇدا بىرنەچچە يىل ئاچارچىلىق يۈز بەردى، ۋابا كىسىلى تارقىلىپ كەتتى، يەنە قاتتىق

قېلىن قار يېغىپ، ئات ـ قويلارنىڭ كۆپىنچىسى قىرىلىپ كەتتى»[57] دەپ خاتىرىلەنگەن. دېمەك، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا مەملىكەت بويىچە يۈز بەرگەن تەبىئىي ئاپەت خەلقنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش ئىقتىدارىنى ئاجىزلاشتۇرۇۋەتكەن. بۇ خانلىق ئىچىدىكى زىددىيەتلەرنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرىۋەتكەن ۋە كەسكىنلەشتۇرىۋەتكەن.

يىغىپ ئېيتقاندا، يۇقىرىقىدەك سەۋەبلەر تۇپەيلىدىن ئاجايىپ سەلتەنەت سۈرگەن، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى مۇنقەرز بولۇپ ئېچىنىشلىق ئاقىۋەتكە قالغان[58].

## ئىزاھات:

① «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» 193ـ جىلد «تاڭ خاتىرىلىرى» 6067 ـ بەتتە: «ئۆتمۇشتە شاھەنشاھ ئاۋام يۇقرالارنىڭ سەۋەبى تۇپەيلىدىن تۇركلەرگە ئەمەلدار بولغانىدى» دېيىلگەن بولۇپ، بۇ ئىلگىرى تاڭ گاۋزۇ (لى يۈەن) نىڭ شەرقىي تۇركلەرگە بېقىندى ئەمەلدار بولغانلىقىغا قارىتا ئېيتىلغان.

② 杨圣敏：《资治通鉴突厥回纥史料校注》342 页，天津古籍出版社 1992 年。

③ 范文澜:《中国通史》第四册 69 页，人民出版社 1978 年。

④《唐会要》72 卷《马》,1303 页,商务印书馆 1937 年。

⑤《资治通鉴》193 卷《唐纪》，6067 页。

⑥ ليۇ جىشياۋ: «ئۇيغۇر تارىخى» 1 ـ قىسىم 1 ـ كىتاب 107 ـ بەت، مىللەتلەر نەشرىياتى 1987 ـ يىل.

⑦《新唐书》217 卷《回鹘传》,6113 页,中华书局 1975 年。

⑧《唐会要》72 卷《马》，1303 页。

⑨《资治通鉴》227 卷《唐纪》，7331 页。

⑩ 马国荣：《回纥汗国与唐朝的马绢贸易》（载《新疆历史研究》1985 年 第 1 期 28 页）。

⑪ 冯家昇等:《维吾尔族史料简编》24 页,人民出版社 1981 年。

⑫ تۈزىتىلگەن «سىيۈەن» 1 ـ توم 504 ـ بەت («خەننامە» ئۇيغۇرچە نەشرى 279 ـ بەتتە كەلتۈرۈلگەن نەقىل).

⑬《资治通鉴》216 卷《唐纪》，6916 页。

⑭《资治通鉴》217 卷《唐纪》，6934 页。

⑮《旧唐书》195 卷《回纥传》，5198 页，中华书局 1975 年。

⑯《新唐书》217 卷《回鹘传》，6115 页，中华书局 1975 年。

⑰《资治通鉴》220 卷《唐纪》，7034 页。

⑱［法］J. R. 哈密顿：《五代回鹘史料》6 页，新疆人民出版社 1982 年。

⑲《旧唐书》195 卷《回纥传》，5200 页。

⑳ لىن گەن، گاۋزىخۇ: «قەدىمكى ئۇيغۇرلار تارىخى» 75-بەتتە كەلتۈرۈلگەن نەقىل، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000-يىل نەشرى.

㉑ «مويۇنچۇر قاغان مەڭگۈ تېشى» نىڭ غەربىي يۈزى 44-، 45-قۇرلىرى.

㉒《旧唐书》195 卷《回纥传》，5210 页。

㉓《新唐书》217 卷《回鹘传》，6117 页。

㉔㉕㉖《旧唐书》195 卷《回纥传》，5203，5210 页 。

㉗《旧唐书》195 卷《回纥传》，5208 页。

㉘《旧唐书》195 卷《回纥传》，6122 页。

㉙ لىن گەن، گاۋ زىخۇ: «قەدىمكى ئۇيغۇرلار تارىخى» 60-بەتتە كەلتۈرۈلگەن نەقىل.

㉚ 范文澜：《中国通史》第四册 30 页，人民出版社 1978 年。

㉛ 刘美崧：《回纥更名回鹘考》（载《江西师范学院学报》1980 年第 1 期）。

㉜《旧唐书》195 卷《回纥传》，5209—5210 页，中华书局 1975 年。

بۇ يەردىكى بۇت ساي خەنزۇچە « 浮图川 » دېيىلگەن، بۇت سايىنىڭ ئورنى ھەققىدە چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى شۇسۇڭ ھازىرقى جىمساردىكى ۋۇ تۇگۇ ( 务涂谷 ) نى كۆرسىتىدۇ دېسە، ۋاڭ گوۋېي ئەپەندى ھازىرقى گۇچۇڭ بىلەن جىمسار ئارىلىقىدىكى ئېقىننى كۆرسىتىدۇ دەيدۇ، ياپونىيىلىك ئابېتاكېئو ئەپەندى بولسا ھازىرقى باركۆل ناھىيىسىنى كۆرسىتىشى مۇمكىن، دەيدۇ.

㉝《新唐书》217 卷《回鹘传》，6126 页。

㉞㉟《新唐书》217 卷《回鹘传》，6126 页。

㊱ «تاڭ مەكتۇپلىرى» 699-جىلد «ئۇيغۇر قاغانلىرىغا

چۇشۇرۇلگەن مەكتۇپ» (لىن گەن، گاۋ زىخۇ: «قەدىمكى ئۇيغۇرلار تارىخى» 141 ـ بەتتە كەلتۈرۈلگەن نەقىل).

㊲ «توققۇز ئۇيغۇر قاغان مەڭگۇ تېشى» نىڭ خەنزۇچە قىسمى 14 ـ قۇرى.

程溯洛：《从九姓回鹘毗伽可汗碑汉文部分看唐代回鹘民族和祖国的关系》（载《中央民族学院学报》1978 年 2 期）。

㊳قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى: «ئۇيغۇرلار ۋە غەربىي يۇرتنىكى باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ قىسقىچە تارىخى» 176 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000 ـ يىل نەشرى.

㊴ 钱伯泉：《新疆民族史》132—133 页，新疆人民出版社 1996 年。

㊵ ［日］安部健夫：《西回鹘国史的研究》166 页，新疆人民出版社 1995 年。

㊶刘美崧：《唐朝真公主与回纥的和亲》（载《新疆历史人物》第四集 45—46 页，新疆人民出版社 1989 年）。

㊷《新唐书》217 卷《回鹘传》，6129 页。

㊸㊹《旧唐书》195 卷《回纥传》，5211，5212，5213 页。

㊺㊻《资治通鉴》246 卷《唐纪》，7942—7946 页。

㊼ C. Г. 克里亚施托尔内：《苏札碑的历史文化意义》（引自李国香著《维吾尔文学史》第 46 页，西北民族学院 1982 年）。

㊽تۇنباغانىڭ ئىسمى «تېرخىن مەڭگۇ تېشى» نىڭ غەربىي يۈزى 6 ـ قۇرىدا «ئىچكى بۇيرۇقلار بېشى ئىنانچۇ باغا تارقان» دەپ يېزىلغان.

㊾《新唐书》217 卷《回鹘传》上，6125 页。

㊿《旧唐书》195 卷《回纥传》，5213 页。

51 «تاڭ مەكتۇپلىرى» 699 ـ جىلد «ئۇيغۇر قاغانلىرىغا چۇشۇرۇلگەن مەكتۇپ» (لىن گەن، گاۋ زىخۇ: «قەدىمكى ئۇيغۇرلار تارىخى» 150 ـ بەتتە كەلتۈرۈلگەن نەقىل، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000 ـ يىل).

52《李卫公会昌一品集》3 卷 13 页（引自冯志文等编《回鹘史编年》第 181 页，新疆大学出版社 1992 年）。

53 程溯洛：《从九姓回鹘毗伽可汗碑汉文部分看唐代回鹘民族和祖国的关系》（载《中央民族学院学报》1978 年 2 期 22 页）。

⑭ 范文澜:《中国通史》第四册 78 页,人民出版社 1978 年。

⑮ ئا. گ. مالياۋكىن: «9 — 12 ـ ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇر دۆلەتلىرى» 8 — 9 ـ بەتلەر، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1993ـ يىل.

⑯《唐会要》98 卷《回纥》,1749 页,商务印书馆 1937 年。

⑰《新唐书》217 卷《回鹘传》,6130 页。

⑱［日］安部健夫:《西回鹘国史的研究》171 页,新疆人民出版社 1985 年。

# 7 ـ باب ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىكى ۋە مەدەنىيىتى

ئۇيغۇرلار — ئالتاي ۋە ئورخۇندىكى تۈرك، موڭغۇل دۆلەتلىرىنىڭ، 12 ـ ئەسىردىكى نايمانلارنىڭ ۋە 13 ـ ئەسىردىكى چىڭگىزخان جەمەتىنىڭ مەرىپەت تەربىيىچىلىرى ئىدى.

——رېنې گرووسېت

## 1 § . ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىكى

ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىكىدە گەرچە چارۋىچىلىق ئاساسلىق ئورۇندا تۇرسىمۇ، لېكىن بىر قىسىم دەريا ۋادىلىرى، تۈزلەڭلىكلەردە يەنە ئالىلىقاچان دېھقانچىلىق تەرەققىي قىلغان، دېھقانچىلىقنىڭ تەرەققىياتى تەبىئىي هالدا بىر قىسىم ئۇيغۇر چارۋىچىلىرىنى ئولتۇراق تۇرمۇشقا يېتەكلەپ، مۇقىم يېزا ـ مەھەللىلەرنىڭ بارلىققا كېلىشىنى تېزلەتكەن. نەتىجىدە بۇ شەھەر ـ بازارلارنى مەيدانغا كەلتۈرۈش بىلەن بىللە، شەھەر ـ بازارلار بىلەن يېزا ـ مەھەللىلەردە قەبىلە ـ ئۇرۇق مۇناسىۋەتلىرىنىڭ پارچىلىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، زېمىن ـ تېررىتورىيە مۇناسىۋەتلىرىنى ئەسلىدىكى قەبىلە ـ ئۇرۇق مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ئورنىغا دەسسەتكەن، بۇنىڭ بىلەن تەدرىجىي هالدا قەبىلە ـ ئۇرۇق ئىككى ئاجىزلىشىپ، بىرلىككە كەلگەن مىللەت ئىككى كۆچەيگەن. بولۇپمۇ ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئوتتۇرا مەزگىللىرىدىن كېيىن، قاغانلىقنىڭ تاڭ سۇلالىسى بىلەن بولغان ئىقتىساد ـ سودا مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىي قىلىشى، غەرب

بىلەن شەرق قاتنىشىنىڭ تۈگۈنى بولغان «يىپەك يولى» نى كونت-
رول قىلىش ھوقوقىنىڭ ئۇيغۇرلار قولىغا ئۆتۈشى قاغانلىقنىڭ
ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، چارۋىچىلىق، دېھقان-
چىلىق ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئىگىلىكىنىڭ مۇستەقىل تەرەققىيا-
تىنى تېزلەتكەن. «شەھەر ۋە يېزا ئاھالىلىرى دېھقانچىلىق ئىگىلى-
كى بىلەن شۇغۇللانغان، ئەمما بۇلار پۈتكۈل خانلىق نوپۇسىنىڭ
ئاز قىسمىنى تەشكىل قىلغان، ئاھالىنىڭ كۆپ قىسمى ئاساسلىقى
چارۋىچىلىق ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللانغان، قول ھۈنەرۋەنچىلىك
ئىگىلىكىمۇ شەھەر ئاھالىلىرى ئىچىدە ئالاھىدە ئورۇنغا ئىگە بول-
غان، ھەتتا دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق ئىگىلىكىدىن پۈتۈنلەي
ئايرىلىپ چىققان، ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى شەھەر خارابىلىرى ۋە
قەبرىلىرىدىن چىققان ئەسۋاب ـ ئۈسكۈنىلەرگە ئاساسلانغاندا، شۇن-
داق يەكۈن چىقىرىشقا بولىدۇكى، ئەينى دەۋردە قول ھۈنەرۋەن-
لەرنىڭ ئىچىدە مەخسۇس مەدەن قازغۇچىلار، مەدەن تاۋلىغۇچى-
لار، يەنە خۇمدانچى، تۆمۈرچى ۋە زەرگەرلەر بولغان، تاشچىلار
ۋە نەققاشلار ئاساسلىقى يارغۇنچاق، تۈگمەن تېشى ۋە ھەر خىل
يادنامىلەرنى (گرانىت تاشلاردىن تاراشلاپ ياسالغان ئادەم ھەيكەل-
لىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ياسىغان، ئۇنىڭدىن سىرت يەنە
ئويمىچىلار، رەسساملار، مېمارلار ۋە توقۇمچىلارمۇ بولغان»①.

**1. چارۋىچىلىق**

ئۇيغۇرلار ئەسلىدە كۆچمەن چارۋىچى مىللەت بولۇپ، ئۇلار
تارىخنامىلەردە خاتىرىلەنگىنىدەك، «ئېگىز چاقلىق ھارۋىلاردا
ئولتۇرۇپ، سۇ، ئوت ـ چۆپ قوغلىشىپ، كۆچۈپ يۈرەتتى»،
«چارۋىلارنىڭ تېرىلىرىدىن كىيىم كىيىپ، گۆشلىرىنى ئوزۇق
قىلىپ، چېدىرلاردا ئولتۇراتتى». لېكىن، شۇنىمۇ ئەسكەرتىپ
ئۆتۈش كېرەككى، بارلىق كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرگە ئوخشاش
ئۇيغۇرلارمۇ (جۈملىدىن ئۇلارنىڭ ھەرقايسى قەبىلە ـ ئۇرۇقلىرى-
مۇ) پەقەت مەلۇم دائىرە ئىچىدە نىسبىي كۆچۈپ يۈرەتتى. چارۋى-
چىلىق ئىگىلىكىدە ئات، قوي، تۆگە، كالا قاتارلىقلار ئاساسلىق

ئورۇندا تۇراتتى. ئىچكى ـ تاشقى موڭغۇلىيە ۋادىسى، خېشى
كارىدورى، جۇڭغارىيە ۋادىسى ۋە شەرقىي تەڭرىتاغ ئېتەكلىرىدىكى
سانسىزلىغان چوڭ ـ كىچىك دەريا ـ ئېقىنلار، بۇلاق ـ كۆللەر،
پايانسىز كەتكەن ئوتلاق ـ ئورمانلىقلار ئۇيغۇرلارنىڭ چارۋىچىلىق
ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىغا قۇلاي جۇغراپىيىلىك شارائىت-
لارنى يارىتىپ بەرگەنىدى. مىلادىيە 745 ـ يىلىدىن باشلاپ ئور-
خۇن ئۇيغۇر خانلىقى شەرقتە سىبىر (شىرۋى)، تاتارلارنى، غەرب-
تە قارلۇق، شاداپىتلارنى، شىمالدا قىرغىزلارنى، جەنۇبتا چۆل-
لۈكنىڭ جەنۇبىغىچە بولغان جايلاردىكى نۇرغۇنلىغان قەبىلە، ئۇ-
رۇقلارنى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ كەڭ يايلاقلىرى،
سانسىز چارۋا ـ ماللىرى، مۇنبەت ئېتىزلىرىغا ئىگە بولۇۋالدى.
«بۇ گەرچە بۇلاڭچىلىق خاراكتېرىدىكى بىر ئەھۋال بولسىمۇ،
لېكىن ئۇ ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىشىنى
ئىلگىرى سۈرۈشتە تۈرتكىلىك رول ئوينىدى»②. 8 ـ ئەسىردىن
كېيىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئىگىلىكىدە زور ئۆزگىرىش يۈز بېرىپ،
سودا، قول ھۈنەرۋەنچىلىك تېز تەرەققىي قىلغان بولسىمۇ، چارۋى-
چىلىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇشىدا يەنىلا ئاساسلىق ئور-
نىدىن قالمىدى. پەقەت قاغانلىقنىڭ غەربىي رايونلىرىنىڭ بىر
قىسىم جايلىرىدا دېھقانچىلىق ۋە سودا چارۋىچىلىقنىڭ ئورنىنى
ئىگىلىدى. تاڭ سۇلالىسى بىلەن ئېلىپ بېرىلغان يىپەك ـ ئات
سودىسىدىن قارىغاندا، پۈتكۈل خانلىق ئىگىلىكىدە چارۋىچىلىق
زور سالماقنى تەشكىل قىلىپلا قالماستىن، بەلكى خانلىقتىكى
يۇقىرىدا قاغاندىن تارتىپ تۆۋەندە قارا بودۇنغىچە (ئاددىي خەلق)
بولغان ھەرقايسى قاتلام سىنىپلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا چار-
ۋىچىلىق ئاساسىي ئورۇننى ئىگىلىگەن. ئۇيغۇر قاغانلىرى، بۇي-
رۇقلىرى ۋە ھەر دەرىجىلىك بەگلەرنىڭ ھەممىسى چوڭ چارۋىدار
ۋە چوڭ زېمىندار بولغان. چۈنكى، قەدىمدە ئۇيغۇرلاردا «كىمنىڭ
مېلى كۆپەيسە، ئۇ باشقىلارغا قارىغاندا ئەلنى ئىدارە قىلىش ئىشىغا
لايىقراق بولىدۇ، مالسىز قالغان بەگ ئۆز ئەتراپىغا ئادەم يىغالماي
قېينىلىدۇ، چۈنكى كىشىلەر ئۇنىڭغا مېلىنى دەپ خىزمەت قىلى-

دۇ»③ دەيدىغان قاراش بولغان. ئەگەر بىز ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن تاڭ سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدا تەخمىنەن 100 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت داۋاملاشقان يىپەك - ئات سودىسىنىڭ ئومۇمىي جەريانىدىن قارايدىغان بولساق، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدا چارۋىچىلىق ئىگىلىكىنىڭ خانلىقنىڭ دىپلوماتىيە پائالىيىتىنىڭ مۇھىم تايانچى بولۇپلا قالماستىن، يەنە خانلىقنىڭ سىياسىي ۋە ھەربىي ئىشلىرىنىڭمۇ ئاساسى ئىكەنلىكىنى چۈشىنىۋالالايمىز. شۇڭا، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ چارۋىچىلىقى ئىپتىدائىي دەۋرلەردىكى «چارۋىلارنىڭ تېرىلىرىدىن كىيىم كىيىدىغان، گۆشلىرىنى ئوزۇق قىلىدىغان» نوقۇل ناتۇرال ئىگىلىكتىن خانلىقنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشىدا كەم بولسا بولمايدىغان تاۋار ئىگىلىكىگە ئايلانغان.

ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدا چارۋىلارنىڭ ئىچىدە ئات ئەڭ ئېتىبار بېرىلىدىغان ئاساسلىق چارۋا ئىدى. چۈنكى، بىرىنچىدىن، ئۇ ئۇيغۇرلار ئەڭ كۆپ ئىشلىتىدىغان قاتناش قورالى ئىدى؛ ئىككىنچىدىن، ئۇ ئۇرۇش ۋە ھەربىي ئىشلاردا مۆلچەرلىگۈسىز قىممەتكە ئىگە ئىدى؛ ئۈچىنچىدىن، ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئوۋ ئوۋلاش، ھەربىي مەشىق قىلىشىدىكى مۇھىم ۋاسىتىسى ئىدى؛ تۆتىنچىدىن، ئۇ چارۋىچى ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئۈچۈن تۇرمۇش ۋاسىتىسى ھېسابلىناتتى. شۇڭا، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە ئاتچىلىق چارۋىچىلىق ئىگىلىكىدە ئەڭ ئېتىبار بېرىلىدىغان، دۆلەتنىڭ گۈللىنىشى ۋە خارابلىشىشىغا بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك بولغان تارماق ئىگىلىك بولغان. تارىخىي ماتېرىياللارغا قارىغاندا، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە ئاتچىلىق يۇكسەك تەرەققىي قىلغان بولۇپ، ھەرقايسى قەبىلىلەرنىڭ ئات باقىدىغان ئوتلاق - يايلاقلىرى، ئاتلىرىغا باسىدىغان ئايرىم ئەن - تامغىلىرى بولغان. شۇڭا، «تاڭ سۇلالىسى تارىخىغا دائىر مۇھىم بايانلار» دا، ئەينى دەۋردىكى 40 نەچچە قەبىلىنىڭ ئاتلىرىنىڭ تۈرلىرى، تامغىلىرى ۋە بېقىلىدىغان يايلاقلىرىنىڭ ئەھۋالى خېلىلا كونكرېت خاتىرىلەنگەن. جۈملىدىن، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىغا تەۋە قەبىلىلەر ۋە قارام قەبىلىلەر-

نىڭ ئاتلىرى ئالتە تۈرگە ئايرىلىپ، ئۇلارغا باسىدىغان ئەن - تامغىلار ئايرىم - ئايرىم كۆرسىتىپ بېرىلگەن. ئەمەلىيەتتە، ئاتلار بەستىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكىگە ئاساسەن ئۈچ چوڭ تۈرگە ئايرىلغان:

ئېگىز ۋە قاۋۇل ئاتلارغا قورىقان ئاتلىرى بىلەن كانگىيە ئاتلىرى ۋەكىللىك قىلغان، بۇ تىپتىكى ئاتلار يەنە قارلۇق، قىرغىز ۋە باسمىللارنىڭ ئاتلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان، ئەمما قىرغىز ۋە باسمىللارنىڭ ئاتلىرى قورىقانلارنىڭ ئاتلىرىغا «ئانچە تەڭلىشەلمىگەن» . قورىقان ئاتلىرىنىڭ ئادەتتە «بېشى تۆگىنىڭ بېشىدەك بولۇپ، قاۋۇل كېلەتتى، ياخشىلىرى بىر كۈندە نەچچە يۈز چاقىرىم يول باسالايتتى»④ ، كانگىيە ئاتلىرى پەرغانە ئېتى تۈرىدىن بولۇپ، بەستى ئىنتايىن زور كېلەتتى. ۋۇدى يىللىرىنىڭ (618 — 626 - يىللار) ئوتتۇرىلىرىدا كانگىيە تاڭ سۇلالىسىگە 4000 تۇياق ئات تەقدىم قىلغان بولۇپ، تاڭ ئەمەلدارلىرى مىنىۋالغان ئاتلار شۇ خىل ئاتلار ئىدى⑤ .

ئوتتۇراھال ئاتلارغا تۈرك ئاتلىرى ۋەكىللىك قىلغان، تۈرك ئاتلىرى «ئىنتايىن چەبدەس، ئۇستىخىنى كېلىشكەن، يىراققا چاپالايدۇ، ئوۋ ئوۋلىغاندا ئۇلارغا ھېچنېمىنى تەڭلەشتۈرگىلى بولمايدۇ» ⑥ دەپ تەرىپلەنگەن. بۇ تىپتىكى ئاتلار يەنە ئىزگىل ئاتلىرى، چۆبە ئاتلىرى، قۇمۇق ئاتلىرى، قۇشۇ ئاتلىرى، ھۇن ئاتلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان. ئۇيغۇر ئاتلىرى، تۇڭرا ئاتلىرى، تاردۇش ئاتلىرى، بۆگۈ (بارغۇت) ئاتلىرى، ئادىز ئاتلىرى ئېگىز ۋە قاۋۇل ئاتلار بىلەن ئوتتۇراھال ئاتلارنىڭ ئارىلىقىدىكى ئاتلار بولغان.

كىچىك ئاتلارغا قىتان ئاتلىرى بىلەن تاتابى ئاتلىرى ۋەكىللىك قىلغان، قىتان ئاتلىرى «ئىنتايىن ئەۋرىشىم، ئۇستىخىنى تۈرك ئاتلىرىغا قارىغاندا كىچىك، ئورمانلىقلاردا يۈرۈشكە مۇۋاپىق كېلەتتى» ⑦ دەپ تەرىپلەنگەن، تاتابى ئاتلىرى بولسا «چىداملىقتا قىتان ئاتلىرىدىن ئېشىپ چۈشىدۇ، باشقا جەھەتلەردە قىتان ئاتلىرى بىلەن ئوخشاش» ⑧ دەپ تەرىپلەنگەن.

لىيۇ يىتاڭ ئەپەندى يۇقىرىقى قاراشنىڭ ئەكسىچە: «ئەزەلدىن تارتىپ ئۇيغۇرلارنىڭ باقفان ئاتلىرى ئاساسەن ئىككى تۈرگە بۆلۈنەتتى، بىرىنچىسى يورغا ئات بولۇپ، ئۇنىڭ يۈرۈشى باشقا ئاتلارغا ئوخشىمايتتى، مىنگەنلەر ئازادىلىك ھېس قىلاتتى، شۇڭا بۇ خىل ئاتلارغا سانغۇنلار، قەبىلە باشلىقلىرى، ئاقسۆڭەكلەر مىنەتتى. ئىككىنچىسى سوكسوك ئات بولۇپ، سىيلىق يۈرەتتى، ئادەتتە مىنىشتە ۋە ھەربىي ئىشلاردا ئىشلىتىلەتتى. ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتلىرى ھۈن ئېتى، تۈرك ئېتى بىلەن بىر تۈردىكى ئاتلاردىن بولۇپ، مىنىش، ئوۋ ئوۋلاش ۋە ھەربىي ئىشلاردا ئوخشاش ئىدى» ⑨ دەپ ھېسابلىغان. بۇنىڭغا ئاساسلانغاندا، «تاڭ سۇلالىسى تارىخىغا دائىر مۇھىم بايانلار» دا ئېگىز ۋە قاۋۇل ئاتلار بىلەن ئوتتۇراھال ئاتلارنىڭ ئارىلىقىغا تەۋە قىلىنغان ئۇيغۇر، تۇڭرا، تاردۇش، ئادىز، بايىرقۇ ئاتلىرىمۇ كانگىيە ئاتلىرى تىپىغا مەنسۇپ بولغان، ئۇلار خەن دەۋرىدىكى پەرغانە ئاتلىرى بىلەن بىر تۈرگە كىرگەن.

مەيلى ئورخۇن مەڭگۈ تاشلىرىدا بولسۇن ياكى تاڭنامىلەردىكى خاتىرىلەردە بولسۇن، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ قانچىلىك ئېتى بارلىقى ئېنىق خاتىرىلەنمىگەن، لېكىن ئۇيغۇرلار بىلەن تاڭ سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدىكى ئات - يىپەك سودىسىنىڭ كۆلىمى ۋە تەرەققىياتىدىن ئەينى دەۋردە ئۇيغۇرلارنىڭ چارۋىچىلىقىنىڭ، جۈملىدىن ئاتچىلىقىنىڭ مىسلىبسىز گۈللەنگەنلىكىنى كۆرۈۋېلىش ئانچە تەس ئەمەس. تۆۋەندە «تاڭ سۇلالىسى تارىخىغا دائىر مۇھىم بايانلار» دا خاتىرىلەنگەن ھەرقايسى قەبىلىلەرنىڭ ئاتلىرىغا باسىدىغان ئەن - تامغىلىرى بىلەن ئۇنىڭدىن تەخمىنەن بىر ئەسىر كېيىن يېزىلغان «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا خاتىرىلەنگەن ئوغۇزلارنىڭ 22 ئۇرۇقىنىڭ ماللىرىغا باسىدىغان تامغىلىرى سېلىشتۇرۇلۇپ كۆرسىتىلدى⑩ .

«تاڭ سۇلالىسى تارىخىغا دائىر مۇھىم بايانلار» | «تۈركىي تىللار دىۋانى»

| قەبىلە نامى | تامغىسى | قەبىلە نامى | تامغىسى |
|---|---|---|---|
| تۇڭرا |  | قىنىق |  |
| تاردۇش |  | قايىغ |  |
| بارغۇت |  | بايۇندۇر |  |
| ئاتئىز |  | ئىۋا (يىۋا) |  |
| ئۇيغۇر |  | سالغۇر |  |
| كۆلۈگ بەگ |  | ئافشار |  |
| ئاقشىد |  | بەكتىلى |  |
| ئىزگىل |  | بۈگدۈز |  |
| چۇبە |  | بايات |  |
| قۇمۇق |  | يازغىر |  |
| قۇشۇ |  | ئەيمۇر |  |

| | | | |
|---|---|---|---|
| نۇراي |  | قارا بولۇك |  |
| ئاشىنا |  | ئالقا بولۇك |  |
| سارت |  | ئىگىدىر |  |
| هۇن |  | ئۇرەگىر (يۇرەگىر) |  |
| قىتان |  | تۇتىرقا |  |
| تاتابى |  | ئۇلايۇدلۇغ |  |
| بۆركلى |  | تۈگەر |  |
| باغا |  | پەچەنەك |  |
| بايان ئاشىد |  | چۇۋۇلدار |  |
| | | چەبنى |  |

ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ چارۋىچىلىقىدا سانى ھەممىدىن كۆپ چارۋا قوي ئىدى، چۈنكى قوي تېز كۆپىيەتتى، چارۋىچىلار ئۇنىڭدىن ئۆزىگە كېرەكلىك گۆش، ماي، يۇڭ، تېرىلەرگە ئىگە بولالايتتى. كالا، تۆگە قاتارلىق چارۋىلارمۇ مەلۇم سالماقنى ئىگىلەيتتى، بولۇپمۇ تۆگە خانلىقنىڭ جەنۇبىدىكى ۋە غەربىدىكى رايونلاردا، يەنى يىپەك يولىنىڭ جەنۇبىي لىنىيىسى ۋە ئوتتۇرا لىنىيىسى ئۆتىدىغان قۇملۇق، چۆل رايونلاردا، يەنە چۇ دەرياسى ۋادىلىرىدىكى جايلاردىمۇ كۆپرەك بولۇپ، ئاساسلىق قاتناش قورالى قىلىناتتى.

## 2. ئوۋچىلىق

ئوۋچىلىق ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ، جۈملىدىن ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىكىدە مۇئەييەن ئورۇننى ئىگىلەيتتى. تاڭنامىلەردىمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ دائىم ئوۋ ئوۋلايدىغانلىقى تىلغا ئېلىنغان. ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشىدا ئوۋچىلىق ئۇلارنىڭ يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەككە ئېرىشىشىدىكى ئاساسلىق تىرىكچىلىك پائالىيەتلىرىنىڭ بىرى بولۇپلا قالماستىن، ئەڭ ئاساسلىقى ئۇلارنىڭ ھەربىي مەشىق قىلىدىغان، قەبىلە - ئۇرۇق ئەزالىرىنى دۈشمىنىنى قانداق يېڭىش ھەققىدە تەربىيىلەيدىغان، شۇنداقلا ياشلار - ئۆسمۈرلەرگە ئات مىنىش، ئوقيا ئېتىشنى ئۆگىتىدىغان ھەربىي پائالىيەتلىرىنىڭ بىرى ئىدى. «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» دە، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تۇنجى قاغانى تومىدنىڭ دادىسى بوسات ھەققىدە توختىلىپ: «بوسات قابىلىيەتلىك، باتۇر ھەم تەدبىرلىك كىشى بولۇپ، ئوۋ ئوۋلاشنى ياخشى كۆرەتتى، ئۇرۇشلاردا دائىم ئۆزى ئالدىدا يۈرەتتى، جەڭدە دائىم يەڭمەي قالمايتتى، شۇڭا ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلەر ئۇنى ھۆرمەتلەپ ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلاتتى»⑪ دېيىلگەن. «تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشى» دىمۇ ئوۋچىلىقنىڭ قىيىن شارائىتلاردا ئوزۇق - تۈلۈكنى ھەل قىلىشتا مۇھىم رولغا ئىگە ئىكەنلىكى يورۇتۇپ بېرىلگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا مىلادىيە 682 - يىلى ئاشىنا قۇتلۇق

ۋە تونيۇقۇق باشچىلىقىدىكى شەرقىي تۈرك قەبىلىلىرى تاڭ سۇلا-لىسىگە قارشى ئىسيان كۆتۈرۈپ، 700 دەك كىشىنى يىغىپ چوغاي قوزى ۋە قارا قۇم شەھەرلىرىدە تۇرۇپ، ئوۋچىلىق بىلەن تۇرمۇشنى قامداپ كەلگەنلىكى تەسۋىرلىنىپ، «بىز چوغاي قوزى ۋە قارا قۇمدا ئولتۇراقلاشقانىدۇق، كېيىك يەپ، توشقان يەپ كۈن كەچۈرەتتۇق، خەلقنىڭ قارنى توق ئىدى» ⑫ دېيىلگەن. مەھمۇد كاشغەرىمۇ ئوۋچىلىقنىڭ ئۇيغۇرلاردا دائىملىق پائالىيەت تۈرلىرى-دىن بىرى ئىكەنلىكىنى كۆپ قېتىم تىلغا ئېلىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ يېتىلگەن ئوۋچىلاردىن ئىكەنلىكىنى ماكىدونىيە پادىشاھى ئا-لېكساندىر (يەنى ئىسكەندەر زۇلقەر نەيىن) نىڭ مۇنداق بىر جۈملە سۆزىگە مۇجەسسەملەشتۈرگەن: «ئۇلار (يەنى ئۇيغۇرلار) باشقى-لارغا موھتاج بولماي، ئۆز ئوزۇقىنى ئۆزى تېپىپ يەيدىغانلار ئىكەن، بۇلارنىڭ قولىدىن ئوۋ قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ، قاچان خالى-سا شۇ چاغدا ئېتىپ يېيەلەيدۇ»⑬. مەھمۇد كاشغەرى يەنە ئۇيغۇر-لارنىڭ قەدىمكى ئوۋچىلىققا دائىر بەزى شېئىر - قوشاقلارنى ئۆز ئەسىرىدە ئالاھىدە خاتىرلەپ ئۆتكەن، مەسىلەن: «قارغا (ئاچلىق - تەشنالىق) دەردىنى بىلسە، ئۇ مۇز چوقۇيدۇ، ئوۋچى يوشۇرۇنۇپ ياتسا، توزاقتىكى دانغا يېقىنلىشىدۇ»⑭.

ئۇيغۇرلار ئوۋچىلىق پائالىيەتلىرىدە ئوۋلىرىنى ئاساسەن ئوق-يا، نەيزىلەر بىلەن ئوۋلاشتىن سىرت، يەنە بۈركۈت (ياكى شۇڭ-قار)، قارچىغا، ئوۋ ئىتلىرى ئارقىلىق ئوۋلىغان، بەزىدە يەنە قاپقان، توزاق ئارقىلىقمۇ ئوۋ غەنىيمەتلىرىگە ئېرىشكەن.

### 3. دېھقانچىلىق

ئالدىنقى ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا رۇسىيە ئارخېئولوگلىرى-نىڭ ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قارابالغاسۇن شەھىرى (ئوردۇبا-لىق) خارابىسىنى ۋە ئورخۇن - سېلىنگا دەرياسى ۋادىلىرىدىكى مەدەنىيەت ئىزلىرىنى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش نەتىجىلى-رى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي تۇرمۇشىغا دائىر قىممەتلىك ئەھۋاللارنى يورۇتۇپ بېرىپ، كلاس-سىك خەنزۇچە تارىخنامىلەردىكى بوشلۇقلارنى تولۇقلىدى. تەكشۈ-

رۇشلەر ئارقىلىق قاراباالغاسۇننىڭ ئەتراپلىرىدىن ئېرىق ـ ئۆستەڭ ئىزلىرى، ئېرىق ـ ئۆستەڭلەر ئارقىلىق تورلاشتۇرۇلغان باغ ـ ئېتىزلىقلار خارابىلىرى، ئاساسلىق ئاشلىق زىرائەتلىرى تېپىلدى⑮.
بۇلار ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە موڭغۇلىيە ۋە سىبىرىيە ۋادىلىرىدا ئاللىقاچان مۇقىم دېھقانچىلىقنىڭ بولغانلىقىنى تولۇق ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ شىمالىدىكى زېمىنى بولغان تۇۋادا، ئارخېئولوگلار ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەر جەريانىدا ئۇيغۇرلارغا تەۋە 15 شەھەر خارابىسىنى ۋە بىرقەدەر مۇكەممەل ساقلىنىپ قالغان بىر ئاھالىلەر تۇرالغۇسى خارابىسىنى تاپقان بولۇپ، ئارخېئولوگلارنىڭ ئېنىقلىشىچە بۇ شەھەرلەرنىڭ ھەممىسى ئەينى دەۋردە دېھقانچىلىق ۋە سودا مەركەزلىرى بولغانىكەن. ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشكە قاتناشقان موسكۋا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى كوزلوف: «بىز بۇ شەھەر خارابىلىرىدىن قېزىپ چىققان تۆمۈر بۇيۇملاردىن مېتالچىلىقنى، تۇگمەن ۋە يارغۇنچاق تېشىدىن دېھقانچىلىقنى، ساپال پارچىلىرىدىن كۇلالچىلىقنى، يىپ ئىگىرىش سايمانلىرىدىن توقۇمىچىلىقنىڭ تەرەققىياتىنى كۆرۈۋالالايمىز»⑯ دېگەن. ئۇ يەنە بۇ ئۇيغۇر شەھەرلىرىدە زەرگەرلەرنىڭ، نەققاشلارنىڭ، رەسساملارنىڭ ۋە ھەربىي قورال ـ ياراغ ياسايدىغان ئۇستىلارنىڭ بولغانلىقىنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتكەن.

يۇقىرىقى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەر جەريانىدا بايقالغان ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ دېھقانچىلىق ئىگىلىكىگە دائىر ئەھۋاللار مىلادىيە 821 ـ يىلى ئەتراپىدا ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ پايتەختى ئوردۇبالىق شەھىرىگە كەلگەن ئەرەب سەيياھى تەمىم ئىبنى بەھرنىڭ ساياھەتنامىسىدىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان بولۇپ، ئۇ بىزنىڭ ئەينى دەۋردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ دېھقانچىلىق ئىگىلىكىگە دائىر ئەھۋاللارنى چۈشىنىشىمىز زور ئىسپات بىلەن تەمىنلەپ بېرىدۇ. تەمىم ئىبنى بەھر ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ پايتەختى «يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى مول چوڭ شەھەر بولۇپ، ئەتراپى ئېتىز ـ ئېرىقلار ۋە زىچ يېزا ـ كەنتلەر بىلەن قورشالغانىكەن، شەھەرنىڭ ناھايىتى ھەيۋەتلىك ئون ئىككى تۆمۈر دەرۋازىسى بار

ئىكەن، شەھەرنىڭ ئاھالىسى كۆپ، بازارلىرى ئاۋات، ماللىرىنىڭ تۈرى ناھايىتى كۆپ ئىكەن، ئاھالىسى مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىكەن»⑰ دەپ يازغان. بۇنىڭدىن شۇنى بىلىۋالالايمىزكى، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدا چارۋىچىلىق ئىگىلىكى بولۇپلا قالماستىن، دېھقانچىلىق ئىگىلىكىمۇ ئاللىقاچان مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، خانلىق ئىگىلىكىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمىغا ئايلانغان، بولۇپمۇ ئۇ خانلىقنىڭ غەربىي زېمىنىدا ئەسلىدىكى ئاساستا ئىنتايىن زور تەرەققىي قىلغان. شۇڭا، «ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدا ئىگىلىكنىڭ ھەممىلا تۈرلىرى مەۋجۇت ئىدى» دەپ كېسىپ ئېيتىشقا بولىدۇ.

## 4. قول ھۈنەرۋەنچىلىك

ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدا چارۋىچىلىقنىڭ يۇكسەك تەرەققىي قىلىشى، ئىچكى - تاشقى سودىنىڭ تەرەققىي قىلىشى، دېھقانچىلىقنىڭ تەرەققىياتى، شەھەر - يېزا تۇرمۇشىنىڭ ئومۇملىشىشى ۋە سىرتقى ئالاقىنىڭ كۆپىيىشى تەبىئىي ھالدا قول ھۈنەرۋەنچىلىك تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگەن. گەرچە بىز كلاسسىك يازما خاتىرىلەردىن ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى قول ھۈنەرۋەنچىلىكنىڭ تەرەققىيات ھالىتىنى چۈشىنىشكە ئامالسىز بولساقمۇ، ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار بىزنىڭ ئەينى دەۋردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ قول ھۈنەرۋەنچىلىكىنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەردار بولۇشىمىزغا خېلىلا تولۇق ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرەلەيدۇ. ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، ئەينى دەۋردە ئۇيغۇرلاردا مېتالچىلىق، قۇيمىچىلىق، تۆمۈرچىلىك، زەرگەرچىلىك كەسىپلىرى بولغان، يەنە ساپالچىلىق، تاش ئويمىچىلىق، ھەيكەلتىراشلىق، كىگىزچىلىك قاتارلىق كەسىپلەرمۇ خېلىلا تەرەققىي قىلغان بولۇپ، خارابىلەردىن قازان، پىچاق، باشاق (ئوقيانىڭ ئۇچى)، مىخ، تۆمۈر پارچىلىرى ۋە تۈچ زىننەت بۇيۇملىرى تېپىلغان.

ساپالچىلىق ئۇيغۇرلاردىكى ئەنئەنىۋى قول ھۈنەرۋەنچىلىك تۈرى بولۇپ، «ئۇيغۇرلاردىكى ساپالچىلىق ھۇن دەۋرىدىلا باشلانغان»⑱. ئارخېئولوگلار سېلىنگا، ساۋى، چىكۆي ۋە ئونون دەرياسى بويلىرىدىكى مەھەللە، ئىبادەتخانا خارابىلىرىدىن، قەبرى-

لەردىن ھەرخىل ساپال بۇيۇملارنى تاپقان. 1949 ـ يىلى رۇس ئارخېئولوگلىرىدىن س. ۋ. كىسلىيېۋ قاتارلىقلار ئوردوبالىق خارابىسىدىن خاس ئۇيغۇر ئۇسلۇبىدا ياسالغان لوڭقا ۋە باشقا ساپال بۇيۇملارنى قېزىۋالغان، «ئۇيغۇر ساپال قاچىلىرى رەڭگى ۋە ياسىلىش تېخنىكىسى جەھەتتىن باشقا ساپال قاچىلارغا ئوخشاپ كەتسىمۇ، چۈشۈرۈلگەن گۈل شەكىللىرىنىڭ ئوخشىماسلىقى بىلەن ئۇلاردىن ئالاھىدە پەرقلىنىدۇ. بۇ قاچىلارنىڭ قورساق قىسمىدا تىك چۈشۈرۈلگەن سىزىقلار بار (كىچىك موكا شەكلىدىكى ئويما كۆرۈنۈشلەر، موكا شەكلىدىكى قاپارتما نەقىشلەرمۇ بار)، گۈل چۈشۈرۈلگەن ئايلانما سىزىقلار بار»⑲. ئۇيغۇرلاردا يەنە تاش ئويمىچىلىق ۋە ھەيكالتىراشلىقمۇ خېلى تەرەققىي قىلغان بولۇپ، بۇنى بىز ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى تېررىتورىيىسىدىن بايقالغان تاش ئىمارەتلەر، مەڭگۈ تاشلار ۋە تاش بالباللاردىن بىلەلەيمىز.

ئۇيغۇرلار چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلغان خەلق بولغاچقا، كىگىزچىلىك قەدىمدىن تارتىپ داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان كەسىپ بولغان. ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار ئۇيغۇرلاردا ئۆي چارۋىلىرى ۋە ياۋايى ھايۋانلارنىڭ يۇڭلىرىدىن كىگىز ئېتىشنىڭ مەۋجۇتلۇقىنىمۇ ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇيغۇرلاردا يەنە ياغاچچىلىق كەسپىمۇ تەرەققىي قىلغان بولۇپ، ياغاچلاردىن ئۆي جاھازىلىرى، ھارۋا، ئوقيا ۋە پىچاق ساپلىرى قاتارلىقلار ياسالغان. تاڭ سۇلالىسى بىلەن بولغان ئات ـ يىپەك سودىسىنىڭ جانلىنىشىغا ئەگىشىپ، بۇنداق كەسىپلەر تېخىمۇ تېز تەرەققىي قىلغان.

## § 2 . ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ شەھەر مەدەنىيىتى

### 1 . ئۇيغۇر شەھەرلىرىنىڭ بارلىققا كېلىشى

ئۇيغۇرلار ناھايىتى يىراق قەدىمكى زامانلاردىلا مەدەنىيەت دەۋرىگە قەدەم قويغان. ئارخېئولوگىيىلىك پاكىتلارغا ئاساسلانغاندا، «مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 2000 — 1000 ـ يىللار ئارىلىقىدىكى بىرونزا دەۋرىدىن باشلاپ يۇرتىمىز مەدەنىيەت دەۋرىگە قەدەم قويۇ-

غان بولۇپ، بىرونزا دەۋرىگە ئائىت خارابە ئىزلىرىدىن قارىغاندا مۇشۇ دەۋرلەردىن باشلاپ يۇرتىمىزدا ئىپتىدائىي شەھەرلەر بارلىققا كەلگەن»⑳. مەسىلەن، ئارا تۈرك ناھىيىسىدىكى تۈزكۆل خارابىسى، بارىكۆلدىكى لەنجۇەنزى ئىزى، خېجىڭدىكى شىنتاران ئىزى قاتارلىقلار يۇرتىمىزدىكى ئەڭ بۇرۇنقى ئىپتىدائىي شەھەرلەردۇر. يازما خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، خەن سۇلالىسى دەۋرىدىلا شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا سېپىل سوقۇپ شەھەر ياساش ناھايىتى ئومۇملاشقان بولۇپ، بۇ ھەقتە «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە: «غەربىي يۇرتتا ئەسلى 36 بەگلىك بولۇپ، كېيىن تەدرىجىي بۆلۈنۈپ 50 نەچچىگە يەتكەن ··· غەربىي يۇرتتىكى ئاھالىلەرنىڭ كۆپىنچىسى شەھەرلەرگە ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ»㉑ دەپ خاتىرىلەنگەن. ئۇيغۇر شەھەرلىرى توغرىسىدا يەنە مەھمۇد كاشغەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىمۇ مۇھىم خاتىرىلەر قالدۇرۇلغان. ئالىم ئۆز ئەسىرىدە: «بۇ ئەلدە ئەسلى بەش شەھەر بار، ئۇنىڭ خەلقى ئەشەددىي كاپىرلار ھەم ئۇستا مەرگەنلەردۇر. بۇ شەھەرلەر سۇلمى، قۇچۇ، چانبالىق، بېشبالىق، ياڭى بالىقتۇر» ㉒ دەپ يازغان.

يۇقىرىدىكى تارىخىي پاكىتلارغا ئاساسلانغاندا، ئەجدادلىرىمىز ئەڭ كېچىككەندىمۇ مىلادىيىدىن خېلى بۇرۇنقى ۋاقىتلاردىن باشلاپ ئاۋات شەھەرلەرنى بەرپا قىلىپ، تۈركىي خەلقلەر ئىچىدە ئەڭ بۇرۇن شەھەر مەدەنىيىتىگە قەدەم قويغان. نىيە، كروران، ئىدىقۇت، يارغول، بېشبالىق، بايبالىق، قارا بالغاسۇن قەدىمكى شەھەرى ئىزى، ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى زاماندىكى پارلاق شەھەر مەدەنىيىتىنىڭ يالدامىسى ھېسابلىنىدۇ.

### 2. ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدا شەھەرلەرنىڭ بارلىققا كېلىشى

تارىختا ئۇيغۇرلارنىڭ شەرقىي تارمىقى بولغان موڭغۇل دالاسىدا ياشىغۇچى قەدىمكى ئۇيغۇرلارمۇ كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ، تارقاق ياشاشتىن سىرت، توپلىشىپ ئولتۇراقلىشىپ، شەھەرلىشىش دەۋرىنى باشتىن كەچۈرگەن. بۇ ھەقتە

«جۇڭگو كاتتا ئېنسىكلوپېدىيىسى. ئارخېئولوگىيە قىسمى» دا:
«موڭغۇل دالاسىدا هۇنلار دەۋرىدىلا شەھەرلەر بارلىققا كەلگەن، مەسىلەن، سېلىنگا دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىنىڭ ئوڭ تەرىپىگە جايلاشقان هۇنلارنىڭ قەدىمكى شەھىرى بۇنىڭ تىپىك مىسالىدۇر. مەزكۇر شەھەر تىك تۆت بۇلۇڭ شەكلىدە بولۇپ، شەھەر ئەتراپىغا سېپىل سوقۇلغان ۋە خەندەك قېزىلغان، شەھەر كۆلىمى 200×348 مېتىر بولۇپ، مىلادىيىدىن بىر ئەسىر ئىلگىرى قۇرۇلغان» ㉓ دېيىلگەن. ئۇنىڭدىن باشقا، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكا- دېمىيىسىنىڭ مۇخبىر ئاكادېمىكى، ئارخېئولوگ كېسلىيېۋ بېي- جىڭدا بەرگەن دوكلاتىدا: «يېڭىدىن بايقالغان ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، ئىلگىرى ئېيتىلغان مەركىزىي ئاسى- يا، جەنۇبىي سىبىرىيە ۋە تاشقى بايقال رايونىدا قەدىمكى دەۋرلەردە كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇشىلا بولۇپ، ئولتۇراق تۇرمۇش زادى يوق ئىدى دېگەن قاراش توغرا ئەمەس، ئەمەلىيەتتە بىرونزا دەۋرى ياكى دەسلەپكى تۆمۈر قوراللار دەۋرىدىلا بۇ رايونلاردا ئاھالىلەر مۇقىم ئولتۇراقلاشقان شەھەر - بازارلار بار ئىدى. بايقال كۆلى ئەتراپى، يېنسەي دەرياسى، سېلىنگا دەرياسى، تۇغلا دەرياسى، ئورخۇن ۋە قۇرۇلۇن دەرياسى ۋادىلىرىدا مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 2- ئەسىردىن مىلادىيە 1 - ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتا دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان، مۇقىم ئولتۇراقلاشقان ئاھالىلەر بار ئى- دى» دېگەن㉔.

بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، موڭغۇل دالاسىدا ياشىغۇ- چى قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز بىپايان موڭغۇل دالاسىدا «سۇ، ئوت - چۆپ قوغلىشىپ» كۆچۈپ يۈرۈشتىن سىرت، شەھەر - بازارلاردى- مۇ ئولتۇراقلاشقان. جۈملىدىن ئورخۇن ئۇيغۇرلىرىمۇ شەھەرلە- شىش شارائىتلىرىنى هازىرلاپ، مۇقىم شەھەرلەرنى بەرپا قىلىپ، شەھەر تۇرمۇشىنى باشتىن كەچۈرگەن. بولۇپمۇ ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى بىر قىسىم دانىشمەن قاغانلارنىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىكنىڭ ئەسلىگە كېلىشى، تەرەققىي قىلىشى، شۇنداقلا مەدە- نىيەتنىڭ گۈللىنىشىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشى نەتىجىسىدە، خانلىق تېررىتورىيىسىدە بىر قىسىم چوڭ شەھەرلەر ئارقا - ئارقى-

دىن بارلىققا كېلىپ، ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ كۆچمەن چارۋىچىلىق ھاياتتىن مۇقىم ئولتۇراق تۇرمۇشقا قاراپ يۈزلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن. ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىي قىلىشى، تاڭ سۇلالىسى بىلەن بولغان سودىسىنىڭ راۋاج تېپىشى ۋە بۇ سودىدا ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلىشى، شۇنداقلا شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى چوڭ كارۋان يولىنىڭ خانلىق زېمىنىدىن ئۆتۈشى ۋە «ئۇيغۇر يولى» نىڭ بەرپا قىلىنىشى شەھەر قۇرۇلۇشىنىڭ ئۈچقاندەك راۋاجلىنىشىغا تۈرتكە بولغان. بولۇپمۇ سودا ئورخۇن ئۇيغۇرلىرىنىڭ شەھەرلىشىشكە قاراپ يۈزلىنىشىدىكى مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى بولۇپ قالغان. ئەينى ۋاقىتتا، تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئاجىزلاشقان پۈرسىتىدىن پايدىلىنىپ تىبەتلەرنىڭ خېشى كارىدورى ۋە گەنسۇ ئەتراپىنى ئىشغال قىلىۋېلىشى، تاڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي ئەللەر بىلەن بولغان سودا يولىنى ئۈزۈپ تاشلىغان، شۇ سەۋەبتىن ئۇيغۇر خانلىقى بىرمەھەل شەرق بىلەن غەرب سودا ئالاقىسىدىكى مۇھىم بېكەت بولۇپ قالغان. نەتىجىدە «بېشبالىقتىن باشلىنىپ باركۆلگە، ئاندىن شەرقىي شىمالغا — ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئاستانىسى قارا بالغاسۇنغا يېتىپ بارىدىغان ‹ ئۇيغۇر يولى › شەكىللەنگەن»[25]. بۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر خانلىقى تاڭ سۇلالىسى بىلەن غەربىي ئەللەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇھىم سودا مەركىزىگە ئايلانغان. سودىنىڭ راۋاجلىنىشى تەبىئىيكى خانلىق ئاھالىلىرىنىڭ مۇقىم ئولتۇراق تۇرمۇشقا قاراپ يۈزلىنىشىگە تۈرتكە بولغان.

ئورخۇن ئۇيغۇرلىرىنىڭ شەھەرلىشىشكە قاراپ يۈزلىنىشىگە تۈرتكە بولغان يەنە بىر مۇھىم ئامىل مانى دىنىنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئومۇملىشىشى بولۇپ، ئۇ يېڭى بىر خىل ئىدېئولوگىيە سۈپىتىدە ئورخۇن ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىدىيىسىگە سىڭىپ كىرىپ، ئۇلارنىڭ شەھەرلىشىش ئېڭىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىدا مۇھىم رول ئوينىغان. مانى دىنى — مۇقەددەس كالامى، دىنىي تەشكىلاتى، مۇنتىزىم قائىدە - قانۇنلىرى بار دىن بولۇپ، ئورخۇن ئۇيغۇر

خانلىقىنىڭ جەمئىيەت ئەھۋالىغا ناھايىتى ماس كېلىپ، بىرقەدەر تېز تارقىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغان. بۇ دەل ئورخۇن ئاھالىلىرىنىڭ ئىدېئولوگىيىسىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچىنى ئاشۇرۇپ، مۇقىم ئولتۇراق تۇرمۇشقا — شەھەرلىشىشكە قەدەم قويۇشىغا تۈرتكە بولغان. ئورخۇن ئۇيغۇرلىرى ئىلگىرىكى ئەجدادلىرىنىڭ شەھەر قۇرۇلۇشى ئاساسىدا ئوردوبالىق، بايبالىق، خاتۇنبالىققا ئوخشاش خېلىلا راۋاجلانغان مۇنتىزىم شەھەرلەرنى بىنا قىلىپ، بىرقەدەر يۇقىرى سەۋىيىدىكى «ئورخۇن شەھەر مەدەنىيىتى» نى ياراتقان.

ئۇيغۇرلار شەھەر ھاياتىغا شۇ قەدەر تېز ئۆزلىشىپ كەتكەنكى، ھەتتا 840 ـ يىلى قىرغىزلار ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ پايتەختى ئوردوبالىققا ئوت قويۇۋەتكەندىن كېيىنمۇ، ئۇيغۇر قاغانى ئوكا قاغان تاڭ سۇلالىسىگە جەنۇۋ ھەربىي قۇرۇلىي بىلەن تيەندى ھەربىي قۇرۇلىغا قاراشلىق ئىككى شەھەرنى ئارىيەت ئېلىپ تۇرۇش ئۈچۈن ئەلچى ئەۋەتكەن㉖. يۇقىرىقىلاردىن ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدىكى شەھەرلەرنىڭ ئۇيغۇرلار ھاياتىدا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىغانلىقى، كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئۇيغۇر قاغانلىرىنىڭ شەھەر تۇرمۇشىدىن زادىلا ئايرىلالمايدىغان بولۇپ قالغانلىقىنى چۈشىنىۋېلىش قىيىن ئەمەس. بۇ خىل شەھەرلىشىش يۈزلىنىشى ئۇيغۇرلارنىڭ كېيىن غەربكە كۆچۈپ مۇقىم ئولتۇراق تېرىم ھاياتىغا قەدەم قويۇشىدا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىغان.

### 3. ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدىكى شەھەرلەرنىڭ خاراكتېرى

ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئاستانىسى بولغان ئوردوبالىق — خانلىق تەۋەسىدىكى كۆلىمى ئەڭ چوڭ، بازىرى ئاۋات، مەنزىرىسى ئۆزگىچە شەھەر بولۇپ، خامىلتون: «ئۇ ئورخۇن دەرياسى بويىدا، كۆك تۈركلەرنىڭ باش شەھىرىنىڭ ئورنىغا قۇرۇلغان، يەنى بۈگۈنكى قارا بالغاسۇندا» دەپ يازغان. تارىخىي مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا، بۇ شەھەرنى مىلادىيە 760 ـ يىلى بۆگۈ قاغان سالدۇرغان. شەھەر خارابىسىنى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە موڭغۇلىيە ئارخې-

ئولوگلىرى 1949 ـ يىلى بايقاپ چىققان بولۇپ، شەھەر-
نىڭ ئومومىي كۆلىمى 25 كۋادرات كىلومېتىر، شەھەر تاشقى
شەھەر، ئىچكى شەھەر، خان ئوردىسىدىن تەركىب تاپقان. ئەتراپى
ئېگىز سېپىللار بىلەن قورشالغان، قالدۇق سېپىلىنىڭ ئېگىزلى-
كى 10 مېتىر، قاراۋۇلخانىسىنىڭ ئېگىزلىكى 12 مېتىر، كۆزى-
تىش مۇنارىنىڭ ئېگىزلىكى 14 مېتىر. شەھەر خارابىسىنىڭ
ئومۇمىي كۆرۈنۈشىدىن قارىغاندا، شەھەر ناھايىتى رەتلىك ۋە پى-
لانلىق ئورۇنلاشتۇرۇلغان. مىلادىيە 1681 ـ يىلى رۇس سەيياھى
ئىۋان خىدىرىن تاشقى موڭغۇل يايلىقىغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ،
تاسادىپىي ھالدا بۇ شەھەر خارابىسىنى بايقاپ قېلىپ، ھەيران
قالغان ھالدا خاتىرىسىگە: «بۇ قەدىمكى شەھەر تۆت چاسا ياسال-
غان، ھەربىر بۇرجىكىدە ناھايىتى چوڭ كۈزىتىش مۇنارى بار.
شەھەر سېپىلىنىڭ تۆۋەنكى قىسمى سىلىقلانمىغـان قورام تاشلار-
دىن، ئۈستى پىششىـق خىشتىـن قوپۇرۇلغـان. ئوردا پاكار ـ
پاكار خىش تاملار بىلەن قورشالغان. ئوردىنىڭ تېمى ھەر خىل
كۆركەم كۆرۈنۈشلەر بىلەن ناھايىتى چىرايلىق بېزەلگەن، كۆرگەن
ئادەمنىڭ زادى كەتكۈسى كەلمەيدۇ» دەپ يازغان. ئوردوبالىق
شەھىرى شۇ دەۋرگە نىسبەتەن خېلىلا زامانىۋى سەۋىيىدە ياسالغان
بولۇپ، ئارخېئولوگلار شەھەرنىڭ شەرقىي جەنۇبىي چېتىدىكى بىر
مۇنار خارابىسىنى تەكشۈرۈش ئارقىلىق، ئۇنىڭ كۆپ قەۋەتلىك
ئىكەنلىكىنى، ئىسسىنىش قۇرۇلمىسى، يۇندا چىقىرىدىغان ساپال
تۇرۇبىسى بارلىقىنى بايقىغان. ئوردوبالىق شەھىرىنىڭ قۇرۇلۇ-
شىدا ھەربىي ئىستراتېگىيە ۋە مۇداپىئەلىنىش ئېھتىياجىمۇ ئالاھى-
دە نەزەرگە ئېلىنغان بولۇپ، سېپىل بۇلۇڭلىرىغا قاتار قوختىلار،
ئوتتۇرىسىغا دەرۋازىلار ئورۇنلاشتۇرۇلغان. قورغان تۆت چاسا شە-
كىلدە ياسىلىپ ئۇيغۇر قورغانلىرىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكىنى
گەۋدىلەندۇرگەن. سېپىل بويلىتىپ قوختا، ئىستىھكاملارنى ئو-
رۇنلاشتۇرۇش قورغانىنىڭ بىرقەدەر پۇختا مۇداپىئەلىنىشى ئۈچۈن
ئىمكانىيەت يارىتىپ بەرگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئوردوبالىق قورغىنى-
نى مەركىزىي ئاسىيادىكى ئەڭ مۇكەممەل ھەربىي قۇرۇلۇش دەپ
ھېسابلاشقا بولىدۇ[27].

ئوردوبالىق شەھىرىدە يەنە نۇرغۇن ئىبادەتخانا، قول ھۈنەرۋەنچىلىك دۇكانلىرى، مۇنچا - كۆلچەك ئىزلىرى بايقالغان. شەھەر خارابىسىدىكى رەستە - بازار ۋە ئۆي - ئىمارەت ئىزلىرى 24 كىلومېتىر دائىرىدە بولۇپ، بۇ پايتەختنىڭ ئەڭ ئاۋات بازىرىدىن دېرەك بېرىدۇ. شەھەر ئەتراپىدا ئېتىز - ئېرىق، مەھەللە - ئۆستەڭلەرنىڭ ئىزلىرى بايقالغان بولۇپ، بۇ دېھقانچىلىقنىڭ يۈكسەلگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە نۇرغۇن ئالتۇن - كۈمۈشتىن ياسالغان زىبۇ زىننەت بۇيۇملىرى، تاش ئويمىلار، نەقىشلىك بۇيۇملار تېپىلغان بولۇپ، بۇ ئەينى دەۋردىكى قول ھۈنەرۋەنچىلىك، بىناكارلىق، نەققاشلىقنىڭ مۇكەممەللىشىشكە قاراپ يۈزلەنگەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. 9 - ئەسىردە ئۆتكەن ئەرەب سەيياھى تەمىم ئىبنى بەھر ئوردوبالىق ھەققىدە: «بۇ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى مول چوڭ شەھەر بولۇپ، ئەتراپى ئېتىز - ئېرىقلار ۋە زىچ يېزا - كەنتلەر بىلەن قورشالغانىكەن. شەھەرنىڭ ناھايىتى ھەيۋەتلىك ئون ئىككى تۆمۈر دەرۋازىسى بار ئىكەن. شەھەرنىڭ ئاھالىسى زىچ، بازارلىرى ئاۋات، ماللىرىنىڭ تۈرى كۆپ ئىكەن ... شەھەردىن بەش پەرسەخ نېرىدا تۇرۇپ قارىسا خاقاننىڭ ئوردىسى كۆرۈنىدىكەن، ئۇ ئالتۇندىن ياسالغان بولۇپ، شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقانىكەن، ئۇنىڭغا 100 ئادەم سىغىدىكەن» ㉘ دېگەن خاتىرىلەرنى قالدۇرغان.

يۇقىرىقى ئارخېئولوگىيىلىك ۋە يازما پاكىتلاردىن شۇنداق خۇلاسىگە كېلەلەيمىزكى، ئوردوبالىق ئەينى دەۋردىكى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدىكى تۇنجى چوڭ پايتەخت بولغان بولۇپ، ئۆزىنىڭ يۇقىرىقى ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن خانلىقنىڭ مۇھىم سىياسىي، ئىقتىساد، سودا ۋە مەدەنىيەت مەركىزىگە ئايلانغان.

بايبالىق — مويۇنچۇر قاغان تەرىپىدىن 757 - يىلى سوغدى ۋە تاڭ سۇلالىسى ئۇستىلىرىنىڭ قولى بىلەن ياسىتىلغان. بۇ شەھەرگە كۆپىنچە قاغان جەمەتى ۋە باي سودىگەرلەر ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، خانلىقنىڭ ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان مۇھىم سىياسىي، ئىقتىساد مەركىزى بولغان. بايبالىق شەھىرى توغرىسىدا تۈرك يېزىقىدىكى «مويۇنچۇر مەڭگۈ تېشى» دە مۇنداق مەلۇماتلار

ئۇچرايدۇ: «توشقان يىلى (751 ـ يىلى) بەشىنچى ئايغىچە ... ئەجدىها يىلى (752 ـ يىلى) ئۆتتۈكەن تېغىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى سوگۈز باشقان (دىگەن) مۇقەددەس چوققىنىڭ غەربىدە ياباش ۋە تۇغـۇش قوشۇلـىدىغان جايـىدا يازلـىدىم، ئۇ يـەردە ئوردا سـالغـۇزدۇم، ... توخـۇ يىلـىدا (757 ـ يىلى) ... سوغداق ۋە تابغاچلارغا سېلىنگا دەرياسى بويىدا بايبالىقنى سالدۇردۇم ...»㉙.

ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەردىن قارىغاندا، بايبالىق قورغىنى تۆت چاسا بولۇپ، كۆلىمى 260 كۋادىرات مېتىر، ئەتراپى ئۈچ مېتىر ئېگىزلىكتىكى تاش ـ توپا سېپىل بىلەن قورشالغان. قورغاننىڭ بۇلۇڭلىرىدا يېرىم چەمبەر شەكىللىك قوختىلار بولۇپ، ئۇلى پىششىق خىش بىلەن قوپۇرۇلۇپ، ئەتراپى تاش دۆۋىسى بىلەن قورشالغان. «بايبالىق قورغىنىدىن يەنە ئۇستى تۈز، ئوتتۇرىسى تۆشۈك، ئەتراپى تۈگۈرچەك شەكىلدىكى تۈگمەن تېشى تېپىلغان». بۇ، شەھەردە دېھقانچىلىقنىڭ مەلۇم دەرىجىدە راۋاجلانغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

بايبالىق شەھىرىنىڭ قۇرۇلۇشى ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيەت تارىخىدا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ، شەھەرنىڭ ياسىلىشىدا شەرق، غەربنىڭ بىناكارلىقى بىلەن شىمالىي دالانىڭ بىناكارلىق ئۇسلۇبى، روشەن ئەكس ئەتكەن، ئۇ ئورخۇن ئۇيغۇرلىرىنىڭ شەھەر تۇرمۇشىنىڭ رەسمىي هالدا گۈللىنىشكە قاراپ يۈزلەنگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

قاتۇنبالىق (مەلىكبالىق) — قۇتلۇق بىلگە قاغاننىڭ شيەنئەن مەلىكىگە ئاتاپ ئىجىنا دەرياسى ۋادىسىدا بەرپا قىلغان شەھىرى بولۇپ، كېيىنچە خانىش ـ مەلىكىلەر مۇشۇ شەھەردە تۇرىدىغان بولغان. كېيىن ئۇ خانلىقنىڭ غەربىي رايونغا يۈرۈش قىلىشتىكى مۇھىم ھەربىي بازىسى ۋە سودا نۇقتىسى، مۇھىم سىياسىي، ئىقتىساد مەركىزى بولغان.

بېشبالىق — تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىدىكى ئىستراتېگىيىلىك ئورنى ناھايىتى مۇھىم شەھەر بولۇپ، ئۇيغۇر قاغانى بايان دەۋرىدىلا (650 — 655 ـ يىللىرى) ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىغا تەۋە بولغان. 789 ـ يىلى تىبەتلەر ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدا يۈز

بەرگەن ئىچكى نىزادىن پايدىلىنىپ بېشبالىق شەھىرىنى ئىشغال قىلىۋالغان، 790 ـ يىلى ئۇيغۇر خانلىقى بۇيرۇق ئىل ئۇگەسى باشچىلىقىدا 50 مىڭ كىشىلىك زور قوشۇن ئەۋەتىپ، بېشبالىقنى قايتۇرۇۋالغان. شۇنىڭ بىلەن بېشبالىق تاكى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى يىمىرىلگەنگە قەدەر ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ غەربىي يۇرتقا ئىچكىرىلەپ كىرىشى ۋە تەسىر دائىرىسىنى تارىم ۋادىسىغا كېڭەيتىشىدىكى مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك شەھىرى بولغان. شۇنداقلا يىپەك يولىدىكى مۇھىم تۈگۈن بولۇش سۈپىتىدە ئەينى ۋاقىتتىكى مۇھىم مەدەنىيەت مەركەزلىرىنىڭ بىرى بولغان.

سۇيئاب — ئورنى ھازىرقى قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ پايتەختى بېشكەكنىڭ شەرقىدىكى توقماقنىڭ يېقىن ئەتراپىدىكى ئاق بېشىم خارابىسى بولۇپ، بۇ شەھەر ھازىرقى قازاقىستان بىلەن قىرغىزىستان چېگرالىنىپ تۇرىدىغان چۇ دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىغا سېلىنغان، ئىلگىرى تۈركەشلەر بۇ يەردە ئۆز ئوردىسىنى قۇرغان، تەخمىنەن مىلادىيە 766 — 779 ـ يىللار ئارىلىقىدا قارلۇقلارنىڭ بازىرى بولۇپ قالغان. قۇتلۇق قاغان تەختكە چىققاندىن كېيىن قارلۇقلارغا جازا يۈرۈشى قىلىپ، قارلۇقلارنىڭ ئاقساقىلىغا يابغۇ نامىنى بېرىپ ئۇلارنى ئۆزىگە قاراتقاندىن كېيىن، سۇيئاب شەھىرىدە قوشۇن تۇرغۇزغان. رۇس ئارخېئولوگلىرىدىن بېرنشتام قاتارلىقلار سۇيئاب شەھىرىنىڭ خارابىسىنى 1938 ـ يىلىدىن باشلاپ ئارخېئولوگىيىلىك قېزىپ، 8 ـ، 9 ـ ئەسىرلەردىكى ئىبادەتخانا ئىزىنى تاپقان. 1957 ـ، 1958 ـ يىللىرى يەنە ئىككى ئىبادەتخانا ئىزىنى تاپقان. بۇ ئىبادەتخانىنىڭ پۈتكۈل قۇرۇلمىسى، ئۇنىڭدىن تېپىلغان بىرونزا بۇددا ھەيكىلى تۇرپان، قارا شەھەردىكىلەرگە ئوخشىشىپ كېتىدۇ.

بالاساغۇن — ئورنى ھازىرقى قىرغىزىستاندىكى توقماقنىڭ يېقىن ئەتراپىدىكى بۇرانا خارابىسىدە بولۇپ، جۇۋەينىنىڭ خاتىرىسىگە ئاساسلانغاندا، بۇ شەھەرنى بۆگۈ قاغان (يەنى قۇتلۇق قاغان) غەربكە يۈرۈش قىلىپ، ئوتتۇرا ئاسىياغا بارغاندا سالدۇرغان. «يېڭى تاڭنامە. جۇغراپىيە تەزكىرىسى» دە: «سۇيئاب دەرياسى ئېغىزىدىن 80 چاقىرىم ماڭغاندا بويلاساغۇن شەھىرىگە يېتىپ

بارغىلى بولىدۇ. يەنە 40 چاقىرىم ماڭغاندا سۇيئاب شەھىرىگە يېتىپ بارغىلى بولىدۇ» دېيىلگەن. بۇ شەھەرنىڭ بويلاساغۇن دەپ ئاتىلىشىغا قارىغاندا، ئۇ ئېھتىمال ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ مىلادىيە 744 — 747 ـ يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان دانا قاغانى بويلاساغۇننى (يەنى كۆل بىلگە) خاتىرىلەش ئۈچۈن سالدۇرۇلغان بولۇشى مۇمكىن. رۇس ئارخېئولوگلىرى بۇ شەھەر خارابىسىنى ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرىدىن باشلاپ ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈپ ۋە قېزىپ، شەھەر سېپىلى، بالىبال، يارماق پۇل قاتارلىق يادىكارلىقلارنى تاپقان.

بويلاساغۇن ۋە سۇيئاب شەھەرلىرى ئەينى دەۋردە ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ يايلاق يىپەك يولىدىكى ئەڭ مەشھۇر سودا شەھەرلىرى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھۆكۈمرانلىق مەركەزلىرى بولغان.

يۇقىرىقى شەھەرلەردىن باشقا، ئارخېئولوگلار يەنە ھازىرقى رۇسىيە فېدېراتسىيىسى تەۋەسىدىكى ئالتاي تۇۋا ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتىدىن ئورخۇن ئۇيغۇرلىرى تەرىپىدىن بىنا قىلىنغان 14 شەھەر خارابىسىنى تاپقان. بۇنىڭدىن قارىغاندا، ئەينى چاغلاردا خانلىق زېمىنى مۇشۇ يەرلەرگىچە يەتكەن بولۇپ، موڭغۇلىيە ۋادىسىدىن تېپىلغان تۈركچە مەڭگۈ تاشلار بىزنى بۇ ھەقتە مۇھىم يىپ ئۇچى بىلەن تەمىنلەيدۇ. مەسىلەن، «مويۇنچۇر مەڭگۈ تېشى» دا: «يولۋاس يىلى (750 ـ يىلى) چىكلەرگە يۈرۈش قىلدىم. 2 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى ئۇلارنى كەم دەرياسى بويىدا تارمار قىلدىم، شۇ يىلى ئۆتۈكەننىڭ غەربىي ئۇچىدا، تەز دەرياسى بېشىدا قاسار قۇردان ئوردىسىنى ياساتتىم، ئوردا تېمىنى ياساتتىم» دېيىلگەن. بۇنىڭدىكى قاسار (ھازار) ئۇيغۇر قەبىلە ئىتتىپاقى تەركىبىدىكى بىر قەبىلىنىڭ نامى، قوردان خوتەننىڭ تۈركچە نامى بولۇپ، قاسار قوردان ئۇيغۇر قاغانىنىڭ تۇۋادىكى ئوردىسىنىڭ نامىدۇر.

تۇۋا تېررىتورىيىسىدىكى ئۇيغۇر شەھەرلىرىنىڭ ئومۇمىي قىياپىتىنى رۇس ئارخېئولوگلىرى تۆۋەندىكىدەك تەرىپلەيدۇ: «بۇ شەھەرلەر تۆت چاسا، سېپىللار بىلەن قورشالغان، سېپىللارنىڭ سوقما قىلىپ سوقۇلغانلىرىمۇ، كېسەك بىلەن قوپۇرۇلغانلىرىمۇ

بار، بۇ شەھەرلەر ناھايىتى پۇختا، مۇداپىئەسى ناھايىتى مۇستەھكەم ... دەرۋازا ئىككى قات، سېپىل ئەتراپىغا خەندەكلەر قېزىلغان ھەم ئۇنىڭغا سۇ تولدۇرۇلغان ... ئۇيغۇر شەھەرلىرى ئىستراتېگىيە جەھەتتىن ئويلىنىپ سېلىنغان، شەھەرنىڭ شىمال تەرىپىدە سايان تاغ تىزمىسى تەرەپكە قارىتىپ مۇداپىئە لىنىيىسى ياسالغان بولۇپ، خاككاسلارنىڭ ھۇجۇم قىلىش ئېھتىماللىقىنى نەزەردە تۇتۇپ سېلىنغان».

دېمەك، يۇقىرىقى شەھەرلەرنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن بەرپا قىلىنغان بولۇپ، بۇ قەدىمكى شەھەرلەر ئۆز زامانىسىدا سىياسىي، ئىقتىساد، قاتناش ۋە سودا مەركىزى بولۇپلا قالماي، بەلكى دېھقانچىلىق ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىكىنىڭ مۇھىم مەركىزى بولغان. ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى تېررىتورىيىسىدىكى بۇ ئۇيغۇر شەھەرلىرى مەيلى بىناكارلىق جەھەتتىن بولسۇن، مەيلى جايلىشىش ئورنى ۋە ئالاھىدىلىكى جەھەتتىن بولسۇن، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى يۇقىرى مەدەنىيەت ئېڭى ۋە تەپەككۇر شەكلىنى نامايان قىلغان بولۇپ، ئەينى دەۋردىكى شىمالىي دالا شەھەر مەدەنىيىتىنىڭ ئەڭ يۇكسەك پەللىسىنى ياراتقان.

### 4. شەھەر مەدەنىيىتىنىڭ ئورخۇن ئۇيغۇرلىرىغا كۆرسەتكەن تەسىرى

ئورخۇن ئۇيغۇرلىرىنىڭ شەھەر مەدەنىيىتىگە قەدەم قويۇشى، ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىغا ئاجايىپ زور تەسىرلەرنى كۆرسەتكەن. بۇنىڭ بىلەن مەيلى ئىدېئولوگىيە جەھەتتە بولسۇن، مەيلى سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت، ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش شەكلى جەھەتتىن بولسۇن، ئۇلارنىڭ ھاياتىدا شەھەر تۇرمۇشىغا خاس ئالاھىدىلىكلەر كۆرۈلۈشكە باشلىغان.

شەھەر مەدەنىيىتىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، فېئودالLIQ ئىگىلىك تېخىمۇ راۋاجلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولۇپ، كۆچمەن چارۋىچىلىقتىن سىرت، دېھقانچىلىق، سودا ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىكمۇ ماس ھالدا راۋاجلانغان. ئىسىيۋ «ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى» ناملىق ماقالىسىدە بۇ ھەقتە : «ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ

ئاھالىلىرى چارۋىچىلىق ئىگىلىكى بىلەن دېھقانچىلىق ئىگىلىكىنى ئاساس قىلاتتى، شەھەر ۋە يېزا ئاھالىلىرى دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىناتتى. ئەمما، دېھقانچىلىق ئاھالىلىرى مەزكۇر خانلىق نوپۇسىنىڭ ئاز قىسمىنى تەشكىل قىلاتتى، زور كۆپچىلىك ئاھالىلەر يەنىلا چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىناتتى. قول ھۈنەرۋەنچىلىك شەھەر ئاھالىلىرى ئىچىدە ئالاھىدە ئورۇنغا ئىگە ئىدى، ئۇ پۈتۈنلەي ھالدا دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىقتىن ئايرىلىپ چىققانىدى، ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى شەھەر خارابىلىرى ۋە قەبرىلىرىدىن تېپىلغان ئەسۋاب ـ ئۈسكۈنىلەرگە ئاساسەن شۇنداق خۇلاسىگە كېلىشكە بولىدۇكى، ئەينى دەۋردە ئۇلارنىڭ ئىچىدە مەخسۇس رۇدا قازغۇچىلار (كانچىلار)، رۇدا ئېرىتكۈچىلەر، خۇمدانچىلار، تۆمۈرچىلەر ۋە زەرگەرلەر بار ئىدى» دېگەن ھەم يەنە تاشچى، نەققاش، ھەيكەلتىراش، رەسسام، مېمار ۋە توقۇمىچىلارنىڭ بارلىقىنى كۆرسەتكەن(30).

شەھەر تۇرمۇشى ئۇيغۇرلارنىڭ پسىخىك خاراكتېرىدىمۇ زور ئۆزگىرىشلەرنى ھاسىل قىلغان. نەتىجىدە موڭغۇل دالاسىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ قارام، تەۋەككۇلچى، قوپال، مەرد خاراكتېرىنىڭ ئورنىنى تىنچلىقنى ئىزدەيدىغان، ئېغىر ـ بېسىق، مۇلايىملىقنى شەرت قىلىدىغان شەھەر مۇھىتىغا خاس خاراكتېر ئىگىلىگەن.

ئولتۇراق تۇرمۇشنىڭ ئومۇملىشىشىغا ئەگىشىپ، بىناكارلىقمۇ زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەن. نەتىجىدە شىمالىي دالانىڭ، غەربىي يۇرتنىڭ ۋە تاڭ سۇلالىسى بىناكارلىقىنىڭ يۇغۇرۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان خاس ئۇسلۇبتىكى «ئورخۇن ئۇيغۇر بىناكارلىقى» شەكىللەنگەن. يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك قاتارلىق جەھەتلەردىمۇ شەھەر تۇرمۇشىغا خاس ئۆزگىرىشلەر بولۇپ، ئەسلىدىكى قوپال، چىداملىق بولۇشنى ئالدىنقى شەرت قىلىدىغان كىيىم ـ كېچەكلەر مەلۇم ئېستېتىكىلىقنى، نەپىسلىكنى تەلەپ قىلىشقا قاراپ يۈزلەنگەن.

مۇقىم ئولتۇراق تۇرمۇشنىڭ باشلىنىشىغا ئەگىشىپ، سودا، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت تېز تەرەققىي قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولۇپ، بىر تەرەپتىن سىياسىي جەھەتتە خانلىق بىرلىككە كېلىشكە

يۈزلەنگەن، يەنە بىر تەرەپتىن شەھەر مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتى ئۇيغۇرلارنىڭ تاڭ سۇلالىسى، ئەرەب خەلىپىلىكى، ئوتتۇرا ئاسىيا، ھىندىستان قاتارلىق قوشنا رايون، ئەللەر بىلەن بولغان دوستانە سودا ۋە مەدەنىيەت ئالاقىسىنى ئىلگىرى سۈرگەن، بۇ ئۇلارنىڭ مىللىي مەدەنىيىتىنى گۈللەندۈرگەن ۋە بېيىتقان. كېيىن، ئۇيغۇر مەدەنىيىتى قىتان ۋە موڭغۇل قاتارلىق مىللەتلەرگە بەكرەك تەسىر كۆرسەتكەن.

دېمەك، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدىكى شەھەر تۇرمۇشى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىي ھاياتىغا يېڭى يۈكسىلىشلەرنى ئېلىپ كېلىپ، ئورخۇن ئۇيغۇرلىرىنىڭ شەھەر ھاياتىغا ماسلىشىشى ۋە ئۇنى تېخىمۇ بېيىتىشى ئۈچۈن مەلۇم ئاساس سالغان.

### 5. ئورخۇن ۋادىسىدا شەھەرلەرنىڭ خارابلىشىشى

بىپايان موڭغۇل دالاسىنى مەركەز قىلىپ شىمالىي ئاسىيا يايلاقلىرىدا 200 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت سەلتەنەت سۈرگەن ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى مىلادىيە 840 ـ يىلى 100 مىڭ كىشىلىك قىرغىز قوشۇنىنىڭ ھۇجۇمى بىلەن خاراب بولدى. ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەرگە قارىغاندا، شۇ چاغدا ئورخۇندىكى شەھەرلەر قاتتىق ۋەيرانچىلىققا ئۇچراپ، پۈتۈنلەي كۆيدۈرۈلۈپ تاشلانغان بولۇپ، ھېچنەرسە ساق قالمىغان، پەقەت ئۆرۈلگەن ئۆيلەر، بۇزۇۋېتىلگەن مۇنار خارابىسى، ئىبادەتخانا ۋە سېپىل ئىزلىرى، ساپال پارچىلىرى، مىس بېزەكلەر، نەقىش ئويۇلغان گرانىت تاشلارلا ئاشۇ دەھشەتلىك قىرغىنچىلىقنىڭ شاھىتى سۈپىتىدە ساقلىنىپ قالغان. تاڭ دەۋرىدىكى خەنزۇچە پۈتۈكلەردىن قارىغاندا، «قىرغىز قوشۇنى خانلىقنىڭ ئاستانىسىنى كۆيدۈرۈپلا قالماي، پۈتكۈل خانلىقنى ئۇزۇل ـ كېسىل ۋەيران قىلغان» . بۇنىڭدىن قارىغاندا، قىرغىزلار بۇ شەھەرلەرنى قايتا ئىشلەتمىگەن. ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى گۈللەنگەن بۇ ئاۋات شەھەرلەر مانا شۇنداق تارىخ سەھنىسىدىن ئۇن ـ تىنسىز ھالدا يوقالغان.

## § 3 . ئورخۇن ئۇيغۇرلىرىنىڭ كالېندارچىلىقى

ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە يىللارنىڭ نامى ئۇيغۇرلار-
نىڭ قەدىمكى ئەجدادلىرىنىڭ ئەنئەنىسى بويىچە مەلۇم هايۋاننىڭ
نامى بىلەن ئاتالغان. بۇنداق يىل هېسابلاش ئۇسۇلى ئادەتتە مۆچەل
كالېندارى دەپ ئاتىلىدۇ. شەرقىي ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى يى-
راق قەدىمكى دەۋرلەردىن باشلاپلا بۇ خىل مۆچەل كالېندارىنى
ئىشلەتكەن. ئالىملارنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا، بۇنداق هايۋان-
لارنىڭ نامى بىلەن يىللارنى خاتىرىلەش ئۇسۇلى كېيىن تەدرىجىي
تەرەققىي قىلىپ مۇكەممەللىشىپ، 12 مۆچەل كالېندارى بولۇپ
شەكىللىنىپ چىققان. بۇ خىل كالېندار خېلى بۇرۇنلا، «يەنى
تەخمىنەن بۇنىڭدىن 3000 — 4000 يىل بۇرۇنلا بارلىققا كەلگەن
بولۇپ، ئۇنى ئەڭ دەسلەپ ئالتاي تېغى ئەتراپلىرىدىكى قەدىمكى
كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلەر قوللانغان. 12 مۆچەلنىڭ مەزمۇنى
ئۇلارنىڭ ئەتراپلىرىدا دائىم كۆرۈلۈپ هەم يوقاپ تۇرىدىغان هايۋان-
لار ۋە چارۋىچىلىق ئىگىلىكى بىلەن ئۆزئارا ماسلاشقان»㉛. بۇ-
نىڭغا ئاساسلانغاندا، 12 مۆچەل كالېندارىنى مىلادىيىدىن بۇرۇنقى
دەۋرلەردە ئالتاي ۋادىسىغا ماكانلىشىپ ياشىغان، ئۇيغۇرلارنىڭ
قەدىمكى ئەجدادى بولغان ئوغۇزلار ( 乌揭 ) ئەڭ بۇرۇن قوللان-
غان. خەنزۇچە كلاسسىك خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، قەدىمدە ئۇي-
غۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنىپ قوللىنىلغان 12
مۆچەل كالېندارى خېلى بۇرۇنلا، يەنى هۇنلار دەۋرىدىلا خەنزۇلارغا
تارقىلىپ كىرگەن. تۈركچە يازما يادىكارلىقلاردىن «بىلگە قاغان
مەڭگۈ تېشى» دا 12 مۆچەلنىڭ نامى ئەڭ بۇرۇن ئۇچرايدۇ،
ئۇنىڭدا: «ئاتام قاغان ئىت يىلى 10 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى قازا
تاپتى. توڭگۇز يىلى 5 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى دەپنە مۇراسىمى
ئۆتكۈزدۈم»㉜ دېيىلگەن. ئارخېئولوگىيە ماتېرىياللىرىدىن قارى-
غاندا، هۇنلار دەۋرىدىلا 12 مۆچەل كالېندارى ئىشلىتىلگەن،
ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىدىكى چۇغاي تېغىدىكى بىر قىيا تاش
رەسىمدە 12 مۆچەلنىڭ تەسۋىرى چۈشۈرۈلگەن بولۇپ، چاشقان،
ئۇي، بارىس، توشقان، لەھەڭ، يىلان، ئات، قوي، مايمۇن،

توخۇ، ئىت، توڭگۇزلارنىڭ كۆرۈنۈشى رەت تەرتىپى بويىچە چەمبەرسىمان شەكىلدە تەرتىپلىك ئورۇنلاشتۇرۇلغان. تەتقىقاتچىلار بۇ «12 مۆچەل قىيا تاش رەسىمى» نى يېغىلىق دەۋرلىرىدىن خەن دەۋرىگىچە بولغان ئارىلىقتىكى ھۇنلارغا مەنسۇپ دەپ ھېسابلايدۇ㉝. ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىغا دائىر «مويۇنچۇر مەڭگۇ تېشى» ۋە «تېرخىن مەڭگۇ تېشى» دا ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە 12 مۆچەل كالېندارىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك قوللىنىلغانلىقى جانلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولۇپ، «مويۇنچۇر مەڭگۇ تېشى» دا قوي يىلى(743 - يىلى)، توخۇ يىلى(745 - يىلى)، توڭگۇز يىلى(747 - يىلى)، بارس يىلى(750 - يىلى)، توشقان يىلى (751 - يىلى)، قوي يىلى (755 - يىلى)، توخۇ يىلى (757 - يىلى) قاتارلىق يەتتە يىلنىڭ نامى، «تېرخىن مەڭگۇ تېشى» دىمۇ يىلان يىلى (741- يىلى)، قوي يىلى (743 - يىلى)، مايمۇن يىلى (744- يىلى)، توخۇ يىلى (745 - يىلى)، توڭگۇز يىلى (747 - يىلى)، چاشقان يىلى (748 - يىلى)، لەھەڭ يىلى (752 - يىلى) قاتارلىق يەتتە يىلنىڭ نامى كۆرسىتىلگەن. خەنزۇچە كلاسسىك ئەسەرلەردىن شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە تۈزۈلگەن «تەيپىڭ شىڭگۇ يىللىرىدىكى بارچە ئىقلىم ھەققىدە خاتىرە» ( 太平寰宇记 ) نىڭ 199 - جىلدىدىمۇ: «قىرغىزلار 12 مۆچەل ئارقىلىق يىللارنى خاتىرىلەيتتى، 12 مۆچەلنىڭ تۇنجى يىلىنى چاشقان يىلى دەپ ئاتايتتى، 11 - يىلىنى ئىت يىلى دەپ ئاتايتتى، بۇ جەھەتتە ئۇيغۇرلارغا ئوخشاش ئىدى» دېيىلگەن بولۇپ، بۇمۇ ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدا 12 مۆچەل كالېندارىنىڭ قوللىنىلغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

12 مۆچەل كالېندارىنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە مەھمۇد كاشغەرى ناھايىتى ئەھمىيەتلىك بىر رىۋايەتنى نەقىل كەلتۈرۈپ، «تۈركلەر ئون ئىككى خىل ھايۋاننىڭ ئىسمىنى ئېلىپ 12 يىلغا ئات قويغان، ئۇلار بالىلارنىڭ يېشىنى، جەڭلەرنى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلارنى مۇشۇ يىلنىڭ ئايلىنىشى (دەۋر قىلىشى) بىلەن ھېسابلايدۇ. بۇنىڭ كېلىپ چىقىشى مۇنداق: تۈرك خاقانلىرىدىن بىرى بىرنەچچە يىل ئىلگىرى بولۇپ ئۆتكەن بىر ئۇرۇشنى ئۆگەن-

مەكچى بولغان، بۇنىڭدا ئۇ شۇ ئۇرۇش بولۇپ ئۆتكەن يىلنى ئىنقىلاشتا خاتالاشقان، شۇ مۇناسىۋەت بىلەن بۇ قاغان ئۆز خەلقى بىلەن كېڭەش ئۆتكۈزۈپ، قۇرۇلتايدا مۇنداق دېگەن: «بىز بۇ تارىخنى ئىنقىلاشتا قانداق خاتالاشقان بولساق، بىزنىڭ ئەۋلادلىرى-مىزمۇ شۇنداق خاتالىشىدۇ. شۇڭا بىز 12 ئاي ۋە ئاسماننىڭ 12 بۇرجىغا ئاساسلىنىپ ھەربىر يىلغا بىر ئات قويايلى، بىزدىن كېيىن يىل ھېسابى مۇشۇ يىللارنىڭ ئايلىنىشى بىلەن ھېسابلان-سۇن، بۇ ئارىمىزدا مەڭگۈ بىر ئۇدۇم بولۇپ قالسۇن». خەلق خاقاننىڭ بۇ پىكرىنى «شۇنداق بولسۇن» دەپ ماقۇللىغان. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن قاغان ئوۋغا چىققان ۋە ھەممە ياۋايى ھايۋانلارنى ئىلى دەرياسىغا قاراپ قوغلاشنى بۇيرۇغان، خەلق بۇ ھايۋانلارنى ئوۋلاپ يۈرۈپ ئىلى دەرياسىغا قاراپ ھەيدىگەن، بىرمۇنچە ھايۋانلار ئۆزلىرىنى سۇغا ئاتقان، ئۇلاردىن 12 خىلى سۇدىن ئۈزۈپ ئۆت-كەن، ئەنە شۇ 12 ھايۋاننىڭ ئىسمى 12 يىلغا ئات قىلىپ قويۇل-غان. سۇدىن ئەڭ ئاۋۋال چاشقان ئۆتكەن، شۇڭا يىل بېشى ئۇنىڭ نامى بىلەن ئاتىلىپ، چاشقان يىلى دېيىلگەن. ئۇنىڭدىن كېيىن سۇدىن ئۆتكەنلىرى تۆۋەندىكى تەرتىپتە بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەربىرى بىر يىل ئۇچۇن ئىسىم بولۇپ قالغان: ئۇي يىلى (كالا يىلى)، بارىس يىلى (يولۋاس يىلى)، توشقان يىلى، لەھەڭ يىلى (تىمساھ يىلى)، يىلان يىلى، ئات يىلى، قوي يىلى، مايمۇن يىلى، توخۇ يىلى، ئىت يىلى، توڭگۇز يىلى. توڭگۇز يىلىغا يەتكەندىن كېيىن يىل يەنە چاشقان يىلىدىن قايتا باشلىنىدۇ»، «تۈركلەر بۇ يىللار-نىڭ ھەربىرىدە بىر خاسىيەت بار دەپ تەخمىن قىلىدۇ، مەسىلەن، ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئۇي يىلى كىرگەندە ئۇرۇش كۆپىيىدۇ، چۈن-كى ئۇي بىر - بىرى بىلەن كۆپ ئۇسۇشىدىغان ھايۋان؛ توخۇ يىلى كىرسە، ئوزۇق - تۈلۈك كۆپىيىدۇ، لېكىن كىشىلەر ئارى-سىدا تەشۋىش كۆپىيىدۇ، چۈنكى توخۇنىڭ يېمى دان، توخۇ داننى تېپىش ئۇچۇن، ئەخلەت - چاۋارلارنى تاتىلاپ چېچىۋېتىدۇ؛ لە-ھەڭ يىلى كىرىشى بىلەن ھۆل - يېغىن كۆپىيىپ، ئاشلىق ئوخشايدۇ، چۈنكى لەھەڭ سۇدا ياشايدۇ؛ توڭگۇز يىلى كىرىش بىلەن قار كۆپ ياغىدۇ، سوغۇق قاتتىق بولىدۇ، پىتنە - پاسات

كۆپىيىدۇ. تۈركلەر ئەنە شۇ يوسۇندا ھەر يىلى بىرەر ھادىسە يۈز بېرىدۇ، دەپ ئىشىنىدۇ. تۈركلەردە ھەپتىنىڭ يەتتە كۈنىنىڭ ئېتى يوق. چۈنكى ھەپتە دېگەن ئۇقۇم ئىسلامدىن كېيىن مەلۇم بولدى» دەپ مەلۇمات بەرگەن㉞.

مەھمۇد كاشغەرىنىڭ مەلۇماتى ۋە مەڭگۇ تاشلاردىكى خاتىرىلەردىن قارىغاندا، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە ئۇيغۇرلار يەنە بىر يىلنى 12 ئايغا بۆلۈپ، ھەر ئۈچ ئاينى بىر پەسىلگە ئايرىپ، ئۇنى بىر خىل نام بىلەن ئاتىغان، ھەربىر ئاينى 30 كۈنگە ئايرىغان. مەسىلەن، نورۇزدىن كېيىنكى تۇنجى ئاينى «ئوغلاق ئاي» دەپ ئاتىغان، چۈنكى بۇ ئايدا ئوغلاق چوڭ بولىدۇ؛ ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئاينى «ئۇلۇغ ئوغلاق ئاي» دەپ ئاتىغان، چۈنكى بۇ ئايدا يەر يۈزى تۈرلۈك نېمەتلەرگە تولۇپ، مال ـ ۋارانلار سەمرىدۇ. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئايلارنىڭ نامىنى بۇنداق ئاتاش ئۇيغۇرلارنىڭ كۆچمەن چارۋىچىلىق ئىگىلىكى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان.

مىلادىيە 9 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى ئىچكى ـ تاشقى ئاپەتلەر سەۋەبىدىن يىمىرىلىپ، ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچۈپ، تۇرپان، قەشقەر ۋە گەنجۇلارنى مەركەز قىلغان ئىدىقۇت ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئېلى (848 — 1209 ـ يىللار)، قاراخانىيلار سۇلالىسى (848 — 1211 ـ يىللار)، گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقى (848 — 1073 ـ يىللار) قاتارلىق خانلىقلارنى قۇرۇپ چىققاندىن كېيىنمۇ، 12 مۆچەل كالېندارى ئىزچىل قوللىنىپ كېلىنگەن. يېقىنقى مەزگىللەردە تۇرپان ۋە دۇنخۇاڭ قاتارلىق جايلاردىن تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ھۆججەتلەردە ئاساسەن 12 مۆچەل كالېندارى بويىچە يىللار خاتىرىلەنگەن.

تۆۋەندە ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدىكى مۆچەل كالېندارى بىلەن مىلادىيە كالېندارىنىڭ قىسقىچە سېلىشتۇرما جەدۋىلى بېرىلدى.

| تەرتىپى | مۆچەل يىلى | مىلادىيە يىلى | مۆچەل يىلى | مىلادىيە يىلى |
|---|---|---|---|---|
| 1. | چاشقان | 544 | چاشقان | 556 |
| 2. | ئۇي | 545 | ئۇي | 557 |
| 3. | بارس | 546 | بارس | 558 |
| 4. | توشقان | 547 | توشقان | 559 |
| 5. | لەھەڭ | 548 | لەھەڭ | 560 |
| 6. | يىلان | 549 | يىلان | 561 |
| 7. | ئات | 550 | ئات | 562 |
| 8. | قوي | 551 | قوي | 563 |
| 9. | مايمۇن | 552 | مايمۇن | 564 |
| 10. | توخۇ | 553 | توخۇ | 565 |
| 11. | ئىت | 554 | ئىت | 566 |
| 12. | توڭگۇز | 555 | توڭگۇز | 567 |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 580 | چاشقان | 568 | چاشقان | 1. |
| 581 | ئۇي | 569 | ئۇي | 2. |
| 582 | بارس | 570 | بارس | 3. |
| 583 | توشقان | 571 | توشقان | 4. |
| 584 | لەھەڭ | 572 | لەھەڭ | 5. |
| 585 | يىلان | 573 | يىلان | 6. |
| 586 | ئات | 574 | ئات | 7. |
| 587 | قوي | 575 | قوي | 8. |
| 588 | مايمۇن | 576 | مايمۇن | 9. |
| 589 | توخۇ | 577 | توخۇ | 10. |
| 590 | ئىت | 578 | ئىت | 11. |
| 591 | توڭگۇز | 579 | توڭگۇز | 12. |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 1. | چاشقان | 592 | چاشقان | 604 |
| 2. | ئۇي | 593 | ئۇي | 605 |
| 3. | بارس | 594 | بارس | 606 |
| 4. | توشقان | 595 | توشقان | 607 |
| 5. | لەھەڭ | 596 | لەھەڭ | 608 |
| 6. | يىلان | 597 | يىلان | 609 |
| 7. | ئات | 598 | ئات | 610 |
| 8. | قوي | 599 | قوي | 611 |
| 9. | مايمۇن | 600 | مايمۇن | 612 |
| 10. | توخۇ | 601 | توخۇ | 613 |
| 11. | ئىت | 602 | ئىت | 614 |
| 12. | توڭگۇز | 603 | توڭگۇز | 615 |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 628 | چاشقان | 616 | چاشقان | . 1 |
| 629 | ئۇي | 617 | ئۇي | . 2 |
| 630 | بارس | 618 | بارس | . 3 |
| 631 | توشقان | 619 | توشقان | . 4 |
| 632 | لەھەڭ | 620 | لەھەڭ | . 5 |
| 633 | يىلان | 621 | يىلان | . 6 |
| 634 | ئات | 622 | ئات | . 7 |
| 635 | قوي | 623 | قوي | . 8 |
| 636 | مايمۇن | 624 | مايمۇن | . 9 |
| 637 | توخۇ | 625 | توخۇ | . 10 |
| 638 | ئىت | 626 | ئىت | . 11 |
| 639 | توڭگۇز | 627 | توڭگۇز | . 12 |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 1. | چاشقان | 640 | چاشقان | 652 |
| 2. | ئۇي | 641 | ئۇي | 653 |
| 3. | بارس | 642 | بارس | 654 |
| 4. | توشقان | 643 | توشقان | 655 |
| 5. | لەھەڭ | 644 | لەھەڭ | 656 |
| 6. | يىلان | 645 | يىلان | 657 |
| 7. | ئات | 646 | ئات | 658 |
| 8. | قوي | 647 | قوي | 659 |
| 9. | مايمۇن | 648 | مايمۇن | 660 |
| 10. | توخۇ | 649 | توخۇ | 661 |
| 11. | ئىت | 650 | ئىت | 662 |
| 12. | توڭگۇز | 651 | توڭگۇز | 663 |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 676 | چاشقان | 664 | چاشقان | 1. |
| 677 | ئۇي | 665 | ئۇي | 2. |
| 678 | بارس | 666 | بارس | 3. |
| 679 | توشقان | 667 | توشقان | 4. |
| 680 | لەھەڭ | 668 | لەھەڭ | 5. |
| 681 | يىلان | 669 | يىلان | 6. |
| 682 | ئات | 670 | ئات | 7. |
| 683 | قوي | 671 | قوي | 8. |
| 684 | مايمۇن | 672 | مايمۇن | 9. |
| 685 | توخۇ | 673 | توخۇ | 10. |
| 686 | ئىت | 674 | ئىت | 11. |
| 687 | توڭگۇز | 675 | توڭگۇز | 12. |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 700 | چاشقان | 688 | چاشقان | .1 |
| 701 | ئۇي | 689 | ئۇي | .2 |
| 702 | بارس | 690 | بارس | .3 |
| 703 | توشقان | 691 | توشقان | .4 |
| 704 | لەھەڭ | 692 | لەھەڭ | .5 |
| 705 | يىلان | 693 | يىلان | .6 |
| 706 | ئات | 694 | ئات | .7 |
| 707 | قوي | 695 | قوي | .8 |
| 708 | مايمۇن | 696 | مايمۇن | .9 |
| 709 | توخۇ | 697 | توخۇ | .10 |
| 710 | ئىت | 698 | ئىت | .11 |
| 711 | توڭگۇز | 699 | توڭگۇز | .12 |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 724 | چاشقان | 712 | چاشقان | .1 |
| 725 | ئۇي | 713 | ئۇي | .2 |
| 726 | بارىس | 714 | بارىس | .3 |
| 727 | توشقان | 715 | توشقان | .4 |
| 728 | لەھەڭ | 716 | لەھەڭ | .5 |
| 729 | يىلان | 717 | يىلان | .6 |
| 730 | ئات | 718 | ئات | .7 |
| 731 | قوي | 719 | قوي | .8 |
| 732 | مايمۇن | 720 | مايمۇن | .9 |
| 733 | توخۇ | 721 | توخۇ | .10 |
| 734 | ئىت | 722 | ئىت | .11 |
| 735 | توڭگۇز | 723 | توڭگۇز | .12 |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 748 | چاشقان | 736 | چاشقان | 1. |
| 749 | ئۇي | 737 | ئۇي | 2. |
| 750 | بارس | 738 | بارس | 3. |
| 751 | توشقان | 739 | توشقان | 4. |
| 752 | لەھەڭ | 740 | لەھەڭ | 5. |
| 753 | يىلان | 741 | يىلان | 6. |
| 754 | ئات | 742 | ئات | 7. |
| 755 | قوي | 743 | قوي | 8. |
| 756 | مايمۇن | 744 | مايمۇن | 9. |
| 757 | توخۇ | 745 | توخۇ | 10. |
| 758 | ئىت | 746 | ئىت | 11. |
| 759 | توڭگۇز | 747 | توڭگۇز | 12. |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 772 | چاشقان | 760 | چاشقان | .1 |
| 773 | ئۇي | 761 | ئۇي | .2 |
| 774 | بارس | 762 | بارس | .3 |
| 775 | توشقان | 763 | توشقان | .4 |
| 776 | لەھەڭ | 764 | لەھەڭ | .5 |
| 777 | يىلان | 765 | يىلان | .6 |
| 778 | ئات | 766 | ئات | .7 |
| 779 | قوي | 767 | قوي | .8 |
| 780 | مايمۇن | 768 | مايمۇن | .9 |
| 781 | توخۇ | 769 | توخۇ | .10 |
| 782 | ئىت | 770 | ئىت | .11 |
| 783 | توڭگۇز | 771 | توڭگۇز | .12 |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 1. | چاشقان | 784 | چاشقان | 796 |
| 2. | ئۈي | 785 | ئۈي | 797 |
| 3. | بارس | 786 | بارس | 798 |
| 4. | توشقان | 787 | توشقان | 799 |
| 5. | لەھەڭ | 788 | لەھەڭ | 800 |
| 6. | يىلان | 789 | يىلان | 801 |
| 7. | ئات | 790 | ئات | 802 |
| 8. | قوي | 791 | قوي | 803 |
| 9. | مايمۇن | 792 | مايمۇن | 804 |
| 10. | توخۇ | 793 | توخۇ | 805 |
| 11. | ئىت | 794 | ئىت | 806 |
| 12. | توڭگۇز | 795 | توڭگۇز | 807 |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 820 | چاشقان | 808 | چاشقان | 1. |
| 821 | ئۇي | 809 | ئۇي | 2. |
| 822 | بارس | 810 | بارس | 3. |
| 823 | توشقان | 811 | توشقان | 4. |
| 824 | لەھەڭ | 812 | لەھەڭ | 5. |
| 825 | يىلان | 813 | يىلان | 6. |
| 826 | ئات | 814 | ئات | 7. |
| 827 | قوي | 815 | قوي | 8. |
| 828 | مايمۇن | 816 | مايمۇن | 9. |
| 829 | توخۇ | 817 | توخۇ | 10. |
| 830 | ئىت | 818 | ئىت | 11. |
| 831 | توڭگۇز | 819 | توڭگۇز | 12. |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 1. | چاشقان | 832 | چاشقان | 844 |
| 2. | ئۆي | 833 | ئۆي | 845 |
| 3. | بارس | 834 | بارس | 846 |
| 4. | توشقان | 835 | توشقان | 847 |
| 5. | لەھەڭ | 836 | لەھەڭ | 848 |
| 6. | يىلان | 837 | يىلان | 849 |
| 7. | ئات | 838 | ئات | 850 |
| 8. | قوي | 839 | قوي | 851 |
| 9. | مايمۇن | 840 | مايمۇن | 852 |
| 10. | توخۇ | 841 | توخۇ | 853 |
| 11. | ئىت | 842 | ئىت | 854 |
| 12. | توڭگۇز | 843 | توڭگۇز | 855 |

## 4 § . ئورخۇن ئۇيغۇرلىرىنىڭ تىل - يېزىقى، ئەدەبىيات - سەنئىتى ۋە ئۆرپ - ئادەتلىرى

### 1. تىل - يېزىق

ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە ئۇيغۇرلار تۈرك تىلى دەپ ئاتالغان ئۇيغۇر تىلىنى قوللانغان، قەدىمدە بۇ خىل تىلنى قوللىنىدىغان مىللەت، قەبىلىلەر ناھايىتى كەڭ زېمىنغا تارقالغان بولۇپ، «بۈگۈنكى ئاسىيا - ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ شىمالىدا، شەرقتە خېيلۇڭجياڭ دەرياسى ۋادىسىدىن تارتىپ شىمالدا شىمالىي قۇتۇپ چەمبىرىكىگىچە بولغان كەڭ دائىرە ئىچىدە نۇرغۇنلىغان تۈركىي تىلىدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەر تارقالغان ئىدى... گەرچە بۇ مىللەتلەرنىڭ بەدەن قىياپەتلىرى ئوخشىشىپ كەتمىسىمۇ، تارقالغان رايونلىرىنىڭ ئارىلىقلىرى خېلىلا يىراق بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ قوللانغان تىللىرى ئىنتايىن ئوخشىشىپ كېتەتتى. دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەللەرنىڭ يازما ھۆججەتلىرىدە بۇ تىل تۈرك تىلى (ياكى تۈركىي تىل) دەپ ئاتالغانىدى»㉟. ئۇيغۇر تىلى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ھۆكۈمەت تىلى بولغاچقا، ئۇ ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تەركىبىگە كىرگەن، بولۇپمۇ ئۇيغۇر دېگەن ئورتاق نام ئاستىغا ئۇيۇشقان قەبىلە، ئۇرۇقلار ئارىسىدا ھەر خىل ئىجتىمائىي ئالاقىلەرنى ساقلاش ۋە ئۇنى داۋاملىق كۈچەيتىشتە ئىنتايىن مۇھىم روللارنى ئويناپ كەلگەن. ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ 200 يىللىق تارىخى ئۇيغۇر تىلىنىڭ تاۋلىنىش، تاكامۇللىشىش جەريانى بولۇپ قالغان. بۇنى بىز دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى تۈركولوگلارنىڭ ئورخۇن - يېنسەي مەڭگۈ تاشلىرىنىڭ تىلى ھەققىدىكى تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن بىلىۋالالايمىز.

ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە ئۇيغۇرلار ھازىر ئىلىم ساھەسىدە «قەدىمكى تۈرك يېزىقى» دەپ ئاتىلىۋاتقان يېزىق بىلەن «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى» دەپ ئاتىلىۋاتقان يەنە بىر خىل يېزىقنى تەڭ قوللانغان. «قەدىمكى تۈرك يېزىقى بىر خىل ئاللوفونلۇق،

بوغۇملۇق بىرىكمە يېزىق ئىدى (يېقىندا بەزىلەر قەدىمكى تۈرك يېزىقى پۈتۈنلەي بوغۇملۇق يېزىق دېگەن قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويـماقتا)، جۈملىدىن ئۇ نوقۇل ئاللوفونلۇق يېزىقمۇ (بىر بەلگە بىر سوزۇق تاۋۇش ياكى بىر ئۈزۈك تاۋۇشقا ۋەكىللىك قىلىدىغان) ياكى نوقۇل بوغۇملۇق يېزىقمۇ (بىر بەلگە بىر بوغۇمغا ۋەكىللىك قىلىدىغان) ئەمەس ئىدى. ئادەتتە 38 ـ 40 بەلگىدىن تەركىب تاپقان (ھەرقايسى جايلاردىن تېپىلغان ئابىدىلەر ۋە يازمىلاردا ئىشـلىتىلگەن ھەرپلەرنىڭ سانى پۈتۈنلەي ئوخشىشىپ كەتمەيدۇ) ئىدـدى»㊱. بۇ خىل قەدىمكى تۈرك يېزىقى شەكىل جەھەتتە قەدىمكى نىمىسلار قوللانغان رونىك يېزىقىغا ئوخشىشىپ كەتكەچكە، ئادەتتە يەنە قەدىمكى تۈرك ـ رونىك يېزىقى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ خىل يېزىقتا يېزىلغان ئاساسلىق مەڭگۈ تاشلار موڭغۇلىيەدىكى ئورخۇن ۋە يېنسەي دەرياسى ۋادىسىدىن تېپىلغىنى ئۈچۈن، يەنە ئورخۇن ـ يېنسەي يېزىقى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە تۈرك يېزىـقى، ئىسلامىيەتتىن ئاۋۋالقى يېزىق، سىبىرىيە يېزىقى دەپمۇ ئاتىـلىدۇ. قەدىمكى تۈرك يېزىقىنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە نۆۋەتتە ئىلىم ساھەسىدە ئوخشاش بولمىغان قاراشلارمۇ مەۋجۇت. 1893ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى بۇ يىزىقنىڭ «سىرى» نى دۇنيادا تۇنجى بولۇپ يېشىپ چىققان دانىيىلىك تۈركولوگ ۋ. تومسېن قەدىمكى تۈرك يېزىقىنىڭ 38 ھەرپىنىڭ ئىچىدىكى 23 ھەرپ ئارامى يېزىقىدىن كەلگەن، قالغانلىرى قەدىمكى تۈركلەرنىڭ تامغا بەلگىلىرىدىن (يەنى ئۇرۇق ياكى قەبىلىنى كۆرسەتكۈچى بەلگە) كەلگەن، دەپ قارىغان. قەدىمكى تۈرك يېزىقى ئادەتتە ئوڭدىن سولغا، توغرىسىغا يېزىلغان، يېنسەي ئابىدىلىرىدە يەنە سولدىن ئوڭغا يېزىلغانلىرىمۇ ئۇچرايدۇ، ئايرىملىرىدا ئالدىنقى بىر قۇرنى ئوڭدىن سولغا يېزىپ، ئاستىنقى بىر قۇرنى سولدىن ئوڭغا يازغان ئەھۋاللارمۇ بار. سۆز بىلەن سۆز ئادەتتە قوش چېكىت (:) ئارقىـلىق ئايرىلغان. ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە ئۇيغۇرلار ئاساسـلىق قەدىمكى تۈرك يېزىقىنى قوللانغان، ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى تۈرك يېزىقىدا يازغان، دەۋرىمىزگىچە ساقلىنىپ قالغان ھۆججەت ـ ماتېرىياللىرىنى مەڭگۈ تاش يازما يادىكارلىقلىرى ۋە قولىيازمىلار

دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ. بىرقەدەر مۇھىم مەڭگۈ تاش يازما يادىكارلىقلىرى 1909 - يىلى فىنلاندىيەلىك ج. رامستېد موڭغۇلىيىنىڭ شىنە ئۇسۇ دېگەن يېرىدىن تاپقان «مويۇنچۇر مەڭگۈ تېشى»، 1889 - يىلى رۇسىيىلىك ن. م. يادرىنتسېف ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ پايتەختى قارا بالغۇسۇن (يەنى ئوردوبالىق شەھىرى) نىڭ يېقىن ئەتراپىدىكى سايرام دەرياسىنىڭ بويىدىن تاپقان «توققۇز ئۇيغۇر ئاي تەڭرىدە قۇت بولمىش ئالپ بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى» (ئادەتتە «توققۇز ئۇيغۇر قاغان مەڭگۈ تېشى» دەپ ئاتىلىدۇ، 808 — 821 - يىللارغا مەنسۇپ)، 1909 - يىلى ج. رامستېد موڭغۇلىيەنىڭ سۇجى دېگەن يېرىدىن تاپقان «سۇجى مەڭ- گۈ تېشى»، 1915 - يىلى رۇسىيىلىك ۋ. يا. ۋىلادىمىرىسوف موڭغۇلىيەنىڭ تەس دەرياسى ۋادىسىدىن تاپقان، 1975 - يىلى رۇسىيىلىك س. گ. كلياشتورنى ئېلان قىلغان «تەس مەڭگۈ تېشى»، 1957 - يىلى موڭغۇلىيە ئارخېئولوگى دورجى سورۇڭ موڭغۇلىيەنىڭ تېرخىن دەرياسى ۋادىسىدىن تاپقان «تېرخىن مەڭگۈ تېشى»، 1969 - يىلى رۇسىيىلىك س. گ. كلياشتورنى موڭغۇ- لىيەنىڭ سېۋرىي دېگەن يېرىدىن تاپقان «سېۋرىي مەڭگۈ تېشى» قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ئۇيغۇرلار تارىخىدا (ئەرەب ئېلىپبە- سى ئاساسىدىكى يېزىقنى قوللىنىشتىن بۇرۇن) ئەڭ كەڭ قوللى- نىلغان، يازما ماتېرىياللىرى بىرقەدەر كۆپ ساقلىنىپ قالغان بىر خىل يېزىق بولۇپ، ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سوغدىلارنىڭ يېزىقى- دىن كېلىپ چىققان. ئەڭ دەسلەپ سوغدى يېزىقى ھەرپلىرى بىلەن تۈرك تىلىنى يازغۇچىلار ئېھتىمال يەتتەسۇ ۋادىسىدا ئولتۇراقلاش- قان تۈركەش قەبىلىسى (8 - ئەسىردىكى مۇشۇ خىل يېزىق چۈشۈرۈلگەن تۈركەشلەرنىڭ يارماق پۇللىرى ھېلىھەم ساقلىنىپ قالغان) بولغان بولۇشى مۇمكىن. كېيىن ئۇيغۇرلار بۇ خىل يېزىقنى كەڭ قوللانغاچقا، ئۇيغۇر يېزىقى دەپ ئاتىلىپ قالغان. ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرىدا موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى- نىڭ ئۇلانقۇم دېگەن يېرىدىن سەككىز قۇر قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى يېزىلغان مەڭگۈ تاشنىڭ تېپىلغانلىقىغا ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇرلار

غەربكە كۆچۈشتىن ئىلگىرىلا بۇ خىل يېزىقنى ئاللىقاچان ئىشلىتىشكە باشلىغان㊲. قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ئاللوفونلۇق (يەنى ئېلىپبەلىك) يېزىق بولۇپ، ئاساسەن 19 ـ 20 بەلگىدىن تەركىب تاپقان (دەۋرنىڭ ئىلگىرى ـ كېيىنلىكى سەۋەبىدىن ھەرپ سانىدا ئوخشاشماسلىقلار مەۋجۇت). بۇ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى تارىختا باشقا مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتىغىمۇ ئىنتايىن زور تەسىر كۆرسەتكەن. مەسىلەن، قىتانلار قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ئارقىلىق قىتان كىچىك يېزىقى دېگەن يېزىقنى مەيدانغا كەلتۈرگەن. چىڭگىزخان دەۋرىدە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى موڭغۇللار تەرىپىدىن قوللىنىلىپ، بۈگۈنكى موڭغۇل يېزىقى كېلىپ چىققان. كېيىن مانجۇلار موڭغۇللاردىن بۇ يېزىقنى (16 ـ ئەسىردە) قوبۇل قىلىپ ئىشلەتكەن. ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يازغان، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىگە تەۋە بولغان ھۆججەت ـ ماتېرىياللىرىنىمۇ مەڭگۈ تاش يازما يادىكارلىقلىرى ۋە قولىيازمىلار دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىرقەدەر مۇھىملىرىدىن «دولوگود مەڭگۈ تېشى»㊳، «مانى دىنى مۇخلىسلىرىنىڭ تۆۋەنامىسى»، «مايتىرى سىمىت» قاتارلىقلار بار.

## 2. ئەدەبىيات

ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئىتى خېلىلا تەرەققىي قىلغان. ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئەينى دەۋردىكى زېمىنىدىكى ھەيۋەتلىك تاغلار، ئوتلاق ـ ئورمانلىقلار، چەكسىز قۇملۇق ـ چۆللۈكلەر ۋە بۇ خىل جۇغراپىيىلىك مۇھىتقا ماسلاشقان ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش شەكلى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىدېئولوگىيىسى، تەپەككۇرىدا غەيرەت ـ شىجائەتلىك، مەرد ـ مەردانىلىك، باتۇر ـ قەيسەرلىك روھىنى يېتىلدۈرگەن، جۈملىدىن بۇ روھ ئۇلارنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئىتىگە ئۆز ئىزنالىرىنى بېسىپ، ئەدەبىيات ـ سەنئەتتە چىن ـ ھەقىقىيلىكنى، تۈز ـ ئۇچۇقلۇقنى، قەيسەر ـ شىجائەتلىكنى، گۈزەل ۋەتەننى مەدھىيىلەيدىغان ئۇسلۇبنى بارلىققا كەلتۈرگەن. مۇشۇنداق ئەدەبىي مىراسلاردىن نۆۋەتتە دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەنلىرى ئانچە كۆپ

بولمىسمۇ، بىراق نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان ھەر خىل بوران - چاپقۇنلارنىڭ سىناقلىرىغا بەرداشلىق بېرىپ، ئەۋلادتىن ئەۋلادقا ساقلىنىپ كەلگەنلىرىدىن بىز ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ زور تەرەققىياتىغا ئېرىشكەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز.

(1) «بەگقۇلى قوشىقى»

«ۋاي كەلدى بەگقۇلى دېگەندە ئانا، توختايدۇ بوۋاقنىڭ يىغىسى شۇئان. دېيىشەر ياش قىزلار ئېيتقاندا ناخشا، بولسىدى يىگىتىم بەگقۇلىسىمان.»[39] بۇ قوشاق «ۋېينامە» 103 - جىلد «قانقىللار تەزكىرىسى» بىلەن «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» 98 - جىلد «قانقىللار تەزكىرىسى» دە خاتىرىلىنىپ قالغان بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئەجدادى قاڭقىللاردىن ساقلىنىپ قالغان. «ۋېينامە. قانقىللار تەزكىرىسى» دىكى مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، بەگقۇلى ( 倍侯利 ) ئەسلىدە قانقىللارنىڭ قوغۇرسۇ قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى بولۇپ، ھوشيار، يىراقنى كۆرەر، باتۇر ئادەم بولغان. مىلادىيە 402 - يىلى جۇرجانلارنىڭ قاغانى تۇلۇنخان (402 — 410 - يىللار) شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ خانى توباغۇي (386 — 409 - يىللار) تەرىپىدىن چوغاي تېغىنىڭ جەنۇبى ۋە خۇاڭخې دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى جەڭدە ئېغىر مەغلۇپ بولۇپ، ۋەيران بولغان قەبىلىلىرىنى يىغىپ شىمالغا چېكىنىپ، قانقىللارنىڭ زېمىنىگە بېسىپ كىرگەن ھەم قانقىللارنىڭ بىرلىككە كەلگەن كۈچلۈك ھاكىمىيەت قۇرالمىغانلىق پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ ئۇلارنى پارچىلاپ يوقاتماقچى بولغان. لېكىن، «باتۇرلۇقتا ھەممىدىن ئېشىپ چۈشىدىغان» بەگقۇلى قانقىللارغا باشچىلىق قىلىپ تولۇنخانغا تۇيۇقسىز زەربە بېرىپ، ئۇنى ئېغىر مەغلۇپ قىلغان. كېيىن، بۇنىڭدىن مەغرۇرلىنىپ كەتكەن بەگقۇلى ۋە قانقىللار ھوشيارلىقىنى يوقىتىپ قويغان، پۇرسەتتىن پايدىلانغان تۇلۇنخان چېچىلىپ كەتكەن ئادەملىرىنى يىغىپ، قانقىللار غەلىبە تەنتەنىسىدىن شادلىنىپ بەخىرامان ئۇخلاۋاتقان بىر سەھەردە، ئۇلارنىڭ ئۈستىگە باستۇرۇپ بېرىپ، ئۇلارنى مەغلۇپ قىلغان. بەگقۇلى قانقىل قەبىلىلىرىنى باشلاپ جان پىدالىق بىلەن ئۇرۇشقان بولسىمۇ، ئۆز

قەبىلىسىدىن چىققان چىلوخۇ ( 叱洛侯 ) قاتارلىق مۇناپىقلارنىڭ ساتقىنلىقى تۇپەيلىدىن ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچراپ، قوۋملىرىنى ئې-لىپ شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ پاناھلىقىغا ئۆتكەن ھەم ئۇزۇن ئۆتمەي شىمالىي ۋېي پادىشاھلىقىدا ۋاپات بولغان. شىمالىي ۋېي پادىشاھى تەيزۇ خان ئۇنىڭ ئۆلۈمىگە قاتتىق ئېچىنىپ، دۆلەت بويىچە ماتەم تۇتۇپ، چوڭ دەپنە مۇراسىمى ئۆتكۈزگەن⑩. بەگقۇ-لى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، قانقىللار جۇرجانلارغا قارشى كۈرەشنى توختاتماي ئاخىرىغىچە داۋاملاشتۇرغان ھەم ئۆزلىرىنىڭ باتۇر ئوغلانى، سۆيۈملۈك يول باشچىسى بەگقۇلىنى سېغىنىپ يۇقىرىقى قوشاقنى توقۇغان.

(2) «تېلې قوشىقى»

«چوغاي تېغىنىڭ باغرىدىن ئاقار، تېلىلار دەرياسى ئويناپ ـ دولقۇنلاپ. ئاسماننىڭ گۇمبىزى بارگاھسىمان، تۇرىدۇ پايانسىز دالىنى قاپلاپ. شۇنچە كۆك غۇبارسىز ساماۋى ئاسمان، داللار بىپايان كۆرۈنمەيدۇ قاش، كۆرۈنۈپ قالار سانسىز قوي ـ كالا، ئەسكەندە شامالىلار، ئوتلار ئەگسە باش.» بۇ قوشاق شەرقىي ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئىچىدە ئۇزۇن زامانلار ئېيتىلىپ كېلىنگەن خەلق قوشىقى (خەلق ناخشىسى) بولۇپ، مىلادىيە 6 ـ ئەسىردە ئۇيغۇر-لارنىڭ ئەجدادى قاڭقىللاردىن قېلىپ قالغان. تارىخنامىلەردە ئۇ-نىڭ ئاپتورى ھەققىدە مەلۇمات بېرىلمىگەن، لېكىن بۇ قوشاق پۈ-تۈلگەن تارىخنامىلەرنىڭ ھەممىسىدە ئۇنىڭ قوغۇرسۇ ئالتۇن بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى باشتىن ـ ئاخىر تىلغا ئېلىنغان.

تارىخنامىلەردە خاتىرىلىنىشىچە، بۇ «تېلې قوشىقى» نى مىلا-دىيە 546 ـ يىلى بۇگۇنكى سەنشىنىڭ يۈبى دېگەن يېرىدە شەرقىي ۋېي پادىشاھلىقى (534 — 550 ـ يىللار) بىلەن غەربىي ۋېي پادىشاھلىقى (535 — 556 ـ يىللار) ئوتتۇرىسىدا بولغان بىر قېتىملىق كەسكىن ئۇرۇشتا، شەرقىي ۋېي پادىشاھى گاۋ خۇەننى قوللاپ، ئۆز قوۋملىرىنى باشلاپ ئۇرۇشقا قاتناشقان قانقىللارنىڭ باشلىقى قوغۇرسۇ ئالتۇن لەشكەرلەرنىڭ جەڭگىۋارلىقىغا ئىلھام بېرىش ئۈچۈن ئېيتقان. قوغۇرسۇ ئالتۇن ( مىلادىيە 488 — 567ـ يىللار) قانقىللارنىڭ قوغۇرسۇ قەبىلىسىدىن كېلىپ چىققان

بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇلۇغ بوۋىسى تېلىلارنىڭ (يەنى قاڭقىلارنىڭ)
مەشھۇر قەبىلە باشلىقى بەگقۇلى ئىدى㊶. قوغۇرسۇ ئالتۇننىڭ ئاتا ـ
بوۋىلىرى شىمالىي ۋېي سۇلالىسىدە يۇقىرى مەنسەپ تۇتقان. تارىـ
خىي ماتېرىياللاردا خاتىرىلىنىشىچە، قوغۇرسۇ ئالتۇن مىجەزى
تۈز، ئات مىنىش، ئوقيا ئېتىشقا ماھىر، ئەسكەر ئىشلىتىشكە
كامىل، ھەربىي تەجرىبىسى مول داڭلىق ھەربىي قوماندان بولۇپ،
مىلادىيە 535 ـ يىلى شىمالىي ۋېي سۇلالىسى شەرقىي ۋېي ۋە
غەربىي ۋېي پادىشاھلىقىغا پارچىلىنىپ كەتكەندە، ئۇ شەرقىي ۋېي
پادىشاھلىقىغا ئەگەشكەن. شۇ چاغدا شەرقىي ۋېي پادىشاھلىقىنىڭ
ھەربىي، مەمۇرىي چوڭ ھوقۇقى گاۋ خۇەننىڭ قولىدا بولۇپ،
قوغۇرسۇ ئالتۇن گاۋ خۇەن بىلەن بىللە نۇرغۇن قېتىم جەڭگە
قاتنىشىپ زور خىزمەت كۆرسەتكەن. مىلادىيە 546 ـ يىلى 9 ـ
ئايدا گاۋ خۇەن زور قوشۇننى باشلاپ غەربىي ۋېي پادىشاھلىقىغا
قارشى ئاتلانغاندا، قوغۇرسۇ ئالتۇنمۇ بىرگە ئاتلانغان، ئىككى
تەرەپ قوشۇنى بۈگۈنكى سەنشىنىڭ يۈبى دېگەن يېرىدە كەسكىن
جەڭ قىلغان، غەربىي ۋېي قوشۇنى قاتتىق قارشىلىق كۆرسەتكەچـ
كە، شەرقىي ۋېي قوشۇنى 50 نەچچە كۈن جەڭ قىلىپمۇ يېڭەلمەي
كەينىگە چېكىنىشكە مەجبۇر بولغان. دەل شۇ چاغدا شەرقىي ۋېي
قوشۇنى ئىچىدە پاتىپاراقچىلىق يۈز بېرىپ پۈتۈن قوشۇن ھالاك
بولۇش گىردابىغا كېلىپ قالغان، بۇ چاغدا قوغۇرسۇ ئالتۇن دەرـ
ھال «تېلى قوشىقى» نى ئېيتىپ، ئەسكەرلەرنىڭ جەڭگىۋارـ
لىقىغا مەدەت بەرگەن، ئەسكەرلەر ناخشىنى ئاڭلاپ يۇرتلىرىدىكى
دەريا ـ ئېقىنلارنى، گۈزەل ـ يايلاقلارنى، چاپچىپ ئويناقلاپ
تۇرغان چوغاي ئارغىماقلىرىنى، توپ ـ توپ يايلاۋاتقان مال ـ
چارۋىلارنى كۆرگەندەك بولۇپ، قايتىدىن كۈچ ـ غەيرەتكە كېـ
لىپ، باتۇرلۇق بىلەن دۈشمەن سېپىگە ئېتىلغان. كېيىن مىلادىيە
550 ـ يىلى گاۋخۇەننىڭ ئوغلى گاۋياڭ شىمالىي چى پادىشاھلىقىـ
نى قۇرغاندا، قوغۇرسۇ ئالتۇن دەسلەپ شېنياڭ بېگى، كېيىن
خەلپەت بەگ بولغان، جۇرجانلار بىلەن بولغان ئۇرۇشتا كۆپ قېتىم
خىزمەت كۆرسەتكەنلىكتىن يەنە باش ۋەزىر بولغان، مىلادىيە
567ـ يىلى 80 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن. شۇنىڭدىن كېيىن «تېلى

قوشىقى» قوغۇرسۇ ئالتۇننىڭ نامى بىلەن بىرگە ئەۋلادتىن ئەۋلادقا ئېيتىلىپ، ئورخۇن ئۇيغۇرلىرىنىڭ ۋەتىنىنى سۆيۈش، يۇرتىنى قەدىرلەش تېمىسىدىكى قوشىقى بولۇپ قالغان.

(3) «ئوغۇزنامە»

«ئوغۇزنامە» ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىغا كەڭ تارقالغان، قەھرىمانلىق مەدھىيىلەنگەن نەسرىي شەكىلدىكى تارىخىي داستان بولۇپ، ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ نادىر نامايەندىسىدۇر. «ئوغۇزنامە» داستانىنى مەزمۇن جەھەتتىن ئىككى قىسىمغا بۆلۈشكە بولىدۇ. داستاننىڭ بىرىنچى قىسمىدا قەدىمكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تارقالغان ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ كېلىپ چىقىشى، دۇنيانىڭ يارىلىشى ھەققىدىكى ئەپسانىلەر ۋە بەزى قەدىمكى ئۆرپ - ئادەتلەر ئەكس ئەتتۇرۇلگەن، داستاننىڭ ئىككىنچى قىسمىدا ئاساسلىق ھالدا ئوغۇز خاننىڭ ئۇرۇشقا ئاتلىنىش پائالىيەتلىرى بايان قىلىنغان. شۈبھىسىزكى، بۇ ۋەقەلىكلەردە مەلۇم دەرىجىدە تارىخىي پاكىتلار ئەكس ئەتتۇرۇلگەن㊷. «ئوغۇزنامە» گەرچە كېيىنرەك كىتاب بولۇپ تارقالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدىكى مىللەتنىڭ مەنبەسى ۋە توتېم ئېتىقادى توغرىسىدىكى رىۋايەتلەر «ۋېيىنامە. قاڭقىلار ھەققىدە قىسسە» دە خاتىرىلەنگىنى بىلەن ئوخشاش، بۇ «ئوغۇزنامە» داستانىنىڭ بىر قىسىم مەزمۇنلىرىنىڭ قاڭقىللار دەۋرىدىلا ئېغىز ئەدەبىياتى شەكلى بىلەن خەلق ئارىسىغا كەڭ تارقىلىپ بولغانلىقىنى چۈشەندۇرۇپ بېرىدۇ㊸. مەسىلەن:

مەن سىلەرگە بولدۇم خاقان،
ئېلىڭلار يا بىلەن قالقان،
تامغا بولسۇن بىزگە بۇيان،
كۆك بۆرى بولسۇن ھەم ئۇران،
تۆمۈر نەيزىلەر بولسۇن ئورمان،
ئوۋلۇقتا يۇرۇشسۇن مال - ۋاران،
ھەم ئاقسۇن دەريا ۋە ئېقىن،
قۇياش تۇغ بولسۇن، ئاسمان قورغان.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىغا مەنسۇپ «مويۇنچۇر مەڭگۈ تېشى»، «توققۇز ئۇيغۇر قاغان مەڭگۈ

تېشى» ، «سوجى مەڭگۈ تېشى» ، «تەس مەڭگۈ تېشى» ، «تېرخىن مەڭگۈ تېشى» ، «سېۋرېي مەڭگۈ تېشى» قاتارلىقلار ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە تەرەققىياتى ھەققىدىكى بىرىنچى قول يازما تارىخىي ماتېرىيال بولۇپلا قالماي، يەنە ئورخۇن ئۇيغۇرلىرىنىڭ تەرجىمىھال ئەدەبىياتى ھېسابلىنىدۇ، «توققۇز ئۇيغۇر قاغان مەڭگۈ تېشى» غا ئوخشاش تۈرك، سوغدى ۋە خەنزۇ يېزىقلىرىدا يېزىلغانلىرىنى بولسا ئورخۇن ئۇيغۇرلىرىنىڭ تەرجىمە ئەدەبىياتى دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. بۇنىڭدىن ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە ئەدەبىياتنىڭ زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

### 3. ناخشا ـ ئۇسسۇل

ئۇيغۇرلار قەدىمدىن تارتىپ ناخشا ـ ئۇسسۇلغا ماھىر مىللەت بولۇپ، ساز چېلىپ، ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناش بەكلا ئوممۇلاشقان. «ۋېينامە. قانقىللار تەزكىرىسى» دە خاتىرىلىنىشىچە، ئۇيغۇرلار «بۆرىنىڭ ھۇۋلىشىغا ئوخشاش ئاۋازىنى سوزۇپ لەرزان ناخشا ئېيتىشقا ماھىر ئىدى»㊹. ئۇلار تەڭرىگە سېغىنىپ نەزىر ـ چىراغ قىلغاندا «بىر يەرگە يىغىلىپ بەيگە قىلاتتى، مال ـ چارۋا سويۇپ، چۆرگىلەپ ئۇزۇلدۇرمەي ناخشا ئېيتاتتى». چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن ياۋيۇەنجىنىڭ «بامبۇكزار شىپاڭدا يېزىلغان تۇيۇقلار» دېگەن ئەسىرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ناخشا ـ ئۇسسۇلى ھەققىدە: «بېلىگە قوڭغۇراق ئېسىپ، قولىدا داپ چالىدۇ، بېشى بىلەن بەللىرىنى تولغاپ داپقا كەلتۈرۈپ ئۇسسۇل ئوينايدۇ، قوڭغۇراق بىلەن داپنىڭ ئاۋازى تەڭكەش بولىدۇ»㊺ دېيىلگەن بولۇپ، بۇ ئۇيغۇرلاردىكى داپ ئۇسسۇلىنىڭ ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىلا مەۋجۇت بولۇپ كەلگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. تارىخىي ماتېرىياللارغا قارىغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ ناخشا ـ ئۇسسۇل مۇزىكىسى ئىنتايىن تەرەققىي قىلغان بولغاچقا ھەم مەزمۇنى مول، شەكلى خىلمۇ خىل بولغاچقا، ئات ـ يېپەك سودىسىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تارقىلىپ كىرىپ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ مۇزىكا مەدەنىيىتىگە چوڭقۇر تەسىرلەرنى كۆرسەت-

كەن. چاڭئەن، لوياڭ قاتارلىق پايتەختلەردە ئۇيغۇرلارنىڭ ناخشا ـ ئۇسسۇل، مۇزىكىسى ئەينى دەۋردىكى ئەڭ ئالقىشلىنىدىغان سەنئەت بولۇپ قالغان، شۇڭا تاڭ سۇلالىسىدىكىلەر بۇ مەنزىرىنى تەسۋىرلەپ مۇنداق شېئىر يېزىشقان:

چاڭ تۇزىتىپ ئۇيغۇرلار ئات مىنىپ كەلگەندىن بۇيان،
قاپلىدى ئات تۇكلىرى شەھىرى لو(لوياڭ) نى يامان.
بولدى ئۇيغۇرچە ياسانماق قىز ـ چوكانلار مەشغۇلى،
زور ماھارەت بولدى چالماق سازنى ئۇيغۇرلارسىمان.
سۇمۇرغ ئاتەشنىڭ ساداسى مۇڭ بىلەن تۇتۇلسا گەر،
نەۋ باھار بۇلبۇل كۈيى تارقاتتى بىر سالقىن ھامان.
ئاتقا ئۇيغۇرچە مىنىش، زىبۇ زىنىنەت، تىل ئۆگىنىش،
بولدى بەس ـ بەسلىك ھامان بۇ ئەللىك يىلدىن بۇيان.
خەنزۇ شائىرى ۋاڭ جيەن ئۆزىنىڭ «لياڭجوغا ساياھەت»

دېگەن شېئىرىدىمۇ مۇنداق يازغان:

تاڭ سەھەر ئاڭلاپ خورازنىڭ چىلىلغان ئاۋازىنى،
شەھىرى لوياڭدا جىمى ئۆي مەشىق قىلارغۇز سازىنى.

بۇ يەردە يەنە شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدا ئۇسسۇل سەنئەتىنىڭ بىر تۈرى بولۇپلا قالماي، بەلكى يەنە دىپلوماتىيە پائالىيەتلىرىدە كەم بولسا بولمايدىغان قائىدە ـ يوسۇنلارنىڭ بىرى بولغان. «تاڭنامە» لەردىكى مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىغا كەلگەن باشقا ئەل ئەلچىلىرى ئۇيغۇر قاغانلىرى بىلەن كۆرۈشۈشتىن ئىلگىرى چوقۇم قاغان ئوردىسىنىڭ ئالدىغا قادالغان بۆرە بېشى چۈشۈرۈلگەن تۇغقا باش ئۇرۇشى، ئۇيغۇرچە ئۇسسۇل ئوينىشى، ئىسىرىقدانىدىن ئاتلاپ ئۆتۈشى زۆرۈر بولغان. مەسىلەن، 762 ـ يىلى تاڭ سۇلالىسىنىڭ شاھزادىسى يۈڭ بېگى لى شى تەڭرى قاغان بىلەن كۆرۈشكىلى كەلگەندە، «ئۇسسۇل ئوينىماي تەكەببۇرلۇق قىلىپ، ئەدەپ ـ قائىدىگە ھۆرمەت قىلمىغانلىقتىن» تەڭرى قاغانىنىڭ قاتتىق غەزىپىنى كەلتۈرگەن، نەتىجىدە ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا ئارازچىلىق كېلىپ چىققان. ㊻

## 4. توي ـ تۆكۈن، ئۆلۈم ـ يېتىم مۇراسىملىرى

ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ نىكاھ، توي ـ تۆكۈن ئادەتلىرى ئۆزگىچە بولۇپ، ئاساسەن تۈركلەرنىڭ ئادەتلىرىگە ئوخشىشىپ كېتىدۇ. «سۈينامە. تېلىلار تەزكىرىسى» دە: «ئۇلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتى ئاساسىي جەھەتتىن تۈركلەرنىڭكىگە ئوخشاش بولۇپ، پەقەتلا ئەرلەر توي قىلغاندىن كېيىن ئايال تەرەپنىڭ ئۆيىگە كېتەتتى، پەرزەنتلىك بولغاندىن كېيىن ئايالىنى ئېلىپ ئۆز ئائىلىسىگە قايتىپ كېلەتتى»㊼ دېيىلگەن. بۇ ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى، ئۇيغۇرلارنىڭ نىكاھ ئادەتلىرىدە ئانىلىق ئۇرۇقداشلىق جامائەسىنىڭ يالدامىلىرىنىڭ مەلۇم جەھەتتە ساقلىنىپ كەلگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. يەنە «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى. قانقىللار تەزكىرىسى» دە: «ئۇلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرىدە ئات ـ كالا بېرىپ تويلىشىشنى شەرت قىلىدۇ. تويلىشىش بېكىتىلگەندىن كېيىن، ھەر ئىككى تەرەپ ھارۋا تەييارلاپ، ئاتلارنى ئېغىلغا سولايدۇ. ئوغۇل تەرەپ قىز تەرەپنى ياخشى ئاتلارنى خالىغانچە تاللىۋېلىشقا چاقىرىدۇ، ئاتنى ئېغىلدىن ئېلىپ چىققاندا، ئاتنىڭ ئىگىسى ئېغىلنىڭ سىرتىدا تۇرۇپ، ئاتنى شاپىلاقلاپ ئۈركىتىدۇ، ئات مىنگەن كىشى يىقىلمىسا ئۇ ئاتنى ئالىدۇ، يىقىلىپ كەتسە ئۇ ئاتنى ئالماي باشقا ئاتنى ئالىدۇ. شۇ تەرىقىدە بېكىتىلگەن سان توشقۇچە ئالىدۇ. قىزنى كۆچۈرىدىغان كۈنى ئەر ـ ئاياللار قىمىز، پىشۇرۇلغان گۆشلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ. ئاندىن ئەر ـ ئاياللار ئايرىۋېتىلىدۇ، ساھىپخان مېھمانلارنى كۈتۈۋالىدۇ، ئۇلار دەرىجىسىگە قارىماي رېتى بويىچە ئورۇن ئالىدۇ، چېدىرنىڭ ئالدىدا ئۆم بولۇپ ئولتۇرۇپ، كۈن بويى يەپ ـ ئىچىشىدۇ، يەنە مېھمانلار قوندۇرۇپ قېلىنىدۇ، ئىككىنچى كۈنى قىز ئېلىپ كېتىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەر تەرەپتىكىلەرمۇ قىز تەرەپنىڭ ئاتلىرىنىڭ ئارىسىغا كىرىپ ياخشى ئاتلارنى تاللىۋالىدۇ، قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسى، ئاكا ـ ئىنىلىرىنىڭ ئۇ ئاتلارنى بېرىشكە كۆڭلى قىيمىسىمۇ، ھېچكىم بىر نېمە دېيەلمەيدۇ»㊽ دېيىلگەن بولۇپ، بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ كۆچمەن چارۋىچىلىق ئىگىلىكى دەۋرىدىكى توي ـ تۆكۈن ئادەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ

بېرىدۇ. «تاڭنامە» لەردىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە ئۇيغۇر قاغانلىرى ۋە ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ توي ـ تۆكۈنلىرى ئىنتايىن داغدۇغىلىق ۋە ھەشەمەتلىك ئۆتكۈزۈلگەن، بۇنداق مۇراسىملاردا ئۇلارنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتلىرى، ئېتىقادلىرى گەۋدىلەندۇرۇلگەن. مىلادىيە 821 ـ يىلى كۈن تەڭرىدە ئۇلۇغ بولمىش ئالپ كۈلۈگ بىلگە قاغان (821 — 824ـ يىللار) تاڭ سولالىسى مەلىكىسى تەيخېغا ئۆيلەنگەندە، تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئوردا تارىخچىلىرى شۇ قېتىمقى توي مۇراسىمىنىڭ ئەھۋالىنى خاتىرىلەپ : «خەيرلىك بىر كۈن تاللاندى، قاغان ئېگىز راۋاققا چىقىپ، كۈنچىقىشقا قاراپ ئولتۇردى، مەلىكە ئۈچۈن راۋاقنىڭ ئالدىغا چېدىر ياسالدى، ئۇيغۇرلارنىڭ باش دىندارى مەلىكىگە ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى ئۆگەتتى، مەلىكە خەنزۇچە كىيىم ـ كېچەكلىرىنى سېلىۋېتىپ، ئۇيغۇرچە ياساندى، ئاندىن بىر ياشانغان يەڭگىنىڭ ھەمراھلىقىدا راۋاقنىڭ ئالدىغا بېرىپ، كۈنپېتىشقا قاراپ (قاغانغا قاراپ) تەزىم قىلدى، قاغان ئولتۇرۇپ ئۇنى كۆزەتتى، مەلىكە يەنە تەزىم قىلىپ بولغاندىن كېيىن چېدىرغا كىرىپ، كىيىملىرىنى سېلىۋېتىپ، قاتۇنلۇق كىيىملىرىنى كىيدى، ئاندىن كېيىن چېدىردىن چىقىپ، قاغانغا تەزىم قىلدى. مەلىكە ئۈچۈن ئالدىنئالا تەختىراۋان تەييارلانغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئالدىغا ئالاھىدە كىچىك بىر ئورۇن راسلانغانىدى، بۇيرۇق، تارقانلار مەلىكىنى تەختىرۋانغا باشلىدى، ئۇيغۇرلارنىڭ توققۇز بۇيرۇقى تەختىراۋاننى نۆۋەتلىشىپ كۆتۈرۈپ، ئوردىغا كىرىپ، كۈنچىقىشقا قاراپ، ئوڭدىن سولغا توققۇز قېتىم ئايلاندى. بۇ ئىش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، مەلىكە تەختىراۋاندىن چۈشۈپ راۋاققا چىقتى، كۈنچىقىشقا يۈزلىنىپ قاغان بىلەن يانمۇ يان ئولتۇردى، بۇيرۇقلار مەلىكىنى تاۋاپ قىلدى ھەم ئۇنىڭ قاتۇن بولغانلىقىنى تەبرىكلىدى» دەپ يازغان㊾.

يازما ھۆججەتلەر ۋە ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، ئورخۇن ئۇيغۇرلىرىدا ئۆلۈم ـ يېتىم ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشتا، يەنى دەپنە قىلىش شەكلىدە، جەسەتنى تۇپراققا دەپنە قىلىشتىن سىرت، ئوتتا كۆيدۈرۈپ دەپنە قىلىش شەكلىـ

ـرىمۇ بولغان، بۇلارنىڭ ھەممىسى قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئالەم قاراشلىرى، ئىپتىدائىي ئەقىدىلىرى ۋە دىنىي ئېتىقادلىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىدى. «ۋېيىنامە. قاتقىللار تەزكىرىسى» دە خاتىرىلىنىشىچە، قاتقىللارنىڭ دەپنە شەكلى ۋە دەپنە مۇراسىمى ئۆزگىچە بولۇپ، ئۇلار «ئۆلگەنلەرنى دەپنە قىلىشتا گۆر كولاپ سۇپا ياسايتتى، جەسەتنى گۆردە ئولتۇرغۇزۇپ ئىككى قولىنى كېرىپ ساداق تۇتقۇزۇپ، يېنىغا خەنجەر ئېسىپ قوياتتى، قولتۇ- قىغا ئۇزۇن ساپلىق نەيزە قىستۇرۇپ قوياتتى، مېيىت خۇددى تىرىك ئادەمدەك ھالەتكە كەلتۈرۈلەتتى، لېكىن يەرلىكنىڭ ئۈستى- نى ئوچۇق قويۇپ قوياتتى، چاقماق چاققاندا ئۆلگەنلەرگە ياكى كېسەل بولغانلارغا دۇئا - تىلاۋەت قىلاتتى، ئادەتتە بولسا ئىلاھلارغا ئاتاپ نەزىر - چىراغ قىلاتتى، ئات چاپتۇرۇپ يەرلىك- نىڭ چۆرىسىنى ئايلىناتتى، بۇنداق ئايلىنىش كۆپ بولغاندا نەچچە يۈز قېتىمغا يېتەتتى، ئەر - ئايال، چوڭ - كىچىكنىڭ ھەممىسى بىر يەرگە جەم بولۇشاتتى، ھېيت - بايرام كۈنلىرىدە كىشىلەر ناخشا - قوشاق ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناپ بەزمە قىلىشاتتى، مېيىت چىققان ئۆيدىكىلەر ھەسرەت بىلەن ئۈنلۈك يىغلىشاتتى»⑩.

20 - ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرى ئورخۇن ۋادىسىدا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەر بىزنى ئورخۇن ئۇيغۇرلىرىنىڭ دەپنە ئادەتلىرى ھەققىدە ئىنتايىن قىممەتلىك ئىلمىي ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەيدۇ. ماتېرىياللاردا كۆرسىتىلىشىچە، ئۇيغۇرلار مې- يىتنى تاختايغا ياتقۇزۇپ دەپنە قىلغان، قەبرە ئىچ يەرلىك، تاش يەرلىك دەپ ئىككىگە ئايرىلغان. ئىچ يەرلىكنىڭ ئېغىزى تاختاي، ياغاچ، قۇرما (يەنى قۇموش ياكى دەرەخ شاخلىرىدىن قىلىنغان) ۋە تاش بىلەن ئېتىۋېتىلگەن. ئىچ يەرلىك ھەرخىل بولۇپ، بەزىلى- رى تاش يەرلىك بىلەن تىك كولانغان، بەزىلىرى تاش يەرلىك بىلەن پاراللېل كولانغان، بەزىلىرى تاش يەرلىكنىڭ بىر بۇرجىكى- دە بولغان، جەسەت ئادەتتە ئىچ يەرلىكنىڭ ئوڭ بۇرجىكىگە قويۇل- غان، جەسەتنىڭ بېشى (يۈزى) شىمالغا ياكى شەرققە قارىتىلغان، چۆرىسىگە يېمەكلىكلەر سېلىنغان قازان - قومۇچلار تىزىپ قويۇل- غان. ئۇيغۇرلارنىڭ دەپنە مۇراسىملىرى ۋە نەزىر - چىراغ مۇرا-

سىملىرى ئىنتايىن ئۆزگىچە بولغان، ئۇلار مەخسۇس تاشتىن ياسالغان نەزىر ـ چىراغ سۇپىسىدا مال ـ چارۋا ئۆلتۈرۈپ نەزىر ـ چىراغ قىلغان(51). ئۇيغۇرلار ئۆزىنىڭ قەبىلە، ئۇلۇسلىرىنىڭ كۆپلۈكى، ھەرقايسى قەبىلە، ئۇلۇسلارنىڭ ياشىغان جۇغراپىيىلىك تەبىئىي شارائىتلىرىنىڭ ئوخشاشماسلىقى تۈپەيلىدىن، ئۇلارنىڭ دەپنە شەكلى، مۇراسىملىرىدا يەنە مەلۇم يەرلىك ئالاھىدىلىكلەر مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن. مەسىلەن، «يېڭى تاڭنامە» 217 ـ جىلدىدا: «تۇۋالار ئۆلۈپ كەتكەنلەرنىڭ جەسىتىنى ياغاچ ساندۇققا سېلىپ، تاغ كامارلىرىغا قويۇپ قوياتتى ياكى دەرەخلەرگە ئېسىپ قوياتتى، ئۆلۈمنى ئۇزاتقاندا ئۈن سېلىپ يىغلايتتى، بۇ جەھەتتە تۈركلەر بىلەن ئوخشىشىپ كېتەتتى»(52) دېيىلگەن.

تاڭنامىلەردىكى خاتىرىلەردىن ۋە ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللاردىن قارىغاندا، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە ئۇيغۇرلاردا يەنە جەسەتنى كۆيدۈرۈپ دەپنە قىلىش ئادەتلىرىمۇ بولغان. مەسىلەن، «كونا تاڭنامە. بۆگۈ خۇەيخېنىڭ تەرجىمىھالى» دا: «لوڭتەي تۈنجى يىلى (مىلادىيە 765 ـ يىلى) بۆگۈ خۇەيخې ئۇيغۇرلاردىن ۋە سوفاڭ ۋىلايىتىدىن كۆپلىگەن كىشىلەرنى باشلاپ، ئىچكىرىلەپ كىرىپ، مىڭشيا ناھىيىسىگە يېتىپ كەلگەندە، كېسەل تېگىپ ئارقىسىغا قايتتى، 9 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى ئۇلىڭۋۇدا ئۆلدى، ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلىرى ئۇنىڭ جەسىتىنى ئۆز قائىدىسى بويىچە كۆيدۈرۈپ دەپنە قىلدى»(53) دېيىلگەن. «يېڭى تاڭنامە» دىكى خاتىرىلەرگە قارىغاندا، جەسەتنى كۆيدۈرۈپ دەپنە قىلىش ئادەتلىرى تۈركلەردىمۇ بولغان. ئۇيغۇرلاردىكى جەسەتنى كۆيدۈرۈپ دەپنە قىلىش ئادىتى، ئۇلارنىڭ ئىپتىدائىي قۇياش ئېتىقادچىلىقى، ئوت ئېتىقادچىلىقىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئورخۇن، ئوتتۇرا ئاسىيا، تارىم ۋادىلىرىدا ياشىغان ئەجدادلىرىنىڭ تۇرمۇشىدا ئومۇمىيۈزلۈك مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن دەپنە ئادەتلىرىدىن بىرى ئىدى(54). ئۇيغۇرلاردا يەنە ئۆلگۈچىلەرنىڭ قەبرە بېشىغا بالبال (تاش ھەيكەل) تىكلەيدىغان، ئۆلگۈچىنىڭ روھىغا ئاتاپ ياغ پۇرىتىدىغان، قەبرە بېشىغا ئات ـ قوشقارلارنىڭ كاللىسىنى، مۈڭگۈزلىرىنى ئېسىپ قويىدىغان، ئۆلگۈچىگە ھازا

ئاچقاندا پىچاق بىلەن يۈزىنى تىلىپ ياكى يۈز - كۆزىنى مورلاپ، قان - ياش ئاققۇزۇپ يىغلايدىغان ئادەتلەرمۇ بولغان.

## 5 § . ئورخۇن ئۇيغۇرلىرىنىڭ دىنىي ئېتىقادى

ئۇيغۇرلار دىنىي ئېتىقاد جەھەتتە خېلى مۇرەككەپ بولغان جەريانلارنى باشتىن كەچۈرگەن بولۇپ، دىن ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەرنى شەكىللەندۈرۈپ چىققان. تارىخىي ھۆججەتلەرگە ۋە ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، ئۇلار ئۆز تارىخىدا قەدىمكى ئىپتىدائىي دىنلارغا (يەنى تەبىئەت ئېتىقادچىلىقى، ئەجداد ئېتىقادچىلىقى، توتېم ئېتىقادچىلىقى)، شامان دىنىغا، زورو ئاستىر دىنىغا، بۇددا دىنىغا، مانى دىنىغا، خرىستىئان دىنىغا ۋە ئەڭ ئاخىرىدا ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان.

**1. شامان دىنى**

ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى يېڭى قۇرۇلغان دەۋرلەردە ئۇيغۇرلار (شەرقىي ئۇيغۇرلار) ئاساسلىق شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلغان.

شامان دىنى ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدە، بولۇپمۇ جەمئىيەت تەرەققىياتى سىنىپىي جەمئىيەتكە قاراپ يۈزلىنىۋاتقان دەۋرلەردە، ئەسلىدىكى توتېمىزم ۋە ئانىزملىق ئېتىقادنى مۇھىم بەلگە قىلغان ئىپتىدائىي دىنلار ئاساسىدا مۇئەييەن دەرىجىدىكى ئېتىقاد سىستېمىسىغا ئىگە دىن بولۇپ شەكىللىنىپ چىققان. شامان دىنى ئۇرال — ئالتاي قوۋملىرى ئارىسىدا پەيدا بولغان بولغاچقا، ئۇنىڭ تەسىرى مۇشۇ رايوندىكى خەلقلەر ئارىسىدا ناھايىتى ئۇزاق داۋاملاشقان. شامان دېگەن سۆز توڭغۇسلارنىڭ سۆزى بولۇپ، موڭغۇللار شاماننى «بۆگە» ياكى «شامان» دەپ ئاتىغان. تۈركىي مىللەتلەر شاماننى «بۆگۈ» ياكى «قام»، شامان مولللىرىنى «باخشى» دەپ ئاتىغان. شامان دىنىنىڭ مۇقەددەس ئىلاھلىرى «تەڭرى»، ئايال باخشىلىرى «مۇتا» (muta) دەپ ئاتالغان. شامانلار (باخشىلار) كۆك تەڭرىسى بىلەن ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدىكى ۋاستىچىلەر ھېسابلانغان. ئۇيغۇرلارنىڭ شامان

دىنى قارىشى بويىچە، ئالەم مەلۇم قەۋەتلەردىن تەشكىل تاپقان، ئالەمنىڭ يۇقىرىسى 17 قەۋەت ئاسمان بولۇپ، ئۇ يورۇقلۇق دۇنياسى ئىدى. ئالەمنىڭ ئاستى يەتتە ياكى بىر قەۋەتتىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇ قاراڭغۇلۇق دۇنياسى ئىدى. يورۇقلۇق دۇنياسى بىلەن قاراڭغۇلۇق دۇنياسى ئارىسىدىكى يەرلەر تەڭرى تەرىپىدىن يارىتىلغان يەرلەر بولۇپ، ئۇ بارلىق جانلىق ۋە جانسىزلارنىڭ دۇنياسى ئىدى. بارلىق ئالەمگە تەڭرى ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى، تەڭرى (كۆك تەڭرى) ئاسماننىڭ ئەڭ يۇقىرى قەۋىتىدە تۇراتتى، ئۇنىڭ تۆۋىنىدە ھەرخىل ياخشىلىق ئىلاھلىرى تۇراتتى، ياخشىلىق ئىلاھلىرىنىڭ تۆۋىنىدە بالىلارنىڭ قوغدىغۇچى ئىلاھى بولغان ئوماي تۇراتتى. شامان دىنى قارىشىدا، «يەر ئۈستىدىكى ئورمان، ئوت، سۇ، تاغ قاتارلىقلار ئاسماندىكى كۆك تەڭرىنىڭ يەر يۈزىدىكى سىمۋولىدۇر، ئالەمدىكى بارلىق نەرسىلەرنىڭ روھى بولىدۇ، ھەربىر ئادەمنىڭمۇ ئۈچ روھى بولىدۇ، بىر روھى مەڭگۇ يوقالمايدۇ، شۇڭا دائىم ئۇنىڭغا ئاتاپ نەزىر - چىراغ قىلىپ تۇرۇش كېرەك. يەنە بىر روھى ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن باشقا ئادەم ياكى ھايۋانغا ئۆزگىرىپ ياشاۋېرىدۇ. يەنە بىر روھى بولسا ئادەم ئۆلگەندە تەڭلا يوقايدۇ» ⑮ دەپ ھېسابلىناتتى. بۇنىڭدىن قارىغاندا، شامان دىنى يامان روھلارنىڭ ئاپەتلىرىنى قايتۇرۇش، ياخشى روھلارنىڭ شاپائەتلىرىنى قوبۇل قىلىشتىن ئىبارەت ئاساسىي تەپەككۇر ئۈستىگە قۇرۇلغان، شامان باخشىلىرى شامان دىنىنىڭ مەخسۇس دىندارلىرى ئىدى، ئۇلار تەڭرى بىلەن ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدا ۋاستىچىلىك رولىنى ئوينايتتى. باخشىلارنىڭ قابىلىيىتى ناھايىتى ئۈستۈن بولۇپ، ئۇلار چوڭ - كىچىك مۇراسىملارغا رىياسەتچىلىك قىلاتتى، كىشىلەرگە ۋاكالىتەن كۆك تەڭرىدىن پەرزەنت، مول - ھوسۇل، ھۆل - يېغىن، بەخت - سائادەت، جەڭلەرگە ئۇتۇق، يەر يۈزىگە بەخت تىلەيتتى. ئۇلار ئۆز قوۋمىنىڭ خاسىيەتلىك ئادەملىرى بولغاچقا يۇقىرى نوپۇزغا ئىگە بولۇپ، دۆلەتنىڭ چوڭ - چوڭ ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش، تەخت ۋارىسلىرىنى بېكىتىش، ئۇرۇش قىلىش ياكى قىلماسلىق... قاتارلىق ئىشلارغا ھۆكۈم چىقىراتتى، ئادەتتە قاغاننىڭ مەسلىھەتچىسى ياكى دۆلەت

ئۇستازلىق رولىنى ئوينايتتى. ئۇيغۇرلارنىڭ كلاسسىك داستانى «ئوغۇزنامە» دە تەسۋىرلەنگەن ئاق ساقاللىق، ئاق چاچلىق، قابىلىيەتلىك، بىلەرمەن ئۇلۇغ تۆرك ئىسىملىك كىشى دەل شامان دىنىنىڭ باخشىسى بولۇپ، بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ شامان دىنى ئېتىقادىدىكى بەزى ئەھۋاللارنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

شامان دىنى قارىشى بويىچە، قاغانلار كۆك تەڭرىنىڭ يەر يۈزىدىكى ئوغۇللىرى ياكى كۆك تەڭرىنىڭ ئىرادىسىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان كىشىلەر ئىدى. شۇڭا، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قاغانلىرى ھامان «كۆك تەڭرىدە بولمىش» ، «ئاي تەڭرىدە بولمىش» دېگەندەك ناملار بىلەن ئاتالغان.

يەنە «كونا تاڭنامە» 195 ـ جىلد «ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» دە ئۇيغۇر قاغانلىرىنىڭ ئەتىگەندە كۈنچىقىشقا قاراپ ئولتۇرۇپ كۈنگە تەزىم قىلىدىغانلىقى، «ئوغۇزنامە» داستانىدا ئوغۇزخان تۇغۇلغاندا چىرايىنىڭ كۆك ئىكەنلىكى، ئوغۇزخاننىڭ ھەر قېتىمقى ھەربىي يۈرۈشلەردە كۆك يايلىلىق بۆرىنىڭ يول باشلىشى بىلەن ئوڭۇشلۇق جەڭلەرنى قىلغانلىقى تەسۋىرلەنگەن. بۇ يەردىكى چىرايىنىڭ كۆك بولۇشى كۆك تەڭرىنى، كۆك بۆرىنىڭ يول باشلىشى كۆك تەڭرىنىڭ شەپقىتىنى ئەسلەتمەي قالمايدۇ. بولۇپمۇ مىلادىيە 735 ـ يىلى ئورنىتىلغان «بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى» دىكى «تەڭرى مەدەت بەرگەنلىكى ئۈچۈن مەن تەختتە ئولتۇرغىنىمدا تۆت تەرەپتىكى خەلقلەرنى تەشكىللىدىم، تەرتىپكە سالدىم» دېگەن بايانلار ئەينى دەۋرلەردە (ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە) خانلىق ھوقۇقىنىڭ ئاللىقاچان ئىلاھلاشقانلىقىنى، شامان دىنىنىڭ ئاللىقاچان ئىپتىدائىي دىنلاردىن ھالقىپ كەتكەنلىكىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

شامان دىنىنىڭ گەرچە مۇقەددەس دەستۇرى بولمىسىمۇ، لېكىن ھەر خىل مۇراسىملارنى ئۆتكۈزگەن ۋاقىتلاردا ئوقۇيدىغان مۇھىم دۇئا ـ تىلاۋەت سۆزلىرى بار ئىدى. بۇنداق دۇئا ـ تىلاۋەت سۆزلىرى كىتاب بولۇپ پۈتۈلمىگەن بولسىمۇ، بىراق ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا، ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا كۆچۈش شەكلى بىلەن داۋاملىشىپ تۇراتتى. بۇ جەھەتلەردىن قارىغاندا، شامان دىنى ئىپتىدائىي دىن-

لاردىن خېلى زور دەرىجىدە پەرقلىنىپ، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى-
نىڭ سىنىپىي مۇناسىۋەتلىرىگە يېقىنلاشقان.

ماتېرىياللاردا ئېيتىلىشىچە، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە
شامان باخشىلىرى ھەر خىل مۇراسىملارغا باشچىلىق قىلغان،
كۆك تەڭرىگە ئاتاپ دۇئا ـ تىلاۋەت قىلغان. دۇئا ـ تىلاۋەتتە
جىنلارنى قوغلاش ئۇچۇن ناغرا، داپ چېلىپ، ئۇسسۇل ئوينىغان.
بۇ خىل شامان دىنىغا خاس بولغان ئادەت كېيىنكى دەۋرلەردە
ئۇيغۇرلار مانى دىنى، ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىنمۇ
ئۆز ئىپادىسىنى يوقاتمىغان.

دېمەك، يۇقىرىقىلاردىن شامان دىنىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ
بۇرۇنقى دىنلىرىنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئورخۇن ئۇيغۇر
خانلىقى قۇرۇلۇشتىن بۇرۇنلا ھەم خانلىق قۇرۇلغان دەسلەپكى
دەۋرلەردىلا ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادى، مەدەنىيىتى ۋە
تۇرمۇشىغا چوڭقۇر تەسىرلەرنى كۆرسىتىپ كەلگەنلىكىنى بىلىۋا-
لالايمىز. شامان دىنى ئۇيغۇرلار ئىچىگە كەڭ تارقالغان، تەسىرى
كۈچلۈك دىن بولغاچقا، ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچكەندىن كېيىنمۇ
ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتىگە، تۇرمۇشىغا، دۆلەت تەشكىلىگە خېلى
تەسىرلەرنى كۆرسەتكەن. مەسىلەن، ئۇيغۇرلار كېيىنكى دەۋرلەردە
مانى دىنىنى قوبۇل قىلغاندا مانى دىنىنىڭ ئىلاھى مانىنى «تەڭرى
مانى بۇرخان» دەپ ئاتىغان. كېيىن ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان-
دىمۇ ئىسلام دىنىنىڭ ئىلاھى ئاللاھنى «تەڭرى»، «چاچات»،
«ئىدى» دەپ ئاتىغان. ئۇنىڭدىن سىرت، شامان دىنىنىڭ قالدۇق
تەسىرلىرىنى ھازىرمۇ خەلقىمىزنىڭ تۇرمۇشىدىن كۆپلەپ ئۇچرى-
تىشقا بولىدۇ.

## 2. مانى دىنى

ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن (يەنى
مىلادىيە 8 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا)، ئۇيغۇرلار (شەرقىي
ئۇيغۇرلار) ئەجدادلىرى ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن شامان دىنىدىن ۋاز
كېچىشكە مەجبۇر بولۇپ، مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلىشقا باشلىغان.
شۇنىڭدىن كېيىن مانى دىنى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ دۆلەت

دىنىغا ئايلانغان.

مانى دىنى مىلادىيە 3 ـ ئەسىردىن 15 ـ ئەسىرگىچە ياۋروپا، ئاسىيا ۋە ئافرىقىنىڭ كۆپلىگەن جايلىرىغا تارقالغان بىر خىل دىن بولۇپ، بۇ دىنىنىڭ ئىجادچىسى مانى (تەخمىنەن مىلادىيە 216 — 237 ـ يىللاردا ياشىغان) ئەينى دەۋردىكى پېرسىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ بابىلون ئۆلكىسىدە تۇغۇلغان. مانى 12 ياشقا كىرگەندە ئۆزىنىڭ تەرغىب قىلماقچى بولغان يېڭى دىنىغا نىسبەتەن خېلى چوڭقۇر تونۇشقا ئىگە بولغان ھەم ئاسترونومىيە، رەسساملىق، سېھىرگەرلىك (جادۇگەرلىك) كە ماھىر كىشى بولۇپ يېتىشىپ چىققان. ئۇ تەخمىنەن 23 ـ 24 ياشلارغا كىرگەندە، يەنى مىلادىيە 247 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى ساسانىيلار پادىشاھلىقىنىڭ پادىشاھى شاپۇر I نىڭ (مىلادىيە 241 — 272 ـ يىللار تەختتە ئولتۇرغان) تاج كىيىش مۇراسىمىدا، تۇنجى بولۇپ ئۆزىنىڭ يېڭى دىنىنى جاكارلىغان㊻. بىراق ئۇ چاغلاردا ئىراندا زوروئاستىر دىنىنىڭ تەسىرى كۈچلۈك بولغاچقا، مانى ئىراندا دىن تارقىتىشقا ئامالسىز قېلىپ، يۇرتىنى تاشلاپ ئوتتۇرا ئاسىيا، ھىندىستان قاتارلىق جايلارغا بېرىپ ئۆزىنىڭ يېڭى دىنىي تەلىماتىنى تەشۋىق قىلىش بىلەن شۇغۇللانغان. بۇ جەرياندا ئۇنىڭ مۇرىتلىرى ئۈزلۈكسىز كۆپەيگەن. كېيىن مانى ئۆزىگە مۇرىت بولغان شاپۇر I نىڭ ئىنىسىنىڭ قوللىشى بىلەن ئىرانغا قايتىپ كېلىپ، ئىككىنچى قېتىم پادىشاھ شاپۇر I بىلەن كۆرۈشۈپ، ئىراندا مۇرىت توپلاش ۋە مانى دىنىنى تارقىتىش رۇخسىتىگە ئېرىشكەن. مانى ئۆز دىنىنى بۇددا، زوروئاستىر، خرىستىئان دىنلىرىنىڭ تەلىماتلىرى ئاساسىدا ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەنلىكى ئۈچۈن، ساكيامونى، زوروئاستىر ۋە ئەيسالارنى ئىنسانلارنى يامانلىق يولىدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن كەلگەن قۇتقازغۇچىلار دەپ قوبۇل قىلغان. ئۆزىنى بۇ قۇتقازغۇچىلارنىڭ ئەڭ كېيىنكىسى ۋە ئەڭ ئۇلۇغى دەپ ھېسابلىغان. مانى بۇ قېتىم ئىرانغا قايتىپ كېلىپ دىن تارقىتىش رۇخسىتىگە ئېرىشكەن ۋاقىتلاردا، ئىراننىڭ شەرقىي قىسمىدا بۇددا دىنى، ئوتتۇرا قىسمىدا زورو ئاستىر دىنى، غەربىي قىسمىدا يەھۇدى ۋە خرىستىئان دىنلىرى ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان بولغاچقا، مانى

دىنى ناھايىتى تېزلا نۇرغۇنلىغان كىشىلەر تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىپ، ئۇنىڭ مۇرىتلىرى ناھايىتى تېز سۈرئەتتە كۆپەيگەن. مانى دىنىنىڭ تەلىماتىدا يورۇقلۇق بىلەن قاراڭغۇلۇق ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنىڭ مەنبەسى، يورۇقلۇق بىلەن قاراڭغۇلۇق قارىمۇقارشى تۇرغان بولىدۇ، ياخشى ئادەملەر ئۆلسە جەننەتكە كىرىدۇ، يامان ئادەملەر ئۆلسە دوزاخقا كىرىدۇ. يورۇقلۇق ئىلاھى (ياخشىلىق ئىلاھى) ئەڭ ئاخىرى قاراڭغۇلۇق ئىلاھى (يامانلىق ئىلاھى) نىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدۇ، دەپ قارىلىدۇ. ئىران، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە موڭغۇلىيە ۋادىلىرىدىن تېپىلغان ئارخېئولوگىيىلىك مەنبەلەرگە ۋە قەدىمكى پارسچە، سوغدىچە، قەدىمىي ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە يازما يادىكارلىقلارغا ئاساسلانغاندا، مانى دىنىنىڭ مۇقەددەس دەستۇرلىرىدىن يەتتىسى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى مانى تەرىپىدىن يېزىلغان، ئۇلار ھەرخىل تىللارغا تەرجىمە قىلىنىپ، شەرقىي رىمدىن تارتىپ جۇڭگوغىچە بولغان جايلارغا تارقالغان. ھازىرغا قەدەر ھەرقايسى جايلاردىن تېپىلغان مانى دىنىغا دائىر ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، مانى دىنىنىڭ ئاساسلىق دەستۇرلىرى ئوتتۇرا ئەسىر پارس تىلىدا (پەھلىۋى تىلى) ۋە سوغدى تىلىدا يېزىلغان. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە توخار تىلىدا، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا، خەنزۇ تىلىدا، لاتىن تىلىدا ۋە گرېك تىلىدا يېزىلغانلىرىمۇ خېلى بار.

مانى دىنى بۈيۈك يورۇقلۇق ئىلاھىغا (نۇر ئىلاھىغا)، ئىلاھنىڭ كۈچ - قۇدرىتىگە، ئىلاھنىڭ ئەقىل - پاراستىگە چوقۇنۇشنى تەرغىب قىلىدۇ. بۇ تۆتكە ئەمەل قىلىش دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۈيۈك يورۇقلۇق ئىلاھى مانى دىنىنىڭ ئەڭ ئالىي ئىلاھى بولۇپ، ئاي، قۇياش (كۈن) بولسا ئىلاھنىڭ يورۇقلۇق نۇرى ھېسابلىنىدۇ. يورۇقلۇق ئەلچىسى مانى ئىلاھنىڭ كۈچ - قۇدرىتىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. مانى دىنىنىڭ تەلىماتلىرى ئىلاھنىڭ ئەقىل - پاراستى ھېسابلىنىدۇ.

مانى دىنىنىڭ قاتتىق ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك بىر يۈرۈش ئەمرىمەرۇپلىرى بار بولۇپ، «ئۈچنى كونترول قىلىش»، يەنى ئېغىزنى كونترول قىلىش (ھاراق ئىچمەسلىك، گۆش يېمەسلىك، يالغان سۆزلىمەسلىك)، قولنى كونترول قىلىش (قاراڭغۇلۇق

ئىچىدە يامان ئىشلارنى قىلماسلىق) ، ھېسسىياتنى كونترول قى-
لىش (كەيپ ـ ساپا، نەپسىنى يىغىش) نى ۋە «ئون پەرھىز» ،
يەنى بۇدقا سەجدە قىلماسلىق، يالغان سۆزلىمەسلىك، خىيانەتچى-
لىك قىلماسلىق، قاتىللىق قىلماسلىق، كەيپ ـ ساپاغا بېرىلمەس-
لىك، ئوغرىلىق قىلماسلىق، يالغانچىلىق قىلماسلىق، ناتوغرا
سېھىرگەرلىك بىلەن شۇغۇللانماسلىق، ئالا كۆڭۈل بولماسلىق،
كۆڭۈلچەك بولماسلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مانى دىنىنىڭ مەخ-
سۇس دىنىي ئىشلارنى باشقۇرىدىغان تەشكىلاتلىرى بولۇپ ھەربىر
دىنىي تەشكىلاتنى مانى تەيىنلىگەن باش روھانىيلار باشقۇرغان.
تارىخىي ماتېرىياللاردىن قارىغاندا، مانى دىنىنىڭ مەخسۇس ئىبا-
دەتخانىلىرى بولۇپ، ئۇلار ئاساسەن كاتولىك دىنىنىڭ مۇناستىرلى-
رىغا ئوخشاپ كەتكەن57 .

ساسانىيلار پادىشاھلىقىنىڭ پادىشاھى بەھرام I دەۋرىدە، ئۇ
مانى دىنىنىڭ كۈچلۈك جەلپ قىلىش كۈچىدىن ئەنسىرەپ، مانى
دىنىنىڭ ئىران دائىرىسىدە مۇرىت توپلىشىنى چەكلىگەن ھەم
مانىنى تۇتقۇن قىلىپ مىلادىيە 273 ـ يىلى كىرىست جازىسىغا
مىخلاپ ئۆلتۈرگەن. نەتىجىدە ئۇنىڭ مۇرىتلىرى تەرەپ ـ تەرەپ-
لەرگە يۈرۈش قىلىپ، غەربتە مىسوپوتامىيە، سۈرىيە، مىسىر،
شىمالىي ئافرىقا، ھەتتا ياۋروپالارغا بېرىپ مانى دىنىنى تارقىتىش
بىلەن شۇغۇللانغان. كېيىن «رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ مانى دىنىنى
قاتتىق چەكلىشى» بىلەن ئۇلار شەرققە سىلجىپ ئىراننىڭ شەرقىي
شىمالى، ھىندىستان، ئامۇ دەرياسى ۋادىلىرى ھەمدە شىنجاڭ
قاتارلىق جايلارغا كېلىپ مانى دىنىنى تارقىتىش بىلەن شۇغۇللى-
نىپ، بۇ رايونلاردىمۇ نۇرغۇن مانى مۇرىتلىرىنى يېتىشتۈرۈپ
چىققان.

مانى دىنىنىڭ ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدا قاچان دۆلەت دىنى
بولغانلىقى ھەققىدە تاشنامىلەردە ۋە ئورخۇن مەڭگۈ تاشلىرىدا ئې-
نىق مەلۇماتلار خاتىرىلەنگەن. 1890 ـ يىلى موڭغۇلىيە پايتەختى
ئولانباتۇرنىڭ يېنىدىكى قارا بالغاسۇندىن تېپىلغان «توققۇز ئۇيغۇر
قاغان مەڭگۈ تېشى» نىڭ 8 ـ، 9 ـ قۇرلىرىدىكى بايانلاردىن
قارىغاندا، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تەڭرى قاغانى ئىدىكەن

(759 — 779 - يىللار تەختتە ئولتۇرغان) مىلادىيە 762 - يىلى تاڭ سۇلالىسىنىڭ تەكلىپى بىلەن ئىككىنچى قېتىم ئۆڭلۈك - سۆيگۈن ئىسيانىنىڭ داۋامىنى (شىچاۋيى ئىسيانىنى) تىنچىتىش ئۈچۈن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كېلىپ لوياڭنى ئىسيانچىلارنىڭ قولىدىن قايتۇرۇپ ئالغاندا مانى دىنىنىڭ راھىبلىرى بىلەن ئۇچراشقان، ئىككىنچى يىلى (763 - يىلى) ئورخۇنغا قايتىشىدا رۇيشى قاتارلىق تۆت مانى راھىبنى ئورخۇنغا بىللە ئېلىپ كېتىپ، ئوردو - بالىقتا ئۇلار بىلەن ئىككى كېچە - كۈندۈز مۇنازىرىلەشكەندىن كېيىن، چوڭ قۇرۇلتاي چاقىرىپ، مانى راھىبلىرىدىن ئۆز گۇناھلىرىنى كەچۈرۈشنى تىلەپ مانى دىنىغا كىرگەن. شۇنىڭدىن كېيىن مانى دىنى ئەسلىدىكى شامان دىنىنىڭ ئورنىغا دەسسەپ، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ دۆلەت دىنى بولۇپ قالغان. ئۇنداقتا نېمە ئۈچۈن مانى دىنى شەرقىي ئۇيغۇرلار نەچچە ئەۋلادتىن بېرى ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن شامان دىنىنىڭ ئورنىنى ئىنتايىن تېزلا ئىگىلىيەلىدۇ؟ بۇ دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىلەردىن بىرىدۇر.

ئالدى بىلەن، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى يېڭى قۇرۇلغان مەزگىللەردە، ئۇنىڭ ھاكىمىيەت تەشكىلى ئانچە مۇستەھكەم بولمىغان ھەربىي - مەمۇرىي بىرلەشمە گەۋدە بولۇپ، قاغاننىڭ ئاستىدا، ھەر دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنىڭ كۆپ قىسمى چوڭ - كىچىك قەبىلىلەرنىڭ ئاقساقاللىرى ھەم ھەربىي باشلىقلىرى ئىدى، قاغاننىڭ مۇتلەق ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقى تېخى شەكىللەنمىگەنىدى. بۇنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى ھۆكۈمرانلىقىدىكى جايلار ۋە خەلقلەر ئوتتۇرىسىدا تېخى قويۇق ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەر شەكىللەنمىگەنىدى. مەلۇمكى، مۇستەھكەم ئىقتىسادىي ئاساسقا ئىگە بولمىغان ھەربىي - مەمۇرىي بىرلەشمە گەۋدە ھەرقانداق ۋاقىتتا ئىنتايىن تېزلا پارچىلىنىپ كېتىش خەۋپىگە ئۇچراپ تۇراتتى. مانى دىنى بولسا كۈچلۈك سىياسىي، ئىقتىسادىي ئاساسقا ئىگە، ئولتۇراق تۇرمۇشنى، سودا - تىجارەتنى، كىشىلەرنى تەبىقە - دەرىجىگە ئايرىپ باشقۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىدىغان دىن بولغاچقا، بولۇپمۇ ئۇنىڭ «پادىشاھ نۇرلۇق قۇياشقا ئوخشاي-

دۇ، ئۇ ھەممىدىن يۇكسەكتۇر»[58] دەيدىغان تەشەببۇسى تەڭرى (ئىلاھ) بىلەن ئادەمنى بىرلەشتۈرۈشتەك ئىلاھىي ھاكىمىيەت قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويغاچقا، بۇ ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قاغانلىق ھوقۇقىنى، دۆلەت كۈچىنى مۇستەھكەملىشىگە ئىنتايىن پايدىلىق ئىدى.

يەنە بىر جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى مىلادىيە 744 - يىلى كۆل بىلگە قاغان دەۋرىگە كەلگەندە، تېررىتورىيەسى شەرقتە چوڭ خىنگان (قىدىرخان) تاغلىرىدىن غەربتە ئوتتۇرا ئاسىيا، كاسپىي دېڭىزىغىچە، شىمالدا بايقال كۆلىدىن جەنۇبتا سەددىچىنگىچە سوزۇلغان بۈيۈك ئەل بولۇپ شەكىللەندى. مىلادىيە 755 - يىلىدىن 763 - يىلىغىچە تاڭ سۇلالىسىدە ئۆڭلۈك - سۆيگۈن ئىسيانى يۈز بەر بۇنىڭ بىلەن تاڭ سۇلالىسى ئەسلىدىكى سەلتەنەتىنى يوقىتىپ، غەربىي يۇرتنىڭ جەنۇبىي قىسمىنى تىبەتلەر ئىشغال قىلىشۋالدى. نەتىجىدە ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى قاتناش تۈگۈنىنى بىۋاسىتە تىزگىنلەپ تۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى. ئۆڭلۈك - سۆيگۈن ئىسيانىدىن كېيىن تاڭ سۇلالىسى بىلەن ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى ئوتتۇرىسىدا ئات - يىپەك سودىسى يولغا قويۇلۇپ، ئۇيغۇرلار تاڭ سۇلالىسىدىن ئېرىشكەن يىپەك ماللىرىنىڭ بىر قىسمىنى ئۆزلىرى ئىشلەتكەندىن سىرت، قالغىنىنى ئوتتۇرا ئاسىياغا ۋە غەربىي ئەللەرگە ئېلىپ بېرىپ ساتتى. بۇنىڭ بىلەن سودا ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا مۇھىم ئورۇننى ئىگىلىدى. نەتىجىدە شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى سودىنى تىزگىنلەپ تۇرغان سوغدى سودىگەرلىرى خانلىقتا ناھايىتى يۇقىرى ئورۇنغا ئىگە بولۇۋالدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى قاغاننىڭ مەسلىھەتچىسى بولسا، بەزىلىرى خانلىقنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە دىنىي ئىشلىرىغا بىۋاسىتە ئارىلىشىدىغان بولدى. مۇشۇنداق قىلىپ سوغدىلاردىن بولغان مانى دىنىنىڭ مۇرىتلىرى خانلىق تەۋەسىدىكى جايلاردا ئۆزىنىڭ ئاجايىپ تالانتلىرىنى جارى قىلدۇردى.

دېمەك، مانا مۇشۇنداق قاغاننىڭ ھوقۇقىنى كۈچەيتىش، دۆلەتنى مۇستەھكەملەش، سودا يولى ئارقىلىق دۆلەتنى كۈچلەندۈ-

رۇش ئارزۇسىدىن ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى ئۆزلىرىنىڭ ھەر تۇر-
لۇك ئېھتىياجىدىن چىقالمايۋاتقان شامان دىنىدىن ۋاز كېچىپ،
مانى دىنىنى قوبۇل قىلغانىدى.

شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەككى، مانى دىنى گەرچە تاڭ
سۇلالىسىدىن ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىغا تارقالغان بولسىمۇ، بىراق
ئۇ تاڭ سۇلالىسىگە ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ سىياسىي كۈچى
ۋە بېسىمى ئارقىلىق قايتىدىن ئومۇملاشقان. «كونا تاڭنامە»،
«يېڭى تاڭنامە»گە ئاساسلانغاندا، ئورخۇن خانلىقى ئۆڭلۈك -
سۆيگۈن ئىسيانىنى باستۇرۇپ بەرگەندىن كېيىن تاڭ سۇلالىسىدە
سودا جەھەتتە زور ئىمتىيازغا ئېرىشىپلا قالماستىن، سىياسىي
جەھەتتىمۇ يۇقىرى ئورۇنغا ئېرىشۋالغان، جۈملىدىن ئورخۇن
ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن تاڭ سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدا ئالتە قېتىم
قۇدىلىشىش بولغان. تەڭرى قاغان مانى دىنىنى دۆلەت دىنى قىلىپ
بېكىتكەندىن كېيىن، مانى راھىبلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ تاڭ سۇلالى-
سىدىكى سىياسىي كۈچى ۋە ئىقتىسادىي ئورنىغا تايىنىپ تاڭ
سۇلالىسىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا دىن تارقىتىش، ئىبادەتخانا سې-
لىش ھوقۇقىغا ئېرىشۋلغان. نەتىجىدە مانى راھىبلىرى چاڭئەن
ۋە لويـاڭلاردا 768 - يىلى دايۈن گۇاڭمىڭ ئىبـادەتخـانىسىنى
(大云光明寺) سالغان. ئۈچ يىلدىن كېيىن (771 - يىلى) يەنە
ياڭزىجياڭ دەرياسى ۋادىسىدىكى بىڭجۇ، ياڭجۇ، خۇڭجۇ، يۆجۇ
ئايماقلىرىدىمۇ دايۈن گۇاڭمىڭ ئىبادەتخانىسىنى سالغان. دېمەك،
مانى دىنى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدا دۆلەت دىنى بولغاندىن كېيىن
ئۇيغۇرلارنىڭ كۈچىگە تايىنىپ جۇڭگونىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا
تارقىلىشقا باشلىغان. مانى دىنى ئۇيغۇرلارغا تارقىلىپ كىرگەندىن
كېيىن، ئۇنىڭ دىنىي ئەھكاملىرى ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش ئادىتىگە
ماسلاشتۇرۇلغان. مەسىلەن، «ھاراقنى مەنئى قىلىپ، گۆشسىز
تاماق يېيىش» دېگەن بەلگىلىمە گۆشلۈك تائام يەپ، قىمىزنى
مەنئى قىلىشقا ئۆزگەرتىلگەن. «جانلىقلارنى ئۆلتۈرۈشنى مەنئى
قىلىش» دېگەن بەلگىلىمىمۇ تەكىتلەنمەيدىغان بولغان. لېكىن
«بۇدقا چوقۇنماسلىق» دېگەن بەلگىلىمە يەنىلا قاتتىق ئىجرا قىلىن-
غان. نەتىجىدە شامان دىنىغا قاتتىق زەربە بېرىلىپ، بۇ ئىپتىدائىي

خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغان دىن زاۋاللىققا يۈزلەنگەن. دېمەك، ئۇيغۇرلار مانى دىنىنى قوبۇل قىلغاندا ئۇنى ئۆزىگە ماسلاشتۇرغان ھالدا تەرەققىي قىلدۇرغان.

ئۇيغۇرلار مانى دىنىنى دۆلەت دىنى قىلىپ بېكىتكەندىن كېيىن، مانى راھىبلىرىنىڭ دۆلەت ئىچىدىكى سىياسىي ئورنى تېز يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن. «كونا تاشنامە» ۋە «يېڭى تاشنامە» دىكى «ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» گە ئاساسلانغاندا، ئەينى دەۋردە تاڭ سۇلالىسى بىلەن ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى ئوتتۇرىسىدىكى چوڭ - چوڭ سىياسىي ئىشلارنىڭ ھەممىسىگە مانى راھىبلىرى قاتناشتۇرۇلغان. ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئىچكىرى رايونلارغا ئەۋەتكەن ئەلچىلىرىنىڭ كۆپىنچىسى مانى دىندارلىرىنىڭ باشچىلىقىدا بارغان(59). 9 - ئەسىرلەردىن كېيىن مانى راھىبلىرىنىڭ ئورنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدا «قاغاننىڭ ۋەزىرلىرى ۋە مەلىكىلىرى بىلەن تەڭ قاتاردا تۇرىدىغان بولغان» . يەنە مانى دىنىنىڭ ئۇيغۇرلار ئىچىگە تارقىلىپ كىرىشى بىلەن ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ شەھەر مەدەنىيىتى زور دەرىجىدە گۈللەنگەن، جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت - سەنئىتى، ئاسترونومىيە - كالېندارچىلىقى زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەن. گەرچە تارىخىي ماتېرىياللاردىن ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ رەسساملىقى، كالېندارچىلىقىغا ئائىت مەلۇماتلارنى ناھايىتى ئاز ئۇچراتقىلى بولسىمۇ، بىراق «مويۇنچۇر قاغان مەڭگۈ تېشى» ، «تېرخىن مەڭگۈ تېشى» ، «توققۇز ئۇيغۇر قاغان مەڭگۈ تېشى» قاتارلىقلاردىن ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى نەققاشلىق، ئويمىچىلىق، كالېندارچىلىق قاتارلىق ھۈنەر - كەسپلەرنىڭ خېلى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بۇ مەڭگۈ تاشلارنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇرچە، تۈركچە، سوغدىچە، خەنزۇچە يېزىقلار بىلەن يېزىلغان بولۇپ، بۇمۇ ئورخۇن خانلىقى دەۋرىدە سوغدى مانى راھىبلىرىنىڭ تەسىرىنىڭ چوڭقۇر بولغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

### 3. بۇددا دىنى

ئۇيغۇرلارنىڭ بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغان ۋاقتى بىرقەدەر

ئۇزۇن بولۇپ، شىنجاڭدا كۇچـارنىڭ غەربىدىكى ئۇيغـۇرلار تاكى
9 ـ، 10 ـ ئەسىرلەرگىچە، تۇرپان، قۇمۇل رايونلىرىدىكى بىر
قىسىم ئۇيغۇرلار تاكى 14 ـ، 15 ـ ئەسىرلەرگىچە بۇددا دىنىغا
ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن. شۇڭا، بۇددا دىنى ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى
زامان جەمئىيەت تارىخى ۋە مەدەنىيەت تارىخىغا چوڭقۇر تەسىر
كۆرسىتىپ، ئۇلارنىڭ ھەرقايسى قاتلاملىرىغا چوڭقۇر سىڭىپ
كەتكەن. نۆۋەتتە دۆلىتىمىز ۋە چەتئەل تەتقىقاتچىلىرىنىڭ ئور-
خۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيىتى ھەققىدىكى تەتقىقات-
لىرىغا موڭغۇلىيە ۋادىسىدىكى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىگە
دائىر ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەرگە ئاساسلانغاندا، ئورخۇن
ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە ئۇيغۇرلار پەقەت شامان دىنى ۋە مانى دىنىغا
ئېتىقاد قىلىپلا قالماي، ئەينى دەۋردە بۇددا دىنى قاتارلىق باشقا
دىنلارمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشى ۋە ئىدېئولوگىيىسى-
نىڭ مەلۇم تەرەپلىرىگە ئالىلقاچان سىڭىپ كىرگەن بولۇپ، پەقەت
شامان دىنى ۋە مانى دىنىغا ئوخشاش پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ئىدېئو-
لوگىيىسىگە ھۆكۈمرانلىق قىلالمىغان.

بۇددا دىنىنىڭ ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىغا تارقىلىپ كىرىشى
ھەققىدە ئېلىمىزنىڭ كلاسسىك ئەسەرلىرىدە ئېنىق مەلۇمات يوق.
لېكىن، «سۈينامە» قاتارلىق بىر قىسىم كلاسسىك ئەسەرلەردە
بۇددا دىنىنىڭ تۈرك خانلىقىنىڭ قاغانى تاسپار قاغان (572 —
581 ـ يىللار) دەۋرىدە تۈركلەرگە تارقىلىپ كىرگەنلىكى ھەققىدە
مەلۇمات بېرىلگەن. «سۈينامە» 84 ـ جىلد «تۈركلەر تەزكىرى-
سى» دە: «شىمالىي چى پادىشاھلىقىدىكى خۇي لىن ( 慧琳 )
ئىسىملىك راھىب تۈركلەر تەرىپىدىن بۇلاپ ئېلىپ كېتىلگەن.
ئۇ سوراق قىلىنغاندا تاسپار ( 佗钵 ) قاغانغا چى پادىشاھلىقىنىڭ
باي، كۈچلۈك بولۇشىنىڭ سەۋەبى بۇددىزم تەلىماتىغا ئېتىقاد قىل-
غانلىقىدا دېگەن ھەم تاسپار قاغانغا بۇددا دىنىنىڭ سەۋەب ـ نەتىجە
تەلىماتىنى چۈشەندۈرگەن. شۇنىڭ بىلەن تاسپار قاغان ئۇنىڭغا
ئىشىنىپ بىر ساڭرام ياساتقان. ئەلچى ئەۋەتىپ چى پادىشاھلىقى-
دىن بۇددا راھىبلىرىنى تەكلىپ قىلىپ، ‹ۋىمالاكىرتى›، ‹نىر-
ۋانا سوتراسى›، ‹بۇددا ۋاتام ساكا ماخاۋاپوليا سوترا› ۋە ‹ئون

تۇرۋىناياسى، نى ئەكەلدۇرگەن» دېيىلگەن.

يەنە 1956 ـ يىلى موڭغۇلىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئاكادېمىكى دورجى سورۇڭ موڭغۇلىيەدىكى بۇگۇت دېگەن جايدىكى تۈركلەر دەۋرىگە مەنسۇپ قەبرىستانلىقنىڭ يېقىن ئەتراپىدىن بىر مەڭگۈ تاشنى تاپقان بولۇپ، بۇ «بۇگۇت مەڭگۈ تېشى» نىڭ ئۈچ يۈزىگە جەمئىي 29 قۇر سوغدىچە خەت ئويۇلغان، تۆتىنچى يۈزىگە بىراھمى يېزىقى بىلەن 20 قۇر سانسكرىتچە خەت ئويۇلغان. رۇس تەتقىقاتچىلىرىدىن س. گ. كىلياشتورنى ۋە ۋ. ئا. لېۋاشوۋالارنىڭ تەتقىق قىلىشىچە «بۇگۇت مەڭگۈ تېشى» مىلادىيە 580 ـ يىللىرى ئەتراپىدا ماكان تېكىن (Makan Tegin) ئىسىملىك بىر تۈرك ئاقسۆڭەكنىڭ تۆھپىسى ئۈچۈن ئورنىتىلغان. مەڭگۈ تاشتا تاسپار قاغاننىڭ تۈرك خانلىقىدا غايەت زور يېڭى بىر ئىبادەتخانا سالدۇرغانلىقى خاتىرىلەنگەن. بەزى تەتقىقاتچىلار بۇ مەڭگۈ تاشنىڭ تۆتىنچى يۈزىگە بىراھمى يېزىقى بىلەن ئويۇلغان 20 قۇر سانسكرىتچە خەت ئېھتىمال قەندىھارلىق بۇددا راھىبى جىناگۇپتانىڭ قولى بىلەن يېزىلغان بولۇشى مۇمكىن، دەپ قارىغان[60]. بۇلار بۇددا دىنىنىڭ تاسپار قاغان ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدىلا تۈرك خانلىقىغا تارقىلىپ كىرگەنلىكىنى، ھەتتا بۇددا نوملىرىنىڭ تۈرك تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ تارقىتىلغانلىقىنى دەلىللەپ بېرىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، غەربىي تۈركلەر ھۆكۈمرانلىقىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى، ئافغانىستاننىڭ شىمالى، ھىندىستاننىڭ غەربىي شىمالىي رايونلىرى ۋە شىنجاڭ رايونى ئەزەلدىنلا بۇددا دىنىنىڭ روناق تاپقان رايونلىرى بولۇپ، غەربىي تۈرك ھۆكۈمرانلىرى بۇ جايلاردا خېلى بۇرۇنلا بۇددا دىنى بىلەن ئۇچراشقان.

شەرقىي تۈرك خانلىقى ئاغدۇرۇلۇپ ئۇيغۇرلار ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنى تىكلىگەندىن كېيىن، ئەسلىدىكى شەرقىي تۈركلەرنىڭ زېمىنىدا ئۆزلىرىنىڭ يېڭى ھۆكۈمرانلىق تەرتىپىنى ئورناتقان. جۈملىدىن «تۈركلەرنى دوراپ بىر يۈرۈش مۇكەممەل ئەمەلدارلىق تۈزۈمىنى تەسىس قىلغان»، يەنە كېلىپ تۈركلەرنىڭ نۇرغۇن ئۆرپ ـ ئادەتلىرىگە ۋارىسلىق قىلغان. شۇڭلاشقا، تۈرك خانلىقى دەۋرىدىلا ئۇيغۇرلار دىنىي ئېتىقاد جەھەتتە تۈركلەردىكى

بۇددا دىنىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. شۇڭا، ئۇيغۇرلارنىڭ بۇددىزم
ئەقىدىلىرى بىلەن ئۇچراشقان ۋاقتىنى تۈرك خانلىقى دەۋرىگە
سۈرۈشكە بولىدۇ.

گېرمانىيەلىك مەشھۇر تۈركولوگ گاباﺋىن خانىم
(A. V. Gabain) خېلى بۇرۇنلا ئۆزىنىڭ «قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى»
دېگەن ئەسىرىدە: «مىلادىيە 630 ـ يىللار ئەتراپىدىلا قۇملۇقنىڭ
شىمالىدىكى ئۇيغۇرلار بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن. 832ـ
يىلغا تەۋە بولغان قارابالغاسۇن مەڭگۈ تېشى (ئۇيغۇر يېزىقى،
خەنزۇ يېزىقى، سوغدى يېزىقى بىلەن يېزىلغان) نىڭ ئىپادىلەپ
بېرىشىچە، كېيىن ئۇلار مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلغان (762 ـ يىلى
بۆگۈ قاغان مانى دىنىنى قوبۇل قىلىپ ئۇنى دۆلەت دىنى قىلغان)
ھەم ئەسلىدىكى دىنىنىڭ بۇدلىرىنى چېقىپ كۆيدۈرۈۋەتكەن. بى-
راق، تۇرپان رايونىدىكى تام رەسىملىرى ۋە بۇددا دىنى مەزمۇنىدى-
كى ئۇيغۇرچە تېكىستلەر ھەم سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ۋاڭ
يەندېنىڭ مەلۇماتىدىن قارىغاندا، ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچكەندىن كې-
يىن شۇ يەردىكى گۈللەنگەن بۇددا دىنىنىڭ تەسىرىدە بۇددا دىنىغا
ئېتىقاد قىلغان»[61] دېگەن. يەنە دۆلىتىمىزنىڭ مەشھۇر تۈركولو-
گى گېڭ شىمىن ئەپەندى ئۆزىنىڭ بۇ ھەقتىكى بىر پارچە ئەسىرى-
دە: «بىزنىڭ بىلىشىمىزچە، ئۇيغۇرلارنىڭ ئومۇميۈزلۈك بۇددا
دىنىنى قوبۇل قىلىشى، ئۇلار 9 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا غەربكە
كۆچۈپ شىنجاڭغا كەلگەندىن كېيىنكى ئىش. ئەمما، قۇملۇقنىڭ
شىمالىدىكى مەزگىلدە ئۇيغۇرلارنىڭ بۇددا دىنى بىلەن ئۇچراشقان-
لىقىنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان ئالامەتلەرمۇ بار. مەسىلەن، مىلادىيە
629 ـ يىلى تاڭ سۇلالىسىگە تارتۇق بەرگەن ئۇيغۇرلارنىڭ باشلى-
قىنىڭ ئىسمى پۇسا (菩萨) بولۇپ، پۇسا بۇددا دىنىدا ‹كامالەتكە
يەتكەن›، ‹ئىدراك تاپقان› ئەۋلىيالارنى كۆرسىتىدۇ. يەنە مىلادى-
يە 820 ـ يىللار ئەتراپىدا تىكلەنگەن ‹توققۇز ئۇيغۇر قاغان
مەڭگۈ تېشى› نىڭ خەنزۇچە قىسمىدىكى بۆگۈ قاغاننىڭ 762 ـ
يىلى مانى دىنىنى قوبۇل قىلغانلىقى توغرىسىدىكى خاتىرىلەردىمۇ
ئۇنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ ئىلگىرى بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغانلىقى
سېزىلىپ تۇرىدۇ»[62] دېگەن. يەنە تەيۋەنلىك ئۇيغۇرشۇناس ليۇيى-

تاڭ ئەپەندى ئۇيغۇرلار بىلەن بۇددا دىنىنىڭ مۇناسىۋىتى ئۇستىدىكى مۇلاھىزىسىدىمۇ دۇساننىڭ «موڭغۇل تارىخى» دېگەن ئەسىرىدىكى «ئۇيغۇرلار ئاسىيانىڭ شىمالىدا ياشىغۇچى مىللەتلەرگە ئوخشاش دەسلەپ شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلغان، كېيىن بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغان» دېگەن بايانلارنى نەقىل كەلتۈرۈپ، «ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، قۇملۇقنىڭ شىمالىدىكى ئۇيغۇرلار دەسلەپ شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلغان، كېيىن يەنە مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلغان. بۇددا دىنى گەرچە مانى دىنىدىن بۇرۇن ئۇيغۇرلارغا تارقالغان بولسىمۇ، بىراق توسقۇنلۇققا ئۇچراپ، ئوڭۇشلۇق تارقىلالمىغاچقا، ئۇيغۇرلار بىردەك مانى دىنىنى قوبۇل قىلغان» ⑥③ دېگەن. دېمەك، بۇلاردىن قارىغاندا، بۇددا دىنى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىلا، ھەتتا ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى كۆكتۈرك خانلىقى دەۋرىدىلا ئورخۇن ئۇيغۇرلىرىغا تارقىلىپ كىرگەن. بۇ قاراشنى 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن بۇيان شىنجاڭ ۋە دۇنخۇاڭ قاتارلىق جايلاردىن تېپىلىپ، نۆۋەتتە دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەللەردە ھەم مەملىكىتىمىزدە ساقلىنىپ، تەتقىق قىلىنىپ كېلىنىۋاتقان بۇددا دىنىغا ئائىت قەدىمكى ئۇيغۇرچە ھۆججەت ـ ۋەسىقىلەر تېخىمۇ تولۇق يورۇتۇپ بېرەلەيدۇ.

(1) «مائىترى سىمىت» (مائىترىنىڭ ئۇچرىشىشى، maitrisimit، 弥勒会见记). بۇ نۆۋەتتە ساقلىنىپ قالغان قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى بۇددىزم ئەسەرلىرى ئىچىدە ھەجمى بىرقەدەر چوڭ، ئىلمىي قىممىتى بىرقەدەر يۇقىرى بولغان ئەسەر بولۇپ، بۇ ئەسەر ئالدى بىلەن سانسكرت تىلىدىن سوغدى تىلىغا، ئاندىن سوغدى تىلىدىن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان. ئالىملار بۇ ئەسەرنى 27 پەردىلىك دراما ئەسىرى دەپ ھېسابلايدۇ. «مائىترى سىمىت» دا ئىنتايىن پاساھەتلىك، ئوبرازلىق ھەم جانلىق قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى ئارقىلىق بۇددا دىنىنىڭ ھەممىگە قادىر ئىكەنلىكى، مائىترىنىڭ مېھىر ـ شەپقىتى ۋە بۇددىزم نەزەرىيىسى بايان قىلىنغان بولۇپ، تەرجىمە قىلغۇچىنىڭ تەرجىمە ماھارىتى ئىنتايىن يۇقىرى بولغان. تەرجىمە نۇسخىسىنى پۈتۈنلەي بەدىئىي ئىجادىيەت دېيىشكە بولىدۇ.

«مائىترى سىمىت» نىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان ۋاقتى توغرىسىدا، گاباﺋىن خانىم «سىڭگىم يېزىسىدىن تېپىلغىنى 9 - ئەسىردە كۆچۈرۈلگەن بولۇپ، تەرجىمە قىلىنغان ۋاقتى ئۇنىڭدىنمۇ بۇرۇن» دەپ قارىغان[64]. تۈركىيە ئالىمى سىناش تېكىن «8 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا توغرا كېلىدۇ» دەپ قارىغان. ئېلىمىز تۈركولوگى گېلىڭ شىمىن ئەپەندى «كەم دېگەندىمۇ 8 -، 9 - ئەسىرلەردە مەيدانغا كەلگەن» دەپ قارىغان. رايونىمىز تەتقىقاتچىلىرىدىن ئىسراپىل يۈسۈپ، دولقۇن قەمبەرى، ئابدۇقەييۇم خوجىلار «8 -، 9 - ئەسىرلەردە قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان بولۇشى، قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە كۆچۈرۈلگەن بولۇشى مۇمكىن» دەپ قارىغان.

(2) «سەككىز يۈكمەك نوم بېتىگ» (八阳神咒经). بۇ نۇۋەتتىكى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى بۇددا دىنىغا دائىر ئەسەرلەر ئىچىدە نۇسخىسى ۋە قولىيازمىسى ئەڭ كۆپ ساقلىنىپ قالغان بىر ئەسەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا شىنجاڭ ۋە دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان. تەتقىقاتچىلار قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى «سەككىز يۈكمەك نوم بىتىگ» ئۇيغۇرلاردا ئىنتايىن كەڭ ئومۇملاشقان، بۇ ئەسەرنى تەتقىق قىلىش ئۇيغۇرلارنىڭ ئىدىيولوگىيىسىنى، دىنىي ئېتىقادىنىڭ تەرەققىيات ئۆزگىرىشىنى تەتقىق قىلىشتا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە، دەپ ھېسابلايدۇ ھەم بۇ ئەسەرنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان ۋاقتىنى ئادەتتە «تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىنكى ۋاقىتقا، يەنى مىلادىيە 9 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا توغرا كېلىدۇ» دەپ قارايدۇ[65].

يۇقىرىقىلار ئۇيغۇرلارنىڭ مىلادىيە 840 - يىلىدىن بۇرۇنلا بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغانلىقىنى، بولۇپمۇ ئورخۇن ئۇيغۇرلىرىنىڭ غەربكە كۆچۈشتىن بۇرۇنلا بۇددىزم ئەقىدىلىرى ۋە ئۇنىڭ دەستۇرلىرى بىلەن تونۇشقانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ.

## ئىزاھات:

① [苏] 伊西耶夫 :《鄂尔浑回鹘汗国》(载《民族译丛》1987 年

第 3 期 47—48 页）。

② ئەنۋەر بايتۇر، خەيرىنسا سىدىق: «شىنجاڭدىكى مىل-لەتلەرنىڭ تارىخى» 518 ـ بەت، مىللەتلەر نەشرىياتى 1991 ـ يىل.

③ مەھمۇد كاشغەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى» 1 ـ توم 470 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1980 ـ يىل.

④《新唐书》217 卷《回鹘传》下，6144 页，中华书局 1975 年。

⑤《唐会要》72 卷《诸藩马印》，1306 页，商务印书馆 1937 年。

⑥《唐会要》72 卷《诸蕃马印》，1306 页。

⑦⑧《唐会要》72 卷《诸蕃马印》，1308 页。

⑨ 刘义棠：《维吾尔研究》333 页，台湾正中书局 1976 年。

⑩ «تۈركىي تىللار دىۋانى» 1 ـ توم 77 ـ، 80 ـ بەتلەر.

《唐会要》72 卷《诸蕃马印》，1305—1308 页。

⑪《新唐书》217 卷《回鹘传》上，6111—6112 页。

⑫ ئابدۇقەييۇم خوجا قاتارلىقلار: «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما» 54 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1983 ـ يىل.

⑬ مەھمۇد كاشغەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى» 1 ـ توم 151 ـ بەت.

⑭ مەھمۇد كاشغەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى» 1 ـ توم 555 ـ بەت.

⑮［苏］吉洪诺夫：《6 至 9 世纪的维吾尔人》（载《西北历史资料》1980 年 3 期 31 页）。

⑯［苏］Г. 伊斯卡阔夫：《回鹘人在图瓦》（载《民族译丛》1985 年 5 期 77 页）。

⑰ ۋ. مىنورسكى: «تەمىم ئىبنى بەھرنىڭ ئۇيغۇر خانلىقىغا قىلغان ساياھەت خاتىرىسى»، «ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقات ماتېرىيال-لىرى» 1984 ـ يىللىق 1 ـ سان 94 ـ بەت.

⑱⑲ قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى: «ئۇيغۇرلار ۋە غەر-بىي يۇرتتىكى باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ قىسقىچە تارىخى» 189 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000 ـ يىل.

⑳ ئەھمەد سۇلايمان: «يۇرتىمىزنىڭ مەدەنىيەت دەۋرى توغ-

رىسىدا قىسقىچە مۇلاھىزە» ، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1997 ـ يىللىق 3 ـ سان.

㉑ «خەننامە» ئۇيغۇرچە نەشرى 848 ـ، 849 ـ بەتلەر، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1993 ـ يىل.

㉒ مەھمۇد كاشغەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى» 1 ـ توم 152ـ بەت.

㉓《中国大百科全书》(考古卷) 606 页。

㉔［苏］C. B. 吉谢列夫：《南西伯利亚和外贝加尔湖地区古代城市生活的新资料》(载《考古》1960 年 2 期 45 页)。

㉕ «ئۇيغۇرلار ۋە غەربىي يۇرتتىكى باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ قىسقىچە تارىخى» 86 ـ بەت.

㉖《新唐书》217 卷《回鹘传》下，6131—6132 页。

㉗ يۇ. س. خۇدياكوۋ: «موڭغۇلىيە تەۋەسىدىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە دائىر يادىكارلىقلار» ، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1994 ـ يىللىق 1 ـ سان 113 ـ بەت.

㉘ ۋ. مىنورسكى: «تەمىم ئىبنى بەھرنىڭ ئۇيغۇر خانلىقىغا قىلغانساياھەت خاتىرىسى» ، «ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقات ماتېرىياللىرى» 1984 ـ يىللىق 1 ـ سان 94 ـ بەت.

㉙ «مويۇنچۇر قاغان مەڭگۇ تېشى» نىڭ شەرقىي يۈزى 20ـ ، 21 ـ قۇرلىرى، غەربىي يۈزى 44 ـ قۇرى.

㉚［苏］伊西耶夫：《鄂尔浑回鹘汗国》(载《民族译丛》1987 年第 3 期 47—48 页)。

㉛ 杨富学：《维吾尔族历法初探》(载《新疆大学学报》1980 年 2 期 63 页)。

㉜ «بىلگە قاغان مەڭگۇ تېشى» نىڭ جەنۇبىي يۈزى 10 ـ قۇرى.

㉝ 张碧波、董国尧主编：《中国古代北方民族文化史》(专题文化卷)164 页，黑龙江人民出版社 1995 年。

㉞ مەھمۇد كاشغەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى» 1 ـ توم 449 — 452 ـ بەتلەر، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1980 ـ يىل.

㉟ 刘迎胜：《丝路文化》(草原卷) 105 页，浙江人民出版社 1995 年。

㊱㊲㊳ 卡哈尔．巴拉提：《多罗郭德回鹘文碑的初步研究》（载《新疆大学学报》1982 年 4 期）。

㊴㊵《魏书》103 卷《高车传》，2309 页。

㊶ 张国杰：《敕勒歌和斛律金》（载《文史知识》1982 年第 1 期 82 页）。

㊷ گېلك شىمىن، تۇرسۇن ئايۇپ نەشرگە تەييارلىغان «قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي داستانى — ئوغۇزنامە» ، مىللەتلەر نەشرىياتى 1980 - يىل.

㊸ لىن گەن، گاۋ زىخۇ: «قەدىمكى ئۇيغۇرلار تارىخى» 115- بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000 - يىل.

㊹《魏书》103 卷《高车传》，2307 页。

㊺ لىن گەن، گاۋ زىخۇ: «قەدىمكى ئۇيغۇرلار تارىخى» 116- بەت.

㊻《新唐书》217 卷《回鹘传》上，6118 页。

㊼《隋书》84 卷《北狄传》，1880 页，中华书局 1973 年。

㊽《北史》98 卷《高车传》，3271 页。

㊾《旧唐书》195 卷《回纥传》，5212—5213 页。

㊿《魏书》103 卷《高车传》，2308 页。

51 [苏] Г. 伊斯卡阔夫：《回鹘人在图瓦》（载《民族译丛》1985 年 5 期 78 页）。

52《新唐书》217 卷《回鹘传》下，6144 页。

53《旧唐书》121 卷《仆固怀恩传》，3489 页。

54 ئەھمەد سۇلايمان: «غەربىي يۇرتتا ياشىغان قوۋملارنىڭ جەسەتنى كۆيدۈرۈپ دەپنە قىلىش ئادىتى توغرىسىدا» ، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1998 - يىللىق 4 - سان.

55《新疆宗教》9,10 页，新疆人民出版社 1989 年。

56 [德] A. V. 勒柯克：《摩尼和摩尼教》（载《新疆文物》1993 年第 3 期 148 页）。

57 58 刘义棠：《维吾尔研究》225，451 页，台湾正中书局 1975 年。

59 «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» 143 - بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1989 - يىل.

60 62 耿世民：《佛教在古代新疆和突厥回鹘人中的传播》

（载《新疆大学学报》1978年 2期 74页）。

⑥1 ［德］A.V.葛玛丽：《高昌回鹘王国》（载《新疆大学学报》1980年2期 58—59页）。

⑥3 刘义棠：《维吾尔研究》213页 。

⑥4 杨富学：《回鹘之佛教》19，96页，新疆人民出版社1988年。

⑥5 孟凡人：《略论高昌回鹘的佛教》（载《新疆社会科学》1982年 第1期）。

## قوشۇمچە:

### ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى قاغانلىرىنىڭ نەسەبنامىسى

| قاغان ئىسمى | ئىلگىرىكى قاغان بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى | ھۆرمەت نامى | سەلتەنەت دەۋرى |
|---|---|---|---|
| سۈكۈن | ياغلاقار ئۇرۇقىدىن | ئېركىن | 605 — 616 - يىللار |
| بۇسات | سۈكۈننىڭ ئوغلى | ئالىپ ئېلتەبىر | 616 — 630 - يىللار |
| تومىد | بۇساتنىڭ ئوغلى | قۇتلۇق ئېلتەبىر (قۇتلۇق قاغان) | 630 — 648 - يىللار |
| بايان | تومىدنىڭ ئوغلى | | 648 — 661 - يىللار |
| باز | بايانىنىڭ ئوغلى | باز قاغان | 661 — 693 - يىللار |
| دۇكىچ (تۇغۇچۇق) | بازنىڭ ئوغلى | | 694 — 715 - يىللار |
| ئوكتىبىر | دوكىچنىڭ ئوغلى | | 715 — 719 - يىللار |

| | | | |
|---|---|---|---|
| چىڭزۇڭ | ئوكتىپىسىرنىڭ ئوغلى | | 719 — 727 ـ يىللار |
| ئۆكتىپنان (ئوتبان) | ؟ | | 727 — ؟ ـ يىللار |
| قۇشۇخان | ئۆكتىپىسىرنىڭ ئوغلى | | 727 — 742 ـ يىللار |
| كۆل بويلا | قۇشۇنىڭ ئوغلى | قۇتلۇق كۆل بىلگە قاغان | 744 — 747 ـ يىللار |
| بايانچۇر | كۆل بويلانىڭ ئوغلى | تەڭرىدە بولمىش ئەل ئەتمىش بىلگە قاغان | 747 — 759 ـ يىللار |
| ئىدىكەن (ئىل تىكىن) | بايانچۇرنىڭ ئوغلى | قۇتلۇق بىلگە تارقان، بۆگۈ قاغان، تەڭرى قاغان، تەڭرىدە قۇت بولمىش ئەل تۇتمىش ئالپ كۆلۈگ بىلگە قاغان | 759 — 780 ـ يىللار |
| تونباغا | ئىدىكەننىڭ شىرەم تاغىسى | ئالپ قۇتلۇق بىلگە قاغان | 780 — 789 ـ يىللار |

| | | | |
|---|---|---|---|
| تالاس (تاراس) | تونباغانىڭ ئوغلى | تەڭرىدە بولمىش كۆلۈگ بىلگە قاغان، ئاي‌تەڭرىدە قۇت بولمىش‌كۆلۈگ بىلگە قاغان | 789 — 790- يىللار |
| ئايچۇر | تالاسىنىڭ ئوغلى | قۇتلۇق بىلگە قاغان | 790 — 795- يىللار |
| قۇتلۇق | بۇيرۇق، ئاسراندى ئوغۇل، ئادىز قەبىلىسىدىن | تەڭرىدە ئۇلۇغ بولمىش‌ئالپ قۇتلۇق بىلگە قاغان | 795 — 805- يىللار |
| كۆلۈگ بىلگە | قۇتلۇقنىڭ ئوغلى | ئاي تەڭرىدە قۇت بولمىش كۆلۈگ بىلگە قاغان، تەڭرىدە ئالپ كۆلۈگ بىلگە قاغان | 805 — 808- يىللار |
| ئىنگى ياغلاقار | ياغلاقار ئۇرۇقىدىن | ئاي تەڭرىدە قۇت بولمىش ئالپ بىلگە قاغان، كۈن تەڭرىدە قۇت بولمىش ئالپ بىلگە قاغان | 808 — 821- يىللار |

| | | | |
|---|---|---|---|
| | ؟ | كۈن تەڭرىدە ئۇلۇغ بولمىش كۈلۈگ بىلگە قاغان | 821 — 824- يىللار |
| خازار تېكىن (هازار تېكىن) | كۈن تەڭرىدە ئۇلۇغ بولمىش كۈلۈگ بىلگە قاغاننىڭ ئىنىسى | ئاي تەڭرىدە قۇت بولمىش ئالپ بىلگە قاغان | 824 — 832- يىللار |
| قۇت تېكىن | خازار تېكىننىڭ ئىنىسى | ئاي تەڭرىدە قۇت بولمىش ئالپ كۈلۈگ بىلگە قاغان | 832 — 839- يىللار |
| قۇشۇۋ تېكىن | قۇت تېكىننىڭ بىر نەۋرە ئىنىسى | قۇشۇۋ شاد قاغان | 839 — 840- يىللار |
| ئوكا تېكىن | خازار تېكىننىڭ ئىنىسى، قۇت تېكىننىڭ تاغىسى | ئوكا قاغان | 840 — 846- يىللار |
| ئوكنېر تېكىن | ئۇكا تېكىننىڭ ئىنىسى | ئوكنېر قاغان | 846 — 848- يىللار |

# ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ قوشۇلۇشى

دىلار ( 狄 ) :

قىزىل دىلار ( 赤翟、赤狄 )
ئاق دىلار ( 白翟、白狄 )
ئۇزۇن دىلار ( 长翟、长狄 )

قانقىللارنىڭ ئالتە چوڭ قەبىلىسى ( 高车六部 )

1. دىلار ( 狄 )
2. ئۇيغۇرلار ( 袁纥 )
3. قۇغۇرسۇ ( 斛律 )
4. چاپىش ( 解批 )
5. قىرغىزلار ( 护骨 )
6. ئىل تېكىن ( 异奇斤 )

قانقىللارنىڭ 12 ئۇرۇقى ( 高车十二姓 )

1. چىپولى ( 泣伏利 )
2. تېلى ( 吐卢 )
3. ئىجان ( 乙旃 )
4. تارلان ( 大连 )
5. قوغا ( 窟贺 )
6. تاربوقان ( 达薄干 )
7. ئايرون ( 阿仑 )
8. بايان ( 莫允 )
9. ئېركىن ( 俟分 )
10. بۆركلى ( 副伏罗 )
11. قىئۇي ( 乞袁 )
12. يۇسۇپى ( 右叔沛 )

تېلى قەبىلىلىرىنىڭ تۇغلا دەريا-
سىنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكىلە-
رى:

1. بۆگۈ (بارغۇت)
2. تۇڭرا
3. ئۇيغۇر
4. بايىرقۇ
5. بۆركلى
6. موچۇر
7. تۇرگىت
8. ئىزگىل
9. قۇن
10. قوغۇرسۇ

تېلى قەبىلىلىرىنىڭ ئىۋىرغول-
نىڭ غەربى، ئاگىنىنىڭ شىمالى-
دىكى ئاق تاغ (تەڭرىتېغى) نى
بويلاپ ئورۇنلاشقانلىرى:

11. چىبىنى
12. بۇرۇچ
13. ئازلار
14. سۇبۇ
15. ناخ (ناگە)
16. ئوغۇز
17. قىرغىز
18. ئېرتوش (ئىجان)
19. ئۇنقۇ

تېلى قەبىلىلىرىنىڭ ئالتۇن تاغ-
نىڭ (ئالتاي تېغى) غەربىي
جەنۇبىي تەرەپلىرىگە جايلاشقان-
لىرى:

20. سىر - تاردۇش
21. جىلار (جەرۇق)
22. زاباندىرلار
23. داچى

تېلى قەبىلىلىرىنىڭ كانگىيەنىڭ (سەمەرقەند) شىمالىدىن ئىدىل (ۋولگا) دەرياسى بويلىرىغىچە تارقالغانلىرى:

24. ئادىز (ئاتىئېز)
25. خازار (هازار)
26. بۇلغار
27. پەچەنەك
28. ئارال دېڭىزىلىقلار
29. گەبىش (چەبىش)
30. خېچاسۇ
31. بايىرۋىكتا

تېلى قەبىلىلىرىنىڭ كاسپى دېڭىزىنىڭ شەرقىي ۋە غەربىي تەرەپلىرىگە تارقالغانلىرى:

32. سۇغناق (سارىغۇر)
33. ساسكىت
34. مۇككىرىپ (مۇكشاس)
35. ساخە (چېركىس)

تېلى قەبىلىلىرىنىڭ رىمنىڭ شەرقىدىكى جايلارغا جايلاشقانلىرى:

36. ئىنقۇ
37. ئەلەن (ئالاس)
38. باشقىرت
39. قۇتقۇر

تېلى قەبىلىلىرىنىڭ شىمالىي دېڭىزنىڭ جەنۇبىي تەرەپلىرىگە جايلاشقانلىرى:

40. دۇبۇ (تۇبول)

ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچكى توققۇز قەبىلىسى (ياكى توققۇز ئۇيغۇرلار):

1. ياغلاقار (ئوپۇرغۇر)
2. ئوتۇرقار (قورتارغار)
3. دېرىمار (كۇرەبىر)
4. بايىرسىق (بۇقاسقىر)
5. ئابدال
6. قاسار
7. قۇغۇرسۇ
8. ئوۋۇغار (ئاۋۇچاگ)
9. ئاياۋىر (سابار)

ئۇيغۇرلارنىڭ تاشقى توققۇز قەبىلىسى (ياكى توققۇز ئوغۇزلار):

1. ئۇيغۇر (خۇيخې)
2. بارغۇت (بۆگۇ)
3. قون (غۇن)
4. بايىرقۇ
5. تۇڭرا
6. ئىزگىل
7. چۆبە (قىبئار)
8. باسمىل
9. قارلۇق

(كېيىن ئاتىپىز قەبىلىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن يەنە ئون ئۇيغۇر دەپمۇ ئاتالغان)

## تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئۇيغۇرلار رايونىدا قۇرغان
## ئالتە تۇتۇق مەھكىمىسى ۋە يەتتە ئايمىقى

ئالتە تۇتۇق مەھكىمە:

1. ئۇيغۇرلار ( 回纥 ) — دەشتى ماكان تۇتۇق مەھكىمىسى (ئورنى هازىرقى سېلىنگا دەرياسى ۋادىسى، ئورخۇن دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا، يۇقىرى ۋادىسى، ئۆتۈكەن ۋادىسىغا توغرا كېلىدۇ).

2. دولانغۇتلار ( 多览葛 ) — يەنرەن تۇتۇق مەھكىمىسى (ئورنى هازىرقى موڭغۇلىيە جۇمھۇرىيىتىدىكى ئۇلانباتورنىڭ يېقىن ئەتراپىغا توغرا كېلىدۇ).

3. بارغۇتلار ( 仆固 ) — جىنۋېي تۇتۇق مەھكىمىسى (ئورنى هازىرقى ئونون دەرياسى ۋادىسى ۋە قۇرولون دەرياسىنىڭ يۇقىرى ۋادىسىغا توغرا كېلىدۇ).

4. بايىرقۇلار ( 拔野固 ) — يۇلىڭ تۇتۇق مەھكىمىسى (ئورنى هازىرقى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىدىكى فۇمىڭ بېئېر كۆلىنىڭ ئەتراپىدا).

5. تۇڭرالار ( 同罗 ) — گۇيلىن تۇتۇق مەھكىمىسى (ئورنى هازىرقى موڭغۇلىيە جۇمھۇرىيىتىدىكى تۇڭغۇلاق دەرياسى ۋادىسىدا).

6. ئىزگىللار ( 思结 ) — لۇشيەن تۇتۇق مەھكىمىسى (ئورنى هازىرقى موڭغۇلىيە جۇمھۇرىيىتىدىكى قوبدۇنىڭ غەربىي جەنۇبىدا).

يەتتە ئايماق:

1. قۇن ( 浑 ) — گاۋلەن ئايمىقى (ئورنى بىر قاراشتا

چوڭ چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدا، يەنە بىر قاراشتا خېشى كارىدورىدىكى ئەسلىدىكى لياڭجۇ ئايمىقى دائىرىسى ئىچىدە).

2. قوشۇلار (斛薛) — گاۋ چۆ ئايمىقى (ئورنى هازىرقى تۇغلا دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ۋادىسىدا بولۇشى مۇمكىن).

3. ئاتېئىزلار (阿跌) — جىتيەن ئايمىقى (ئورنى يەنرەن تۇتۇق مەھكىمىسىنىڭ غەربىي شىمالىدا، ئورخۇن دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغاقلىرىدا).

4. چۆبەلەر (契苾) — يۈ شى ئايمىقى (ئورنى هازىرقى تۇغلا دەرياسىنىڭ جەنۇبىدا).

5. قۇمۇقلار (奚结) — جىلۇ ئايمىقى (ئورنى جىنۋېي تۇتۇق مەھكىمىسىنىڭ شىمالىدا، يەنى هازىرقى رۇسىيە فېدراتسىيىسىدىكى شىلوك دەرياسىنىڭ جەنۇبىي تەرەپلىرىدە).

6. ئايبارسلار (阿布思) — دەيلىن ئايمىقى («يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» دە، ئىزگىللارنىڭ باشقا بىر قەبىلىسىگە دەيلىن ئايمىقى تەسىس قىلىندى، دېيىلگەن. بۇنىڭغا قارىغاندا، ئابۇسلار ئېھتىمال ئىزگىللارنىڭ يەنە بىر قەبىلىسى بولۇشى مۇمكىن، ئورنى ئېنىق ئەمەس).

7. ئاقشىدلار (白霫) — جىيەن ئايمىقى (ئورنى هازىرقى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىدىكى بېئىر كۆلىنىڭ شەرقى، چوڭ ھىنگان تېغىنىڭ غەربىدىكى جايلارغا توغرا كېلىدۇ).

يەنە «تاڭنامە» دە: «ئۇيغۇرلارنىڭ غەربىي شىمالىدىكى خاككاسلار (结骨) غا خاككاس تۇتۇق مەھكىمىسى (坚昆都督府)، ئۇلارنىڭ شىمالدىكى قورىقانلار (骨利斡) غا شۇەنچۆ ئايمىقى، شەرقىي شىمالدىكى كۇلۇگ بەگلەر (俱罗勃) گە جۇلۇڭ ئايمىقى (烛龙州) تەسىس قىلىندى» ⑮ دېيىلگەن بولۇپ، ھەممىسىنى قوشۇپ ھېسابلىغاندا، ئەينى چاغدا تاڭ سۇلالىسىنىڭ چوڭ چۆللۈكتىكى ئۇيغۇرلار رايونىدا تەسىس قىلغان مەھكىمىلىرى جەمئىي يەتتە، ئايماقلىرى جەمئىي توققۇز بولغان.

# چوڭ ئىشلار يىلنامىسى

| | |
|---|---|
| شاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە (م. ب18- م. ب 12- ئەسىر) | ئېلىمىزنىڭ شىمالىدىكى رايونلاردا ئورخۇن ئۇيغۇرلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان گۇيفاڭ (鬼方) دەپ ئاتالغان بىر قەبىلە تارىخ سەھنىسىدە پەيدا بولغان. |
| شاڭ (م. ب 18- م. ب 12- ئەسىر)، جۇ (م. ب12- م. ب 9- ئەسىر) سۇلالىلىرى دەۋرىدە | ئېلىمىزنىڭ تارىخي ماتېرىياللىرىدا گۇيفاڭلار يەنە دى (翟) ياكى دى (狄) دەپ ئاتالغان. بۇ تۈرك دېگەن نامنىڭ خەنزۇچە قىسقارتىپ تەلەپپۇز قىلىنىشى ئىدى. |
| م. ب 13 - م. ب 8 - ئەسىرلەردە | دىلار ئېلىمىزنىڭ تارىخي ماتېرىياللىرىدا يەنە دەنلۇ (旦略)، دىڭلىڭ (钉灵) دەپمۇ ئاتالغان، بىر تارمىقى جەنۇبىي سىبىرىيە رايونىدا قاراسۇق مەدەنىيىتى دەپ ئاتالغان برونزا مەدەنىيىتىنى ياراتقان. |
| م. ب 8 - م. ب 7 - ئەسىرلەردە | ئېلىمىزنىڭ تارىخي ماتېرىياللىرىدا دىلار يەنە قىزىل دى (赤狄)، ئاق دى (白狄)، ئۇزۇن دى (长狄) دەپ ئۈچ تارماققا بۆلۈنگەن. |

| | |
|---|---|
| ئەمىنىيە، يېغىلىق دەۋرلىرىدە (م. ب 8 – م. ب 3- ئەسىر) | ئاق دىلار ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە ئىچكىرىلەپ كىرىپ، بۈگۈنكى خېبېي ئۆلكىسىدە جۇڭشەن دۆلىتى (中山国) دەپ ئاتالغان قۇدرەتلىك بىر بەگلىكنى قۇرغان. |
| م. ب 8- م. ب 3 - ئەسىرگىچە | دىلارنىڭ بىر تارمىقى جەنۇبى سىبىرىيە رايونىدا تاغار مەدەنىيىتى دەپ ئاتالغان دەسلەپكى تۆمۈر قوراللار مەدەنىيىتىنى ياراتقان. |
| يېغىلىق، چىن سۇلالىسى دەۋرلىرىدە (م. ب 5 – م. ب 3 – ئەسىر) | دىلار ئېلىمىزنىڭ تارىخىي ماتېرىياللىرىدا يەنە دىڭلىڭ (丁零) دەپ ئاتالغان. ئالتاي تېغىنىڭ شەرقىدىكى رايونلاردا ياشىغانلىرى شەرقىي دىڭلىڭلار، ئالتاي تېغىنىڭ غەربىدىكى رايونلاردا ياشىغانلىرى غەربىي دىڭلىڭلار دەپمۇ ئاتالغان. |
| م. ب 209 – يىلى | ئېلىمىزنىڭ شىمالىدا ياشايدىغان هۇنلار قۇدرەتلىك هۇن ئىمپېرىيىسىنى قۇرغان، دىڭلىڭلار هۇنلار تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلغان. |
| مىلادىيە 3 – ئەسىردىن كېيىن | دىڭلىڭلار ئېلىمىزنىڭ تارىخىي ماتېرىياللىرىدا يەنە چىلى (敕勒) ياكى قاڭقىل (高车) دەپ ئاتىلىشقا باشلىغان. |

مىلادىيە 4 - ئە-
سىرنىڭ ئوتتۇرد-
لىرىدا

موڭغۇلىيە ئېگىزلىكىنىڭ شىما-
لىدىكى قانقىللار شەرقىي قانقىل
ئىتتىپاقىنى شەكىللەندۈرگەن، بۇ
چاغدا قانقىللار ئالتە چوڭ قەبىلە،
12 ئۇرۇققا بۆلۈنگەن، خەنزۇچە تا-
رىخىي ماتېرىياللاردا قانقىللار يەنە
تېلى ( 铁勒 ) دەپمۇ ئاتىلىشقا باش-
لىغان.

مىلادىيە 390 -
يىلى

شەرقىي قانقىل ئىتتىپاقىنىڭ
ئىچىدە، خەنزۇچە تارىخىي ماتېرى-
ياللاردا يۈەنخې ( 袁纥 ) دەپ ئاتال-
غان قەبىلە بارلىققا كەلگەن، بۇ
ئۇيغۇر دېگەن نامنىڭ خەنزۇچە ما-
تېرىياللاردا تۇنجى قېتىم خاتىرىلە-
نىشى ئىدى.

مىلادىيە 402 -
يىلى

جۇرجان خانلىقىنىڭ خانى سەللا-
ن موڭغۇلىيە ۋادىسىنىڭ شىمالىدى-
كى قانقىللارنىڭ زېمىنىغا بېسىپ
كىرگەن. قانقىللارنىڭ قوغۇرسۇ
قەبىلىسىنىڭ باتۇر ئاقساقىلى بەگ-
قۇلى قوۋمىغا باشچىلىق قىلىپ
جۇرجانلارغا قارشى ئۇرۇش قىلى-
غان.

مىلادىيە 487 ـ يىلى

قانقىللارنىڭ ئاقساقىلى ئاي ئۇجرۇ جۇرجان خانلىقىغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، 100 مىڭ تۈتۈندىن ئارتۇق ئادەمنى باشلاپ بۇغدا تېغى باغرىغا كۆچۈپ كېلىپ، جەنۇبتا يارغۇلنى (تۇرپاندا) ، شىمالدا بېشبالىقنى (جىمساردا) مەركەز قىلغان قانقىل خانلىقىنى قۇرغان. ئاي ئۇجرۇ ئۇلۇغ تەڭرىقۇت، ئىنىسى چۇڭچى ئۇلۇغ بەگ دەپ ئاتالغان.

مىلادىيە 541 ـ يىلى

قانقىللار خانلىقى جۇرجان خانلىقى تەرىپىدىن يوقىتىلغان.

مىلادىيە 551 ـ يىلى

تېلىلارغا تەۋە ئاشىنا تۈركلىرى ئالتاي تېغىنىڭ جەنۇبى ۋە جۇڭغار ئويمانلىقىدا باش كۆتۈرۈپ چىقىپ، قانقىللارنىڭ 50 مىڭ تۈتۈندىن كۆپ ئادەمنى ئۆزىگە قوشۇۋالغان.

مىلادىيە 552 ـ يىلى

ئاشىنا تۈركلىرىنىڭ قاغانى تۈمەن جۇرجانلارنى مەغلۇپ قىلىپ، ئۆزىنى ئېل قاغان دەپ جاكارلاپ، ئۆتۈكەننى مەركەز قىلغان كۆكتۈرك خانلىقىنى قۇرۇپ چىققان.

مىلادىيە 583- يىلى

كۆكتۈرك خانلىقى ئالتاي تېغىنى پاسىل قىلغان ھالدا شەرقىي تۈرك خانلىقى ۋە غەربىي تۈرك خانلىقى دەپ ئىككىگە بۆلۈنگەن.

مىلادىيە 605 - يىلى

شەرقىي تەڭرىتاغ ئېتەكلىرىدىكى تېلى قەبىلىلىرى ئىچىدىكى بۆگۈ (بارغۇت)، تۆڭرا، چۆبە (قاپىش)، سىر - تاردۇش قاتارلىق قەبىلىلەر غەربىي تۈركلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى ئىسيان كۆتۈرگەن، قەبىلە باشلىقلىرى ئۆزلىرىنى «ئېركىن» دەپ ئاتاشقان.

مىلادىيە 627- يىلى

شەرقىي تۈركلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى سىر - تاردۇش، ئۇيغۇر (خۇيخې)، بايىرقۇ قاتارلىق توققۇز ئوغۇز قەبىلىلىرى شەرقىي تۈركلەرگە قارشى ئىسيان كۆتۈرگەن، ئۇيغۇر قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى بوسات 5000 ئاتلىق چەۋەنداز بىلەن ئىلىگ قاغاننىڭ يوقۇق شاد باشچىلىقىدىكى 100 مىڭ كىشىلىك قوشۇنىنى مازوڭشەن تېغىدا مەغلۇپ قىلىپ، شەرقىي تۈركلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن ئايرىلىپ چىققان ھەم تۇغلا دەرياسى بويىدا ئۆز بارگاھىنى قۇرغان.

مىلادىيه 629 ـ يىلى

موڭغۇلىيه ۋادىسىنىڭ شىمالىدا ئۇيغۇر (خۇيخې) ۋه سىر ـ تاردۇش قهبىلىسىنىڭ رههبهرلىكىدىكى توققۇز ئوغۇزلارنىڭ سىر ـ تاردۇش خانلىقى قۇرۇلغان، تاڭ سۇلالىسى سىر ـ تاردۇش خانلىقىنىڭ قاغانى ئىنانغا ئىدۇگ بىلگه قاغان دېگهن نامنى هه-دىيه قىلغان. شۇنىڭ بىلهن شهرقىي تۈرك خانلىقى يوقالغان، ئاهالىسىنىڭ بىر قىسمى سىر ـ تاردۇش خانلىقىغا بېقىنغان، بىر قىسمى غهربىي تۈرك-لهرنىڭ يېرىگه كهتكهن، تهخمىنهن 100 مىڭدهك تۈتۈنى جهنۇبقا كۆچۈپ كېلىپ تاڭ سۇلالىسىگه بېقىنغان.

مىلادىيه 646 ـ يىلى

ئۇيغۇرلارنىڭ ئاقساقىلى تومىد بۆ-گۈ، تۇڭرا قاتارلىق توققۇز ئوغۇز قه-بىلىلىرى بىلهن بىرلىشىپ سىر ـ تاردۇش خانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلى-غان، تاڭ سۇلالىسى جهنۇبتىن ئهس-كهر چىقىرىپ ياردهم بهرگهن. تومىد ئۆزىنى قاغان دهپ جاكارلاپ، تۈرك-لهرنىڭ تۈزۈمى بويىچه ئهمهلدارلىق تۈزۈمى تهسىس قىلىپ، ئورخۇن ئۇي-غۇر خانلىقىنى قۇرۇپ چىققان.

مىلادىيە 647 ـ يىلى

تاڭ سۇلالىسى بىلەن ئۇيغۇرلار را-
يونىنى تۇتاشتۇرۇدىغان سودا كارۋان
يولى ياسىلىپ، يول ئۇستىدە جەمئى
68 ئۆتەك قۇرۇلغان. بۇ يول «تەڭ-
رى قاغان يولى» دەپ ئاتالغان.

مىلادىيە 648 ـ يىلى

تومىد قاغان جىيەنى ئوغۇر تەرىپى-
دىن ئۆلتۈرۈلۈپ، ئورنىغا ئۇنىڭ
ئوغلى بايان ۋارىسلىق قىلغان.

مىلادىيە 651 ـ يىلى

غەربىي تۈركلەرنىڭ قاغانى ئاشىنا
ئالىپ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە بېشبالىق،
قۇچۇ، بارىكۆل قاتارلىق جايلارنى
ئىشغال قىلىۋېلىپ، ئۆزىنى ئىشبارا
قاغان دەپ جاكارلاپ، تاڭ سۇلالىسى
ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ غەربىي رايونلار بى-
لەن بولغان ئالاقىسىنى ئۈزۈۋەتكەن،
نەتىجىدە بايان قاغان 50 مىڭ كىشى-
لىك ئاتلىق قوشۇنى بىلەن تاڭ سۇلا-
لىسىنىڭ زور قوشۇنىغا ھەمكارلى-
شىپ ئاشىنا ئالىپقا جازا يۈرۈشى
قىلغان.

مىلادىيە 661 ـ يىلى — بايان قاغان ئۇيغۇر چەۋەندازلىرىنى باشلاپ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ كورىيەگە قىلغان جازا يۈرۈشىگە قاتنىشىپ پېڭ-راڭغىچە يېتىپ بارغان، بايان قاغان ئۇرۇش جەريانىدا ئۆلگەن، ئوغلى باز قاغان تەختكە چىققان.

مىلادىيە 681 ـ يىلى — سەددىچىن بويلىرىدىكى تۈركلەر-دىن ئاشىنا بونان ئۆزىنى قاغان دەپ جاكارلاپ، شەرقىي تۈرك خانلىقىنى قايتىدىن قۇرۇش ھەرىكىتىنى باشلى-غان، ئىككىنچى يىلى ئاشىنا قۇتلۇق ۋە تونيۇقۇقلار قاراقۇم شەھىرىنى (黑沙城) ئىگىلەپ، ئۆتۈكەن ۋادى-سىغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ، كېيىنكى تۈرك خانلىقىنى قايتىدىن قۇرغان. ئۇيغۇرلار شۇنىڭدىن تارتىپ ئون نەچ-چە يىلغىچە باز قاغاننىڭ رەھبەرلى-كىدە ئۆز ھاكىمىيىتىنى ساقلاپ قې-لىش ئۈچۈن كېيىنكى تۈرك خانلىقى بىلەن تىركەشكەن.

مىلادىيە 691 ـ يىلى

موڭغۇلىيە ۋادىسى پۈتۈنلەي كېيىنكى شەرقىي تۈرك خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا ئۆتكەن، باز قاغان ئۆلۈپ، ئوغلى دوكېچ ئۇيغۇرلارنىڭ قاغانى بولۇپ، ئۇيغۇر، چۆبە، ئىزگىل، قۇن قاتارلىق بىر قىسىم توققۇز ئوغۇز-ئون ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنى باشلاپ خېشى ۋادىسىغا (يەنى ئىجىنغول دەرياسى ۋادىسى) كۆچۈپ كەلگەن، يەنە بىر قىسىم ئۇيغۇر قەبىلىلىرى گوبى چۆللۈكىنىڭ جەنۇبىغا كۆچۈپ كەلگەن. قالغان توققۇز ئوغۇز قەبىلىلىرى كېيىنكى شەرقىي تۈركلەرنىڭ تەۋەلىكىگە ئۆتكەن.

مىلادىيە 727 ـ يىلى

تاڭ سۇلالىسىنىڭ خېشىدىكى ھىراۋۇلى ۋاڭ جۇنچۇ ئوردىغا خېشىدىكى ئۇيغۇر قاتارلىق قەبىلىلەر ئىسيان كۆتەرمەكچى دەپ يالغاندىن مەلۇماتنامە يوللاپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئاقساقىلى چېڭ زوڭ قاتارلىقلارنى جەنۇبقا سۈرگۈن قىلىشقا ئېرىشتى. نەتىجىدە ئۇيغۇر قاتارلىق قەبىلىلەرنىڭ نارازىلىقى كېلىپ چىقىپ ئۇيغۇرلارنىڭ سەركەردىسى قۇشۇخان ۋاڭ جونچونى ئۆلتۈرۈپ، ئۆز قوۋمىنى باشلاپ موڭغۇلىيە ۋادىسىغا، يەنى كېيىنكى شەرقىي تۈرك خانلىقى زېمىنىغا كۆچۈپ كەتكەن.

مىلادىيە 742 ـ يىلى

ئۇيغۇر، باسمىل، قارلۇق قاتارلىق ئون ئۇيغۇر- توققۇز ئوغۇز خەلقى كېيىنكى تۈرك خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى ئىسيان كۆتۈرۈپ، قۇت يابغۇنى ئۆلتۈرۈپ، باسمىللارنىڭ ئاقساقىلىنى ئېلتەرىش قاغان دەپ جاكارلاپ، ئۇيغۇرلارنىڭ كۆل بىلگىسى بىلەن قارلۇقلارنىڭ ئاقساقىلى سول قول ۋە ئوڭ قول يابغۇ بولغان.

مىلادىيە 744 ـ يىلى

ئۇيغۇرلار قارلۇقلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ باسمىللارنىڭ ئېلتەرىش قاغانىنى ئۆلتۈرگەن. كۆل بىلگە ئۆزىنى قۇتلۇق كۆل بىلگە قاغان دەپ جاكارلاپ، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنى قايتا تىكلىگەن. تاڭ سۇلالىسى كۆل بىلگىگە ساداقەتمەن قاغان دېگەن نامنى ھەدىيە قىلغان.

مىلادىيە 745 ـ يىلى

ئۇيغۇرلارنىڭ قاغانى كۆل بىلگە كېيىنكى شەرقىي تۈركلەرنىڭ ئاخىرقى قاغانى بولمىش قاغاننى مەغلۇپ قىلىپ ئۆلتۈرگەن، كېيىنكى شەرقىي تۈرك خانلىقى يوقالغان. شەرقىي تۈركلەرنىڭ بارلىق زېمىنلىرى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا ئۆتكەن.

مىلادىيە 751 ـ يىلى

تاڭ سۇلالىسى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى
تالاستا ئەرەبلەر ۋە قارلۇقلارنىڭ بىر-
لەشمە قوشۇنى تەرىپىدىن ئېغىر مەغ-
لۇبىيەتكە ئۇچراپ، غەربىي يۇرتنى
قولدىن بېرىپ قويغان.

مىلادىيە 756 ـ يىلى

تاڭ سۇلالىسىدە ئۆكلۈك ـ سۆي-
گىن توپىلىڭى يۈز بېرىپ، تاڭ سۇلا-
لىسىنىڭ غەربىي ئاستانىسى چاڭئەن،
شەرقىي ئاستانىسى لوياڭ توپىلاڭچى-
لارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتىپ، تاڭ
سۇلالىسى يوقۇلۇش خەۋپىگە دۇچ
كەلگەن. تاڭ سۇلالىسى بۆگو خۇەي-
ئېن بىلەن دونخۇاڭ ۋالىسى لى چىڭ-
سەينى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىغا ئە-
ۋەتىپ ھەربىي ياردەم تەلەپ قىلغان.
مويۇنچۇر قارا قاغان يابغۇ ئۇنۋانىدىكى
ئوغلى تاي بىلگە تۇتۇق بىلەن چوڭ
سانغۇن دىدى باشچىلىقىدا خىللانغان
4000 كىشىلىك ئاتلىق قوشۇننى تاڭ
سۇلالىسىگە ياردەمگە ئەۋەتكەن.

مىلادىيە 757 - يىلى

ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن تاڭ
سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدا ئۆڭلۈك -
سۆيگىن توپىلىڭىنى تىنچىتىش ھەققى-
دە ھەربىي ياردەم بېرىش كېلىشىمى
تۈزۈلگەن. كېلىشىمدە «قولدىن كەت-
كەن شەھەرلەر قايتۇرۇپ ئېلىنغاندىن
كېيىن، يەر - زېمىن، ئاۋام پۇقرا
تاڭ سۇلالىسىگە مەنسۇپ بولىدۇ،
ئالتۇن - كۈمۈش، يىپەك - شايى،
قىز - چوكانلار ئۇيغۇرلارغا مەنسۇپ
بولىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن.

مىلادىيە 758 - يىلى

تاڭ سۇلالىسى بىلەن ئورخۇن ئۇي-
غۇر خانلىقى ئوتتۇرىسىدا قۇدىلىق
مۇناسىۋەت ئورنىتىلىپ، تاڭ سۇلالى-
سى پادىشاھى تاڭ سۇزۇڭ ئۆزىنىڭ
كىچىك قىزى نىڭگو مەلىكىنى مويۇن-
چۇر قاغانغا ياتلىق قىلىپ بەرگەن.

مىلادىيە 759 - يىلى

مويۇنچۇر قاغان ۋاپات بولۇپ،
ئورنىغا ئوغلى تەڭرى قاغان تەختكە
چىققان، تاڭ سۇلالىسى پادىشاھى تاڭ
سۇزۇڭ تەڭرى قاغانغا بىر تۇغقان
سىڭلىسى كىچىك نىڭگو مەلىكىنى
ياتلىق قىلىپ بەرگەن.

مىلادىيە 762 ـ يىلى

تەڭرى قاغان (يەنى ئىدىكەن) تاڭ سۇلالىسىنىڭ تەلىپى بىلەن يەنە بىر قېتىم خىللانغان ئۇيغۇر ئاتلىق قوشۇنلىرىنى باشلاپ، تاڭ سۇلالىسىگە كىرگەن. توپىلاڭچىلاردىن چاڭئەن، لوياڭ قاتارلىق جايلار قايتۇرۇۋېلىنغان، توپىلاڭ تىنچىتىلغان.

مىلادىيە 763 ـ يىلى

تەڭرى قاغان ئورخۇنغا قايتىشىدا لوياڭدا تۇرۇۋاتقان تۆت نەپەر سوغدى مانى راھىبىنى بىللە ئېلىپ ماڭغان. شۇنىڭ بىلەن مانى دىنى ئۇيغۇرلاردا شامان دىنىنىڭ ئورنىنى ئېلىپ، دۆلەت دىنى بولۇپ قالغان.

مىلادىيە 764 ـ يىلى

تاڭ سۇلالىسىدە خىزمەت قىلىۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ بۆگۈ قەبىلىسىدىن كېلىپ چىققان بۆگۈخۇەيئېن تۇبۇتلەر بىلەن بىرلىشىپ تاڭ سۇلالىسىگە قارشى ئىسيان كۆتۈرۈپ، چاڭئەنگە بېسىپ كىرگەن. 765 ـ يىلى بۆگۈخۇەيئېن كېسەل سەۋەبى بىلەن نىڭشىيادا ئۆلگەن.

مىلادىيە 769 ـ يىلى

تاڭ سۇلالىسى بۆگوخوەيئېننىڭ
كىچىك قىزىغا چۇڭخۇي مەلىكە دەپ
نام بېرىپ، ئۇنى تەڭرى قاغانغا ياتلىق
قىلىپ بەرگەن. مۇشۇ يىللاردىن باش-
لاپ مانى دىنى ئۇيغۇرلارنىڭ كۆچىگە
تايىنىپ، تاڭ سۇلالىسىگە قايتا تار-
قىلىپ كىرىشكە باشلىغان.

مىلادىيە 771 ـ يىلى

ئۇيغۇرلار تاڭ سۇلالىسىنىڭ روخ-
سىتى بىلەن جەنۇبىي جۇڭگودىكى
جىڭجۇ، ياڭجۇ، خۇڭجۇ، يۆجۇ، تۆت
ئايماقتا مانى دىنى ئىبادەتخانىسى سال-
غان.

مىلادىيە 780 ـ يىلى

ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئوردى-
سىدا بۇيرۇق تۇنباغا باشچىلىقىدىكى
ھەربىي ئۆزگىرىش بولۇپ، تەڭرى
قاغان ۋە ئۇنىڭ سوغدى قوللىغۇچىلى-
رىدىن 2000 ئادەم ئۆلتۈرۈلگەن.
تۇنباغا ئۆزىنى ئالپ قۇتلۇق بىلگە قا-
غان دەپ جاكارلاپ، قاغانلىق تەختىگە
چىققان.

مىلادىيە 788 ـ يىلى

تاڭ سۇلالىسى پادىشاھى تاڭ دېزوڭ
8 ـ قىزى شيەنئەن مەلىكىنى قۇتلۇق
بىلگە قاغانغا ياتلىق قىلىپ بەرگەن.

ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى تۇبۇتلەر-نىڭ تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشىغا قارشى بېشبالىقتا، كەسكىن ئۇرۇش قىلىپ، ئاخىرى تۇبۇتلەرنى بېشبالىقتىن قوغلاپ چىقارغان، خانلىقنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئالپ قۇتلۇق بىلگە قاغان ۋاپات بولۇپ، ئوغلى تاراس تەختكە چىققان. 790 - يىلى 6 - ئايدا ئۇ ئىنىسى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈل-گەن. ئىچكى بۇيرۇقلار بېشى ئېل ئۇگەسى قۇتلۇق ئىسيانىنى تىنچىتىپ، ئايچۇرنى قاغانلىق تەختىگە چىقارغان. ئۇ قۇتلۇق بىلگە قاغان دەپ ئاتالغان.

مىلادىيە 789 - 790 - يىللىرى

ئايچۇر قاغان ئۆلۈپ، ئورنىغا ئا-دىزلەر جەمەتىدىن كېلىپ چىققان بۇي-رۇق قۇتلۇق تەختكە چىققان، بۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇرلاردىكى ئەنئەنىۋى خان جەمەتى بولغان ياغلاقار جەمەتى ئادىز جەمەتىگە ئورۇن بوشۇتۇپ، «سۇلالە ئالمىشىش» كېلىپ چىققان. قۇتلۇق قاغان ھاكىمىيەت ئۈستىدە تۇرغان يىللاردا، خاندانلىقنىڭ تەسىر كۈچى-نى جۇڭغار، تارىم ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىغا قاراتقان.

مىلادىيە 785 - يىلى

**مىلادىيە 9 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا**

ئاي تەڭرىدە قۇت بولمىش ئالپ بىلگە قاغان (808 ـ 821 ـ يىللار) هاكىمىيەت تۇتقان يىللاردا تۇبۇت، قارلۇق ۋە قىرغىزلارنىڭ ئۇيغۇرلارغا قارشى ئىتتىپاقىنى مەغلۇپ قىلىپ، جۇڭغار، تارىم ۋادىسىدىكى جايلارنى ۋە پامىرنىڭ غەربىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنى ئۆز هۆكۈمرانلىقىغا ئالغان. نەتىجىدە خاندانلىقنىڭ هۆكۈمرانلىق كۈچى تەدرىجىي غەربىي رايونغا قاراپ يۈزلەنگەن.

**مىلادىيە 809 ـ يىلى**

تاڭ سۇلالىسى ئۇيغۇرلارنىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن ئۇيغۇر نامىنىڭ خەنزۇچە يېزىلىشى خۇيخې (回纥) نى خۇيخۇ (回鹘) غا ئۆزگەرتكەن. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇيغۇرلارنىڭ خەنزۇچە نامى ئىزچىل خۇيخۇ دەپ ئاتىلىپ كېلىنگەن.

**مىلادىيە 821 ـ يىلى**

تاڭ سۇلالىسى پادىشاهى تاڭ شيەنزوڭ ئۆز قىزى تەيخې مەلىكىنى ئۇيغۇرلارنىڭ كۈن تەڭرىدە ئۇلۇغ بولمىش ئالپ كۈلۈگ بىلگە قاغانغا ياتلىق قىلىپ بەرگەن.

ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئىچكى
قىسمىدا ھوقۇق تالىشىش كۆرەشلىرى
ئەدەپ، خازار تېكىن ئوردا سىياسىي
ئۆزگىرىشىدە ئۆز يېقىنلىرى تەرىپىد-
مىلادىيە 832 - يىلى دىن ئۆلتۈرۈلگەن. ئورنىغا جىيەنى
قۇت تېكىن قاغان بولغان. شۇنىڭدىن
كېيىن ئۇدا سۇيقەست، تەبىئىي ئاپەت،
ئاچارچىلىق ۋە ۋابا بولۇپ، خاندانلىق-
نىڭ كۇچى بارغانسېرى ئاجىزلىشىپ
كەتكەن.

ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ بۇيرۇ-
قى ئىنەيۇن كۆل بىلەن سايغا تېكىن
بىرلىشىپ ئىسيان كۆتەرمەكچى بول-
غاندا، قۇت تېكىن تەرىپىدىن ئۆلتۈ-
رۈلگەن. بۇنىڭدىن نارازى بولغان بۇي-
رۇق چۇرۇق ئەسكەر باشلاپ كېلىپ،
شاداپىتلاردىن قوي يەشىنگە 300 ئات
مىلادىيە 839 - يىلى بېرىپ، ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن
بىللە ئوردىغا باستۇرۇپ كىرگەن، قا-
غان قۇت تېكىن مەغلۇپ بولۇپ، ئۆزى-
نى ئۆلتۈرۈۋالغان. بۇيرۇق چۇرۇق
(يەنى كورلەمۇر) قۇۋۇ تېكىننى قاغان
قىلىپ تىكلىگەن. مۇشۇ يىلدا قاتتىق
قار يېغىپ، ئاچارچىلىق بولۇپ، ۋابا
كېسىلى تارقىلىپ، چارۋا -ماللار
كۆپلەپ قىرىلىپ كەتكەن.

مىلادىيە 840 ـ يىلى

ئۇرخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ سانـ
غۇنلىرىدىن بىرى بولغان كۈلۈگ باغا
بۇيرۇق چۇرۇققا نارازى بولۇپ، قىرـ
غىزلارنىڭ 100 مىڭ كىشلىك ئاتلىق
قوشۇنىنى باشلاپ كەلگەن. قىرغىز
ئاتلىق قوشۇنلىرى ئورخۇن ئۇيغۇر
خانلىقىنىڭ پايتەختى ئوردۇبالىققا
باستۇرۇپ كىرىپ، قاغان قۇۋۇ تېـ
كىننى ئۆلتۈرۈپ، بۇيرۇق چۇرۇقـ
نى يوقىتىپ، شەھەرنى ئوت قويۇپ
كۆيدۈرىۋەتكەن، ئوردىدىكى مال ـ
مۈلۈك ۋە چارۋاـ ماللارنى بۇلاپ كەتـ
كەن، نەتىجىدە ئورخۇن ئۇيغۇر خانـ
لىقى يىمىرىلىپ كەتكەن، شۇنىڭ بىـ
لەن ئۇيغۇرلارنىڭ بىر تارمىقى جەـ
نۇبقا، خېلى زور بىر تارمىقى غەربكە
كۆچكەن، بىر قىسمى يەنىلا ئۆز
جايلىرىدا تۇرىۋەرگەن.

مىلادىيە 841 ـ يىلى

ئوردۇبالىقنىڭ يىقىن ئەتراپىدىكى
13 قەبىلە جەنۇبقا كۆچۈپ، خازار تېـ
كىننىڭ ئىنىسى ئوكا تېكىننى قاغان
قىلىپ تىكلىگەن، ئوكا تېكىن ھەر
تەرەپلەرگە چېچىلىپ كەتكەن ئۇيغۇرـ
لارنىڭ ئورتاق ئېتىراپ قىلغان قاغانى
بولغان.

مىلادىيە 842 ـ يىلى

غەربكە كۆچكەن ئۇيغۇرلارنىڭ 15 قەبىلىسىنىڭ يولباشچىسى پان تېكىن قارا شەھەردە ئۆزىنى يابغۇ دەپ جاكارلىغان.

مىلادىيە 846 ـ يىلى

ئۇكا قاغان ئىچكى موڭغۇلدىكى ئالتۇن تاغدا قۇل ئاستىدىكىلەر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن، ئۇنىڭ ئادەملىرى ئۇنىڭ ئىنىسى ئۇكىنىر تېكىننى قاغان قىلىپ تىكلىگەن.

مىلادىيە 848 ـ يىلى

جەنۇبقا كۆچكەن ئۇيغۇرلار ئومۇمىيۈزلۈك هالاك بولغان، ئۇكىنېر قاغاننىڭ هالاكىتىدىن خەۋەر تاپقان قارا شەھەردىكى پان تېكىن ئۆزىنى قاغان دەپ جاكارلىغان، نەتىجىدە ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي مەركىزى غەربىي يۇرتقا يۆتكىلىپ، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قانۇنلۇق ۋارىسى بولغان غەربىي ئۇيغۇر خانلىقى تەڭرىتاغ ۋادىلىرىدا شەكىللەنگەن.

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەخمەت مۆمىن تارىمى
مەسئۇل كوررېكتورى: ئارزىگۈل، ئادالەت
مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى: مۇرادىل ئابىت

# ئورخون ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قىسقىچە تارىخى

ئاپتورى: ئەھمەد سۇلايمان قۇتلۇق

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى №348)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى
باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 880×1230 مىللىمېتىر، 1/32
باسما تاۋىقى: 13.75 قىستۇرما ۋارىقى: 3
2006 - يىلى 5 - ئاي 1 - نەشرى
2006 - يىلى 5 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىرازى: 1—3000
ISBN 7—228—09434—4
باھاسى: 25.00 يۈەن

**图书在版编目(CIP)数据**

鄂尔浑回鹘汗国简史/阿合买提·苏来曼著.—乌鲁木齐:新疆人民出版社,2005.6
ISBN 7-228-09434-4

Ⅰ.鄂… Ⅱ.阿… Ⅲ.回鹘—民族历史—维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.K289

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2005)第 067725 号

责任编辑 :阿合买提·木明·塔里米
责任校对 :阿孜古丽,阿达来提
封面设计 :木拉丁·阿比提

鄂尔浑回鹘汗国简史(维吾尔文)
阿合买提·苏来曼·库图鲁克 著

新疆人民出版社出版
(乌鲁木齐市解放南路 348 号 邮编:830001)
新疆新华书店发行
新疆生产建设兵团印刷厂印刷
880×1230 毫米 32 开本 13.75 印张 3 插页
2006 年 5 月第 1 版 2006 年 5 月第 1 次印刷
印数:1—3000

ISBN 7-228-09434-4 定价:25.00 元